# ئىسلامدا ئىبادەت

يۇسۇف قەرزاۋى

سۇتۇق بۇغراخان مائارىپ نەشرىياتى
2011

ھۆرمەتلىك كىتابخان!
بۇ كىتاب جەمىلە مۇھەممەد مەسۇم ئەلخوتەنى خانىمنىڭ نەپىقىسى بىلەن بېسىپ تارقىتىلدى. مەزكۇر ساخاۋەتچىمىزگە جانابى اللەتىن ئىككى دۇنيالىق بەخت ـ سائادەت تىلەيمىز.

# العبادة في الإسلام

**تأليف دكتور يوسف القرضاوي**

تەرجىمە قىلغۇچى: مۇھەممەد ئىدرىس
تەرجىمە تەھرىرى: مۆمىنجان سىدىق
كوررېكتورى: س. كۆكتۇغ
بەتچىك: ئا. روزى توختى

ئالاقىلىشىش ئادرېسى:
Ördek Ksasap Mah. Millet Cad Gülşen Apt No: 108 D:5 Çapa –Fatih /İstanbul /Türkiye
Tel: 0090-212- 5232877 E-mail: info@maarip.org

# مۇندەرىجە


كىرىش سۆز ........ 9

**بىرىنچى باب** ........ 15

ئىنساننىڭ دۇنيادىكى باش ۋەزىپىسى ئىبادەت ........ 15

1. ئىنساننىڭ دۇنيادىكى ۋەزىپىسى ........ 15
2. مەڭگۈ داۋاملىشىدىغان سوئاللار ........ 16
3. مەن نەدىن كەلدىم؟ ........ 17
4. مەنزىلىم قەيەر ........ 21
5. ئىنسان نېمە ئۈچۈن يارىتىلدى؟ ........ 24
6. ھەربىر رىسالەتتىكى تۈنجى نىدا: ﴿اللهقا ئىبادەت قىلىڭلار، سىلەرگە اللهتىن باشقا مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر﴾ دېگەندىن ئىبارەت ........ 26
7. ھەممە ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلغان ........ 28

**ئىككىنچى باب** ........ 31

ئىسلامدا ئىبادەتنىڭ ماھىيىتى ........ 31

1. ئىبادەتنىڭ لۇغەت مەنىسى ........ 31
2. شەرىئەتتىكى ئىبادەت اللهقا بويسۇنۇش ۋە اللهنى دوست تۇتۇشتىن ئىبارەت ........ 35
3. ئىككى تۈركۈم كىشىلەرنىڭ ئىبادەتنىڭ ماھىيىتىنى چۈشىنىشتىكى خاتالىقلىرى ........ 42
4. شەرقشۇناسلارنىڭ يالغان - ياۋىداقلىرى ........ 49

**ئۈچىنچى باب** ........ 55

ئىسلامدا ئىبادەت سورۇنلىرى ........ 55

1. ئىسلامىي رەۋىشتىكى ئىبادەت سورۇنلىرى ........ 55
ئىبادەت دىنىنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ........ 56
ئىبادەت ھاياتنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ........ 57
ئىبادەت اللهنىڭ يولىغا ۋە شەرىئىتىگە بويسۇنۇشتۇر ........ 59
2. كىم اللهنىڭ غەيرىنىڭ يولىغا ئەگىشىدىكەن، ئىبادەتتە شېرىك كەلتۈرگەن بولىدۇ ........ 61
3. پايدىلىق ئىجتىمائىي ئەمگەكلەرمۇ ئىبادەتتۇر ........ 64
ئىنساننىڭ تۇرمۇشتىكى ئىشلىرىمۇ بىر قانچە شەرت ئاستىدا ئىبادەت بولىدۇ ........ 69
ئىنساننىڭ تۇغما خاراكتېرلىك ئىشلىرى ۋە شەھۋىتىنى قاندۇرۇشىمۇ ئىبادەتتۇر ........ 71
4. نىيىتىڭنى دۇرۇس قىلغىن، ھاياتىڭنىڭ ھەممىسى ئىبادەتكە ئايلىنىدۇ ........ 72

ھەممە تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىبادەتنىڭ روھىيەتكە ۋە ھاياتقا كۆرسىتىدىغان تەسىرلىرى ........ 74
ئىككى سوئال ۋە ئۇلارنىڭ جاۋابى ........ 77
5. ئىبادەت ئىنسان ۋۇجۇدىنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ........ 80
6. ئۇبۇدىيەتنىڭ ئەللىك مەرتىۋىسى قەلب بىلەن بەدەنگە تەقسىملەنگەن ........ 84
اللهقا ئىبادەت قىلىشتا قەلبنىڭ ئورنى ........ 84
اللهقا ئىبادەت قىلىشتا تىلنىڭ ئورنى ........ 87
اللهقا ئىبادەت قىلىشتا ئىنساننىڭ بەدەن ئەزالىرى ۋە سەزگۈ ئەزالىرىنىڭ ئورنى ........ 87
اللهقا ئىبادەت قىلىشتا قۇلاقنىڭ ئورنى ........ 87
اللهقا ئىبادەت قىلىشتا كۆزنىڭ ئورنى ........ 88
اللهقا ئىبادەت قىلىشتا تېتىش سېزىمىنىڭ ئورنى ........ 89
اللهقا ئىبادەت قىلىشتا پۇراش سېزىمىنىڭ ئورنى ........ 90
اللهقا ئىبادەت قىلىشتا تۇتۇش سېزىمىنىڭ ئورنى ........ 90
اللهقا ئىبادەت قىلىشتا پۇت ـ قول بىلەن ھەرىكەت قىلىشنىڭ ئورنى ........ 90
ھەتتاكى ئۇلاغقا مىنىشمۇ ئىبادەتتۇر ........ 92
7. قايسى ئىبادەت ئەڭ ئەۋزەل؟ ........ 92

**تۆتىنچى باب** ........ 99

نېمە ئۈچۈن اللهقا ئىبادەت قىلىمىز؟ ........ 99
1. نېمە ئۈچۈن اللهقا ئىبادەت قىلىمىز؟ ........ 99
2. ئىبادەت روھىيەتنىڭ ئوزۇقىدۇر ........ 101
3. اللهقا ئىبادەت قىلىش ئەركىنلىك يولىدۇر ........ 107
4. ئىبادەت ئىلاھىي سىناق بولۇپ، ئىنساننى تاۋلايدۇ ........ 111
5. ئىبادەت اللهنىڭ بەندىلىرى ئۈستىدىكى ھەققىدۇر ........ 114
6. ئىبادەت ساۋاب ئۈمىد قىلىش ھەمدە اللهنىڭ جازاسىدىن قورقۇش يۈزىسىدىن قىلىنىدۇ ........ 118
7. ئىبادەت پەقەتلا روھنى پاكلايدىغان ۋاسىتىمۇ؟ ........ 125
8. روھنىڭ پاكلىقى ھەقىقىي ئىبادەتنىڭ سەمەرىسىدۇر، ئىللىتى ئەمەس ........ 126
9. ئىبادەتنىڭ ئەسلىي مەقسەتلىرى ۋە ئەگەشمە مەقسەتلىرى ........ 128
10. اللهقا ئىبادەت قىلىشتىن چوڭچىلىق قىلىش ........ 130
11. مۇئمىنلەرنىڭ ئىبادەت بىلەن ئەخلاق ئوتتۇرىسىدىكى سۈپەتلىرى ........ 132
12. مۇئمىننىڭ ئىبادىتى ئەخلاقىنىڭ بىر تۈرى، شۇنىڭدەك ئۇنىڭ ئەخلاقى ئىبادەتنىڭ بىر تۈرىدۇر ........ 138

**بەشىنچى باب** ........ 141

ئىبادەت ساھەسىدىكى ئىسلامىي ئىسلاھاتلار ........................ 141

كىرىش سۆز ........................ 141

1. ئاللاھنىڭ غەيرىگە ئىبادەت قىلىنمايدۇ ........................ 142

ئىسلام پەقەت يەككە ـ يېگانە ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىشقا دەۋەت قىلىدۇ ........................ 146

شېرىككە ئاپىرىدىغان يوللارنى ئېتىش ........................ 154

قەبرىلەرنى مەسجىد قىلىۋالماسلىق ........................ 155

قەسەمنى پەقەت ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قىلىش كېرەك ........................ 157

قان قىلىش ۋە نەزىر قىلىش پەقەت ئاللاھ ئۈچۈن بولىدۇ ........................ 158

دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ھازىرقى زامان بۇتلىرى ........................ 158

2. ئىبادەتنى كاھىنلارنىڭ قۇللۇقىدىن ئازاد قىلىش ........................ 160

ئوتتۇرا ئەسىردىكى خرىستىئان دىنىي زاتلىرى ........................ 161

ئىسلامنىڭ ئىبادەتنى ماكان چەكلىمىسىدىن ئازاد قىلىشى ........................ 162

ئىسلامنىڭ ئىنسان قەلبىنى ئىبادەتتە ۋاسىتىچىلىك چەكلىمىلىرىدىن ئازاد قىلىشى ........................ 163

ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنىڭ ئۈستىدىدۇر ........................ 164

ئاللاھ تائالا ئۆز بەندىلىرى بىلەن بىللە بولىدۇ ........................ 166

ئىسلامدا ۋاسىتىچىلارغا ھېچقانداق ئورۇن يوق ........................ 168

3. قەلبنىڭ ئىخلاسى ئەمەلنىڭ قوبۇل بولۇش ئاساسىدۇر ........................ 171

ئاللاھ قوبۇل قىلىدىغان ئىبادەت ........................ 175

توغرا نىيەتنىڭ بەرىكىتى ........................ 177

ئەمەللەر نىيەتكە باغلىقتۇر ........................ 178

4. ئاللاھقا ئۇ كۆرسەتكەن رەۋىشتە ئىبادەت قىلىش لازىم ........................ 179

ئىسلامنىڭ بىدئەتنى چەكلەشتە قاتتىق بولۇشىنىڭ ھېكمىتى ........................ 183

بىدئەت دىنلارنى قانداق ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويىدۇ؟ ........................ 183

بىدئەتچىلىك دىن ئەمەس ........................ 185

ئىسلامدا بىدئەتنى ھارام قىلىش ئىزنالىرى ........................ 186

5. روھىيەت بىلەن ماددىنىڭ ئوتتۇرىسىنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش ........................ 190

يەھۇدىيلارنىڭ دۇنيا ئىشلىرىدا چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىشلىرى ........................ 190

خرىستىئانلارنىڭ دۇنيا ئىشلىرىغا سەل قارىشى ........................ 191

رەھبانىيەتنىڭ چېكىدىن ئېشىشى ۋە ئۇنىڭ ئىنسان تەبىئىتىگە بولغان قاساۋىتى ........................ 192

تەڭپۇڭلۇق ئىسلامنىڭ سىمۋولى ........................ 194

ئاللاھنىڭ ۋە تىرىكچىلىكنىڭ ھەق ـ ھوقۇقلىرى ........................ 194

دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ ياخشىلىقى ........................ 197

دىنىڭلاردا ھەددىدىن ئاشماڭلار ........................ 199

باغنى سوغۇرۇش كېرەكمۇ؟ ياكى نامازنى ئۇزۇن ئوقۇش كېرەكمۇ؟ ........................ 201

6. قۇلايلاشتۇرۇش ۋە مۇشكۇللۇكنى كۆتۈرۈۋېتىش ........................ 202

مەن توغرا ۋە قولاي دىن بىلەن ئەۋەتىلدىم ........................ 204

ئىسلامنىڭ ئىبادەتنى قولايلاشتۇرۇش ۋە مۇسۇلمان ئۈممىتىدىن مۇشكۇللۇكلەرنى كۆتۈرۈۋېتىشتىكى ھېكمىتى ........................ 208

رۇخسەت ۋە يەڭگىللەشتۈرۈش ........................ 212

نامازدا يولغا قويۇلغان رۇخسەتلەر ........................ 214

جىھادتىكى رۇخسەتلەر ........................ 216

روزىدىكى رۇخسەتلەر ........................ 217

**ئالتىنچى باب** ........................ 221

ئىسلام ئىبادەتلىرى ۋە ئۇنىڭ بۈيۈك ئەھكاملىرى ........................ 221

1. ئىسلام ئىبادەتلىرىنىڭ سىر ـ ئەسرارلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ھاياتتىكى تەسىرلىرى ... 221

ئىسلام ئىبادەتلىرىدىن مەقسەت ........................ 221

ھەم قەدىمىي ھەم يېڭى ئىبادەتلەر ........................ 224

ئىبادەتلەرنىڭ سىر ـ ئەسرارلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ھاياتقا بولغان تەسىرلىرى ........................ 227

2. ناماز ........................ 230

ئىسلامدا نامازنىڭ ئورنى ........................ 230

ئىسلامدا تەلەپ قىلىنىدىغان ناماز ........................ 234

نامازنىڭ بىر كۈندە بىرقانچە قېتىم ئوقۇلىشىنىڭ سىرى ........................ 236

ناماز پاكىزلىق ۋە گۈزەللىكتىن ئىبارەت ........................ 239

ناماز بەدەن چېنىقتۇرىدۇ ........................ 241

ناماز ئىنسانغا روھىي كۈچ ـ قۇۋۋەت ئاتا قىلىدۇ ........................ 241

ناماز ئەخلاقىي كۈچتۇر ........................ 244

جامائەت بىلەن ئوقۇلىدىغان ناماز ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ........................ 245

ناماز ھەربىي مەشىق ........................ 247

مەسجىد ۋە ئۇنىڭ ھاياتتىكى ۋەزىپىسى ........................ 248

مەسجىد خەلقچىل ئالىي مەكتەپتۇر ........................ 249

مەسجىد ھەمىشە پارلامېنت رولىنى ئوينايدۇ ........................ 250

مەسجىد بىر قۇرۇلتايدىن ئىبارەت ........................ 251

مەسجىد ئىلمىي تەربىيە ئالىدىغان ئېنىستىتۇتتۇر ........................ 252

ئەركىنلىك ........................ 252

قېرىنداشلىق ........................ 253

باراۋەرلىك ........................ 254

مەدىنە مۇنەۋۋەردىكى پەيغەمبەر مەسجىدى ........................ 256

3. زاكات ........................ 259

بۇرۇنقى دىنلاردىكى زاكات ........ 259
مەككە دەۋرى ........ 261
ئىسلامىي زاكات ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە يېڭى تۈزۈمدۇر ........ 264
زاكاتنى دۆلەت يىغىدۇ ........ 266
دۆلەت خەزىنىسى مۇسۇلمانلارنىڭ مۈلكىدۇر ........ 268
زاكات نېمىلەرگە سەرپ قىلىنىدۇ؟ ۋە كىملەرگە بېرىلىدۇ؟ ........ 270
زاكات ھەقتۇر، ئىلتىپات ئەمەس ........ 279
زاكات پېقىرنىڭ ھەققىدۇر ........ 279
زاكات مۇسۇلمانلار جامائەسىنىڭ ھەققى ........ 281
زاكات اللهنىڭ ھەققىدۇر ........ 282
زاكاتنىڭ غايە - مەقسەتلىرى ........ 285
چەتئەل يازغۇچىلىرىنىڭ زاكات ھەققىدىكى مەدھىيەلىرى ........ 291
زاكاتنى جايىدا ئادا قىلىش ئىسلامنىڭ شان - شەرىپىنى قايتىدىن تىكلەشكە يېتەرلىكتۇر ........ 292
سەدىقە پىتىر ........ 294
پۇل - مالدا زاكاتتىن باشقىمۇ ھەق بار ........ 295
پۇل - مالنى ياخشىلىق يوللىرىغا سەرپ قىلىش ........ 297
4. روزا ........ 299
ئىسلامدىكى ئىبادەتلەرنىڭ خىلمۇخىل بولىدىغانلىقى ........ 299
روزا ماھىيىتىدە ۋە روھىيىتىدە ئىجابىي ئەمەلدۇر ........ 300
پەرز روزىنىڭ ئېيى ........ 301
روزىنىڭ سىر - ئەسرارلىرى ........ 301
روزا ئىنسان روھىيىتىنى كۈچلەندۈرىدۇ ........ 301
روزا تۈتۈڭلار، ساغلام بولىسىلەر ........ 303
روزا ئىنسان ئىرادىسىنى يېتىلدۈرىدۇ ........ 304
روزا ئىنسانغا اللهنىڭ نېمەتلىرىنى تونۇتىدۇ ........ 306
روزا يوقسۇللارنى ئەسلىتىدۇ ........ 306
روزا اللهقا بولغان كامىل ئۇبۇدىيەتنى نامايان قىلىدۇ ........ 307
مۇسۇلمانلار ۋە روزا ........ 308
5. ھەج ........ 310
مۇسۇلمانىنىڭ بەيتۇللاھ ۋە ئۇنى بىنا قىلغۇچى بىلەن بولغان رىشتىسى ........ 310
ھەج پائالىيەتلىرى ........ 312
بەيتۇللاھ تەۋھىد بىلەن بىرلىك - ئىتتىپاقلىقنىڭ سىمۋولىدۇر ........ 314
ھەج ئىبادىتىنىڭ سىرلىرى ........ 315
ھەجنىڭ ئىنسان قەلبىگە ۋە ھاياتقا بولغان تەسىرلىرى ........ 316

هەج ئىنسانغا روھىي ۋە ھېسسىي كۈچ ئاتا قىلىدۇ ........ 317

هەج مەدەنىيەت ۋە مەشىقتىن ئىبارەت ........ 318

تىجارىي مەنپەئەتلەر ........ 319

هەج باراۋەرلىك، بىرلىك ۋە تىنچلىقتىن ئىبارەت ........ 320

ئىسلام ھەممىدىن بۇرۇن دەۋەت قىلغان پرىنسىپ تىنچلىقتۇر ........ 322

هەج دۇنياۋىي قۇرۇلتاي ........ 323

ئىنساپلىقلارنىڭ گۇۋاھلىرى ........ 325

**يەتتىنچى باب** ........ 327

ئىبادەتنى ئۆگىتىشنىڭ ئەڭ ياخشى مېتودى ........ 327

كىرىش سۆز ........ 327

1. ئىبادەت ئىلمى ئەمەس، ئىبادەت فىقھىسى مەقسەت قىلىنىدۇ ........ 328

2. ئاددىي ـ ساددىلىق دەۋرىگە قايتىش ........ 332

3. ئاسانلاشتۇرۇش، چىڭىتىۋالماسلىق ۋە ۋەسۋەسە قىلماسلىق ........ 339

4. «قۇرئان كەرىم» ۋە سۈننەتكە قايتىش، بىرەر مەزھەبكە مۇتەئەسسىپلىك قىلماسلىق ........ 345

بەزى مەزھەبلەردە ئاسانلاشتۇرۇلغان مەسىلىلەردىن ئارىيە ........ 347

5. باشتا پەرزلەرگە ئەھمىيەت بېرىش لازىم ........ 355

# كىرىش سۆز[1]

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان اللەنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

جىمى ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى اللەقا خاستۇر. ئۇنىڭغا ھەمدۇسانا ئېيتىمىز، ئۇنىڭدىن ياردەم ۋە ھىدايەت تىلەيمىز. ئۇنىڭغا سېغىنىپ نەپسىمىزنىڭ يامانلىقلىرىدىن ۋە يامان ئەمەللىرىمىزدىن پاناھ تىلەيمىز.

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابە - كىراملىرىغا ۋە ئۇنىڭ ھىدايىتىگە ئەگەشكەن بارلىق توغرا يول ئۇستىدىكىلەرگە دۇرۇد ۋە سالام يوللايمىز.

بۇ، مەزكۇر كىتابىمنىڭ ئىككىنچى قېتىم نەشر قىلىنىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۇنى قايتا تولۇقلىدىم ۋە تۈزەتتىم. بۇنىڭ نەتىجىسىدە، 11 يىل ئىلگىرى نەشر قىلىنغان نۇسخىسىدىن ئۆزگىچە بىر شەكىلدە قايتىدىن مەيدانغا كەلدى.

بۇ كىتاب ئىبادەتنىڭ «فىقھي ئەھكاملىرى» ھەققىدىكى تەتقىقات بولماستىن (بۇ ھەقتە «فىقھي ئەھكاملارنى ئاسانلاشتۇرۇش» دېگەن تېمىدا ئايرىم بىر كىتاب يېزىۋاتىمەن. جانابى اللەتىن مەزكۇر كىتابنى تېز سۈرئەتتە تاماملاپ پۈتتۈرۈشۈمگە ياردەم بېرىشىنى تىلەيمەن)، بەلكى ئۇنىڭ ماھىيىتى، دەرىجىسى ۋە سىر - ئەسرارلىرى ھەققىدىكى تەتقىقاتتۇر. مۇنداقچە ئېيتقاندا، بۇ «ئىسلامدىكى ئىبادەت پەلسەپىسى» ھەققىدىكى تەتقىقاتتۇر.

ئەگەر مەزكۇر تېمىنى يورۇتۇپ بېرىدىغان ساپ ئىسلامىي ئاتالغۇدىن بىرنى ئىشلىتىشكە توغرا كەلسە، ئەلۋەتتە «ئىبادەتنى چۈشىنىش» دېگەن سۆزنى ئىشلىتىشكە بولىدۇ. ئەمما، بىز مەزكۇر سۆزنى فىقھى ئىلمىدىكى رۇكۇنلار، شەرتلەر، زاھىرىي ۋە جۇزئىي ھۆكۈملەرنى بىلىشنىڭ بەلگىسى بولۇپ قالغان كەڭ ئىستېمالدىكى مەنىسى بويىچە ئىشلەتمەيمىز. بەلكى، ئۇنى «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىستە كەلگەن مەنىسى بويىچە ئىشلىتىمىز. اللە تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿قَدْ فَصَّلْنَا الآيَاتِ لِقَوْمٍ يَفْقَهُونَ﴾ ﴿چۈشىنىدىغان قەۋم ئۈچۈن ئايەتلەرنى ھەقىقەتەن ئوچۇق بايان قىلدۇق﴾[2]؛ ﴿لَهُمْ قُلُوبٌ لاَّ يَفْقَهُونَ بِهَا﴾ ﴿ئۇلار

---

[1] بۇ، ئاپتورنىڭ قولىڭىزدىكى كىتابىنىڭ ئىككىنچى نەشرىگە يازغان كىرىش سۆزىدۇر.

[2] سۈرە ئەنئام، 98 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

دىلىلىرى بولغىنى بىلەنمۇ، ئۇ ئارقىلىق ھەقنى چۈشەنمەيدۇ﴾[1]؛ ﴿فَلَوْلاَ نَفَرَ مِن كُلِّ فِرْقَةٍ مِّنْهُمْ طَآئِفَةٌ لِّيَتَفَقَّهُواْ فِي الدِّينِ وَلِيُنذِرُواْ قَوْمَهُمْ إِذَا رَجَعُواْ إِلَيْهِمْ لَعَلَّهُمْ يَحْذَرُونَ﴾ ﴿ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ھەربىر جامائەدىن يەنە بىر تۈركۈمى دىنىي ئالىم بولۇپ، ئۇلار قەۋمىنىڭ قېشىغا قايتقاندىن كېيىن، قەۋمىنىڭ ئاللاھتىن قورقۇشى ئۈچۈن، ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرۇش مەقسىتىدە نېمىشقا (ئىلىم تەلەپ قىلىشقا) چىقمىدى؟﴾[2] پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ كىمگە ياخشىلىقنى ئىرادە قىلسا، ئۇنى دىندا ئالىم قىلىدۇ».

مەن بۇ كىتابتا مەزكۇر ئاتالغۇنى فىقھىي ئىستېمالدىكى تەبىر بويىچە چۈشىنىلىپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ ئىشلەتمىدىم. چۈنكى، مەقسىتىم ئۇ ئەمەس ئىدى. شۇنداقلا «پەلسەپە» كەلىمىسىنى ئىبادەت سۆزىگە قوشۇپ ئىشلىتىشنىمۇ ياقتۇرمىدىم. شۇڭلاشقا، كىتابنىڭ تېمىسىنى «ئىسلامدا ئىبادەت» دەپلا ئاتاشنى مۇۋاپىق كۆردۈم.

ئىبادەت ھاياتتىكى يۈزەكى ئىش ئەمەس، بەلكى ئاللاھ تائالانىڭ ساماۋى كىتابلارنى نازىل قىلىش، ئىنسانىيەتنى ئاللاھقا دەۋەت قىلىش، ئۇلار ئاللاھنى ئۇنتۇپ قالغانلىرىدا ئۇنى ئەسلىتىپ تۇرۇش ۋە ئىنسانلار زالالەت پاتقاقلىرىغا پېتىپ قالغاندا، ئۇلارنى نىجاتلىققا يېتەكلەش ئۈچۈن پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتىشتىكى مەقسەتنىڭ دەل ئۆزى ھېسابلىنىدۇ.

ئاللاھ تائالا پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا مۇشۇ مەزمۇندا خىتاب قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَا أَرْسَلْنَا مِن قَبْلِكَ مِن رَّسُولٍ إِلَّا نُوحِي إِلَيْهِ أَنَّهُ لَا إِلَهَ إِلَّا أَنَا فَاعْبُدُونِ﴾ ﴿(ئى مۇھەممەد!) سەندىن ئىلگىرى ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسىگە: «مەندىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، ماڭىلا ئىبادەت قىلىڭلار» دەپ ۋەھيى قىلدۇق﴾[3].

ھەر بىر رىسالەتتىكى تۈنجى نىدامۇ دەل مۇشۇ ئىدى. ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿وَلَقَدْ بَعَثْنَا فِي كُلِّ أُمَّةٍ رَّسُولاً أَنِ اعْبُدُواْ اللّهَ وَاجْتَنِبُواْ الطَّاغُوتَ﴾ ﴿بىز ھەقىقەتەن ھەر بىر ئۈممەتكە: ‹ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار، شەيتاندىن (يەنى شەيتانغا، بۇتلارغا، كاھىنلارغا ئوخشاش ھەر قانداق مەبۇدقا ئىبادەت قىلىشتىن) يىراق بولۇڭلار› دەپ پەيغەمبەر ئەۋەتتۇق﴾[4]؛ ﴿اعْبُدُواْ اللّهَ مَا لَكُم مِّنْ إِلَـهٍ غَيْرُهُ﴾ ﴿ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار، سىلەرگە ئاللاھتىن باشقا مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر﴾[5].

---

[1] سۈرە ئەئراف، 179 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە تەۋبە، 122 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە ئەنبىيا، 25 ـ ئايەت.
[4] سۈرە نەھل، 36 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[5] سۈرە ئەئراف، 59 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

دەرۋەقە، اﷲ تائالا ساماۋىي كىتابلارنى «قۇرئان كەرىم» بىلەن، ساماۋىي دىنلارنى ئىسلام بىلەن، پەيغەمبەرلەرنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن ئاخىرلاشتۇرۇپ بولۇپ، مەزكۇر ھەقىقەتنى تېخىمۇ ئېنىق تەكىتلىدى. شۇنداقلا، ئۇنى مەڭگۈ داۋاملىشىدىغان كىتابى «قۇرئان كەرىم»دە بايان قىلدى ۋە ئۆزىنىڭ ئىنسانلارنى يارىتىشىدىكى مەقسىتىنىڭ ئۇلارنىڭ ئۆز پەرۋەردىگارىنى تونۇپ، ئۇ زاتقا لايىق رەۋىشتە ئىبادەت قىلىشلىرى ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى جاكارلىدى. مانا بۇ، سۆزلىنىۋاتقان تەپەككۇر قىلالايدىغان ۋە بۇ دۇنيادا تاللاش ئىختىيارلىقى بولغان مۇشۇنداق بىر مەخلۇقنىڭ يارىتىلىشىدىكى بىردىنبىر ھېكمەت ۋە سىردۇر. اﷲ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿وَمَا خَلَقْتُ الْجِنَّ وَالْإِنسَ إِلَّا لِيَعْبُدُونِ مَا أُرِيدُ مِنْهُم مِّن رِّزْقٍ وَمَا أُرِيدُ أَن يُطْعِمُونِ﴾ ﴿جىنلارنى، ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا ياراتتىم. ئۇلاردىن مەن رىزىق تىلىمەيمەن ۋە ئۇلارنىڭ مېنى ئوزۇقلاندۇرۇشىنى تىلىمەيمەن﴾[1].

بىراق، ئىنسانلار (ھەتتاكى، مۇسۇلمانلارمۇ) ئىبادەتنى خاتا چۈشىنىۋالدى. ئۇنى ئۆزىنىڭ توغرا يۆنىلىشىدىن بۇرىۋەتتى. ئۇنىڭ ماھىيىتى ۋە ئورنىنى مەيلى ئۇنى چۈشىنىش ياكى ئەمەلىيلەشتۈرۈش جەھەتتە بولسۇن، تۈپتىن ئۆزگەرتىۋەتتى.

بۇنىڭ بىلەن بىر تۈركۈم كىشىلەر اﷲقا ئىبادەت قىلىشنى ئىنتىلىشكە تېگىشلىك غايە دەپ قارىمىدى. بەلكى، ئىبادەتنى پەقەت روھنى پاكلايدىغان، قەلبنى تەربىيىلەيدىغان بىر ۋاستە دەپ قارىدى. ئىبادەت بۇلارنىڭ نەزىرىدە بىردىنبىر ۋاستە ياكى ئىجابىي ۋاستە ئەمەس. بۇلار ھەتتا ئىبادەتتىن بەزى دىنسىز دۆلەتلەر پۇقرا يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىۋاتقان ھازىرقى زامان مەدەنىيەت ۋاستىلىرى بىلەن بىھاجەت بولغىلى بولىدۇ دەپ قارايدۇ.

يەنە بىر تۈركۈم كىشىلەر ئىبادەتنىڭ قىممىتىنى ۋە ئۇنىڭ دەرىجىسىنى ھەقىقىي تونۇپ يەتتى. ئەمما، بۇلار ئىبادەتنى: ﴿سَبِّحِ اسْمَ رَبِّكَ الْأَعْلَى الَّذِي خَلَقَ فَسَوَّى وَالَّذِي قَدَّرَ فَهَدَى﴾ ﴿ھەممىدىن ئۈستۈن پەرۋەردىگارىڭنىڭ نامىنى پاك ئېتىقاد قىلغىنىكى، ئۇ (پۈتۈن مەخلۇقاتنى) ياراتتى، (ئۇلارنى) بېجىرىم (يەنى چىرايلىق ۋە مۇناسىپ شەكىلدە) قىلدى. مەخلۇقاتقا پايدىلىق ئىشلارنى (تەقدىر قىلدى، ئۇلارغا پايدىلىنىش يوللىرىنى) كۆرسەتتى﴾[2] دەپ سۈپەتلەنگەن اﷲتىن باشقا نەرسىگە يۈزلەندۈرۈپ قويدى. ئۇلار اﷲقا قوشۇپ يالغان ئىلاھلارنى مەبۇد قىلىۋالدى ياكى بىر ـ بىرلىرىنى مەبۇد قىلدى. بىز ھازىرقى زامان ئىسلام ئۇممىتىدىمۇ مۇشۇنداق ئازغۇنلۇقنىڭ داغلىرىنى بايقايمىز.

[1] سۈرە زارىيات، 56 ـ ئايەتتىن 57 ـ ئايەتكىچە.

[2] سۈرە ئەئلا، 1 ـ 3 ـ ئايەتكىچە.

ئۇلارنىڭ بەزىلىرى اللەتىن غەيرىنى ئۇلۇغلايدۇ، يا اللەتىن غەيرىنى مۇقەددەس بىلىدۇ، يا اللەتىن غەيرىگە نەزىر قىلىدۇ ياكى قان قىلىدۇ ياكى بولمىسا، اللەتىن غەيرىگە مۇتلەق باش ئېگىدۇ.

يەنە بەزى ئىنسانلار ئىبادەتنىڭ دەرىجىسىگە ھەقىقىي رەۋىشتە ئىمان كەلتۈردى. ئۇلار ئىبادەتنى ئۇنىڭغا لايىق بولغان زات اللە تائالاغا يۈزلەندۈردى، لېكىن ئۇلار اللە تائالاغا ئۇ بۇيرىغان رەۋىشتە ئىبادەت قىلمىدى. اللە تائالا يولغا قويغان ئىبادەتنىڭ يوللىرىغا ۋە شەكىللىرىگە رىئايە قىلمىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار اللە تائالا رۇخسەت قىلمىغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يولغا قويمىغان بىدئەتلەرنى پەيدا قىلدى. مۇشۇ سەۋەبلىك ئۇلار ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلدى، توغرا يولدىن ئېزىپ كەتتى. ئۇلار ئىلگىرىكى دىنلارنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىدىن قالغان نۇرغۇنلىغان بىدئەتلەرنى ئىبادەتكە قوشۇۋەتتى. ئۆزلىرىنىڭ ئىبادەتكە كىرگۈزۈۋالغان غايەت زور ئۆزگەرتىشلىرىدىن كۆزلىرىنى يۇمۇۋالدى. ھالبۇكى، ئىسلام دىنى ئىبادەتنى مۇكەممەل قىلغان، ئۆزگە چاپلىشىپ قالغان چىرىندىلارنى پاكلىغان ۋە ئىنساننىڭ ئىبادەتنى چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىشى ۋە بۇرمىلىشىدىن ساقلايدىغان ئۇسۇل ـ قائىدىلەرنى بېكىتكەندى.

يەنە بەزىلەر ئىبادەتنىڭ مەنىسىنى ئىنتايىن يۈزەكى چۈشەندى. ئىبادەت ئۇلارنىڭ نەزىرىدە پەقەت ناماز، روزا، زاكات، ھەج ۋە ئۇلارغا ئالاقىدار زىكىر ـ تىلاۋەت ۋە دۇئا قىلىشتىنلا ئىبارەت.

مۇشۇنداق كەمتۈك چۈشەنچە سەۋەبىدىن، ئۇلار ئىسلامنىڭ بۇيرۇق ۋە چەكلىمىلىرىگە، ھاياتلىقنىڭ ھەممە ساھەلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھۆكۈم ـ تەۋسىيەلىرىگە سەل قارىدى. ھالبۇكى، ئىبادەت ئەسلىدە «قۇرئان كەرىم»، ھەدىس شەرىفتە بايان قىلىنغاندەك ۋە ئىسلام ئۇممىتىنىڭ ئەڭ ياخشى ئىنسانلىرى ــ سەلەفلەر چۈشەنگەندەك، دىنىنىڭ، شۇنداقلا ھاياتنىڭ ھەممە تەرىپىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى.

بىز مۇشۇ نۇقتىلارنى كۆزدە تۇتۇپ، ھازىرقى زامان مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئارىسىدىكى ئىبادەت ھەققىدە ئومۇملىشىپ كەتكەن خاتا چۈشەنچىلەرنى توغرىلاشنى، شۇنداقلا بەزىلەرنىڭ ئىبادەتنىڭ قىممىتى ۋە ئۇنىڭ ئىسلامدىكى ئورنى ھەققىدە مۇسۇلمانلارنىڭ ئاڭلىرىغا سىڭدۈرۈۋېتىشنى پىلانلاۋاتقان ئازغۇن ئىدىيىلىرىنى تارمار قىلىشنى ئۆز مەجبۇرىيىتىمىز دەپ بىلدۇق ۋە مۇشۇ نۇقتىدىن ئىبادەتنىڭ مەنىسىنى، ماھىيىتىنى، ئۇنىۋېرساللىقىنى ۋە ئۇنىڭ غايە ـ نىشانلىرىنى، ئىنساننىڭ ئۇنى قىلىشقا تەكلىپ قىلىنغانلىقىنى، ئىسلامنىڭ ئىبادەت ساھەسىدە ئېلىپ بارغان ئىسلاھات ۋە كۆرسەتمىلىرىنى توغرا بايان قىلىشقا تىرىشتۇق. بىز مۇشۇ بايانلار ئارقىلىق كىمگە،

نېمە ئۈچۈن، نېمە بىلەن ۋە قايسى رەۋىشتە ئىبادەت قىلىدىغانلىقىمىزنى تونۇپ يېتىمىز.

شۇنداقلا، مەزكۇر بايانلارغا ياندىشتۇرۇپ ئىسلامنىڭ «ئىسلام شۇئارلىرى» دەپ تونۇلۇپ كەتكەن ۋە فىقھى ئاتالغۇسىدا «ئىبادەتلەر» دەپ خاسلاشتۇرۇلغان بۇيۈك ئىبادەتلىرىنىڭ سىر ـ ئەسرارلىرى ھەققىدە بىر ماقالە تولۇقلىدۇق.

ئاندىن كېيىن كىتابنى ئىسلامنىڭ تۇۋرۈكلىرى ھېسابلىنىدىغان ئىبادەتلەرنى ئۆگىنىشنىڭ ئەڭ ياخشى مېتودى ھەققىدىكى بايانلار بىلەن ئاخىرلاشتۇردۇق.

مەن مۇشۇ كىتابنى يېزىش ئارقىلىق نىشانلىغان مەقسەتلەرنى يورۇتۇپ بېرەلىشىمنى، ئىسلام دىنىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى بولغان ئىبادەتنىڭ يېپىلىپ قالغان پەردىلىرىنى ئېچىپ بېرەلىشىمنى اللهتىن ئۈمىد قىلىمەن. ھالبۇكى، الله تائالا ئىسلامنى بىزگە كامىل قىلىپ بەردى، ئۇنىڭ بىلەن نېمىتىنى تاماملىدى ۋە ئۇنى بىز ئۈچۈن دىن قىلىپ تاللىدى.

ئاخىرىدا، الله تائالادىن بۇ كىتابنىڭ پايدىسىنى ماڭا، كىتابخانغا ۋە نەشرىياتقا يەتكۈزۈپ بېرىشىنى تىلەيمەن. پىكىردە ياكى قەلەم تەۋرىتىشتە كەتكۈزۈپ قويغان سەۋەنلىكلەرنى اللهنىڭ مەغفىرەت قىلىشىنى تىلەيمەن. اللهقا ئىبادەت قىلىشتا ئىخلاسمەنلەردىن، اللهنىڭ شەرىئىتىگە ئەگەشكۈچىلەردىن قىلىشىنى، شۇنداقلا: ﴿إِيَّاكَ نَعْبُدُ وإِيَّاكَ نَسْتَعِينُ﴾ ﴿ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز ۋە سەندىنلا ياردەم تىلەيمىز﴾ (سۈرە فاتىھە) دېگەن ماقامغا ئاتلىنىۋاتقانلارنىڭ يولىغا ۋە ئۇنىڭغا قاراپ ماڭغۇچىلارنىڭ مەنزىللىرىگە يەتكۈزۈشىنى تىلەيمەن. الله ھەقىقەتەن ھەممىنى ئاڭلىغۇچى، دۇئالارنى ئىجابەت قىلغۇچى زاتتۇر.

**يۇسۇف قەرزاۋى**

ھىجرى 1391 ـ يىل رەبىئۇلئاخىر

مىلادى 1971 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى

دۇھا ـ قاتار

# بىرىنچى باب

## ئىنساننىڭ دۇنيادىكى باش ۋەزىپىسى ئىبادەت

1. ئىنساننىڭ دۇنيادىكى ۋەزىپىسى.
2. مەڭگۈ داۋاملىشىدىغان سوئاللار.
3. مەن نەدىن كەلدىم؟
4. مەنزىلىم قەيەر؟
5. ئىنسان نېمە ئۈچۈن يارىتىلدى؟
6. ھەربىر رىسالەتتىكى تۈنجى ندا: ﴿اللهقا ئىبادەت قىلىڭلار، سىلەرگە اللهتىن باشقا مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر﴾.
7. ھەممەيلەن ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلغان.

## 1. ئىنساننىڭ دۇنيادىكى ۋەزىپىسى

مەن نېمە ئۈچۈن يارىتىلدىم؟ مېنىڭ ھاياتلىقتىكى ۋەزىپەم زادى نېمە؟ مەسئۇلىيىتىمچۇ؟ بۇ سوئاللارنى ھەربىر ئىنسان ئۆزىدىن سورىشى، شۇنداقلا، ئۇلارنىڭ جاۋابلىرى ھەققىدىمۇ چوڭقۇر ئويلىنىشى لازىم.

نادانلىق قانچىلىك چوڭ بولۇپ كەتسۇن، ئۇنى كەچۈرۈۋەتكىلى بولىدۇ. ئەمما، ئىنساننىڭ ھاياتلىقتا مەۋجۇد بولۇشىنىڭ سىر - ئەسرارلىرى، غايە - نىشانلىرى، ۋەزىپىسى ۋە تەبىئىتىنى بىلمەسلىكىنى قەتئىي كەچۈرگىلى بولمايدۇ. ئەقىل ۋە ئىرادە ئاتا قىلىنغان بۇنداق مەخلۇقنىڭ ئۆزىنىڭ ئاقىۋىتى ھەققىدە ئويلانماي، تەبىئىتىنىڭ ماھىيىتىنى، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ ھاياتتىكى ۋەزىپىسىنىڭ خاراكتېرىنى چۈشەنمەي، تۈيۈقسىز ئەجەل يەتمىگۈچە غەپلەتتە ياشىشى، چاھارپايلاردەك يەپ - ئىچىپ يۈرۈشى ئۇنىڭ ئۈچۈن ئىنتايىن نومۇس بىر ئىش، ئەلۋەتتە. بۇنداق ئىنسان ھېچقانداق تەييارلىقسىز ھالەتتە نامەلۇم بىر قىسمەتكە دۇچ كېلىدۇ. شۇنداقلا، غەپلەتتە، نادانلىق -

زالالەت ئىچىدە ياشىغاننىڭ نەتىجىسىنى كۆرىدۇ ۋە ئۇ چاغدا پۇشايمان قىلىدۇ. ۋەھالەنكى، بۇ چاغدا پۇشايمان قىلىشنىڭ ئۇنىڭغا ھېچقانداق پايدىسى بولمايدۇ. ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇشنى ئۈمىد قىلسىمۇ، قەتئىي قۇتۇلالمايدۇ.

شۇڭلاشقا، ھەربىر ئەقىللىق ئىنسان ئۆزىدىن جىددىي رەۋىشتە: «مەن نېمە ئۈچۈن يارىتىلدىم؟ مېنىڭ يارىتىلىشىمدىكى غايە زادى نېمە؟» دەپ سورىشى بەكمۇ زۆرۈر.

## 2. مەڭگۈ داۋاملىشىدىغان سوئاللار

ھەربىر ئىنسان ئۆزىدىن مەزكۇر سوئاللارنى سوراشتىن ياكى ئۇلارغا جاۋاب تېپىشتىن ئىلگىرى، جاۋابنىڭ ئېنىق، ھەقىقەتنىڭ ئايدىڭ بولۇشى ئۈچۈن، يەنە مۇنداق ئىككى سوئالنى سورىشى تولىمۇ زۆرۈر:

1) مەن كىم؟ نەدىن كەلدىم؟ باشقا ئىبارە بىلەن ئېيتقاندا، مېنى كىم ياراتتى؟

2) مەن يارىتىلغاندىن كېيىن مەنزىلىم قەيەر بولىدۇ؟ ئۆلگەندىن كېيىنچۇ؟

بەزى مۇتەپەككۇرلار مەزكۇر سوئاللارنى ئىخچاملاپ مۇنداق ئىپادىلەيدۇ: نەدىن، نەگە ۋە نېمە ئۈچۈن؟

مەزكۇر سوئاللار ئىنسان ئويلىنىشقا، تەپەككۇر قىلىشقا باشلىغاندىن تارتىپ ئۇنىڭغا يېپىشىپلا كەلدى. ئۇ ئىنساندىن چاڭقىغان قەلبىنى قاندۇرغۇدەك كەسكىن جاۋاب كۈتىدۇ. چۈنكى، مەزكۇر سوئاللارغا جاۋاب تېپىلماي تۇرۇپ، ئىنساننىڭ ئىنسانلىقى مۇئەييەنلەشمەيدۇ ياكى ئۇنىڭ ئالەمدىكى ئورنى ۋە ۋەزىپىسى بەلگىلەنمەيدۇ. مۇبادا ئىنسان ئۆزىنىڭ قانداق مەخلۇقلىقىنى، نېمە ئۈچۈن يارىتىلغانلىقىنى، نەدىن كەلگەنلىكىنى، نەگە بارىدىغانلىقىنى بىلمىسە، زېمىندىكى ئورۇنباسارلىق ۋەزىپىسىنىڭ ھۆددىسىدىن قانداقمۇ چىقسۇن؟!

مەزكۇر سوئاللارغا شەرق ۋە غەربتىكى ھەممە پەيلاسوپلار جاۋاب تېپىشقا ئۇرۇنۇپ كۆرگەنىدى. ھەتتا شۇنداق دېيىشكىمۇ بولىدۇكى، ئۇ سوئاللارغا جاۋاب ئىزدىمىگەن پەيلاسوپ پەيلاسوپ ھېسابلانمايدۇ.

نەدىن؟

نەگە؟

نېمە ئۈچۈن؟

مەن نەدىن كەلدىم؟ مېنى بۇ دۇنياغا كىم ئېلىپ كەلدى (كىم ياراتتى)؟ شۇنداقلا مېنىڭ ئەتراپىمدىكى بۇ ئالەم نەدىن كەلدى؟

مەن بۇ ئالەمگە يارىتىلغاندىن كېيىن مەنزىلىم قەيەر بولىدۇ؟ شۇنداقلا بۇ ئالەم نەگە بارىدۇ؟ «ئۆمۈر» دەپ ئاتىلىدىغان بۇ سەھىپىنى يېپىۋەتكەندىن كېيىن، يەنە نېمە ئىشلار يۈز بېرىدۇ؟

مەن بۇ دۇنياغا نېمە ئۈچۈن يارىتىلدىم؟ مېنىڭ بۇ دۇنيادا باشقىلارغا يەتكۈزىدىغان رىسالەم، ئۆتەيدىغان ۋەزىپەم بارمۇ؟ ئۇنداق بولسا، ئۇ رىسالە زادى نېمە؟ ۋەزىپىچۇ؟

## 3. مەن نەدىن كەلدىم؟

بۇ، پەقەت كۆزى كۆرگەن شەيئىگىلا ئىشىنىدىغان ماتېرىيالىزمچىلارنىڭ باشلىرىنى قاتۇرىدىغان مۇرەككەپ سوئال. ماتېرىيالىزمچىلار ئىنسان پىترىتىنى بوغۇپ قويىدۇ. ئۇلار ئاڭلىرىغا سىڭىپ كەتكەن ئەقىل لوگىكىلىرىنى تەڭداشسىز دەپ قارايدۇ. ئالەم ۋە ئۇنىڭدىكى مەۋجۇداتلارنى، شۇنداقلا ئالەمنىڭ گۈزەللىكى ۋە مۇنتىزىملىقىنى ئۆزلىكىدىن ۋە تاسادىپىي پەيدا بولغان دېگەن سەپسەتىدە چىڭ تۇرىدۇ.

ئىنسان پىترىتىنىڭ چاقىرىقىغا قۇلاق سالىدىغانلار بولسا، ئۆزلىرىنىڭ ۋە ئەتراپىدىكى بۇ ئالەمنىڭ بىر ياراتقۇچىسى بارلىقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. شۇڭلاشقا، ئۇلارنىڭ قەلبلىرى ئۇ زاتنى ئۇلۇغلاش، ئۇنىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىش، ئۇنىڭغا تەۋەككۇل قىلىش، ئۇنىڭدىن خەۋپسىرەش ۋە ياردەم تىلەش ئىستىكىدە ئۇ زاتقا يۈزلىنىدۇ. ئۇلار بۇ خىل ھېس - تۇيغۇلارنى قەلبلىرىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىن تۇيۇپ تۇرىدۇ. الله تائالا مەزكۇر ھېس - تۇيغۇلارنى «قۇرئان كەرىم»دە ”دىن“ كەلىمىسى بىلەن ئىپادىلىدى. الله تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿**فَأَقِمْ وَجْهَكَ لِلدِّينِ حَنِيفًا فِطْرَةَ اللَّهِ الَّتِي فَطَرَ النَّاسَ عَلَيْهَا لَا تَبْدِيلَ لِخَلْقِ اللَّهِ ذَلِكَ الدِّينُ الْقَيِّمُ وَلَكِنَّ أَكْثَرَ النَّاسِ لَا يَعْلَمُونَ**﴾ ﴿باتىل دىنلاردىن بۇرۇلۇپ ئىسلام دىنىغا يۈزلەنگىن، اللهنىڭ دىنىغا (ئەگەشكىنكى) الله ئىنسانلارنى شۇ دىن بىلەن ياراتقان، اللهنىڭ ياراتقىنىدا ئۆزگىرىش بولمايدۇ، بۇ توغرا دىندۇر، لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى بىلمەيدۇ﴾[1].

بەزىدە ئىنسان راھەت - پاراغەتكە بېرىلىپ كېتىپ، روھىدىكى ساپ تەبىئەتنىڭ نىداسىنى مەقسەتلىك بېسىپ قويىدۇ ياكى قۇلىقىنى يوپۇرۇۋالىدۇ. دەرۋەقە، ئىنسانغا قايغۇ يەتكەندە، مۇسىبەتلەر ئالدىدا ئىرادىسى سۇنغاندا، كىشىلەردىن ئۈمىدىنى ئۈزگەندە،

[1] سۈرە رۇم، 30 - ئايەت.

مەزكۇر نىدا ئۆزىنىڭ پەرۋەردىگارىغا يۈزلىنىدۇ، يىلىنىدۇ، بوي ئېگىدۇ، دۇئا قىلىدۇ، ئۇ زاتنىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىدۇ، ئۇ زاتقا تەۋەككۇل قىلىدۇ.

بىر ئادەم ئىمام جەئفەر سادىق (الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن)تىن الله توغرىسىدا سورىدى. جەئفەر ئۇ كىشىگە:

– سەن دېڭىزدا سەپەرگە چىقىپ باققانمۇ؟ – دېدى. ئۇ كىشى:

– ھەئە.

– شۇ جەرياندا بىرەر قېتىم بوراننىڭ خەۋپىگە دۇچار بولغانمۇ؟

– ھەئە.

– شۇنىڭ بىلەن سەن كېمىچى ۋە باشقا ھەرقانداق قۇتقۇزۇش ۋاسىتىلىرىدىن ئۈمىدىڭنى ئۈزدىڭمۇ؟

– ھەئە.

– شۇ ۋاقىتتا سېنىڭ قەلبىڭگە سېنى مۇشۇ بالادىن قۇتقۇزالايدىغان بىرەر نىجاتكار كەلدىمۇ؟

– ھەئە.

– مانا شۇ اللهتۇر.

الله تائالا «قۇرئان كەرىم»دە مەزكۇر ھەقىقەتنى تەكىتلەيدىغان نۇرغۇنلىغان ئايەتلەرنى بايان قىلدى: ﴿وَإِذَا مَسَّ الْإِنسَانَ ضُرٌّ دَعَا رَبَّهُ مُنِيبًا إِلَيْهِ﴾ ﴿ئىنسانغا بىرەر زىيان – زەخمەت يەتسە، پەرۋەردىگارىغا يۈزلەنگەن ھالدا ئۇنىڭغا دۇئا قىلىدۇ﴾[1]؛ ﴿وَإِذَا غَشِيَهُم مَّوْجٌ كَالظُّلَلِ دَعَوُا اللَّهَ مُخْلِصِينَ لَهُ الدِّينَ﴾ ﴿(دېڭىزدا) ئۇلارنى تاغلاردەك دولقۇنلار ئورىۋالغان چاغدا، ئۇلار كامالى ئىخلاس بىلەن اللهقا ئىلتىجا قىلىدۇ﴾[2]؛ ﴿وَإِذَا مَسَّكُمُ الْضُّرُّ فِي الْبَحْرِ ضَلَّ مَن تَدْعُونَ إِلاَّ إِيَّاهُ﴾ ﴿سىلەر دېڭىزدا بىرەر ئاپەتكە يولۇققان چېغىڭلاردا، ئېسىڭلارغا سىلەر چوقۇنۇۋاتقان مەبۇدلار كەلمەي، پەقەت اللهلا كېلىدۇ (يەنى ئىنسان مۇنداق چاغدا اللهتىن باشقىغا ئىلتىجا قىلمايدۇ)﴾[3].

دېكارت: ”مەن ۋۇجۇدۇمدا بىر كەمچىلىكنى ھېس قىلىپ تۇرۇپ، يەنىلا كامالەت ئىگىسى بىر زاتنىڭ مەۋجۇدلىقىنى ھېس قىلىمەن. مېنىڭ ۋۇجۇدۇمغا ئاشۇنداق ھېس – تۇيغۇنى جىمى كامالەت سۈپەتلىرى بىلەن سۈپەتلەنگەن بىر زاتنىڭ سالغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولىمەن. ئۇ زات بولسا اللهنىڭ دەل ئۆزىدۇر“ دېدۇ.

---

[1] سۈرە زۇمەر، 8 – ئايەت.

[2] سۈرە لوقمان، 32 – ئايەت.

[3] سۈرە ئىسرا، 67 – ئايەت.

مەزكۇر ھېس ـ تۇيغۇ ئىنساننىڭ ئەسلىدىكى ساپ تەبىئىتىدىن كېلىپ چىققانلىقى ئۈچۈن، ئىماننىڭ ئەنە شۇ ساپ تەبىئەت ۋە سەۋەبلەردىن ئۈستۈن تۇرىدىغان بىر ئالىي كۈچ تۇرتكىسىدە، تارىخ بويىچە دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى بارلىق ئىنسانلارنىڭ، قەۋم ۋە مىللەتلەرنىڭ ئارىسىدىكى ئورتاق بىر قىسمەت ئىكەنلىكىنى كۆرەلەيمىز.

فرانسىيىلىك پەيلاسوپ برگسۇن: ”تارىختا ئىلىم ـ پەنسىز، سەنئەتسىز، پەلسەپەسىز جامائە تېپىلىدى ھەم تېپىلىدۇ. ئەمما، دىنسىز بىر جامائە قەتئىي تېپىلمايدۇ“ دەيدۇ.

ئارنىست رېنان دىنلارنىڭ تارىخى ھەققىدە: ”بىز ياخشى كۆرىدىغان ھەممە نەرسە يوقىلىپ كېتىشى، شۇنداقلا ئەقىل، ئىلىم ـ پەن، سانائەتتىن ئەركىن پايدىلىنىش ئەمەلدىن قېلىشى مۇمكىن. ئەمما، دىنىنىڭ يوقىلىشى مۇمكىن ئەمەس. بەلكى، دىن ماتېرىيالىزمچى مەزھەبنىڭ باتىللىقىنى نامايان قىلىپ تۇرىدىغان پولاتتەك پاكىت بولۇپ، ئۆزىنىڭ مەۋجۇدلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈۋېرىدۇ. مەلۇمكى، مەزكۇر مەزھەب ئىنسان تەپەككۇرىنى ھاياتىي دۇنيانىڭ تارچۇق ۋادىلىرىغا بېكىندۈرۈپ قويىدۇ“ دەيدۇ.

ئىنساننىڭ ساپ تەبىئىتى (فىترەت)نىڭ لوگىكىسى بويىچە ئېيتقاندا، ئۇنى ھىدايەتكە باشلايدۇ. ساپ تەبىئەت (فىترەت) پەقەت ساپ ھېس ـ تۇيغۇ ياكى ساپ ئاڭلا ئەمەس، بەلكى ئۇ ئىككىسىنىڭ بىرىكمىسىدۇر. ئىنساندىكى ساپ ئاڭ بولسا، اللهقا ئېتىقاد قىلىشنىڭ يۈز ئۆرۈگىلى بولمايدىغان بىر زۆرۈرىيەت ئىكەنلىكىنى، ئۇ ئارقىلىق ئالەمنىڭ، ھاياتلىقنىڭ ۋە ئىنساننىڭ مەۋجۇدلىقىنى چۈشەندۈرگىلى بولىدىغانلىقىنى تەلەپ قىلىدۇ. دەرۋەقە، ساپ ئاڭ ئېنىق بولغان «سەۋەبىيەت» قانۇنىيىتىگە مۇتلەق ئىشىنىش بولۇپ، ئۇ بىر ئىشنىڭ سەۋەبسىز بولغانلىقىنى، ھۈنەرۋەنسىز بىر ھۈنەرنىڭ مەيدانغا كېلىشىنى قەتئىي قوبۇل قىلمايدۇ.

«سەۋەبىيەت» توغرىسىدا بەزىلەر سەھرالىق بىر ئەرەبتىن «الله ھەققىدە» سورىغاندا، ئۇ ئىنتايىن ئاددىي بىر ئىبارە بىلەن مۇنداق دېگەنىكەن: ”تۆگىنىڭ ئىزى كارۋاننىڭ ماڭغانلىقىنى دەلىللەيدۇ. شۇنداق ئىكەن يۇلتۇزلۇق ئاسمان، بىپايان زېمىن، دولقۇنلۇق دېڭىز ... قاتارلىقلار بۈيۈك بىر زاتنىڭ بارلىقىنى دەلىللەپ بەرمەمدۇ؟“

ھەممىگە تونۇشلۇق بولغان تەبىئىي پەن ئالىمى نيۇتون مۇنداق دېگەن: ”سىلەر ياراتقۇچىغا شەك كەلتۈرمەڭلار، بىلىش كېرەككى، پەقەت تاسادىپىيلىقلا بۇ مەۋجۇدىيەتنىڭ قائىدە ـ ئۇسۇلى بولۇشى ئىنسان ئەقلىگە قەتئىي سىغمايدۇ“. ئىنسان ئالەمنىڭ ئاجايىباتلىرىنى، ئۇنىڭدىكى گۈزەللىك، بەدىئىيلىكنى تونۇپ يەتكەنسېرى، ياراتقۇچىنىڭ مەۋجۇدلىقىغا، ئۇ زاتنىڭ ھېكمەت بىلەن ئىش قىلىدىغانلىقىغا،

كاتتىلىقىغا، سۈپەتلىرىنىڭ كامالەتلىرىگە بولغان ئېتىقادى، ئىمانى تېخىمۇ كۈچىيىدۇ. بۇ ھەقتە سىپېنسىر ھېرشىلنىڭ مۇنداق بىر سۆزىنى نەقىل كەلتۈرىدۇ: "ئىلىمنىڭ پايانى كېڭەيگەنسېرى قۇدرىتى چەكسىز، مەڭگۈ ئاخىرلاشمايدىغان ئەزەلىي بىر ياراتقۇچىنىڭ مەۋجۇدلىقىنى دەلىللەيدىغان كۈچلۈك دەلىل - ئىسپاتلار ئېشىپ بارىدۇ. شۇڭلاشقا، گېئولوگلار، ماتېماتېكلار، ئاسترونوملار ۋە تەبىئىي پەن ئالىملىرى ھەممىسى بىردەك بىر ئىلىم ئابىدىسىنى تىكلەشكە ھەمكارلاشماقتا. ئۇ ئابىدە اللهنىڭ ئۇلۇغلۇقى ۋە يەككە ـ يېگانە زاتلىقىنى دەلىللەيدىغان پاكىتلاردىن ئىبارەتتۇر".

سىپېنسىر مۇنداق دەيدۇ: "بىر تامچە سۇنى كۆزىتىدىغان ئالىم، ئۇنىڭ بەلگىلىك مىقداردىكى ئوكسىگېن ۋە ھىدروگېنلاردىن تەركىب تاپىدىغانلىقىنى، مۇبادا ئاشۇ ئۆلچەم ئۆزگىرىپ كەتسە، ئۇنىڭ باشقا بىر ماددىغا ئايلىنىپ كېتىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇ ئالىم ياراتقۇچىنىڭ ئۇلۇغلىقىنى، قۇدرىتىنىڭ كاتتىلىقىنى، ھېكمىتىنىڭ ۋە ئىلمىنىڭ چەكسىزلىكىنى تونۇپ يېتىدۇ. ئەمما، تەبىئىي پەن ئالىمىدىن باشقىلار ئۇنىڭ پەقەت بىر تامچە سۇ ئىكەنلىكىنىلا كۆرىدۇ. شۇنداقلا تەبىئىي پەن ئالىمى بىر پارچە مۆلدۈردە گېئومېترىيىلىك نەپىسلىكنى ۋە ئىنچىكە تەقسىملەشنى كۆرەلەيدۇ. بۇنىڭ بىلەنمۇ ھەم ياراتقۇچىنىڭ قۇدرىتىنى ۋە ھېكمىتىنىڭ ئىنچىكىلىكىنى ھېس قىلىدۇ. دەرھەقىقەت، مۆلدۈرنىڭ جۈت سوغۇقى سەۋەبىدىن توڭلاشتىن باشقىنى ھېس قىلمايدىغانلار نېمىدېگەن كۆپ؟!"

فىرانسىس بىكۇن مۇنداق دېگەن: "پەلسەپىنى ئازراق بىلىش ئىنسان ئەقلىنى دىنسىزلىققا ئاغدۇرىدۇ. لېكىن، ئۇنى چوڭقۇر بىلىش ئىنسان ئەقلىنى ئېتىقادقا ئېلىپ بارىدۇ. چۈنكى، ئىنسان ئەقلى بەزىدە تاسادىپىي يولۇقۇپ قالغان ئىككىلەمچى سەۋەبلەر ئالدىدا توختاپ قالىدۇ، ئەمما ئىنسان چوڭقۇر نەزەر ئاغدۇرۇپ، سەۋەب ھالقىلىرىنىڭ بىر - بىرىگە قانداق باغلانغانلىقىنى كۆرسە، اللهقا تەسلىم بولۇشتىن باشقا ئامالى بولمايدۇ، ئەلۋەتتە".

مانا، يۇقىرىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى تەبىئىي پەندە يېتىشكەن، ئۇنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدا ئۈزگەن ئالىملارنىڭ گۇۋاھلىقلىرىدۇر. بۇ گۇۋاھلىقلار ئېتىقاد ھەققىدىكى گۇۋاھلىق ھېسابلىنىدۇ. ئەمما، شەككىنىش ۋە دىنسىزلىقنى پەقەت ئىلىمنىڭ چوڭقۇرلۇقلىرىغا چۆكمىگەن ۋەياكى بىكۇن دېگەندەك ئاز - تولا پەلسەپە ئوقۇغان كىشىلەرلا تەرغىب قىلىدۇ.

الله تائالاغا ئىمان كەلتۈرۈش ئىنسان تەبىئىتىدىكى ئىستەك بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئەقلى جەھەتتىمۇ ئىنتايىن زۆرۈر بىر ئىشتۇر. ئېتىقاد ئۇنداق بولمايدىكەن، «قۇرئان كەرىم»دە ئوتتۇرىغا قويۇلغان مۇنۇ سوئاللار جاۋابسىز قالىدۇ. الله تائالا مۇنداق

دېگەن: ﴿أَمْ خُلِقُوا مِنْ غَيْرِ شَيْءٍ أَمْ هُمُ الْخَالِقُونَ أَمْ خَلَقُوا السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضَ﴾ ﴿ياكى ئۇلار ياراتقۇچىسىز يارىتىلغانمۇ؟ ياكى ئۇلار ئۆزلىرى ياراتقۇچىمۇ؟ ياكى ئۇلار ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقانمۇ؟﴾[1].

دەرۋەقە، ئۇلار ياراتقۇچىسىز يارىتىلمىغانىكەن، ئۆزلىرىنىمۇ ياراتمىغان بولىدۇ. شۇنداقلا، بۇندىن ئىلگىرى بىر كىم ئاسمان - زېمىننى ئۆزىنىڭ ياراتقانلىقىنى دەۋا قىلالمىدى. بۇنىڭدىن كېيىن ھەم ھېچكىم ئۇنداق قىلالمايدۇ، ئەلۋەتتە. ئۇنداقتا، ياراتقۇچى زادى كىم؟

بۇ سوئالنىڭ پەقەت بىرلا جاۋابى بار. ئىنساپلىق بىر ئادەم خىلۋەتتە تۇرۇپ بۇنىڭغا جاۋاب ئىزدىگەندە، خۇددى مەككە مۇشرىكلىرى ئۆز ۋاقتىدا مەزكۇر سوئالغا بەرگەن جاۋابقا ئوخشاش جاۋابتىن باشقىسىنى تاپالمايدۇ. اللە تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿وَلَئِن سَأَلْتَهُم مَّنْ خَلَقَ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضَ لَيَقُولُنَّ خَلَقَهُنَّ الْعَزِيزُ الْعَلِيمُ﴾ ﴿ئەگەر سەن ئۇلاردىن: ‹ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى كىم ياراتتى› دەپ سورىساڭ، ئۇلار: ‹ئەلۋەتتە ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى غالىب، ھەممىنى بىلگۈچى (اللە) ياراتتى› دەيدۇ﴾[2].

## 4. مەنزىلىم قەيەر

ئىككىنچى سوئال بولسا، مەنزىل قەيەر؟ ماتېرىيالىزمچىلار بۇ سوئالغا جاۋاب بېرىشتە ئىنساننى يوكسەكلىكتىن ھايۋانىيلىققا ئېلىپ چۈشىدۇ. ئۇلار: ‘‘ئىنسان ھاياتي دۇنيادىكى سەپىرى ئاياغلاشقاندىن كېيىن يوق بولىدۇ، زېمىن باشقا مىليونلىغان مەخلۇقاتلارنى يۇتۇپ كەتكەندەك، ئىنساننىمۇ يۇتۇپ كېتىدۇ ۋە ئىنسان تۇپراقتىن ئىبارەت بولغان دەسلەپكى ھالىتىگە قايتىدۇ، بۇنىڭ بىلەن شامال ئۇنى ئۇچۇرتۇپ يۈرىدۇ’’ دەپ قارايدۇ.

مانا بۇ ماتېرىيالىزمچىلارنىڭ نەزىرىدىكى: ‘‘ئىنسان بالىياتقۇدىن ئۇدۇللا گۆرگە ماڭىدۇ’’ دېگەن قاراشتىن ئىبارەت بولغان ھايات ۋە ئىنسان قىسمىتىدۇر. دېمەك، بۇلارنىڭ قارىشىچە بولغاندا، مەڭگۈلۈك ھايات بولىدىغان ياكى ياخشىلارغا مۇكاپات بېرىلىپ، يامانلار جازالىنىدىغان ئىككىنچى بىر دۇنيا بولمايدۇ. بۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ھاياتي دۇنيادا بىر ئۆمۈر ياخشىلىق قىلغان، ئۆزىنىڭ راھەت - پاراغىتىنىڭ

---

[1] سۇرە تۇر، 35 - ۋە 36 - ئايەتلەر.

[2] سۇرە زۇخرۇف، 9 - ئايەت.

ئورنىغا ئىنسانلار ئۈچۈن بەدەل تۆلىگەن، ھەق ـ ئادالەت يولىدا ئۆزىنى قۇربان قىلغانلار بىلەن ھاياتىي دۇنيادا بىر ئۆمۈر يامانلىق قىلغان، ئۆزىنىڭ ھاۋايى ـ ھەۋەسلىرى ئۈچۈن ئىنسانلارنى قۇربان قىلغان، ئۇلارغا ئېغىر كۈلپەت ـ تالاپەت يەتكۈزگەنلەر ئوخشاش ئورۇندا تۇرىدۇ.

ئۇنداقتا ئىنسان نېمە ئۈچۈن كائىناتتىكى باشقا مەۋجۇدات ـ مەخلۇقاتلاردىن ئالاھىدە پەرقلىنىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن بارلىق مەۋجۇدات ئىنسانغا بويسۇندۇرۇپ بېرىلدى؟ نېمە ئۈچۈن باشقا مەخلۇقاتلارغا بېرىلمىگەن ئەقلىي ئىقتىدار، روھىي كۈچ ـ قۇۋۋەت ئىنسانغا بېرىلدى؟ ئىنسان ھاياتىي دۇنيادا مەلۇم مۇددەت ياشىغاندىن كېيىن «يوق» بولۇپ كېتىدىغان بولسا، ئۇنداقتا ئىنساننىڭ ئىچكى روھىيىتىدە ئۇنى چىرماپ تۇرىدىغان مەڭگۈلۈككە ئىنتىلىش ئىستىكى بولۇشتىكى سىر زادى نېمە؟

دەرھەقىقەت، مۆئمىنلەر ئۆزلىرىنىڭ نەگە بارىدىغانلىقلىرىنى، ئۆزلىرىنىڭ بۇ دۇنيا ئۈچۈن يارىتىلمىغانلىقلىرىنى، بەلكى بۇ دۇنيا ئۇلار ئۈچۈن يارىتىلغانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ.

مۆئمىنلەر ئۆزلىرىنىڭ مەڭگۈلۈككە يارىتىلغانلىقلىرىنى بىلىدۇ. ھالبۇكى، ئۇلار ھاياتىي دۇنيادا ئاخىرەت ئۈچۈن تەييارلىق كۆرىدۇ ۋە شۇ كۈندە ئەسقاتىدىغان ھازىرلىقلارنى تەييارلايدۇ. پەقەت سالىھلارلا كىرەلەيدىغان بېھىش ماكانىغا كىرىش سالاھىيىتىگە لايىق بولۇشلىرى ئۈچۈن روھىيىتىنىڭ كامالەت باسقۇچلىرىنى بېسىپ ئۆتىدۇ. شۇ ماكانىنىڭ مەزكۇر پەرىشتىلىرى ئۇلارغا: ﴿وَقَالَ لَهُمْ خَزَنَتُهَا سَلَامٌ عَلَيْكُمْ طِبْتُمْ فَادْخُلُوهَا خَالِدِينَ﴾ ﴿سىلەرگە ئامانلىق بولسۇن، سىلەر (گۇناھلارنىڭ كىرلىرىدىن) پاك بولدۇڭلار، جەننەتكە كىرىڭلار، (ئۇنىڭدا) مەڭگۈ قېلىڭلار﴾[1] دەيدۇ.

دەرۋەقە، الله بۇ ئالەمنى ئەڭ چىرايلىق رەۋىشتە بەرپا قىلىپ، ئۇنىڭدا ھەممە نەرسىنى ئىنچىكە ئورۇنلاشتۇرۇپ، شۇنداقلا ھەممە نەرسىنى ئىنچىكە مۇۋازىنەت ۋە ھېساب بىلەن ئۆز لايىقىدا ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، بۇلاڭچى بۇلايدىغىنىنى بۇلىسىمۇ، ئوغرى ـ يانچۇقچى ئوغرىلايدىغىنىنى ئوغرىلىسىمۇ، قاتىل ئۆلتۈرىدىغىنىنى ئۆلتۈرسىمۇ، يەنىلا ئەدلى ئىلاھىي ئاشۇ جىنايەتچىلەردىن قىساس ئالمايلا، اللهتىن ئۆزگە ياردەمچىسى، باشپاناھى بولمىغان، زۇلۇمغا ئۇچرىغان ئاجىز ـ بىقۇۋۋەت ئىنسانغا، كىشىلەر تۇزكورلۇق ۋە ئاھانەت بىلەن جاۋاب قايتۇرغان ياخشىلىق قىلغۇچىغا ياردەم قىلمايلا، بۇ ھاياتنىڭ بازىرى ئاخىرلىشىدۇ دەپ ئېتىقاد قىلىش ئەقىللىق ئىنسانغا تولىمۇ ئېغىر كېلىدۇ. مۇنداق ئادالەتسىزلىكتىن بۇ ئالەمنىڭ ياراتقۇچىسى پاكتۇر، مانا بۇلار ئاسمان ـ

---

[1] سۈرە زۇمەر، 73 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

زېمىندىكىلەر قارشى چىقىدىغان باتىلدۇر. اللّٰه تائالا «قۇرئان كەرىم»دە مەزكۇر ھەقىقەتلەرنى نېمىدېگەن ئېسىل بايان قىلغان ـ ھە؟! اللّٰه مۇنداق دەيدۇ: ﴿أَفَحَسِبْتُمْ أَنَّمَا خَلَقْنَاكُمْ عَبَثًا وَأَنَّكُمْ إِلَيْنَا لَا تُرْجَعُونَ فَتَعَالَى اللَّهُ الْمَلِكُ الْحَقُّ لَا إِلَهَ إِلَّا هُوَ رَبُّ الْعَرْشِ الْكَرِيمِ﴾ ﴿ئى ئىنسانلار! بىزنى سىلەر ئۆزۈڭلارنى بىكار ياراتتى (يەنى سىلەر بىزنى ھايۋاناتلارنى ياراتقىنىمىزدەك، ھېچقانداق ساۋابمۇ بەرمەيدىغان، جازامۇ بەرمەيدىغان قىلىپ ياراتتى). ئۆزۈڭلارنى بىزنىڭ دەرگاھىمىزغا قايتۇرۇلمايدۇ دەپ ئويلامسىلەر؟ ھەق پادىشاھ اللّٰه ئۇستۇندۇر﴾[1]؛ ﴿أَيَحْسَبُ الْإِنسَانُ أَن يُتْرَكَ سُدًى﴾ ﴿ئىنسان ئۆزىنى بىكار قويۇپ بېرىلىدۇ (يەنى شەرىئەت ئىشلىرىغا تەكلىپ قىلىنماي، مەيلىگە قويۇۋېتىلگەن ھايۋانغا ئوخشاش) دەپ ئويلامدۇ؟﴾[2]؛ ﴿وَخَلَقَ اللَّهُ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضَ بِالْحَقِّ وَلِتُجْزَى كُلُّ نَفْسٍ بِمَا كَسَبَتْ وَهُمْ لَا يُظْلَمُونَ أَفَرَأَيْتَ مَنِ اتَّخَذَ إِلَهَهُ هَوَاهُ وَأَضَلَّهُ اللَّهُ عَلَى عِلْمٍ وَخَتَمَ عَلَى سَمْعِهِ وَقَلْبِهِ وَجَعَلَ عَلَى بَصَرِهِ غِشَاوَةً فَمَن يَهْدِيهِ مِن بَعْدِ اللَّهِ أَفَلَا تَذَكَّرُونَ﴾ ﴿اللّٰه ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ھەقلىق بىلەن ياراتتى، ھەر ئىنساننىڭ قىلمىشىغا يارىشا جازا ياكى مۇكاپات بېرىلىدۇ، ئۇلارغا زۇلۇم قىلىنمايدۇ. (ئى مۇھەممەد!) ماڭا نەپسى خاھىشىنى ئىلاھ قىلىۋالغان، اللّٰه ئازدۇرغان، (ھەقنى) بىلىپ تۇرغان، اللّٰه قۇلىقىنى ۋە قەلبىنى پېچەتلىۋەتكەن ۋە كۆزىنى پەردىلىگەن ئادەمنى ئېيتىپ بەرگىن، اللّٰه ئازدۇرغاندىن كېيىن، ئۇنى كىم ھىدايەت قىلالايدۇ؟ سىلەر (بۇلاردىن) ۋەز-نەسىھەت ئالامسىلەر؟﴾[3]؛ ﴿وَمَا خَلَقْنَا السَّمَاء وَالْأَرْضَ وَمَا بَيْنَهُمَا بَاطِلًا ذَلِكَ ظَنُّ الَّذِينَ كَفَرُوا فَوَيْلٌ لِّلَّذِينَ كَفَرُوا مِنَ النَّارِ أَمْ نَجْعَلُ الَّذِينَ آمَنُوا وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ كَالْمُفْسِدِينَ فِي الْأَرْضِ أَمْ نَجْعَلُ الْمُتَّقِينَ كَالْفُجَّارِ﴾ ﴿ئاسمانني، زېمىننى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى شەيئىلەرنى بىكار ياراتمىدۇق، ئۇ (يەنى ئۇلارنى بىكار يارىتىلغان دەپ قاراش) كاپىرلارنىڭ گۇمانىدۇر، كاپىرلارغا دوزاختىن ۋاي! ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنى يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلغانلار بىلەن ئوخشاش قىلامدۇق؟ ياكى تەقۋادارلارنى فاجىرلارغا ئوخشاش قىلامدۇق؟ (بۇ) ئۇلارنىڭ ئايەتلىرىنى تەپەككۇر قىلىشلىرى ئۈچۈن، ئەقىل ئىگىلىرىنىڭ ۋەز-نەسىھەت ئېلىشلىرى ئۈچۈن بىز ساڭا نازىل قىلغان مۇبارەك كىتابتۇر﴾[4]؛ ﴿وَمَا خَلَقْنَا السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضَ وَمَا بَيْنَهُمَا لَاعِبِينَ مَا خَلَقْنَاهُمَا إِلَّا بِالْحَقِّ وَلَكِنَّ أَكْثَرَهُمْ لَا يَعْلَمُونَ إِنَّ يَوْمَ الْفَصْلِ مِيقَاتُهُمْ أَجْمَعِينَ﴾ ﴿ئۇلارنى بىز پەقەت ھەق ياراتتۇق ۋە لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى (بۇنى) بىلمەيدۇ. باتىل بىلەن ھەقنى ئايرىيدىغان كۈن (يەنى

[1] سۈرە مۆئمىنۇن، 115 ـ ۋە 116 ـ ئايەتلەر.

[2] سۈرە قىيامەت، 36 ـ ئايەت.

[3] سۈرە جاسىيە، 21 ـ 22 ـ ئايەتلەر.

[4] سۈرە ساد، 27 ـ ۋە 28 ـ ئايەتلەر.

قىيامەت كۈنى) ئىنسانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ (ھېسابى ئۈچۈن) تەيىنلەنگەن ۋاقتىتۇر﴾[1].

## 5. ئىنسان نېمە ئۈچۈن يارىتىلدى؟

ئىنسان ئۆزىنىڭ مەخلۇق ۋە باشقۇرۇلغۇچى ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، ئۆزىگە مۇنۇ سوئاللارنى قويۇشى كېرەك: مەن نېمە ئۈچۈن يارىتىلدىم؟ نېمە ئۈچۈن باشقا مەخلۇقاتلاردىن پەرقلەندۈرۈلدۈم؟ مېنىڭ زېمىندىكى ۋەزىپەم نېمە؟

مۇئمىن بۇلارغا دەرھال جاۋاب بېرەلەيدۇ: ھەر قانداق ھۈنەرۋەن ئۆزىنىڭ ھۈنىرىنىڭ سىر - ئەسرارىنى، بىر نەرسىنى نېمە ئۈچۈن ياسىغانلىقىنى، ھەمدە ئۇنى نېمە ئۈچۈن مەلۇم شەكىلدە ياسىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ.

مەلۇمكى، الله ئىنساننىڭ ياراتقۇچىسى ۋە ئۇنىڭ ئىشلىرىنى تەسەررۇپ قىلغۇچىدۇر. ئەگەر بىز ئۇ زاتتىن: «ئى الله، سەن ئىنساننى نېمە ئۈچۈن ياراتتىڭ؟ سەن ئۇنى پەقەت يېمەك - ئىچمەك، ئويۇن - تاماشا ئۈچۈنلا ياراتتىڭمۇ؟ سەن ئۇنى پەقەت زېمىن ئۈستىدە ياشاش، تۇپراقتىن ئۈنگەن نەرسىلەرنى يەپ بولغاندىن كېيىن ئاۋۋالقىدەكلا تۇپراققا قايتىپ، يارىلىش قىسسىسىنى ئاخىرلاشتۇرۇش ئۈچۈنلا ياراتتىڭمۇ؟ ياكى ئىنساننى ئانىنىڭ تولغاقلىرىنىڭ ئاھۇ - پەريادلىرى بىلەن تۇغۇلۇشىنىڭ ئىڭراشلىرى ئوتتۇرىسىدا قىسقىغىنا ۋاقىت ياشاش ئۈچۈن ياراتتىڭمۇ؟ مۇبادا شۇنداق بولسا، سەن ئىنسانغا ئاتا قىلغان كۈچ - قۇۋۋەت، ئەقىل، ئىرادە ۋە ئىقتىدارلارنىڭ سىرى نېمە؟» دەپ سورىساق، ئۇ بىزنىڭ مەزكۇر سوئاللىرىمىزغا ئۆزىنىڭ مۇقەددەس كىتابى «قۇرئان كەرىم»دە بىزنى زېمىندا ئورۇنباسار قىلىش ئۈچۈن ياراتقانلىقىنى بايان قىلىپ جاۋاب بېرىدۇ. پەرىشتىلەرنىڭ اللهتىن ئۆزلىرىگە ئادەمنىڭ دەرىجىسىنى تىلىگەنلىرى مۇنۇ ئايەتتە ئېنىق بايان قىلىنىدۇ: ﴿وَإِذْ قَالَ رَبُّكَ لِلْمَلاَئِكَةِ إِنِّي جَاعِلٌ فِي الأَرْضِ خَلِيفَةً قَالُواْ أَتَجْعَلُ فِيهَا مَن يُفْسِدُ فِيهَا وَيَسْفِكُ الدِّمَاء وَنَحْنُ نُسَبِّحُ بِحَمْدِكَ وَنُقَدِّسُ لَكَ قَالَ إِنِّي أَعْلَمُ مَا لاَ تَعْلَمُونَ﴾ ﴿ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىڭ پەرىشتىلەرگە: ‹مەن يەر يۈزىدە خەلىپە (يەنى ئورۇنباسار) يارىتىمەن› دېدى. پەرىشتىلەر: ‹يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان، قان تۆكىدىغان (شەخسنى) خەلىپە قىلامسەن؟ ھالبۇكى، بىز سېنى پاك دەپ مەدھىيىلەيمىز،

---

[1] سۈرە دۇخان، 38 ـ ئايەتتىن 40 ـ ئايەتكىچە.

مۇقەددەس دەپ مەدھىيىلەيمىز› دېدى. الله: ‹مەن ھەقىقەتەن سىلەر بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى بىلىمەن› دېدى﴾[1].

مەزكۇر ئورۇنباسارلىقتىكى تۈنجى مەجبۇرىيەت - ئىنساننىڭ پەرۋەردىگارىنى ھەقىقىي رەۋىشتە بىلىشى ۋە ئۇ زاتقا چىن ئىخلاس بىلەن ئىبادەت قىلىشىدىن ئىبارەتتۇر: ﴿اللَّهُ الَّذِي خَلَقَ سَبْعَ سَمَاوَاتٍ وَمِنَ الْأَرْضِ مِثْلَهُنَّ يَتَنَزَّلُ الْأَمْرُ بَيْنَهُنَّ لِتَعْلَمُوا أَنَّ اللَّهَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ وَأَنَّ اللَّهَ قَدْ أَحَاطَ بِكُلِّ شَيْءٍ عِلْمًا﴾ ﴿الله يەتتە ئاسماننى ياراتتى، زېمىننىمۇ ئاسمانغا ئوخشاش (يەنى يەتتە قىلىپ) ياراتتى، اللهنىڭ ئەمرى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا جارى بولۇپ تۇرىدۇ، (سىلەرگە بۇنى بىلدۇرۇشۇم) اللهنىڭ ھەممىگە قادىر ئىكەنلىكىنى ۋە اللهنىڭ ھەممە نەرسىنى تولۇق بىلىدىغانلىقىنى بىلىشىڭلار ئۈچۈندۇر﴾[2]. الله تائالا مەزكۇر ئايەتتە ئاسمان - زېمىننى يارىتىشتىكى غايە - ھېكمەتنىڭ اللهنى بىلىش ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ. الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَا خَلَقْتُ الْجِنَّ وَالْإِنسَ إِلَّا لِيَعْبُدُونِ مَا أُرِيدُ مِنْهُم مِّن رِّزْقٍ وَمَا أُرِيدُ أَن يُطْعِمُونِ﴾ ﴿جىنلارنى، ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا ياراتتىم، ئۇلاردىن مەن رىزىق تىلىمەيمەن ۋە ئۇلارنىڭ مېنى ئوزۇقلاندۇرۇشىنى تىلىمەيمەن. الله ھەقىقەتەن ھەممىگە رىزىق بەرگۈچىدۇر، قۇدرەتلىكتۇر، (اللهنىڭ) قۇۋۋىتى ئارتۇقتۇر﴾[3].

ھەدىس قۇددۇسىيدا مۇنداق دېيىلگەن: «ئى بەندىلىرىم! ... مەن سىلەرنى تەنھالىقىمدىن سىلەر بىلەن ئۈلپەتلىشىش ئۈچۈن، ياكى يەككە - يېگانىلىقىمدىن سىلەر بىلەن كۆپ بولۇش ئۈچۈن، ياكى بىر سەۋەبلىكىمدىن بىرەر ئىشقا ئاجىز كېلىپ قالغانلىقىم ئۈچۈن، ياكى بىرەر پايدا - مەنپەئەت ھاسىل قىلىش ئۈچۈن ۋەياكى بىرەر زىيان - زەخمەتنى دەپئى قىلىش ئۈچۈن ياراتمىدىم. پەقەت مەن ئۈچۈن ئۇزۇن ئىبادەت قىلىشىڭلار، مېنى كۆپلەپ ئەسلەپ تۇرۇشۇڭلار، ماڭا ئەتىگەن - ئاخشامدا زىكىر - تەسبىھ ئېيتىشىڭلار ئۈچۈن ياراتتىم».

بۇ ئالەم ئۈستىدە تەپەككۇر قىلىدىغان ئىنسان ئۇنىڭدىكى ھەممە مەۋجۇداتنىڭ ئۆزى ئۈچۈن يارىتىلغانلىقىنى ۋە ئىشلەيدىغانلىقىنى كۆرەلەيدۇ. بىز سۇنىڭ يەر ئۈچۈن، يەرنىڭ ئۆسۈملۈكلەر ئۈچۈن، ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ھايۋاناتلار ئۈچۈن، ھايۋاناتلارنىڭ ئىنسان ئۈچۈن بويسۇندۇرۇلغانلىقىنى كۆرىمىز. ئۇنداقتا، ئىنسان كىم ئۈچۈن بويسۇندۇرۇلدى؟ مانا بۇ ھالقىلىق سوئالدۇر.

---

[1] سۈرە بەقەرە، 30 ـ ئايەت.

[2] سۈرە تەلاق، 12 ـ ئايەت.

[3] سۈرە زارىيات، 56 ـ ۋە 58 ـ ئايەتلەر.

ئىنساندىكى ساپ تەبىئەت نىدا قىلىۋاتقان ۋە بۇ ئالەمدىكى مەخلۇقات ـ مەۋجۇداتلار بېرىۋاتقان جاۋاب شۇكى، ئىنسان اللّٰهنى تونۇش، ئۇ زاتقا ئىبادەت قىلىش، پەقەت شۇ زاتنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىش ئۈچۈنلا يارىتىلغان. ئىنساننىڭ زېمىندا ياكى پەلەكلەردە باشقا بىر مەقسەت ئۈچۈن يارىتىلغانلىقى توغرا ئەمەس. چۈنكى، كۆز ئالدىمىزدا كۆرۈۋاتقاندەك، كائىناتتىكى ھەممە ئۇنىڭ ئۈچۈن بويسۇندۇرۇلغان، ھەممە ئۇنىڭ ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. شۇڭا، ئىنسان قانداقمۇ ئۇ نەرسىلەر ئۈچۈن يارىتىلسۇن ياكى ئۇلار ئۈچۈن خىزمەت قىلسۇن؟

شۇڭلاشقا، ئىنساننىڭ قۇياش، ئاي، يۇلتۇز، دەريا ـ ئۆستەڭ، ھايۋانات، دەل ـ دەرەخلەردىن ۋە شۇلارغا ئوخشايدىغان شەيئىلەردىن تەشكىللەنگەن تەبىئەتكە ۋە تەبىئەت ھادىسىلىرىگە چوقۇنۇشى نورمال تەرتىپنى قالايمىقان قىلىۋەتكەنلىك ۋە ئىنساننى تەتۈر يۆنىلىشكە باشلىغانلىق بولىدۇ.

دېمەك، ئىنسان ساپ تەبىئەتنىڭ ھۆكمى ۋە ئالەمنىڭ مەنتىقىسىگە ئاساسلانغاندا اللّٰه ئۈچۈن يارىتىلغان. ئىنسانغا، تاشقا، ھايۋانغا، دەل ـ دەرەخكە، قۇياشقا ۋەياكى ئايغا چوقۇنۇش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى پەقەت يەككە ـ يېگانە اللّٰهقىلا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن يارىتىلغان. اللّٰهتىن غەيرىگە بولغان ھەرقانداق ئىبادەت ئىنساننىڭ دۈشمىنى بولغان شەيتاننىڭ ئالدىشىدىندۇر، خالاس.

## 6. ھەربىر رىسالەتتىكى تۈنجى نىدا: ﴿اللّٰهقا ئىبادەت قىلىڭلار، سىلەرگە اللّٰهتىن باشقا مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر﴾ دېگەندىن ئىبارەت

اللّٰهقىلا ئىبادەت قىلىش اللّٰه تائالا ئادەم ئەۋلادلىرىدىن ئالغان ئەزەلىي ئەھدىدۇر. اللّٰه تائالا ئىنسانغا ئەقىل ئاتا قىلىپ، ئىنسان بىلىشكە باشلىغاندىن، ئىنسانغا قەلب بېغىشلاپ، ئۇ ھەرىكەتلىنىشكە باشلىغاندىن، اللّٰه ئىنساننى يېتەكلەش ئۈچۈن ئالەمدە دەلىل ـ پاكىت بەرپا قىلغاندىن تارتىپ ئۇ ئەھدىنى ئىنساننىڭ ساپ تەبىئىتىگە ۋە ئەسلىي پاك خاراكتېرىگە قۇدرەت قەلىمى بىلەن پۈتۈۋەتكەن ۋە ئويۇۋەتكەن. اللّٰه مۇنداق دەيدۇ: ﴿أَلَمْ أَعْهَدْ إِلَيْكُمْ يَا بَنِي آدَمَ أَن لَّا تَعْبُدُوا الشَّيْطَانَ إِنَّهُ لَكُمْ عَدُوٌّ مُّبِينٌ وَأَنْ اعْبُدُونِي هَذَا صِرَاطٌ مُّسْتَقِيمٌ﴾ ﴿ئى ئادەم باللىرى! شەيتانغا چوقۇنماڭلار، ئۇ ھەقىقەتەن سىلەرگە ئاشكارا دۈشمەندۇر، ماڭىلا ئىبادەت قىلىڭلار، بۇ توغرا يولدۇر دەپ تەۋسىيە قىلمىدىممۇ؟﴾[1]

[1] سۈرە ياسىن، 60 ـ ۋە 61 ـ ئايەتلەر.

مانا بۇ ئەھدىنى اللە تائالا «قۇرئان كەرىم»دە يۇقىرى پاساھەت بىلەن بايان قىلدى: ﴿وَإِذْ أَخَذَ رَبُّكَ مِن بَنِي آدَمَ مِن ظُهُورِهِمْ ذُرِّيَّتَهُمْ وَأَشْهَدَهُمْ عَلَى أَنفُسِهِمْ أَلَسْتَ بِرَبِّكُمْ قَالُواْ بَلَى شَهِدْنَا أَن تَقُولُواْ يَوْمَ الْقِيَامَةِ إِنَّا كُنَّا عَنْ هَذَا غَافِلِينَ أَوْ تَقُولُواْ إِنَّمَا أَشْرَكَ آبَاؤُنَا مِن قَبْلُ وَكُنَّا ذُرِّيَّةً مِّن بَعْدِهِمْ أَفَتُهْلِكُنَا بِمَا فَعَلَ الْمُبْطِلُونَ﴾ ﴿ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىڭ ئادەم بالىلىرىنى (يەنى نەسلىنى) ئۇلارنىڭ (ئاتىلىرىنىڭ) پۇشتىدىن چىقاردى ۋە ئۇلارنى ئۆزلىرىگە گۇۋاھ قىلىپ: ‹مەن سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار ئەمەسمۇ؟› دېدى (يەنى اللە ئۆزىنىڭ ئۇلارنىڭ پەرۋەردىگارى ئىكەنلىكىگە ۋە بىرلىكىگە ئادەم بالىلىرىنى ئىقرار قىلدۇردى، ئۇلار ئىقرار قىلىپ بۇنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى). ئۇلار: ‹ھەئە، سەن بىزنىڭ پەرۋەردىگارىمىزدۇرسەن، گۇۋاھلىق بەردۇق› دېدى. (ئۇلارنى گۇۋاھلىق بەرگۈزگەنلىكىمىز) قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ: ‹بىز بۇنىڭدىن غەپلەتتە قالغان ئىكەنمىز› دېمەسلىكلىرى، ياكى ‹ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز ئىلگىرى (ساختا بۇتلارنى) شېرىك كەلتۈرگەنىدى. بىزنىڭ پەقەت ئۇلارنىڭ ئەۋلادى بولۇپ قالغان يېرىمىز بار (يەنى، بىزنىڭ ئۆزرىمىز بار)، گۇمراھلارنىڭ قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن بىزنى ھالاك قىلامسەن؟› دېمەسلىكلىرى ئۈچۈندۇر﴾[1].

اللە تائالانىڭ پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتىشى ۋە مۇقەددەس كىتابلارنى نازىل قىلىشىدىن غايە ـ نىشان، ئىنسانلارغا مەزكۇر ئەزەلىي ئەھدىنى ئەسلىتىش، شۇنداقلا ئىنساننىڭ ساپ تەبىئىتىگە غەپلەتنىڭ ياكى بۇتپەرەسلىكنىڭ ۋەياكى تەقلىدچىلىكنىڭ چاڭ ـ توزانلىرىدىن قونۇپ قالغان توپىلارنى تازىلىۋېتىش ئۈچۈن ئىكەنلىكى، شۇنداقلا ھەربىر پەيغەمبەرنىڭ نىداسىنىڭ ﴿اللەقا ئىبادەت قىلىڭلار، سىلەرگە اللەتىن باشقا مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر﴾ دېگەندىن ئىبارەت بولۇشى ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەس. نۇھ، ھۇد، سالىھ، ئىبراھىم، لۇت ۋە شۇئەيب ئەلەيھىسسالاملار، شۇنداقلا كاززاب قەۋملەر ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن ھەربىر پەيغەمبەرمۇ ئۆز قەۋمىنى مۇشۇ نىدا بىلەن دەۋەت قىلدى. اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿اعْبُدُواْ اللَّهَ مَا لَكُم مِّنْ إِلَهٍ غَيْرُهُ﴾ ﴿اللەقا ئىبادەت قىلىڭلار، سىلەرگە اللەتىن باشقا مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر﴾[2]؛ ﴿وَلَقَدْ بَعَثْنَا فِي كُلِّ أُمَّةٍ رَّسُولاً أَنِ اعْبُدُواْ اللّهَ وَاجْتَنِبُواْ الطَّاغُوتَ﴾ ﴿بىز ھەقىقەتەن ھەربىر ئۈممەتكە: ‹اللەقا ئىبادەت قىلىڭلار، شەيتاندىن (يەنى شەيتانغا، بۇتلارغا، كاھىنلارغا ئوخشاش ھەر قانداق مەبۇدقا ئىبادەت قىلىشتىن) يىراق بولۇڭلار› دەپ پەيغەمبەر ئەۋەتتۇق﴾[3]؛ ﴿وَمَا أَرْسَلْنَا مِن قَبْلِكَ مِن رَّسُولٍ إِلَّا نُوحِي إِلَيْهِ أَنَّهُ لَا إِلَهَ إِلَّا أَنَا فَاعْبُدُونِ﴾ ﴿ئى مۇھەممەد! سەندىن ئىلگىرى ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسىگە:

---

[1] سۈرە ئەئراف، 172 ـ ۋە 173 ـ ئايەتلەر.

[2] سۈرە ئەئراف، 59 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[3] سۈرە نەھل، 36 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

‹مەندىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، ماڭىلا ئىبادەت قىلىڭلار› دەپ ۋەھيى قىلدۇق﴾[1]. ﷲ تائالا بىر قانچە پەيغەمبەرنىڭ قىسسىلىرىنى بايان قىلىپ بولغاندىن كېيىن مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَإِنَّ هَذِهِ أُمَّتُكُمْ أُمَّةً وَاحِدَةً وَأَنَا رَبُّكُمْ فَاتَّقُونِ فَتَقَطَّعُوا أَمْرَهُم بَيْنَهُمْ زُبُرًا كُلُّ حِزْبٍ بِمَا لَدَيْهِمْ فَرِحُونَ﴾ ﴿(ئى ئىنسانلار!) سىلەرنىڭ دىنىڭلار ھەقىقەتەن بىر دىندۇر، مەن سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلاردۇرمەن، (مېنىڭ ئازابىمدىن) قورقۇڭلار. ئۇلار (يەنى ئۈممەتلەر) دىنىي جەھەتتە نۇرغۇن پىرقىلەرگە بۆلۈندى، ھەر پىرقە ئۆز دىنى بىلەن خۇشالدۇر﴾[2].

## 7. ھەممەيلەن ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلغان

ﷲ تائالا پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى مۇنۇ ئايەت بىلەن ئىبادەت قىلىشقا بۇيرىدى: ﴿وَاعْبُدْ رَبَّكَ حَتَّى يَأْتِيَكَ الْيَقِينُ﴾ ﴿سەن ئۆزۈڭگە ئۆلۈم كەلگەنگە (يەنى ئەجىلىڭ يەتكەنگە) قەدەر پەرۋەردىگارىڭغا ئىبادەت قىلغىن﴾[3]. يەنە ﷲ تائالا بىر قەۋم ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَكُنَّا نُكَذِّبُ بِيَوْمِ الدِّينِ حَتَّى أَتَانَا الْيَقِينُ﴾ ﴿قىيامەت كۈنىنى ئىنكار قىلاتتۇق، تاكى بىز ئۆلگۈچە (شۇنداق قىلدۇق)﴾[4]. دېمەك، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ﷲنىڭ دەرگاھىغا بارغانغا قەدەر ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلغان. گەرچە ئۇنىڭ روھىيىتى ئۇلۇغ، ﷲ بىلەن بولغان رىشتىسى كۈچلۈك بولسىمۇ، يەنىلا ئىبادەت ئۇنىڭدىن ساقىت بولۇپ كەتمىگەن. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام تاكى ئۆلۈپ كەتكىچە ﷲقا ئىبادەتنى ئاشۇنداق داۋاملاشتۇرۇپ ماڭغان.

ﷲ تائالا ئۆز قەۋمى تەرىپىدىن ئىلاھلىق مەرتىۋىسىگە كۆتۈرۈۋېتىلگەن مەريەم ئوغلى ئىيسا ئەلەيھىسسالام ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿لَّن يَسْتَنكِفَ الْمَسِيحُ أَن يَكُونَ عَبْداً لِّلّهِ وَلاَ الْمَلآئِكَةُ الْمُقَرَّبُونَ وَمَن يَسْتَنكِفْ عَنْ عِبَادَتِهِ وَيَسْتَكْبِرْ فَسَيَحْشُرُهُمْ إِلَيهِ جَمِيعًا فَأَمَّا الَّذِينَ آمَنُواْ وَعَمِلُواْ الصَّالِحَاتِ فَيُوَفِّيهِمْ أُجُورَهُمْ وَيَزيدُهُم مِّن فَضْلِهِ وَأَمَّا الَّذِينَ اسْتَنكَفُواْ وَاسْتَكْبَرُواْ فَيُعَذِّبُهُمْ عَذَابًا أَلُيمًا وَلاَ يَجِدُونَ لَهُم مِّن دُونِ اللّهِ وَلِيًّا وَلاَ نَصِيرًا﴾ ﴿مەسىھمۇ، (ﷲقا) يېقىن پەرىشتىلەرمۇ ﷲقا بەندە بولۇشتىن ھەرگىز باش تارتمايدۇ، كىملەركى ﷲقا بەندىچىلىك قىلىشتىن باش تارتىدىكەن ۋە كۆرەڭلەپ كېتىدىكەن، (بىلسۇنكى) ﷲ ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى (قىيامەت

[1] سۈرە ئەنبىيا، 25 ـ ئايەت.

[2] سۈرە مۇئمىنۇن، 51 ـ ۋە 52 ـ ئايەتلەر.

[3] سۈرە ھىجر، 99 ـ ئايەت.

[4] سۈرە مۇددەسسىر، 46 ـ ۋە 47 ـ ئايەتلەر.

كۇنى ھېساب ئېلىش ۋە جازالاش ئۇچۇن) ئۆز دەرگاھىغا توپلايدۇ. ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارغا كەلسەك، اللە ئۇلارنىڭ (ئەمەللىرىنىڭ) ئەجرىنى تولۇق بېرىدۇ، نېمىتىنى ئۇلارغا بېرىدۇ، (اللەقا قۇلچىلىق قىلىشتىن) باش تارتقان ۋە كۆرەڭلەپ كەتكەنلەرگە كەلسەك، اللە ئۇلارغا قاتتىق ئازاب قىلىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرى ئۈچۈن اللەتىن باشقا (اللەنىڭ ئازابىدىن قۇتۇلدۇرىدىغان) ھېچقانداق دوست ۋە ھېچقانداق مەدەتكار تاپالمايدۇ﴾[1].

اللە تائالا «قۇرئان كەرىم»دە قىيامەت كۈنىنىڭ كۆرۈنۈشلىرىدىن بىرىنى بايان قىلىدۇ. ئۇنىڭدا اللە تائالا ئىيسا ئەلەيھىسسالامدىن ئۇنىڭ قەۋمى ئۇنىڭغا نىسبەت بەرگەن ۋە ئۇنىڭ ئۈستىدە ئۇيدۇرغان ئۇيدۇرمىلار ھەققىدە سورايدۇ. ئىيسا ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىدىن ئادا ـ جۇدا ئىكەنلىكىنى مۇنداق ئەڭ تۆۋەن قۇلچىلىق بىلەن ئىپادىلەيدۇ: ﴿مَا قُلْتُ لَهُمْ إِلاَّ مَا أَمَرْتَنِي بِهِ أَنِ اعْبُدُواْ اللّهَ رَبِّي وَرَبَّكُمْ وَكُنتُ عَلَيْهِمْ شَهِيدًا مَّا دُمْتُ فِيهِمْ فَلَمَّا تَوَفَّيْتَنِي كُنتَ أَنتَ الرَّقِيبَ عَلَيْهِمْ وَأَنتَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ شَهِيدٌ إِن تُعَذِّبْهُمْ فَإِنَّهُمْ عِبَادُكَ وَإِن تَغْفِرْ لَهُمْ فَإِنَّكَ أَنتَ الْعَزِيزُ الْحَكِيمُ﴾ ﴿مەن ئۇلارغا پەقەت سەن مېنى ئېيتىشقا بۇيرىغان سۆزنى، يەنى مېنىڭ پەرۋەردىگارىم ۋە سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار بولغان اللەقا ئىبادەت قىلىڭلار دېدىم. مەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بولغان مۇددەتتە، ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنى كۆزىتىپ تۇرغانىدىم، مېنى قەبزى روھ قىلغىنىڭدىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنى سەن كۆزىتىپ تۇرغانىدىڭ. سەن ھەممە نەرسىدىن خەۋەردارسەن. ئەگەر ئۇلارغا ئازاب قىلساڭ، ئۇلار سېنىڭ بەندىلىرىڭدۇر (ئۇلارنى خالىغانچە تەسەررۇپ قىلىسەن)، (ساڭا ھېچ ئەھەدى تەئەررۇز قىلالمايدۇ)، ئەگەر ئۇلارغا (يەنى ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى تەۋبە قىلغانلارغا) مەغپىرەت قىلساڭ، سەن (ئىشىڭدا) غالىب، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇرسەن﴾[2].

ئىنجىل مەتتادا مۇنداق رىۋايەت بار: «لەنەتكەردى ئىبلىس ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى سىناپ بېقىش ئۈچۈن ئۇنى ئىنتايىن ئېگىز بىر تاغنىڭ ئۈستىگە ئېلىپ چىقىپ، دۇنيانىڭ ھەممە پادىشاھلىقىنى ۋە ئۇلارنىڭ شان ـ شەرىپىنى كۆرسەتتى. ئاندىن ئىبلىس ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا: ‹سەن ماڭا سەجدە قىلساڭ، مەن ساڭا مۇشۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى بېرىمەن› دېدى. ئىسا ئەلەيھىسسالام: ‹ماڭ يوقال، پەرۋەردىگارىڭغىلا سەجدە قىلىدىغانلىقىڭ، ئۇنىڭغىلا ئىبادەت قىلىدىغانلىقىڭ ئەلمىساقتا پۈتۈۋېتىلگەن› دېدى».

دېمەك، ساماۋىي دىنلارنىڭ ھەممىسى يەككە ـ يېگانە اللەقىلا ئىبادەت قىلىشقا دەۋەت قىلىدۇ. جىمى پەيغەمبەرلەر اللەقا ئىبادەت قىلىشتا باشلامچىدۇر.

---

[1] سۈرە نىسا، 172 ـ ۋە 173 ـ ئايەتلەر.

[2] سۈرە مائىدە، 117 ـ 118 ـ ئايەتلەر.

بۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ھەممە ساماۋي رىسالىلەردە بايان قىلىنغاندەك، پەقەت اللهقىلا ئىبادەت قىلىش ئىنساننىڭ مەۋجۇدىيەتتىكى باش ۋەزىپىسىدۇر.

# ئىككىنچى باب

## ئىسلامدا ئىبادەتنىڭ ماھىيىتى

1. ئىبادەتنىڭ لۇغەت مەنىسى.
2. شەرىئەتتە ئىبادەت ئاللاھقا بويسۇنۇش ۋە ئاللاھنى دوست تۇتۇشتىن ئىبارەت.
3. ئىككى تۈركۈم كىشىلەرنىڭ ئىبادەتنىڭ ماھىيىتىنى چۈشىنىشتىكى خاتالىقلىرى.

## 1. ئىبادەتنىڭ لۇغەت مەنىسى

«قامۇس» دېگەن لۇغەتتە «ئۇبۇدىيەت»، «ئىبادەت» دېگەنلەر «ئىتائەت» مەنىسىدە كەلگەن.

«سىھاھ» دېگەن لۇغەتتە «ئۇبۇدىيەت»نىڭ ئەسلى مەنىسى بويۇن ئېگىش ۋە خار بولۇش دەپ كەلگەن. مەسىلەن: «مۇئەببەد» دېگەن سۆز «ياسالغان»، «سىلىنغان» دېگەننىمۇ بىلدۈرىدۇ.

ئىبادەت دېگەنلىك «ئىتائەت» دېگەنلىك بولسا، ئۇنداقتا ئىبادەت قىلىش زاھىد بولۇش دېگەنلىكتۇر. دېمەك، سۆزنىڭ تۈرلىنىشىگە قاراپ مەنىدە پەرق بولىدۇ.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿فَادْخُلِي فِي عِبَادِي﴾ ﴿سەن مېنىڭ (ياخشى) بەندىلىرىم قاتارىغا قوشۇلغىن (يەنى مېنىڭ جامائىتىمگە قوشۇلغىن)﴾[1]. بۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا ئىبادەتكە بىر يېڭى مەنە قوشتى.

«مۇخەسسەس» دېگەن لۇغەتتە ئىبادەتنىڭ ئەسلى مەنىسى «بويسۇندۇرۇش» دېگەنلىكتۇر. ئەرەبلەرنىڭ «طريق معبد» (تۈزلەنگەن يول) دېگەن ئىبارىسى كۆپ دەسسىلىپ

---

[1] سۇرە فەجر، 29 ـ ئايەت.

ماڭغانلىقتىن شۇنداق دەپ ئاتالغان دېيىلىدۇ. شۇنىڭدىن «العبد» دېگەن سۆز ئۆزىنىڭ پەرۋەردىگارىغا بويسۇنغانلىقتىن شۇنداق تۇرلەنگەن.

ئىبادەت، بويسۇنۇش، باش ئېگىش ۋە يېلىنىش دېگەن سۆزلەر بىر - بىرى بىلەن مەنىداش سۆزلەردۇر.

«پالانى پالانىغا باش ئەگدى» دېيىلىدۇ. ھەرقانداق باش ئېگىشنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى مەيلى مەبۇدقا ئىتائەت قىلىش بولسۇن ياكى بولمىسۇن، ئىبادەت ھېسابلىنىدۇ. الله تائالا ئۈچۈن باش ئېگىش ۋە بويسۇنۇش يۈزىسىدىن قىلىنغان ھەرقانداق ئىتائەت ئىبادەتتۇر. ئىبادەت باش ئېگىشنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، ئىنسانغا پەقەت ھاياتلىق، ئەقىل، قۇلاق ۋە كۆزدىن ئىبارەت ئەڭ ئالىي نېمەتلەرنى ئىنئام قىلغۇچى زاتقىلا ئىبادەت قىلىنىشقا ھەقلىقتۇر.

«لىسان» دېگەن لۇغەتتە «ئۇبۇدىيەت»نىڭ مەنىسى «باش ئېگىش» ۋە «بويسۇنۇش» دېيىلگەن.

ئەبۇ ھۇرەيرە (الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: «سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئۆزىنىڭ خىزمەتكارىغا: ”قۇلۇم، چۆرەم“ دېمىسۇن، ”ئوغۇلچىقىم، قىزىم“ دېسۇن».

بۇ، قول ئاستىدىكى قۇل - خىزمەتكارلارغا مۇتەكەببىرلىك قىلىشنى توسۇش ۋە ئۇلارنىڭ قۇلچىلىقىنى پەقەت اللهقىلا مەنسۇپ قىلىش كېرەكلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭغا لايىق زات بەندىلەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئۇلۇغ اللهتۇر.

بەزى تىلشۇناسلار «ئىبادەت»نى الله ئۈچۈن، «ئۇبۇدىيەت»نى مەخلۇقاتلار ئۈچۈن ئىشلىتىدۇ.

ئەزھەرىي (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) مۇنداق دەيدۇ: «ئىبادەت قىلدى»، «ئىبادەت قىلىدۇ»، «ئىبادەت قىلىش» دەپ پەقەت اللهقىلا ئىبادەت قىلغانلار ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. كىم اللهتىن باشقا ئىلاھقا ئىبادەت قىلىدىكەن، زىيان تارتقۇچىدۇر.

لەيس (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) مۇنداق دەيدۇ: مۇشرىكلار تاغۇتنىڭ قۇللىرى دېيىلىدۇ. مۇسۇلمانلار اللهنىڭ بەندىلىرى، ئۇلار اللهقا ئىبادەت قىلىدۇ دېيىلىدۇ. ئىبادەتخان دېگەنلىك اللهنى يەككە - يېگانە زات دەپ بىلىشتۇر.

ئۇستاز ئەبۇلئەئلا مەۋدۇدى (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) «ئىبادەت قىلدى» دېگەن سۆزنىڭ لۇغەتتىكى ئىستېمالىغا قاراپ مۇنداق دەيدۇ: ئىبادەتنىڭ تۈپ ئۇقۇمى بولسا، ئىنساننىڭ ئۆزىدىن ئۈستۈن ۋە يۇقىرى بىرىگە باش ئېگىشى، ئاندىن ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئەركىنلىكى ۋە مۇستەقىللىقىدىن ۋاز كېچىشى بولۇپ، ئۇ بۇنىڭ نەتىجىسىدە

ھەرقانداق قارشىلىقنى ۋە ئىسيانكارلىقنى تەرك ئېتىدۇ ۋە پۈتۈنلەي ئۇنىڭ ئۇچۇن باش ئېگىدۇ. مانا بۇلار «قۇلچىلىق» ۋە «ئۇبۇدىيەت»نىڭ ماھىيىتىدۇر. بۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئەرەبلەر «قۇل» ۋە «ئىبادەت» دېگەن سۆزلەرنى ئاڭلىغان ھامان ئۇلارنىڭ ئېڭىدا مەزكۇر ئىككى سۆزنىڭ ئىنكاسى ئىپادىلىنىدۇ. «قۇل»نىڭ ھەقىقىي ۋەزىپىسى ئۆزىنىڭ خوجىسىغا ۋە ئۇنىڭ ئەمر - پەرمانلىرىغا بويسۇنۇش بولغانلىقتىن، ئەلۋەتتە «ئىتائەت» ئېڭى ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ماڭىدۇ.

ئاندىن «قۇل» پەقەت ئىتائەت قىلىش ۋە بويسۇنۇش يۈزىسىدىن ئۆزىنى خوجىسىغا تاپشۇرۇپلا قالماي، بەلكى ئۇنىڭ ئۈستۈنلىكىنى ۋە ئۇلۇغلىقىنى ھەم ئېتىراپ قىلىدۇ. شۇنداقلا، ئۇنىڭ قەلبى خوجىسىنىڭ نازۇنېمەتلىرىگە ۋە ئىلتىپاتلىرىغا شۈكۈر قىلىش، مىننەتدار بولۇش ھېسسىياتلىرىغا تولۇپ تاشقان بولىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئۇ «قۇل» خوجىسىنى مەدھىيىلەشتە ۋە ئۇلۇغلاشتا مۇبالىغىلەشتۈرىدۇ، ئۇنىڭ ئىنئام قىلغان تائاملىرىغا شۈكۈر ئەيلەشتە، شۇنداقلا خوجىسىغا «ئۇبۇدىيەت» شوئارلىرىنى ئادا قىلىشتا ھەرخىل ئۇسۇللارنى قوللىنىدۇ. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىلاھلاشتۇرۇش ۋە ئىبادەت قىلىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. «قۇل» خوجىسىغا باش ئېگىپلا قالماي، قەلبى بىلەنمۇ باش ئەگكەندىلا مۇنداق ئاڭ «ئۇبۇدىيەت»كە قوشۇلىدۇ.

ئۇستاز مەۋدۇدىنىڭ قارىشىچە «ئىبادەت»نىڭ ئەسلى مەنىسى پۈتۈنلەي بويسۇنۇش، مۇتلەق باش ئېگىش، شەرتسىز ئىتائەت قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. ئاندىن ئۇنىڭغا قەلبىنىڭ ئۇبۇدىيىتى ئىپادىلىنىدىغان يېڭىچە روھىي ئامىل قوشۇلىدۇ. مەزكۇر ئامىلنىڭ ئىپادىسى بولسا، ئىلاھلاشتۇرۇش، ئىبادەت قىلىش ۋە دىنىي ئىبادەتلەرنى ئادا قىلىشلاردىن ئىبارەت.

شەيخ مۇھەممەد ئابدۇ (اللە ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) «مەنار» ناملىق تەپسىرىدە سۈرە فاتىھەدىكى: ﴿ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز، سەندىن ياردەم تىلەيمىز﴾ دېگەن ئايەتنىڭ تەپسىرى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دېگەن: ئىبادەت دېگەن نېمە؟ مۇپەسسىرلەر: ”ئۇ، تولۇق باش ئېگىش بىلەن بىرگە ئىتائەت قىلىش دېگەنلىك بولىدۇ“ دەيدۇ. ھەممە ئىبارە قايتىدىن تەپسىر قىلىش ھاجەتسىز دەرىجىدە ھەممە چۈشىنەلىگىدەك بىر مەنىنى تولۇق ئىپادىلىيەلمەيدۇ. مۇپەسسىرلەر كۆپىنچە بىر شەيئىنى ئۇنىڭ ئەگەشمىلىرى بىلەن تەپسىر قىلىدۇ ۋە ھەقىقەتنى ئۇنىڭ ئىستىلاھى (تېرمىنلىرى) بىلەن ئىپادىلەيدۇ. بەزىدە سۆزلەرنى ئىزاھلاشتا پەقەت لۇغەت مەنىسى بىلەنلا كۇپايىلىنىدۇ، بىرەر سۆزنى ئۇنىڭ مەنىسىگە يېقىن بىر ئىبارە بىلەن بايان قىلىدۇ. ‹ئىبادەت›نىڭ مەنىسىنى شەرھلىگەن ئىبارە شۇ خىل سۆزلەرنىڭ جۈملىسىدىن بولۇپ، ئۇنىڭ شەرھى بەزىبىر مۇجمەللىك ۋە سەۋەنلىكتىن خالىي ئەمەس.

بىز «ئىبادەت قىلدى» دېگەن سۆزنىڭ ئىستېمالدا ئىشلىتىلىشى «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئايەتلىرى، تىلنىڭ ئۇسلۇبلىرى ۋە ئەرەبلەرنىڭ ئىشلىتىشى، شۇنداقلا باش ئەگدى، بويسۇندى، ئىتائەت قىلدى دېگەندەك مەنىداشلىرى ھەققىدە چوڭقۇر ئىزدەنسەك، مەزكۇر سۆزلۈكلەردىن ھېچقايسىسى «ئىبادەت قىلدى» دېگەن سۆزگە تەڭداش بولالمايدۇ ۋە ئۇنىڭ ئورنىنى ئالالمايدۇ. شۇڭلاشقا، «ئىباد» (يەنى بەندىلەر) دېگەن سۆزلۈك «ئىبادەت» سۆزىدىن ئېلىنغان ۋە ئاللاھقا نىسبەت بېرىلىش جەھەتتە كۆپ ئىشلىتىلىدۇ. «ئەبىد» (يەنى قۇللار) دېگەن سۆز ئاللاھنىڭ غەيرىگە ئىشلىتىلىدۇ. چۈنكى، ئۇ سۆزلۈك «ئۇبۇدىيەت» سۆزىدىن ئېلىنغان. «ئىبادەت» بىلەن «ئۇبۇدىيەت» سۆزىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرق مۇشۇنداق ئايدىڭلىشىدۇ.

شۇڭلاشقا، بەزى ئۆلىمالار «ئىبادەت» لۇغەت ئىستېمالىدا پەقەت ئاللاھ ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ دەپ قارايدۇ. لېكىن، «قۇرئان كەرىم»دە ئۇ سۆزنىڭ ئىشلىتىلىشى بۇ قاراشقا زىت كېلىدۇ.

مەلۇمكى، ئاشىق ئۆزىنىڭ مەشۇقىنى چوڭ بىلىشتە، ئۇنىڭغا باش ئېگىشتە چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىدۇ، ھەتتاكى ئۆزىنىڭ قىزىقىشلىرىنى مەشۇقىنىڭ قىزىقىشلىرى ئالدىدا قۇربان قىلىدۇ، ئۆزىنىڭ ئىرادىسىنى مەشۇقىنىڭ ئىرادىسى ئالدىدا دەپسەندە قىلىدۇ. شۇنداقتىمۇ، ئاشىقنىڭ بۇنداق قىلمىشلىرى ئەمەلىيەتتە ئىبادەت دەپ قارالمايدۇ. كۆپلىگەن كىشىلەر باشلىقلارنى، پادىشاھلارنى، ئەمىر - شاھزادىلەرنى چوڭ بىلىشتە ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۇلارغا باش ئېگىشلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ رازىلىقىنى ئىزدەشلىرىنى نورمال ئابىدلار ئۇياقتا تۇرسۇن، ھەقىقىي ئىبادەتگۇي زاھىدلاردىمۇ كۆرەلمەيمىز. مەلۇمكى ئەرەبلەر مۇنداق قىلمىشلاردىن بىرىنىمۇ ئىبادەت دەپ قارىمايتتى. ئۇنداقتا ئىبادەت دېگەن زادى نېمە؟

توغرا ئىشلىتىلىۋاتقان تىل ۋاستىلىرى ۋە ئەرەبلەرنىڭ روشەن ئىستېماللىرىدىن مەلۇمكى، «ئىبادەت» ئىنسان قەلبىنىڭ ھېس قىلىشى بىلەن بىرلىكتە مەبۇدنى ئۇلۇغلاش يۈزىسىدىن ئەڭ يۇقىرى پەللىگە يەتكەن باش ئېگىشنىڭ ئاتىلىشى بولۇپ، ئۇنىڭ مەنبەسىنى ئىنسان ئېنىق بىلەلمەيدۇ. شۇڭا، ئىبادەت ئىنساننىڭ بىلگىلى بولمايدىغان ۋە ماھىيىتىنى ھېس قىلالمايدىغان بىر كۈچنىڭ بارلىقىغا ئېتىقاد قىلىشىدۇر. ئىنسان قەلبى پەقەت مەزكۇر كۈچنىڭ ئۆزىنى ئوراپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلەلەيدۇ. ئەمما، ئۇ كۈچ ئىنسان قەلبىنىڭ ئىدراكىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. بىراۋنىڭ پادىشاھنىڭ زۇلمىدىن قورقۇپ ياكى ئۇنىڭ چەكلىك ئىلتىپاتىنى تەمە قىلىپ، پادىشاھقا ئەڭ يۇقىرى چەكتە باش ئېگىشىنى ۋە ئۇنىڭ ماڭغان جايلىرىغا بوسە قىلىشى (سۆيۈش)نى پادىشاھقا «ئىبادەت قىلدى» دېگىلى بولمايدۇ. پەقەت بىر تۈركۈم ئىنسانلار

پادىشاھلىق دېگەن ساماۋىي بولغان غەيبىي كۈچ بولۇپ، ئۇ، ئىنسان نەسەبلىك كىشىلەرگە بېرىلگەن، ئۇلارنى غەيبىي كۈچ پۈتۈن زېمىن ئەھلىدىن ئۈستۈن تۇرۇش ئۇچۇن تاللىغان. چۈنكى، ئۇلار ئەڭ ياخشى، ئەڭ ئېسىل ئىنسانلار دەپ قارىغاچقا، بۇ ھال ئۇلارنى كۆپۈرلۇقتا ۋە ئازغۇنلۇقتا ئېلىپ باردى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار پادىشاھلارنى مەبۇد قىلىۋېلىپ، ئۇلارغا ھەقىقىي رەۋىشتە ئىبادەت قىلدى.

دېمەك، شەيخ مۇھەممەد ئابدۇ (اللە ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن)نىڭ قارىشىچە، «ئىبادەت»نى باشقىلىرىدىن پەرقلەندۇرۇپ تۇرىدىغىنى تىلشۇناسلار ئېيتقاندەك، ئىتائەت ۋە باش ئېگىشنىڭ ئەڭ يۇقىرى چەكتە ئىپادىلىنىشىلا ئەمەس، بەلكى ئاشۇنداق باش ئېگىش ۋە بويسۇنۇشنىڭ ئوبيېكتىغا قارىلىدۇ. مۇبادا ئۇنىڭ ئوبيېكتى ۋە سەۋەبى پادىشاھلىق ۋە غەيبىي كۈچ بولسا، بۇ «ئىبادەت» دەپ قارالمايدۇ. مۇبادا «ئىبادەت»نىڭ مەنبەسى مەبۇدقا ئىدراك ۋە ھېس - تۇيغۇدىن يۇقىرى تۇرىدىغان ئۇلۇغلۇق ۋە كۈچ - قۇۋۋەتكە ئىگە دەپ ئىشىنىش بولسا، مانا بۇ «ئىبادەت» دەپ قارىلىدۇ. لېكىن، شەيخ مۇھەممەد ئابدۇنىڭ بۇ قارىشى تىلشۇناسلىقتا ھەممە بىرلىككە كەلگەن قائىدىگە، شۇنداقلا «قۇرئان كەرىم»دە كەلگەن پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قەۋمى مۇسا ۋە ھارۇن ئەلەيھىسسالاملار ھەققىدە دېگەن بايانلارنىڭ زاھىرىغىمۇ زىت كېلىدۇ: ﴿فَقَالُوا أَنُؤْمِنُ لِبَشَرَيْنِ مِثْلِنَا وَقَوْمُهُمَا لَنَا عَابِدُونَ﴾ «بىزگە ئوخشاش ئىككى ئادىي ئىنسانغا ئىمان ئېيتامدۇق، ھالبۇكى ئۇلارنىڭ قەۋمى بىزنىڭ (قۇلغا ئوخشاش) خىزمەتچىلىرىمىزدۇر› دېيىشتى»[1]. تەبەرى (اللە ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرى توغرىسىدا توختىلىپ مۇنداق دېگەن: «يەنى، پىرئەۋن: مۇسانىڭ قەۋمى بىزگە ئىتائەت قىلىدۇ، بىزگە باش ئېگىدۇ، بىزنىڭ ئەمر - پەرمانلىرىمىزنى بەجا كەلتۈرىدۇ ۋە بىزگە بويسۇنىدۇ، - دېمەكچى. ئەرەبلەر ھەرقانداق بىر پادىشاھقا باش ئەگكەن ئادەمنى: ئۇنىڭغا ‹ئابىد› بولدى (يەنى قۇل بولدى)، - دەيدۇ».

## 2. شەرئەتتىكى ئىبادەت اللەقا بويسۇنۇش ۋە اللەنى دوست تۇتۇشتىن ئىبارەت

شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە (اللە ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) بولسا «ئىبادەت»كە تېخىمۇ چوڭقۇر، تېخىمۇ كەڭ دائىرىدە قارايدۇ. ئۇ «ئىبادەت»نىڭ مەنىسىنى ئۇنىڭ ئاددىي ئاساسلىرى بىلەن تەھلىل قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن «ئىبادەت»نىڭ لۇغەتتىكى

---

[1] سۈرە مۆئمىنۇن، 47 - ئايەت.

(يۇقىرى دەرىجىدە ئىتائەت قىلىش ۋە باش ئېگىش) ئەسلى مەنىسىگە ئىسلام دىنى ۋە ھەممە دىنلاردا غايەت زور ئەھمىيىتى بار يىغىنچە بىر ئامىلنى قوشىدۇ. ئۇ شۇنداق بىر ئامىلكى، «ئىبادەت» ئۇنىڭسىز (اللە بۇيرىغان رەۋىشتە) ئەمەلىيلەشمەيدۇ. ئۇ بولسىمۇ «مۇھەببەت» ئامىلى بولۇپ، مەزكۇر روھىي ئامىلسىز «ئىبادەت»نىڭ اللەنىڭ مەخلۇقاتلارنى يارىتىش، پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتىش، ساماۋىي كىتابلارنى نازىل قىلىشتىكى غايىسى روياپقا چىقمايدۇ.

شەيخۇلئىسلام مەزكۇر قارىشىنى ئۆزىنىڭ «ئۇبۇدىيەت» دېگەن كىتابىدا ئىزاھلاپ مۇنداق دېگەن: «دىن دېگەن باش ئېگىش ۋە بويسۇنۇش دېگەنلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەسىلەن، ئۇنى بويسۇندۇردۇم، شۇنىڭ بىلەن ئۇ بويسۇندى دېيىلىدۇ. يەنى، بۇ «باش ئەگدۈردۈم، باش ئەگدى» دېگەنلىك بولىدۇ. "اللەقا باش ئېگىدۇ" دېيىش اللەقا ئىبادەت قىلىدۇ، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىدۇ، ئۇنىڭغا باش ئېگىدۇ دېگەنلىك بولىدۇ. دېمەك، اللەنىڭ دىنى ئۇ زاتقا ئىبادەت قىلىش، ئىتائەت قىلىش، باش ئېگىش دېگەنلىكتۇر».

«ئىبادەتنىڭ ئەسلى مەنىسى باش ئېگىشتۇر. لېكىن، قىلىنىشقا بۇيرۇلغان ئىبادەت باش ئېگىشنى ھەم مۇھەببەتنى، يەنى اللە تائالاغا يۇقىرى دەرىجىدە باش ئېگىش بىلەن بىرگە، ئۇنىڭغا يۇقىرى دەرىجىدە مۇھەببەت باغلاشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ».

بىر كىشى بىر ئادەمنى يامان كۆرۈپ تۇرۇپ، يەنىلا ئۇنىڭغا باش ئەگسە، ئۇ ئۇنىڭغا چوقۇنغۇچى ھېسابلانمايدۇ. شۇنداقلا، بىر نەرسىنى ياخشى كۆرۈپ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا باش ئەگمىسە ئۇمۇ ھەم چوقۇنغۇچى ھېسابلانمايدۇ. بۇ خۇددى بىر ئادەم ئۆزىنىڭ ئوغلىنى ياكى دوستىنى ياخشى كۆرگەندەكلا بىر ئىش. شۇڭلاشقا، بۇ ئىككىسى اللەقا ئىبادەت قىلىشتا يېتەرلىك ئەمەس. بەلكى، ئىنسان اللە تائالانى ھەممە نەرسىدىن بەكرەك دوست تۇتۇشى، ھەم اللە تائالا ئۇنىڭ قەلبىدە ھەممە نەرسىدىن ئۈستۈن ئورۇندا تۇرۇشى كېرەك. شۇنداقلا، كامالىي مۇھەببەت ۋە مۇتلەق باش ئېگىش اللە تائالاغىلا بولۇش كېرەك. اللەتىن غەيرىنى دوست تۇتۇش ئىنسان ئۈچۈن ھارامدۇر. شۇنداقلا، اللەتىن غەيرىنىڭ ئەمرى بىلەن ھەرقانداق بىر نەرسىنىڭ ئۇلۇغلىنىشىمۇ ھەم باتىلدۇر. اللە تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿قُلْ إِن كَانَ آبَاؤُكُمْ وَأَبْنَآؤُكُمْ وَإِخْوَانُكُمْ وَأَزْوَاجُكُمْ وَعَشِيرَتُكُمْ وَأَمْوَالٌ اقْتَرَفْتُمُوهَا وَتِجَارَةٌ تَخْشَوْنَ كَسَادَهَا وَمَسَاكِنُ تَرْضَوْنَهَا أَحَبَّ إِلَيْكُم مِّنَ اللّهِ وَرَسُولِهِ وَجِهَادٍ فِي سَبِيلِهِ فَتَرَبَّصُواْ حَتَّى يَأْتِيَ اللّهُ بِأَمْرِهِ وَاللّهُ لاَ يَهْدِي الْقَوْمَ الْفَاسِقِينَ﴾ ﴿ئېيتقىنكى، ‹ئەگەر سىلەرنىڭ ئاتاڭلار، ئوغۇللىرىڭلار، قېرىنداشىڭلار، خوتۇنلىرىڭلار، ئۇرۇغ - تۇغقانلىرىڭلار (ھەممىدە ئۇلاردىن باشقىلار)، تاپقان پۇل - ماللىرىڭلار، ئاقماي قېلىشىدىن قورققان تىجارىتىڭلار، ياخشى كۆرىدىغان ئۆيلىرىڭلار سىلەر ئۈچۈن اللەتىن، اللەنىڭ پەيغەمبىرىدىن ۋە اللەنىڭ يولىدا جىھاد قىلىشتىنمۇ

سۆيۈملۈك بولسا (يەنى، شۇلار بىلەن بولۇپ كېتىپ، اللەنىڭ پەيغەمبىرىگە ياردەم بەرمىسەڭلار)، ئۇ هالدا سىلەر تاكى اللەنىڭ ئەمرى (يەنى مەككىنى پەتھى قىلىش ئىزنى) كەلگۈچە كۈتۈڭلار﴾[1].

بىز «ئىبادەت»نىڭ مەنىسىنى ۋە ئۇنىڭ ماھىيىتىنى مۇشۇنداق چوڭقۇر چۈشىنىش ئارقىلىق شەرىئەتتە يولغا قويۇلغان «ئىبادەت» ئۈچۈن ئىككى نەرسىنىڭ باراۋەر بولۇشىنىڭ ئىنتايىن مۇھىملىقىنى چۈشىنىپ يېتەلەيمىز. ئۇلار:

1. هەرقانداق بىر ئىنسان ئۆزىنىڭ ياراتقۇچىسى ۋە رىزىق بەرگۈچىسىنىڭ الله ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىپ تۇرۇپ، اللەنىڭ شەرىئىتىگە بويسۇنمايدىكەن، ئۇنىڭ يولغا ئەگىشىشتىن باش تارتىپ، ئەمر - پەرمانلىرىنى رەت قىلىدىكەن، الله تائالانىڭ «بەندە»سى ياكى «ئابىد»ى هېسابلانمايدۇ. چۈنكى، ئۆز ۋاقتىدا ئەرەب مۇشرىكلىرىمۇ الله تائالانىڭ ياراتقۇچى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلاتتى. شۇنداقتىمۇ الله تائالا ئۇلارنى «قۇرئان كەرىم»دە مۇئمىن ياكى اللەنىڭ ئىتائەتمەن بەندىلىرى دەپ قارىمىدى. دېمەك، الله تائالانىڭ پەرۋەردىگارلىقىنى ئېتىراپ قىلىپ قويۇشلا، باشقا مۇسبەت يەتكەندە الله تائالاغا ئېسىلىپ قويۇشلا كۇپايە قىلمايدۇ. شۇڭلاشقا، ئىنسان ئۇلۇهىيەتنىڭ هەققى بولغان ئىبادەت، بويسۇنۇش، مۇتلەق ئەگىشىشلەرنىڭ هەممىسىنى بىردەك هازىر قىلىشى لازىم. شۇندىلا، ﴿ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز، سەندىنلا ياردەم تىلەيمىز﴾ دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى هەقىقىي رەۋىشتە ئەمەلىيلىشىدۇ.

الله تائالاغا هەقىقىي باش ئېگىشنىڭ ئاساسى بولسا، ئىنساننىڭ الله تائالانىڭ يەككە - يېگانىلىقىنى، كائىناتتىكى هەممە مەۋجۇدات - مەخلۇقاتلارنى ئۆزىگە بويسۇندۇرىدىغانلىقىنى هەقىقىي رەۋىشتە چىن قەلبىدىن تونۇپ يېتىشتۇر. چۈنكى، مەۋجۇدات - مەخلۇقاتلارنىڭ هەممىسى ئۇ زاتنىڭ قۇللىرى بولۇپ، ئۇلار الله تائالانىڭ ئىلكىدە ۋە هۆكۈمرانلىقى ئاستىدىدۇر. الله تائالا بۇ هەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿وَلِلّهِ يَسْجُدُ مَن فِي السَّمَاوَاتِ وَالأَرْضِ طَوْعًا وَكَرْهًا وَظِلالُهُم بِالْغُدُوِّ وَالآصَالِ قُلْ مَن رَّبُّ السَّمَاوَاتِ وَالأَرْضِ قُلِ اللّهُ قُلْ أَفَاتَّخَذْتُم مِّن دُونِهِ أَوْلِيَاء لاَ يَمْلِكُونَ لِأَنفُسِهِمْ نَفْعًا وَلاَ ضَرًّا قُلْ هَلْ يَسْتَوِي الأَعْمَى وَالْبَصِيرُ أَمْ هَلْ تَسْتَوِي الظُّلُمَاتُ وَالنُّورُ أَمْ جَعَلُواْ لِلّهِ شُرَكَاء خَلَقُواْ كَخَلْقِهِ فَتَشَابَهَ الْخَلْقُ عَلَيْهِمْ قُلِ اللّهُ خَالِقُ كُلِّ شَيْءٍ وَهُوَ الْوَاحِدُ الْقَهَّارُ﴾ ﴿ئاسمانلاردىكىلەر ۋە زېمىندىكىلەر (يەنى پەرىشتىلەر، ئىنسانلار ۋە جىنلار) ئىختىيارى ۋە مەجبۇرى يوسۇندا اللەقا بويسۇنىدۇ، ئەتىگەن - ئاخشامدا (يەنى داۋاملىق تۈردە) ئۇلارنىڭ سايىلىرىمۇ بويسۇنىدۇ. (ئى مۇهەممەد! مۇشرىكلارنى مات قىلىش ئۈچۈن ئۇلارغا): ‹ئاسمانلارنىڭ، زېمىننىڭ پەرۋەردىگارى كىم؟› دېگىن، «(ئۇلارنىڭ پەرۋەردىگارى)

---

[1] سۈرە تەۋبە، 24 - ئايەت.

اللهۇ› دېگىن. (ئۇلارغا) ‹سىلەر اللەنى قويۇپ ئۆزۈڭلارغا پايدا - زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان مەبۇدلارنى (اللەقا شېرىك) قىلىۋالدىڭلارمۇ؟› دېگىن. ‹كور (يەنى كاپىر) بىلەن كۆزى كۆرىدىغان ئادەم (يەنى مۇئمىن) باراۋەر بولامدۇ؟ ياكى قاراڭغۇلۇق (يەنى گۇمراھلىق) بىلەن نۇر (يەنى ھىدايەت) باراۋەر بولامدۇ› دېگىن. ئۇلار اللە ياراتقانغا ئوخشاش قانداقتۇر مەخلۇقاتلارنى ياراتقان مەبۇدلارنى پۈتۈن مەخلۇقاتنى ياراتقان اللەقا شېرىك قىلىۋېلىپ، اللەنىڭ ياراتقىنى بىلەن مەبۇدلىرىنىڭ ياراتقىنىنى ئايرىيالماي قالدىمۇ؟ اللە ھەممە نەرسىنى ياراتقۇچىدۇر، اللە بىردۇر، ھەممىگە غالىبتۇر﴾[1].

ئىنساننىڭ ھەممىنى بويسۇندۇرغۇچى، يەككە - يېگانە اللەقا باش ئېگىشىنىڭ ئاساسى بولسا، ئىلكىدە پايدا - مەنپەئەت يەتكۈزۈش ۋە زىيان - زەخمەتنى دەپئى قىلىش، قەبزى روھ قىلىش ۋە ھاياتلىق ئاتا قىلىش، يارىتىش ۋە ئەمر قىلىش، ھەممە نەرسىنىڭ پادىشاھلىقى بولغان، بىر نەرسىنى ئىرادە قىلسا، ئۇنىڭغا «بول» دېيىشىگىلا، ئۇ مەۋجۇد بولىدىغان بىر زاتقا بولغان ئىچكى ئېھتىياجىنىڭ تۇيغۇسىدۇر. ئۇ شۇنداق تۇيغۇكى، ئىنسان چەكسىز قۇدرەت ئىگىسىنىڭ ئالدىدا ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىنى، ھەممە نەرسىنى بىلىشتە، ھەممىنى چۆرىدىگەن زاتنىڭ ئالدىدا ئۆزىنىڭ بىلمەيدىغانلىقىنى، ھەممىدىن بىھاجەت زاتنىڭ ئالدىدا ئۆزىنىڭ مىسكىنلىكىنى تونۇپ يېتىدۇ.

ئىنسان ئۆزىنى ۋە پەرۋەردىگارىنى تونۇپ يەتكەنسېرى، مەزكۇر ھېس - تۇيغۇ تېخىمۇ ئېشىپ ماڭىدۇ. ئىنساننىڭ اللە تائالاغا تايىنىشى، يۈزلىنىشى، تەۋەككۇل قىلىشى، ئۇ زاتتىن ياردەم تىلىشى، ئۇنىڭغا باش ئېگىشى تېخىمۇ كۈچىيىدۇ. اللە تائالاغا ئېھتىياج قولىنى سۇنىدۇ ۋە اللە تائالانىڭ رەھمەت ئىشىكى ئالدىدا ئۇ زاتتىن رەھمەت تىلەپ يېلىنىپ تۇرىدۇ.

ئىنسان ئۆزىنىڭ ۋە اللە تائالانىڭ قەدرىنى بىلمىگەن تەقدىردىمۇ، بۇ ھېس - تۇيغۇلار پۈتۈنلەي يوق بولۇپ كەتمەيدۇ، ئەمما ئۇ ئۆزىنىڭ يۆنىلىشىدىن ئېغىپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئىنسان ئۆزى يۈزلىنىدىغان، باش ئېگىدىغان، بويسۇنىدىغان بىر ئىلاھنى ئىزدەشكە باشلايدۇ. گەرچە ئىنسان بۇ باش ئېگىش، بويسۇنۇش ئىشىنى ھېس قىلىپ يەتمىسىمۇ ۋەياكى ئۆزىنىڭ نىشانىنى پەرۋەردىگار ۋە ئىلاھ دەپ ئاتىمىسىمۇ، شۇنداق بولىدۇ.

2. مۇشۇنداق ئىخلاسمەنلىك اللە تائالانى دوست تۇتىدىغان چىن قەلب ئىگىسىدىن سادىر بولۇشى لازىم. مەۋجۇدىيەتتە اللە تائالادىن ئۆزگە دوست تۇتۇشقا ھەقلىق زات يوقتۇر. چۈنكى، ئۇ زات پەزلى - ئىنئام ۋە ئېھسان ئىگىسى، ئۇ زات ئىنسان تىلغا ئېلىنمايدىغان

[1] سۈرە رەئد، 15 - ۋە 16 - ئايەتلەر.

چاغدا ئۇنى ياراتتى، زېمىندىكى جىمى نەرسىنى، ئۆزىنىڭ ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن نازۇنېمەتلىرىنى ئىنسان ئۈچۈن كامالەتكە يەتكۈزۈپ بەردى. ئىنساننى ئەڭ چىرايلىق شەكىلدە ياراتتى، بارچە مەخلۇقاتلاردىن ھۆرمەتلىك قىلدى، ئۇنىڭغا ھالال رىزىقلارنى ئاتا قىلدى، سۆزلەشنى ئۆگەتتى، ئۇنى زېمىندا ئورۇنباسار قىلدى، ئۇنىڭغا ئۆز روھىدىن پۈۋلىدى، پەرىشتىلەرنى سەجدە قىلدۇردى. دېمەك، ئىنسان ﷲتىن باشقا كىمنى دوست تۇتۇشقا لايىق بولىدۇ؟ ئىنسان ﷲ تائالانى دوست تۇتمىسا، كىمنى دوست تۇتىدۇ؟ ئىنساننىڭ ﷲ تائالانى دوست تۇتۇشىنىڭ ئاساسى سەۋەبى، ئۇ زاتنىڭ پەزىلىتىنى، نېمەتلىرىنى، ئېھسان ـ رەھمەتلىرىنى ۋە ئۇ زاتنىڭ گۈزەللىكى ۋە كامالىتىنى بىلگەنلىكتىندۇر. كىم ئېھساننى دوست تۇتىدىكەن، ﷲ تائالا ئۇنىڭغا ئېھسان ئاتا قىلىدۇ. كىم گۈزەللىكنى دوست تۇتىدىكەن، ﷲ تائالا ئۇنىڭغا گۈزەللىك بېغىشلايدۇ، كىم كامالەتنى دوست تۇتىدىكەن، ئۇ پەقەت ﷲ تائالاغىلا خاستۇر، كىم ئۆزىنى دوست تۇتىدىكەن، ﷲ تائالا ئۇنىڭ يارانقۇچىسىدۇر.

كىم ﷲ تائالانى تونۇسا، ﷲ ئۇنى دوست تۇتىدۇ، ئىنساننىڭ ﷲنى تونۇشى كۈچەيگەنسېرى، ئۇنىڭ دوستلۇقى كۈچىيىدۇ. شۇڭلاشقا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ﷲنى ئىنتايىن دوست تۇتاتتى. چۈنكى، ئۇ ﷲ تائالانى ھەممىدىن بەك تونۇيتتى. ناماز ئۇنىڭ كۆز قارىچۇقى ئىدى. چۈنكى، ناماز ﷲ تائالا بىلەن ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىۋاسىتە رىشتە ئىدى. ئۇ دۇئاسىدا ھەمىشە ﷲ تائالاغا مۇلاقات بولۇش تەشنالىقىنى ۋە ﷲ تائالانىڭ مۇبارەك زاتىنى كۆرۈش لەززىتىنى تىلەيتتى. ئۇنىڭغا دۇنيادا قېلىش بىلەن پەرۋەردىگارىنىڭ ھۇزۇرىغا كېتىش ئىختىيارلىقى بېرىلگەندە، ئۇ: «مەن رەببىمنى تاللايمەن» دېگەندى.

ئەمما، مۇتەكەللىمىنلەر (ئىسلام پەلسەپىچىلىرى) ياكى ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ﷲ تائالاغا بولغان ھەقىقىي مۇھەببەتنى بەندە تەسەۋۋۇر قىلالمايدۇ دەپ قارايدۇ. ئۇلار: «ﷲ تائالاغا مۇھەببەت باغلاش دېگەن ھەمىشە ﷲ تائالانىڭ ئىتائىتىدە بولۇشتۇر، لېكىن ھەقىقىي مۇھەببەتنىڭ مەۋجۇد بولۇشى پەقەت مىسال بولغاندىلا ئاندىن مۇمكىن بولىدۇ» دەيدۇ. ئىمام غەززالىي ئۇلارغا «دىنىي ئىلىملەرنى گۈللەندۇرۇش» دېگەن ئەسىرىدە تەپسىلىي رەددىيە بەردى. شۇنداقلا، مۇكەممەل مۇھەببەتنىڭ جىمى تۈرلىرى ۋە ھەممە سەۋەبلىرىگە ئەڭ لايىق زات ﷲ تائالا ئىكەنلىكىنى بايان قىلدى.

مۇھەببەتنىڭ سەۋەبلىرى ئىمام غەززالىي بايان قىلغاندەك، مۇنداق بەش ئامىلدىن بىرىگە تەۋە بولىدۇ:

1. ئىنساننىڭ ئۆزىنى، ئۆزىنىڭ كامالىتىنى ۋە مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇشىنى ياخشى كۆرۈشى.

2. ئىنساننىڭ مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇشى، ھايات قېلىشى ۋە ئۇنىڭدىن مۇشكۇلاتلارنى دەپئى قىلىشتا ياخشىلىق قىلغانلارنى ياخشى كۆرۈشى.

3. ئىنساننىڭ قەلبىدە گەرچە ئۆزىگە شەخسەن ياخشىلىق قىلمىغان بولسىمۇ، كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلغانلىقىدىن بىراۋنى ياخشى كۆرۈشى.

4. ئىساننىڭ مەيلى ئاشكارا ياكى يوشۇرۇن بولسۇن، بىر نەرسىنىڭ گۈزەللىكىدىن ئۇنى ياخشى كۆرۈشى.

5. ئىنساننىڭ ئۆزى بىلەن يوشۇرۇن ئالاقىسى بولغان كىشىنى ياخشى كۆرۈشى.

شەك ـ شۈبھىسىزكى، ئىنساندا مەزكۇر سەۋەبلەرنىڭ ھەممىسى ئۆزلەشسە، ئىنسان قەلبىدىكى مۇھەببەت ھەسسىلەپ ئاشىدۇ. بىر ئادەمنىڭ چىرايلىق، ئەخلاقلىق، ئىلىملىك، تەدبىركار، كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلىپ تۇرىدىغان، ئاتا ـ ئانىسىغىمۇ ھەم ياخشىلىق قىلىدىغان پەرزەنتى بولسا، بۇ، شەكسىز ئەڭ سۆيۈملۈك بالا بولىدۇ. مەزكۇر خىسلەتلەر بىر ئىنساندا ئۆزلەشكەندىن كېيىن، شۇ خىسلەتلەر مەزكۇر شەخستە ئىپادىلىنىش مىقياسىغا قاراپ كۈچلۈك ياكى ئاجىز بولىدۇ. مەزكۇر خىسلەتلەر ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە ئىپادىلەنسە، شەكسىزكى مۇھەببەتمۇ ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە كۆرۈلىدۇ.

ئىمام غەززالىي (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن): ”مەزكۇر خىسلەتلەرنىڭ ھەممىسىنى پەقەت الله تائالا ھەققىدىلا تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولىدۇ، چۈنكى ھەقىقىي مۇھەببەتكە پەقەت الله تائالالا لايىقتۇر“ دەپ بۇلارنى تەپسىلىي بايان قىلغان.

بىز بۇ يەردە ئۇنىڭ تەپسىلاتىنى سۆزلىمەيمىز. بىز ئىمام غەززالىي (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن)نىڭ بىرىنچى سەۋەب ھەققىدىكى بايانىدىن قىسقىچە ئارىيە ئالىمىز. ئۇ مۇنداق دېگەن:

«بىرىنچى سەۋەب بولسا (يەنى ئىنساننىڭ ئۆزىنى، ئۆزىنىڭ كامالىتىنى ۋە مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇشىنى ياخشى كۆرۈشى)، بۇ ھەرقانداق جان ئىگىسىنىڭ تەبىئىتىدۇر، بۇنى ئۇنىڭدىن ئايرىپ تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ.

كىم ئۆزىنى ۋە پەرۋەردىگارىنى تونۇيدىكەن، ئۇ كىشى كەسكىن ھالدا ئۆزىنىڭ ئۆزلىكىدىن مەۋجۇد بولمايدىغانلىقىنى تونۇپ يېتىدۇ. ئۆزىنىڭ مەۋجۇد بولۇشى ۋە مەۋجۇد بولۇشىنىڭ كامالىتىنى الله تائالاغا مەنسۇپ قىلىپ، الله تائالاغا يۈزلىنىدۇ. چۈنكى، الله تائالا ئىنسانغا كامالەت سۈپەتلىرىنى بەرپا قىلىش، ئۇلارغا يەتكۈزىدىغان سەۋەبلەرنى ۋە سەۋەبلەرنى توغرا ئىشلىتىش يوللىرىنى ھازىرلاش بىلەن بىرگە ئىنساننى يوقلۇقتىن پەيدا قىلدى، ئۇنىڭغا ھاياتلىق ئاتا قىلدى، ئۇنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى كامالەتكە يەتكۈزدى. چۈنكى، ئىنسان ئۆزلىكىدىن مەۋجۇد بولمايدۇ. مۇبادا الله تائالانىڭ ئىنساننى يارىتىشىدىكى مەرھەمىتى بولمىسا ئىدى، ئىنسان يوق بىر نەرسە ئىدى. ئومۇمەن

قىلىپ ئېيتقاندا، مەۋجۇدىيەتتىكى ھەرقانداق بىر نەرسە ھەممىنى تەسەررۇپ قىلغۇچى، ھەمىشە تىرىك بولغۇچى زاتنىڭ ئىنايىتى بولمىسا مەۋجۇد بولمايدۇ. ئەگەر ئارىپ (بىلگۈچى) ئۆزىنى (ھالبۇكى، ئۇنىڭ مەۋجۇدلۇقى باشقا بىر كۈچتىن كەلگەن) دوست تۇتسا، ئەلۋەتتە ئۇنى مەۋجۇد قىلغان زاتنى دوست تۇتىدۇ، مۇبادا ئۇ زاتنى ياراتقۇچى، پەيدا قىلغۇچى، ھاياتلىق ئاتا قىلغۇچى، ئۆز زاتى بىلەن تەسەررۇپ قىلغۇچى ۋە ئۆزگىنى باشقۇرغۇچى دەپ بىلسە، تېخىمۇ شۇنداق بولىدۇ.

ئىنساننىڭ ئۇ زاتنى دوست تۇتماسلىقى ئۆزىنى ۋە پەرۋەردىگارىنى بىلمىگەنلىكىدىندۇر. مۇھەببەت بولسا، بىلىشنىڭ سەمەرىسىدۇر. ئۇنىڭ يوق بولۇشى بىلەن بىلىشتىكى سەمەرە يوق بولىدۇ. ئۇنىڭ ئاجىزلىقى بىلەن ئۇ ئاجىزلىشىدۇ، ئۇنىڭ كۈچلۈك بولۇشى بىلەن كۈچىيىدۇ. شۇڭلاشقا، ھەسەن بەسرى (اللە ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) مۇنداق دېگەن: ‹كىم پەرۋەردىگارىنى تونۇيدىكەن، ئۇنى دوست تۇتىدۇ، كىم دۇنيانى تونۇسا، ئۇنىڭدا زاھىدلىق قىلىدۇ. ئىنساننىڭ ئۆزىنى ياخشى كۆرۈپ تۇرۇپ، ياراتقۇچىسى بولغان پەرۋەدىگارىنى دوست تۇتماسلىقنى قانداقمۇ تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولسۇن؟! مەلۇمكى، تومۇز ئىسسىقتا قالغان كىشى سايىنى ياخشى كۆرىدۇ، نەتىجىدە سايىنىڭ ئاساسى بولغان دەرەخنىمۇ ياخشى كۆرىدۇ. ھاياتلىقتىكى ھەممە مەۋجۇدات اللە تائالانىڭ قۇدرىتى بىلەن خۇددى دەرەخنىڭ سايىسىدەك، قۇياش نۇرىدەكتۇر، چۈنكى، ھەممە نەرسە اللە تائالانىڭ قۇدرىتىنىڭ ئىزنالىرى بولۇپ، خۇددى نۇرنىڭ مەۋجۇدلۇقى قۇياشقا، سايىنىڭ مەۋجۇدلۇقى دەرەخكە باغلىق بولغىنىدەك، ھەممىنىڭ مەۋجۇدلۇقى اللەنىڭ مەۋجۇدلىقىغا باغلىقتۇر».

دېمەك، اللە تائالانى دوست تۇتۇش ئۆزىنى ۋە پەرۋەردىگارىنى بىلگەن كىشى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم.

لېكىن، بىرىنچى ئامىل (پەيغەمبەرلەر ئېلىپ كەلگەن شەرىئەتلەرگە باش ئېگىش ۋە بويسۇنۇش)نى ئەمەلىيلەشتۇرمەي تۇرۇپ، يەھۇدىي، ناسارالارغا ئوخشاش: ”بىز اللەنىڭ ئوغۇللىرى ۋە دوستلىرى“ دەپ اللە تائالانىڭ دوستلىقىنى دەۋا قىلىشنىڭ ئۆزى ئىنتايىن خەتەرلىك ھالەتتۇر. مەلۇمكى، يەھۇدىي، ناسارالار اللە تائالانىڭ مۇقەددەس كىتابلىرىنىڭ كۆرسەتمىلىرىدىن، پەيغەمبەرلەر دەۋەت قىلغان يولدىن ئېزىپ كەتتى ۋە اللە تائالانىڭ كەلىمىلىرىنى ئۆزگەرتىۋەتتى، بۇنىڭ بىلەن ئۇلار توغرا يولدىن ئازدى.

دېمەك، ئىبنى تەيمىيە بايان قىلغاندەك، ئىبادەتتە اللە تائالاغا ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدىكى باش ئېگىش، اللە تائالانى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە دوست تۇتۇشتىن ئىبارەت ئىككى ئامىل ئەمەلىيلىشىشى كېرەك.

## 3. ئىككى تۈركۈم كىشىلەرنىڭ ئىبادەتنىڭ ماھىيىتىنى چۈشىنىشتىكى خاتالىقلىرى

تۆۋەندىكى بايانلار ئىككى تۈركۈم كىشىلەرنىڭ ئىبادەتنىڭ ماھىيىتىنى چۈشىنىشتىكى خاتالىقلىرىنى توغرىلايدۇ:

1. بىرىنچى تۈردىكىلەر: مۇھەببەت دەۋاسىنى چېكىدىن ئاشۇرۇۋەتكەنلەر بولۇپ، ئۇلار مۇھەببەتنى «ئۇبۇدىيەت»كە زىت كېلىدىغان دائىرىگە ئەكىرىپ قويىدى. شۇنداقلا، پەقەت ﷲ تائالاغىلا لايىق بولىدىغان رۇبۇبىيەت ئىچىگە بەندىنىمۇ ئېلىپ كىردى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ھال شۇنداق دەرىجىگە يەتتىكى، ئۇلار (ئادەتتە كىشىلەر ئۇياقتا تۇرسۇن) پەيغەمبەرلەردىنمۇ ھالقىپ ئۆتۈپ كېتىدىغان دەۋالارنى قىلدى ياكى كىشىلەر ئۇلاردىن پەيغەمبەرلەرگىمۇ لايىق بولمايدىغان، پەقەت ﷲ تائالاغىلا لايىق بولىدىغان نەرسىلەرنى تىلەشتى.

ئىبنى تەيمىيە (ﷲ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) مۇنداق دېگەن: «بۇ يولغا نۇرغۇنلىغان ماشايىخلار كىرىپ قالدى (سوپىلارنى دېمەكچى). بۇنىڭ سەۋەبى، پەيغەمبەرلەر بايان قىلغان ‹ئۇبۇدىيەت›نىڭ ئاجىزلاپ كېتىشى، ئۇلار ئېلىپ كەلگەن ياخشىلىقتا بۇيرۇش ۋە يامانلىقتىن توسۇش ئىشلىرىنىڭ سۇسلاپ قېلىشى، ئىنساندىكى ئۆزىنىڭ ماھىيىتىنى تونۇيدىغان ئاڭنىڭ ئاجىزلاپ كېتىشى قاتارلىقلاردۇر. مۇبادا ئىنسان قەلبىدە نادانلارچە تەلۋىلەشكەن مۇھەببەت بولۇپ، ئاڭ ئاجىزلاپ، دىنىي بىلىم ئازىيىپ كەتسە، ئەخمىقانە مۇھەببەت بىلەن ئىنسان روھى يايراپ كېتىدۇ. بۇ خۇددى بىر ئادەم بىر ئادەمنىڭ ئەخمەقلىقى ۋە نادانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ ئۇنى ياخشى كۆرۈپ، يايراپ كەتكەندەك بىر ئىشتۇر، خالاس.

ﷲ تائالانىڭ مۇھەببىتىنى دەۋا قىلىۋاتقانلارنىڭ كۆپىنچىسى دىنغا زىت ئىشلارنى قىلىپ كەلمەكتە، ئۇلار ياكى ﷲ تائالانىڭ چەكلىمىلىرىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ كەتتى ياكى ھەق - ھوقۇقلىرىنى زايا قىلىۋەتتى ۋەياكى ھېچقانداق ئاساسى بولمىغان باتىل دەۋالارنى كۆتۈرۈپ چىقىشتى. ئۇلار: «مېنىڭ ھەرقانداق بىر مۇرىتىم بىرەر كىشىنى دوزاختا تاشلايدىكەن، مەن ئۇنىڭدىن ئادا - جۇدامەن ياكى مېنىڭ ھەرقانداق بىر مۇرىتىم مۇئمىنلەردىن بىرىنى ئوتقا تاشلايدىكەن، مەن ئۇنىڭدىن ئادا - جۇدامەن» دەيدۇ.

بۇلار بىرىنچىدىن ئۆزىنىڭ مۇرىتىنى ئوتقا تاشلانغان ھەربىر ئادەمنى چىقىرالايدىغان ھالەتكە يەتكۈزدى.

ئىككىنچىدىن، ئۆزىنىڭ مۇرتىنى گۇناھى كەبىرلەرنى قىلغان ھەرقانداق بىر ئادەمنى ئۇتقا تاشلىنىپ كېتىشتىن توسيالايدىغان ھالەتكە يەتكۈزۈپ قويىدى.

ئۇلارنىڭ بەزىلىرى: «قىيامەت كۈنى مەن دوزاختا بىر كىمنىڭ تاشلىنىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن دوزاخنىڭ ئالدىدا چېدىرىمنى تىكىپ ئولتۇرىمەن» دەيدۇ. مۇشۇنىڭغا ئوخشاش نۇرغۇنلىغان سەپسەتە گەپلەر بەزى ماشايىخلار ھەققىدە رىۋايەت قىلىنىدۇ. بۇ بىر بولسا، ئۇلار ئۈستىدە توقۇلغان يالغان گەپ ياكى بولمىسا ھەقىقەتەن ئۇلاردىن سادىر بولغان خاتالىقتۇر.

مۇشۇنىڭغا ئوخشاش گەپلەر ئىنساندىن مەستلىك ھالەتتە ياكى بىرەر نەرسىنى پەرق ئېتەلمەيدىغان ۋەياكى ئۆزىنىڭ نېمە دەۋاتقىنىنى تۇيمايدىغان ھالەتتە سادىر بولىدۇ. مەستلىك بولسا، ئىنساننىڭ بىر نەرسىنى پەرقلەندۈرەلمىگۈدەك ھالەتكە چۈشۈپ قېلىشىدۇر. شۇڭلاشقا، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ھوشىغا كەلگەندە تۇيماي قىلىپ سالغان گەپلىرىگە ئىستىغپار ئېيتاتتى. ماشايىخلاردىن ئىشق، تەشنالىق، مۇھەببەت، تاپا ـ تەنە، مالامەت ھەققىدە ئاڭلاشقا كۆنۈپ قالغانلارنىڭمۇ ئەسلى مەقسىتى مۇشۇ ئىدى. چۈنكى، بۇ ئىنسان قەلبىدىكى ھەرقانداق بىر ئىشقىنى قوزغاتماي قالمايدۇ. شۇڭلاشقا، الله تائالا دوست تۇتقۇچىنى (ئاشىقنى) سىناپ مۇنۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: ﴿قُلْ إِن كُنتُمْ تُحِبُّونَ اللّهَ فَاتَّبِعُونِي يُحْبِبْكُمُ اللّهُ﴾ ﴿(ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، ‹ئەگەر سىلەر اللهنى دوست تۇتساڭلار، ماڭا ئەگىشىڭلاركى الله سىلەرنى دوست تۇتىدۇ›﴾[1]. دېمەك، بەندە پەقەت مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئەگەشكەندىلا ئاندىن الله تائالانى دوست تۇتقان بولىدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىتائەت قىلىش ۋە ئۇنىڭغا ئەگىشىش پەقەت «ئۇبۇدىيەت»نى ئەمەلىيلەشتۈرگەندىلا ئاندىن ھاسىل بولىدۇ. مۇھەببەتنى دەۋا قىلىدىغان كۆپىنچە كىشىلەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ شەرىئىتىدىن ۋە سۈننىتىدىن چىقىپ كېتىدۇ ھەمدە ئۇلار بۇ يەردە ھەممىنى دەپ بولغىلى بولمايدىغان ئىشلارنى دەۋا قىلىشىدۇ. بۇ ھال شۇ دەرىجىدىكى، ئۇلار ئۆزلىرىدىن شەرىئەتنىڭ بەزى ئەمرلىرىنىڭ ساقىت بولۇپ كەتكەنلىكىنى، ھارام نەرسىلەرنىڭ ئۇلار ئۈچۈن ھالال قىلىنغانلىقىنى، بۇنىڭدىن باشقا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ شەرىئىتىگە، سۈننىتىگە ۋە ئىتائىتىگە خىلاپ ئىشلارنى دەۋا قىلىدۇ.

«بەلكى، الله تائالا ئۆزىنى ۋە ئۆزىنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى دوست تۇتۇشنى الله يولىدا جىھاد قىلغان بىلەن باراۋەر قىلدى. ھالبۇكى، جىھاد الله تائالا بۇيرىغان ئىشلارنى دوست تۇتۇشنىڭ كامالىتىنى، توسقان نەرسىلەرنى يامان كۆرۈشنىڭ

---

[1] سۈرە ئال ئىمران، 31 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

كامالىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇڭلاشقا، اﷲ تائالا ئۆزى دوست تۇتىدىغانلارنىڭ ۋە ئۆزىنى دوست تۇتىدىغانلارنىڭ سۈپەتلىرى ھەققىدە مۇنداق دېگەن: ﴿أَذِلَّةٍ عَلَى الْمُؤْمِنِينَ أَعِزَّةٍ عَلَى الْكَافِرِينَ يُجَاهِدُونَ فِي سَبِيلِ اللّهِ وَلاَ يَخَافُونَ لَوْمَةَ لآئِمٍ﴾ «... مۆئمىنلەرگە كۆيۈنىدىغان، كاپىرلارغا شەپقەتسىز، اﷲنىڭ يولىدا جىھاد قىلىدىغان ۋە مالامەت قىلغۇچىنىڭ مالامىتىدىن قورقمايدىغان بىر قەۋمنى كەلتۈرىدۇ ...»[1].

«شۇڭلاشقا، ئۇممەتنى مۇھەممەدىيەنىڭ اﷲ تائالاغا بولغان دوستلۇقى ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرنىڭكىدىن مۇكەممەل، ئۇلارنىڭ ‹ئۇبۇدىيەت›ى ئىلگىرىكىلەرنىڭ ئۇبۇدىيىتىدىن مۇكەممەل بولغان. ئۇممەتنى مۇھەممەدىيەنىڭ ئىچىدىن بۇ جەھەتتە ئەڭ مۇكەممەل ئىنسانلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىدۇر. شۇنداقلا، بۇ جەھەتتە شۇ ساھابىلەرگە ئەگەشكەنلەردۇر».

2. ئىككىنچى تۈردىكىلەر: «ئىبادەت»نىڭ ماھىيىتىنى چۈشىنىشتە خاتالاشقانلاردۇر. ئۇلار اﷲ تائالاغا بولغان دوستلۇق «ئۇبۇدىيەت»نىڭ ئەدەب ـ قائىدىلىرىگە زىت كېلىدۇ. بۇ ھەر بىر بەندە ئۆزىدە ئۆزلەشتۈرۈشكە تېگىشلىك اﷲ تائالادىن قورقۇشتىن ئىبارەت ھالەتكە مۇناسىپ كەلمەيدۇ. شۇڭلاشقا، مەخلۇقتا اﷲ تائالاغا بولغان مۇھەببەت ئىشقا ئاشمايدۇ. ئىنساندىن پەقەت اﷲ تائالاغا باش ئېگىش ۋە ئىتائەت قىلىشلا تەلەپ قىلىنىدىغان دەپ قارايدۇ.

دەرھەقىقەت، اﷲ تائالاغا بولغان دوستلۇق اﷲ تائالادىن قورقۇشقا زىت كەلمەيدۇ. بەلكى ئىبنى تەيمىيە دېگەندەك، اﷲتىن قورقۇش ئۇ زاتقا بولغان دوستلۇققا ياندىشىپ ماڭىدۇ. چۈنكى، ساپ قەلبتە اﷲ تائالانىڭ ئۇبۇدىيىتى، ئۇ زاتنىڭ دوستلۇقى، ئۇ زاتقا بولغان ئىخلاس ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىماننىڭ ھالاۋىتى، لەززىتى، ياخشىلىقى ۋە خۇشاللىقىدىن باشقا بىر نېمە بولمايدۇ. بۇ ھال ئىنسان قەلبىنى اﷲ تائالا تەرىپىگە تارتىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئىنسان قەلبى اﷲ تائالاغا تەۋەككۇل قىلىدۇ، ئۇ زاتتىن قورقىدۇ، ئۇ زاتنىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىدۇ، ئازابىدىن قورقىدۇ. اﷲ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿مَنْ خَشِيَ الرَّحْمَن بِالْغَيْبِ وَجَاء بِقَلْبٍ مُّنِيبٍ﴾ «كىمكى مېھرىبان اﷲنى كۆرمەي تۇرۇپ، ئۇنىڭدىن قورقسا ۋە تەۋبە قىلغۇچى قەلب بىلەن كەلسە ...»[2]. چۈنكى، ئاشىق ئىنسان ئۆزىنىڭ تەلىپىنىڭ ھاسىل بولماسلىقىدىن ياكى ئارزۇسىنىڭ ئەمەلىيلەشمەسلىكىدىن ئەنسىرەيدۇ. شۇڭلاشقا، اﷲنىڭ بەندىسى ۋە دوستى ئۇ زاتتىن ئۈمىد قىلىش بىلەن قورقۇش ئوتتۇرىسىدا بولىدۇ. اﷲ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿أُولَئِكَ الَّذِينَ يَدْعُونَ يَبْتَغُونَ إِلَى رَبِّهِمُ

---

[1] سۈرە مائىدە، 54 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] سۈرە قاف، 33 ـ ئايەت.

الْوَسِيلَةَ أَيُّهُمْ أَقْرَبُ وَيَرْجُونَ رَحْمَتَهُ وَيَخَافُونَ عَذَابَهُ إِنَّ عَذَابَ رَبِّكَ كَانَ مَحْذُورًا﴾ ﴿ئۇلار (اللەنى قويۇپ ئىلاھ دەپ) ئىبادەت قىلىدىغانلارنىڭ (ئۆزلىرى ئىبادەت ئارقىلىق) پەرۋەردىگارىغا يېقىن بولۇشنى تىلەيدۇ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا (پەرۋەردىگارىغا) يېقىنىراق بولغىنى (ھەم ئىبادەت ئارقىلىق اللەقا يېقىن بولۇشنى تىلەيدۇ)، پەرۋەردىگارىنىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىپ، (ئۇنىڭ) ئازابىدىن قورقىدۇ، پەرۋەردىگارىنىڭ ئازابى ھەقىقەتەن ساقلىنىشقا تېگىشلىكتۇر﴾[1].

ئىبنى تەيمىيە (اللە ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) «ئەلئۇبۇدىيەت» دېگەن ئەسىرىنىڭ بىر قانچە بابىدا «مۇھەببەت»نىڭ «ئۇبۇدىيەت»تىن ئايرىلمايدىغان بىر قىسىم ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ. بۇنىڭغا لۇغەتتىن ۋە شەرىئەتتىن دەلىل كەلتۈرىدۇ. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: ««ئۇبۇدىيەت» لەۋزى مۇتلەق باش ئېگىشنى ۋە مۇتلەق مۇھەببەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ ھالەت ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىلەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن ھاسىل بولغانىدى».

يەنە بىر ئورۇندا مۇنداق دەيدۇ: «ھەق دىن بولسا، اللە ئۈچۈن مۇتلەق ئۇبۇدىيەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتۇر. ئۇ بولسىمۇ، اللە تائالاغا بولغان دوستلۇقنى ھەممە تۈرلىرى بىلەن ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت. ئۇبۇدىيەت قانچىلىك مۇكەممەللەشسە، بەندىنىڭ اللەقا بولغان مۇھەببىتى شۇنچە مۇكەممەللىشىدۇ. شۇنداقلا، اللەنىڭ بەندىگە بولغان دوستلۇقى زىيادە بولىدۇ. ئەكسىچە بولسا، مۇھەببەت ئاجىزلاپ كېتىدۇ. ئىنسان قەلبىدە اللەتىن غەيرىگە قانچىلىك دەرىجىدە مۇھەببەت بولىدىكەن، ئۇنىڭدا اللەتىن غەيرىگە بولغان ئۇبۇدىيەت شۇنچىلىك كۈچلۈك بولغان بولىدۇ. اللەتىن غەيرىگە بولغان ئۇبۇدىيەت قانچىلىك بولىدىكەن، اللەتىن غەيرىگە بولغان مۇھەببەتمۇ شۇنچىلىك بولىدۇ.

اللە تائالاغا بولمىغان ھەرقانداق دوستلۇق باتىل. شۇنداقلا، اللە تائالانىڭ رازىلىقى كۆزلەنمىگەن ھەرقانداق بىر ئەمەل باتىلدۇر. دۇنيانىڭ، دۇنيادىكى نەرسىلەرنىڭمۇ قىممىتى يوق. پەقەت اللە ئۈچۈنلا بولغان نەرسىلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا. پەقەت اللە تائالا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى دوست تۇتقان نەرسىلەرلا يوللۇق. اللەتىن غەيرى مەقسەت قىلىنغان ياكى اللەنىڭ شەرىئىتىگە مۇۋاپىق بولمىغان ياكى اللە تائالا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ دوستلۇقىدىن ئىبارەت بولغان ئىككى سۈپەتنى ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۈرمىگەن ھەرقانداق ئەمەل اللە ئۈچۈن بولغان بولمايدۇ، شۇڭلاشقا، ئىنسان ھەرقانداق بىر ئەمەلنى اللە ئۈچۈن، اللەنىڭ ۋە اللەنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ دوستلۇقى ئۈچۈن قىلىشى پەرز ھەم سۈننەتتۇر».

---

[1] سۈرە ئىسرا، 57 ـ ئايەت.

بەزى سەلەفلەر ئىشقىنىڭ ھەقىقىتىنى ئىنكار قىلمىدى، بەلكى «ئۇبۇدىيەت» ماقامىغا ۋە «رۇبۇبىيەت»نىڭ ئۇلۇغلىقىغا توغرا كەلمەيدىغان رەۋىشتە ئىنساننىڭ ئۇنىڭغا بەك بېرىلىپ كېتىشىنى ئىنكار قىلدى. بەزى مۇتەكەللىمىنلەر: ئاللاھ تائالا ھەققىدە ئىشق دۇرۇس بولمايدۇ، - دەپ قارايدۇ. ئۇلار بۇ ھەقتە «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىس شەرىفتە كەلگەن مەزمۇنلارنى: ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىش، «ئۇبۇدىيەت»نى: "ئاللاھ تائالاغا باش ئېگىش ۋە بويسۇنۇش دېگەنلىك بولىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا نەرسە ئەمەس" دەپ تەپسىر قىلىدۇ.

ئىبنى تەيمىيە (ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن): ئاللاھ تائالاغا بولغان مۇھەببەت ۋە دوستلۇق ئاللاھ تائالاغا بولغان «ئۇبۇدىيەت»نى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت دەپ بايان قىلىپ بولغاندىن كېيىن، مۇتەكەللىمىنلەرگە رەددىيە بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئۇبۇدىيەت دېگەن پەقەت باش ئېگىش ۋە بويسۇنۇشتىن ئىبارەت، ئۇنىڭغا مۇھەببەت ياندىشىپ كەلمەيدۇ، مۇھەببەت دېگەن ھاۋايى - ھەۋەسكە بېرىلىش ياكى خارلىنىش بولۇپ، ئۇنى رۇبۇبىيەت قوبۇل قىلمايدۇ دەپ قارايدىغانلار تولىمۇ خاتالاشقان بولىدۇ. شۇڭلاشقا، زۇننۇندىن رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئۇنىڭ ھۇزۇرىدا باشقىلار مۇھەببەت توغرۇلۇق پاراڭ قىلىشقاندا، ئۇ: بۇ توغرۇلۇق پاراڭلاشماڭلار، كىشىلەر بۇنى ئاڭلاپ قېلىپ، بولمىغان ئىشلارنى قىلىپ يۈرمىسۇن دېگەن».

«بەزى ئىلىم - مەرىپەت ساھىبلىرى مۇھەببەت ھەققىدە كۆپ پاراڭ قىلىشىدىغانلارنىڭ سورۇنلىرىدا ئولتۇرۇشنى يامان كۆرىدۇ. بەزى سەلەفلەر: ‹كىم ئاللاھقا مۇھەببەت بىلەنلا ئىبادەت قىلىدىكەن، زىندىق بولىدۇ، كىم ئاللاھقا ئۈمىد بىلەنلا ئىبادەت قىلىدىكەن، مۇرجىئە بولىدۇ، كىم ئاللاھقا قورقۇش بىلەنلا ئىبادەت قىلىدىكەن، ھەرۇرىي بولىدۇ، كىم ئاللاھقا ئىشق، قورقۇش ۋە ئۈمىد بىلەن ئىبادەت قىلىدىكەن، ھەقىقىي مۇئمىن ھېسابلىنىدۇ› دەپ قارايدۇ».

ئۇلارنىڭ بۇنداق دېيىشىگە سەۋەب بولغان ئىش، بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ ئاللاھقا بولغان مۇھەببەتنى دەۋا قىلىپ كېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئاللاھ بىلەن بولغان ئالاقىلىرىنىڭ شۇنداق بىر دەرىجىگە يەتكەنلىكىنى، شۇنىڭ بىلەن شەرىئەتنىڭ ئەھكاملىرىنى قىلىشنىڭ ئۇنىڭغا نىسبەتەن ھېچقانداق ئەھمىيىتى قالمىغانلىقىنى دەۋا قىلغانلىقىدىندۇر. چۈنكى، ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئۇلار ئاللاھ تائالاغا بىر جەزملىك ھاسىل بولغىچە ئىبادەت قىلغان. ھالبۇكى، جەزملىك ھاسىل بولغاندىن كېيىن، ھېچقانداق بىر ئىش قىلىشنىڭ ئورنى قالمايدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭدىن پەرزنى ئادا قىلىش، ھارامنى قىلماسلىق ساقىت بولۇپ كېتىدۇ. شۇنداقلا، ئۇنىڭغا ھاراق ئىچىش ۋە گۇناھ - مەسىيەتلەرنى قىلىش ھالال بولىدۇ.

ئىمام غەززالىي (اللە ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) بۇلار ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «بۇنداقلارنى شەكسىز قەتلى قىلىش كېرەك. بۇنداقلارنى قەتلى قىلىش يۈز كاپىرنى ئۆلتۈرگەندىن ئەۋزەل. چۈنكى، بۇلارنىڭ دىنغا بولغان زىيىنى ئىنتايىن ئېغىر. بۇنداقلارغا يول قويۇش ھەممە نەرسە مۇتلەق دۇرۇس دەيدىغانلارغا تاقىغىلى بولمايدىغان بىر دەرۋازا ئېچىپ بېرىدۇ. بۇنداقلارنىڭ زىيىنى ھەممە نەرسە مۇتلەق دۇرۇس دەپ قارايدىغانلارنىڭ زىيىنىدىن كۆپ. چۈنكى، بۇ ئۇنىڭ كۇپۇرلىقىنىڭ ئاشكارا بولۇپ قېلىشىنى يوشۇرۇپ قويىدۇ. بۇلار بولسا، شەرىئەتنى شەرىئەت بىلەن ئۆرۈيدۇ، ئۇلار پەقەت ئامىبابلىقنى خاسلاشتۇرۇپ قويۇش گۇناھىلا سادىر قىلدۇق دەپ گۇمان قىلىشى مۇمكىن. چۈنكى، ئۇلار ئۆزىنىڭ دەرىجىسىدە بولمىغان نەرسە بىلەن شەرىئەتنىڭ ئامىباب تەكلىپلىرىنى خاسلاشتۇرىدۇ. بەلكى، ئۇلار ئۆزلىرىنى تاشقى جەھەتتە گۇناھ ـ مەسىيەتلەرنى قىلغان بىلەن باتىنىي جەھەتتە ئۇنىڭدىن ئادا ـ جۇدا دەپ ئويلىشى مۇمكىن».

ئىمام غەززالىي بۇلارنى كاپىرغا چىقىرىش بىلەن توختاپ قالغان بولسا، ئۇنىڭدىن كېيىن ئىبنى ھەجەردەك ئالىملار ئۇلارنىڭ كاپىرلىقىنى جەزملەشتۈردى. چۈنكى، ئۇلار دىنىنىڭ قەتئىي، كەسكىن ۋاجىبلىرىنى ئىنكار قىلىدۇ.

شۇڭلاشقا، ئىبنى تەيمىيە (اللە ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) «ئۇبۇدىيەت»نىڭ ماھىيىتىنى ئىزاھلاشتا بۇ جەھەتتىكى «بېكىتمىلەر»نى بايان قىلىشقا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدى. بۇ، بەندىنى ئۆزىنىڭ بەندىلىك دائىرىسىدىن چىقىرىۋەتمەيدۇ، توغرا يولدىن ئازدۇرۇۋەتمەيدۇ. ئىبنى تەيمىيە (اللە ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) «اللە تائالانى دوست تۇتۇش» دېگەن تېما ئاستىدا مۇنداق دەيدۇ: اللە تائالانىڭ ھەقىقىي بەندىسى بولسا، اللە رازى بولىدىغان نەرسىدىن رازى بولىدىغان، اللە تائالانى غەزەپلەندۈرىدىغان نەرسىدىن غەزەپلىنىدىغان، اللە ۋە اللەنىڭ پەيغەمبىرى دوست تۇتىدىغان ئىشنى دوست تۇتىدىغان، اللە ۋە اللەنىڭ پەيغەمبىرى نارازى بولىدىغان نەرسىدىن نارازى بولىدىغان، اللەنىڭ دوستلىرىنى دوست، دۈشمەنلىرىنى دۈشمەن كۆرىدىغان ئىنساندۇر. مانا بۇلار بىلەن ئىمان كامالەتكە يېتىدۇ. بۇ ھەقتە ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: «كىم اللە ئۈچۈن دوست تۇتىدىكەن، اللە ئۈچۈن يامان كۆرىدىكەن، اللە ئۈچۈن بېرىدىكەن، اللە ئۈچۈن بەرمەيدىكەن، ئۇ كىشى ئىماننى تولۇقلىغان بولىدۇ»؛ «ئىماننىڭ ئەڭ كۈچلۈك ئارغامچىسى بولسا، اللە ئۈچۈن دوست تۇتۇش، اللە ئۈچۈن دۈشمەن تۇتۇشتۇر».

ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: «كىمدە ئۈچ تۈرلۈك نەرسە تېپىلسا، ئىماننىڭ ھالاۋىتىنى تېتىغان بولىدۇ. اللە تائالا ۋە اللە تائالانىڭ پەيغەمبىرىنى ھەممە نەرسىدىن ئارتۇق سۆيۈش، بىرەر بەندىنى دوست تۇتسا، ئۇنى پەقەت اللە ئۈچۈن دوست تۇتۇش، اللە

تائالانىڭ ئىلتىپاتى بىلەن كۇفرىدىن قۇتۇلغاندىن كېيىن، قايتا كۇفرىغا قايتىشنى ئىترىك پېتى ئوتقا تاشلانغاندىنمۇ يامان كۆرۈش»[1].

مانا بۇ كىشى الله تائالا ياخشى كۆرگەننى ياخشى كۆرۈشكە، يامان كۆرگەننى يامان كۆرۈشكە مۇۋەپپەق بولدى. شۇنىڭ بىلەن الله ۋە اللهنىڭ پەيغەمبىرى ئۇ كىشىگە نىسبەتەن ئەڭ ياخشى كۆرۈلىدىغان ھالەتكە ئايلاندى. ئۇ ئىنساننى الله ئۈچۈن دوست تۇتتى، بۇ بولسا، ئۇنىڭ الله ئۈچۈن ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدىكى دوستلۇقىدۇر. مەھبۇبىنىڭ مەھبۇبىنى دوست تۇتۇشى، ئۇنى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە ياخشى كۆرگەنلىكتۇر، مۇبادا ئىنسان اللهنىڭ پەيغەمبەرلىرىنى، دوستلىرىنى ئۇلار ھەقنىڭ مەھبۇبلىرىنى بەرپا قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن دوست تۇتسا، ئۇلارنى الله ئۈچۈنلا دوست تۇتقان بولىدۇ. الله تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿فَسَوْفَ يَأْتِي اللّهُ بِقَوْمٍ يُحِبُّهُمْ وَيُحِبُّونَهُ أَذِلَّةٍ عَلَى الْمُؤْمِنِينَ أَعِزَّةٍ عَلَى الْكَافِرِينَ يُجَاهِدُونَ فِي سَبِيلِ اللّهِ وَلاَ يَخَافُونَ لَوْمَةَ لآئِمٍ﴾ ﴿الله (ئۇنىڭ ئورنىغا) الله ئۇلارنى دوست تۇتىدىغان، ئۇلارمۇ اللهنى دوست تۇتىدىغان، مۇئمىنلەرگە كۆيۈنىدىغان، كاپىرلارغا شەپقەتسىز، اللهنىڭ يولىدا جىھاد قىلىدىغان ۋە مالامەت قىلغۇچىنىڭ مالامىتىدىن قورقمايدىغان بىر قەۋمنى كەلتۈرىدۇ﴾[2]؛ ﴿قُلْ إِن كُنتُمْ تُحِبُّونَ اللّهَ فَاتَّبِعُونِي يُحْبِبْكُمُ اللّهُ ...﴾ ﴿(ئى مۇھەممەد، ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، ‹ئەگەر سىلەر اللهنى دوست تۇتساڭلار، ماڭا ئەگىشىڭلاركى، الله سىلەرنى دوست تۇتىدۇ ...›﴾[3]. چۈنكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىنساننى پەقەت الله تائالا دوست تۇتىدىغان ئىشقىلا بۇيرۇيدۇ.

كىم الله تائالانى دوست تۇتىدىكەن، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئەگىششى شەرتتۇر. شۇندىلا ئۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن شەرىئەتكە ئېتىقاد قىلىدۇ. ئۇ بۇيرىغان نەرسىگە ئىتائەت قىلىدۇ. ئۇنى ئۇلگە تۇتىدۇ. كىم مۇشۇنداق قىلىدىكەن، الله دوست تۇتىدىغان ئىشنى قىلغان بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن الله تائالا ئۇنى دوست تۇتىدۇ.

الله تائالا ئۆزىنىڭ دوستلىرىغا ئىككى بەلگىنى تەيىن قىلدى: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىش ۋە جىھاد قىلىش. چۈنكى، جىھاد ئىمان ۋە سالىھ ئەمەلدىن ئىبارەت الله تائالا دوست تۇتىدىغان، اللهنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشتۈرىدىغان ئىشلارنى بەجا كەلتۈرۈش، شۇنداقلا كۇپۇرلۇق، پاسىقلىق ۋە گۇناھتىن ئىبارەت الله تائالا يامان كۆرىدىغان ئىشلاردىن يىراق بولۇش ئۈچۈن تىرىشىشتۇر. الله تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿قُلْ إِن كَانَ آبَاؤُكُمْ وَأَبْنَآؤُكُمْ وَإِخْوَانُكُمْ وَأَزْوَاجُكُمْ وَعَشِيرَتُكُمْ وَأَمْوَالٌ اقْتَرَفْتُمُوهَا وَتِجَارَةٌ تَخْشَوْنَ كَسَادَهَا وَمَسَاكِنُ

---

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

[2] سۈرە مائىدە، 54 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[3] سۈرە ئال ئىمران، 31 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

تَرْضَوْنَهَا أَحَبَّ إِلَيْكُم مِّنَ اللّهِ وَرَسُولِهِ وَجِهَادٍ فِي سَبِيلِهِ فَتَرَبَّصُواْ حَتَّى يَأْتِيَ اللّهُ بِأَمْرِهِ ...﴾ ﴿ئېيتقىنكى، ‹ئەگەر سىلەرنىڭ ئاتاڭلار، ئوغۇللىرىڭلار، قېرىنداشلىرىڭلار، خوتۇنلىرىڭلار، ئۇرۇغ - تۇغقانلىرىڭلار (ھەممىدە ئۇلاردىن باشقىلار)، تاپقان پۇل-ماللىرىڭلار، ئاقماي قېلىشىدىن قورققان تىجارىتىڭلار، ياخشى كۆرىدىغان ئۆيلىرىڭلار سىلەر ئۈچۈن اللهتىن، اللهنىڭ پەيغەمبىرىدىن ۋە اللهنىڭ يولىدا جىھاد قىلىشتىنمۇ سۆيۈملۈك بولسا (يەنى شۇلار بىلەن بولۇپ كېتىپ، اللهنىڭ پەيغەمبىرىگە ياردەم بەرمىسەڭلار)، ئۇ ھالدا سىلەر تاكى اللهنىڭ ئەمرى (يەنى مەككىنى پەتھى قىلىش ئىزنى) كەلگۈچە كۈتۈڭلار﴾[1].

الله ئائىلىسى ۋە پۇل - مېلىنى اللهتىن ۋە اللهنىڭ پەيغەمبىرىدىن، ئۇنىڭ يولىدا جىھاد قىلىشتىن ئەۋزەل كۆرىدىغان ئادەمنى بۇ قورقىتىش بىلەن ئاگاھلاندۇردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «جېنىم ئىلكىدە بولغان زات بىلەن قەسەمكى، بىرىڭلار مېنى ئۆز بالىسىدىن، ئاتىسىدىن ۋە ھەممە ئىنسانلاردىن ئارتۇق كۆرمىگۈچە (كامىل) مۇئمىن بولمايدۇ»[2].

ئۆمەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: «ئى رەسۇلۇللاھ الله بىلەن قەسەمكى، سەن ماڭا ئۆزۈمدىن باشقا ھەممە نەرسىدىن سۆيۈملۈكسەن» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ياق، ئۆمەر! مەن ئۆزۈڭدىن چارە بولمىغۇچە» دېدى. ئۆمەر: «الله بىلەن قەسەمكى، سەن ماڭا ئۆزۈمدىنمۇ چارىسەن» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مانا ئەمدى بولدى» دېدى[3].

دوستلۇقنىڭ ماھىيىتى پەقەت ياخشى كۆرگىنىگە ھەمدەمدە بولۇش بىلەن تولۇقلىنىدۇ. ئۇ بولسىمۇ، ياخشى كۆرگىنىنىڭ ياخشى كۆرۈشلىرىگە ۋە يامان كۆرۈشلىرىگە ماسلىشىشتۇر. مەلۇمكى، الله تائالا ئىمانىنى ۋە تەقۋالىقنى ياخشى كۆرىدۇ. كۇپۇرنى، پاسىقلىقنى ۋە گۇناھنى يامان كۆرىدۇ.

## 4. شەرقشۇناسلارنىڭ يالغان - ياۋىداقلىرى

شەرقشۇناسلارنىڭ ئىسلام دىنىغا قارشى ئىسلامنىڭ ھەممە تەرەپلىرىگە، ھەممە تارماقلىرىغىچە چېتىلىدىغان بىر قانچىلىغان دەۋالىرى بار. بۇنىڭغا تۆۋەندىكى ئىككى خىل ئامىلنىڭ بىرى ياكى ئىككىلىسى سەۋەب بولغان.

---

[1] سۈرە تەۋبە، 24 - ئايەت.

[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

[3] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

بىرىنچىسى، ئىسلام دىنىنى ۋە ئۇنىڭ مۇقەددەس كىتابى نازىل قىلىنغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرى رىۋايەت قىلىنغان ۋە ئۇلىمالارنىڭ يازمىلىرى يېزىلغان تىلنى خاتا چۈشىنىش. ئۇلار ئەرەب تىلىغا نىسبەتەن ئەجەم ۋە يات مىللەت بولغانلىقتىن، ئۇ تىلدىن ئوبدان بەھرىلىنەلمەيدۇ، ئۇنىڭ تەبىرلەشتىكى سىر - ئەسرارلىرىنى ۋە سىرخىل ئىستېماللىرىنى بىلمەيدۇ.

ئىككىنچىسى، ئۇلارنىڭ ئىزدىنىش داۋامىدىكى مەقسەت - مۇددىئالىرىنىڭ رەزىل بولغانلىقىدۇر. ئۇلار ئۆزلىرى ئويدۇرۇپ چىقارغان «قۇرئان كەرىم» ئىنسان تەرىپىدىن بارلىققا كەلتۈرۈلگەن، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ساختا پەيغەمبەر دېگەندەك سەپسەتىلەرنى جار سېلىپ، خەلقئالەم ئالدىدا ئىسلامنىڭ «ئىچىلىپ قالغان يەرلىرى»نى ۋە «ئاجىز نۇقتىلىرى»نى ياپىدۇ. ئۇلار بىزنىڭ مەدەنىي مىراسلىرىمىزنى ھەقنى ئىزدەش نۇقتىسىدىن ئەمەس، بەلكى ئەسەبىيەتچىلىك روھىدىن ئىبارەت «زىدە - جاراھەتلەر»نى ئىزدەش ئۈچۈن تەتقىق قىلىدۇ.

دەرۋەقە، ئۇلار ئىسلام، «قۇرئان كەرىم»، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام، ئىسلامنىڭ مەشھۇر شەخسلىرى ۋە تارىخى ھەققىدە ئالدىنئالا بىر قاراشنى ھازىرلاپ بولغان. ئۇلارنىڭ ئىسلامنىڭ مەدەنىي مىراسلىرىنى تەتقىق قىلىشتىكى مۇددىئاسى ئۆزلىرىنىڭ قارىشىغا ماس كېلىدىغان دەلىل - پاكىتلارنى تېپىشتىن ئىبارەت، خالاس. مۇبادا ئۇلار دەلىل - پاكىتلارنى تاپالمىسا (ئەمەلىيەتتىمۇ شۇنى كۆرسىتىۋاتىدۇ) ھەر خىل شۇبھىلەرنى قوزغايدۇ. ئەگەر ئۇلار شۇبھىلەرنى قوزغاشتىن چارچاپ كەتسە، پۈت تىرەپ تۇرالمايدىغان زەئىپ مەنبەلەردىن ئۆزلىرىنىڭ سۆزلىرىنى پەردازلايدىغان ۋە مۇسۇلمانلار ئامىسىنى قايمۇقتۇرىدىغان نەرسىلەرنى ئويدۇرۇپ چىقىرىدۇ.

مەزكۇر نۇقتىلاردىن بىرى بولسا، بەزى شەرقشۇناسلار مۇسۇلمانلارنىڭ ئىبادىتى پەقەت ﷲتىن قورقۇش ۋە باش ئېگىشتىنلا ئىبارەت بولۇپ، ئۇنىڭدا ﷲنىڭ دوستلۇقىغا ھېچقانداق ئورۇن يوق، ﷲ بولسا مۇسۇلمانلارنىڭ ئېڭىدا پەقەت بويسۇندۇرغۇچى، قەھرى قىلغۇچى ئىلاھ ئۇ مېھرى - شەپقەت، رەھمەت ئىلاھى ئەمەس دەپ جار سېلىشىدۇ.

ئۇلار يەنە: "مۇسۇلمانلار ﷲ بىلەن بولغان رىشتىلىرىدە ئىشقىنى پەقەت سوپىزم تارالغاندىن كېيىن بىلدى. سوپىزم بولسا، مەزكۇر نۇقتىنى ئىسلام دىنىغا يات مەنبەلەردىن ئالغاندى" دېيدۇ.

ئۇلار ئازراق بولسىمۇ ئىنساپ قىلىپ، «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئايەتلىرىگە ۋە ھەدىس شەرىفكە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ، ساھابىلەرنىڭ ۋە ئۇلارغا چىرايلىقچە ئەگەشكەنلەرنىڭ تەرجىمىھاللىرىغا مۇراجىئەت قىلغان، ئىبنى تەيمىيەدەك «ئىبادەت»نىڭ لۇغەت مەنىسىنى تەھلىل قىلىپ كۆرگەن بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە بۇنداق

سەپسەتىلەرنى ئىغىزىغا ئېلىشتىن ئۆزلىرىنى تۇتۇۋالغان بولاتتى. شۇنداقلا، ئىسلامدا «ئىبادەت»نىڭ ﷲقا باش ئېگىش بىلەن بىرگە ﷲنى دوست تۇتۇشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى بىلگەن بولار ئىدى.

مەلۇمكى، سوپىلار ئىلاھىي ئىشقىنى ئىسلام دىنىدىن ئۆزگە بىر مەنبەدىن ئالمىدى. بەلكى، بەزى مۇتەكەللىمىنلەر ئىنساندا ئۆز پەرۋەردىگارىغا ھەقىقىي ئىشق بولمايدۇ دەۋاتقان دەۋردە، سوپىلار ئىشققا نەزەر ئاغدۇرۇپ، ئۇنى تولۇق يېتىلدۇردى ۋە چوڭقۇرلاشتۇردى. چۈنكى، يېڭىدىن پەيدا بولغان نەرسە قەدىمكىنى قانداقمۇ ياخشى كۆرسۇن؟

ساداقەتمەن، زەۋق ۋە روھىي ھېسسىيات ئىگىلىرى بولغانلارنىڭ ئىسلام دىنىدىن يات بىر مەنبەدىن ئىلاھىي مۇھەببەتنى ئېلىشقا نېمە ھاجىتى بولسۇن؟ ھالبۇكى، ئىسلامنىڭ بۇ جەھەتتىكى مۇستەھكەم دەلىللىرى ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا قۇياش نۇرىدەك ئېنىق تۇرسا؟!

بۇ يەردە ئىمام غەززالىينىڭ «گۈللەندۈرۈش» دېگەن ئەسىرىدە ئىنساننىڭ ﷲ ئۈچۈن بولىدىغان مۇھەببىتىنى شەرىئەتنىڭ دەلىللىرى بىلەن ئىسپاتلىغان بايانلىرىنى نەقىل كەلتۈرۈشىمىز يېتەرلىكتۇر. بۇنىڭ بىلەن بىز مۆتىدىل سوپىلارنىڭ «ئىلاھىي ئىشق» ئىدىيىسىنى قەيەردىن ئالغانلىقىنى بىلەلەيمىز. غەززالىي (ﷲ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) مۇنداق دېگەن: «بىلگىنكى، ﷲ ۋە ﷲنىڭ پەيغەمبىرىنى دوست تۇتۇشنىڭ پەرزلىكىگە مۇسۇلمان ئۆلىمالىرى بىرلىككە كەلگەن. يوق نەرسە قانداقمۇ پەرز بولىدۇ؟ ۋەھالەنكى، ئىتائەت مۇھەببەتنىڭ ئەگەشمىسى ۋە نەتىجىسى تۇرسا، قانداقمۇ ئىتائەت دەپ تەپسىر قىلىنىدۇ. مۇھەببەت باشتا كېلىدۇ، ئاندىن كېيىن ئىنسان ئۆزى ياخشى كۆرگەنگە ئىتائەت قىلىدۇ. ﷲ تائالانىڭ مۇنۇ سۆزى مۇھەببەتنىڭ ﷲ ئۈچۈن بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ: ﴿... يُحِبُّهُمْ وَيُحِبُّونَهُ ...﴾ ﴿... ﷲ ئۇلارنى دوست تۇتىدىغان، ئۇلارمۇ ﷲنى دوست تۇتىدىغان ...﴾[1].

مانا بۇ ئايەتلەر مۇھەببەتنىڭ ۋە ئۇنىڭدىكى دەرىجىنىڭ دەلىل - پاكىتىدۇر. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام نۇرغۇنلىغان ھەدىسلەردە ﷲنى ياخشى كۆرۈشنى ئىماننىڭ شەرتلىرى قاتارىدا ھېسابلىدى. ئەبۇ رەزىن ئۇقەيلى (ﷲ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) مۇنداق دېگەن: بىرسى: «ئى رەسۇلۇللاھ، ئىمان دېگەن نېمە؟» دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ﷲ تائالا ۋە ﷲ تائالانىڭ پەيغەمبىرىنى ھەممە نەرسىدىن ئارتۇق سۆيۈش» دەپ جاۋاب بەردى. يەنە بىر ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: «سىلەرنىڭ بىرىڭلار ﷲ

[1] سۈرە مائىدە، 54 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

تائالا ۋە اللە تائالانىڭ پەيغەمبىرىنى ھەممە نەرسىدىن ئارتۇق سۆيمىگۈچە (كامىل) مۇئمىن بولالمايدۇ»؛ «بەندە ئۇچۇن مەن ئۇنىڭ ئائىلىسىدىن، پۇل ـ مېلىدىن ۋە جىمى ئىنسانلاردىن سۆيۈملۈك بولمىغۇچە، (كامىل) مۇئمىن بولالمايدۇ». يەنە بىر رىۋايەتتە «ئۆزىدىن ئارتۇق» دەپ كەلگەن[①].

اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿قُلْ إِن كَانَ آبَاؤُكُمْ وَأَبْنَآؤُكُمْ وَإِخْوَانُكُمْ وَأَزْوَاجُكُمْ وَعَشِيرَتُكُمْ ...﴾ ﴿ئېيتقىنكى، (ئەگەر سىلەرنىڭ ئاتاڭلار، ئوغۇللىرىڭلار، قېرىنداشلىرىڭلار، خوتۇنلىرىڭلار، ئۇرۇغ ـ تۇغقانلىرىڭلار ...﴾[②]. اللە تائالا مەزكۇر ئايەتنى تەھدىت سېلىش ۋە ئىنكار قىلىش تەرىقىسىدە كەلتۈردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ اللەنى دوست تۇتۇشقا بۇيرۇپ مۇنداق دېگەن: «سىلەر اللە تائالانى ئۇنىڭ نېمەتلىرى بىلەن سىلەرنى ئوزۇقلاندۇرىدىغانلىقى ئۇچۇن دوست تۇتۇڭلار، مېنى اللە دوست تۇتقانلىقى ئۇچۇن دوست تۇتۇڭلار»[③]. رىۋايەت قىلىنىشىچە، بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: «ئى رەسۇلۇللاھ مەن سېنى ياخشى كۆرىمەن» دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ كىشىگە: «ئۇنداق بولسا پېقىرچىلىققا تەييارلانغىن» دېگەن. ئۇ كىشى: «مەن اللە تائالانى ياخشى كۆرىمەن» دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنداق بولسا سىناققا تەييارلانغىن» دېگەن[④].

ئۆمەر (اللە بۇ زاتتىن رازى بولسۇن)دىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسئەب ئىبنى ئۇمەيرنىڭ بېلىگە قوچقار تېرىسىدىن كەمەر باغلىۋالغان ھالەتتە كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى ۋە: «اللە قەلبىنى نۇرلاندۇرغان بۇ ئادەمگە قاراڭلار، مەن ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۇنى ئەڭ ياخشى تائام ـ شارابلار بىلەن غىزالاندۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرگەنىدىم. ئۇنىڭ اللە تائالاغا بولغان مۇھەببىتى ئۇنى سىلەر كۆرۈۋاتقان مۇشۇ ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويدى» دېدى[⑤].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ دۇئاسىدا مۇنداق دەيتتى: «ئى اللە، ماڭا دوستلۇقۇڭنى، سېنى دوست تۇتقانلارنىڭ دوستلۇقىنى، سېنىڭ دوستلۇقۇڭغا يېقىنلاشتۇرىدىغان نەرسىلەرنىڭ دوستلۇقىنى ئاتا قىلغىن، سېنىڭ دوستلۇقۇڭنى ماڭا سوغۇق سۇدىنمۇ سۆيۈملۈك قىلغىن»[⑥].

بىر ئەئرابى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن:

---

① مەزكۇر ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

② سۇرە تەۋبە، 24 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

③ تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.

④ تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.

⑤ ئەبۇ نۇئەيم «ھىلىيە» ناملىق كىتابىدا رىۋايەت قىلغان.

⑥ تىرمىزى مۇشۇ لەۋزىگە ئوخشاش ھەدىس رىۋايەت قىلغان.

- ئـى رەسۇلۇللاھ! قىيامەت قاچان بولىدۇ؟ - دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- قىيامەتكە نېمىلەرنى تەييارلىدىڭ؟ - دېدى. ئۇ كىشى:

- مەن ئۇنىڭغا روزىنى كۆپ تۇتۇش، نامازنى كۆپ ئوقۇش ۋە سەدىقىنى كۆپ بېرىش بىلەن تەييارلىق قىلالمىدىم، لېكىن مەن الله تائالا ۋە الله تائالانىڭ رەسۇلىنى ياخشى كۆرىمەن، - دېگەنىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- سەن ياخشى كۆرگەن ئادىمىڭ بىلەن بىللە بولىسەن، - دېدى. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: ”مەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسلامنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن بۇنچىلىك خۇشال بولغىنىنى كۆرمىدىم“[①].

مانا بۇلار ئىسلامدىكى ئىبادەتنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتى بولۇپ، مۇنداق ئىككى ئاساستىن تەركىب تاپقان:

اللهقا مۇتلەق باش ئېگىش بىلەن اللهنى مۇتلەق دوست تۇتۇش.

ئىبنى قەييۇم (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) مۇنداق دېگەن: «ئەسلى ئىبادەت يالغۇز اللهنىلا دوست تۇتۇشنى ۋە بارلىق دوستلۇقنىڭ اللهنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇنىڭ نەتىجىسىدە، ئىنسان اللهتىن ئۆزگىنى دوست تۇتمايدۇ، شۇنداقلا پەقەت الله ئۈچۈن دوست تۇتىدۇ ۋە الله يولىدا دوست تۇتىدۇ».

---

[①] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

# ئۈچىنچى باب

## ئىسلامدا ئىبادەت سورۇنلىرى

1. ئىسلامىي رەۋىشتىكى ئىبادەت سورۇنلىرى.
2. كىم ﷲتىن غەيرىنىڭ يولىغا ئەگىشىدىكەن، ئىبادىتىدە شېرىك كەلتۈرگەن بولىدۇ.
3. پايدىلىق ئىجتىمائىي ئەمگەكلەرمۇ ئىبادەتتۇر.
4. نىيىتىڭنى دۇرۇس قىلغىن، ھاياتىڭنىڭ ھەممىسى ئىبادەتكە ئايلىنىدۇ.
5. ئىبادەت ئىنسان ۋۇجۇدىنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.
6. ئۇبۇدىيەتنىڭ ئەللىك مەرتىۋىسى قەلب بىلەن بەدەنگە تەقسىملەنگەن.
7. قايسى ئىبادەت ئەڭ ئەۋزەل؟

## 1. ئىسلامىي رەۋىشتىكى ئىبادەت سورۇنلىرى

بىز ئىنساننىڭ زېمىندىكى ۋەزىپىسىنىڭ ئىنساننى يارىتىپ، ئۇنى بېجىرىم قىلغان ۋە ئۇنىڭغا نېمەتلەرنى ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن كامالەتكە يەتكۈزۈپ بەرگەن ﷲقا ئىبادەت قىلىش ئىكەنلىكىنى بىلدۇق.

شۇنداقلا، ئىبادەتنىڭ مەنىسىنى ۋە ئۇنىڭ لۇغەتتىكى، شەرىئەتتىكى ماھىيىتىنى تونۇپ يەتتۇق.

ئەمدى بىزگە ئىبادەتنىڭ شەكىللىرىنى، تۈرلىرىنى، كۆرۈنۈشلىرىنى ۋە سورۇنلىرىنى بىلىش قالدى. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ‘‘بىز ﷲ تائالاغا نېمە بىلەن ئىبادەت قىلىمىز’’ دېگەن سوئالنىڭ جاۋابىنى بىلىشكە نۆۋەت كەلدى.

ﷲ تائالا بىزنى ئۆزىگە ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن ياراتتى. يەنى، ﷲ تائالا بىزنى ئۆزىگە مۇتلەق باش ئېگىشىمىز، شۇنداقلا ئۆزىنى مۇتلەق دوست تۇتۇشىمىز ئارقىلىق ئۇ زاتقا ئىتائەت قىلىشىمىز ئۈچۈن ياراتتى. ئۇنداقتا، مۇشۇ ئىتائەت قانداق بولىدۇ؟ قايسى سورۇندا بولۇشى كېرەك؟ مەزكۇر سوئاللارغا جاۋاب بېرىش بىزگە مۇنداق بىر ھەقىقەتنى

ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىدۇ. ئۇ بولسىمۇ، ئىسلامدىكى ئىبادەتنىڭ مەنىسىنىڭ ئۇنىۋېرساللىقى ۋە ئۇنىڭ دائىرىسىنىڭ كەڭرىلىكىدۇر. بۇ ئۇنىۋېرساللىقنىڭ ئىككى ئىپادىسى بار. ئۇلار:

1. ئىبادەتنىڭ دىنىنىڭ ۋە ھاياتنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقى.

2. ئىنسان ۋۇجۇدىنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقى. تۆۋەندە بىز مۇشۇلارنى شەرھلەپ ئۆتىمىز.

## ئىبادەت دىنىنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ

شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە (اللە ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) اللە تائالانىڭ: ﴿يَا أَيُّهَا النَّاسُ اعْبُدُواْ رَبَّكُمُ﴾ ﴿ئى ئىنسانلار! پەرۋەردىگارىڭلارغا ئىبادەت قىلىڭلار﴾[1] دېگەن ئايىتى توغرۇلۇق: "ئىبادەت دېگەن نېمە؟ ئۇنىڭ تارماقلىرىچۇ؟ دىنىنىڭ ھەممىسى ئىبادەت ئىچىگە كىرەمدۇ، يوق؟" دېگەن سوئاللارغا ئۆزىنىڭ «ئۇبۇدىيەت» دېگەن كىتابىدا مۇنداق جاۋاب بەرگەنىدى: «ئىبادەت دېگەن اللە ياخشى كۆرىدىغان ۋە رازى بولىدىغان زاھىرىي ۋە باتىنىي گەپ - سۆزلەر ۋە ئەمەللەرنىڭ ئۇنىۋېرسال نامىدۇر. ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش، روزا تۇتۇش، ھەج قىلىش، راست سۆزلۈك بولۇش، ئامانەتنى جايىغا تاپشۇرۇش، ئاتا - ئانىغا ياخشىلىق قىلىش، سىلە - رەھىم قىلىش، ۋەدىگە ۋاپا قىلىش، ياخشىلىققا بۇيرۇش، يامانلىقتىن توسۇش، كاپىر - مۇناپىقلارغا قارشى جىھاد قىلىش، قولۇم - قوشنا، يېتىم - يېسىر، پېقىر - مىسكىن، يولۇچى - مۇساپىرلار، خىزمەتچى، ئۇلاغ قاتارلىقلارغا ياخشىلىق قىلىش، دۇئا قىلىش، زىكىر - تەسبىھ ئېيتىش، كىتاب مۇتالىئە قىلىش ۋە مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلارنى قىلىشنىڭ ھەممىسى ئىبادەتنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

شۇنداقلا، اللە تائالانى ۋە اللەنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ياخشى كۆرۈش، اللەتىن قورقۇش، اللە تەرەپكە قايتىش، ھەق دىنغا ئېتىقاد قىلىش، اللەنىڭ قازاسىغا سەۋر قىلىش، نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلىش، قازايى قەدەرلىرىگە رازى بولۇش، اللەقا تەۋەككۇل قىلىش، رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىش، ئازابىدىن قورقۇش ۋە مۇشۇ قاتارلىقلار ھەم ئىبادەتنىڭ جۈملىسىدىندۇر».

دېمەك، بىز يۇقىرىقىلاردىن ئىبنى تەيمىيە ئىزاھلىغاندەك، ئىبادەتنىڭ دائىرىسىنىڭ چەكسىزلىكىنى بىلىمىز. ئىبادەت ناماز ئوقۇش، روزا تۇتۇش، زاكات بېرىش، ھەج قىلىشتىن ئىبارەت پەرزلەرنى ۋە رۇكۇنلارنى، ئاندىن ئۇلاردىن باشقا زىكىر - تىلاۋەت،

---

[1] سۈرە بەقەرە، 21 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

دۇئا قىلىش، ئىستىغپار ئېيتىش، تەسبىھ ئېيتىش، تەكبىر ئېيتىش، ﷲقا ھەمدۇسانا ئېيتىشتىن ئىبارەت نەپلە تۈردىكى ئىشلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

شۇنداقلا، ئىبادەت ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىش، سىلە ـ رەھىم قىلىش، يېتىم ـ يېسىرلار، پېقىر ـ مىسكىنلەر، يولۇچى ـ مۇساپىرلارغا ياخشىلىق قىلىش، ئاجىزلارغا رەھىمدىل بولۇش، ھايۋانلارغا مۇلايىملىق قىلىش، ئىنسانلارغا گۈزەل مۇئامىلىدە بولۇش ۋە ئىنسانلارنىڭ ھەق ـ ھوقۇقلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

يەنە راست سۆزلۈك بولۇش، ئامانەتكە خىيانەت قىلماسلىق، ۋەدىگە ۋاپا قىلىش ۋە ئۇلاردىن باشقا ئېسىل ئەخلاقلاردىن بولغان گۈزەل ۋە ئىنسانىي پەزىلەتلەرنىڭ ھەممىسىنى ھەم ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

يەنە ﷲ تائالانى ۋە ﷲنىڭ پەيغەمبىرىنى دوست تۇتۇش، ﷲتىن قورقۇش، ﷲ تەرەپكە قايتىش، ھەق دىنغا ئېتىقاد قىلىش، ﷲنىڭ قازاسىغا سەۋر قىلىش، نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلىش، قازايى قەدەرگە رازى بولۇش، ﷲقا تەۋەككۇل قىلىش، رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىش، ئازابىدىن قورقۇشتىن ئىبارەت بىز «رەببانىي ئەخلاق» دەپ ئاتايدىغان ئىشلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئاخىرىدا، دىنىنىڭ بىر پۈتۈن چېگراسى بولغان ئىككى بۈيۈك پەرز، يەنى ياخشىلىققا بۇيرۇش ۋە يامانلىقتىن توسۇش، ﷲ يولىدا مۇناپىق ـ كاپىرغا قارشى جىھاد قىلىشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئىبادەت يەنە ئىنسانلارنىڭ ماددىي ھاياتىدا ئىنتايىن زور ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان بىر ئىشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇنى ئىبنى تەيمىيە مەزكۇر ئەسىرىدە بايان قىلغان بولۇپ، ئۇ بولسىمۇ، سەۋەب قىلىش ۋە ﷲنىڭ ئالەم ئۈستىگە بەرپا قىلغان قانۇنىيەتلەرگە رىئايە قىلىشتۇر. ئىبنى تەيمىيە (ﷲ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) مۇنداق دېگەن: «ﷲ تائالا بەندىلىرىنى قىلىشقا بۇيرىغان سەۋەبلەرنىڭ ھەممىسى ئىبادەتتۇر».

ئىبادەتنىڭ تۈرلىرى ئىبنى تەيمىيە بايان قىلغان ئىشلاردىنمۇ كۆپتۇر. دەرۋەقە، دىنىنىڭ ھەممىسى ئىبادەت ئىچىگە كىرىدۇ. چۈنكى، دىن باش ئېگىش ۋە بويسۇنۇش دېگەننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مانا بۇ بايانلار بىلەن دىنىنىڭ مەنىسى، ئىبادەتنىڭ لۇغەتتىكى ۋە شەرئەتتىكى مەنىسى بىرلىشىدۇ.

## ئىبادەت ھاياتنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ

ئىمام ئىبنى تەيمىيە ئېيتقاندەك، دىنىنىڭ ھەممىسىنىڭ ئىبادەت ئىكەنلىكىنى، دىنىنىڭ ئىنسانلارنىڭ ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ھاياتلىق مېتودىنى سىزىپ بېرىش، ئىلاھىي

مېتودىنىڭ يېتەكلىشى ئاستىدا ئىنسانىنىڭ مەسلەكلىرىنى ۋە ئالاقە ـ مۇناسىۋەتلىرىنى بەلگىلەپ بېرىش ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى چۈشەنسەك، ئىبادەتنىڭ ھاياتنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك، ھاجەت قىلىشتىن باشلاپ دۆلەت قۇرۇش، سىياسەت يۈرگۈزۈش، ئىقتىساد باشقۇرۇش، پۇل ـ مۇئامىلە ئىشلىرى، جازا يۈرگۈزۈش، تىنچلىقتا ۋە ئۇرۇش ھالىتىدە دۆلەتلەر ئارا بولىدىغان مۇناسىۋەتلەرگىچە بولىدىغان ئىشلارنىمۇ ھەم تەرتىپكە سالىدىغانلىقىنى بىلەلەيمىز.

بىز «قۇرئان كەرىم»دە اللە تائالانىڭ مۆئمىن بەندىلىرىگە تەكلىپىي ئەمىرلەر ۋە شەرئىي ئەھكاملار بىلەن خىتاب قىلىدىغانلىقىنى ئۇچرىتىمىز. مەزكۇر ئەھكاملار ھاياتنىڭ ھەر خىل تەرەپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بەقەرە سۈرىسىدە بىر ئىبارە بىلەن كەلگەن بىر قانچە تەكلىپىي ئەھكاملارنى ئۇچرىتىمىز. اللە تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ كُتِبَ عَلَيْكُمُ الْقِصَاصُ﴾ «ئى مۆئمىنلەر! ئۆلتۈرۈلگەنلەر ئۈچۈن قىساس ئېلىش سىلەرگە پەرز قىلىندى»[1]؛ ﴿كُتِبَ عَلَيْكُمْ إِذَا حَضَرَ أَحَدَكُمُ الْمَوْتُ إِن تَرَكَ خَيْرًا الْوَصِيَّةُ لِلْوَالِدَيْنِ وَالأقْرَبِينَ بِالْمَعْرُوفِ حَقًّا عَلَى الْمُتَّقِينَ﴾ «ئەگەر سىلەردىن بىرىڭلەن ئۆلۈش ئالدىدا كۆپ مال قالدۇرسا، ئۇنىڭ ئانا-ئانىسىغا ۋە خىش-ئەقرىبالىرىغا ئادىللىق بىلەن ۋەسىيەت قىلىشى تەقۋادارلارنىڭ ئۆتەشكە تېگىشلىك بۇرچى سۈپىتىدە پەرز قىلىندى»[2]؛ ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ كُتِبَ عَلَيْكُمُ الصِّيَامُ كَمَا كُتِبَ عَلَى الَّذِينَ مِن قَبْلِكُمْ لَعَلَّكُمْ تَتَّقُونَ﴾ «ئى مۆئمىنلەر! (گۇناھلاردىن) ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرگە (يەنى ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرگە) روزا پەرز قىلىنغاندەك، سىلەرگىمۇ (رامىزان روزىسى) پەرز قىلىندى»[3]؛ ﴿كُتِبَ عَلَيْكُمُ الْقِتَالُ وَهُوَ كُرْهٌ لَّكُمْ وَعَسَى أَن تَكْرَهُواْ شَيْئًا وَهُوَ خَيْرٌ لَّكُمْ﴾ «سىلەرگە جىھاد پەرز قىلىندى، ھالبۇكى سىلەر ئۇنى ياقتۇرمايسىلەر، سىلەر بىرەر نەرسىنى ياقتۇرماسلىقىڭلار مۇمكىن، ئەمما ئۇ سىلەر ئۈچۈن پايدىلىقتۇر»[4].

قىساس ئېلىش، ۋەسىيەت قالدۇرۇش، روزا تۇتۇش، ئۇرۇش قىلىشتىن ئىبارەت بۇ ئەھكاملار اللە تائالا تەرىپىدىن ئۆزىنىڭ بەندىلىرىگە پەرز قىلىنغان. شۇڭلاشقا، ئۇلار شۇ ئەھكاملارنىڭ تەلىپى بويىچە ئۇلارنى ئىجرا قىلىش ئاساسىدا ئىبادەت قىلىشلىرى كېرەك.

[1] سۈرە بەقەرە، 178 ـ ئايەت.
[2] سۈرە بەقەرە، 180 ـ ئايەت.
[3] سۈرە بەقەرە، 183 ـ ئايەت.
[4] سۈرە بەقەرە، 216 ـ ئايەت.

مەزكۇر بايانلار بىلەن بەزى مۇسۇلمانلار بىلمەي كېلىۋاتقان ئىنتايىن مۇھىم بىر ھەقىقەت نامايان بولىدۇ. بەزى مۇسۇلمانلار «ئىبادەت» كەلىمىسى تىلغا ئېلىنسا، ئۇنىڭدىن پەقەت ناماز ئوقۇش، روزا تۇتۇش، زاكات بېرىش، ھەج ـ ئۆمرە قىلىش، شۇنىڭدەك دۇئا ۋە زىكىر ـ تەسبىھلەرنىلا چۈشىنىدۇ. ئىبادەتنى ئەدەب ـ ئەخلاقتا ياكى قانۇن ـ تۈزۈملەرگە ۋەياكى ئۆرپ ـ ئادەتلەرگىمۇ مۇناسىۋەتلىك دەپ ئويلىمايدۇ.

دېمەك، ئىبادەت كۆپىنچە مۇسۇلمانلارنىڭ ئېڭىغا سىڭىپ قالغاندەك، دۇئا قىلىش، ناماز ئوقۇش، روزا تۇتۇش، ھەج قىلىش ۋە شۇلار بىلەن بىرگە قۇرئان تىلاۋەت قىلىش، زىكىر ـ تەسبىھ ۋە تەۋبە ـ ئىستىغپار ئېيتىش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت ئەمەس. شۇنداقلا، كۆپىنچە دىندارلارمۇ مۇشۇ تائەت ـ ئىبادەتلەرنى قىلسىلا ئاللاھنىڭ ھەققىنى ۋە «ئۇبۇدىيەت»نىڭ تەلەپلىرىنى تولۇق ئادا قىلدۇق دەپ ئويلايدۇ.

دەرۋەقە، مەزكۇر پەرز ۋە رۇكۇنلارنىڭ ئىسلام دىنىنى بەرپا قىلىشتا ئىنتايىن مۇھىم ئورنى ۋە ئەھمىيىتى بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار پەقەت ئىبادەتنىڭ بىر قىسمىدۇر. ئۇلار ئاللاھ تائالا بەندىلىرىدىن كۈتىدىغان ئىبادەتنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ.

دەرھەقىقەت، ئاللاھ تائالا ئىنساننى ئىبادەت ئۈچۈن ياراتقان، ئۇنى ھاياتتىكى مەقسەت ـ غايىسى ۋە زېمىندىكى ۋەزىپىسى قىلغان بولۇپ، شۇڭا ئىبادەتنىڭ دائىرىسى ئىنتايىن كەڭدۇر. بىلىش كېرەككى، ئىبادەت ئىنسان پائالىيەتلىرىنىڭ ۋە ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

## ئىبادەت ئاللاھنىڭ يولىغا ۋە شەرىئىتىگە بويسۇنۇشتۇر

ئىنساننىڭ يەككە ـ يېگانە ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىشىنىڭ تەلىپى بولسا، ئىنسان ئۆزىنىڭ ئېتىقادى، گەپ ـ سۆزلىرى ۋە ئەمەللىرىدىن ئىبارەت ھايات پائالىيەتلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئاللاھقا بويسۇندۇرۇشى، شۇنداقلا ھايات مەسىلىلىرىنى ئاللاھنىڭ ھىدايىتىگە ۋە شەرىئىتىگە ئۇيغۇن كەلگەن ھالدا ئېلىپ بېرىشى كېرەك. ئەگەر ئاللاھ تائالا ئىنساننى بىر ئىشقا بۇيرىسا، يا بىر ئىشتىن توسسا، يا بىر نەرسىنى ھالال ھارام قىلسا، ئىنساننىڭ ئۇلارغا تۇتىدىغان پوزىتسىيىسى ئاللاھنىڭ مۇنۇ ئايىتىدە كۆرسىتىلگەندەك بولۇشى لازىم: ﴿وَقَالُواْ سَمِعْنَا وَأَطَعْنَا غُفْرَانَكَ رَبَّنَا وَإِلَيْكَ الْمَصِيرُ﴾ ﴿ئۇلار: ‹بىز (دەۋىتىڭنى) ئاڭلىدۇق ۋە

(ئەمرىڭگە) ئىتائەت قىلدۇق، پەرۋەردىگارىمىز، مەغفىرىتىڭنى تىلەيمىز، ئاخىر يانىدىغان جايىمىز سېنىڭ دەرگاھىڭدۇر› دېدۇ﴾[1].

مۇئمىنىنىڭ باشقىلاردىن پەرقلىنىدىغان يېرى شۇكى، ئۇ ئۆزىگە ۋە مەخلۇقاتلارغا چوقۇنۇشتىن ئۆزىنىڭ پەرۋەردىگارى اللهقا ئىبادەت قىلىشقا، ئۆزىنىڭ ھاۋايى ـ ھەۋەسىگە ئەگىشىشتىن الله تائالانىڭ ئىتائىتىگە ئاتلىنىدۇ. ئۇ كۆڭلى نېمىنى تارتسا، شۇنى قىلىدىغان ياكى يايلاقتا قويۇۋېتىلگەن، باشقىلارنىڭ ھەۋەسلىرىنى قاندۇرىدىغان «ھايۋان» ئەمەس. بەلكى، مۇئمىن ئادا قىلىشقا تېگىشلىك بىر ئەھدىگە، ھۆرمەت قىلىشقا تېگىشلىك بىر توختامغا، ئىتائەت قىلىش پەرز بولغان بىر يولغا باغلانغان بولۇپ، بۇ ئىمان ۋە ئۇنىڭ تەلەپ ـ تەقەززالىرىدىن كېلىپ چىققان نورمال بىر باغلىنىشتۇر.

ئىمانىنىڭ تەلىپى بولسا، ئىنساننىڭ ھاياتىنىڭ ئارغامچىسىنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ باشلىشى ۋە ئىلاھىي ۋەھيىنىڭ يېتەكلەپ مېڭىشى ئۈچۈن تاپشۇرۇشتىن ئىبارەت.

بۇ ئىمانىنىڭ تەلىپى بولسا، الله تائالا: «مەن بۇيرۇدۇم ۋە توستۇم» دېدۇ. مۇئمىن: «ئاڭلايمەن ۋە ئىتائەت قىلىمەن» دېدۇ.

بۇ ئىمانىنىڭ تەلىپى بولسا، ئىنسان ئۆزىنىڭ ھاۋايى ـ ھەۋەسلىرىدىن قۇتۇلۇپ، پەرۋەردىگارىنىڭ شەرىئىتىگە بويسۇنىدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿وَمَا كَانَ لِمُؤْمِنٍ وَلَا مُؤْمِنَةٍ إِذَا قَضَى اللَّهُ وَرَسُولُهُ أَمْرًا أَن يَكُونَ لَهُمُ الْخِيَرَةُ مِنْ أَمْرِهِمْ وَمَن يَعْصِ اللَّهَ وَرَسُولَهُ فَقَدْ ضَلَّ ضَلَالًا مُّبِينًا﴾ ﴿الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىرەر ئىشتا ھۆكۈم چىقارغان چاغدا، ئەر ـ ئايال مۇئمىنلەرنىڭ ئۆز ئىشىدا ئىختىيارلىقى بولمايدۇ (يەنى الله ۋە اللهنىڭ پەيغەمبىرى بىرەر ئىشتا ھۆكۈم چىقارغانىكەن، ھېچ ئادەمنىڭ ئۇنىڭغا مۇخالىپەتچىلىك قىلىشىغا بولمايدۇ). كىمكى اللهقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئاسىيلىق قىلسا، ھەقىقەتەن ئۇ ئوپئوچۇق ئازغان بولىدۇ﴾[2]؛ ﴿إِنَّمَا كَانَ قَوْلَ الْمُؤْمِنِينَ إِذَا دُعُوا إِلَى اللَّهِ وَرَسُولِهِ لِيَحْكُمَ بَيْنَهُمْ أَن يَقُولُوا سَمِعْنَا وَأَطَعْنَا وَأُولَٰئِكَ هُمُ الْمُفْلِحُونَ﴾ ﴿(پەيغەمبەر) مۇئمىنلەرنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈن، ئۇلار اللهقا ۋە اللهنىڭ پەيغەمبىرىگە چاقىرىلغان چاغدا، ئۇلار: ‹ئاڭلىدۇق ۋە ئىتائەت قىلدۇق› دېيىشلىرى كېرەك. مانا شۇنداق كىشىلەر مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر﴾[3].

[1] سۈرە بەقەرە، 285 ـ ئايەت.
[2] سۈرە ئەھزاب، 36 ـ ئايەت.
[3] سۈرە نۇر، 51 ـ ئايەت.

دېمەك، ناماز ئوقۇيمەن، روزا تۇتىمەن، ھەج قىلىمەن، لېكىن مەن چوشقا گۆشى يېيىش، ھاراق ئىچىش، جازانە يېيىش ياكى شەرىئەت ئەھكاملىرىدىن كۆڭلۈمگە ياقمايدىغانلىرىنى رەت قىلىش، الله نازىل قىلمىغان ھۆكۈملەر بىلەن ھۆكۈم قىلىشتا ئۆز ئەركىنلىكىم بار دەيدىغان ئادەم ئابىد ھېسابلانمايدۇ. شۇنداقلا، الله ئۈچۈن تائەت - ئىبادەتلەرنى ئادا قىلىپ، ئەمما ئۆزى ۋە ئائىلىسىدىكىلەر يىپەك كىيىملەرنى كىيىپ، ئالتۇن ئېسىپ، ئاياللارغا ئوخشاش ياسىنىپ، ئاياللار بولسا، ئۆزلىرىنىڭ پىتنە بولىدىغان يەرلىرىنى ئېچىپ، بەدىنىنى ئورىماي، ياغلىق ئارتماي، ئىسلامنىڭ ئەدەب - قائىدىلىرىگە زىت يۈرىدىغانلارمۇ ئابىد بولمايدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئۆزىنىڭ ھاۋايى - ھەۋەسلىرىگە ياكى ئىنسانلاردىن ئۆز نەپسلىرىگە قۇل بولۇپ كەتكەنلەرگە ئەگىشىش ئەركىنلىكىم بار دەپ ئويلايدىغان كىشى ئابىد ئەمەس، ئەلۋەتتە.

## 2. كىم اللەتىن غەيرىنىڭ يولىغا ئەگىشىدىكەن، ئىبادىتىدە شېرىك كەلتۈرگەن بولىدۇ

كۆپىنچە كىشىلەر بىلمەيدىغان، ئەمما ئىبادەتنىڭ جۈملىسىدىن بولغان بىر ئىش باركى، ئۇ بولسىمۇ الله تائالانىڭ شەرىئىتىگە ۋە ئۇ زاتنىڭ ھالالنى ھالال، ھارامنى ھارام قىلغان، پەرزلەرنى پەرز قىلغان ۋە شەرئىي جازالارنى بەلگىلىگەن ئەھكاملىرىغا بويسۇنماسلىقتۇر.

ئىنسان مەيلى تائەت - ئىبادەتلەرنى قىلسۇن، ناماز ئوقۇسۇن، روزا تۇتسۇن، ھەج - ئۆمرە قىلسۇن، لېكىن خۇسۇسىي ۋە ئومۇمىي ياكى جەمئىيەت ۋە دۆلەت ئىشلىرىدا اللەنىڭ شەرىئىتىدىن غەيرى بىلەن ھۆكۈم چىقىرىشقا رازى بولىدىكەن، اللەتىن غەيرىگە ئىبادەت قىلغان، اللەتىن غەيرىگە اللەنىڭ ھەققىنى بەرگەن بولىدۇ.

بىلىش كېرەككى، يالغۇز الله تائالا بەندىلىرى ئۈستىدىن ھۆكۈم چىقىرىدۇ. چۈنكى، ئالەم ئۇنىڭ مۈلكىدۇر. ئىنسانلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ بەندىلىرى. شۇڭلاشقا، رۇبۇبىيەت، پادىشاھلىق ۋە ئۇلۇھىيەتنىڭ تەقەززاسى بويىچە يەككە - يېگانە بۇيرۇق قىلىش ۋە توسۇش، ماۋۇ ھالال، ماۋۇ ھارام دېيىش مۇتلەق شۇ زاتنىڭ ھەققىدۇر. چۈنكى، ئۇ زات ئىنسانلارنىڭ پەرۋەردىگارى، پادىشاھى ۋە ئىلاھىدۇر.

ئىنسانلاردىن كىم اللەنىڭ ئىجازىتىسىز مېنىڭ بۇيرۇق قىلىش، توسۇش، ھالال قىلىش ۋە ھارام قىلىش ھوقۇقۇم بار دەپ دەۋا قىلىدىكەن، ھەددىدىن ئاشقان بولىدۇ. ئۆزى بىلىپ - بىلمەي ئۆزىنى پەرۋەردىگار ياكى ئىلاھ قىلىۋالغان بولىدۇ.

كىم ئاشۇنداق ئادەمنى ئېتىراپ قىلىپ، ئۇنىڭ قانۇن ـ تۈزۈملىرىگە ۋە تۈتقان يولىغا رازى بولۇپ، ئۇ ھالال قىلغىنىنى ھالال، ھارام قىلغىنىنى ھارام قىلىدىكەن، ئۇنى ئۆزىگە پەرۋەردىگار قىلىۋالغان، ئۇنىڭغا اﷲقا قوشۇپ ئىبادەت قىلغان ياكى اﷲسىز ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلغان بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇنداق ئىنسان بىلىپ ـ بىلمەي مۇشرىكلارنىڭ جۈملىسىگە كىرىپ كېتىدۇ.

اﷲ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە ئەھلى كىتابنى اﷲقا شېرىك كەلتۈرۈش بىلەن قاتتىق ئەيىبلىدى. ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ ھىبرىلىرى ۋە راھىبلىرىغا چوقۇنۇپ، ئۇلارنى مەبۇد قىلىۋالدى دەپ كايىدى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ راھىبلىرى اﷲ ئىجازەت قىلمىغان ئىشلاردا ئۇلارغا شەرىئەت چىقىرىپ بەرسە، ئۇلار ئۇلارغا ئىتائەت قىلدى ۋە ئەگەشتى. اﷲ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿اتَّخَذُواْ أَحْبَارَهُمْ وَرُهْبَانَهُمْ أَرْبَابًا مِّن دُونِ اللّهِ وَالْمَسِيحَ ابْنَ مَرْيَمَ وَمَا أُمِرُواْ إِلاَّ لِيَعْبُدُواْ إِلَهًا وَاحِدًا لاَّ إِلَهَ إِلاَّ هُوَ سُبْحَانَهُ عَمَّا يُشْرِكُونَ﴾ ﴿ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھىبرىلىرىنى راھىبلىرىنى (يەھۇدىيلار بىلەن ناسارالارنىڭ دىنىي باشلىقلىرىنى، ئۆلىمالىرىنى) ۋە مەريەم ئوغلى مەسىھنى مەبۇد قىلىۋالدى. (ھالبۇكى) ئۇلار (پەيغەمبەرلەر ئارقىلىق) پەقەت بىر ئىلاھقا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلغانىدى. ئۇنىڭدىن باشقا (يەنى ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى اﷲتىن باشقا) ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، اﷲ ئۇلارنىڭ شېرىك كەلتۈرگەنلىكلىرىدىن پاكتۇر﴾[1].

مەزكۇر ئايەتنى پەرۋەردىگارنىڭ مەقسەت ـ مۇرادىنى ئەڭ ياخشى بىلىدىغان، ئۆز ھاۋايى ـ ھەۋەسىدىن سۆزلىمەيدىغان، اﷲ تائالا «قۇرئان كەرىم»نى ئىنسانلارغا بايان قىلىپ بەرسۇن، ئۇلار پىكىر قىلىپ ۋەز ـ نەسىھەت ئالسۇن دەپ نازىل قىلغان زات مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق تەپسىر قىلغانىدى. بىز ئۇ زاتنىڭ تەپسىرىگە نەزەر سالايلى:

ئىمام ئەھمەد، ئىمام تىرمىزى ۋە ئىمام ئىبنى جەرىر (اﷲ ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن) قاتارلىقلار بىر قانچىلىغان رىۋايەت يوللىرى ئارقىلىق ئەدىي ئىبنى ھاتەم (اﷲ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن)دىن مۇنداق نەقىل قىلىدۇ: ئەدىيگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتى يەتكەندە، ئۇ شامغا قېچىپ كەتتى. ئۇ جاھىلىيەت دەۋرىدە خرىستىيان بولغانىدى. كېيىن ئۇنىڭ قىز قېرىندىشى ۋە قەۋمى ـ جامائىتىدىن بىر تۈركۈم كىشىلەر ئەسىرگە چۈشۈپ قالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ قىز قېرىندىشىغا ئىلتىپات كۆرسىتىپ، ئۇنى قويۇۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئاكىسىنىڭ يېنىغا قايتىپ كەلدى. ئاندىن ئۇ ئاكىسىنى ئىسلام دىنىغا كىرىشكە ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا

---

[1] سۈرە تەۋبە، 31 ـ ئايەت.

بىرىشقا تەرغىب قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، ئەدىي مەدىنىگە كەلدى (ئۇ ئۆز قەۋمىنىڭ ئاقساقىلى ئىدى، دادىسىمۇ سېخىيلىق بىلەن داڭق چىقارغان ھاتەم تائىي ئىدى). كىشىلەر ئۇنىڭ كەلگەنلىكى ھەققىدە پاراڭ قىلىشتى. ئاندىن ئۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا بويىنىدا كۈمۈشتىن ياسالغان كرېست ئېسىقلىق ھالدا كىرىپ كەلدى. ھالبۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنۇ ئايەتنى ئوقۇۋاتاتتى: ﴿اتَّخَذُواْ أَحْبَارَهُمْ وَرُهْبَانَهُمْ أَرْبَابًا مِّن دُونِ اللّهِ وَالْمَسِيحَ ابْنَ مَرْيَمَ وَمَا أُمِرُواْ إِلاَّ لِيَعْبُدُواْ إِلَهًا وَاحِدًا لاَّ إِلَهَ إِلاَّ هُوَ سُبْحَانَهُ عَمَّا يُشْرِكُونَ﴾ ﴿ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھىبرلىرىنى راھىبلىرىنى (يەھۇدىيلار بىلەن ناسارالارنىڭ دىنىي باشلىقلىرىنى، ئۆلىمالىرىنى) ۋە مەريەم ئوغلى مەسىھنى مەبۇد قىلىۋالدى. (ھالبۇكى) ئۇلار (پەيغەمبەرلەر ئارقىلىق) پەقەت بىر ئىلاھقا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلغانىدى. ئۇنىڭدىن باشقا (يەنى ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى اللەتىن باشقا) ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، الله ئۇلارنىڭ شېرىك كەلتۈرگەنلىرىدىن پاكتۇر﴾[1]. ئەدىي مۇنداق دەيدۇ: مەن: «ئۇلار ئۇلارغا چوقۇنمىدىغۇ» دېسەم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ياق، ئۇنداق ئەمەس، ئۇلار كىشىلەرگە ھالالنى ھارام، ھارامنى ھالال قىلىپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر ئۇلارغا ئەگەشتى، مانا بۇ كىشىلەرنىڭ ئۇلارغا چوقۇنغانلىقىدۇر» دېدى.

ئىبنى كەسىر (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) ئۆزىنىڭ تەپسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «يۇقىرىقىغا ئوخشاشلا ھۇزەيفە ئىبنى يەمانى، ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس ۋە باشقىلارمۇ مەزكۇر ئايەتنى: كىشىلەر راھىبلارنىڭ ھالال ۋە ھارام قىلىپ بەرگەن نەرسىلىرىگە ئەگەشكەن دەپ تەپسىر قىلغان».

سۇددىي (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) مۇنداق دەيدۇ: ئۇلار كىشىلەرگە نەسىھەت قىلدى، بىراق، اللەنىڭ كىتابىنى كەينىلىرىگە چۆرىۋەتتى. شۇڭلاشقا، الله تائالا مۇنداق دېدى: ﴿اتَّخَذُواْ أَحْبَارَهُمْ وَرُهْبَانَهُمْ أَرْبَابًا مِّن دُونِ اللّهِ وَالْمَسِيحَ ابْنَ مَرْيَمَ وَمَا أُمِرُواْ إِلاَّ لِيَعْبُدُواْ إِلَهًا وَاحِدًا لاَّ إِلَهَ إِلاَّ هُوَ سُبْحَانَهُ عَمَّا يُشْرِكُونَ﴾ ﴿ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھىبرلىرىنى راھىبلىرىنى (يەھۇدىيلار بىلەن ناسارالارنىڭ دىنىي باشلىقلىرىنى، ئۆلىمالىرىنى) ۋە مەريەم ئوغلى مەسىھنى مەبۇد قىلىۋالدى. (ھالبۇكى) ئۇلار (پەيغەمبەرلەر ئارقىلىق) پەقەت بىر ئىلاھقا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلغانىدى. ئۇنىڭدىن باشقا (يەنى ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى اللەتىن باشقا) ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، الله ئۇلارنىڭ شېرىك كەلتۈرگەنلىكلىرىدىن پاكتۇر﴾[2].

---

[1] سۈرە تەۋبە، 31 ـ ئايەت.

[2] سۈرە تەۋبە، 31 ـ ئايەت.

## 3. پايدىلىق ئىجتىمائىي ئەمگەكلەرمۇ ئىبادەتتۇر

ئىسلام دىنى ئىبادەت سورۇنلىرىنى ۋە ئۇنىڭ دائىرىسىنى تېخىمۇ كېڭەيتتى. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر ئىسلام دىنى ئىبادەت ۋە الله تائالاغا يېقىنلىشىش قاتارىدا ھېسابلىمايدۇ دەپ ئويلايدىغان، ئىنسان ئەقلىگە كەلمەيدىغان نۇرغۇنلىغان ئىشلارنى ئىبادەت جۈملىسىدىن قىلدى.

ئىسلام دىنى كىشىلەرنىڭ ماختىنىشىنى كۆزلىمىگەن ۋە ساختا نام قازىنىشنى نىيەت قىلمىغان ھەرقانداق بىر كىشىنىڭ دۇرۇس نىيەت بىلەن قىلغان ھەرقانداق بىر ئىجتىمائىي ئەمگىكىنىمۇ ئەڭ ئەۋزەل ئىبادەتلەر جۈملىسىدىن سانايدۇ. ئىنسان خالىس، ساپ نىيەت بىلەن بىرەر پەرىشاننىڭ يېشىنى سۈرتۈپ قويسا، يا خاپىلىقتا قالغاننىڭ قىيىنچىلىقىنى يەڭگىللەتسە، يا ياردارنى تېڭىپ قويسا، يا بىرەرنىڭ قورسىقىنى تويغۇزۇپ قويسا، يا زۇلۇمغا ئۇچرىغانغا ياردەم بەرسە، يا بىرەر كىشىدىن دىشۋارچىلىقنى كۆتۈرۈۋەتسە، يا بىرەر قەرزدارنىڭ قەرزىنى تۆلىۋەتسە، يا نومۇسچان پېقىر - مىسكىنگە يار - يۆلەكتە بولسا، يا يولدىن ئېزىپ قالغانغا يول كۆرسىتىپ قويسا، يا بىرەر بىلمىسىزگە ئىلىم ئۆگەتسە، يا بىرەر مۇساپىرغا جاي بەرسە، يا بىرەر كىشىدىن يامانلىقنى دەپئى قىلسا، يا يولدىن كىشىلەرگە زەرەر يەتكۈزىدىغان بىرەر نەرسىنى ئېلىۋەتسە ياكى جان ئىگىسى بولغان ھەر قانداق بىر مەخلۇققا پايدا يەتكۈزسە، بۇلارنىڭ ھەممىسى تائەت - ئىبادەت ھېسابلىنىدۇ.

مۇشۇ تۆردىكى نۇرغۇن ئىشلار ئىسلام دىنىدا الله تائالاغا ئىبادەت قىلىشنىڭ ۋە ئىماننىڭ بىر تارمىقى، الله تائالانىڭ دەرگاھىدا ساۋابقا ئېرىشتۈرىدىغان ئەمەللەر دەپ قارىلىدۇ.

مۇسۇلماننىڭ ناماز ئوقۇشى، روزا تۇتۇشى ۋەياكى زىكىر - تەسبىھ ئېيتىشىلا ئىنسان ئۈچۈن ئىبادەت دەپ يېزىلمايدۇ ياكى قانداقتۇر الله تائالانىڭ دەرگاھىدا مۇشۇ ئىبادەتلەرگىلا ئەجىر بېرىلىدۇ دەپ قارالمايدۇ. مۇسۇلمان بىر كۈندە ئۆزىنىڭ ئىبادەت ۋە ياخشىلىق مىزانىغا، گەرچە مۇسۇلماننىڭ نەزىرىدە ئانچە قىممىتى يوق دەپ قارالسىمۇ، لېكىن الله تائالانىڭ نەزىرىدە قىممىتى بار بولغان نۇرغۇنلىغان ساۋابلىق، بەرىكەتلىك ئىشلارنى قوبالايدۇ. شۇلارنىڭ جۈملىسىدىن بولغان ئىشلاردىن بىرى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئارازلىشىپ قالغانلارنىڭ ئوتتۇرىسىنى ئىسلاھ قىلىپ قويۇش توغرۇلۇق سۆزلەپ بەرگەن ھەدىسى بولۇپ، ئۇ: «مەن سىلەرگە روزىدىنمۇ، نامازدىنمۇ،

سەدىقىدىنمۇ[1] ئارتۇق ئىشنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟» دېگەندە، ساھابىلەر: «ئېيتىپ بەرگىن» دېگەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ: «ئۇ بولسىمۇ، كىشىلەرنىڭ ئارىسىنى تۈزەشتۇر، ئارىنىڭ بۇزۇلۇشى دىللارنى بىئارام قىلىدۇ» دېگەندى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېسەل يوقلاشنىڭ الله تائالانىڭ دەرگاھىدىكى ئورنىنىڭ يۇقىرىلىقى ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «كىم بىر كېسەلنى يوقلىسا، ئۇنىڭغا ئاسماندىن بىرسى: ‹ئامان بولغىن، سېنىڭ ماڭغان يولۇڭمۇ ئامان بولسۇن، سەن جەننەتتىن بىر ئورۇن ئالدىڭ› دەپ نىدا قىلىدۇ»؛ «كىم بىر كېسەلنى يوقلىسا، ئۇ ئولتۇرغانغا قەدەر رەھمەت ئىچىدە ئۈزۈپ يۈرىدۇ، ئولتۇرسا رەھمەتكە چۆكۈپ كېتىدۇ».

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام قىيامەت كۈنىدىكى الله تائالا بىلەن بەندىلەر ئوتتۇرىسىدا بولىدىغان ئاجايىپ كۆرۈنۈشلەردىن بىرىنى بىزگە بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: «قىيامەت كۈنى الله ئېيتىدۇ: ”ئى ئادەم بالىسى، مەن كېسەل بولدۇم، سەن مېنى يوقلىمىدىڭ“. ئادەم بالىسى: ”ئى پەرۋەردىگارىم، سەن ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى تۇرساڭ، مەن سېنى قانداقمۇ يوقلاي؟“ الله تائالا ئېيتىدۇ: ”بىلمىدىڭمۇ، مېنىڭ پالانى بەندەم كېسەل بولۇپ قالدى، سەن ئۇنى يوقلىمىدىڭ! ئەگەر سەن ئۇنى يوقلىغان بولساڭ، ئەلۋەتتە سەن مېنى ئۇنىڭ يېنىدا تاپقان بولاتتىڭ“. الله تائالا يەنە ئېيتىدۇ: ”ئى ئادەم بالىسى، مەن سېنىڭدىن تاماق سورىدىم، سەن ماڭا تاماق بەرمىدىڭ“. ئادەم بالىسى ئېيتىدۇ: ”ئى پەرۋەردىگارىم، سەن ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى تۇرساڭ، قانداقمۇ ساڭا تاماق بېرەي؟“ الله تائالا ئېيتىدۇ: ”بىلمىدىڭمۇ، پالانى بەندەم سەندىن تاماق تەلەپ قىلدى. سەن ئۇنىڭغا تاماق بەرمىدىڭ، سەن ئەگەر ئۇنىڭغا تاماق بەرگەن بولساڭ، ئەلۋەتتە سەن ئۇنىڭ ساۋابىنى مېنىڭ دەرگاھىمدا تاپقان بولاتتىڭ“. الله تائالا يەنە ئېيتىدۇ: ”ئى ئادەم بالىسى، مەن سەندىن ئۇسسۇزلۇق سورىدىم، سەن ماڭا ئۇسسۇلۇق بەرمىدىڭ“. ئادەم بالىسى ئېيتىدۇ: ”ئى پەرۋەردىگارىم، سەن ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى تۇرساڭ، قانداقمۇ مەن ساڭا ئۇسسۇلۇق بېرەي؟“ الله تائالا ئېيتىدۇ: ”پالانى بەندەم سەندىن ئۇسسۇلۇق سورىغانىدى، سەن ئۇنىڭغا ئۇسسۇزلۇق بەرمىدىڭ، ئەگەر سەن ئۇنىڭغا ئۇسسۇلۇق بەرگەن بولساڭ، ئۇنىڭ ساۋابىنى مېنىڭ دەرگاھىمدا تاپقان بولاتتىڭ“»[2].

ئىمام بۇخارى بىلەن ئىمام مۇسلىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن مۇنداق بىر ھەدىسنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بىر ئادەم يولدا كېتىۋېتىپ ئۇچرىغان تىكەنلىك بىر تال شاخنى يولدىن ئېلىپ تاشلىۋەتتى. الله تائالا ئۇنىڭ بۇ ئەمەلىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنى

---

[1] نەپلە ئىبادەتلەرنى دېمەكچى ــ ت.

[2] مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

مەغپىرەت قىلىدى». مۇسلىم (اللە ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن)نىڭ رىۋايىتىدە مۇنداق كەلگەن: «بىر ئادەم يول ئۈستىدىكى بىر تىكەنلىك شاخنىڭ يېنىدىن ئۆتتى. ئۇ كىشى: ”اللە بىلەن قەسەمكى، بۇنىڭ مۇسۇلمانلارغا ئەزىيەت بەرمەسلىكى ئۈچۈن ئۇنى ئېلىۋېتەي“ دەپ ئېلىۋەتتى. ئۇنىڭ بۇ ئەمىلى قوبۇل قىلىنىپ، جەننەتكە كىردى».

ئەبۇ زەر (اللە ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ماڭا ئۇممىتىمنىڭ ياخشى ـ يامان ئەمەللىرى تونۇغرا قىلىندى، مەن ئۇممىتىمنىڭ ياخشى ئەمەللىرى قاتارىدا يولدىن ئېلىۋېتىلگەن ئەزىيەتنىڭمۇ بارلىقىنى كۆردۈم».

ئىسلام دىنى بۇ ئىشلارنىڭ ياخشىلىقىنى دەپ قويۇپلا بولدى قىلمايدۇ، بەلكى ئۇنى قىلىشقا دەۋەت قىلىدۇ، تەرغىب قىلىدۇ، ئۇنىڭغا بۇيرۇيدۇ، ئۇنى مۇسۇلماننىڭ كۈندىلىك ۋەزىپىسى قىلىدۇ، ھالبۇكى، بۇ ئىشلار ئىنساننى جەننەتكە يېقىنلاشتۇرىدۇ، دوزاختىن يىراقلاشتۇرىدۇ. اللە تائالا ئۇ ئىشلارنى بەزىدە «سەدىقە»، بەزىدە «ناماز» دەپ ئاتايدۇ. قانداقلا بولمىسۇن، ئۇلار ئىنساننى اللە تائالاغا يېقىنلاشتۇرىدىغان تائەت ـ ئىبادەتلەردۇر.

ئەبۇ زەر (اللە ئۇ كىشىدىن رازى بولسۇن) مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن:

ـ ئىنسان دوزاختىن نېمە بىلەن قۇتۇلىدۇ؟ ـ دەپ سورىسام، ئۇ:

ـ اللەقا ئىمان كەلتۈرۈش بىلەن، ـ دېدى. مەن:

ــ ئىمان بىلەن ئەمەل بىللىمۇ؟ ـ دەپ سورىسام، ئۇ:

ــ اللە تائالا ساڭا ئاتا قىلغان نەرسىنى بەرگەيسەن.

ــ ئىنسان پېقىر بولۇپ، بېرىدىغانغا بىر نەرسىسى بولمىسىچۇ؟

ــ ياخشىلىققا بۇيرۇيدۇ، يامانلىقتىن توسىدۇ.

ــ ياخشىلىققا بۇيرىيالماي، يامانلىقتىن توسالماي قالسىچۇ؟

ــ ھۈنەرسىزگە ھۈنەر ئۆگىتىپ قويۇشقا ياردەملەشسۇن.

ــ بۇنىمۇ قىلالمىسىچۇ؟

ــ مەزلۇمغا ياردەم بەرسۇن.

ــ ئۇ ئاجىز بولۇپ، مەزلۇمغىمۇ ياردەم بېرەلمىسىچۇ؟

ــ سەن قېرىندىشىڭغا بىرەر ياخشىلىق قالدۇرماسەن؟ ئۆزىنىڭ يامانلىقىنى كىشىلەردىن يىغسۇن.

ــ ئى رەسۇلۇللاھ مۇشۇ ئىشلارنى قىلسا جەننەتكە كىرەمدۇ؟

ــ ھەرقانداق بىر مۇئمىن مۇشۇ خىسلەتلەردىن بىرىنى تەلەپ قىلىدىكەن، ئۇ خىسلەت ئۇنى جەننەتكە كىرگۈزىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇشۇنداق روھ بىلەن ھەربىر مۇسۇلماننى (گەرچە قىلىش كۈچى چەكلىك بولسىمۇ) مۇشۇنداق ئىبادەتلەرنى قىلىشقا ياكى ئىجتىمائىي «تۆلەم» بېرىشكە رىغبەتلەندۈرىدۇ. مەلۇمكى، ئىسلام دىنىدا مەزكۇر ئىشلار بىرەر زامان ـ ماكانغا باغلىنىشلىق ئەمەس. شۇنداقلا، مەزكۇر ئىبادەتلەرنى ياكى «تۆلەم»نى پەقەت پۇلى بار بايلارلا قىلالايدىغان ياكى جىسمانىي جەھەتتىن كۈچلۈكلەرلا قىلالايدىغان ۋەياكى پەقەت بىلىمدارلا قىلالايدىغان قىلىپ قويمىدى. بەلكى، ئۇنى ھەممە قىلالايدىغان ئومۇمىي ئىنسانىي مەجبۇرىيەت قىلدى. بۇنىڭ بىلەن، ھەربىر ئادەم ئۆزىنىڭ كۈچى يەتكەن ئاساستا قىلىدۇ، باي ـ كەمبەغەل، كۈچلۈك ـ ئاجىز ۋە بىلىمدار ـ ساۋاتسىزمۇ ھەم قىلالايدۇ.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىس شەرىپلىرىنى ئوقۇغىنىمىزدا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مەزكۇر ئومۇمىي ئىبادەتلەرنى ئىنسانغا ئىنسان بولغانلىقى نۇقتىسىدىن پەرز قىلماستىن، بەلكى ئۇلارنى ئادا قىلىشقا بولغان تەلىپىنى قاتتىق تەكىتلەيدۇ، شۇنداقلا ئۇلارنى ئىنساننىڭ ھەربىر ئۇگىلىرىگە قەدەر پەرز قىلىدۇ. ئەبۇ ھۇرەيرە (اللە ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن)دىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئىنساننىڭ بەدىنىدىكى ھەربىر ئۇگە ئۈچۈن اللەنىڭ نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلىش يۈزىسىدىن ھەركۈنى سەدىقە بېرىش لازىم بولىدۇ. ئىنساننىڭ ئىككى كىشى ئارىسىدا ئادىل بولۇشى، كىشىلەرنىڭ ئۇلاغلىرىغا مىنىۋېلىشىگە ياردەم بېرىشى، ياخشى سۆز قىلىشى، ناماز ئۈچۈن ماڭغان ھەربىر قەدىمى، يولدىن ئەزىيەتلەرنى ئېلىۋېتىشى سەدىقە ھېسابلىنىدۇ»[1].

ئىبنى ئابباس (اللە ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) يۇقىرىقىغا ئوخشاش بىر ھەدىسنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: «ئىنساننىڭ بەدىنىدىكى ھەربىر ئۇگە ئۈچۈن ھەر كۈنى سەدىقە بېرىش لازىم بولىدۇ». بۇ چاغدا بىرەيلەن: «ئى رەسۇلۇللاھ بۇ سېنىڭ بىزگە ئەڭ تەس بىر مەسىلىنى سۆزلەپ بېرىشىڭ بولدى» دېگەندە، ئۇ: «سېنىڭ ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇشۇڭ سەدىقە ھېسابلىنىدۇ، ئاجىزغا ياردەم بېرىشىڭ سەدىقە ھېسابلىنىدۇ، يولدىن ئەزىيەتلەرنى ئېلىۋېتىشىڭ سەدىقە ھېسابلىنىدۇ، نامازغا بېرىش ئۈچۈن ماڭغان ھەربىر قەدىمىڭ سەدىقە ھېسابلىنىدۇ»[2].

بۇرەيدە (اللە ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن)دىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئىنساندا 360 ئۇگە بار، ھەربىر ئۇگە ئۈچۈن اللەنىڭ

---

[1] بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

[2] ئىبنى خۇزەيمە: «سەھىھ» دېگەن كىتابىدا رىۋايەت قىلغان.

نېمىتىگە شۈكۈر قىلىش يۈزىسىدىن سەدىقە بېرىش لازىم بولىدۇ». ساھابىلەر: «ئى رەسۇلۇللاھ، بۇنىڭغا كىممۇ تاقەت قىلالىسۇن؟» دېگەندە (ساھابىلەر بۇنى پۇل - مال سەدىقە قىلىش لازىم دەپ چۈشەنگەنلىكتىن شۇنداق دېگەن)، ئۇ: «مەسجىدتىكى بەلغەم چاغلىق بىر نەرسىنى كۆمۈۋېتىش، يوللاردىن ئەزىيەتلەرنى ئېلىۋېتىش ... قاتارلىقلار سەدىقە ھېسابلىنىدۇ» دېدى.

ئىنساننىڭ قېرىندىشىنىڭ چىرايىغا تەبەسسۇم بىلەن قارىشى، گاسقا بىر نەرسىنى ئاڭلىتىپ قويۇشى، ئەمانى يېتىلىشى، ئېزىپ قالغانغا يول كۆرسىتىپ قويۇشى، ھاجەتمەنىنىڭ ھاجىتىدىن چىقىشى قاتارلىق ئەمەللەرنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىسىل ئىبادەت ۋە ياخشى سەدىقە دەپ قارىدى.

مۇسۇلمان ئىنسان مۇشۇلار ئارقىلىق ئۆز جەمئىيىتىدە ياخشىلىق ۋە رەھمەتنىڭ مەنبەسى بولۇپ ياشايدۇ. پايدىلىق ۋە بەرىكەتلىك ئىشلارغا ئۆزىنى ئاتاپ تۇرىدۇ، ئۆزى ياخشىلىق قىلىدۇ، باشقىلارنىمۇ ھەم شۇنىڭغا دەۋەت قىلىدۇ، خەيرى - ساخاۋەت قىلىدۇ، باشقىلارنى شۇنىڭغا يېتەكلەيدۇ. چۈنكى، مۇسۇلمان ئىنسان دېگەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رىغبەتلەندۈرگەندەك ياخشىلىقنى تەرغىب قىلغۇچى ۋە يامانلىقنى چەكلىگۈچىدۇر.

مۇسۇلمان ئىنسان ئۆز مۇھىتىدا ئېلىپ بېرىۋاتقان ياخشىلىق ۋە پايدىلىق ئىشلارنىڭ سورۇنلىرى پەقەت ئىنسانغىلا خاس ئەمەس، بەلكى ئۇ مەۋجۇدىيەتتىكى ھەربىر ئۇچار قانات ۋە ھايۋاناتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مۇسۇلمان ئىنسان قىلىدىغان ھەربىر ياخشىلىق، دەپئىي قىلىدىغان ھەربىر يامانلىق ئىنساننى اللە تائالاغا يېقىنلاشتۇرىدىغان ۋە اللەنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشتۈرىدىغان بىر ئىبادەتتۇر، ئەلۋەتتە.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىگە قاتتىق ئۇسساپ كەتكەنلىكتىن توپا يەۋاتقان ئىتنى كۆرۈپ، قەلبىدە رەھىمدىللىك تامچىلىرى ئاققان، ئۇنىڭغا ئىتنى بۇنداق يامان ھالەتتە تاشلاپ قويۇپ مېڭىش ئېغىر كەلگەن، شۇنىڭ بىلەن قۇدۇققا چۈشۈپ، ئۆتۈكىنى سېلىپ ۋە ئۇنى لىق سۇ بىلەن تولدۇرۇپ ئاچىقىپ، ئىتقا ئىچكۈزگەن ئادەمنىڭ ئەمەلىنى اللە تائالا قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭ گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. ساھابىلەر بۇ قىسسىنى ئاڭلاپ ھەيرانلىق ئىلكىدە: «ئى رەسۇلۇللاھ، بىزگە ئۇلاغلار ھەققىدىمۇ ئەجىر بېرىلەمدۇ؟» دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھەربىر جان ئىگىسى ئۈچۈن قىلىنغان ياخشىلىققا ئەجىر بېرىلىدۇ» دېگەن[1].

[1] بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

دائىرىسى مۇشۇنداق كەڭ، ئىنساننى ۋە بارلىق مەخلۇقاتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بۇ ئەمەللەر كىشىنى ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشقا، جەمئىيەتكە خىزمەت قىلىشقا، مەخلۇقاتلارغا ياخشىلىق قىلىشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ. ئىخلاسمەنلەر ئۆزلىرىنىڭ ئىبادەتلىرىنى مەسجىدلەرگىلا بەند قىلىپ قويۇپ، ھاياتتىن ئۆزىنى قاچۇرۇشنىڭ ئورنىغا ئۆزلىرىنىڭ تەشنالىقىنى قاندۇرىدىغان، ئارزۇلىرىغا مۇناسىپ كېلىدىغان ئەمەلنى تاپىدۇ.

## ئىنساننىڭ تۇرمۇشتىكى ئىشلىرىمۇ بىر قانچە شەرت ئاستىدا ئىبادەت بولىدۇ

ئىنساننى ئالدىنقى بابلاردىكىدىنمۇ بەكرەك ھەيران قالدۇرىدىغان بىر ئىش بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىنساننىڭ ئۆز تۇرمۇشى ۋە ئائىلىسى ئۈچۈن قىلىدىغان دۇنيالىق ئىشلارنىمۇ، گەرچە پايدا - مەنپەئەتى ئىنساننىڭ شەخسىي تۇرمۇشى ۋە ئائىلىسىدىن ھالقىپ كەتمىسىمۇ، ئۇنى تائەت - ئىبادەت قاتارىدا قىلىشىدۇر. مەسىلەن، دېھقان ئۆزىنىڭ ئېتىزلىقىدا، ھۈنەرۋەن ئۆزىنىڭ ئىش ئورنىدا، سودىگەر ئۆزىنىڭ دۇكىنىدا، خىزمەتچى ئۆزىنىڭ ئىشخانىسىدا، شۇنداقلا ھەربىر ھۈنەر ئىگىسى ئۆزىنىڭ ھۈنىرىنى قىلغاندا، تۆۋەندىكى شەرتلەر ئاستىدا شۇ ئىشلارنى نامازغا ۋە الله يولىدىكى جىھادقا ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ. ئۇ شەرتلەر تۆۋەندىكىچە:

1. ئىنساننىڭ قىلىۋاتقان ئىشى ئىسلامدا ھالال قىلىنغان ئىش بولۇشى لازىم. ئەمما، جازانىخورلۇق قىلىش، مەيخانىلاردا ئىشلەش، ئۇسسۇل ئويناشتىن ئىبارەت ئىسلام دىنى چەكلىگەن ئىشلار قەتئىي ئىبادەت بولالمايدۇ. چۈنكى، الله تائالا پاك بولۇپ، پەقەت ھالال نەرسىلەرنىلا قوبۇل قىلىدۇ.

2. ئىنساننىڭ نىيىتى دۇرۇس، ساپ بولۇشى كېرەك. يەنى، ئىنسان قەلبىدە اللهنىڭ بۇيرىغىنى بويىچە تىلەمچىلىك قىلىشتىن قاتتىق ساقلىنىپ، ئائىلىسىنىڭ تۇرمۇشىنى قامداش، مىللىتىگە مەنپەئەت يەتكۈزۈش ۋە زېمىننى بەرپا قىلىش نىيىتىدە بولۇش لازىم.

3. ئىنسان قىلىۋاتقان ئىشنى مۇستەھكەم ۋە پۇختا قىلىشى لازىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «الله تائالا ھەقىقەتەن ھەرقانداق ئىشنى ئەڭ ياخشى رەۋىشتە قىلىشنى بەلگىلىدى»؛ «الله تائالا ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ بىر ئىشنى ئەڭ ياخشى رەۋىشتە قىلىشىڭلارنى ياخشى كۆرىدۇ».

4. ئىنسان قىلىۋاتقان ئىشىدا اللهنىڭ بەلگىلىمىلىرىگە ھەقىقىي ئەمەل قىلىشى كېرەك. بۇنىڭ بىلەن، ئىنسان ئىش ئىگىسىگە زۇلۇم قىلمايدۇ، خىيانەت قىلمايدۇ، ساختىلىق قىلمايدۇ ۋە باشقىلارنىڭ ھەققىگە تاجاۋۇز قىلمايدۇ.

5. ئىنساننىڭ قىلىۋاتقان ئىشى ئىنساننى بەلگىلەنگەن تائەت ـ ئىبادەتلەرنى قىلىشتىن چەكلەپ قويماسلىقى كېرەك. الله تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لَا تُلْهِكُمْ أَمْوَالُكُمْ وَلَا أَوْلَادُكُمْ عَن ذِكْرِ اللَّهِ وَمَن يَفْعَلْ ذَلِكَ فَأُوْلَئِكَ هُمُ الْخَاسِرُونَ﴾ ﴿ئى مۇئمىنلەر! ماللىرىڭلار ۋە بالىلىرىڭلار سىلەرنى اللهنىڭ زىكرىدىن (يەنى اللهنىڭ تائەت ـ ئىبادىتىدىن) غەپلەتتە قالدۇرمىسۇن، كىملەركى شۇنداق قىلىدىكەن، ئۇلار زىيان تارتقۇچىلاردۇر﴾[1]؛ ﴿رِجَالٌ لَّا تُلْهِيهِمْ تِجَارَةٌ وَلَا بَيْعٌ عَن ذِكْرِ اللَّهِ وَإِقَامِ الصَّلَاةِ وَإِيتَاء الزَّكَاةِ ...﴾ ﴿ئۇلار شۇنداق ئەرلەركى، سودا ـ سېتىق ئۇلارنى اللهنى زىكىر قىلىشتىن، ناماز ئۆتەشتىن، زاكات بېرىشتىن غەپلەتتە قالدۇرمايدۇ﴾[2].

مۇسۇلمان ئىنسان مەزكۇر شەرتلەرگە رىئايە قىلسا، ئۇنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىنىڭ ھەممىسى گەرچە ئۇ بىر مېھراپتا تۇرۇپ ئىماملىق قىلمىسىمۇ، مەسجىدتە تۇرۇپ اللهقا زىكىر ـ تەسبىھ ئېيتمىسىمۇ ئىبادەت ھېسابلىنىدۇ.

كەئب ئىبنى ئۇجرە (الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن)دىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دېگەن: بىر كىشى رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىدىن ئۆتتى. ساھابىلەر ئۇنىڭ تەمبەل، كۈچلۈكلىكىنى كۆردى. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار: «ئى رەسۇلۇللاھ بۇ الله يولىدا بولغان بولسا ئىدى» دېگەندە (يەنى اللهنىڭ كەلىمىسىنى يۇقىرى قىلىش ئۈچۈن جىھادتا بولغان بولسا ئىدى دېمەكچى، چۈنكى جىھاد ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ئىبادەتنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى ئىدى)، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەگەر ئۇ كىچىك بالىلىرىنى بېقىش ئۈچۈن چىققان بولسا، الله يولىدا چىققان بولىدۇ، ئەگەر قېرىپ قالغان ئاتا ـ ئانىسىنى بېقىش ئۈچۈن چىققان بولسا، الله يولىدا چىققان بولىدۇ، ئەگەر ئۇ ئۆزىنى تىلەمچىلىك قىلىشتىن ساقلاش ئۈچۈن چىققان بولسا، الله يولىدا چىققان بولىدۇ. ئەگەر ئۇ رىيا قىلىش ئۈچۈن، پەخىرلىنىش ئۈچۈن چىققان بولسا، شەيتاننىڭ يولىدا بولىدۇ» دېگەن.

الله تائالا «قۇرئان كەرىم»دە ئىنساننىڭ زېمىندا رىزىق تەلەپ قىلىشىنى «اللهنىڭ پەزلىدىن تەلەپ قىلىش» دەپ ئاتايدۇ. الله تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿فَإِذَا قُضِيَتِ الصَّلَاةُ فَانتَشِرُوا فِي الْأَرْضِ وَابْتَغُوا مِن فَضْلِ اللَّهِ وَاذْكُرُوا اللَّهَ كَثِيراً لَّعَلَّكُمْ تُفْلِحُونَ﴾ ﴿ناماز ئوقۇلۇپ بولغاندا (يەنى نامازدىن پارىغ بولغىنىڭلاردىن كېيىن) زېمىنغا تارىلىپ (يەنى ئۆز مەشغۇلاتىڭلار بىلەن

---

[1] سۈرە مۇنافىقۇن، 9 ـ ئايەت.

[2] سۈرە نۇر، 37 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

بولۇپ)، اللەنىڭ پەزلىدىن تەلەپ قىلىڭلار﴾[1]؛ ﴿لَيْسَ عَلَيْكُمْ جُنَاحٌ أَن تَبْتَغُواْ فَضْلاً مِّن رَّبِّكُمْ﴾ ﴿پەرۋەردىگارىڭلاردىن (ھەج مەۋسۇمىدا تىجارەت ۋە باشقا ئوقەت ئارقىلىق) رىزىق تەلەپ قىلساڭلار، سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ﴾[2]. رىزىق تېپىش ئۈچۈن مۇساپىر بولىدىغانلارنى الله يولىدا جىھاد قىلىدىغانلار بىلەن بىر ئورۇندا تىلغا ئالىدۇ: ﴿وَآخَرُونَ يَضْرِبُونَ فِي الْأَرْضِ يَبْتَغُونَ مِن فَضْلِ اللَّهِ وَآخَرُونَ يُقَاتِلُونَ فِي سَبِيلِ اللَّهِ﴾ ﴿بەزىلەر اللەنىڭ پەزلىنى تىلەپ (يەنى تىجارەت قىلىپ) يەر يۈزىدە سەپەر قىلىدۇ، يەنە بەزىلەر اللەنىڭ يولىدا جىھاد قىلىدۇ﴾[3].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زىرائەت تېرىش، كۆچەت تىكىشنىڭ پەزىلىتى ۋە ئۇنى تىككۈچىگە اللەنىڭ دەرگاھىدا ساۋاب بېرىلىدىغانلىقى ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «ھەرقانداق بىر مۇسۇلمان دەرەخ تىكسە ياكى زىرائەت تېرىسا، ئۇنىڭدىن ئۇچار قۇشلار ياكى ئىنسانلار ياكى ھايۋانلار يېسە، ئۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن سەدىقە ئورنىدا بولىدۇ».

«راستچىل، ئىشەنچلىك سودىگەر (ئاخىرەتتە) پەيغەمبەرلەر، سىددىقلار ۋە ياخشىلار بىلەن بىللە بولىدۇ».

مۇشۇنداق كۆرسەتمىلەر ئاستىدا مۇسۇلمان ئىنساننىڭ باشقىلارغا، جەمئىيەتكە يۈك بولۇشى توغرا بولمايدۇ. باشقىلاردىن ئېلىشنىلا بىلىپ، بېرىشنى بىلمەسلىكى ياكى ئىبادەتكە بېرىلىش دەۋاسى بىلەن ئىنسانلاردىن، ھاياتتىن ئايرىلىپ ياشىشىمۇ ھەم توغرا بولمايدۇ. بەلكى، مۇسۇلمان ئىنسان تاشقى ئامىلنىڭ بېسىمىسىز ھاياتنىڭ ھەممە مەيدانلىرىغا ھەسسە قوشقۇچى، ئىجادچى سۈپىتىدە ياشايدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ مۇشۇنداق قىلىشىنى ناماز ۋە جىھاد دەپ بىلىدۇ.

## ئىنساننىڭ تۇغما خاراكتېرلىك ئىشلىرى ۋە شەھۋىتىنى قاندۇرۇشمۇ ئىبادەتتۇر

يۇقىرىدىكى بايانلاردىن تېخىمۇ ھەيران قالارلىق بىر ئىش باركى، ئىبادەت ئىنساننىڭ ئۆزىنىڭ تۇغما تەقەززاسىغا ئاساسەن ئېلىپ بارىدىغان تۈپ ئېھتىياجلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يېمەك ـ ئىچمەك، ئەر ـ ئايالنىڭ بىر يەردە بولۇشى ۋە مۇشۇ تۈرگە كىرىدىغان ئىشلارنى ئىسلام «نىيەت ساپ بولۇش» شەرتى ئاستىدا

---

[1] سۈرە جۇمۇئە، 10 ـ ئايەت.

[2] سۈرە بەقەرە، 198 ـ ئايەت.

[3] سۈرە مۇززەممىل، 20 ـ ئايەت.

ئىبادەتنىڭ چەكسىز دائىرىسىگە كىرگۈزىدۇ. دېمەك، نىيەت مۇستەھەب ۋە ئۆرپ ـ ئادەت ئىشلىرىنىمۇ تائەت ـ ئىبادەتكە ئايلاندۇرالايدىغان ئاجايىپ سېھرىي كۈچكە ئىگە قورالدۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىگە بۇ ھەقتە دېگەن سۆزلىرى بۇ سۆزىمىزنىڭ ئەڭ ياخشى شاھىتىدۇر. ئۇ: «سىلەرنىڭ ئاياللىرىڭلار بىلەن بىر تۆشەكتە بولۇشۇڭلارمۇ سەدىقە ھېسابلىنىدۇ» دېگەندە، ساھابىلەر: «بىرىمىز ئۆزىنىڭ شەھۋىتىنى قاندۇرسىمۇ ئۇنىڭغا ئەجىر بېرىلەمدۇ؟» دېيىشكەن. بۇنىڭغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سىلەر دەپ بېقىڭلارچۇ، مۇبادا ئۇ ھارام ئىش قىلغان بولسا، ئۇنىڭغا گۇناھ بولامدى؟» دېگەن. ساھابىلەر: «ھەئە» دەپ جاۋاب بەرگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «شۇنىڭدەك، ئۇ ھالال شەھۋەتتە بولسا، ئۇنىڭغا ئەجىر بولىدۇ» دېگەن. شۇڭا، ئۆلىمالار: «مانا بۇ، الله تائالانىڭ بەندىلىرىگە ئىنتايىن رەھىمدىل زات ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلى. ئەگەر ئۇلار بىر ـ بىرىنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىشنى ۋە ئۆزلىرىنى ئىپپەتلىك تۇتۇشنى نىيەت قىلسىلا، شەھۋەتلىرىنى قاندۇرغانغىمۇ ساۋاب بېرىلىدۇ. الله تائالاغا ھەمدۇسانالار بولسۇن» دېيىشىدۇ.

## 4. نىيەتنى دۇرۇس قىلغىن، ھاياتىڭنىڭ ھەممىسى ئىبادەتكە ئايلىنىدۇ

مۇسۇلمان ئىنسان ئۇچۇن ئۆزىنىڭ الله تائالانىڭ زېمىنىدىكى ئورۇنباسارى ئىكەنلىكىنى بىلىشى يېتەرلىكتۇر. ئۇنىڭ زېمىندىكى ۋەزىپىسى الله تائالانىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلىش، بەلگىلىمىلىرىنى يۈرگۈزۈش، كەلىمىسىنى ئۈستۈن قىلىش ۋە ئۇ زات ئۈچۈن ئۆزى ئۈستىدىكى «ئۇبۇدىيەت» مەجبۇرىيىتىنى بەرپا قىلىشتۇر. ئىنساننىڭ پۈتۈن ئەمەلىنىڭ رەببانىي تۈسكە كىرىشى، ئۇنىڭ گەپ ـ سۆز، ئىش ـ ھەرىكەتلىرى ۋە سۈكۈناتلىرىدىن بولغان ئەمەللەرنىڭ ھەممىسى ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىغا ئىبادەت بولۇشى ئۈچۈن مەزكۇر ئىشلارنى قىلىشى كۇپايىدۇر.

مانا بۇلار ﴿جىنلارنى، ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا ياراتتىم﴾ دېگەن ئايەتتىن ئېلىنىدىغان چوڭقۇر مەنىگە مۇۋاپىق كېلىدۇ. ئەگەر بىز ئىبادەتنىڭ دائىرىسىنى بىر كۈندە ئىنساننىڭ ۋاقتىدىن پەقەت بىر قانچە مىنۇتلا سەرپ بولىدىغان ئىبادەتلەرگىلا قارىتىپ قويىدىغان بولساق، ھالبۇكى ئىنساننىڭ مۇتلەق كۆپ ۋاقتى ھايات قايناملىرىدا ئېقىپ يۈرۈيدىغان تۇرسا، ئۇنداقتا الله تائالانىڭ ئىنسانلارنى يارىتىشتىكى غايە ـ مەقسەت نەدە قالىدۇ؟ بۇ ھەقتە ئۇستاز مۇھەممەد غەززالىينىڭ مۇنۇ سۆزى ماڭا بەك ئەرزىيدۇ: «مەلۇمكى،

ئىسلام دېگەن پەقەت بارماق بىلەن ساناپ، كەم - زىيادە قىلغىلى بولمايدىغان پائالىيەتلەردىنلا ئىبارەت ئەمەس، قەتئىي شۇنداق ئەمەس ... دەرۋەقە، ئۇ ئىنسان زېمىندا مەلۇم بىر ۋەزىپىنى ئادا قىلىۋېتىپ، ھاياتلىقتا دەۋر سۈرۈپ مېڭىشى ئۈچۈن ھازىرلاشقا تېگىشلىك ئىنسانلىق سالاھىيىتىدىن ئىبارەتتۇر.

مەسىلەن، مەلۇم بىر ماشىنىنى ياسايدىغان ئىنژېنېر ئۈچۈن ماشىنىنىڭ قانچىلىك مەھسۇلات چىقىرىشى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ داۋاملىق ئىشلەپ چىقارماقچى بولغان مەھسۇلاتنى ئىشلەشكە تەييار تۇرۇشى ئىنتايىن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ.

شۇڭلاشقا، ئايروپىلاننىڭ سالاھىيىتى ئۈچۈش، تانكىنىڭ ئوق ئېتىش، قەلەمنىڭ يېزىشتۇر. بۇنداق سالاھىيەتلەر بىر نەرسىنىڭ قىممىتىگە ھۆكۈم قىلىشتىكى ئاساسىي ئامىلدۇر. بىز ئۇنداق سالاھىيەتنىڭ بارلىقىدىن خاتىرجەم بولساق، ئۇنى قوبۇل قىلىمىز. ئۇنىڭدىن ئالىدىغان نەتىجىنى ئارزۇ قىلىمىز.

شۇنداقلا، ئىنسانمۇ مەزكۇر مىسالغا چۈشىدۇ. باشتا ئىسلام ئىنساننىڭ روھىي ئۇسكۈنىلىرىنىڭ مۇنتىزىم بولۇشىنى مەقسەت قىلىدۇ. ئەگەر ئىنساننىڭ روھىيىتىگە مۇۋاپىق سالاھىيەت بېرىلسە، سەمىمىي جەزملىك، نىيەتنىڭ دۇرۇسلۇقى بىلەن، ھاياتلىقتا ئىنسان دۇچ كېلىدىغان ھەرقانداق بىر ئىش ئۆزلىكىدىن تائەت - ئىبادەتكە ئايلىنىدۇ. پۇل قويۇش قېلىپىغا خام ماتېرىيال سېلىنغاندىن كېيىن، ئۇنىڭدىن ھەر خىل رەڭلىك، تامغا بېسىلغان، قىممەتلىك، پۇللۇق تەڭگە ئىشلىنىپ چىقىدۇ. شۇنىڭدەك، مۇسۇلمان ئىنسانمۇ ھاياتىي دۇنيانىڭ ئىشلىرىنى قۇدرىتىنىڭ يېتىشىچە ئىسلاھ قىلالىغانلىرىنى ئىسلاھ قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمان قىلىدىغان ھەربىر ئەمەل ئۆزىنىڭ ئىمانى ۋە نىيىتىنىڭ دۇرۇسلىقى بىلەن تەڭداشسىز بىر ئىبادەتكە ئايلىنىدۇ.

شۇڭلاشقا، مۇسۇلمان ئىنسان مۇشۇنداق روھىي سالاھىيەتلەرنىڭ سەۋەبىدىن ئۆزلىرىدىن مەغرۇرلىنىپ كەتكەنلەرنىڭ دەۋالىرىنى رەت قىلىدۇ. الله تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿وَقَالُواْ لَن يَدْخُلَ الْجَنَّةَ إِلاَّ مَن كَانَ هُوداً أَوْ نَصَارَى تِلْكَ أَمَانِيُّهُمْ قُلْ هَاتُواْ بُرْهَانَكُمْ إِن كُنتُمْ صَادِقِينَ بَلَى مَنْ أَسْلَمَ وَجْهَهُ لِلّهِ وَهُوَ مُحْسِنٌ فَلَهُ أَجْرُهُ عِندَ رَبِّهِ وَلاَ خَوْفٌ عَلَيْهِمْ وَلاَ هُمْ يَحْزَنُونَ﴾ ئۇلار: ‹يەھۇدىي ياكى ناسارا بولمىغان ئادەم (يەنى يەھۇدىيلار يەھۇدىي بولمىغان ئادەم، ناسارالار ناسارا بولمىغان ئادەم) ھەرگىزمۇ جەننەتكە كىرمەيدۇ› دېيىشتى. بۇ، ئۇلارنىڭ قۇرۇق ئارزۇسىدۇر. ‹ئەگەر سۆزۈڭلاردا راستچىل بولساڭلار، دەلىلىڭلارنى كەلتۈرۈڭلار› دېگىن. ئۇنداق ئەمەس، كىمكى ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان ھالدا ئۆزىنى اللهقا تاپشۇرىدىكەن (يەنى اللهنىڭ ئەمرىگە بويسۇنۇپ، ئەمەلىنى خالىس الله ئۈچۈن قىلىدىكەن)، ئۇ پەرۋەردىگارىنىڭ

دەرگاھىدا ساۋابتىن بەھرىمەن بولىدۇ. ئۇلارغا (ئاخىرەتتە) ھېچ قورقۇنچ ۋە غەم ـ قايغۇ بولمايدۇ﴾[1].

ھاياتلىق ئىشلىرىدا ياخشى ئەمەللەر ھالقىپ چىقىپ كېتەلمەيدىغان چەك ـ چېگرا ۋە بەلگىلىمە يوق. بەلكى، ئىبادەت ئىنساننىڭ ئۆزىنى ﷲقا پۈتۈنلەي تاپشۇرۇشى، ئەمەللەرنى ياخشى قىلىشى ۋە ئۇنى مەقسەت قىلىنغان نىشاندا كامالەتكە يەتكۈزۈشىدۇر.

## ھەممە تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىبادەتنىڭ روھىيەتكە ۋە ھاياتقا كۆرسىتىدىغان تەسىرلىرى

بىز يۇقىرىدا بايان قىلغىنىمىزدەك، ئىسلامدا ھەممە تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىبادەتنىڭ روھىيەتكە ۋە ھاياتلىققا بەرىكەتلىك تەسىرلىرى بولىدۇ، بۇلارنى ئىنسان ئۆزى ھېس قىلالايدۇ. ئۆزگىدىمۇ ئۇنىڭ ئىزنالىرىنى بايقايدۇ ۋە ئۇنىڭ سايىسىنى ئۆزىنىڭ مۇھىتىدا كۆرەلەيدۇ. بۇلارنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك ئىزناسى ئىككىدۇر:

بىرىنچى، ئۇ مۇسۇلمان ئىنساننىڭ ھاياتى ۋە ئەمەللىرىنى رەببانىي رەڭ بىلەن بېزەيدۇ ۋە ئۇنى ھاياتلىق ئۈچۈن قىلىدىغان ھەرقانداق بىر ئىشتا ﷲ تائالاغا ئىنتىلىدىغان قىلىدۇ. چۈنكى، مۇسۇلمان ئىنسان ئەمەلنى ئابىدلىق نىيىتى بىلەن قىلىدۇ. بۇ مۇسۇلمان ئىنساننى پايدىلىق ئىشلارنى كۆپلەپ قىلىش، ياخشى ئىشلەپ چىقىرىش، ئۆزىگە ۋە ئائىلىسىگە ھاياتتىن پايدىلىنىشقا بولىدىغان تۈرنى ئاسانلاشتۇرىدىغان ھەممە ۋاستىنى ئەڭ ياخشى رەۋىشتە قوللىنىشقا ئۈندەيدۇ. بۇ ھال مۇسۇلمان ئىنسان ﷲ تائالانىڭ رازىلىقى ۋە ساۋابىنى ئىزدەپ، ئەمەللىرىنى ﷲ تائالاغا سوۋغات قىلىسىلا، ئۇنىڭ ﷲ تائالانىڭ دەرگاھىدىكى ياخشىلىق ۋە تائەت ـ ئىبادەتلەردىن بولغان بايلىقىنى تېخىمۇ ئاشۇرىدۇ. شۇنداقلا، مۇسۇلمان ئىنساننى ئۆزىنىڭ دۇنيالىق ئىشلىرىنى ياخشى، مۇستەھكەم ۋە پۇختا قىلىشقا چاقىرىدۇ.

ئىككىنچى، ئۇ، مۇسۇلمان ئىنسانغا نىيەت بىرلىكىنى، ئىنسان ھاياتىنىڭ غايىسىنىڭ بىرلىكىنى بېغىشلايدۇ. چۈنكى، مۇسۇلمان ئىنسان قىلىدىغان ۋە تەرك ئېتىدىغان ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىدە بىر ﷲنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەيدۇ. دۇنيا ۋە ئاخىرەت ئۈچۈن قىلىدىغان ئىشلىرىدا ﷲقا يۈزلىنىدۇ. بۇ جەرياندا مۇسۇلمان ئىنساننىڭ خاراكتېرىدە

[1] سۈرە بەقەرە 111 ـ ۋە 112 ـ ئايەتلەر.

ياكى هاياتىدا بۆلۈنمىچىلىك، روھىي زىددىيەت ۋە تاشقى ئامىلغا قوشۇلۇپ كېتىش ھادىسىلىرى يۈز بەرمەيدۇ.

مۇسۇلمان ئىنسان كېچىسى ئاللاھقا ئىبادەت قىلىپ، كۈندۈزى «جەمئىيەت» خاھىشىغا ئەگىشىپ كېتىدىغان ياكى مەسجىدتە ئاللاھقا ئىبادەت قىلىپ، ھايات قايناملىرىدا پۇل ـ مالغا چوقۇنۇپ كېتىدىغان، ھەپتىنىڭ مەلۇم كۈنلىرىدە ئاللاھقا ئىبادەت قىلىپ قويۇپ، قالغان كۈنلەردە ئاللاھنىڭ غەيرىگە چوقۇنىدىغان ئىشلارنى قىلمايدۇ.

مۇسۇلمان ئىنسان قەتئىي ئۇنداق قىلمايدۇ. دەرھەقىقەت، مۇسۇلمان ئىنسان نەدە، قانداق ئىش ئۈستىدە بولمىسۇن پەقەت يالغۇز ئاللاھقا ئىبادەت قىلىدۇ. ئاللاھنىڭ زاتى مۇسۇلمان ئىنساندىن ھەرقانداق بىر ئىش ياكى ھەرقانداق بىر ئەھۋال ياكى ھەرقانداق ۋاقىتتا ئايرىلمايدۇ: ﴿وَلِلّهِ الْمَشْرِقُ وَالْمَغْرِبُ فَأَيْنَمَا تُوَلُّواْ فَثَمَّ وَجْهُ اللّهِ إِنَّ اللّهَ وَاسِعٌ عَلِيمٌ﴾ ﴿مەشرىقمۇ، مەغرىبمۇ (يەنى پۈتۈن يەر يۈزى) ئاللاھنىڭدۇر، قايسى تەرەپكە يۈزلەنسەڭلارمۇ، ئۇ ئاللاھنىڭ تەرىپى (يەنى سىلەرگە ئىختىيار قىلغان قىبلىسى)دۇر﴾[1].

دېمەك، مۇسۇلمان ئىنسان پۈتۈن ئىرادىسى بىلەن ئاللاھقا ئاتلىنىدۇ، پۈتۈن قەلبى بىلەن ئاللاھقا يۈزلىنىدۇ. مۇسۇلمان ئىنساننىڭ ھاياتىي بىرلىكى، تەپەككۇرى، ئىرادىسى، قەلبى ھەرخىل يۆنىلىشلەر، ھەرخىل ئېقىملار ۋە ھەرخىل بۆلۈنمىچىلىكلەر ئوتتۇرىسىدا پارچىلىنىپ كەتمەيدۇ. چۈنكى، مۇسۇلمان ئىنساننىڭ ھاياتى پارچىلانمايدىغان بىرلىكتىن ئىبارەتتۇر. مۇسۇلمان ئىنساننىڭ ھاياتىدىكى يولى ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش، غايىسى ئاللاھنى رازى قىلىش ۋە يولباشچىسى بولسا «قۇرئان كەرىم»دۇر.

ئاۋستىرىيىلىك مۇسۇلمان ئۇستاز مۇھەممەد ئەسەد (ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) ئىسلامدىكى ئىبادەتنىڭ خۇسۇسىيىتىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئىسلامدا ئىبادەتنىڭ ھەقىقىتى باشقا بىر دىندىكىگە ئوخشىمايدۇ. مەلۇمكى، ئىسلامدا ئىبادەت مۇتلەق باش ئېگىشتىن ئىبارەت بولغان ناماز ئوقۇش ياكى روزا تۇتۇشلا ئەمەس. ئۇ ئىنساننىڭ رېئال ھاياتىنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇڭلاشقا، بىزنىڭ ھاياتىمىزنىڭ ئومۇمىي غايىسى ‹ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشتۇر›. دېمەك، بىز ھاياتنىڭ ئومۇمىي كۆرۈنۈشلىرىگە بىر قانچە تۈرلۈك ئەگەشمىلەر ياندىشىپ ماڭىدۇ دەپ قارىشىمىز كېرەك. بىز ئەمەللىرىمىزنىڭ ھەممىسىنى (ھەتتاكى ئەرزىمەس دەپ قارىلىدىغانلىرىمۇ) ئىبادەت دەپ قىلىشىمىز، ئۇلارنى چۈشىنىپ، بىلىپ قىلىشىمىز، شۇنداقلا ئۇلارنى ئاللاھ بەرپا قىلغان دۇنياۋى مېتودنىڭ بىر قىسمىدىن تەركىب تاپىدۇ

---

[1] سۈرە بەقەرە 115 ـ ئايەت.

دېگەن ئاساستا قىلىشىمىز لازىم. بۇنى ئادەتتىكى كىشى يىراق بىر غايە دەپ قارايدۇ. لېكىن، مۇشۇ ئىسلام دىنىنىڭ مەقسەت ـ غايىلىرى بولۇپ، ئەمەلىي رېئاللىقتا ئالىي غايىلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئەمەسمۇ؟

ئىسلامنىڭ بۇ جەھەتتىكى مەيدانىنى ئارتۇقچە تەپسىر قىلىش ھاجەتسىز. ئىسلام بىزگە بىرىنچى قىلىپ، اللهقا ھەمىشە ئىبادەت قىلىش، ئىنسان ھاياتىنىڭ تۈرلۈك پائالىيەتلىرىدە ئىپادىلىنىدىغان ئامىللار بولسا، ھاياتنىڭ دەل ئۆزى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. ئىككىنچى قىلىپ، ھاياتىمىزنى روھىي ھايات ۋە ماددىي ھايات دەپ ئىككىگە ئايرىساقلا، شۇ غايىگە يېتىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى بىلدۈرىدۇ. دېمەك، مەزكۇر ئىككى ھايات بىزنىڭ ئېڭىمىزدا ۋە ئەمەللىرىمىزدە بىردەك ئىپادىلىنىشى كېرەك. بىزنىڭ اللهنىڭ يەككە ـ يېگانىلىقى ھەققىدىكى ئېتىقادىمىز ھاياتىمىزنىڭ ھەرخىل ساھەلىرىنى بىرلەشتۈرۈش نۇقتىلىرىدا ئىپادىلىنىشى لازىم.

مۇشۇ يۆنىلىشنىڭ لوگىكىلىق يەكۈنى ئىسلامنى باشقا بارلىق دىنىي تۈزۈملەردىن پەرقلەندۈرىدۇ. چۈنكى، ئىسلام بىر تەلىمات سۈپىتىدە، ئىنسان بىلەن ئۇنىڭ ياراتقۇچىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مېتافىزىكىغا مۇناسىۋەتلىك ئالاقىلەرنى بەلگىلەپ بېرىش بىلەنلا كۇپايىلەنمەيدۇ. بەلكى، شەخس بىلەن ئۇنىڭ ئىجتىمائىي مۇھىتىدىكى دۇنيالىق ئالاقىلەرنىمۇ سۇنىدۇ.

دۇنيا ھاياتى مەلۇم بىر مەقسەت ـ غايىنى ئۆز ئىچىگە ئالمىغان، ئۇ پەقەت ئادەتتىكى ئەھمىيەتسىز بىر تاسادىپىيلىقتىن ياكى (كېلىشى شەكسىز بولغان) ئاخىرەتنىڭ خىيالى تەسەۋۋۇرىدىن ئىبارەت، ئۇنىڭ ھېچقانداق مەنىلىك تەرىپى يوق دەپ قارالماسلىقى كېرەك. ئەكسىچە، دۇنيا ھاياتى تولۇق ئىجابىيلىققا ئىگە بىر پۈتۈنلۈكنىڭ نامايەندىسىدۇر. الله تائالامۇ پەقەت جەۋھىرىدىلا ئەمەس، بەلكى ئۆزىگە يەتكۈزىدىغان غايىدىمۇ بىردۇر. شۇڭلاشقا، ئۇنىڭ مەخلۇقاتلىرى ئەسلى جەۋھىرىدە، بولۇپمۇ غايىدە بىرلىكنىڭ نامايەندىسىدۇر.

بىز يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەندەك، اللهقا ئىبادەت قىلىشنىڭ كەڭ مەزمۇنى دەل ئىنسانىيەت ھاياتىنى تەشكىل قىلىدۇ. مۇشۇ چۈشەنچىنىڭ ئۆزى بىزگە ئىنساننىڭ (ئۆزىنىڭ يەككە ھاياتى دۇنيانىڭ رامكىسى ئىچىدە) كامالەتكە يېتىشنىڭ مۇمكىنلىكىنى دەلىللەپ تۇرىدۇ. بىز بارلىق دىنىي تۈزۈملەر ئىچىدە ئىسلامنىڭ ئىنساننىڭ ھاياتى دۇنيادا كامالەتكە يېتەلەيدىغانلىقىنى ئېلان قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرمەكتىمىز. ھەقىقەتەن، ئىسلام بۇ كامالەتنى جىسمانىي ''شەھۋەت''نى ئىنساندىن يوق قىلىۋەتكەنگە قەدەر كېچىكتۈرمەيدۇ ياكى ھىندى ئېتىقادىدىكىدەك بىر قانچە دەرىجىلەرگە بۆلۈنگەن ''روھلارنىڭ بىرلىشىشى''دىن ئىبارەت زەنجىرسىمان

ھالقىلارنى ئالدىمىزغا قويمايدۇ ياكى بۇددا دىنىدىكىدەك، ئىنساننىڭ كامالەتكە يېتىشى ۋە نىجات تېپىشى پەقەت قەلبىنىڭ جۇزئىي يوق بولۇشىدىن ۋە ئۇنىڭ ھېسسىي ئالاقىلىرى دۇنيادىن ئۈزۈلگەندىن كېيىن، ئاندىن ئەمەلىيلىشىدۇ دېمەيدۇ. قەتئىي ئۇنداق ئەمەس، ئىسلام دىنى ئىنسان ئۆزىنىڭ ھاياتىدىكى ھەممە ئىمكانىيەتلىرىدىن پايدىلانغاندىن كېيىن، يەككە ھاياتىي دۇنياسىدىمۇ كامالەتكە يېتەلەيدۇ دەپ تەكىتلەيدۇ».

## ئىككى سوئال ۋە ئۇلارنىڭ جاۋابى

بەزى كىشىلەرنىڭ ئېنىقلا قەتئىي جاۋاب بېرىشكە تېگىشلىك مۇنداق سوئال كېلىدۇ. ئەگەر ئىبادەت شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە (اللە ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) دېگەندەك دىنىنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بولسا، نېمە ئۈچۈن «قۇرئان كەرىم»دە ئىبادەتكە دىنىنىڭ بۇيرۇقلىرى ۋە چەكلىمىلىرى باغلىنىلدى. اللە تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿وَاعْبُدُواْ اللّهَ وَلاَ تُشْرِكُواْ بِهِ شَيْئًا وَبِالْوَالِدَيْنِ إِحْسَانًا وَبِذِي الْقُرْبَى وَالْيَتَامَى وَالْمَسَاكِينِ وَالْجَارِ ذِي الْقُرْبَى وَالْجَارِ الْجُنُبِ وَالصَّاحِبِ بِالجَنبِ وَابْنِ السَّبِيلِ وَمَا مَلَكَتْ أَيْمَانُكُمْ إِنَّ ...﴾ ﴿اللەقا ئىبادەت قىلىڭلار، ئۇنىڭغا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەڭلار، ئاتا ـ ئانىڭلارغا، خىش ـ ئەقرىبالىرىڭلارغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، يېقىن قوشنىغا، يىراق قوشنىغا، يانىدىكى ھەمراھقا (يەنى سەپەرداشقا، ساۋاقداشقا)، مۇساپىرغا، قول ئاستىڭلاردىكى قۇل ـ چۆرىلەرگە ياخشىلىق قىلىڭلار. شۈبھىسىزكى، ...﴾[1]؛ ﴿قَالَ يَا قَوْمِ اعْبُدُواْ اللّهَ مَا لَكُم مِّنْ إِلَهٍ غَيْرُهُ وَلاَ تَنقُصُواْ الْمِكْيَالَ وَالْمِيزَانَ...﴾ ﴿شۇئەيب ئېيتتى: ئى قەۋمىم، اللەقا ئىبادەت قىلىڭلار، سىلەرگە اللەتىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، ئۆلچەمدە ۋە تارازىدا كەم بەرمەڭلار ...﴾[2]؛ ﴿وَيَا قَوْمِ أَوْفُواْ الْمِكْيَالَ وَالْمِيزَانَ بِالْقِسْطِ ...﴾ ﴿ئى قەۋمىم! سىلەر ئۆلچەمنى توغرا ئۆلچەڭلار، تارازىنى توغرا تارتىڭلار ...﴾[3].

ئىبادەتكە باغلانغان بۇ ئىشلار ئۇنىڭ باشقا ئىش ئىكەنلىكىنى دەلىللەيدۇ. چۈنكى، باغلىنغۇچى زىتلىقنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇنى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟

---

[1] سۈرە نىسا، 36 ـ ئايەت.

[2] سۈرە ھۇد، 84 ـ ئايەت.

[3] سۈرە ھۇد، 85 ـ ئايەت.

يەنە بىر سوئال: دىنىنىڭ ھەممىسى ئىبادەتتىن ئىبارەت بولسا، نېمە ئۈچۈن فىقھى ئالىملىرى شەرىئەت ئەھكاملىرىنى «ئىبادەت» ۋە «مۇئامىلە» دەپ ئىككىگە بۆلدى؟

بىرىنچى سوئالنىڭ جاۋابى ئىنتايىن ئاسان. ئەرەب تىلى گىراماتىكىسىدا خاس نەرسىنى ئومۇمىي نەرسىگە باغلاش ھەممە بىلىدىغان بىر قائىدە. خاسلىق بىر مۇستەقىل تۈر بولۇپ، ئۇ ئومۇمىنىڭ ئەزالىرى قاتارىغا كىرىشى بىلەن ئۇنىڭدىكى بىر ئالاھىدىلىكنى بايان قىلىپ كېلىدۇ. شۇنداقلا، ئۇنىڭ ئەكسى بولغان ئومۇمىي نەرسىنى خاسقا باغلىغاندەكلا بىر ئىش. بۇنىڭ «قۇرئان كەرىم»دىكى مىساللىرىدىن: ﴿إِنَّ اللَّهَ يَأْمُرُ بِالْعَدْلِ وَالإِحْسَانِ وَإِيتَاءِ ذِي الْقُرْبَى ...﴾ ﴿الله ھەقىقەتەن (كىشىلەر ئارىسىدا) ئادىل بولۇشقا، (جىمى خەلقە) ياخشىلىق قىلىشقا، خىش ـ ئەقرىبالارغا سىلە ـ رەھىم قىلىشقا بۇيرۇيدۇ ...﴾[1] دېگەن ئايەت بار. الله تائالا بۇ ئايەتتە خىش ـ ئەقرىبالارغا ياخشىلىق قىلىش ياخشىلىق قاتارىغا كىرسىمۇ، يەنىلا ئۇنى ئالاھىدە تىلغا ئالدى.

ئىككىنچى سوئالنىڭ جاۋابى شۇكى، فىقھى ئالىملىرىنىڭ ئەمەلىي شەرىئەت ئەھكاملىرىنى «ئىبادەت» ۋە «مۇئامىلە» دەپ بۆلۈشلىرى پەقەت ئۇلارنىڭ ئىستىلاھى بولۇپ، ئۇلار بۇنىڭدىن ئەھكاملارنىڭ ئىككى تۈرىنى ئايرىشنى مەقسەت قىلغان.

بىرىنچى تۈرى، بەندىلەر الله تائالا يولغا قويغان رەۋىشتە ئىجرا قىلىش ئارقىلىق الله تائالاغا يېقىنلىشىدىغان ئىبادەتلەرنىڭ شەكىل ۋە مىقدارلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. چۈنكى، الله تائالا ئۇلارنى يولغا قويغان ۋە ئۇلارنى قىلىشقا بۇيرىغان. شۇڭلاشقا، بەندىلەر بۇلارنى پەقەت شۇ يول بويىچە قوبۇل قىلىپ، شۇ بويىچە ئىجرا قىلىشلىرى كېرەك. مانا بۇلار دىن خالىي بولمايدىغان تائەت ـ ئىبادەتلەردۇر. الله تائالا شۇلار ئارقىلىق بەندىلەردىن ئىمتىھان ئالىدۇ. شۇلار بىلەن «ئۇبۇدىيەت»نىڭ ماھىيىتى نامايان بولىدۇ. دەرۋەقە، بۇلارنىڭ بېشىدا بەندىلەر ئۈچۈن بىرەر شەخسىي نېسىۋە كۆرۈلمەيدۇ.

ئىككىنچى تۈرى، ئىنسانلارنىڭ بىر ـ بىرلىرى بىلەن بولىدىغان ئالاقە ـ مۇناسىۋەتلەرنى رەتكە سالىدۇ. بۇ ئالاقە ۋە پائالىيەتلەرنى شەرىئەت يولغا قويمىغان. ئۇ بۇرۇنمۇ بار ئىدى، شەرىئەتنىڭ ۋەزىپىسى بولسا، ئۇلارنى تۈزەش ۋە پاكلاش، ئۇلاردىن توغرا ـ مەنپەئەتلىكلىرىنى ئېتىراپ قىلىش، بۇزۇق، يامانلىرىنى رەت قىلىشتۇر.

بۇ ئىزاھلاردىن مەلۇم بولىدىكى، شەرىئەتنىڭ بىرىنچى تۈرگە تۇتقان مەيدانى ئىككىنچى تۈرگە تۇتقان مەيدانى بىلەن ئوخشاشمايدۇ. الله تائالا بىرىنچى تۈردە ئۆزى ئىجاد قىلىدۇ ۋە بەرپا قىلىدۇ. باشقىلارنىڭ بۇ جەھەتتە بىرەر نېمىنى ئىجاد قىلىش ۋە بەرپا

[1] سۈرە نەھل، 90 ـ ئايەت.

قىلىش ھەققى يوق. بۇ ھەقتە مۇنداق ھەدىسلەر كەلگەن: «كىم بىزنىڭ بۇ دىنىمىزدا بولمىغان نەرسىنى پەيدا قىلىدىكەن، رەت قىلىنىدۇ»؛ «ھەر قانداق بىدئەت زالالەتتۇر».

ئىككىنچى تۈردە بولسا، شەرىئەت كىشىلەر ئۆزلىرى ئىجاد قىلىۋالغان ۋە پەيدا قىلىۋالغان ئىشلارنى ئىسلاھ قىلىدۇ.

فىقھى ئالىملىرى بۇنىڭغا ئاساسەن كىشىلەر دىندا الله رۇخسەت قىلمىغان دائىرىدە ئۆزلىرى «ئىبادەت» ئىجاد قىلىۋالمىسۇن دەپ «ئىبادەت»تىكى ئەسلىي قائىدىنى چەكلەش ۋە مەنئىي قىلىش، ئەمما ئۆرپ - ئادەت ۋە پۇل - مۇئامىلە ئىشلىرىدا رۇخسەت قىلىش دەپ بېكىتتى.

مۇشۇنداق تەقسىملەشنىڭ يەنە بىر پايدىسى بار. بۇنى ئىمام شاتىبى ۋە باشقىلار تەكىتلەپ ئۆتتى: «دەرھەقىقەت، ئىبادەتتە ئۇنىڭدىكى مەنە ۋە مەقسەتلەرنى ئىزدەپ يۈرمەي ئىبادەت قىلىش، ئۆرپ - ئادەت ۋە پۇل - مۇئامىلە ئىشلىرىدا ئۇنىڭدىكى مەنە، ھېكمەت ۋە مەقسەتلەرگە قاراشتۇر.

مەسىلەن، الله تائالا ھەجدە قۇربانلىق قىلىشقا بۇيرىغان بولسا، بۇ بىر ئىبادەت ئىشى بولۇپ، قۇربانلىق قىلماي ئۇنىڭ پۇلىنى سەدىقە قىلىۋېتىشكە بولمايدۇ. چۈنكى، بۇنداق قىلىش بۇ ئىبادەتنى ئەمەلدىن قالدۇرغانلىق بولىدۇ.

لېكىن، شەرىئەتتە دۈشمەنگە قارشى ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن جەڭ ئېتى بېقىشقا رىغبەتلەندۈرۈلۈپ، كېيىن زامان ئۆزگىرىپ كىشىلەر ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن ئاتنىڭ ئورنىغا تانكا ئىشلىتىدىغان بولسا، بۇ چاغدا مۇشۇ يېڭى زامان قوراللىرىغا كۆڭۈل بۆلۈش جەڭ ئېتى تەييارلاش قاتارىغا كىرىدۇ. بۇ، شەرىئەت دەلىللىرىدىن ئېلىنىدىغان مەقسەت - غايىلەرگە رىئايە قىلىش قاتارىدىن بولىدۇ.

مانا بۇلار فىقھى ئەھكاملىرىنى ئىبادەت ۋە مۇئامىلىگە بۆلۈشلىرىنىڭ سىرلىرىدۇر. لېكىن، شەرىئەت ئەھكاملىرىغا چەك ئېسىلىش ئالدىنقى بۆلۈملەردە بايان قىلغىنىمىزدەك، ئىبادەت ھېسابلىنىدۇ.

ئەمما، سەييىد قۇتۇب ئېيتقاندەك، مۇشۇنداق ئىلمىي ئاتالغۇ بىلەن بۆلۈشنىڭ ۋە كېيىن مەيدانغا كەلگەن يېزىقچىلىق تۈرىنىڭ ئىنسانلار ئېڭىغا نۇرغۇنلىغان سەلبىي تەسىرلىرى بولۇپ، بىر مۇددەتتىن كېيىن مۇسۇلمانلار ھاياتىغا يامان تەسىرلەرنى قالدۇردى. چۈنكى، كىشىلەرنىڭ ئېڭىغا ئىبادەتنىڭ خاراكتېر جەھەتتىن ئىبادەت فىقھىسى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بىرىنچى تۈرگە خاس پائالىيەتلەر سىڭىشكە باشلىدى. پۇل - مۇئامىلە پائالىيەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ئىككىنچى تۈرگە نىسبەتەن ئىبادەت خاراكتېرى يوق بولۇشقا باشلىدى.

مۇشۇنداق تەقسىملەش ”زامانىمىزنىڭ ئۆتۈشى بىلەن“ بەزىلەرنى ئىسلام ئەھكاملىرىدىكى ئىبادەت پائالىيەتلىرىنى قىلىپ، پۇل - مۇئامىلە پائالىيەتلىرىنى باشقا بىر تۈزۈم ئاستىدا ئېلىپ بارسىمۇ، يەنىلا ”مۇسۇلمان“ بولىۋېرىدىغان قىلىپ قويدى.

بۇنداق كىشىلەرنىڭ بۇ خىل قارىشى بىر چۈشتۇر. چۈنكى، ئىسلام بىر پۈتۈن گەۋدە بولۇپ، پارچىلانمايدۇ. ئىسلامنى ئىككى قۇتۇپقا بۆلىدىغان كىشى بۇ پۈتۈنلۈكتىن چىقىپ كېتىدۇ. باشقا ئىبارە بىلەن ئېيتقاندا، دىندىن چىقىپ كېتىدۇ.

دەرۋەقە، ئىسلامنىڭ ۋە ئىبادەتنىڭ ھەقىقەتلىرىگە نىسبەتەن كۆپىنچە مۇسۇلمانلارنىڭ ئېڭىدا شەكىللىنىپ قالغان بۇنداق ئازغۇنلۇقنى فىقھى ئالىملىرى مەقسەت قىلمىغان ياكى ئۇلار بۇنىڭغا مەسئۇل ئەمەس. ئۇلارنىڭ بۇنداق قىلىشى پەقەت سەيىيد قۇتۇب دېگەندەك، يېزىقچىلىقنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن بولغانىدى. شۇڭلاشقا، بىزنىڭ دەۋرىمىزدىمۇ فىقھىدا يازما يازغانلار بۇنداق تەقسىملەشلەردىن خالىي بولالمىدى.

بىلىش كېرەككى، بۇنداق تەقسىملەشلەر پەقەت فىقھى كىتابلىرىدىلا تېپىلىدۇ. مۇبادا فىقھى ئالىملىرى باشقا مەزمۇندا بىر نەرسە يازسا، ئىبنى تەيمىيەدەك: ”ئىبادەت دىنىنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ“ دەپ بايان قىلىدۇ. ئىبنى قەييۇممۇ شۇنىڭدەك قارايدۇ.

## 5. ئىبادەت ئىنسان ۋۇجۇدىنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ

بۇ، ئىسلامدا ئىبادەتنىڭ ئۇنىۋېرساللىقىنىڭ ئىككىنچى كۆرۈنىشىدۇر.

ئىسلامدا ئىبادەت ھاياتنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغاندەك، ئۇ يەنە ئىنسان ۋۇجۇدىنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

مۇسۇلمان ئىنسان اللە تائالاغا تەپەككۇر، قەلب، تىل، قولاق، كۆز ۋە بارلىق سەزگۈ ئەزالىرى بىلەن، پۈتۈن ۋۇجۇدى، پۇل - مېلىنى سەرپ قىلىش، ئائىلىسى ۋە يۇرتىدىن ئايرىلىش بىلەن ئىبادەت قىلىدۇ.

مۇسۇلمان ئىنسان اللە تائالاغا ئۆزى، كائىنات، ئاسمان - زېمىننىڭ پادىشاھلىقى ۋە اللە ياراتقان نەرسىلەر ھەققىدە تەپەككۇر قىلىش ئارقىلىق ئىبادەت قىلىدۇ. شۇنداقلا، اللە تائالانىڭ نازىل قىلغان ئايەتلىرى ۋە ئۇلاردىكى ھىدايەت ۋە ھېكمەتلەر، ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرنىڭ ئاقىۋەتلىرى، تارىخىي ھادىسىلەر ۋە ئۇلاردىكى ۋەز - نەسىھەت ۋە ئىبرەتلەر ھەققىدە تەپەككۇر قىلىش ئارقىلىق اللە تائالاغا يېقىنلىشىدۇ. اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق

دەيدۇ: ﴿كِتَابٌ أَنزَلْنَاهُ إِلَيْكَ مُبَارَكٌ لِّيَدَّبَّرُوا آيَاتِهِ وَلِيَتَذَكَّرَ أُوْلُوا الْأَلْبَابِ﴾ ﴿(بۇ) ئۇلارنىڭ ئايەتلەرنى تەپەككۇر قىلىشلىرى ئۈچۈن، ئەقىل ئىگىلىرىنىڭ ۋەز - نەسىھەت ئېلىشلىرى ئۈچۈن بىز ساڭا نازىل قىلغان مۇبارەك كىتابتۇر﴾[1].

الله تائالا «قۇرئان كەرىم»دە كائىناتقا نەزەر سېلىش، تەپەككۇر قىلىش ۋە ئۆگىنىش جەھەتلەردە ئەقىل ئىشلىتىشكە دەۋەت قىلىدۇ. الله تائالا بۇ توغرىدا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَفِي الْأَرْضِ آيَاتٌ لِّلْمُوقِنِينَ وَفِي أَنفُسِكُمْ أَفَلَا تُبْصِرُونَ﴾ ﴿زېمىندا ۋە ئۆزۈڭلاردا اللهقا چىن ئېتىقاد قىلىدىغانلار ئۈچۈن (اللهنىڭ قۇدرىتى ۋە بىرلىكىنى كۆرسىتىدىغان) نۇرغۇن ئالامەتلەر بار، (بۇنى) كۆرمەمسىلەر﴾[2]؛ ﴿إِنَّ فِي خَلْقِ السَّمَاوَاتِ وَالأَرْضِ وَاخْتِلاَفِ اللَّيْلِ وَالنَّهَارِ لآيَاتٍ لِّأُوْلِي الألْبَابِ الَّذِينَ يَذْكُرُونَ اللّهَ قِيَامًا وَقُعُودًا وَعَلَىَ جُنُوبِهِمْ وَيَتَفَكَّرُونَ فِي خَلْقِ السَّمَاوَاتِ وَالأَرْضِ رَبَّنَا مَا خَلَقْتَ هَذا بَاطِلاً سُبْحَانَكَ فَقِنَا عَذَابَ النَّارِ﴾ ﴿شۈبھىسىزكى، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشىدا، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ نۆۋەتلىشىپ تۇرۇشىدا ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن، ئەلۋەتتە روشەن دەلىللەر بار. ئۇلار ئۆرە تۇرغاندىمۇ، ئولتۇرغاندىمۇ، ياتقاندىمۇ اللهنى ئەسلەپ تۇرىدۇ. ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشى توغرىسىدا پىكىر يۈرگۈزىدۇ. (ئۇلار ئېيتىدۇ:) ‹پەرۋەردىگارىمىز! بۇنى بىكار ياراتمىدىڭ، سەن پاكتۇرسەن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن›﴾[3].

ئىبنى ئابباس (الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن)تىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنغان: «بىر سائەت تەپەككۇر قىلىش، كېچىدە ناماز ئوقۇشتىن ياخشىدۇر»[4].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىم ئىلىم تەلەپ قىلىش ئۈچۈن بىر يول تۇتىدىكەن، الله ئۇنىڭ ئۈچۈن جەننەتكە بولغان يولنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىدۇ»[5].

ئىمام شافىئىي مۇنداق دېگەن: «ئىلىم تەلەپ قىلىش نەپلە نامازدىن ئەۋزەلدۇر». ئىمام ئەبۇ ھەنىفە بۇنىڭغا دەلىل كەلتۈرگەن. ۋەھب مۇنداق دېگەن: مەن مالىكنىڭ ئالدىدا ئىدىم، يازمىلىرىنى قويۇپ قويۇپ ناماز ئوقۇغىلى تۇردۇم. مالىك: «سەن ئەۋزەل نەرسىنى قويۇپ تۇرۇپ نېمىگە تۇردۇڭ» دېدى.

مۇسۇلمان ئىنسان الله تائالاغا (ئۇنى) دوست تۇتۇش، ئۇنىڭدىن قورقۇش، ئۇنىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىش، ئازابىدىن قورقۇش، قازاسىغا رازى بولۇش، سىناقلىرىغا سەۋر

---

[1] سۈرە ساد، 29 - ئايەت.

[2] سۈرە زارىيات، 20 - ۋە 21 - ئايەتلەر.

[3] سۈرە ئال ئىمران، 190 - ۋە 191 - ئايەتلەر.

[4] زەئىپ ھەدىس.

[5] ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان.

قىلىش، نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلىش، ئۇنىڭدىن ھايا قىلىش، ئۇنىڭغا تەۋەككۈل قىلىش ۋە ئىخلاس قىلىش دېگەندەك رەببانىي ھېسسىيات ۋە روھىي ھېس - تۇيغۇ بىلەن ئىبادەت قىلىدۇ. اللە تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿قُلْ إِنَّ صَلاَتِي وَنُسُكِي وَمَحْيَايَ وَمَمَاتِي لِلّهِ رَبِّ الْعَالَمِينَ لاَ شَرِيكَ لَهُ وَبِذَلِكَ أُمِرْتُ وَأَنَاْ أَوَّلُ الْمُسْلِمِينَ﴾ ﴿(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، ‹مېنىڭ نامىزىم، قۇربانلىقىم، ھاياتىم ۋە ماماتىم (دۇنيادا قىلغان ياخشىلىقلىرىم ۋە تائەت - ئىبادەتلىرىم) ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى اللە ئۈچۈندۇر. اللەنىڭ شېرىكى يوقتۇر، مەن مۇشۇنىڭغا (يەنى يالغۇز اللەقىلا خالىس ئىبادەت قىلىشقا) بۇيرۇلدۇم﴾[1].

مۇسۇلمان ئىنسان اللە تائالاغا زىكىر ئېيتىش، تىلاۋەت قىلىش، دۇئا قىلىش، تەسبىھ ئېيتىش ۋە تەكبىر ئېيتىش بىلەن ئىبادەت قىلىدۇ. اللە تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا اذْكُرُوا اللَّهَ ذِكْرًا كَثِيراً وَسَبِّحُوهُ بُكْرَةً وَأَصِيلًا﴾ ﴿ئى مۇئمىنلەر! اللەنى كۆپ ياد ئېتىڭلار. ئۇنىڭغا ئەتىگەن - ئاخشامدا تەسبىھ ئېيتىڭلار (چۈنكى، بۇ ئىككى ۋاقىتتا پەرىشتىلەر چۈشۈپ تۇرغانلىقتىن، ئۇ ۋاقىتلارنىڭ ئەۋزەللىكى ھېسابلىنىدۇ)﴾[2]؛ ﴿وَاذْكُر رَّبَّكَ فِي نَفْسِكَ تَضَرُّعاً وَخِيفَةً وَدُونَ الْجَهْرِ مِنَ الْقَوْلِ بِالْغُدُوِّ وَالآصَالِ وَلاَ تَكُن مِّنَ الْغَافِلِينَ﴾ ﴿پەرۋەردىگارىڭنى يىلىنغان ۋە ئۇنىڭدىن قورققان ھالدا ئىچىڭدە ياد ئەتكىن، ئەتىگەن-ئاخشامدا ئۈنى پەس ئاۋازدا زىكىر قىلغىن، غاپىللاردىن بولمىغىن﴾[3].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- قۇرئان ئوقۇغۇچىلار، ئۇ قىيامەت كۈنى شاپائەتچى بولۇپ كېلىدۇ، - دېگەن. بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا:

- دەرۋەقە، شەرىئەتنىڭ ئەھكاملىرى كۆپ بولۇپ كەتتى. مەن چىڭ تۇتىدىغان بىر ئىشنى ماڭا بۇيرىغىن، - دېگەندە، ئۇ:

- تىلىڭ ھەمىشە اللەنىڭ زىكرى بىلەن نەمدىلىپ تۇرسۇن، - دېگەن.

زىكىر ئىككى تۈرلۈك بولۇپ، بىرى ھەمدۇسانا ئېيتىش بىلەن بولىدۇ: «سبحان الله، الحمد لله، لا إله إلا الله، والله أكبر» «اللە پاكتۇر، جىمى ھەمدۇسانا اللەقا خاستۇر، اللەتىن باشقا مەبۇد بەرھەق يوقتۇر، اللە بۈيۈكتۇر». يەنە بىرى دۇئا قىلىش بىلەن بولىدۇ: ﴿رَبَّنَا ظَلَمْنَا أَنفُسَنَا وَإِن لَّمْ تَغْفِرْ لَنَا وَتَرْحَمْنَا لَنَكُونَنَّ مِنَ الْخَاسِرِينَ﴾ ﴿پەرۋەردىگارىمىز! بىز ئۆزىمىز ئۆزىمىزگە زۇلۇم قىلدۇق، ئەگەر سەن بىزگە مەغپىرەت قىلمىساڭ، بىزگە رەھىم قىلمىساڭ، بىز

---

[1] سۈرە ئەنئام، 162 - ۋە 163 - ئايەتلەر.

[2] سۈرە ئەھزاب، 41 - ۋە 42 - ئايەتلەر.

[3] سۈرە ئەئراف، 205 - ئايەت.

چوقۇم زىيان تارتقۇچىلاردىن بولۇپ قالىمىز﴾[1] (مەزكۇر دۇئانى ئادەم ئەلەيھىسسالام ۋە ئايالى ھەۋۋا چەكلەنگەن دەرەخنىڭ مېۋىسىدىن يېگەندىن كېيىن تەۋبە قىلىپ قىلغان).

يۇقىرىقى ئىككى تۈر ھەققىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ھەرخىل مۇناسىۋەت ۋە ۋاقىتلاردا ئوقۇلىدىغان، مۇسۇلمان ئىنساننىڭ قەلبىنى ئۈزلۈكسىز پەرۋەردىگارى بىلەن باغلاپ تۇرىدىغان ۋە قەلبى ئاللاھنىڭ زىكرى بىلەن نەمدىلىپ تۇرىدىغان نۇرغۇنلىغان دۇئا ۋە زىكرلەر رىۋايەت قىلىنىدى. بۇ ھەقتە ئالىملار ھەر خىل ئەسەرلەرنى يازدى.

ياخشى زىكىر بولسا، ئىنساننىڭ دىلى بىلەن تىلىنىڭ بىردەك بولغىنىدۇر. قەلب غەپلەتتە قېلىپ، تىل زىكىر قىلسا، بۇنىڭدا ياخشىلىق بولمايدۇ.

مۇسۇلمان ئىنسان ئاللاھقا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئىبادەت قىلىدۇ. يەنى، تەننىڭ راھەت - پاراغەت ۋە شەھۋەتلىرىدىن روزا تۇتۇش ئارقىلىق ئۆزىنى تۇتۇۋالىدۇ ياكى ناماز ئوقۇش ئارقىلىق ھەرىكەت قىلىپ ۋە روھلىنىپ تۇرۇپ ئىبادەت قىلىدۇ. ھالبۇكى، نامازدا ئىنساننىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى ھەرىكەت قىلىدۇ.

مۇسۇلمان ئىنسان ئاللاھقا زاكات ۋە سەدىقە - ئېھسان قىلىش ئارقىلىق روھىيەتنىڭ قېرىندىشى بولغان پۇل - مالنى سەرپ قىلىش بىلەن ئىبادەت قىلىدۇ. بۇنى فىقھى ئالىملىرى «پۇل - مال ئىبادىتى» دەپ ئاتايدۇ. شۇنداقلا، نامازنى «تەن ئىبادىتى» دەپ ئاتايدۇ. ئۇلار «تەن» دېگەندىن ئىنساننىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى مەقسەت قىلىدۇ. چۈنكى، نىيەت ھەرقانداق بىر ئىبادەت ئۈچۈن تۈپ شەرتتۇر. نىيەت ئورنى قەلبتۇر. شۇڭلاشقا، ساراڭ ۋە مەستنىڭ ئىبادىتى توغرا بولمايدۇ ھەم قوبۇل قىلىنمايدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿حَتَّىَ تَعْلَمُواْ مَا تَقُولُونَ﴾ ﴿نېمە دەۋاتقىنىڭلارنى بىلگىنىڭلارغىچە ...﴾[2].

مۇسۇلمان ئىنسان ئاللاھقا، ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى ئىزدەپ، باشقىلارنى ئاللاھ تەرەپكە دەۋەت قىلىش، ئەمرىمەرۇپ قىلىش، ئاللاھنىڭ كەلىمىسىنى ئۈستۈن، كاپىرلارنىڭ كەلىمىسىنى خار قىلىش يوللىرىدا، ئۆزىنىڭ راھەت - پاراغىتىنى، ئۆزىنى ۋە ئۆزىنىڭ دۇنيالىق ماددىي مەنپەئەتلىرىنى قۇربان قىلىش ئارقىلىق ئىبادەت قىلىدۇ.

مۇسۇلمان ئىنسان ئاللاھقا، ھەج - ئۆمرە قىلىش، يا ئۆزىنىڭ دىنىنى بەرپا قىلالايدىغان يۇرتتا تۇرۇش، يا ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش ياكى مەنپەئەتلىك ئىلىم تەلەپ قىلىش ئۈچۈن ئائىلىسى ۋە يۇرتىدىن ئايرىلىش ۋە زېمىندا سەرگەردان بولۇش ئارقىلىق ئىبادەت

---

[1] سۈرە ئەئراف، 23 ـ ئايەت.

[2] سۈرە نىسا، 43 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

قىلىدۇ. مۇسۇلمان ئىنسان بۇلار ئۈچۈن ئۆزىنىڭ راھەت - پاراغىتىنى، پۇل - مېلىنى سەرپ قىلىدۇ. شۇڭلاشقا، بىز بۇلارنى تەن ۋە مال ئىبادىتى دەپ ئاتايمىز.

## 6. ئۇبۇدىيەتنىڭ ئەللىك مەرتىۋىسى قەلب بىلەن بەدەنگە تەقسىملەنگەن

مەن ئىبنى قەييۇم (اللە ئۇ كىشىگە رەھمەت قىلسۇن)نىڭ اللە ئۈچۈن بولغان «ئۇبۇدىيەت»نىڭ مەرتىۋىلىرى، شۇنداقلا قەلب، تىل، تەن ۋە سەزگۈ ئەزالارنىڭ مۇشۇ ئۇنىۋېرسال «ئۇبۇدىيەت»تىكى نېسىۋىلىرى ھەققىدە تەپسىلىي توختالغان بايانلىرىنى ئوقۇدۇم ۋە ئۇلارنى ئۇنىڭ قىممەتلىك ئەسىرى «توغرا يولدا ماڭغۇچىلارنىڭ دەرىجىلىرى»دىن ئازراق ئۆزگەرتىپ نەقىل كەلتۈرۈشنى توغرا تاپتىم.

«ئۇبۇدىيەت»نىڭ چاقى ئون بەش قائىدە ئۈستىدە ئايلىنىدۇ. كىم ئۇلارنى تولۇقلايدىكەن، ئۇبۇدىيەتنىڭ دەرىجىلىرىنى تولۇقلىغان بولىدۇ.

ئۇبۇدىيەت ئىنسان قەلبىگە، تىلغا ۋە بەدەن ئەزالىرىغا تەقسىملەنگەن. ئۇلارنىڭ ھەربىرىنىڭ ئۆزىگە خاس ئىبادىتى بار.

ئۇبۇدىيەتنىڭ بەش ئەھكامى بولۇپ، ئۇلار: پەرز، مۇستەھەب، ھارام، مەكرۇھ ۋە مۇباھلاردۇر. بۇلارنىڭ قەلبكە، تىلغا ۋە ھەربىر ئەزاغا خاس بولغان ھۆكۈملىرى بار.

### اللەقا ئىبادەت قىلىشتا قەلبنىڭ ئورنى

قەلبنىڭ پەرزلىرى: ئالىملار بۇلاردىن بەزىلىرىنىڭ پەرزلىكىگە بىرلىككە كەلگەن، يەنە بەزىلىرىنىڭ پەرزلىكى ھەققىدە ئىختىلاپ قىلىشقان.

بىرلىككە كەلگەنلىرى بولسا، اللەقا ئىخلاس قىلىش، تەۋەككۇل قىلىش، اللەنى دوست تۇتۇش، سەۋر قىلىش، اللە تەرەپكە قايتىش، اللەتىن قورقۇش، ئۇ زاتتىن ئۈمىد قىلىش، كەسكىن ئېتىقاد قىلىش ۋە نىيەت قىلىش قاتارلىقلاردۇر.

ئىخلاس قىلىش بولسا، مەبۇدنى باشقا نەرسىدىن ئايرىشتۇر.

ئىبادەت ئۇچۇن نىيەت قىلىشنىڭ ئىككى دەرىجىسى بار: بىرى، ئىبادەتنى ئۆرپ - ئادەت ئىشلىرىدىن ئايرىيدۇ. ئىككىنچىسى، ئىبادەتنىڭ مەرتىۋىلىرىنى بىر - بىرىدىن ئايرىيدۇ.

بۇ ئۈچ تۈر قەلبنىڭ پەرزلىرىدۇر.

شۇنداقلا، سەۋر قىلىش ئىسلام ئۇممىتى ئالىملىرىنىڭ بىرلىككە كېلىشى بىلەن پەرزدۇر. ئىمام ئەھمەد (اللە ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) مۇنداق دېگەن: «اللە تائالا سەۋرنى ‹قۇرئان كەرىم›دە توقسان ئورۇندا تىلغا ئالدى. ئۇنىڭ ئىككى يۆنىلىشى بار. بىرى، ھەق بولغان پەرز ۋە يەنە بىرى، مۇستەھەب بولغان كامالەتتۇر».

ئالىملار ئىختىلاپ قىلىشقان پەرزلەر بولسا، (بىرەر ئىشقا) رازى بولۇشتىن ئىبارەتتۇر. بۇنىڭ پەرزلىكى ھەققىدە فىقھى ئالىملىرى بىلەن سوپىلارنىڭ ئىككى خىل بايانى بار.

بۇلارنىڭ جۈملىسىدىن مۇسۇلمان ئىنساننىڭ نامازدا ئەيمىنىپ تۇرىشىدۇر. بۇ ھەقتە فىقھى ئالىملىرىنىڭ ئىككى خىل قارىشى بار.

مەزكۇر ئىككى خىل قاراشنىڭ بىرىگە ئاساسەن، نامازدا تولا ۋەسۋەسىگە دۇچ كېلىدىغان كىشىگە نىسبەتەن نامازنى قايتا ئوقۇش پەرزدۇر.

بۇنىڭدىكى مەقسەت، ئەزالارنىڭ پادىشاھى بولغان قەلبنىڭ اللەنىڭ ئۇبۇدىيىتىگە ئۆزىنىڭ ئەزالىرى بىلەن قوشۇلۇپ تولۇق ئاتلىنىشىدۇر.

ئەمما، قەلبكە ھارام بولىدىغان ئىشلار بولسا، مۇتەكەببىرلىك قىلىش، رىيا قىلىش، ئۆزىدىن پەخىرلىنىش، ھەسەت قىلىش، غەپلەتتە قېلىش ۋە مۇناپىقلىق قىلىش قاتارلىقلاردۇر.

بۇلار ئىككى تۈرلۈكتۇر: كۇپۇرلۇق ۋە گۇناھ.

كۇپۇرلۇق: ئىسلامدا كەسكىن بولغان ھۆكۈمگە شەك كەلتۈرۈش، مۇناپىقلىق قىلىش، اللە تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈش قاتارلىقلاردۇر.

گۇناھ چوڭ - كىچىك دەپ ئىككى تۈرگە بۆلىنىدۇ.

چوڭ گۇناھلار بولسا، مۇتەكەببىرلىك قىلىش، رىيا قىلىش، ئۆزىدىن پەخىرلىنىش، چوڭچىلىق قىلىش، اللەنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىد ئۈزۈش، اللەنىڭ ئازابىدىن ئەمىن بولۇش، مۇسۇلمانلارغا ئەزىيەت بېرىش ئارقىلىق خۇشال بولۇش، ئۇلارغا يەتكەن مۇسىبەتلەرگە تەپەررۇج قىلىش، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بۇزۇقچىلىقلارنىڭ يامرىشىنى ياخشى كۆرۈش، اللە ئۇلارغا بەرگەن نېمەتلەرگە ھەسەت قىلىش، شۇ نېمەتلەرنىڭ يوقاپ كېتىشىنى ئۈمىد قىلىش ۋە مۇشۇنىڭدەك ئىشلارنىڭ ئەگەشمىلىرى بولۇپ، بۇلار ھاراملىق جەھەتتە ئاشكارا چوڭ گۇناھلاردىن زىنا قىلىش ۋە ھاراق ئىچىشتىنمۇ ئېغىر

تۇرىدۇ. ئىنساننىڭ قەلبى ۋە بەدىنىنى تۈزشى پەقەت مەزكۇر ئىشلاردىن قول ئۈزۈپ، تەۋبە قىلغاندىلا ھاسىل بولىدۇ. ئۇنداق بولمايدىكەن، مۇنداق قەلب يامان قەلب ھېسابلىنىدۇ. مۇبادا ئىنسان قەلبى بۇزۇلسا، بەدەننىڭ ھەممىسى بۇزۇلىدۇ.

مەزكۇر ئايەتلەر ئىنسان قەلبىنىڭ اللەنىڭ ئۇبۇدىيىتىنى ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئىبادەت قىلىشنى بىلمەسلىكتىن كېلىپ چىقىدۇ. ﴿ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز﴾ دېگەن ۋەزىپە تەندىن ئىلگىرى قەلبكە يۈكلىنىدۇ. مۇبادا، قەلب ئۇنى بىلمەيدىكەن ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئىبادەت قىلىشنى تەرك ئېتىدىكەن، قەلب ئۇنىڭ دۈشمەنلىرى بىلەن توشۇپ كېتىدۇ. قەلب مەزكۇر ئۇبۇدىيەت بىلەن قانچىلىك بىللە بولىدىكەن، ئۇنىڭ دۈشمەنلىرىدىن شۇنچىلىك قۇتۇلىدۇ.

مەزكۇر ئىشلار كۆچلۈكلىكى، قاتتىقلىقى، يەڭگىللىكى ۋە ئىنچىكىلىكىگە قاراپ چوڭ ـ كىچىك بولىدۇ.

كىچىك گۇناھلار بولسا، ھارام ئىشلارنى قىلىشنى قەلبتە خالاش ۋە ئارزۇ قىلىشتۇر. ئارزۇ قىلىشنىڭ دەرىجىسى ئارزۇ قىلغۇچىنىڭ خاتالىشىش دەرىجىسىگە قاراپ چوڭ ـ كىچىك بولۇشتا پەرقلىق بولىدۇ. كۆپۈر ۋە شېرىكنى ئارزۇ قىلىش كۆپۈرلۈقتۇر. بىدئەت ئىشنى قىلىشنى خالاش پاسىقلىقتۇر. چوڭ گۇناھلارنى ئارزۇ قىلىش مەسىيەتتۇر. ئىنسان ئۆلارنىڭ بىرىنى قىلىشقا قۇدرىتى يېتىپ تۇرۇپ، ئۇنى الله ئۈچۈن تەرك ئەتسە ساۋاب بېرىلىدۇ. مۇبادا ئۆلاردىن بىرىنى قىلىشقا تىرىشىپ، كۈچى يەتمەي تەرك ئەتسە، شۇ ئىشنى قىلغۇچىنىڭ جازاسىغا ئۇچرايدۇ. بۇنداق بولۇشى ئۇنى ساۋاب ۋە جازا ئەھكاملىرىغا سېلىش ئۈچۈن ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ئەگەر ئىككى مۇسۇلمان قىلىچلىرى بىلەن ئۇرۇشسا، قاتىل ۋە ئۆلتۈرۈلگۈچى ئىككىلىسى دوزاخقا كىرىدۇ، ـ دېدى. ساھابىلەر:

ـ قاتىلغۇ شۇنداق بولىدۇ، ئەمما ئۆلگىنى نېمىشقا شۇنداق بولىدۇ؟ ـ دەپ سورىغاندى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ئۇمۇ قاتىلنى ئۆلتۈرۈشكە ھېرىسمەن ئىدى، ـ دەپ جاۋاب بەردى.

دېمەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆلگۈچىنى ئۇنىڭمۇ قاتىلنى ئۆلتۈرۈشكە ھېرىسمەنلىكىدىن گۇناھ جەھەتتە قاتىلنىڭ دەرىجىسى بىلەن ئوخشاش ئورۇندا قويدى. بۇنىڭ يەنە نۇرغۇن مىساللىرى بار.

بۇنىڭ بىلەن قەلبنىڭ مۇستەھەب ۋە مۇباھ ئىشلىرى ئايان بولدى.

## اللهقا ئىبادەت قىلىشتا تىلنىڭ ئورنى

تىلنىڭ ئۇبۇدىيىتى بەشتۇر. پەرزلىرى شاھادەت ئېيتىش، نامازدا قۇرئاندىن مەلۇم سۈرە ـ ئايەتلەرنى ئوقۇش، سەجدە ـ رۇكۇلاردا بەلگىلەنگەن تەسبىھ ـ تەكبىرلەرنى ئېيتىش ۋە تەشەھھۇد ئوقۇش.

شۇنداقلا، سالام قىلغان كىشىگە سالام قىلىش ۋە ئەمرىمەرۇپ قىلىش، نادانغا ئىلىم ئۆگىتىش، ئازغۇننى يېتەكلەش ئۇستىدىكى گۇۋاھلىقنى ئادا قىلىشتا راستچىل بولۇش قاتارلىقلاردۇر.

ئەمما، تىلنىڭ مۇستەھەب ئىشلىرى بولسا، قۇرئان ئوقۇش، ھەمىشە اللهقا زىكىر ئېيتىش، مەنپەئەتلىك ئىلىملەرنى ھەمىشە تەكرارلاش قاتارلىقلاردۇر.

تىلنىڭ ھارام ئىشلىرى بولسا، الله يامان كۆرىدىغان سۆزلەرنى قىلىش، بىدئەت ئىشلارغا تىل ئارقىلىق دەۋەت قىلىش، ئۇلارنى بېزەپ، پەردازلاپ بايان قىلىش، مۇسۇلمانغا تۆھمەت چاپلاش، مۇسۇلماننى تىللاش، مۇسۇلمانغا ئەزىيەت بولىدىغان ھەرقانداق سۆزنى قىلىش، يالغان ئېيتىش، يالغان گۇۋاھلىق بېرىش، الله ھەققىدە بىلىمسىزلىك بىلەن بىر نېمىلەرنى دېيىشتۇر.

تىلنىڭ مەكرۇھ ئىشلىرى بولسا، بىر نەرسىنى دېمەسلىك دېيىشتىن ئەۋزەل بولسا، ئۇنى دېيىش مەكرۇھ بولىدۇ.

## اللهقا ئىبادەت قىلىشتا ئىنساننىڭ بەدەن ئەزالىرى ۋە سەزگۈ ئەزالىرىنىڭ ئورنى

ئىنسان بەدىنىنىڭ ئەزالىرى ئۇستىدىكى بەش ئۇبۇدىيەت يىگىرمە بەش دەرىجىدۇر. چۈنكى، سەزگۈ ئەزا بەش بولۇپ، ھەربىر ئەزا ئۈچۈن بەش ئۇبۇدىيەت باردۇر.

## اللهقا ئىبادەت قىلىشتا قۇلاقنىڭ ئورنى

قۇلاقنىڭ الله ۋە اللهنىڭ پەيغەمبىرى پەرز قىلغان، ئىسلام ۋە ئىماننىڭ پەرزلىرىدىن بولغان رۇكۇنلارنى، ئىماننىڭ نامازدا قىلغان ئۇنلۇك قىرائەتلىرىنى، جۈمە خۇتبىسىنى ئاڭلىشى ۋە تىڭشىشى پەرزدۇر.

قولاقنىڭ ھارام ئىشلىرى: كۈپۈر ۋە بىدئەت ئىشلارنى ئاڭلاش (پەقەت ئۇنىڭغا رەددىيە بېرىش ئۈچۈن ئاڭلىشى بۇنىڭدىن مۇستەسنا)، كىشىلەرنىڭ مەخپىيەتچىلىكىنى تىڭتىڭلاش، نامەھرەم ئاياللارنىڭ ئاۋازىنى گۇۋاھلىق بېرىش، مۇئامىلە قىلىش، پەتىۋا سوراش، دەۋا قىلىش، داۋالاش دېگەنگە ئوخشاش ھالەتلەردىن باشقا چاغدا سەۋەبسىز ئاڭلاش قەتئىي ھارامدۇر.

قولاقنىڭ مۇستەھەب ئىشلىرى: ئىلىم ئاڭلاش، قۇرئان ئاڭلاش، شۇنداقلا الله ياخشى كۆرىدىغان نەرسىلەرنى ئاڭلاش مۇستەھەبتۇر.

قولاقنىڭ مەكرۇھ ئىشلىرى: يۇقىرىقىلارنىڭ دەل ئەكسىدۇر.

## اللهقا ئىبادەت قىلىشتا كۆزنىڭ ئورنى

كۆزنىڭ پەرزلىرى: «قۇرئان كەرىم»گە قاراش، ئىلىم ئۆگىنىش پەرز بولغاندا كىتابقا قاراش، ئىنسان ئۆزى يەيدىغان، سەرپ قىلىدىغان ياكى پايدىلىنىدىغان نەرسىلەردە ھارامدىن ھالالنى ئايرىش زۆرۈر بولغان نەرسىلەرگە قاراش، ئامانەت نەرسىلەرنى ئىگىلىرىگە تاپشۇرۇپ بېرىش توغرا كەلگەندە، شۇنى ئايرىش ئۈچۈن قاراش قاتارلىقلاردۇر.

كۆزنىڭ ھارام ئىشلىرى: يات ئاياللارغا شەھۋەت بىلەن قاراش، يىگىتنىڭ ئالماقچى بولغان قىزغا قارىشى، مۇئامىلە ئىشلىرى، گۇۋاھلىق ئىشلىرى، دوختۇرنىڭ داۋالاش ئىشلىرىغا ئوخشاش ئىشلاردىن باشقا ئەھۋاللاردا يات ئاياللارغا سەۋەبسىز قاراش قاتارلىقلاردۇر.

كۆزنىڭ مۇستەھەب ئىشلىرى: ئىنسان مۇتالىئە قىلىش ئارقىلىق ئېخىمۇ كۈچىيىدىغان ئىلىم، دىن كىتابلىرىغا قاراش، «قۇرئان كەرىم»گە قاراش، سالىھ ئالىملارنىڭ، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ چىرايىغا قاراش، اللهنىڭ كائىناتتىكى دەلىل ـ مۆجىزىلىرىگە قاراش قاتارلىقلاردۇر.

كۆزنىڭ مەكرۇھ ئىشلىرى: پايدىسى بولمىغان ئىشلارغا قاراشتۇر.

كۆزنىڭ مۇباھ ئىشلىرى: دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە زىيىنى بولمىغان ياكى پايدىسى بولمىغان ئىشلارغا قاراشتۇر.

كۆزنىڭ ھارام ئىشلىرىدىن ئىنساننىڭ ئەۋرەتلىرىگە قاراشمۇ بار بولۇپ، بۇ ئىككى تۈرگە بۆلىنىدۇ: بىرى، كىيىم ئىچىدىكى ئەۋرەتكە قاراش. يەنە بىرى، ئۆي ئىچىدىكى ئەۋرەتلەرگە قاراشتۇر.

ئەگەر بىرسى ئائىلە ئىچىدىكى ئەۋرەتلەرگە ئىشىك ئارقىسىدىن قارايدىكەن، ئۇ ئۆي ئىگىسى ئۇنىڭ كۆزىنى قويۇۋەتسە، ئۆي ئىگىسىگە ھېچقانداق مەسئۇلىيەت كەلمەيدۇ. بۇ ئىش پەقەت قارىغۇچىنىڭ قاراشقا ھېچقانداق سەۋەب ـ باھانىسى بولمىغاندا شۇنداق بولىدۇ.

## اللهقا ئىبادەت قىلىشتا تېتىش سېزىمىنىڭ ئورنى

تېتىش سېزىمىنىڭ پەرز ئىشلىرى: ئىنسان تاماق يېيىش، بىر نەرسە ئىچىشكە مەجبۇرلانسا ياكى يەپ ـ ئىچمىسە، ئۆلۈپ كېتىش خەۋپى بولسا، يەپ ـ ئىچىش پەرز بولىدۇ. ئەگەر تاماق يېمەي ياكى بىر نەرسە ئىچمەي ئۆلۈپ كەتسە، بۇ ھالدا ئىنسان ئاسىي ـ گۇناھكار بولۇپ ئۆزىنى ئۆلتۈرگەن بولىدۇ. ئىمام ئەھمەد بىلەن تاۋۇس (الله ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن) مۇنداق دېگەن: «كىم ئۆزى ئۆلۈپ قالغان تاپلارنى يېيىشكە مەجبۇرلىنىپ تۇرۇپ، ئۇنى يېمەي ئۆلۈپ كەتسە، دوزاخقا كىرىدۇ».

بۇلارنىڭ جۈملىسىدىن خەتەرلىك ھالەتلەردىن قۇتۇلۇش قەتئىي ھالدا مەلۇم بىر دورىنى ئىچىشكە قاراشلىق بولسا، ئۇنى ئىچىش پەرزدۇر. ئەگەر گۇمان بولسا، بۇنداق ئەھۋالدا ئالىملار ئوتتۇرىسىدا ئىختىلاپ بار.

تېتىش سېزىمىنىڭ ھارام ئىشلىرى: ھاراق ۋە زەھەرلىك نەرسىلەرنى، شۇنداقلا پەرز روزا تۇتقاندا بىر نەرسىنى تېتىش ھارامدۇر.

تېتىشنىڭ مەكرۇھ ئىشلىرى: شۈبھىلىك نەرسە، ئېھتىياجدىن ئارتۇق نەرسە، داستىخانغا تويۇقسىز كەلتۈرۈلگەن تاماق، كۆز ـ كۆز قىلىش ئۈچۈن زىياپەتلەردە تەييارلانغان تاماقلارنى تېتىش قاتارلىقلاردۇر.

ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەسلەشكۈچىلەرنىڭ تاماقلىرىدىن توستى».

تېتىشنىڭ مۇستەھەب ئىشلىرى: اللهنىڭ ئىتائىتىگە ياردەم بېرىدىغان مېھمانلارغا ھەمراھ بولۇپ تاماق يېيىش، چاقىرغان ساھىبخانىنىڭ تاماقلىرىدىن يېيىش قاتارلىقلاردۇر.

بەزى فىقھى ئالىملىرى بېرىش زۆرۈر بولغان زىياپەتتىن يېيىش پەرز دەپ قارىدى.

تېتىشنىڭ مۇباھ ئىشلىرى: گۇناھمۇ بولمايدىغان، ساۋابمۇ بولمايدىغان ئىشلاردۇر.

## ﷲقا ئىبادەت قىلىشتا پۇراش سېزىمىنىڭ ئورنى

ئۇنىڭ پەرزلىرى: ھالال بىلەن ھارامنى ئايرىيدىغان ئىشلاردۇر.

ھاراملىرى: ئىھرامدا تۇرۇپ خۇشپۇراق نەرسىلەرنى پۇراش، ئوغرىلانغان خۇشپۇراقلارنى پۇراش، يات ئاياللارنىڭ چاچقان ئەتىرلىرىنى قەستەن پۇراش قاتارلىقلاردۇر.

مۇستەھەبلىرى: ﷲنىڭ تائەت - ئىبادىتىگە ياردەم بېرىدىغان ئىشلاردۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمگە بىر رەيھان سۇنۇلىدىكەن، ئۇنى رەت قىلمىسۇن. ئۇ خۇشپۇراق بولۇپ، ئۇنى ئېلىپ يۈرۈش يەڭگىلدۇر».

مەكرۇھلىرى: زالىم - زومىگەرلەرنىڭ، شۈبھىلىك بولغانلارنىڭ خۇشپۇراقلىرىنى پۇراشتۇر.

مۇباھلىرى: ﷲ تائالا توسمىغان ياكى ئۇنىڭدا بىرەر دىنىي مەنپەئەت بولمىغانلىرىدۇر.

## ﷲقا ئىبادەت قىلىشتا تۇتۇش سېزىمىنىڭ ئورنى

ئۇنىڭ پەرزلىرى: ئەر - ئايال مۇناسىۋەتتە بولغاندا ئەرنىڭ ئايالىنى تۇتۇشىدۇر.

ھاراملىرى: يات ئاياللارنى تۇتۇشتۇر.

مۇستەھەبلىرى: ئەرنىڭ ھارامدىن ساقلىنىشى ئۈچۈن ئايالىنى تۇتۇشىدۇر.

مەكرۇھلىرى: ئەرنىڭ ئىھرامدا تۇرۇپ، ئېتىكاپتا تۇرۇپ، روزىدار تۇرۇپ ئايالىنى شەھۋەت بىلەن تۇتۇشىدۇر.

مۇباھلىرى: بىر قانداق پىتنە بولمىغان ياكى بىرەر دىنىي مەنپەئەت بولمىغان ئىشلاردۇر.

## ﷲقا ئىبادەت قىلىشتا پۇت - قول بىلەن ھەرىكەت قىلىشنىڭ ئورنى

بۇ دەرىجىلەر قول بىلەن ھەرىكەت قىلىشقا، پۇت بىلەن مېڭىشقا باغلىقتۇر.

قولنىڭ ھەرىكىتىگە كەلسەك، ئىنسان ئۆزى ئۈچۈن، ئائىلە ۋە بالا - چاقىلىرى ئۈچۈن كۈچى يەتكەن ھالەتتە كەسىپ قىلىشى، ھاجەتمەنلەرگە ياردەم بېرىشى، ھەجدە شەيتانغا تاش ئېتىشى، تاھارەتنى ئۆزى بىۋاستە ئېلىشى پەرزدۇر.

قولنىڭ ھارام ئىشلىرى: اﷲ ئۆلتۈرۈشنى ھارام قىلغان جان ئىگىسىنى ئۆلتۈرۈش، پۇل - مال بولاش، كىشىلەرنى بوزەك قىلىپ ئۇرۇش، قىمار ئويناش، شاھمات ئويناش (مەدىنە ئۆلىمالىرى ھارام دەپ قارايدۇ)، سۈننەتكە قارشى بىدئەت نەرسىلەرنى يېزىش، كۆچۈرۈپ بېرىش، يالغان نەرسىلەرنى يېزىش، مۇسۇلمانلارنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك ئىشلىرىغا زىيانلىق بولغان ئىشلارنى يېزىپ تارقىتىش قاتارلىقلاردۇر. اﷲ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿فَوَيْلٌ لِّلَّذِينَ يَكْتُبُونَ الْكِتَابَ بِأَيْدِيهِمْ ثُمَّ يَقُولُونَ هَذَا مِنْ عِندِ اللّهِ لِيَشْتَرُواْ بِهِ ثَمَناً قَلِيلاً فَوَيْلٌ لَّهُم مِّمَّا كَتَبَتْ أَيْدِيهِمْ وَوَيْلٌ لَّهُمْ مِّمَّا يَكْسِبُونَ﴾ ﴿كىتابنى ئۆز قوللىرى بىلەن يېزىپ ئۇنى ئاز پۇلغا سېتىش (يەنى دۇنيانىڭ ئازغىنا مەنپەئىتى) ئۈچۈن، بۇ اﷲ تەرىپىدىن نازىل بولغان دېگۈچىلەرگە ۋاي! قولى بىلەن يازغانلىرى (يەنى تەۋراتنى ئۆزگەرتكەنلىكلىرى) ئۈچۈن ئۇلارغا ۋاي! (بۇنىڭ بىلەن) ئېرىشكەن (ھارام) نەرسىلىرى ئۈچۈن ئۇلارغا ۋاي!﴾[1] شۇنداقلا، مۇپتىنىڭ اﷲ ۋە اﷲنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ھۆكمىگە خىلاپ بىر نەرسىنى يېزىشى ھەم شۇنداقتۇر. ئەمما، بىرەر مۇجتەھىد خاتا ئىجتىھاد قىلىپ سېلىپ، ئۇنى يازغان بولسىمۇ ئۇنىڭغا گۇناھ بولمايدۇ.

مەكرۇھلىرى: ھارام بولمىغان ئويۇنلارنى بېرىلىپ ئويناش، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ھېچقانداق پايدىسى بولمىغان بىر نەرسىلەرنى يېزىش قاتارلىقلاردۇر.

مۇستەھەبلىرى: دىنغا، مۇسۇلمانغا پايدىسى بولىدىغان ھەرقانداق بىر نەرسىنى يېزىشتۇر. شۇنداقلا، ئىنساننىڭ بىرەرىگە ياردەم بېرىشى قاتارلىقلاردۇر.

مۇباھلىرى: پايدىسىمۇ، زىيىنىمۇ بولمىغان ئىشلارنى قىلىشتۇر.

پۇتنىڭ ھەرىكىتىگە كەلسەك، ئۇنىڭ پەرزلىرى: جۈمە ۋە جامائەت نامىزىغا مېڭىش، تاۋاپ قىلىش، سەفا - مەرۋەنىڭ ئوتتۇرىسىدا مېڭىش، اﷲ ۋە اﷲنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ھۆكمىگە چاقىرىلغاندا كېلىش، سىلە - رەھىم قىلىشقا، ئاتا - ئانىغا ياخشىلىق قىلىشقا مېڭىش، ئۆگىنىش پەرز بولغان ئىلىم سورۇنلىرىغا كېلىش، ھەجگە يول يېقىنلىشىپ قالغاندا مېڭىش قاتارلىقلاردۇر.

ھاراملىرى: اﷲ تائالاغا ئاسىيلىق قىلىشقا مېڭىش قاتارلىقلاردۇر. اﷲ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿وَأَجْلِبْ عَلَيْهِم بِخَيْلِكَ وَرَجِلِكَ﴾ ﴿ئاتلىق ۋە پىيادە قوشۇنۇڭ بىلەن ئۇلارغا ھۇجۇم قىلغىن﴾[2]. مۇقاتىل (اﷲ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) مۇنداق دېگەن: «بۇ، سەن ئۇلارغا قارشى پۇتۇن ئەسكەرلىرىڭ بىلەن ئاتلانغىن دېگەنلىك بولىدۇ». شۇڭا، ھەرقانداق ئادەم

[1] سۇرە بەقەرە، 79 - ئايەت.

[2] سۇرە ئىسرا، 64 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلىش ئۈچۈن ئۇلاغقا مىنىدىكەن ياكى ماڭىدىكەن، شەيتان - ئىبلىسلارنىڭ قوشۇنىدۇر.

## ھەتتاكى ئۇلاغقا مىنىشمۇ ئىبادەتتۇر

مەزكۇر بەش ئەھكام ئۇلاغقا مىنىشكىمۇ چېتىلىدۇ.

پەرزلىرى: غازاتقا، جىھادقا چىقىش ۋە پەرز ھەجگە بېرىش ئۈچۈن ئۇلاغقا مىنىش پەرزدۇر.

مۇستەھەبلىرى: ئىلىم تەلەپ قىلىش، سىلە - رەھىم قىلىش، ئاتا - ئانىغا ياخشىلىق قىلىش قاتارلىقلاردىكى ئۇلاغقا مىنىشتۇر.

ھاراملىرى: ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلىش ئۈچۈن ئۇلاغقا مىنىپ ھەرىكەت قىلىشتۇر.

مەكرۇھلىرى: كۆڭۈل ئېچىش، ئويناش ۋە قىلىشتىن قىلماسلىق ياخشى بولغان ئىشلار ئۈچۈن ئۇلاغقا مىنىپ ھەرىكەت قىلىشتۇر.

مۇباھلىرى: پايدىسى ياكى زىيىنى بولمىغان ئىشلار ئۇلاغقا مىنىپ ھەرىكەت قىلىشتۇر.

مانا بۇلار ئەللىك دەرىجە بولۇپ، مۇنۇ ئون نەرسىگە تەقسىملەنگەن: قەلب، تىل، قۇلاق، كۆز، بۇرۇن، ئېغىز، قول، پۇت، ئەۋرەت، ئۇلاغقا مىنىش.

بىرگە مۇشۇ تەپسىلىي بايانلار ئارقىلىق ئىسلام دىنىدا ئىبادەتنىڭ ئىنساننىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى، ئىچ - تېشىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقى، شۇنداقلا ئىنسان ياپلاققا قويۇۋېتىلگەن پادا ئەمەسلىكى، بەلكى ئىنساننىڭ ۋۇجۇدى ئىبادەت ۋە مەجبۇرىيەتتىن ئىبارەت ئىكەنلىكى ئايان بولىدۇ، ئەلۋەتتە.

## 7. قايسى ئىبادەت ئەڭ ئەۋزەل؟

بىز يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەنىدەك، ئىسلامدا ئىبادەت ئەنە شۇنداق ئۇنىۋېرسال بولغانىكەن، ئۇنداقتا قايسى ئىبادەت ئەڭ ئەۋزەل ۋە ئاللاھ قايسى ئىبادەتنى ئەڭ ياخشى كۆرىدۇ؟

بۇ ھەقتە ئىمام ئىبنى قەييۇم (ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) ئادەم قەلبىنى ئاۋۇندۇرغىدەك ئىزدەنگەن. بۇ ھەقتىكى مەسىلەكچىلەرنىڭ دە - تالاش، ئىختىلاپلىرىنى،

ھەربىرىنىڭ بايانلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان ۋە ئۆزى توغرا دەپ قارىغان قاراشنى دەلىل بىلەن كۈچلەندۈرگەن.

ئۇ مۇنداق دېگەن: ﴿ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز﴾ دېگەن ماقام ئەھلىنىڭ ئەڭ ئەۋزەل، ئەڭ مەنپەئەتلىك، بالدۇر قىلىشقا ئەڭ لايىق ئىبادەت توغرىسىدا تۆت خىل قاراشلىرى بار. دېمەك، ئۇلار تۆت تۈرگە بۆلىنىدۇ:

بىرىنچى تۈردىكىلەر: ئەڭ ئەۋزەل ئىبادەت ئىنسانغا ئەڭ مۇشەققەتلىك تۇيۇلىدىغانلىرىدۇر، دەپ قارايدىغانلاردۇر.

بۇلار ئىبادەتنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى ۋە ئەڭ مەنپەئەتلىكى بولسا، ئىنسانغا ئەڭ مۇشەققەتلىك ۋە قىيىن بىلىنىدىغىنىدۇر دەپ قارايدۇ. چۈنكى، ئىنسان ئۆزىنىڭ ھاۋايى - ھەۋەسلىرىنى ئۇنىڭدىن يىراق قىلىدۇ، ئۇ بولسىمۇ ئىبادەتنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىدۇر.

بۇلار ئىبادەتكە بېرىلىدىغان ئەجىر مۇشەققەتكە قاراپ بېرىلىدۇ دەيدۇ. بۇلار بۇ سۆزگە ھېچقانداق ئەسلى بولمىغان بىر ھەدىسنى دەلىل كەلتۈرىدۇ: «ئەمەللەرنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى ئۇنىڭ مۇشەققەتلىك بولغىنىدۇر». بۇلار ئۆزلىرىگە جاپا ۋە زۇلۇم سالغۇچىلاردۇر.

بۇلار ئىنسان ئەڭ مۇشەققەتلىك ئىشلار بىلەن تۇزۇلىدۇ، يەنى ئىنسان تەبىئىتى ھۇزۇرلۇقتا ۋە راھەت - پاراغەتكە ئادەتلەنگەن، شۇڭلاشقا ئۇ پەقەت جاپا - مۇشەققەت تارتقاندىن كېيىن تۈزۈلىدۇ دەپ قارايدۇ.

ئىككىنچى تۈردىكىلەر ئىبادەتنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى زاھىدلىق ۋە پانىيلىقتۇر دەپ قارايدىغانلاردۇر.

بۇلار ئىبادەتنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى پانىيلىق ۋە زاھىدلىق بولۇپ، ئامال بار دۇنياغا بېرىلمەسلىك دەپ قارايدۇ. ئۇلار يەنە ئىككى تۈرگە بۆلىنىدۇ:

بۇلارنىڭ ئاۋاملىرى زاھىدلىقنىڭ ئۆزىنى بىر غايە دەپ بىلىپ، ئۇنىڭغا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئاتلاندى ۋە شۇنىڭ ئۈچۈنلا ئەمەل قىلدى. كىشىلەرنى شۇنىڭغا دەۋەت قىلدى ۋە: «زاھىدلىق ئىلىم ۋە ئىبادەتتىن ئەۋزەل» دەپ قارىدى. شۇنىڭ بىلەن دۇنيادا زاھىد بولۇشنى ھەممە ئىشنىڭ بېشى دەپ بىلدى.

ئۇلارنىڭ ئالىملىرى بولسا، زاھىدلىق قىلىش باشقا ئىش ئۈچۈندۇر، ئۇ ئارقىلىق قەلبنى ئاللاھقا بېغىشلاش، پۈتۈن ئىرادىنى ئاللاھقا ئاتاش، قەلبنى ئاللاھنىڭ ئىشقىغا بەخشەندە قىلىش، اللە تائالا تەرىپىگە قايتىش، ئۇ زاتقا تەۋەككۇل قىلىش، ئاللاھنىڭ رازىلىقى بىلەن مەشغۇل بولۇش مەقسەت قىلىنىدۇ دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار: ئىبادەتنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى ئىنساننىڭ ئاللاھقا يۈزلىنىشى، ئۇنى دىلى بىلەن، تىلى بىلەن ھەمىشە زىكىر قىلىپ

تۇرۇشى، ﷲنىڭ كۆزىتىشى ئاستىدا مەشغۇل بولۇشى، قەلبىنى پارچىلايدىغان ۋە بۆلۈۋېتىدىغان ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولماسلىقىدىن ئىبارەت، دەپ بىلدى.

بۇلار ئۆز ئىچىدىن يەنە ئىككى تۈرگە بۆلىنىدۇ: ئۇلارنىڭ ئارىفلىرى (بىلىدىغانلىرى) ﷲنىڭ ئەمرلىرىنى ئىجرا قىلىشقا ۋە توسقان ئىشلىرىدىن يېنىشقا ئالدىرايدۇ. ئازغۇنلىرى بولسا، ئىبادەت قىلىشتىن مەقسەت قەلبىنى ﷲقا بېغىشلاشتۇر دەپ قارايدۇ. ﷲنىڭ زىكرىدىن قەلبىنى ئايرىيدىغان ئىش بولسا، ئۇنىڭغا قاراپمۇ سالمايدۇ. تېخى بەزىلەر مۇنداق دەيدۇ:

زىكىر ـ تەسبىھ تىلەش غاپىلنىڭ ئىشى،
قەلبى زىكىر بىلەن تولسا، نە قىلار كىشى؟

بۇلارمۇ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ: بۇلارنىڭ بەزىلىرى ۋاجىپ ۋە پەرزلەرنى ئۆزلىرىنىڭ زىكىرلىرى ئۈچۈن تەرك ئەتسە، بەزىلىرى پايدىلىق ئىلىم ئۆگىنىشنى ۋە سۈننەت ـ نەپىلىلەرنى تەرك ئېتىدۇ.

بۇلارنىڭ بەزىلىرى بىر ئارىف (بىلگۈچى)تىن مۇنداق سورىغان. مۇبادا مەن ﷲقا بولغان مەجلىسىمدە بولۇۋاتقاندا مەزىن ئەزان ئېيتسا، مەن چىقىپ كەتسەم، چېچىلىپ كېتىمەن. مۇبادا ئورنۇمدا تۇرىۋەرسەم مەجلىسىمدە قېلىۋېرىمەن، بۇ چاغدا مەن ئۈچۈن ئەۋزەل بولغىنى قايسى؟

ئارىف: «سەن ئەرشنىڭ ئاستىدا بولساڭمۇ، مەزىن ئەزان ئوقۇسا، ئورنۇڭدىن تۇرۇپ، ﷲنىڭ چاقىرىقىنى بەجا كەلتۈرگىن، ئاندىن كېيىن ئورنۇڭغا قايتىپ كەلگىن، چۈنكى ﷲقا يىغىلىش روھ بىلەن قەلبىنىڭ تەقەززاسى، چاقىرغۇچىنىڭ نىداسىنى ئىجابەت قىلىش ﷲنىڭ ھەققىدۇر. كىم روھىنىڭ تەلىپىنى ﷲنىڭ ھەققىدىن ئارتۇق كۆرىدىكەن، ﴿ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز﴾ دېگۈچىلەردىن بولمايدۇ» دەپ جاۋاب بەرگەن.

ئۈچىنچى تۈردىكىلەر ئىبادەتلەرنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى باشقىلارغا مەنپەئەت يەتكۈزۈش دەپ قارايدىغانلاردۇر.

بۇلار ئىبادەتنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى ۋە ئەڭ مەنپەئەتلىكى باشقىلارغا مەنپەئەت يەتكۈزۈشتۇر دەپ قارايدۇ. بۇلار پېقىر ـ مىسكىنلەرنىڭ خىزمىتىنى قىلىش، كىشىلەرنىڭ ھاجىتىدىن چىقىش ۋە ئۇلارغا پۇل ـ مال بىلەن ياردەم قىلىشنى ئەڭ ئەۋزەل دەپ قاراپ، بۇنىڭ ئۈچۈن ئاتلاندى ۋە شۇ ئىش بىلەن مەشغۇل بولدى. بۇلار بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنۇ ھەدىسىنى دەلىل كەلتۈرىدۇ: «ئىنسانلار ﷲنىڭ

يۈكلىرى، ئاللاھقا ئەڭ دوست بولىدىغان كىشى، ئاللاھنىڭ يۈكلىرىگە مەنپەئەت يەتكۈزىدىغان كىشىدۇر»[1].

ئۇلار ئابىدنىڭ ئەمىلى پەقەت ئۆزىگىلا بولىدۇ، باشقىلارغا مەنپەئەت يەتكۈزىدىغان كىشىنىڭ ئەمىلى ئۆزگىگىمۇ يېتىدۇ، شۇنداق ئىكەن بۇ ئىككىيلەننىڭ ھەربىرى يەنە بىرىگە قارىغاندا قايسى ئورۇندا تۇرىدۇ؟ دەيدۇ.

شۇڭلاشقا، ئۇلار: ئالىمنىڭ پەزىلىتى ئابىدنىڭ پەزىلىتىگە قارىغاندا، ئاينىڭ پەزىلىتى بارچە يۇلتۇزلارغا بولغاندەك بولىدۇ، دەيدۇ.

ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەلى (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن)گە: «ئاللاھ سېنىڭ قولۇڭدا بىر ئادەمنى ھىدايەت تاپقۇزۇشى قىزىل تۆگىدىنمۇ ياخشىدۇر» دېگەن ھەدىسىنى دەلىل كەلتۈرىدۇ. بۇ يەردىكى ئەۋزەللىك باشقىلارغا مەنپەئەت يەتكۈزۈش ئۈچۈندۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «باشقىلارنى ھىدايەتكە باشلايدىغان كىشى ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلەرنىڭ ئەجرىدەك ئەجىر بولىدۇ. ئەگەشكەنلەرنىڭ ئەجرىدىنمۇ ھېچ نەرسە كېمەيتىلمەيدۇ»؛ «ھەقىقەتەن، ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ پەرىشتىلىرى كىشىلەرگە ياخشىلىق ئۆگىتىدىغانلارغا دۇرۇد ئوقۇيدۇ»؛ «ئالىم ئۈچۈن ئاسمان - زېمىندىكىلەر، ھەتتا دېڭىزدىكى كىتلار، قۇرۇقلۇقتىكى چۆمۈلىلەردىن تارتىپ ئىستىغپار ئېيتىدۇ».

ئىبادەت ئىگىسى ئۆلۈپ كەتسە، ئۇنىڭ ئەمىلى ئۈزۈلۈپ قالىدۇ. باشقىلارغا مەنپەئەت يەتكۈزگەن كىشىنىڭ پايدىلىق ئەمىلى داۋاملاشسىلا ئۈزۈلۈپ قالمايدۇ.

پەيغەمبەرلەر ئىنسانلارغا ياخشىلىق قىلىشقا، ئىنسانلارنى ھىدايەتكە يېتەكلەشكە، ئۇلارغا دۇنيا - ئاخىرەتتە مەنپەئەت يەتكۈزۈشكە ئەۋەتىلدى. ئۇلار خىلۋەتتە بولۇشقا، كىشىلەردىن ئايرىلىپ ياشاشقا ۋە راھىب بولۇشقا ئەۋەتىلمىدى. شۇڭلاشقا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىبادەت ئۈچۈن ئۆزلىرىنى ئاتاپ، كىشىلەرگە ئارىلاشماسلىقنى ئىرادە قىلغانلارنى قاتتىق ئىنكار قىلدى دەپ دەلىل كەلتۈرىدۇ.

بۇلارنىڭ قارىشىچە، ئاللاھنىڭ ئەمرلىرىنى بۆلۈنۈپ قىلىش، ئاللاھنىڭ بەندىلىرىگە مەنپەئەت يەتكۈزۈش ۋە ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىش ئاللاھنىڭ زىكرى ئۈچۈن يىغىلىشتىن ئەۋزەلدۇر.

تۆتىنچى تۈردىكىلەر ھەربىر ۋاقىت ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئەۋزەل ئىبادىتى بار دەپ قارايدىغانلاردۇر.

---

[1] ئەبۇ يەئلا رىۋايەت قىلغان.

بۇلار ئىبادەتنىڭ ئەڭ ئەۋزەلى شۇ ۋاقىتنىڭ تەلىپىگە ۋە ۋەزىپىسىگە ئاساسەن، اﷲ تائالانىڭ رازىلىقى ئۈچۈن ئەمەل قىلىش دەپ قارايدۇ. جىهاد ۋاقتىدىكى ئەڭ ئەۋزەل ئىبادەت جىهاد قىلىشتۇر. بۇ، زىكىر ـ تەسبىھ ئېيتىش، كېچىدە ناماز ئوقۇش، كۈندۈزى روزا تۇتۇشنى تەرك ئېتىشكە توغرا كەلسىمۇ، ھەتتاكى تىنچ ۋاقىتتىكىدەك نامازنى تولۇق ئوقۇيالمىسىمۇ شۇنداق.

ئۆيگە مېھمان كەلگەندە، مېھماننى ياخشى كۈتۈۋېلىش مۇستەھەب بولغان زىكىردىن ئەۋزەلدۇر. شۇنداقلا، ئايالىنىڭ ۋە ئائىلىسىنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىشتىمۇ شۇنداق بولىدۇ.

سەھەر ۋاقتىدا ناماز ئوقۇش، قۇرئان ئوقۇش، دۇئا قىلىش، زىكىر ئېيتىش ۋە ئىستىغپار ئېيتىش بىلەن مەشغۇل بولۇش ئەۋزەلدۇر.

ئىلىم ئۆگىتىدىغان ـ ئۆگىنىدىغان چاغدا، شۇنى قىلىش ئەۋزەلدۇر.

ئەزان ئوقۇلغاندا، باشقا زىكىرنى تاشلاپ تۇرۇپ، مەزىننىڭ نىداسىغا ئىجابەت قىلىش ئەۋزەلدۇر.

بەش ۋاقىت نامازنىڭ ۋاقىتلىرىدا، نامازنى ئەڭ ياخشى رەۋىشتە، ۋاقتىدا ئوقۇشقا ئالدىراش ۋە مەسجىدكە بېرىش تېخىمۇ ئەۋزەلدۇر.

ھاجەتمەنلەرگە ياردەم بېرىش ۋاقتىدا شۇنىڭ بىلەن مەشغۇل بولۇش زىكىر ـ تەسبىھ ئېيتىشلاردىن ئەۋزەلدۇر.

قۇرئان ئوقۇش ۋاقتىدا قەلبنى شۇنىڭغا يىغىپ، خۇددى اﷲ تائالا ساڭىلا خىتاب قىلىۋاتقاندەك ئوقۇش ئەۋزەلدۇر.

ئەرافات تېغىدا تۇرۇۋاتقان ۋاقىتتا روزا تۇتماي دۇئا قىلىش، زىكىر ـ تەسبىھ ئېيتىشنى كۆپ قىلىش ئەۋزەلدۇر.

زۇلھەججە ئېيىنىڭ دەسلەپكى ئون كۈنىدە ئىبادەتنى كۆپ قىلىش، بولۇپمۇ تەكبىر، تەسبىھ ھەمدۇسانالارنى كۆپ قىلىش شۇ ۋاقىتتا مۇئەييەن بولمىغان جىهادتىن ئەۋزەلدۇر.

رامىزان ئېيىنىڭ ئاخىرقى ئون كۈنىدە، مەسجىدتە ئېتىكاپتا تۇرۇش كۆپلىگەن ئالىملارنىڭ نەزىرىدە قۇرئان ۋە ئىلىم ئۆگىتىش ـ ئۆگىنىشلەردىنمۇ ئەۋزەلدۇر.

سىنىڭ مۇسۇلمان قېرىندىشىڭ كېسەل بولۇپ قالغاندا ياكى ئۆلۈپ كەتكەندە ئۇنى يوقلاش ۋە ئۇنىڭ نامىزىغا قاتنىشىش ئەۋزەلدۇر.

كىشىلەر ساڭا ئەزىيەت بەرگەندە، كىشىلەردىن قاچمىغان ئاساستا سەۋر قىلىش ئەۋزەلدۇر. چۈنكى، كىشىلەرنىڭ ئەزىيەتلىرىگە سەۋر قىلىدىغان ۋە ئۇلارغا ئارىلىشىدىغان مۆئمىن كىشىلەرگە ئارىلاشمايدىغان ۋە ئۇلارنىڭ ئەزىيەتلىرىگە سەۋر قىلمايدىغان مۆئمىندىن ياخشىدۇر.

ياخشى ئىشلاردا كىشىلەرگە ئارىلىشىپ ياشاش ئۇلاردىن ئايرىلىپ يالغۇز ياشىغاندىن ياخشى، يامان ئىشلاردا ئۇلارغا ئارىلاشماسلىق ئارىلىشىشتىن ياخشىدۇر. مۇبادا مۇسۇلمان ئىنسان كىشىلەر بىلەن ئارىلىشىپ، ئۇلارنىڭ يامانلىقلىرىنى ئازايتالىسا، بۇ ۋاقىتتا ئۇلارغا ئارىلىشىش تېخىمۇ ئەۋزەلدۇر.

دېمەك، ھەرقانداق ۋاقىتتا، اللهنىڭ رازىلىقىنى ئىزدەش ھەمدە شۇ ۋاقىتنىڭ مەشغۇلىيەتلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇش مۇسۇلمان ئۈچۈن ئەڭ ئەۋزەلدۇر.

مانا بۇلار (تۆتىنچى تۈردىكىلەر) ھەقىقىي ئىبادەت ئىگىلىرىدۇر. ئۇلاردىن باشقىلىرى چەكلىك دائىرىدىكى ئىبادەت ئىگىلىرى. ئۇلار قاچان ئۆزلىرى ئىبادەت قىلىۋاتقان دائىرىدىن چىقىپ كەتسە، ئۆزىنى خۇددى ئىبادەتنى كەم قىلىپ قويغاندەك، تەرك ئەتكەندەك بىلىدۇ. بۇلار اللهقا بىر تەرەپتىنلا ئىبادەت قىلىدۇ. ھەقىقىي ئىبادەت ئىگىسى بولسا، ئىبادەت قىلىش نەدىلا بولمىسۇن، اللهنىڭ رازىلىقىنى ئىزدەيدۇ. ئىبادەت قىلىشنىڭ دائىرىسى اللهنى رازى قىلىشتۇر. ئۇ ھەمىشە ئۇبۇدىيەتنىڭ مەنزىللىرىدە قاتراپ يۈرىدۇ، ئۇنىڭغا بىر مەنزىل كۆرۈنسىلا تاكى باشقا بىر مەنزىل كۆرۈنگىچە شۇ مەنزىلدە يۈرىدۇ. بۇ ئۇنىڭ قاتراپ يۈرۈشتىكى ئادىتى، مۇبادا سەن ئۆلىمالار بىلەن مۇلاقاتتا بولساڭ، ئۇنى شۇ يەردە كۆرەلەيسەن، مۇبادا ئابىدلارنى ئۇچراتساڭ، ئۇنىمۇ شۇلارنىڭ قاتارىدا ئۇچرىتىسەن، سەن مۇجاھىدلارنى كۆرسەڭ، ئۇنىمۇ شۇلارنىڭ قاتارىدا كۆرىسەن. مانا بۇ بىرەر پايدا - مەنپەئەت ئۇنى ئۆزىگە باغلىۋالمىغان ھەقىقىي ئىبادەت ئىگىسىدۇر. بۇنىڭ ئىبادەت قىلىشتىكى مۇددىئاسى ھېچقانداق ۋاقىتتا ئۆزى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ مەقسىتى ئۆزىنىڭ راھەت - پاراغىتى باشقا ئىشتا بولسىمۇ، يەنىلا اللهنىڭ ئىرادىسىگە ئاساسەندۇر. مانا بۇ ﴿ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز، سەندىنلا ياردەم تىلەيمىز﴾نىڭ ئەمەلىيىتىدۇر. بۇنداق مۇئمىننىڭ كىيىنىشى بار بولغىنى، يېيىشى تاپقىنى، مەشغۇلىيىتى اللهنىڭ ئىبادىتى، نەدە ئورۇن تېپىلسا، مەنزىلى شۇ يەر بولىدۇ. بۇ مۇئمىننى بىرەر نېمە ئۆزىگە باغلىيالمايدۇ. ئىنتايىن ئەركىن، يامغۇرغا ئوخشاش نەگىلا چۈشسە پايدا يەتكۈزىدۇ. اللهنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلغۇچىلارغا قاتتىق نەپرەتلىنىدۇ.

# تۆتىنچى باب

## ئاللاھقا نېمە ئۈچۈن ئىبادەت قىلىمىز؟

1. ئاللاھقا نېمە ئۈچۈن ئىبادەت قىلىمىز؟
2. ئىبادەت روھىيەتنىڭ ئوزۇقىدۇر.
3. ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش ئەركىنلىك يولىدۇر.
4. ئىبادەت ئىلاھىي سىناق بولۇپ، ئىنساننى تاۋلايدۇ.
5. ئىبادەت ئاللاھنىڭ بەندىلىرى ئۈستىدىكى ھەققىدۇر.
6. ئىبادەت ساۋاب ئۈمىد قىلىش ھەمدە ئاللاھنىڭ جازاسىدىن قورقۇش يۈزىسىدىن بولىدۇ.
7. ئىبادەت دېگەن پەقەت روھنى پاكلايدىغان بىر ۋاستىمۇ؟
8. روھنىڭ پاكلىقى ھەقىقىي ئىبادەتنىڭ سەمەرىسى بولۇپ، ئۇنىڭ سەۋەبى بولمايدۇ.
9. ئىبادەتنىڭ ئەسلى مەقسەتلىرى ۋە ئەگەشمە مەقسەتلىرى.
10. ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشتىن چوڭچىلىق قىلىش.
11. ئىبادەت بىلەن ئەخلاق ئوتتۇرىسىدىكى مۆئمىنلەرنىڭ سۈپەتلىرى.
12. مۆئمىنىنىڭ ئىبادىتى ئەخلاقىنىڭ بىر تۈرى، شۇنىڭدەك ئۇنىڭ ئەخلاقى ئىبادەتنىڭ بىر تۈرىدۇر.

## 1. ئاللاھقا نېمە ئۈچۈن ئىبادەت قىلىمىز؟

بىز ئىنساننىڭ مەۋجۇدىيەتتىكى ۋەزىپىسى پەقەت ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىش ئىكەنلىكىنى، ئىبادەتنىڭ ئاللاھقا ئاشىق بولۇپ مۇتلەق باش ئېگىش ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا ئىسلامدىكى ئىبادەت دىنىنىڭ، ھاياتنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى بىلدۇق.

ئەمدى بەزىلەر سورايدىغان بىر سوئال قالدى. ئۇ بولسىمۇ، نېمە ئۈچۈن ئاللاھقا ئىبادەت قىلىمىز؟ باشقا ئىبارە بىلەن ئېيتقاندا، ئاللاھ تائالا بىزدىن بىھاجەت تۇرۇپ، نېمە ئۈچۈن

بىزگە ئۆزىگە ئىتائەت قىلىش ۋە ئىبادەت قىلىشنى پەرز قىلدى؟ بىزنى ئىبادەتكە بۇيرۇشتىكى غايە نېمە؟ بىزنىڭ ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشىمىز، ئىتائەت قىلىشىمىز، بېلىنىشىمىز، ئۇنىڭ ئەمر - پەرمانلىرىنى ئىجرا قىلىشىمىز ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىگە بىرەر پايدا - مەنپەئەت ئېلىپ كېلەمدۇ ياكى ئۇنىڭ پايدا - مەنپەئەتلىرى بىز مەخلۇقلارغا بولامدۇ؟ مۇبادا ئاشۇنداق پايدا - مەنپەئەت بولىدىغان بولسا، ئۇنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتى نېمە؟ ياكى ئۇنىڭدىن مەقسەت ئاللاھ تائالا بۇيرۇق قىلىدۇ، بىز ئۇنى ئىجرا قىلساقلا بولىدۇ دېيىشىمۇ؟

ئۇنىڭ جاۋابىغا كەلسەك، بىلىش كېرەككى، ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلغان كىشىنىڭ ئىبادىتى ئۇ زاتقا ھېچقانداق پايدا - مەنپەئەت ئېلىپ كەلمەيدۇ ياكى ئۇ زاتنىڭ يولىدىن توسىدىغان كىشىنىڭ ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈشى ئۇنىڭغا ھېچقانداق زىيان يەتكۈزمەيدۇ. ئۇ زاتنىڭ پادىشاھلىقىنى ھەمدۇسانا ئېيتقۇچىلارنىڭ ھەمدۇسانالىرى زىيادە قىلالمايدۇ ياكى ئىنكار قىلغۇچىلارنىڭ تۇزكورلۇقى كېمەيتەلمەيدۇ. چۈنكى، ئۇ زات ھەممىدىن بىھاجەت بولۇپ، بىز ئۇ زاتقا موھتاج بولىمىز. ئۇ زات كۆيۈمچان، كەرەملىك، ياخشىلىق ئىرادە قىلغۇچى، رەھىمدىل زات بولۇپ، بىزنى يارىتىپ، نېمەت ئىنئام قىلغانلىقى سەۋەبىدىن، ئۈستىمىزدە ئۇ زاتنىڭ نېمىتىنى خالىسا بىزنى شۇنىڭغا بۇيرۇش ھەققى بار. شۇنداقتىمۇ، ئۇ زات بىزنى پەقەت بىز ئۈچۈن ياخشىلىق بولىدىغان ۋە پايدىلىق بولىدىغان ئىشلارغىلا بۇيرۇيدۇ. ئۇ زات ھەممىدىن مۇتلەق بىھاجەتتۇر. شۇنداق ئىكەن، ياراتقۇچى زاتنىڭ مەخلۇقاتلارغا قانداقمۇ ئېھتىياجى بولسۇن؟

ئاللاھ تائالا بىزگە «قۇرئان كەرىم»دە سۇلايمان ئەلەيھىسسالام ھەققىدە مۇنداق دېگەن: ﴿فَلَمَّا رَآهُ مُسْتَقِرًّا عِندَهُ قَالَ هَذَا مِن فَضْلِ رَبِّي لِيَبْلُوَنِي أَأَشْكُرُ أَمْ أَكْفُرُ وَمَن شَكَرَ فَإِنَّمَا يَشْكُرُ لِنَفْسِهِ وَمَن كَفَرَ فَإِنَّ رَبِّي غَنِيٌّ كَرِيمٌ﴾ ﴿سۇلايمان تەختنىڭ يېنىدا تۇرغانلىقىنى كۆرگەندە ‹بۇ پەرۋەردىگارىمنىڭ (ماڭا قىلغان) ئېھسانىدۇر، ئۇ شۈكۈر قىلامدىم، يا تۇزكورلۇق قىلامدىم، بۇنىڭ بىلەن مېنى سىنىدى، كىمكى شۈكۈر قىلىدىكەن، ئۇ ئۆزىنىڭ پايدىسى ئۈچۈن شۈكۈر قىلىدۇ، كىمكى تۇزكورلۇق قىلىدىكەن، (بىلىش كېرەككى) ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىم (ئۇنىڭ شۈكۈر قىلىشىدىن) بىھاجەتتۇر، (ئاللاھنىڭ) كەرەمى كەڭدۇر﴾[1]؛ ﴿وَلَقَدْ آتَيْنَا لُقْمَانَ الْحِكْمَةَ أَنِ اشْكُرْ لِلَّهِ وَمَن يَشْكُرْ فَإِنَّمَا يَشْكُرُ لِنَفْسِهِ وَمَن كَفَرَ فَإِنَّ اللَّهَ غَنِيٌّ حَمِيدٌ﴾ ﴿بىز لوقمانغا ھەقىقەتەن ھېكمەت ئاتا قىلدۇق، (ئۇنىڭغا ئېيتتۇقكى،) ‹ئاللاھقا شۈكۈر قىلغىن، كىمكى شۈكۈر قىلىدىكەن، ئۇ ئۆزى ئۈچۈن قىلغان بولىدۇ، كىمكى كۇفرىلىق

[1] سۈرە نەمل، 40 - ئايەت.

قىلىدىكەن، شۈبھىسىزكى، اللە (بەندىلەردىن) بىھاجەتتۇر، مەدھىيىگە لايىقتۇر﴾[1]؛ ﴿وَلِلّهِ عَلَى النَّاسِ حِجُّ الْبَيْتِ مَنِ اسْتَطَاعَ إِلَيْهِ سَبِيلاً وَمَن كَفَرَ فَإِنَّ الله غَنِيٌّ عَنِ الْعَالَمِينَ﴾ ﴿قادىر بولالىغان كىشىلەرنىڭ اللە ئۈچۈن كەبىنى زىيارەت قىلىشى ئۇلارغا پەرز قىلىندى. كىمكى ئىنكار قىلىدىكەن (يەنى ھەجنى تەرك ئېتىدىكەن، زىيىنى ئۆزىگە)، شۈبھىسىزكى، اللە ئەھلى جاھاندىن (يەنى ئۇلارنىڭ ئىبادىتىدىن) بىھاجەتتۇر﴾[2]؛ ﴿يَا أَيُّهَا النَّاسُ أَنتُمُ الْفُقَرَاء إِلَى اللَّهِ وَاللَّهُ هُوَ الْغَنِيُّ الْحَمِيدُ﴾ ﴿ئى ئىنسانلار! سىلەر اللەقا موھتاجسىلەر، اللە (ھەممىدىن) بىھاجەتتۇر، مەدھىيىگە لايىقتۇر﴾[3].

ھەدىس قۇددۇسىيدا مۇنداق كەلگەن: «ئى بەندىلىرىم! سىلەر ماڭا قەتئىي زىيان يەتكۈزەلمەيسىلەر، شۇنداقلا پايدىمۇ يەتكۈزەلمەيسىلەر. ئى بەندىلىرىم، سىلەرنىڭ ئاۋۋالقىڭلار ۋە كېيىنكىڭلار، ھەممىڭلار ۋە جىنلار ئەڭ تەقۋادار بىر ئادەمنىڭ قەلبىدەك بولۇپ كەتسەڭلارمۇ، بۇ مېنىڭ پادشاھلىقىمدىن ھېچ نەرسىنى زىيادە قىلالمايدۇ. ئى بەندىلىرىم، سىلەرنىڭ ئاۋۋالقىڭلار ۋە كېيىنكىڭلار، ھەممىڭلار ۋە جىنلار ئەڭ پاسىق بىر ئادەمنىڭ قەلبىدەك بولۇپ كەتسەڭلارمۇ، بۇ مېنىڭ پادشاھلىقىمدىن ھېچ نەرسىنى كېمەيتىۋېتەلمەيدۇ»[4].

اللە تائالا مۇشۇنداق ھالەتتە ھەممىدىن بىھاجەت تۇرۇقلۇق، نېمە ئۈچۈن بەندىلىرىنى ئۆزىگە تائەت ـ ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇيدۇ؟

ئىنسان ھەمىشە ئەقلىگە كېلىدىغان: ”نەدىن؟ نەگە؟ ۋە نېمە ئۈچۈن؟“ دېگەندەك سوئاللارنىڭ جاۋابلىرىنى بىلىپ بولغاندىن كېيىن، مەزكۇر سوئالنىڭمۇ جاۋابىنى بىلىشى ئىنتايىن ئاسان دەپ ئويلايمەن. بۇ، ئىنسان تەبىئىتىنىڭ ئۆزىگە، ئۇنىڭ زېمىندىكى ۋەزىپىسىگە ۋە بۇ ھاياتنىڭ غايىسى ئۈچۈن ھازىرلانغان نۇقتىغا مۇجەسسەملەنگەن.

## 2. ئىبادەت روھىيەتنىڭ ئوزۇقىدۇر

بىلىش كېرەككى، ئىنسان بىر كۆرۈپ تۇرۇۋاتقان ۋە سېزىۋاتقاندەك، پەقەت يېمەك ـ ئىچمەكتىكى نېسىۋىسىنى تەلەپ قىلىدىغان بىر ماددىلا ئەمەس، لېكىن ئۇنىڭ

[1] سۈرە لوقمان، 12 ـ ئايەت.
[2] سۈرە ئال ئىمران، 97 ـ ئايەت.
[3] سۈرە فاتىر، 15 ـ ئايەت.
[4] ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەقىقىي ماھىيىتى ئۇنى زېمىندىكى مەخلۇقاتلارنىڭ سەردارى ۋە ھۆرمەتلىك ئىنسان قىلغان نەپىس جەۋھىرىدۇر. ئۇنىڭدىكى جەۋھەر بولسا روھتۇر. ئىنسان ئۇ ئارقىلىق ئاللاھقا مۇناجات قىلىشتا ئۆزلىكىنى ۋە پاكلىقىنى تاپىدۇ. ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش مەزكۇر روھقا ئۇنىڭ ئوزۇقىنى ۋە ئۆسۈپ يېتىلىشىنى تەمىنلەيدۇ ۋە ئۇنىڭغا مەڭگۈ تۈگىمەيدىغان كۈندىلىك ياردەمنى سۇنۇپ تۇرىدۇ.

مۇبادا ئاشۇ روھنى غەپلەت ۋە مەغرۇرلۇق قاپلىۋالسا، ئۇنىڭغا شەكلىنىش ۋە ئىنكار قىلىش كىرىۋالسا، ھەرخىل بوران ـ چاپقۇنلار كېلىپ، ئۇنىڭدىكى چاڭ ـ توزانلارنى سۈپۈرۈپ تاشلايدۇ. ياكى بىر ئوت يالقۇنجاپ ئۇنىڭدىكى توكسۇنلارنى كۆيدۈرۈپ تاشلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىنسان ئۆزىنىڭ پەرۋەردىگارىغا قايتىپ كېلىدۇ، دۇئا قىلىدۇ ۋە يېلىنىدۇ. مانا بۇ ھەقىقەتنى ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە بايان قىلدى ۋە ئۇنى رېئال تۇرمۇشمۇ ئىسپاتلىدى: ﴿هُوَ الَّذِي يُسَيِّرُكُمْ فِي الْبَرِّ وَالْبَحْرِ حَتَّى إِذَا كُنتُمْ فِي الْفُلْكِ وَجَرَيْنَ بِهِم بِرِيحٍ طَيِّبَةٍ وَفَرِحُواْ بِهَا جَاءتْهَا رِيحٌ عَاصِفٌ وَجَاءهُمُ الْمَوْجُ مِن كُلِّ مَكَانٍ وَظَنُّواْ أَنَّهُمْ أُحِيطَ بِهِمْ دَعَوُاْ اللّهَ مُخْلِصِينَ لَهُ الدِّينَ لَئِنْ أَنجَيْتَنَا مِنْ هَذِهِ لَنَكُونَنِّ مِنَ الشَّاكِرِينَ﴾ ﴿ئاللاھ سىلەرنى قۇرۇقلۇقتا (يەنى ئۇلاغلار ئۈستىدە)، دېڭىزدا (يەنى كېمىلەر ئۈستىدە) سەپەر قىلدۇرىدۇ. سىلەر ئولتۇرغان كېمە (كىشىلەرنى ئېلىپ) مەيىن شامالدا مېڭىۋاتقان ۋە (بۇ) شامالدىن ئۇلار خۇشاللىنىۋاتقان چاغدا، بىردىنلا بوران چىقىپ (كېمە ئۆرۈلىدۇ)، ئۇلار تەرەپ ـ تەرەپتىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان دېڭىز دولقۇنلىرى ئىچىدە قالىدۇ، كېمىدىكىلەر قورشىۋېلىنغانلىقىغا (يەنى ھالاك بولىدىغانلىقىغا) جەزمى قىلىدۇ، (چوقۇنۇۋاتقان بۇتلىرىنى تاشلاپ قويۇپ: ‹ئى ئاللاھ! ئەگەر سەن بىزنى بۇنىڭدىن (يەنى بالادىن) قۇتۇلدۇرساڭ، بىز چوقۇم شۈكۈر قىلغۇچىلاردىن بولىمىز› دەپ چىن كۆڭلى بىلەن دۇئا قىلىدۇ﴾[1].

ئىنسان قەلبى داۋاملىق ئاللاھنى تۇيۇپ تۇرىدۇ. ئۇ شۇنداق بىر ئېسىل تۇيغۇكى، ئۇنىڭ بوشلۇقىنى مەۋجۇدىيەتتە پەقەت ئاللاھقا بولغان ياخشى رىشتە تولدۇرىدۇ. ئىبادەتمۇ ئۆز رەۋىشىدە ئادا قىلىنسا تولۇق بولغان بولىدۇ.

ئىبنى تەيمىيە مۇنداق دېگەن: «ئىنسان قەلبى ئاللاھقا ئىككى نۇقتىدىن موھتاج بولىدۇ. بىرى، ئىبادەت قىلىش نۇقتىسىدىن، يەنە بىرى ئاللاھتىن ياردەم تىلەش ۋە ئۇ زاتقا تەۋەككۇل قىلىش نۇقتىسىدىندۇر. ئىنسان قەلبى پەقەت ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش بىلەن، ئۇ زاتنى ياخشى كۆرۈش بىلەن ۋە ئۇ زات تەرىپىگە قايتىش بىلەن ئوڭشىلىدۇ، نىجات تاپىدۇ، ھۇزۇرلىنىدۇ، خۇشال بولىدۇ، لەززەتلىنىدۇ، خاتىرجەم بولىدۇ، تەسكىن تاپىدۇ ۋە ئارام تاپىدۇ. ئىنسان مەخلۇقاتلارنىڭ ھەممىسى لەززەتلىنىدىغان ھەممە نەرسىگە

[1] سۈرە يۇنۇس، 22 ـ ئايەت.

ئېرىشكەن تەقدىردىمۇ، يەنىلا كۆڭلى تەسكىن تاپمايدۇ ياكى خاتىرجەم بولمايدۇ. چۈنكى، پەرۋەردىگار ئىنساننىڭ مەبۇدى، مەھبۇبى ۋە مەتلۇبى بولغانلىقى ئۈچۈن ئىنسان قەلبىدە ئۆزلىكىدىن ئۇنىڭغا موھتاج بولۇش تۇيغۇسى بار. بۇنىڭ بىلەن ئىنسانغا خۇشاللىق، لەززەت، نېمەت، تەسكىنلىك ۋە خاتىرجەملىك ھاسىل بولىدۇ.

بۇ ھال پەقەت اللەنىڭ ئىنسانغا ياردەم بېرىشى بىلەن بولىدۇ. چۈنكى، بۇنى اللەتىن ئۆزگە بىرسى قىلالمايدۇ. ئىنسان بولسا داۋاملىق: ﴿ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز، سەندىنلا ياردەم تىلەيمىز﴾ دېگەن ئايەتنىڭ ئەمەلىيىتىگە موھتاجدۇر.

مۇبادا ئىنسان ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان، ئۆزى تەلەپ قىلىدىغان، كۆڭلى تارتىدىغان ۋە خالايدىغان نەرسىلەرگە ئېرىشىپ تۇرۇپ، اللەقا ئىبادەت قىلمايدىكەن، ئۇ پەقەت ھەسرەت - ئەلەمگە ۋە روھىي ئازابقا گىرىپتار بولىدۇ. ئىنساننى دۇنيانىڭ دەرد - ئەلەملىرىدىن ۋە تۇرمۇشنىڭ قاتتىقچىلىقلىرىدىن پەقەت اللەقا بولغان دوستلۇقنى خالىس قىلىش ۋە ئۇنى كۈچەيتىش قۇتقۇزىدۇ. بۇنىڭ بىلەن الله ئۇنىڭ غايىسى بولىدۇ. اللەتىن باشقىنى پەقەت الله ئۈچۈن دوست تۇتىدۇ».

دېمەك، مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئىنسان اللەقا بولغان ئىبادىتىنى قانچە ئىخلاس بىلەن قىلسا، ئۆزىنى تاپىدۇ، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ مەۋجۇد بولۇشىنىڭ سىرىنى بىلەلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ھېچقانداق بىر نەرسە ئۇنىڭ ئورنىنى باسالمايدىغان بىر روھىي بەختكە ئېرىشىدۇ. بۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «ئىماننىڭ ھالاۋىتى» دەپ ئاتىغاندى.

مۇشۇ ھالاۋەتنىڭ شۇنداق بىر تەمى باركى، ئۇنى پەقەت اللەنى ھەقىقىي رەۋىشتە تونۇغان، الله تائالانى باشقا ھەممە نەرسىدىن ئەلا بىلگەن كىشىلا بىلىدۇ.

ئىبنى قەييۇم مۇنداق دېگەن: «ئىنسان قەلبىدە ئۆزىنىڭ ياراتقۇچىسىدىنمۇ ئارتۇق سۆيۈملۈك بىر نېمە يوقتۇر. چۈنكى، ئۇ ئىنساننىڭ ئىلاھى ۋە مەبۇدى، ئىگىسى ۋە خوجىسى، پەرۋەردىگارى ۋە باشقۇرغۇچىسى، ئۇنىڭغا رىزىق بەرگۈچى، ئۇنى قەبزى روھ قىلغۇچى ۋە تىرىلدۈرگۈچى، ئۇ زاتنى دوست تۇتۇش روھىيەتكە نېمەت ئاتا قىلىدۇ. روھلارغا ھايات بېغىشلايدۇ، قەلبلەرنى ئاۋۇندۇرىدۇ، دىللارغا ئوزۇق بېرىدۇ، ئەقىللەرنى يورۇتىدۇ، كۆزلەرنى نۇرلاندۇرىدۇ ۋە ئادەمنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى بەرپا قىلىدۇ.

ساپ قەلب، پاك روھ، ساغلام ئەقىل ئىگىلىرىنىڭ نەزىرىدە اللەنى دوست تۇتۇش، ئۇنىڭ بىلەن ئۈلپەتلىشىش، ئۇنىڭغا مۇلاقات بولۇشقا تەشنا بولۇشتىن ئارتۇق خۇشاللىق، ئارتۇق لەززەت، ئارتۇق خاتىرجەملىك يوقتۇر. مۆئمىننىڭ قەلبىدە بولىدىغان ھالاۋەت ھەرقانداق بىر ھالاۋەتتىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. مۆئمىن بۇنىڭ بىلەن ھاسىل قىلىدىغان نېمەت ھەرقانداق بىر نېمەتتىن يۇقىرى تۇرىدۇ. ئۇ ئېرىشىدىغان لەززەت ھەرقانداق بىر لەززەتتىن چوڭ بولىدۇ. بۇ ھەقتە ئارىفلاردىن بىرى مۇنداق دېگەن: ‹بەزىدە

ئىنسان قەلبىدە شۇنداق بىر ۋاقىت بولىدۇكى، ئەگەر جەننەت ئەھلى مۇشۇنداق ھالەتتە بولىدىغان بولسا، ئۇلار ئەلۋەتتە ياخشى بىر تۇرمۇشتا ئىكەن دەيمەن›. يەنە بىرى مۇنداق دېگەن: ‹بەزىدە ئىنسان قەلبى اللەنىڭ ئۈلپىتى بىلەن ئۇنىڭ ئىشقى بىلەن شۇنداق بىر لەرزىگە كېلىدۇكى، ئادەم تىترەپ كېتىدۇ›».

يەنە بىرىمۇ مۇنداق دېگەن: «غەپلەت ساھىبلىرى نېمىدېگەن بىچارە! ئۇلار دۇنيادىن ئەڭ لەززەتلىك نەرسىنى تېتىيالماي كېتىپ قالىدۇ». ئۇ كىشىدىن: «ئۇ نېمە؟» دەپ سورالغاندا، ئۇ: «اللەنىڭ ئىشقى ۋە ئۈلپىتى» دەپ جاۋاب بەرگەن.

يەنە بىرىيلەن مۇنداق دېگەن: «دۇنيادىكى ئەڭ ياخشى ئىش اللەنى بىلىش ۋە ئۇنى دوست تۇتۇش، ئاخىرەتتىكى ئەڭ ياخشى ئىش بولسا، اللەنى كۆرۈش ۋە ئۇنىڭ كالامىنى ۋاستىسىز ئاڭلاشتۇر».

ئارىفلاردىن يەنە بىرى مۇنداق دېگەن: «ئەگەر پادىشاھلار ياكى شاھزادىلەر بىز تېتىۋاتقان لەززەتنى تېتىيالىغان بولسا ئىدى، ئۇلار ئۇنى بىزدىن تالىشىپ ئەلۋەتتە قىلىچ بىلەن ئۇرۇش قىلغان بولاتتى».

بۇنداق تۇيغۇلارنىڭ بولۇشى ۋە ئۇلارنى قەلبتە تېپىش اللەقا بولغان مۇھەببەتنىڭ كۈچلۈك - ئاجىزلىقىغا قاراپ بولىدۇ. ئۇ قانچە مۇكەممەل بولسا، ھۇزۇر - ھالاۋەت شۇنچە كامالەت تاپىدۇ.

كىم اللە تائالانىڭ گۈزەل ئىسىملىرىنى ۋە سۈپەتلىرى بەك بىلسە، ئۇلارغا بەك قىزىقسا، ئۇلارنى چىن قەلبىدىن ياخشى كۆرسە، ئۇلارغا تېخىمۇ يېقىنلاشسا، قەلبىدە تەسۋىرلىگۈسىز بىر ھالاۋەتنى تاپىدۇ. ئۇنى پەقەت تېتىش ئارقىلىق بىلگىلى بولىدۇ. ئىنسان قەلبى شۇنى قاچان تونۇپ يەتسە، ئۇنىڭغا باشقا بىرىنىڭ مۇھەببىتى، ئۈلپىتى تېتىمايدۇ. ئىنسان اللەنى قانچىلىك دوست تۇتقانسېرى، ئىنسانىنىڭ ئۇ زاتقا بولغان ئۇبۇدىيىتى تېخىمۇ زىيادە بولىدۇ.

ئىنسان قەلبى پەقەت اللەقا ئىبادەت قىلىش، ئۇ زات تەرىپىگە قايتىش بىلەن نىجات تاپىدۇ، ئوڭشىلىدۇ، ھۇزۇرلىنىدۇ، خۇشاللىنىدۇ، لەززەتلىنىدۇ، خاتىرجەم بولىدۇ، تەسكىن تاپىدۇ. ئىنسان قەلبىدە اللەنىڭ مۇھەببىتى قانچىلىك ئورۇن ئالسا، ئۇنىڭ قەلبىدىن اللەتىن غەيرىگە بولغان ئىشق - مۇھەببەت چىقىپ كېتىدۇ.

بىر شائىر مۇنداق دېگەن:

”ئىنسان چېھرىدە اللەنىڭ نۇرلىرى جىلۋىلىنىپ تۇرىدىغانلىقى ئۈچۈن ئىنسان ئەركىن، غالىب ۋە مەزمۇت بولدى“.

ئىمام فەخرىددىن رازى (اللە ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) مۇنداق دېگەن: بىلگىنكى، كىم ئىبادەتنىڭ پايدىلىرىنى بىلسە، ئۇنىڭ بىلەن مەشغۇل بولۇش ئىنسان ئۈچۈن ئاسان

بولىدۇ. ئۇنىڭدىن غەيرى بىلەن مەشغۇل بولۇش ئۇنىڭغا ئېغىر كېلىدۇ. بۇنىڭ بايانى مۇنداق:

بىرىنچى، كامالەتنى ھەممە ياخشى كۆرىدۇ. ئىنساننىڭ ئەڭ مۇكەممەل ھالىتى ئۇنىڭ اللهنىڭ ئىبادىتى بىلەن مەشغۇل بولغان ھالىتىدۇر. چۈنكى، ئۇ بۇ ۋاقىتتا ئىلاھىي نۇر بىلەن نۇرلىنىدۇ، ئۇنىڭ تىلى زىكرىنىڭ شەربىتى بىلەن ئۇلۇغلىنىدۇ. ئەزالىرى اللهنىڭ خىزمىتى بىلەن گۈزەللىنىدۇ. مانا بۇلار ئىنساننىڭ ئەڭ شەرەپلىك مەرتىۋىلىرىدۇر. دۇنيادا بۇلارنى ھاسىل قىلىش ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ كاتتا بەخت بولسا، كەلگۈسىدىكى ئەڭ مۇكەممەل بەخت ئۈچۈنمۇ زۆرۈردۇر. كىم مۇشۇ ئەھۋاللارنى ئۇبدان چۈشەنسە، ئۇ كىشى ئۈچۈن تائەت ـ ئىبادەتلەر يېنىك تۇيۇلىدۇ ۋە ئۇنىڭ ھالاۋىتى ئۇنىڭ قەلبىدە كاتتا بولىدۇ.

ئىككىنچىسى، ئىبادەت الله تائالانىڭ مۇنۇ ئايىتىگە كۆرە ئىنسان ئۈستىدىكى ئامانەتتۇر: ﴿إِنَّا عَرَضْنَا الْأَمَانَةَ عَلَى السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ وَالْجِبَالِ فَأَبَيْنَ أَن يَحْمِلْنَهَا وَأَشْفَقْنَ مِنْهَا وَحَمَلَهَا الْإِنسَانُ إِنَّهُ كَانَ ظَلُومًا جَهُولًا﴾ ﴿شۈبھىسىزكى، بىز ئامانەتنى (يەنى پەرزلەرنى ۋە شەرىئەت تەكلىپلىرىنى) ئاسمانلارغا، زېمىنغا ۋە تاغلارغا تەڭلىدۇق، ئۇلار ئۇنى ئۈستىگە ئالمىدى، ئۇنىڭ (ئېغىرلىقى)دىن قورقتى. ئۇنى ئىنسان ئۈستىگە ئالدى﴾[1].

ئامانەتنى ئادا قىلىش كامالەت سۈپەتلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆزى ياخشى ئىش. چۈنكى، ئامانەتنى بىر تەرەپتىن ئادا قىلىش، ئىككىنچى تەرەپتىنمۇ ئادا قىلىنىشقا سەۋەب بولىدۇ. بەزى ساھابىلەر مۇنداق دېگەن: مەن بىر ئەئرابىنىڭ مەسجىدنىڭ ئىشىكىگىچە كېلىپ، تۆگىسىدىن چۈشكەنلىكىنى ۋە ئۇنى تاشلاپ قويۇپ، مەسجىدكە كىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆردۈم. ئاندىن ئۇ ئىنتايىن تەسكىنلىك ۋە تەمكىنلىك بىلەن ناماز ئوقۇدى ۋە دۇئا قىلدى. بىز ھەيران قالدۇق، ئۇ مەسجىدتىن چىققاندا تۆگىسىنى تاپالمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ: «ئى الله، مەن سېنىڭ ئامانىتىڭنى ئادا قىلدىم، مېنىڭ ئامانىتىم قېنى؟» دېدى. بىز تېخىمۇ ھەيران قالدۇق. ئۇ شۇ يەردە ئۇزاق تۇرمايلا بىر ئادەم ئۇنىڭ تۆگىسىنى ئەكېلىپ بەردى.

ئىمام رازى مۇنداق دېگەن: «ئۇ (يەنى ئەئرابى) اللهنىڭ ئامانىتىنى ئۇبدان ساقلىۋىدى، اللهمۇ ئۇنىڭ ئامانىتىنى ئۇبدان ساقلاپ بەردى. ئۇ بولسىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىبنى ئابباس (الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن)قا ‹اللهنى مۇھاپىزەت قىلغىن، الله سېنى مۇھاپىزەت قىلىدۇ› دېگەن ھەدىسىنىڭ ئىپادىسىدۇر».

[1] سۈرە ئەھزاب، 72 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئۈچىنچىسى، ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولۇش، مەغرۇرلۇق دۇنياسىدىن خۇشاللىق دۇنياسىغا يۆتكىلىشتۇر. مەخلۇقلار بىلەن مەشغۇل بولۇشتىن، اللهنىڭ دەرگاھىدىكى نەرسە بىلەن مەشغۇل بولۇشتۇر. بۇ بولسىمۇ لەززەت ۋە خۇشاللىقنىڭ مۇكەممەل بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئېيتىلىشىچە، ئىمام ئەبۇ ھەنىفە ناماز ئوقۇۋاتقاندا، مەسجىدنىڭ تورىسىدىن بىر يىلان چۈشكەن. بۇنىڭ بىلەن كىشىلەر قېچىپ كەتكەن، ئەمما بۇنى ئىمام ئەبۇ ھەنىفە تۇيمىغان. كىم بۇنىڭغا ئىشەنمىسە، اللهنىڭ مۇنۇ ئايىتىنى ئوقۇسۇن: ﴿فَلَمَّا رَأَيْنَهُ أَكْبَرْنَهُ وَقَطَّعْنَ أَيْدِيَهُنَّ﴾ ﴿ئۇلار يۇسۇفنى كۆرۈپ ھاڭ-تاڭ قېلىشتى ۋە ئۆزلىرىنىڭ قوللىرىنى كېسىۋېلىشتى﴾[1]. يەنى، بۇ ئاياللارنىڭ قەلبىنى يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ جامالى مەھلىيا قىلىۋالغانلىقتىن، ئۇلار قوللىرىنى كېسىپ سالغانلىقلىرىنى تۇيمىغان. بۇ، ئىنسان ھەققىدە ئەقىلگە ئۇيغۇن بولغان يەردە، اللهنىڭ ئۇلۇغلۇقى ئىنسان قەلبىنى قاپلىغاندا بۇنداق بولۇشى تېخىمۇ مۇقەررەر، ئەلۋەتتە. خۇددى بىر پادىشاھنىڭ يېنىغا كىرگەن ئادەم ئالدىدىن ئۆز دادىسى ياكى بالىسى ئۆتسىمۇ، پادىشاھنىڭ سۈرلۈكلىكىدىن، ئۇلارنى كۆرۈپ تۇرۇپ تونۇيالماسلىقى مۇمكىن. چۈنكى، ئاشۇ پادىشاھنىڭ ھەيۋىتى ئۇنىڭ قەلبىنى ئورىۋېلىپ، ئۇلارنى تونۇشتىن توسۇپ قويىدۇ، بۇ بىر مەخلۇقنىڭ ھەققىدە مۇمكىن بولغان يەردە، ئەلۋەتتە ئالەملەرنى ياراتقان زاتنىڭ ھەققىدە مۇمكىن بولۇشى تېخىمۇ مۇمكىندۇر.

بۇنىڭ بىلەن ھەقىقىي ئىماننىڭ تەمىنى تېتىغان، قەلبىدە جەزملىكنىڭ چىراغلىرى چاقنىغان ئادەم ئىبادەتنى پەقەت باش ئېگىش ياكى «بۇيرۇق ئىجرا قىلىش» دەپلا قارىمايدىغانلىقى ئايان بولدى. بۇ ئىنسان اللهقا مۇناجات قىلىش ۋە ئىتائەت قىلىش، اللهنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن تىرىشىش بىلەن لەززەتكە ئېرىشىدۇ. ئۇنىڭدا شۇنداق بىر بەختنى تاپىدۇكى، ئالتۇن - كۈمۈشلەر بىلەن قەسىرلىرىنى بېزىۋالغان ئادەملەرمۇ ئۇنى تاپالمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەرز نامازغا خۇددى شېرىن، لەززەتلىك زىلال سۇغا تەشنا ۋە ئىنتىزار بولغان ئادەمدەك ئىنتىزار بولاتتى. قاقاسلىق چۆلدە يېشىل ئورمانلىققا تەشنا ئادەمدەك ئالدىرايتتى. ئۇ بىلال (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن)غا: «ئى بىلال، بىزنى ناماز بىلەن راھەتلەندۈرگىن» دەيتتى. ئۇنىڭ ئايالى مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە گەپ قىلاتتى، بىزمۇ ئۇنىڭغا گەپ قىلاتتۇق. ناماز ۋاقتى كەلگەندە خۇددى ئۇ بىزنى تونۇمايدىغاندەك، بىزمۇ ئۇنى تونۇمايدىغاندەك بولۇپ

---

[1] سۈرە يۇسۇف، 31 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

قالاتتى». شۇڭلاشقا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «مېنىڭ كۆز قارىچۇقۇم نامازدۇر»[1] دېيىشى ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەس.

دەرۋەقە، مۇئمىن اللهقا ئىبادەت قىلىش ئارقىلىق بوران - چاپقۇنلۇق كۈنلەردە ئۆزى ئۈچۈن تەسەللىي، ئۆزىنىڭ يالغۇزلۇقىدا ئۈلپەتچى تاپىدۇ. قەلبى يورۇيدۇ، يەلكىسىدىن ئېغىرلىقلار كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ. الله تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿وَلَقَدْ نَعْلَمُ أَنَّكَ يَضِيقُ صَدْرُكَ بِمَا يَقُولُونَ فَسَبِّحْ بِحَمْدِ رَبِّكَ وَكُن مِّنَ السَّاجِدِينَ﴾ ﴿بىز ئۇلارنىڭ سۆزلىرىدىن يۈرىكىڭنىڭ سىقىلىۋاتقانلىقىنى ئوبدان بىلىمىز. پەرۋەردىگارىڭغا ھەمدۇ ۋە تەسبىھ ئېيتقىن، ھەم سەجدە قىلغۇچىلاردىن بولغىن﴾[2].

مۇئمىن راھەت - پاراغەتلىك كۈنلەردە نېمەت بەرگۈچى زاتقا شۈكۈر قىلىش ھوزۇرىنى سۈرىدۇ. ئۇلۇغلۇق ئىگىسى اللهقا ھەمدۇسانا ئېيتىش لەززىتىنى تېتىيدۇ. الله تائالا مۇنداق ھالەتنى تەسۋىرلەپ، پەيغەمبىرىگە نېمىدېگەن چىرايلىق خىتاب قىلغان - ھە! الله تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿إِذَا جَاء نَصْرُ اللَّهِ وَالْفَتْحُ وَرَأَيْتَ النَّاسَ يَدْخُلُونَ فِي دِينِ اللَّهِ أَفْوَاجًا فَسَبِّحْ بِحَمْدِ رَبِّكَ وَاسْتَغْفِرْهُ إِنَّهُ كَانَ تَوَّابًا﴾ ﴿اللهنىڭ ياردىمى ۋە غەلىبىسى كەلگەن ۋە اللهنىڭ دىنىغا كىشىلەرنىڭ توپ-توپ بولۇپ كىرگەنلىكىنى كۆرگىنىڭدە، رەببىڭغا تەسبىھ ئېيتقىن، ھەمدۇ ئېيتقىن ۋە ئۇنىڭدىن مەغپىرەت تىلىگىن، الله ھەقىقەتەن تەۋبىنى بەك قوبۇل قىلغۇچىدۇر﴾[3].

## 3. اللهقا ئىبادەت قىلىش ئەركىنلىك يولىدۇر

بىلىش كېرەككى، الله ئۈچۈن خالىس ئىبادەت قىلىش ئەمەلىيەتتە ئەركىنلىكنىڭ ۋە ھەقىقىي خوجىدارلىقنىڭ دەل ئۆزىدۇر. چۈنكى، ئىبادەت ئىنسان قەلبىنى مەخلۇققا قۇل بولۇشتىن، اللهنىڭ غەيرىدىن باشقا ھەممە ئىلاھ ۋە تاغۇتلارنىڭ قۇل قىلىشىدىن ئازاد قىلىدۇ. ۋەھالەنكى، ئۇلار شەكىل جەھەتتە ئەركىنلىك خوجىلىرى سۈپىتىدە كۆرۈنسىمۇ، بۇ ئىلاھ - تاغۇتلار ئىنساننى ئەڭ ئېغىر دەرىجىدە قۇل قىلىدۇ.

بۇ، ئىنسان قەلبىدە بىرەر پەرۋەردىگار، بىرەر ئىلاھ بىرەر مەبۇدقا ئېسىلىدىغان، ئۇنىڭ ئۈچۈن تىرىشىدىغان، ئۇنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن ئىشلەيدىغان تەبىئىي بىر

---

[1] ئىمام ئەھمەد، نەسائى، ھاكىم ۋە بەيھەقىلەر رىۋايەت قىلغان.

[2] سۈرە ھىجر، 97 - ۋە 99 - ئايەتلەر.

[3] سۈرە نەسر.

ئېھتىياجىنىڭ بولغانلىقىدىن بولىدۇ. مۇبادا بۇ مەبۇد ﷲ تائالا بولمىسا، ئىنسان نۇرغۇنلىغان باتىل ئىلاھلارغا چوقۇنۇش بىلەن گاڭگىراپ يۈرىدۇ.

ئاڭلىق ئىنسان ئۇچۇن ئۆزىنى يارىتىپ، بېجىرىم قىلغان زاتقا، ئۇنىڭدىن باشقىنى چۆرۈپ تاشلاپ ئىبادەت قىلىشتىن بەكرەك ئۇلۇغ ئىش يوق.

ئىنسانغا ئۆزىنىڭ بەخت ـ سائادىتى ۋە قەلبىنىڭ پاكلىقى ئۇچۇن، پۈتۈن نىيەت ـ مەقسىتىنى بىر ئىلاھقا يۈزلەندۈرۈشتىن ئارتۇق بەخت يوق. ئىنسان ئۇ زاتقا باش ئېگىشنى ۋە مۇھەببەت باغلاشنى خاسلاشتۇرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئىنسان قەلبى بىر قانچىلىغان باتىل ئىلاھلارنىڭ ئارىسىدا پارچىلىنىپ كەتمەيدۇ. ﷲ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿ضَرَبَ اللَّهُ مَثَلًا رَّجُلًا فِيهِ شُرَكَاء مُتَشَاكِسُونَ وَرَجُلًا سَلَمًا لِّرَجُلٍ هَلْ يَسْتَوِيَانِ مَثَلًا ...﴾ ﴿ﷲ (سىلەرگە مۇنداق) بىر مىسالنى كەلتۈرىدۇ: بىر قۇل بولۇپ، ئۇنىڭغا (ئىشقا سېلىشنى) تالىشىدىغان نۇرغۇن خوجايىنلار ئىگىدارچىلىق قىلىدۇ (بىرسى بۇ ئىشقا، بىرسى ئۇ ئىشقا بۇيرۇيدۇ، ئۇ كىمنى رازى قىلىشنى بىلەلمەي قالىدۇ)، يەنە بىر قۇل بولۇپ، ئۇ بىر ئادەمگىلا خاستۇر، بۇ ئىككى قۇل (يەنى ئۇنىڭ ئەھۋالى) باراۋەرمۇ؟ ...﴾[1].

دېمەك، بىرلا خوجايىنغا بويسۇنىدىغان قۇل ئارام تاپىدۇ، چۈنكى ئۇ ئۆزىنىڭ شۇ خوجايىنىنى رازى قىلىدىغان نەرسىنى ئوبدان بىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ شۇ ئىشنى كۆڭلى خاتىرجەم ھالدا ئادا قىلىدۇ. ئەمما، بىر قانچىلىغان خوجايىنغا قۇل بولغان ئادەمنى بىرى بىر ئىشقا بۇيرىسا، يەنە بىرى باشقا بىر ئىشقا بۇيرۇيدۇ. بۇ نېمىدېگەن بىتەلەي، نېمىدېگەن بەختسىز ئىنسان ـ ھە؟!

ئىبنى تەيمىيە (ﷲ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) مۇنداق دېگەن: ﷲقا ئىبادەت قىلىشتىن چوڭچىلىق قىلغان ھەرقانداق بىر ئادەمنىڭ ﷲنىڭ غەيرىگە چوقۇنۇشى مۇقەررەر. چۈنكى، ئىنسان دېگەن سېزىمچان بولۇپ، ئىرادە كونتروللىقىدا ھەرىكەت قىلىدۇ. سەھىھ ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: «ئىسىملارنىڭ ئەڭ راستچىلى ھارىس ۋە ھەممام بولغىنىدۇر». ھارىس دېگەن ‹كاسىپ›، ‹ئىش قىلغۇچى› دېگەنلىكتۇر. ھەممام دېگەن ‹ھەممۇن› دېگەن سۆزنىڭ ئاشۇرما سۈپىتى. ‹ھەممۇن› دېگەن ‹دەسلەپكى ئىرادە› دېگەن مەنىدە. دېمەك، ئىنساننىڭ ھەمىشە ئىرادىسى بولىدۇ. شۇنداقلا، ھەربىر ئىرادىنىڭ تۈگۈنى ھېسابلانغان مۇراد ـ مەقسىتى بولىدۇ. يەنى، ھەربىر قۇلنىڭ مۇراد ـ مەھبۇبى بولۇپ، ئۇ ئۇنىڭ مۇھەببىتى ۋە ئىرادىسىنىڭ تۈگۈنىدۇر. مۇبادا ﷲ تائالا ئىنساننىڭ مەبۇدى، مۇھەببەت ۋە ئىرادىسىنىڭ تۈگۈنى بولمايدىكەن ۋە ئىنسان شۇلاردىن چوڭچىلىق قىلىدىكەن، ئەلۋەتتە ئۇنى ﷲتىن باشقا بىرسى قۇل قىلىدۇ. ئۇ ئۇنىڭ مۇراد

[1] سۈرە زۇمەر، 29 ـ ئايەت.

- مەھبۇبى بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئاشۇ مۇراد - مەھبۇبقا قۇل بولىدۇ. بۇ مۇراد - مەھبۇب پۇل - مال، يۈز - ئابروي ياكى ھەرخىل سۈرەتلەر بولىدۇ ياكى قۇياش، ئاي، يۇلتۇز، بۇت، پەيغەمبەرلەر ۋە سالىھلارنىڭ قەبرىلىرى بولىدۇ.

اللهنىڭ غەيرىگە قۇل بولغان ئىنسان مۇشرىك بولىدۇ. اللهنىڭ ئىبادىتىدىن چوڭچىلىق قىلىپ باش تارتقان ھەرقانداق ئىنسان مۇشرىكتۇر. شۇڭلاشقا، پىرئەۋن اللهقا ئىبادەت قىلىشتىن چوڭچىلىق قىلىپ باش تارتقانلارنىڭ كاتتىسى ئىدى. بۇ سەۋەبلىك ئۇ مۇشرىك بولۇپ كەتتى. الله تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿وَقَالَ مُوسَى إِنِّي عُذْتُ بِرَبِّي وَرَبِّكُم مِّن كُلِّ مُتَكَبِّرٍ لَّا يُؤْمِنُ بِيَوْمِ الْحِسَابِ وَقَالَ رَجُلٌ مُّؤْمِنٌ مِّنْ آلِ فِرْعَوْنَ يَكْتُمُ إِيمَانَهُ أَتَقْتُلُونَ رَجُلًا أَن يَقُولَ رَبِّيَ اللَّهُ وَقَدْ جَاءَكُم بِالْبَيِّنَاتِ مِن رَّبِّكُمْ وَإِن يَكُ كَاذِبًا فَعَلَيْهِ كَذِبُهُ وَإِن يَكُ صَادِقًا يُصِبْكُم بَعْضُ الَّذِي يَعِدُكُمْ إِنَّ اللَّهَ لَا يَهْدِي مَنْ هُوَ مُسْرِفٌ كَذَّابٌ يَا قَوْمِ لَكُمُ الْمُلْكُ الْيَوْمَ ظَاهِرِينَ فِي الْأَرْضِ فَمَن يَنصُرُنَا مِن بَأْسِ اللَّهِ إِنْ جَاءَنَا قَالَ فِرْعَوْنُ مَا أُرِيكُمْ إِلَّا مَا أَرَى وَمَا أَهْدِيكُمْ إِلَّا سَبِيلَ الرَّشَادِ وَقَالَ الَّذِي آمَنَ يَا قَوْمِ إِنِّي أَخَافُ عَلَيْكُم مِّثْلَ يَوْمِ الْأَحْزَابِ مِثْلَ دَأْبِ قَوْمِ نُوحٍ وَعَادٍ وَثَمُودَ وَالَّذِينَ مِن بَعْدِهِمْ وَمَا اللَّهُ يُرِيدُ ظُلْمًا لِّلْعِبَادِ وَيَا قَوْمِ إِنِّي أَخَافُ عَلَيْكُمْ يَوْمَ التَّنَادِ يَوْمَ تُوَلُّونَ مُدْبِرِينَ مَا لَكُم مِّنَ اللَّهِ مِنْ عَاصِمٍ وَمَن يُضْلِلِ اللَّهُ فَمَا لَهُ مِنْ هَادٍ وَلَقَدْ جَاءَكُمْ يُوسُفُ مِن قَبْلُ بِالْبَيِّنَاتِ فَمَا زِلْتُمْ فِي شَكٍّ مِّمَّا جَاءَكُم بِهِ حَتَّى إِذَا هَلَكَ قُلْتُمْ لَن يَبْعَثَ اللَّهُ مِن بَعْدِهِ رَسُولًا كَذَلِكَ يُضِلُّ اللَّهُ مَنْ هُوَ مُسْرِفٌ مُّرْتَابٌ الَّذِينَ يُجَادِلُونَ فِي آيَاتِ اللَّهِ بِغَيْرِ سُلْطَانٍ أَتَاهُمْ كَبُرَ مَقْتًا عِندَ اللَّهِ وَعِندَ الَّذِينَ آمَنُوا كَذَلِكَ يَطْبَعُ اللَّهُ عَلَى كُلِّ قَلْبِ مُتَكَبِّرٍ جَبَّارٍ﴾ «مۇسا ئېيتتى: ‹مەن ھەقىقەتەن مېنىڭ پەرۋەردىگارىم ۋە سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار (بولغان الله)غا سېغىنىپ، ھېساب كۈنى (يەنى قىيامەت كۈنى)گە ئىشەنمەيدىغان ھەربىر مۇتەكەببىر (نىڭ زىيانكەشلىكى)دىن پاناھ تىلەيمەن›. پىرئەۋن خانىدانىغا مەنسۇپ، ئىمانىنى يوشۇرىدىغان بىر مۇئمىن ئادەم ئېيتتى: ‹سىلەر پەرۋەردىگارىم الله دېگەن كىشىنى ئۆلتۈرەمسىلەر؟ ھالبۇكى، ئۇ سىلەرگە ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ دەرگاھىدىن روشەن دەلىللەرنى ئېلىپ كەلدى. ئەگەر ئۇ (پەيغەمبەرلىك دەۋاسىدا) يالغانچى بولسا، يالغانچىلىقىنىڭ زىيىنى ئۇنىڭ ئۆزىگىدۇر، ئەگەر ئۇ راستچىل بولسا، ئۇ سىلەرنىڭ قورقۇتقان ئازابىنىڭ بىر قىسمى سىلەرگە كېلىدۇ، الله ھەقىقەتەن ھەددىدىن ئاشقان يالغانچىنى ھىدايەت قىلمايدۇ. ئى قەۋمىم! بۈگۈن سەلتەنەت سىلەرنىڭ ئىلكىڭلاردىدۇر. (مىسىر) زېمىنىدا سىلەر غالىبسىلەر، ئەگەر بىزگە اللهنىڭ ئازابى كەلسە، ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇشقا بىزگە كىم ياردەم بېرىدۇ›. پىرئەۋن ئېيتتى: ‹مەن سىلەرگە پەقەت نېمىنى توغرا دەپ قارىسام، شۇنى مەسلىھەت بېرىمەن. سىلەرنى مەن پەقەت توغرا يولغا باشلايمەن›. مۇئمىن ئادەم ئېيتتى: ‹ئى قەۋمىم! سىلەرنىڭ نۇھ ئاد، سەمۇد قەۋملىرىگە ئوخشاش ۋە ئۇلاردىن كېيىنكىلەرگە ئوخشاش جامائەلەر ئۇچرىغان جازاغا

ئۇچرىشىڭلاردىن قورقىمەن، اللە بەندىلىرىگە زۇلۇم قىلىشنى خالىمايدۇ. ئى قەۋمىم! مەن سىلەر ئۈچۈن ھەقىقەتەن قىيامەت كۈنىدىن ئەنسىرەيمەن. ئۇ كۈندە (دوزاخ ئازابىنىڭ دەھشىتىدىن قورقۇپ) ئارقاڭلارغا چېكىنىسىلەر، سىلەرگە ھېچ اللەنىڭ ئازابىدىن قۇتۇلدۇرغۇچى بولمايدۇ. كىمكى، اللە ئۇنى گۇمراھ قىلىدىكەن، ئۇنى ھىدايەت قىلغۇچى بولمايدۇ. شەك - شۈبھىسىزكى، ئىلگىرى سىلەرگە يۈسۈف (اللەنىڭ دەرگاھىدىن) روشەن مۆجىزىلەرنى ئېلىپ كەلدى. ئۇ ئېلىپ كەلگەن دەلىلدىن سىلەر ھامان شەكلەندىڭلار، تاكى ئۇ ۋاپات بولغاندا، (دەلىل - پاكىتسىز) ھالدا، اللە ئۇنىڭدىن كېيىن ھەرگىز پەيغەمبەر ئەۋەتمەيدۇ دېدىڭلار. اللە (گۇناھتا) ھەددىدىن ئاشقۇچىنى، (دىندا) شەكلەنگۈچىنى مۇشۇنداق ئازدۇرىدۇ›. اللەنىڭ ئايەتلىرى ئۈستىدە ئۆزلىرىگە (اللە تەرىپىدىن) كەلگەن ھېچقانداق دەلىل بولماستىن، (قارىسىغا) جاڭجاللىشىدىغانلار اللەنىڭ دەرگاھىدا ۋە مۇئمىنلەرنىڭ نەزىرىدە قاتتىق نەپرەتكە قالىدۇ. بۇزغۇنچىلىق قىلىپ (ئىماندىن باش تارتقان)، (بەندىلەرگە) زومىگەرلىك قىلغان ھەرقانداق ئادەمنىڭ دىلىنى اللە مۇشۇنداق پېچەتلىۋېتىدۇ›﴾[1].

اللە تائالا پىرئەۋننى مۇشرىك دەپ سۈپەتلىدى: ﴿وَقَالَ الْمَلأُ مِن قَوْمِ فِرْعَونَ أَتَذَرُ مُوسَى وَقَوْمَهُ لِيُفْسِدُواْ فِي الأَرْضِ وَيَذَرَكَ وَآلِهَتَكَ﴾ ﴿پىرئەۋن قەۋمىنىڭ چوڭلىرى (پىرئەۋنگە): ‹مۇسا بىلەن ئۇنىڭ قەۋمىنى زېمىندا پىتنە - پاسات تۇغدۇرۇشقا، سېنى ۋە سېنىڭ ئىلاھلىرىڭنى تاشلاشقا قويۇۋېتەمسەن؟› دېدى﴾[2].

ئەمەلىيەت شۇنى كۆرسىتىپ تۇرىدۇكى، ئىنسان چوڭچىلىق قىلىپ، اللەقا ئىبادەت قىلىشتىن باش تارتقانسېرى، اللەقا شېرىك كەلتۈرۈشتە تېخىمۇ ھەددىدىن ئاشىدۇ. چۈنكى، ئىنسان چوڭچىلىق قىلىپ، اللەقا ئىبادەت قىلىشتىن باش تارتقانسېرى، قەلبىنىڭ بىرىنچى مەقسەت - مۇرادىغا بولغان ئېھتىياجى تېخىمۇ زىيادە بولىدۇ. نەتىجىدە ئىنسان ئۇنىڭ قۇل قىلىۋېلىشى بىلەن مۇشرىك بولۇپ كېتىدۇ.

ئىنسانىنىڭ ئىگىسى پەقەت اللە بولغاندا، پەقەت ئۇنىڭغىلا ئىبادەت قىلغاندا، ئۇ زاتتىنلا ياردەم تىلىگەندە، ئۇ زاتقىلا تەۋەككۇل قىلغاندا، اللە رازى بولىدىغان ۋە دوست تۇتىدىغان نەرسىدىن خۇشال بولغاندىلا، اللە يامان كۆرىدىغان نەرسىنى يامان كۆرگەندىلا، اللە دوست تۇتقاننى دوست تۇتقاندىلا، اللە دۈشمەن تۇتقاننى دۈشمەن تۇتقاندىلا ئاندىن ئىنسان قەلبى جىمى مەخلۇقاتلاردىن بىھاجەت بولالايدۇ. ئىنسان پەقەت اللە ئۈچۈن دوست تۇتۇشى، اللە ئۈچۈن دۈشمەن تۇتۇشى، اللە ئۈچۈن بېرىشى، اللە ئۈچۈن بەرمەسلىكى كېرەك.

---

[1] سۈرە غافىر، 27 - ئايەتتىن 35 - ئايەتكىچە.

[2] سۈرە ئەئراف، 127 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئىنساننىڭ اللهقا بولغان ئىخلاسى كۈچەيگەنسېرى، ئۇنىڭغا بولغان ئۇبۇدىيىتى ۋە مەخلۇقاتلاردىن بىھاجەت بولۇشى كامالەتكە يېتىدۇ. ئىنساننىڭ اللهقا بولغان ئۇبۇدىيىتى كامالەتكە يېتىشى بىلەن ئۇنىڭ مۆتەكەببىرلىكتىن ۋە شېرىكتىن بولغان ئادا ـ جۇدالىقى كامالەتكە يېتىدۇ».

## 4. ئىبادەت ئىلاھىي سىناق بولۇپ، ئىنساننى تاۋلايدۇ

بىز ياشايدىغان بۇ ھايات (مەيلى ئۇ ئۇزۇن بولسۇن ياكى قىسقا بولسۇن) غايىنىڭ ئۆزى ياكى مەقسەتنىڭ ئۆزى ئەمەس. ئۇ پەقەت بىر ھاياتتىن يەنە بىر ھاياتقا ئالمىشىش مەنزىلىدۇر، خالاس. يەنى مەڭگۈلۈك ھاياتقا يۆتكىلىشنىڭ بىر باسقۇچىدۇر. بەزى رىۋايەتتە مۇنداق كەلگەن: «سىلەر مەڭگۈلۈككە يارىتىلدىڭلار، سىلەر پەقەت بىر يۇرتتىن يەنە بىر يۇرتقا يۆتكىلىسىلەر».

بىر شائىر مۇنداق دېگەن:

ئۆلۈم دېگەن پەقەت پانىي دۇنيادىن باقىي دۇنياغا قىلىنغان سەپەردۇر.

دېمەك، ئاساسلىق ھايات يەنە بىر ھاياتتۇر. الله تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿وَإِنَّ الدَّارَ الْآخِرَةَ لَهِيَ الْحَيَوَانُ لَوْ كَانُوا يَعْلَمُونَ﴾ ﴿شۈبھىسىزكى، ئاخىرەت يۇرتى ھەقىقىي ھايات (يۇرتىدۇر)، ئەگەر ئۇلار بىلسە ئىدى (بۇ دۇنيانى ئۇ دۇنيادىن ئارتۇق كۆرمەيتتى)﴾[1].

دەرۋەقە، ئىنسان بۇ پانىي دۇنيادا باقىي دۇنيا ئۈچۈن تاۋلىنىدۇ. الله تائالا ئىنساننى ئاخىرەتتىكى مەڭگۈلۈك ھايات ئۈچۈن، بۇ دۇنيادا ئورۇنباسار قىلىپ تەييارلايدۇ. ئىنساننى پەقەت ئىمتىھان ـ سىناقتىن باشقا بىر نەرسە تاۋلىمايدۇ ياكى پاكلىمايدۇ. سىناق بولسا، ئىنسان قەلبى تاۋلىنىدىغان ۋە روھى پاكلىنىدىغان ئوچاقتۇر.

الله ئۆز ئىرادىسى بىلەن ئىنساننى باشقا مەخلۇقلاردىن پەرقلىنىدىغان قىلىپ ياراتتى ۋە ئۇنىڭدا نۇرغۇن ئېلېمېنتلارنى بىرىكتۈردى. ئىنسان ئۇنىڭ بىلەن ئاسمانغا چىقالايدۇ، ئۇنىڭ بىلەن زېمىنغا چۈشەلەيدۇ، چۈنكى ئىنساندا تۇغما خاراكتېر، شەھۋەت، ئەقىل، ئىرادە، ماددا ۋە روھ بار. ئىنساننىڭ مۇشۇنداقلىقى ئۇنىڭ سىنىلىدىغانلىقىنى دەلىللەيدۇ. مانا بۇ ئۇنىڭ مەسئۇلىيەتنى ۋە ئىلاھىي تەكلىپلەرنىڭ ئامانەتدارلىقىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشقا تەييار ئىكەنلىكىنىڭ سىرى. الله بۇ ھەقتە «قۇرئان كەرىم»دە گۈزەل

[1] سۈرە ئەنكەبۇت، 64 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئىبارىلەرنى كەلتۈردى: ﴿إِنَّا عَرَضْنَا الْأَمَانَةَ عَلَى السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ وَالْجِبَالِ فَأَبَيْنَ أَن يَحْمِلْنَهَا وَأَشْفَقْنَ مِنْهَا وَحَمَلَهَا الْإِنسَانُ إِنَّهُ كَانَ ظَلُومًا جَهُولًا﴾ «شۈبھىسىزكى، بىز ئامانەتنى (يەنى پەرزلەرنى ۋە شەرىئەت تەكلىپلىرىنى) ئاسمانلارغا، زېمىنغا ۋە تاغلارغا تەڭلىدۇق، ئۇلار ئۇنى ئۈستىگە ئالمىدى، ئۇنىڭ (ئېغىرلىقى)دىن قورقتى، ئۇنى ئىنسان ئۈستىگە ئالدى»[1].

ئىنسانغا ئەقىل، ئىرادە، قەلب ۋە كۈچتىن ئىبارەت ئاتا قىلىنغان، شۇنداقلا ئۇنىڭغا ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىلگەن سەۋەبلەر ئىنسان ئۈچۈن كاتتا بىر نېمەت، ئىنسان ئۈچۈن كاتتا بىر ھۆرمەتتۇر. لېكىن، شۇ نەرسىلەرنىڭ ئىچىدە ئىنسان شۈكۈر قىلامدۇ ياكى تۇزكورلۇق قىلامدۇ؟ پەرۋەردىگارىغا ئىتائەت قىلامدۇ ياكى بويۇنتاۋلىق قىلامدۇ دېگەنلەردىن ئىبارەت كاتتا سىناقلارمۇ بار.

الله تائالانىڭ ئاسمانلارنى، زېمىننى، ئۆلۈمنى ۋە ھاياتلىقنى يارىتىشى، زېمىننى ۋە ئۇنىڭدىكى شەيئىلەرنى زىننەتلىشى پەقەت ئىنساننى سىناش (ھالبۇكى، الله بەندىلىرىنىڭ ھالىنى ئىنتايىن ئوبدان بىلىدۇ) ۋە ئۇلاردىن ئىمتىھان ئېلىش ئۈچۈن ئىدى. الله تائالا بۇ ئارقىلىق اللهنى ۋە اللهنىڭ دەرگاھىدىكىنى خالايدىغانلار بىلەن دۇنيا ۋە ئۇنىڭ زىننىتىنى خالايدىغانلارنىڭ ئوتتۇرىسىنى ئايرىيدۇ. الله تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿وَهُوَ الَّذِي خَلَقَ السَّمَاوَاتِ وَالأَرْضَ فِي سِتَّةِ أَيَّامٍ وَكَانَ عَرْشُهُ عَلَى الْمَاء لِيَبْلُوَكُمْ أَيُّكُمْ أَحْسَنُ عَمَلاً﴾ «الله ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئالتە كۈندە ياراتتى. (ئاسمان ـ زېمىننى يارىتىشتىن ئىلگىرى) اللهنىڭ ئەرشى سۇ ئۈستىدە ئىدى. سىلەرنىڭ قايسىڭلارنىڭ ئەمەلى ياخشى ئىكەنلىكىنى سىناش ئۈچۈن الله (ئۇلارنى ياراتتى)»[2]؛ ﴿تَبَارَكَ الَّذِي بِيَدِهِ الْمُلْكُ وَهُوَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ الَّذِي خَلَقَ الْمَوْتَ وَالْحَيَاةَ لِيَبْلُوَكُمْ أَيُّكُمْ أَحْسَنُ عَمَلًا وَهُوَ الْعَزِيزُ الْغَفُورُ﴾ «(پۈتۈن ئاسمان ـ زېمىننىڭ) پادىشاھلىقى ئىلكىدە بولغان اللهنىڭ بەرىكىتى بۈيۈكتۇر. الله ھەر نەرسىگە قادىردۇر. سىلەردىن قايسىڭلارنىڭ ئەمەلى ئەڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى سىناش ئۈچۈن، الله ئۆلۈمنى ۋە تىرىكلىكنى ياراتتى»[3]؛ ﴿إِنَّا جَعَلْنَا مَا عَلَى الْأَرْضِ زِينَةً لَّهَا لِنَبْلُوَهُمْ أَيُّهُمْ أَحْسَنُ عَمَلًا﴾ «ئىنسانلارنىڭ قايسىلىرىنىڭ ئەمەلى ئەڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى سىناش ئۈچۈن، بىز ھەقىقەتەن يەر يۈزىدىكى شەيئىلەرنىڭ ھەممىسىنى يەر يۈزىنىڭ زىننىتى قىلدۇق»[4]؛ ﴿إِنَّا خَلَقْنَا الْإِنسَانَ مِن نُّطْفَةٍ أَمْشَاجٍ نَّبْتَلِيهِ ...﴾ «شۈبھىسىزكى، بىز ئىنساننى ئارىلاشما مەنىي

---

[1] سۈرە ئەھزاب، 72 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] سۈرە ھۇد، 7 ـ ئايەت.

[3] سۈرە مۇلك، 1 ـ ۋە 2 ـ ئايەتلەر.

[4] سۈرە كەھف، 7 ـ ئايەت.

(يەنى ئەر بىلەن ئاياللارنىڭ مەنىيسى)دىن ياراتتۇق، ئۇنى بىز (شەرىئەت تەكلىپلىرى بىلەن) سىنايمىز﴾[1].

بىلىش كېرەككى، بۇ ھاياتىي دۇنيادا پەقەت زىرائەت تېرىغان ئادەملا ھوسۇل ئالىدۇ. ئىنسان ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان نەرسىگە پەقەت يامان كۆرىدىغان نەرسىنى سەۋرچانلىق بىلەن قىلغاندا ئاندىن ئېرىشىدۇ. ئىنسان ئارزۇسىغا پەقەت ئىنتايىن كەسكىن سىناقلارنى بېسىپ، قاتتىق جاپا ـ مۇشەققەتلەرگە بەرداشلىق بەرگەندە ئاندىن يېتىدۇ. شۇڭلاشقا، بۈيۈك، ئالىي ماقاملارغا ئېرىشىش ۋە چوڭ، كاتتا ئارزۇ ـ ئارمانلارنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش پەقەت تەۋرەنمەس ئىرادە، بۈيۈك روھ ئىگىلىرىنىڭلا قولىدىن كېلىدۇ.

مۇتەنەببى مۇنداق دېگەن:

قوي مېنى ئېرىشەي ئالىي ماقامغا،
قىيىندۇر ئۇ ماقام، قالغىنى ئاسان.
ئېرىشىش ئاسانمۇ بەدەلسىز ئاڭا،
ھەسەلمۇ نەشتەرسىز كەلمەس ھېچقاچان.

مانا بۇ، بىزنىڭ قىسقا ھاياتىمىزنىڭ تەسۋىرى. ئۇنداقتا مەڭگۈلۈك ھاياتنىڭ ھالى قانداق بولار؟ ئىنسان ھېچقانداق تىرىشماي ياكى ئۇنىڭ ئۈچۈن ئىشلىمەي تۇرۇپ، ئاشۇ مەڭگۈلۈك ھاياتنىڭ نېمەتلىرىدىن بەھرىلىنىشنى، اللە تائالانىڭ رازىلىقىغا قاراپ بەختلىك بولۇشنى ئويلامدۇ؟ ئۇنداق بولىدىكەن، بىكار تەلەپلەر بىلەن تىرىشچانلار، ھورۇنلار بىلەن ئىشلەمچىلەر، پاسىقلار بىلەن سالىھلار باراۋەر بولۇپ قالىدۇ. ھالبۇكى، ئۇلار اللەنىڭ ئادالەت مىزانىدا باراۋەر ئەمەس.

بىز اللەنىڭ ئالەمدىكى قانۇنىيىتىدىن شۇنى بىلدۇقكى، قىممەتلىك بىر نەرسىگە پەقەت زور تىرىشچانلىق ئارقىلىق ئېرىشكىلى بولىدۇ. بىر نەرسىنىڭ قىممىتى قانچىلىك يۇقىرى بولسا، ئۇنىڭغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئىنسان تېخىمۇ زور تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتمىسە بولمايدۇ. ئۇنداقتا، باقىي دۇنيا، مەڭگۈلۈك ھايات ۋە اللەنىڭ رازىلىقىدىنمۇ ئۇلۇغ ۋە قىممەتلىك نەرسە بارمۇ؟ ئەلۋەتتە يوق. شۇڭلاشقا،

[1] سۈرە ئىنسان، 2 ـ ئايەت.

جەننەتنىڭ يوللىرى يامان كۆرۈلىدىغان نەرسە بىلەن، سىناق تىكەنلىرى بىلەن تولۇپ كەتكەن.

ئىنجىلدا مۇنداق دېيىلگەن: «مەڭگۈلۈك ھاياتقا ئاپىرىدىغان يول نېمىدېگەن تار». ئۇنىڭ بۇنداق تار بولۇشى پەقەت ئۇبۇدىيەتنىڭ تەكلىپلىرى ۋە ئىماننىڭ مەجبۇرىيەتلىرىدۇر، ئەلۋەتتە.

اللە تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿أَمْ حَسِبْتُمْ أَن تَدْخُلُواْ الْجَنَّةَ وَلَمَّا يَعْلَمِ اللّهُ الَّذِينَ جَاهَدُواْ مِنكُمْ وَيَعْلَمَ الصَّابِرِينَ﴾ ﴿(ئى مۇئمىنلەر جامائەسى!) اللە سىلەردىن (ھەقىقىي) جىھاد قىلغانلارنى ۋە (جىھادنىڭ جاپا ـ مۇشەققەتلىرىگە) چىدىغۇچىلارنى بىلمەي (يەنى ئايرىماي تۇرۇپ)، (پەقەت ئاغزىڭلاردا ئىمان ئېيتتۇق دېيىش بىلەنلا) جەننەتكە كىرىشنى ئويلامسىلەر؟﴾[1]

## 5. ئىبادەت اللەنىڭ بەندىلىرى ئۈستىدىكى ھەققىدۇر

بىلىش كېرەككى، ئىبادەت ياراتقۇچى اللەنىڭ ئىنسانلار ئۈستىدىكى ھەققىدۇر.

بۇ ھەقتە ئىمام بۇخارى بىلەن ئىمام مۇسلىم مۇئاز ئىبنى جەبەل (اللە ئۇ كىشىدىن رازى بولسۇن)دىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: مەن (مۇئاز) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئېشىكىگە مىنگىشىۋالغانىدىم. ئۇ ماڭا:

ـ ئى مۇئاز، اللەنىڭ بەندىلەر ئۈستىدىكى ھەققى نېمە بىلەمسەن؟ ـ دېدى. مەن:

ـ اللە ۋە اللەنىڭ پەيغەمبىرى بىلىدۇ، ـ دېدىم. ئۇ:

ـ اللەنىڭ بەندىلەر ئۈستىدىكى ھەققى بەندىلەرنىڭ ئۇنىڭغا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەي ئىبادەت قىلىشلىرىدۇر، ـ دېدى.

اللەنىڭ ئىنسان ئۈستىدە ئىبادەت ھەققى بولغانلىقى ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەس، بەلكى ئىنسانىنىڭ اللەنىڭ غەيرىگە ئىبادەت قىلىپ، ھەقنى ئەھلى بولمىغان يەرگە ئادا قىلىشى ياكى ئىنسانىنىڭ اللەتىن مۇستەقىل ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلىپ، اللەقا بولغان ئۇبۇدىيىتىنى ھېچقانداق بىر سەۋەبسىز ئىنكار قىلىشى ئەجەبلىنەرلىكتۇر.

دەرھەقىقەت، ئىنسان تىلغا ئېلىنمايدىغان بىر نەرسە ئىدى. ئۇ شۇ نەرسىدىن يارىتىلدى، يوقلۇقنىڭ زۇلمىتىدىن مەۋجۇدلۇقنىڭ نۇرىغا چىقتى. ئاندىن مەخلۇقاتلار ئىچىدە ھۆرمەتلىك تۇر بولدى. ئىنسان ئەڭ چىرايلىق شەكىلدە، ئەڭ گۈزەل سۈرەتتە يارىتىلدى. مەقسىتىنى ئۇقتۇرۇش ئۈچۈن سۆزلەش ئۆگىتىلدى. ئەقىل، ئىرادە ئاتا

[1] سۈرە ئال ئىمران، 142 ـ ئايەت.

قىلىندى. ئىنسانغا خىزمەت قىلىش ئۈچۈن ئەتراپىدىكى كائىناتلار ئۇنىڭغا بويسۇندۇرۇلدى. زېمىن ئىنسان ئۈچۈن سېلىنجا، ئاسمان يېپىنچا بولدى. قۇياش ئىنسانغا كېرەكلىك بولغان ئىسسىقلىقنى يەتكۈزۈپ بېرىدۇ، يۇلتۇزلار ئىنسانغا يول باشلايدۇ ۋە تۇرۇسلىرىنى يورۇتۇپ بېرىدۇ. دېڭىزدا پاراخوتلار ئىنساننىڭ رىزىقلىرىنى كۆتۈرۈپ ماڭىدۇ. يامغۇر ئاسماندىن ئىنسانغا پاك ئىچىملىك بولۇش ئۈچۈن ياغىدۇ. ئىنسان يامغۇر بىلەن هايۋانلارنى ۋە ئورغۇنلىغان ئىنسانلارنى تەمىنلەيدۇ.

سىزنىڭچە، مۇشۇلارنىڭ ھەممىسىنى كىم قىلغاندۇ؟ ئىنسان، جىن ياكى پەرىشتىلەرنىڭ ئىچىدىن ھېچقايسىسى بۇلارنى ئۆزىنىڭ قىلغانلىقىنى دەۋا قىلىپ باققىنى يوق. ئۇنداقتا، مۇشۇ مۇنتىزىم ئالەمنى يارىتىپ، ئۇنى مۇستەھكەم قىلغان، رەتكە سېلىپ، راۋۇرۇس قىلغان، شۇنداقلا ئىنساننى يارىتىپ ئۇنىڭ يارىلىشىنى ئەڭ چىرايلىق قىلغان، ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنى بويسۇندۇرۇپ بەرگەن ۋە ئۇنىڭغا ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ھالدا نېمەت بېرىپ، ئۇنى كامالەتكە يەتكۈزگەن مۇشۇنداق چەكسىز ئىلىم، يۇقىرى ھېكمەت، تەڭداشسىز قۇدرەت ۋە چەكسىز ئىرادە ئىگىسى بولغان زات كىمدۇر؟

ئۇ زات الله بولۇپ، ئۇنىڭ رۇبۇبىيىتىگە (ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئىكەنلىكىگە) ساپ تەبىئەت ئىگىلىرى گۇۋاھلىق بەرگەن، ئۇنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى، كامالىتىنى ۋە يەككە - يېگانىلىقىنى نۇرلۇق ئەقىل ئىگىلىرى ئېتىراپ قىلغان.

الله تائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېگەن: ﴿قُل لِّمَنِ الْأَرْضُ وَمَن فِيهَا إِن كُنتُمْ تَعْلَمُونَ سَيَقُولُونَ لِلَّهِ قُلْ أَفَلَا تَذَكَّرُونَ قُلْ مَن رَّبُّ السَّمَاوَاتِ السَّبْعِ وَرَبُّ الْعَرْشِ الْعَظِيمِ سَيَقُولُونَ لِلَّهِ قُلْ أَفَلَا تَتَّقُونَ قُلْ مَن بِيَدِهِ مَلَكُوتُ كُلِّ شَيْءٍ وَهُوَ يُجِيرُ وَلَا يُجَارُ عَلَيْهِ إِن كُنتُمْ تَعْلَمُونَ سَيَقُولُونَ لِلَّهِ قُلْ فَأَنَّى تُسْحَرُونَ﴾ ﴿ئېيتقىنكى، ‹زېمىن ۋە ئۇنىڭدىكى مەخلۇقاتلار كىمنىڭ؟ ئەگەر سىلەر بىلسەڭلار (ماڭا بۇنى ئېيتىپ بېرىڭلار)›. ئۇلار: ‹اللهنىڭ› دەيدۇ. (بۇنىڭدىن) پەند - نەسىھەت ئالامسىلەر؟ ئېيتقىنكى، ‹يەتتە ئاسماننىڭ ۋە ئۇلۇغ ئەرشنىڭ پەرۋەردىگارى كىم؟› ئۇلار: ‹الله› دەيدۇ. ئېيتقىنكى، ‹ئۇنىڭ (ئازابىدىن) قورقمامسىلەر؟› ئېيتقىنكى، ‹ھەممە شەيئىنىڭ پادىشاھلىقى كىمنىڭ قولىدا؟ (ئىلتىجا قىلغانلارغا) پاناھ بولالايدىغان ۋە ئۇنىڭغا قارشى ھېچنەرسە پاناھ بولالمايدىغان كىم؟ ئەگەر سىلەر بىلسەڭلار (ماڭا بۇنى ئېيتىپ بېرىڭلار)›. ئۇلار: ‹الله› دەيدۇ. ئېيتقىنكى، ‹سىلەر قانداقمۇ قايمۇقتۇرۇلىسىلەر؟›﴾[1]؛ ﴿قُلْ مَن يَرْزُقُكُم مِّنَ السَّمَاءِ وَالأَرْضِ أَمَّن يَمْلِكُ السَّمْعَ والأَبْصَارَ وَمَن يُخْرِجُ الْحَيَّ مِنَ الْمَيِّتِ وَيُخْرِجُ الْمَيَّتَ مِنَ الْحَيِّ وَمَن يُدَبِّرُ الأَمْرَ فَسَيَقُولُونَ اللّهُ فَقُلْ أَفَلاَ تَتَّقُونَ فَذَلِكُمُ اللّهُ

[1] سۈرە مۇئمىنۇن، 84 - ئايەتتىن 89 - ئايەتكىچە.

رَبُّكُمُ الْحَقُّ فَمَاذَا بَعْدَ الْحَقِّ إِلاَّ الضَّلاَلُ فَأَنَّى تُصْرَفُونَ﴾ ﴿(ئى مۇھەممەد! مۇشرىكلارغا) ئېيتقىنكى، ‹سىلەرگە ئاسماندىن (يامغۇر ياغدۇرۇپ) زېمىندىن (گىياھ ئۈندۈرۈپ) كىم رىزىق بېرىدۇ؟ سىلەرنىڭ ئاڭلاش ۋە كۆرۈش قابىلىيىتىڭلارنى كىم باشقۇرىدۇ؟ تىرىك شەيئىلەرنى ئۆلۈك شەيئىلەردىن كىم پەيدا قىلىدۇ؟ ئۆلۈك شەيئىلەرنى تىرىك شەيئىلەردىن كىم پەيدا قىلىدۇ؟ (خالايىقنىڭ ئىشلىرىنى كىم ئىدارە قىلىدۇ؟› ئۇلار (بۇلارغا جاۋابەن): ‹اللّٰه› دەيدۇ. ئېيتقىنكى، ‹اللّٰهتىن غەيرىگە چوقۇنۇش بىلەن اللّٰهنىڭ ئازابىدىن) قورقماسىلەر؟ (يۇقىرىقىدەك چوڭ ئىشلارنى قىلغۇچى) سىلەرنىڭ ھەقىقىي پەرۋەردىگارىڭلار، ئەنە شۇ اللّٰهتۇر. ھەقىقەتتىن قالسا، گۇمراھلىقتىن غەيرى نەرسە مەۋجۇد ئەمەس، نېمىشقا (ئىماندىن يۈز ئۆرۈپ گۇمراھلىققا) بۇرۇلۇپ كېتىسىلەر؟﴾[1]

شۇڭلاشقا، بۇنداق ياراتقۇچى ۋە نېمەت بەرگۈچى زاتنىڭ بەندىلىرى ئۈستىدە، ئۇلارنىڭ ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىش، ئۇنىڭدىن ياردەم تىلەش، ئۇنىڭ رەھمەت ئىشىكى ئالدىدا يىلىنىپ تۇرۇشتىن ئىبارەت ھەققى بولۇشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. اللّٰه تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿سَبِّحِ اسْمَ رَبِّكَ الْأَعْلَى الَّذِي خَلَقَ فَسَوَّى وَالَّذِي قَدَّرَ فَهَدَى وَالَّذِي أَخْرَجَ الْمَرْعَى فَجَعَلَهُ غُثَاء أَحْوَى﴾ ﴿ھەممىدىن ئۈستۈن پەرۋەردىگارىڭنىڭ نامىنى پاك ئېتىقاد قىلغىن. ئۇ (پۈتۈن مەخلۇقاتنى) ياراتتى، (ئۇلارنى) بېجىرىم (يەنى چىرايلىق ۋە مۇناسىپ شەكىلدە) قىلدى. مەخلۇقاتقا پايدىلىق ئىشلارنى (تەقدىر قىلدى، ئۇلارغا پايدىلىنىش يوللىرىنى) كۆرسەتتى. ئوت - چۆپلەرنى ئۆستۈرۈپ بەردى. ئاندىن ئۇلارنى قارامتۇل قۇرۇق ئوت - خەسكە ئايلاندۇردى﴾[2]؛ ﴿يَا أَيُّهَا النَّاسُ اعْبُدُواْ رَبَّكُمُ الَّذِي خَلَقَكُمْ وَالَّذِينَ مِن قَبْلِكُمْ لَعَلَّكُمْ تَتَّقُونَ الَّذِي جَعَلَ لَكُمُ الأَرْضَ فِرَاشاً وَالسَّمَاء بِنَاء وَأَنزَلَ مِنَ السَّمَاء مَاء فَأَخْرَجَ بِهِ مِنَ الثَّمَرَاتِ رِزْقاً لَّكُمْ فَلاَ تَجْعَلُواْ لِلّهِ أَندَاداً وَأَنتُمْ تَعْلَمُونَ﴾ ﴿ئى ئىنسانلار! تەقۋادارلاردىن بولۇشۇڭلار ئۈچۈن، سىلەرنى ۋە سىلەردىن بۇرۇنقىلار (يەنى ئۆتكەنكى ئۈممەتلەر)نى ياراتقان پەرۋەردىگارىڭلارغا ئىبادەت قىلىڭلار. اللّٰه سىلەرگە زېمىننى تۆشەك ۋە ئاسماننى بىنا (يەنى يۇلتۇزلارنىڭ زىچلىقىدا بىناغا ئوخشاش) قىلىپ بەردى. بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇرۇپ بەردى، سىلەرگە رىزىق بولۇش ئۈچۈن يامغۇر ئارقىلىق تۈرلۈك مېۋىلەرنى ئۆستۈرۈپ بەردى. ئەمدى اللّٰهقا شېرىك كەلتۈرمەڭلار، ھالبۇكى سىلەر (اللّٰهنىڭ شېرىكى يوقلۇقىنى) بىلىپ تۇرىسىلەر﴾[3].

دېمەك، ئىبادەت رۇبۇبىيەتنىڭ ئۇبۇدىيەت ئۈستىدىكى ھەققى، ياراتقۇچىنىڭ يارىتىلغۇچى ئۈستىدىكى ھەققى، نېمەت بەرگۈچىنىڭ، ئېھسان قىلغۇچىنىڭ نېمەت

[1] سۈرە يۇنۇس، 31 - ۋە 32 - ئايەتلەر.

[2] سۈرە ئەئلا، 1 - ئايەتتىن 5 - ئايەتكىچە.

[3] سۈرە بەقەرە، 21 - ۋە 22 - ئايەتلەر.

بېرىلگۈچى، ئېھسان قىلىنغۇچى ئۈستىدىكى ھەققى، ئىنسانىنىڭ مەخلۇققا شۈكۈر قىلىپ، ياراتقۇچى زاتقا شۈكۈر قىلماسلىقى، ئىنسانلاردىن ياخشىلىق قىلغانلارغا رەھمەت ئېيتىپ، ئىنسانغا بېشىدىن تاپىنىغىچە، ئابىمەنىلىك ھالىتىدىن ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرغانغا قەدەر ياخشىلىق قىلىدىغان زاتقا رەھمەت ئېيتماسلىقى ئۇنىڭ تۇزكورلۇق قىلغانلىقى ۋە ئۆزىگە زۇلۇم قىلغانلىقى ئەمەسمۇ؟ اللّٰہ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿اللّهُ الَّذِي خَلَقَ السَّمَاوَاتِ وَالأَرْضَ وَأَنزَلَ مِنَ السَّمَاء مَاء فَأَخْرَجَ بِهِ مِنَ الثَّمَرَاتِ رِزْقًا لَّكُمْ وَسَخَّرَ لَكُمُ الْفُلْكَ لِتَجْرِيَ فِي الْبَحْرِ بِأَمْرِهِ وَسَخَّرَ لَكُمُ الأَنْهَارَ وَسَخَّر لَكُمُ الشَّمْسَ وَالْقَمَرَ دَآئِبَينَ وَسَخَّرَ لَكُمُ اللَّيْلَ وَالنَّهَارَ وَآتَاكُم مِّن كُلِّ مَا سَأَلْتُمُوهُ وَإِن تَعُدُّواْ نِعْمَتَ اللّهِ لاَ تُحْصُوهَا إِنَّ الإِنسَانَ لَظَلُومٌ كَفَّارٌ﴾ ﴿اللّٰہ ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتتى، بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇرۇپ بەردى، يامغۇر سۈيى بىلەن سىلەرگە رىزىق قىلىپ نۇرغۇن مېۋىلەرنى ئۆستۈرۈپ بەردى. اللّٰہ سىلەرگە ئۆز ئەمرى بويىچە دېڭىزدا قاتنايدىغان كېمىلەرنى بويسۇندۇرۇپ بەردى. سىلەرگە دەريالارنى بويسۇندۇرۇپ بەردى. سىلەرگە ئاي بىلەن كۈننى تەرتىپلىك دەۋر قىلىپ تۇرىدىغان قىلىپ بويسۇندۇرۇپ بەردى. سىلەرگە كېچە بىلەن كۈندۈزنى بويسۇندۇرۇپ بەردى. اللّٰہ سىلەرگە سورىغان نەرسەڭلەرنىڭ ھەممىسىنى بەردى. سىلەر اللّٰہنىڭ نېمەتلىرىنى ساناپ تۈگىتەلمەيسىلەر. كاپىر ئادەم شەك ـ شۈبھىسىزكى، زۇلۇم قىلغۇچىدۇر، (اللّٰہنىڭ نېمەتلىرىگە) كۇفرىلىق قىلغۇچىدۇر﴾[1].

ھەدىس قۇددۇسىيدا اللّٰہ تائالانىڭ ئىنسانىنىڭ ئۆزىگە زۇلۇم قىلىشى ۋە كاپىر بولۇشىدىن ئەجەبلىنىپ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «مەن جىن بىلەن ئىنسان ھەققىدە كاتتا بىر خەۋەر ئۈستىدىمەن. مەن يارىتىمەن، ئۇلار مەندىن باشقىغا چوقۇنىدۇ. مەن رىزىق بېرىمەن، ئۇلار مەندىن باشقىغا شۈكۈر قىلىدۇ، مېنىڭ ياخشىلىقلىرىم بەندىلەرگە چۈشۈپ تۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ يامانلىقلىرى ماڭا چىقىپ تۇرىدۇ. مەن ئۇلارغا نېمەتلىرىم بىلەن دوستلىشىمەن، ھالبۇكى مەن ئۇلاردىن بىھاجەتمەن. ئۇلار ماڭا گۇناھ ـ مەسىيەت بىلەن يۈزلىنىدۇ، ھالبۇكى ئۇلار ماڭا ئەڭ ئېھتىياجلىقتۇر».

دېمەك، ياراتقۇچى ۋە نېمەت بەرگۈچى زاتنىڭ ئۆزىلا ئىبادەتكە ھەقلىقتۇر، ئەمما ئىنسانىنىڭ اللّٰہنىڭ غەيرىگە، يەنى ئۆزىگە ئوخشاش مەخلۇققا چوقۇنۇشى لايىق ئەمەس. چۈنكى، ئۇلارمۇ ھەم ئۇنىڭغا ئوخشاش يارىتىلغان، رىزىق بېرىلگەن ۋە بويسۇندۇرۇلغاندۇر. شۇڭلاشقا، ئىبنى سەييىدە (اللّٰہ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) كىتابىنىڭ بېشىدا نەقىل كەلتۈرگەندەك مۇنداق دېگەن: «ئىبادەت دېگەن باش ئېگىشنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، پەقەت ھاياتلىق، ئەقىل، ئىدراك، قۇلاق ۋە كۆزدىن ئىبارەت نېمەتنىڭ ئەڭ ئالىي تۈرلىرىنى

---

[1] سۈرە ئىبراھىم، 32 ـ ئايەتتىن 34 ـ ئايەتكىچە.

ئىنئام قىلغان زاتلا ئىبادەتكە ھەقلىق بولىدۇ. چۈنكى، ئىبادەتنىڭ ئەڭ تۆۋىنىمۇ نېمەتنىڭ ئەڭ ئالىيسىنى ئاتا قىلالىغان زاتقا بولىدۇ. شۇڭلاشقا، ئىبادەتكە الله تائالالا لايىقتۇر».

بىز بۇلاردىن شۇنى بىلىمىزكى، دىندا ئىبادەت غايە ـ مەقسەتلەرنىڭ تەلىپىدۇر. ئۇ ھەرگىزمۇ ۋاستىنىڭ تەلىپى ئەمەس. يەنى، ئىبادەت دېگەن بىرىنچى دەرىجىدە اللەنىڭ ئەمرلىرىگە بويسۇنۇش ۋە الله تائالانىڭ ھەققىنى تولۇق ئادا قىلىشتۇر. ھاياتتا ھەرقانداق بىر نەرسىدىن بۇرۇن ئىبادەتنىڭ ئۆزى تەلەپ قىلىنىدۇ.

## 6. ئىبادەت ساۋاب ئۈمىد قىلىش ھەمدە اللەنىڭ جازاسىدىن قورقۇش يۈزىسىدىن قىلىنىدۇ

اللەقا اللەنىڭ ساۋابىنى ئۈمىد قىلىپ، ئۇنىڭ ئازابىدىن قورقۇپ ئىبادەت قىلىشقا بولامدۇ؟ ياكى باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇنىڭ جەننىتىنى ئۈمىد قىلىپ، دوزىخىدىن قورقۇپ ئىبادەت قىلىشقا بولامدۇ؟

سوپىلار اللەقا مۇشۇ مەقسەتتە ئىبادەت قىلىدىغانلارنى قاتتىق ئەيىبلەيدۇ. ئۇلار: «بەندىنىڭ اللەقا ئىبادەت قىلىشى، بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلىشى ۋە توسقان ئىشنى قىلماسلىقى اللەنىڭ ئازابىدىن قورقۇش، ساۋابىنى ئۈمىد قىلىش ئۈچۈن بولسا توغرا بولمايدۇ، مۇنداق ھالەتتە ئىبادەت قىلىدىغان ئادەم ئۆز نەپسىنىڭ تەلىپىنى ئورۇندىغان بولىدۇ، اللەنى ھەقىقىي ياخشى كۆرۈش بۇنى قوبۇل قىلمايدۇ، چۈنكى ئاشىقنىڭ مەشۇقىدىن بىر نەرسە كۈتۈش ھەققى يوق. نېمىشقا دېگەندە، ئاشىقنىڭ مەشۇقىدىن بىر نەرسە كۈتۈشى ئۇنى ياخشى كۆرگەنلىكىدە نۇقسان بارلىقىنىڭ ئىسپاتىدۇر. شۇنداقلا، ئىنساننىڭ قىلغان ئەمەلىگە ساۋاب ئۈمىد قىلىشى اللەتىن ئەجىرگە ھەقلىق بولىدىغانلىقىنى تەلەپ قىلغانلىقتۇر، بۇنىڭدا مۇنداق ئىككى خىل ئاپەت بولىدۇ: بىرى، ئەجىر تەمە قىلىش. يەنە بىرى، ئەمەلىنىڭ ياخشىلىقىنى دەۋا قىلىش. ئىنسان بۇ خىل ھالەتتىن پەقەت ئىبادەتنى، اللەنىڭ ئەمرىنى ۋە چەكلىشىنى ھەرقانداق بىر سەۋەبتىن خالىي قىلغاندىلا ئاندىن قۇتۇلىدۇ» دېيدۇ. يەنى اللەنىڭ بۇيرۇقىنى ۋە چەكلىشىنى ئۇلۇغلاپ، ئۇ زاتنىڭ ئىبادەتكە لايىق ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدۇ ۋە اللەنىڭ دىنىنىڭ ئەھكاملىرىنى ئۇلۇغلايدۇ. اللەنى ئۆز زاتى ئۈچۈن ئۇلۇغلاشقا لايىقتۇر دەپ قارايدۇ. بىر رىۋايەتتە مۇنداق كەلگەن: «الله: ‹مۇبادا مەن جەننەت ۋە دوزاخنى ياراتمىغان بولسام ئىدىم،

ئىبادەت قىلىنىشقا ھەقلىق بولماسمىدىم› دېگەن» (ئىبنى قەييۇم بۇنى يەھۇدىيلار رىۋايىتى دېگەن).

بىر شائىر مۇنداق دېگەن:

كەلمىدى پەيغەمبەر، يانمىدى دوزاخ
دېگەندەك پەرەزدە بولساقمۇ ئەگەر.
يەنىلا بەندىنىڭ ئۇ سېخىي زاتقا
ھەمدىلەر ئېيتىشى بەرھەق مۇقەررەر.

ئالىي ماقاملىق پاك قەلب ئىگىلىرى اللەنىڭ ئىبادەتكە، ئۇلۇغلىنىشقا، مۇھەببەت باغلاشقا لايىق زات بولغانلىقى ئۈچۈن ئىبادەت قىلىدۇ. چۈنكى، اللەنىڭ زاتى ئىبادەتكە لايىقتۇر.

بۇلار يەنە: «بەندە ئۆزىنىڭ پەرۋەردىگارى ئالدىدا ھەققى تولۇق بىرىلسە ئىشلەيدىغان، بولمىسا ئىشلىمەيدىغان يامان ئىمكا بولماسلىقى لازىم. بۇنداق ئادەم ئەجىرنىڭ قۇلى بولۇپ قالىدۇ. مۇھەببەت ۋە ئىرادىنىڭ قۇلى بولمايدۇ» دەيدۇ.

رابىئە ئەدەۋىييە (اللە ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) مۇنداق دېگەن: «ئىنسانلارنىڭ ھەممىسى اللەقا دوزاختىن قورقۇپ ئىبادەت قىلىدۇ، ئۇتتىن نىجات تېپىشنى، جەننەتكە كىرىپ ئالىي نېمەتلەر بىلەن بەھرىلىنىشنى ۋە سەلسەبىل بۇلىقىدىن شاراپ ئىچىشنى غايەت زور بەخت دەپ قارايدۇ، مېنىڭ جەننەت بىلەن دوزاختا نېسىۋەم يوقتۇر، چۈنكى مەن (اللەقا قىلغان) مۇھەببىتىم بىلەن بىرەر مەنپەئەتنى كۈتمەيمەن».

مۇسۇلمان ئالىملىرى رابىئە ئەدەۋىييەنىڭ بۇ سۆزلىرىنى رەت قىلدى. بۇنى سوپىلارنىڭ جۆيلىمىلىرى ۋە خىياللىرى دەپ بىلدى. اللەقا ئىبادەت قىلىشتا، اللەنىڭ ساۋابىنى ئۈمىد قىلىپ، ئازابىدىن قورقۇپ ئىبادەت قىلىشنىڭ ھېچقانداق مەسىلە ئەمەسلىكىنى بېكىتتى. بۇ ئالىملار پەيغەمبەرلەرنىڭ، سىددىقلارنىڭ ۋە سالىھلارنىڭ دۇئالىرىدىن، اللە تائالانىڭ ئۇلارنىڭ تەۋسىپىنى قىلغانلىقىدىن، ئۇلارنىڭ دوزاختىن قورقۇپ، جەننەتنى تىلىگەنلىكلىرىدىن دەلىل كەلتۈردى.

اللە تائالا ئۆزىنىڭ خاس بەندىلىرىگە مۇشرىكلارنىڭ چوقۇنغانلىقى ھەققىدە مۇنداق دېگەن: ﴿أُولَئِكَ الَّذِينَ يَدْعُونَ يَبْتَغُونَ إِلَى رَبِّهِمُ الْوَسِيلَةَ أَيُّهُمْ أَقْرَبُ وَيَرْجُونَ رَحْمَتَهُ وَيَخَافُونَ عَذَابَهُ إِنَّ عَذَابَ رَبِّكَ كَانَ مَحْذُورًا﴾ ﴿ئۇلار (اللەنى قويۇپ ئىلاھ دەپ) ئىبادەت قىلىدىغانلارنىڭ (ئۆزلىرى ئىبادەت ئارقىلىق) پەرۋەردىگارىغا يېقىن بولۇشنى تىلەيدۇ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا

(پەرۋەردىگارىغا) يېقىنراق بولغىنى (ھەم ئىبادەت ئارقىلىق اللەقا يېقىن بولۇشنى تىلەيدۇ). پەرۋەدىگارىنىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىپ، (ئۇنىڭ) ئازابىدىن قورقىدۇ. پەرۋەردىگارىنىڭ ئازابى ھەقىقەتەن ساقلىنىشقا تېگىشلىكتۇر﴾[1].

اللە تائالا ئۆزىنىڭ گۈزەل ئىسمى «الرحمان» ئارقىلىق ھۆرمەتلىك قىلغان بەندىلىرىنى تىلغا ئېلىپ، ئۇلارنى «اللەنىڭ مەرھەمەتلىك بەندىلىرى» دەپ ئاتىدى. ئۇلارنىڭ ياخشى ئەمەللىرىنى تەرىپلىدى. شۇ ياخشى ئەمەللەرنىڭ جۈملىسىدىن ئۇلارنىڭ دوزاختىن پاناھ تىلەشلىرىنىمۇ سانىدى. اللە تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿وَالَّذِينَ يَقُولُونَ رَبَّنَا اصْرِفْ عَنَّا عَذَابَ جَهَنَّمَ إِنَّ عَذَابَهَا كَانَ غَرَامًا إِنَّهَا سَاءتْ مُسْتَقَرًّا وَمُقَامًا وَالَّذِينَ إِذَا أَنفَقُوا لَمْ يُسْرِفُوا وَلَمْ يَقْتُرُوا وَكَانَ بَيْنَ ذَلِكَ قَوَامًا﴾ ﴿ئۇلار (يەنى اللە ياخشى كۆرىدىغان بەندىلەر) ئېيتىدۇ: ‹پەرۋەردىگارىمىز! بىزدىن جەھەننەم ئازابىنى دەپئى قىلغىن، جەھەننەمنىڭ ئازابى ھەقىقەتەن (سېنىڭ دۈشمەنلىرىڭدىن) ئايرىلمايدۇ. جەھەننەم ھەقىقەتەن يامان قارارگاھتۇر، يامان جايدۇر›. ئۇلار (يەنى اللە ياخشى كۆرىدىغان بەندىلەر) خىراجەت قىلغاندا ئىسراپچىلىقمۇ قىلمايدۇ، بېخىللىقمۇ قىلمايدۇ، ئوتتۇراھال خىراجەت قىلىدۇ﴾[2].

اللە تائالا ئۇلارنىڭ ئىمانلىرىنى تىلغا ئېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ دوزاختىن نىجات تېپىشلىرىنى تىلىگەنلىكىنى ھەققىدە مۇنداق دېگەن: ﴿الَّذِينَ يَقُولُونَ رَبَّنَا إِنَّنَا آمَنَّا فَاغْفِرْ لَنَا ذُنُوبَنَا وَقِنَا عَذَابَ النَّارِ﴾ ﴿ئۇلار (يەنى تەقۋادارلار): ‹پەرۋەردىگارىمىز! بىز شۈبھىسىز ئىمان ئېيتتۇق، بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزنى مەغپىرەت قىلغىن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن› دەيدۇ﴾[3].

اللە تائالا ئۇلارنىڭ ئەڭ كاتتا ۋەسىلىسى ئىمان ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ شۇ ئارقىلىق دوزاختىن نىجات تاپىدىغانلىقىنى بايان قىلدى. اللە تائالا ئەقىل ئىگىلىرى بولغان ئارىفلارنىڭ كاتتىلىرىنىڭ جەننەتنى تىلەپ، دوزاختىن پاناھ تىلەيدىغانلىقى ھەققىدە خەۋەر بېرىپ مۇنداق دېگەن: ﴿إِنَّ فِي خَلْقِ السَّمَاوَاتِ وَالأَرْضِ وَاخْتِلاَفِ اللَّيْلِ وَالنَّهَارِ لآيَاتٍ لِّأُوْلِي الألْبَابِ الَّذِينَ يَذْكُرُونَ اللّهَ قِيَامًا وَقُعُودًا وَعَلَىَ جُنُوبِهِمْ وَيَتَفَكَّرُونَ فِي خَلْقِ السَّمَاوَاتِ وَالأَرْضِ رَبَّنَا مَا خَلَقْتَ هَذا بَاطِلاً سُبْحَانَكَ فَقِنَا عَذَابَ النَّارِ رَبَّنَا إِنَّكَ مَن تُدْخِلِ النَّارَ فَقَدْ أَخْزَيْتَهُ وَمَا لِلظَّالِمِينَ مِنْ أَنصَارٍ رَّبَّنَا إِنَّنَا سَمِعْنَا مُنَادِيًا يُنَادِي لِلإِيمَانِ أَنْ آمِنُواْ بِرَبِّكُمْ فَآمَنَّا رَبَّنَا فَاغْفِرْ لَنَا ذُنُوبَنَا وَكَفِّرْ عَنَّا سَيِّئَاتِنَا وَتَوَفَّنَا مَعَ الأبْرَارِ رَبَّنَا وَآتِنَا مَا وَعَدتَّنَا عَلَى رُسُلِكَ وَلاَ تُخْزِنَا يَوْمَ الْقِيَامَةِ إِنَّكَ لاَ تُخْلِفُ الْمِيعَادَ فَاسْتَجَابَ لَهُمْ رَبُّهُمْ أَنِّي لاَ

[1] سۈرە ئىسرا، 57 ـ ئايەت.
[2] سۈرە فۇرقان، 65 ـ ئايەتتىن 67 ـ ئايەتكىچە.
[3] سۈرە ئال ئىمران، 16 ـ ئايەت.

أُضِيعُ عَمَلَ عَامِلٍ مِّنكُم مِّن ذَكَرٍ أَوْ أُنثَى بَعْضُكُم مِّن بَعْضٍ فَالَّذِينَ هَاجَرُواْ وَأُخْرِجُواْ مِن دِيَارِهِمْ وَأُوذُواْ فِي سَبِيلِي وَقَاتَلُواْ وَقُتِلُواْ لأُكَفِّرَنَّ عَنْهُمْ سَيِّئَاتِهِمْ وَلأُدْخِلَنَّهُمْ جَنَّاتٍ تَجْرِي مِن تَحْتِهَا الأَنْهَارُ ثَوَابًا مِّن عِندِ اللّهِ وَاللّهُ عِندَهُ حُسْنُ الثَّوَابِ﴾ ﴿شۈبھىسىزكى، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىنىنىڭ يارىتىلىشىدا، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ نۆۋەتلىشىپ تۇرۇشىدا ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن ئەلۋەتتە روشەن دەلىللەر بار. ئۇلار ئۆرە تۇرغاندىمۇ، ئولتۇرغاندىمۇ، ياتقاندىمۇ اللهنى ئەسلەپ تۇرىدۇ. ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىنىنىڭ يارىتىلىشى توغرىسىدا پىكىر يۈرگۈزىدۇ. (ئۇلار ئېيتىدۇ): ‹پەرۋەردىگارىمىز! بۇنى بىكار ياراتمىدىڭ، سەن پاكتۇرسەن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن. پەرۋەردىگارىمىز! سەن كىمنىكى دوزاخقا كىرگۈزىدىكەنسەن، ئۇنى ئەلۋەتتە خار قىلغان بولىسەن. زالىملارغا ھېچقانداق ياردەمچى بولمايدۇ. پەرۋەردىگارىمىز! بىز ھەقىقەتەن بىر چاقىرغۇچىنىڭ (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ) رەببىڭلارغا ئىمان ئېيتىڭلار دەپ ئىمانغا چاقىرغانلىقىنى ئاڭلىدۇق، ئىمان ئېيتتۇق، پەرۋەردىگارىمىز! بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزنى مەغپىرەت قىلغىن، يامانلىقلىرىمىزنى يوققا چىقارغىن، بىزنى ياخشىلارنىڭ قاتارىدا قەبزى روھ قىلغىن. پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە پەيغەمبەرلىرىڭ ئارقىلىق ۋەدە قىلغان نەرسىنى (يەنى ئىتائەت قىلغانلارغا خاس بولغان جەننەتنى) بەرگىن، قىيامەت كۈنى بىزنى رەسۋا قىلمىغىن. سەن ھەقىقەتەن ۋەدەڭگە خىلاپلىق قىلمايسەن›. ئۇلارنىڭ دۇئاسىنى پەرۋەردىگارى ئىجابەت قىلدى: ‹مەن سىلەردىن ئەر بولسۇن، ئايال بولسۇن، ھەرقانداق بىر ياخشى ئىش قىلغۇچىنىڭ قىلغان ئەمەلىنى بىكار قىلىۋەتمەيمەن›﴾[1].

الله تائالا ئۆزىنىڭ پەيغەمبىرى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسىنى نەقىل كەلتۈرۈپ مۇنداق دېگەن: ﴿وَالَّذِي أَطْمَعُ أَن يَغْفِرَ لِي خَطِيئَتِي يَوْمَ الدِّينِ رَبِّ هَبْ لِي حُكْمًا وَأَلْحِقْنِي بِالصَّالِحِينَ وَاجْعَل لِّي لِسَانَ صِدْقٍ فِي الْآخِرِينَ وَاجْعَلْنِي مِن وَرَثَةِ جَنَّةِ النَّعِيمِ وَاغْفِرْ لِأَبِي إِنَّهُ كَانَ مِنَ الضَّالِّينَ وَلَا تُخْزِنِي يَوْمَ يُبْعَثُونَ﴾ ﴿قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ خاتالىقلىرىمنى مەغپىرەت قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. پەرۋەردىگارىم! ماڭا ئىلىم ـ ھېكمەت ئاتا قىلغىن، مېنى ياخشىلارغا قوشقىن. كېيىنكىلەر ئارىسىدا ياخشى نامىمنى قالدۇرغىن. مېنى نازۇنېمەتلىك جەننەتنىڭ ۋارىسلىرىدىن قىلغىن. ئاتامغا مەغپىرەت قىلغىن، ئۇ ھەقىقەتەن گۇمراھلاردىن بولدى. ئۇلار (يەنى خالايىقلار) (ھېساب بېرىش ئۈچۈن) تىرىلدۈرۈلىدىغان كۈندە مېنى رەسۋا قىلمىغىن﴾[2].

---

[1] سۈرە ئال ئىمران، 190 ـ ئايەتتىن 195 ـ ئايەتكىچە.

[2] سۈرە شۇئەرا، 82 ـ ئايەتتىن 87 ـ ئايەتكىچە.

دېمەك، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالاممۇ جەننەتنى تىلىدى، دوزاختىن پاناھ تىلىدى. دەرھەقىقەت، ئىنساننىڭ دوزاخقا تاشلىنىشى قىيامەت كۈنىدە رەسۋا بولۇشتۇر.

الله تائالا جەننەتنىڭ ئەملگە ئاشۇرۇلۇشى تىلىنىدىغان ۋەدە ئىكەنلىكى توغرىسىدا خەۋەر بەردى. يەنى، ئۇنىڭ بەندىلىرى ۋە دوستلىرى جەننەتنى تىلەيدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۈممىتىنى دۇئا ئىجابەت بولىدىغان ۋاقىتتا (يەنى ئەزان ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىنلا) ئۈزىگە جەننەتتىكى ئەڭ يۇقىرى مەنزىلنى تىلەشنى بۇيرىدى ۋە كىم ئۇنى تىلىسە، قىيامەت كۈنى ئۆزىنىڭ شاپائىتىگە ئېرىشىدىغانلىقى توغرىسىدا خەۋەر بەردى.

سەلىم ئەنسارىي پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا:

- مەن دۇئايىمدا ھەقىقەتەن اللهتىن جەننەتنى سورايمەن. اللهقا سېغىنىپ دوزاختىن پاناھ تىلەيمەن. مەن نە سېنىڭ، نە مۇئازىنىڭ نېمە دۇئا قىلىدىغانلىقىڭلارنى ياخشى بىلمەيمەن، - دېگەندە، ئۇ:

- مەنمۇ، مۇئازمۇ شۇنداقراق دۇئا قىلىمىز، - دېگەن.

سەھىھ ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: الله تائالا سەييارە يۈرىدىغان پەرىشتىلەردىن ئۆزىنىڭ بەندىلىرى توغرىسىدا سورايدۇ (ۋەھالەنكى، الله ئۇلارنى ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر). پەرىشتىلەر:

- بىز ساڭا تەسبىھ ئېيتىۋاتقان، تەكبىر ئېيتىۋاتقان، ھەمدۇسانا ئېيتىۋاتقان ۋە سېنى ئۇلۇغلاۋاتقان بەندىلىرىڭنىڭ يېنىدىن كەلدۇق، - دەيدۇ. الله تائالا:

- ئۇلار مېنى كۆرگەنمۇ؟

- ياق، ئى الله، ئۇلار سېنى كۆرمىگەن.

- ئەگەر ئۇلار مېنى كۆرسە قانداق بولىدۇ؟

- ئۇلار سېنى كۆرسە سېنى تېخىمۇ قاتتىق ئۇلۇغلايدۇ.

- ئۇلار بۇنىڭ بىلەن نېمىنى تىلەيدۇ؟

- ئى الله، ئۇلار سېنىڭ جەننىتىڭنى تىلەيدۇ.

- ئۇلار جەننەتنى كۆرگەنمۇ؟

- ياق، سېنىڭ ئۇلۇغلىقىڭ بىلەن قەسەمكى، ئۇلار ئۇنى كۆرمىگەن.

- ئەگەر ئۇلار ئۇنى كۆرسە قانداق بولار؟

- ئەگەر ئۇلار ئۇنى كۆرسە، ئۇلارنىڭ ئۇنى تەلەپ قىلىشى تېخىمۇ كۈچلۈك بولىدۇ.

پەرىشتىلەر يەنە:

- ئۇلار ساڭا سېغىنىپ دوزاختىن پاناھ تىلەيدۇ، - دەيدۇ. الله تائالا:

- ئۇلار ئۇنى كۆرگەنمۇ؟

- سىزنىڭ ئۇلۇغلۇقىڭ بىلەن قەسەمكى، ئۇلار ئۇنى كۆرمىگەن.
- ئەگەر ئۇلار ئۇنى كۆرسە قانداق بولار؟
- ئەگەر ئۇلار ئۇنى كۆرسە، ئۇنىڭدىن تېخىمۇ قاچىدىغان بولىدۇ.
- مەن سىلەرنى گۇۋاھ قىلىمەنكى، مەن ئۇلارنى مەغپىرەت قىلدىم، ئۇلارغا ئۇلارنىڭ تىلىگەنلىرىنى بەردىم، ئۇلارنىڭ پاناھ تىلىگەنلىرىدىن ئۇلارنى نىجات تاپقۇزدۇم.

«قۇرئان كەرىم» بىلەن ھەدىس شەرىفلەر جەننەتنى تىلەپ، دوزاختىن پاناھ تىلىگەن، اللە تائالانىڭ بەندىلىرىگە ۋە دوستلىرىغا رەھمەت تىلەنگەن دۇئالار بىلەن تولۇپ كەتكەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىگە مۇنداق دېگەن: «اللەقا سېغىنىپ دوزاختىن پاناھ تىلەڭلەر». ئۇ ئۆزىگە جەننەتتە ھەمراھ بولۇشنى سورىغان كىشىگە: «سەن كۆپ سەجدە قىلىش ئارقىلىق ئۆزۈڭگە ياردەم تىلىگىن» دېگەن.

مۇسۇلمان ئالىملار مۇنداق دەيدۇ: اللە تائالا بەندىلىرىدىن جەننەتنى سوراپ، دوزاختىن پاناھ تىلەپ ئەمەل قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ، بۇ، ئۇلارنىڭ ھەمىشە جەننەت بىلەن دوزاخنى ئەسلەپ تۇرۇشى، ئۇنتۇپ قالماسلىقى ئۈچۈندۇر. ئىنساننىڭ نىجات تېپىشى ئۈچۈن ئۇ ئىككىسىگە ئىمان كەلتۈرۈشى شەرتتۇر، شۇنداقلا جەننەتكە كىرىش ۋە دوزاختىن قۇتۇلۇش ئىماننىڭ دەل ئۆزىدۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىنى ۋە ئۈممىتىنى دۇئا قىلىشقا تەرغىب قىلدى، جەننەتنى سۈپەتلىدى ۋە ئۇنى روشەن كۆرسىتىپ بەردى. ئۇ بۇ توغرىدا:

ـ جەننەتكە ئاتلانغۇچى يوقمۇ؟ ھەقىقەتەن، اللە بىلەن قەسەمكى، ئۇ چاقناپ تۇرىدىغان نۇر، ئىغاڭلاپ تۇرىدىغان رەيھان، چىرايلىق چۆرە، تولۇپ پىشقان مېۋە، ئېگىز ئىمارەت، چەكسىز دەريادۇر، ـ دېدى. ساھابىلەر:
ـ بىز ئۇنىڭغا ئاتلانغۇچىمىز، ـ دېگەندى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:
ـ اللە خالىسا دەڭلار! ـ دېدى.

بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «كىم مۇنداق قىلسا، جەننەتكە كىرىدۇ» دەپ، ئەمەل قىلىشقا تەرغىب قىلىدىغان ھەدىسلىرىنى بايان قىلغىلى تۇرساق، سۆزىمىز بەك ئۇزىراپ كېتىدۇ. ھالبۇكى، بۇ مەزمۇندىكى ھەدىسلەر ئەمەلنىڭ ھەممە تۈرلىرىدە تېپىلىدۇ.

ئۇنداقتا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇنىڭغا قىزىقتۇرۇپ تۇرسا، ساۋابىنى ئۈمىد قىلىپ، ئازابتىن قورقۇپ ئەمەل قىلىش قانداقمۇ ئەيىب ھېسابلانسۇن؟ اللە تائالا ئۆز بەندىلىرىنىڭ جەننەتنى تىلەشلىرىنى ۋە دوزاختىن پاناھ تىلەشلىرىنى ياخشى كۆرىدۇ. چۈنكى، اللە تائالا تىلىنىشنى ياخشى كۆرىدۇ. كىم ئۇنىڭدىن تىلىمىسە، ئۇ كىشىگە

غەزەپلىنىدۇ. ئەڭ چوڭ تىلىنىدىغان تىلەك «جەننەت» ۋە ئەڭ كۆپ پاناھ تىلىنىدىغان يەر «دوزاخ»تۇر.

ئىنسان قەلبى جەننەت ۋە دوزاخنى ئەسلەپ تۇرۇشتىن خالىي بولۇپ قالسا، ئۇنىڭ ئىرادىسى بوشاپ كېتىدۇ. ئىنسان جەننەت ئۈچۈن قانچە ئەمەل قىلغانسېرى، ئۇنىڭغا بولغان ئىرادە شۇنچە كۈچىيىدۇ. بۇ ھەممىگە مەلۇملۇق بىر ئىش.

مۇبادا بۇ اللّٰه تائالانىڭ مەتلۇبى بولمىسا ئىدى، ئىنسانلارغا جەننەتنى سۈپەتلەپ بەرمىگەن، ئۇنى ئۇلارغا سۇنمىغان ۋە ئىنساننىڭ ئەقلى يېتىدىغان دەرىجىدە خەۋەر بەرمىگەن بولار ئىدى. مەلۇمكى، جەننەتتىن باشقا غەيبىي ئىشلارنى مۇجمەللىك بىلەن خەۋەر بەردى. بۇ بولسىمۇ، ئىنسانلارنى ئۇنىڭغا تەشنا قىلىش ۋە قىزىقتۇرۇش ئۈچۈن ئىدى.

ئىمام ئىبنى قەييۇم سوپىلار بىلەن سوپىلارغا رەددىيە بەرگەنلەر ۋە ئۇلارنى خاتاغا چىقارغانلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئوتتۇرىھال پوزىتسىيە تۇتتى. ئۇ ھەر ئىككىلى تەرەپنىڭ قاراشلىرىنى نەقىل كەلتۈرگەندىن كېيىن مۇنداق دېدى: «ھەقىقەت شۇكى، جەننەت پەقەت دەل ـ دەرەخلەر، مېۋىلەر، تائام ـ شارابلار، چۆرىلەر، دەريا ـ ئۆستەڭلەر، قەسىرلەرنىڭلا ئىسمى ئەمەس. كۆپىنچە كىشىلەر جەننەت ئاتالغۇسىدا خاتالىشىدۇ، جەننەت مۇكەممەل بولغان مۇتلەق بىر نېمەت يۇرتىنىڭ نامىدۇر. جەننەتنىڭ ئەڭ كاتتا نېمەتلىرى بولسا، اللّٰه تائالانى كۆرۈش ۋە ئۇ زاتنىڭ كالامىنى ئاڭلاشتۇر. كۆز قارىچۇقىنىڭ اللّٰه تائالاغا يېقىنلىششىدۇر. جەننەتتىكى يېيىلىدىغان تائام، ئىچىلىدىغان شاراب، كىيىلىدىغان لىباس، قارىلىدىغان مەنزىرىگە قارىغاندا، ئىنسان ئۈچۈن اللّٰه تائالانى كۆرۈشتىن ئارتۇق لەززەت يوقتۇر. اللّٰه تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿وَرِضْوَانٌ مِّنَ اللَّهِ أَكْبَرُ﴾ ﴿اللّٰهنىڭ رازىلىقى (جەننەت نېمەتلىرىنىڭ ھەممىسىدىن) كاتتىدۇر﴾[1]. يەنى، ھەرقانداق بىر بەندە تەرىپىدىن اللّٰه رازى بولىدىغان ئىش بولسا، ئۇ جەننەتتىنمۇ كاتتىدۇر.

بىر شائىر مۇنداق دېگەن:

ئازغىنە ئىنئامىڭ كۇپايە ماڭا،
سەن ئۈچۈن ”ئاز“ بولغان، ئاز ئەمەس ماڭا.

سەھىھ ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: «اللّٰه بىلەن قەسەمكى، اللّٰه تائالا ئۇلارغا (مۇئمىنلەرگە) اللّٰهقا قاراشتىنمۇ ئارتۇق سۆيۈملۈك بىر نەرسە ئاتا قىلمىدى». يەنە بىر

---

[1] سۇرە تەۋبە، 72 ـ ئايەت.

ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: «ھەقىقەتەن اللە تائالا مۇئمىنلەرگە تەجەللىي بولۇپ، ئۇلار ئۇنى كۆرگەندە ئۆزلىرى بەھرىمەن بولۇۋاتقان نېمەتلەرنى ئۇنتۇپ قالىدۇ، ئۇ نېمەتلەرگە قاراپمۇ سالمايدۇ».

ئىمام ئىبنى قەييۇم (اللە ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) يەنە مۇنداق دەيدۇ: شەكسىزكى، ئىش ئەنە شۇنداق بولىدۇ. ئۇ مىنۇتلارنى ئىنسان تەسەۋۋۇر قىلالمايدۇ. بولۇپمۇ، اللە بىلەن بىرگە بولۇشقا نىسىپ بولغانلار تېخىمۇ شۇنداق بولىدۇ. چۈنكى، ئىنسان ئۆزى ياخشى كۆرىدىغىنى بىلەن بىللىدە. قايسى بىر نېمەت، قايسى بىر لەززەت، قايسى بىر ھوزۇر، قايسى بىر نىجاتلىق اللە بىلەن بىللە بولۇش لەززىتىگە باراۋەر كېلەر؟

مانا بۇ ئاشىقلار، ئارىفلار ئاتلانغان مەنزىلدۇر. ئۇ بولسا، جەننەتنىڭ روھى ۋە ھاياتىدۇر. ئۇنىڭ بىلەن جەننەت ياخشى بىر ماكان بولدى ۋە شۇنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلدى.

ئۇنداقتا، نېمىشقا اللە تائالانىڭ جەننىتىنى تىلەپ ۋە ئۇ زاتقا سىغىنىپ دوزاختىن پاناھ تىلەش ئۈچۈن ئىبادەت قىلمايدىكەنمىز؟

شۇنىڭدەك، اللەنىڭ غەزىپىنى كەلتۈرۈش (اللە بىزنى ئۇنىڭدىن ئۆز پاناھىدا ساقلىسۇن) دوزاخ ئوتىدا كۆيگەندىنمۇ چوڭدۇر.

دېمەك، پەيغەمبەرلەرنىڭ، سىددىقلارنىڭ، شەھىدلەرنىڭ ۋە سالىھلارنىڭ تىلىكى جەننەت، قاچىدىغان نەرسىسى دوزاختۇر.

## 7. ئىبادەت پەقەتلا روھنى پاكلايدىغان ۋاستىمۇ؟

چوڭچىلىق قىلىپ اللەقا ئىبادەت قىلىشتىن باش تارتىدىغان دىنسىزلار تەشۋىق قىلىپ يۈرىدىغان ئىنتايىن رەزىل بىر تەشۋىقات بار. ئۇلار دىننىڭ ئۆزى رەت قىلىدىغان، ئىنسان قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغا كىرەلمەيدىغان، روھنى پاكلىيالمايدىغان، يامان ئىشتىن چەكلىيەلمەيدىغان بەزى يۈزەكى ئىبادەتلەرنى پۈرسەت بىلىپ، مۇنداق دەيدۇ: دىننىڭ ئەقىدە ۋە ئىبادەتتىن مەقستى قەلبنى ئىسلاھ قىلىش، روھنى تەربىيىلەش ۋە ئەخلاقنى گۈزەللەشتۈرۈشتۇر. بىز مۇشۇ نىشانغا ئەخلاق تەربىيىسى ياكى ھەرقانداق بىر ۋاستە بىلەن يەتسەك، بىزنىڭ تائەت ـ ئىبادەتكە، نامازغا ھېچقانداق ئېھتىياجىمىز قالمايدۇ. تائەت ـ ئىبادەت پەقەت بىر ۋاستە بولۇپ، غايە ـ مەقسەت ئەمەس. اللە بىزدىن ئىرادە قىلغان نىشانغا يەتتۇق، ئۇنداقتا بىزنىڭ تائەت ـ ئىبادەتكىلا ئېسىلىۋېلىشىمىزنىڭ سەۋەبى نېمە؟

مانا بۇ بەزى پەيلاسوپلار قەدىمكى زاماندا تەشەببۇس قىلغان، ھازىرقى زاماندا بەزى ئازغۇنلار تەشۋىق قىلىۋاتقان ھىيلە ـ مىكىر بىلەن تولۇپ كەتكەن بىر تەشۋىقاتتۇر. ئۇ شۇنداق بىر تەشۋىقاتكى، ئۇنىڭدىن پەقەت باتىللىق مەقسەت قىلىنغاندۇر، خالاس.

## 8. روھنىڭ پاكلىقى ھەقىقىي ئىبادەتنىڭ ئىللىتى ئەمەس، بەلكى سەمەرىسىدۇر

بىلىش كېرەككى، مەزكۇر تەشۋىقات باتىلدۇر. چۈنكى، ئىبادەتنىڭ ئۆزى بىر غايىدۇر. بەلكى، ئۇ اللّٰه تائالا «قۇرئان كەرىم»دە بايان قىلغاندەك، اللّٰه تائالانىڭ ئىنسان ۋە جىنلارنى يارىتىشتىكى مۇراد ـ مەقسىتىدۇر. شۇنداقلا، ئۇنىڭ ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى يارىتىشتىكى غايىسىدۇر. اللّٰه تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿اللَّهُ الَّذِي خَلَقَ سَبْعَ سَمَاوَاتٍ وَمِنَ الْأَرْضِ مِثْلَهُنَّ يَتَنَزَّلُ الْأَمْرُ بَيْنَهُنَّ لِتَعْلَمُوا أَنَّ اللَّهَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ وَأَنَّ اللَّهَ قَدْ أَحَاطَ بِكُلِّ شَيْءٍ عِلْمًا﴾ ﴿اللّٰه يەتتە ئاسماننى ياراتتى، زېمىننىمۇ ئاسمانلارغا ئوخشاش (يەنى يەتتە قىلىپ) ياراتتى. اللّٰهنىڭ ئەمرى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا جارى بولۇپ تۇرىدۇ. (سىلەرگە بۇنى بىلدۈرۈشۈم) اللّٰهنىڭ ھەممىگە قادىر ئىكەنلىكىنى ۋە اللّٰهنىڭ ھەممە نەرسىنى تولۇق بىلىدىغانلىقىنى بىلىشىڭلار ئۈچۈندۇر﴾[1]؛ ﴿وَمَا خَلَقْتُ الْجِنَّ وَالْإِنسَ إِلَّا لِيَعْبُدُونِ﴾ ﴿جىنلارنى ۋە ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا ياراتتىم﴾[2].

بىز يۇقىرىدا دېگىنىمىزدەك، ئىبادەت قىلىشتىن بىرىنچى مەقسەت بولسا، اللّٰه تائالانىڭ ھەققىنى ئادا قىلىشتۇر. شۇنداقلا، ئىنسان ئۆزىنىڭ ياراتقۇچىسىز پەيدا بولمىغانلىقى، ئۆزىنىڭ بىقۇل، ھېچقانداق كۈچى يوق، پەقەت اللّٰه تائالاغا تايىنىدىغان شەيئى ئىكەنلىكىنى ۋە اللّٰه تائالانى بىلىشتۇر. اللّٰه تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿يَا أَيُّهَا النَّاسُ أَنتُمُ الْفُقَرَاءُ إِلَى اللَّهِ وَاللَّهُ هُوَ الْغَنِيُّ الْحَمِيدُ إِن يَشَأْ يُذْهِبْكُمْ وَيَأْتِ بِخَلْقٍ جَدِيدٍ﴾ ﴿ئى ئىنسانلار! سىلەر اللّٰهقا موھتاجسىلەر، اللّٰه (ھەممىدىن) بىھاجەتتۇر، مەدھىيىگە لايىقتۇر. ئەگەر اللّٰه خالىسا، سىلەرنى ھالاك قىلىپ (ئورنۇڭلارغا) يېڭى بىر خەلقنى پەيدا قىلىدۇ. بۇ اللّٰهقا قىيىن ئەمەس﴾[3].

---

[1] سۈرە تەلاق، 12 ـ ئايەت.

[2] سۈرە زارىيات، 56 ـ ئايەت.

[3] سۈرە فاتىر، 15 ـ ئايەتتىن 17 ـ ئايەتكىچە.

ئىنساننىڭ ناماز ئوقۇش، روزا تۇتۇش، زاكات بېرىش، ھەج قىلىش، قۇرئان ئوقۇش، زىكىر - تەسبىھ ئېيتىش، دۇئا قىلىش، شەرىئەتكە ئەگىشىش ۋە ھالال - ھارام ھۆكۈملەرگە ئەمەل قىلىشتىن ئىبارەت ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىغا ئۇبۇدىيەتنى نامايان قىلىش، ئۇنىڭ بۇيرۇقلىرىغا بويسۇنۇش قاتارلىقلار ئىبادەتنىڭ سەۋەبلىرىدۇر. ئەمما، قەلبنىڭ ئىسلاھى، روھنىڭ پاكلىقى ۋە ئەخلاقنىڭ دۇرۇسلىقى ھەقىقىي ئىبادەتنىڭ مۇقەررەر سەمەرىسى بولۇپ، ئىبادەتنىڭ غايىسى ئەمەس. اللہ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿يَا أَيُّهَا النَّاسُ اعْبُدُواْ رَبَّكُمُ الَّذِي خَلَقَكُمْ وَالَّذِينَ مِن قَبْلِكُمْ لَعَلَّكُمْ تَتَّقُونَ﴾ ﴿ئى ئىنسانلار! تەقۋادارلاردىن بولۇشۇڭلار ئۈچۈن، سىلەرنى ۋە سىلەردىن بۇرۇنقىلار (يەنى ئۆتكەنكى ئۇممەتلەر)نى ياراتقان پەرۋەردىگارىڭلارغا ئىبادەت قىلىڭلار﴾[1]؛ ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ كُتِبَ عَلَيْكُمُ الصِّيَامُ كَمَا كُتِبَ عَلَى الَّذِينَ مِن قَبْلِكُمْ لَعَلَّكُمْ تَتَّقُونَ﴾ ﴿ئى مۆئمىنلەر! (گۇناھلاردىن) ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن، سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرگە (يەنى ئىلگىرىكى ئۇممەتلەرگە) روزا پەرز قىلىنغاندەك، سىلەرگىمۇ (رامىزان روزىسى) پەرز قىلىندى﴾[2]. بۇ ئايەتلەر ئىبادەت ياكى روزىنىڭ ئىنساننى تەقۋالىققا ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

اللہ تائالا بۇ يەردە سەۋەبنى ئاشكارا تىلغا ئالسۇن ياكى ئالمىسۇن، مۇبادا ئىبادەت ئىنساننى تەقۋالىققا باشلىمىسا، ئۇ ئىبادەتنى تەرك ئېتىشنىڭ لازىملىقىنى كۆرسەتمەيدۇ. بەلكى، ئىبادەتنى قايتىدىن ياخشى قىلىش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن، بىز بىر دېھقانغا: ھوسۇل ئېلىشىڭ ئۈچۈن يەر تېرىغىن! - دېدۇق. شۇنىڭ بىلەن، دېھقان يەرنى تېرىدى، ئەمما تېرىقچىلىق ئىشلىرىنىڭ بەزىسىنى ياخشى قىلمىغانلىقتىن، كۆزلىگەن ھوسۇلنى ئالالمىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ دېھقاننىڭ يەر تېرىشتىن باشقا ۋەزىپىسى بولمىسىمۇ، بىز ئۇنىڭغا: ئەمدى يەر تېرىمىغىن! - دەمدۇق؟ بىز پەقەت ئۇنىڭغا ئوبدان تىرىشقىن، ياخشى ھوسۇل ئېلىشىڭ ئۈچۈن ئىشىڭنى ئوبدان قىلغىن دەيمىز - خالاس.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا بىر قەۋمنىڭ ناماز ئوقۇپ تۇرۇپ، ناماز ئوقۇغانغا لايىق ئىش قىلمايدىغانلىقى تىلغا ئېلىنغاندا، ئۇ: «ئۇلارنىڭ نامىزى ئۇلارنى چەكلەيدۇ» دەپ جاۋاب بەرگەن.

مۇبادا بىر ئادەم بەش ۋاقىت نامازنى ياكى پەرز روزىنى ئادا قىلغاندا اللہنىڭ ئۆزى ئۈستىدىكى ھەققىنى، ئۇبۇدىيەتنىڭ تەلىپىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن قىلماستىن، پەقەت ئۆزىنى پاكلاش، خۇلقى - مىجەزىنى رۇسلاش ئۈچۈن قىلسا، بۇنداق ناماز ياكى روزا

---

[1] سۈرە بەقەرە، 21 - ئايەت.

[2] سۈرە بەقەرە، 183 - ئايەت.

ئادەتتىن باشقا بىر نېمە بولمايدۇ. ئۇنىڭ ھەق مىزانىدا ھېچقانداق قىممىتى بولمايدۇ ياكى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىمۇ قوبۇل بولمايدۇ.

## 9. ئىبادەتنىڭ ئاساسىي ۋە قوشۇمچە مەقسەتلىرى

ئىمام شاتىبى ئېيتقاندەك، ئىبادەتنىڭ ئاساسىي ۋە قوشۇمچە مەقسەتلىرى بار. ئەسلىي مەقسەت: يەككە ـ يېگانە زاتقا ۋە بەرھەق مەبۇدقا يۈزلىنىپ، ئۇ زاتنى ھەرقانداق ئەھۋالدىكى مۇراد ـ مەقسەتتە يالغۇز بىلىشتۇر. بۇنىڭغا ئىنساننىڭ ئاللاھنىڭ دوستلىرى بولۇپ، قىيامەت كۈنى ئالىي دەرىجىگە ئېرىشىش مەقسەتلىرى ئەگىشىپ كېلىدۇ. ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كېلىدىغان مەقسەتلەردىن يەنە قەلبنى پاكلاش ۋە ئېسىل پەزىلەت يېتىلدۈرۈشمۇ بار.

ئىمام شاتىبى (ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) مۇنداق دېگەن: نامازنى مىسالغا ئالساق، ئۇنىڭ پەرز بولۇشىدىكى ئەسلى مەقسەت ئاللاھقا ئىخلاس بىلەن يۈزلىنىپ باش ئېگىش، ئۇنىڭ ھوزۇرىدا تۆۋەنچىلىك بىلەن تۇرۇش ۋە ئىنسانغا زىكرىنى ئەسلىتىش ئۈچۈن ئىدى. ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿وَأَقِمِ الصَّلَاةَ لِذِكْرِي﴾ ﴿مېنى زىكىر قىلىش ئۈچۈن ناماز ئوقۇغىن﴾[1]؛ ﴿إِنَّ الصَّلَاةَ تَنْهَى عَنِ الْفَحْشَاءِ وَالْمُنكَرِ وَلَذِكْرُ اللَّهِ أَكْبَرُ﴾ ﴿ناماز ھەقىقەتەن قەبىھ ئىشلاردىن ۋە گۇناھلاردىن توسىدۇ، ئاللاھنى ياد ئېتىش ھەممىدىن (يەنى ئۇنىڭدىن باشقا ھەممە ئىبادەتتىن) ئۇلۇغدۇر﴾[2]. يەنى، نامازنىڭ ئاللاھنى ياد ئېتىش خۇسۇسىيىتى يامان، قەبىھ ئىشلاردىن توسۇش خۇسۇسىيىتىدىن چوڭدۇر. چۈنكى، ئاللاھنى ياد ئېتىش نامازنىڭ ئاساسىي مەقسىتىدۇر. ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: ‹ناماز ئوقۇغۇچى ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىغا مۇناجات قىلىدۇ›.

نامازنىڭ قوشۇمچە مەقسەتلىرى شۇكى، ئۇ يامان ۋە قەبىھ ئىشلاردىن توسىدۇ. ئىنسان ئۇ ئارقىلىق دۇنيانىڭ غەم ـ ئەندىشىلىرىدىن ئارام ئالىدۇ. ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: «ئى بىلال، بىزنى ئۇنىڭ بىلەن (ناماز بىلەن) راھەتلەندۈرگىن»؛ «مېنىڭ كۆز قارىچۇقۇم ناماز قىلىندى». ياكى ئىستىخارە نامىزىغا ئوخشاش ھاجەتنى راۋا قىلىش ئۈچۈن ئوقۇلىدۇ، ياكى جەننەتكە كىرىش، دوزاختىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن بولىدۇ، ناماز ئوقۇيدىغان كىشى ئاللاھنىڭ ھىمايىسىدە بولىدۇ. مانا بۇلار نامازنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك خالىس

---

[1] سۈرە تاھا، 14 ـ ئايەت.

[2] سۈرە ئەنكەبۇت، 45 ـ ئايەت.

پايدىلىرىدۇر. ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: «كىم بامدات نامىزىنى ئوقۇيدىكەن، ئۇ ھەمىشە ئاللاھنىڭ ھىمايىسىدە بولىدۇ». شۇنداقلا ئەڭ شەرەپلىك ماقامغا ئېرىشىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿وَمِنَ اللَّيْلِ فَتَهَجَّدْ بِهِ نَافِلَةً لَّكَ عَسَى أَن يَبْعَثَكَ رَبُّكَ مَقَامًا مَّحْمُودًا﴾ «ساڭا نەپلە (ئىبادەت) بولۇشى ئۈچۈن، كېچىنىڭ بىر قىسمىدا (ناماز ئوقۇشقا، قۇرئان ئوقۇشقا) ئويغانغىن، (ئى مۇھەممەد!) پەرۋەردىگارىڭنىڭ سېنى مەدھىيىلىنىدىغان ئورۇنغا (يەنى بۈيۈك شاپائەت ماقامىغا) تۇرغۇزۇشى مۇھەققەقتۇر»[1]. دېمەك، نامازخان مەدھىيىلىنىدىغان ماقامغا كېچىدە ناماز ئوقۇش ئارقىلىق ئېرىشىدۇ.

شۇنداقلا، قالغان ھەممە ئىبادەتلەرنىڭ ئاخىرەتلىك پايدىلىرى بولۇپ، ئامىمبابلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يەنە دۇنيالىق پايدىلىرىمۇ بولۇپ، ئۇ ئەسلىي پايدىغا ئەگىشىدۇ. ئەسلىي پايدا بولسا، ئاللاھقا بويسۇنۇش ۋە باش ئېگىشتۇر.

مۇئمىنىنىڭ ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش ئارقىلىق جەننەتكە كىرىش ۋە دوزاختىن قۇتۇلۇشتىن ئىبارەت ئاخىرەتلىك پايدىلارنى تەلەپ قىلىشى ھېچقانداق بىر مەسىلە ئەمەس. بۇمۇ ئاللاھنىڭ ساۋابىنى ئۈمىد قىلىش ۋە ئازابىدىن قورقۇش قاتارىغا كىرىدۇ. بۇ، ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىغا بولغا ئۇبۇدىيەتنىڭ بىر تۈرىدۇر. بۇ مەزمۇندىكى ئۈمىد بىلەن قورقۇش ئاللاھقا ئىخلاس قىلىش جەھەتتە ھېچقانداق بىر ئەيىب ئىش ئەمەس.

ئەمما، مەيلى ماددىي ياكى مەنىۋي پايدىلار بولسۇن، دۇنيالىق پايدىلا ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشقا تۈرتكە بولسا دۇرۇس بولمايدۇ.

ئىلىمدا توشقان ئالىملار ئىبادەتنى قەلبنى پاكلاش، ئۇنى ھەرقانداق بىر مەشغۇلىيەتلەردىن خالىي قىلىپ، ئالىمى ئەرۋاھقا چىقىش ۋە پەرىشتىلەرنى كۆرۈش، ئادەتتىن تاشقىرى دەرىجىگە ئېرىشىش، ھەرخىل كارامەتلەرگە نائىل بولۇش، ئاللاھ تەرىپىدىن بولغان «خاس ئىلىم»نى ھاسىل قىلىش مۇددىئاسى بىلەن قىلىدىغان سوپىلارنى قاتتىق تەنقىد قىلدى.

ئۇلارنىڭ بۇنداق قىلىشى ئىبادەت يولىدىن ئېغىپ كەتكەنلىك ۋە ئىلمىي غەيبكە چات كەرگەنلىك بولۇپ، ھەممىدىن يامىنى ئاللاھ تائالانى شۇ ئىش ئۈچۈن ۋاستە قىلىشتۇر. ۋەھالەنكى، ئۇ زاتلا ئىبادەتكە لايىق ئىدى. بۇنداق قىلىش بىر ھېسابتا ئاللاھ تائالانىڭ مۇنۇ ئايىتىنىڭ دائىرىسىگە كىرىدۇ: ﴿وَمِنَ النَّاسِ مَن يَعْبُدُ اللَّهَ عَلَى حَرْفٍ فَإِنْ أَصَابَهُ خَيْرٌ اطْمَأَنَّ بِهِ وَإِنْ أَصَابَتْهُ فِتْنَةٌ انقَلَبَ عَلَى وَجْهِهِ خَسِرَ الدُّنْيَا وَالْآخِرَةَ ذَلِكَ هُوَ الْخُسْرَانُ الْمُبِينُ﴾ «بەزىلەر ئاللاھقا شەك ـ شۈبھە بىلەن (يەنى تۇراقسىز ھالدا) ئىبادەت قىلىدۇ، ئەگەر ئۇنىڭغا ياخشىلىق يەتسە دىندا تۇرىدۇ (بۇنداق ئادەم مۇناپىق بولۇپ، ئاللاھقا دىلى بىلەن ئەمەس،

---

[1] سۈرە ئىسرا، 79 ـ ئايەت.

پەقەت تىلى بىلەن ئىبادەت قىلىدۇ)، ئەگەر ئۇنىڭغا بەختسىزلىك يەتسە دىنىدىن يېنىۋالىدۇ، ئۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە زىيان تارتىدۇ، بۇ روشەن زىياندۇر﴾[1]. دېمەك، شۇنداق بولىدۇ. مۇبادا بۇ ئىنسان ئۆزىنىڭ تەلەپ قىلغان مەقسىتىگە يېتىپ قالسا، خۇش بولۇپ كېتىپ، ئىبادەت قىلىشتىن مەقسىتى شۇ ئىش بولۇپ قالىدۇ. ئۇنىڭ قەلبىدە شۇ مەقسەت ـ نىشان تېخىمۇ كۈچىيىدۇ ۋە ئىبادەت ئاجىزلاپ كېتىدۇ.

مۇبادا مەقسىتىگە يېتەلمىسە، ئىبادەتنى چۆرۈپ تاشلايدۇ. بەلكى، الله تائالانىڭ ئىخلاسمەن بەندىلىرىگە ئاتا قىلىدىغان ئىبادەت سەمەرىلىرىنى ئىنكار قىلىپ يالغانغا چىقىرىدۇ. رىۋايەت قىلىنىشىچە، بەزىلەر: «كىم اللهقا قىرىق سەھەر ئىخلاس قىلىدىكەن، ئۇنىڭ قەلبىدىن تىلىغا ھېكمەتنىڭ بۇلاقلىرى نامايان بولىدۇ» دېگەن ھەدىسنى ئاڭلىغان (مەزكۇر ھەدىسنى رەزىن ئۆزىنىڭ كىتابىدا ئىبنى ئابباستىن رىۋايەت قىلغان). شۇنىڭ بىلەن ئۇلار قىرىق سەھەر شۇنداق قىلغان. ئەمما، ھېكمەتنىڭ ئىشكىلىرى ئېچىلمىغان. بۇ ئىش بەزى پازىللارغا يەتكەندە، مۇنداق دېيىشكەن: «ئۇ ئىنسان اللهقا ئىخلاس قىلماي، ھېكمەت ئۈچۈن ئىخلاس قىلغان».

خۇلاسە قىلىپ ئېيتساق، ئىبادەتنىڭ ئەسلى نىشانىغا قۇلاق يوپۇرۇۋېلىپ، ئۇنىڭ ئەگەشمە مەقسەتلىرىنى جار سالىدىغان ھەر قانداق بىر چاقىرىق، ھەرقانداق بىر تەشۋىقات باتىلدۇر. چۈنكى، ئۇ ئىبادەتنىڭ ۋە دىنىنىڭ روھىغا، اللهنىڭ ئىنسانلارنى، ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى يارىتىشىدىكى ئەسلى مەقسەت ـ غايىگە زىتتۇر.

## 10. اللهقا ئىبادەت قىلىشتىن باش تارتىش

بىلىش كېرەككى، مۇشۇنداق يامان غەرەزلىك تەشۋىقاتلارنىڭ تەشۋىقاتچىلىرى دىنسىزلىق، كۇپۇرلۇق، اللهقا چوڭچىلىق قىلىش ۋە اللهقا ئىبادەت قىلىشتىن باش تارتىشنى يوشۇرىدۇ. بۇلار بۇنى گۈزەل ئەخلاققا ئىنتىلىش ۋە ئىزگۈ پەزىلەت دەۋاسى نامى بىلەن ئېلىپ بارىدۇ. ئۇلار خۇددى تاتلىق ـ تۈرۈمنىڭ ئارىسىغا زەھەر سېلىپ، يوشۇرغاندەك ئىش قىلىدۇ. ئۇلار اللهنىڭ مۇنۇ ئايىتىدىكى ئازابقا نېمىدېگەن لايىق ـ ھە! الله تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿إِنَّ الَّذِينَ يَسْتَكْبِرُونَ عَنْ عِبَادَتِي سَيَدْخُلُونَ جَهَنَّمَ دَاخِرِينَ﴾ ﴿شۈبھىسىزكى، مېنىڭ ئىبادىتىمدىن چوڭچىلىق قىلىپ باش تارتىدىغانلار خار ھالدا

[1] سۈرە ھەج، 11 ـ ئايەت.

جەھەننەمگە كىرىدۇ﴾[1]؛ ﴿... وَمَن يَسْتَنكِفْ عَنْ عِبَادَتِهِ وَيَسْتَكْبِرْ فَسَيَحْشُرُهُمْ إِلَيهِ جَمِيعًا فَأَمَّا الَّذِينَ آمَنُواْ وَعَمِلُواْ الصَّالِحَاتِ فَيُوَفِّيهِمْ أُجُورَهُمْ وَيَزيدُهُم مِّن فَضْلِهِ وَأَمَّا الَّذِينَ اسْتَنكَفُواْ وَاسْتَكْبَرُواْ فَيُعَذِّبُهُمْ عَذَابًا أَلُيمًا وَلاَ يَجِدُونَ لَهُم مِّن دُونِ اللّهِ وَلِيًّا وَلاَ نَصِيرًا﴾ ﴿كىملەركى، اللهقا بەندىچىلىك قىلىشتىن باش تارتىدىكەن ۋە كۆرەڭلەپ كېتىدىكەن، (بىلىسۇنكى) الله ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى (قىيامەت كۈنى ھېساب ئېلىش ۋە جازالاش ئۈچۈن) ئۆز دەرگاھىغا توپلايدۇ. ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارغا كەلسەك، الله ئۇلارنىڭ (ئەمەللىرىنىڭ) ئەجرىنى تولۇق بېرىدۇ، نېمىتىنى ئۇلارغا بېرىدۇ، (اللهقا قۇلچىلىق قىلىشتىن) باش تارتقان ۋە كۆرەڭلەپ كەتكەنلەرگە كەلسەك، الله ئۇلارغا قاتتىق ئازاب قىلىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرى ئۈچۈن اللهتىن باشقا (اللهنىڭ ئازابىدىن قۇتۇلدۇرىدىغان) ھېچقانداق دوست ۋە ھېچقانداق مەدەتكار تاپالمايدۇ﴾[2].

ئۇلار ھىدايەت نۇرىنى ۋە توغرا يولنى تېپىشتىن مەھرۇم قېلىشقا نېمىدېگەن ھەقلىق - ھە! چۈنكى، مۇتەكەببىرلىك ئىنساننى ھەقنى كۆرۈشتىن ۋە ھەقنى ئاڭلاشتىن توسۇپ قويىدۇ. الله تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿سَأَصْرِفُ عَنْ آيَاتِيَ الَّذِينَ يَتَكَبَّرُونَ فِي الأَرْضِ بِغَيْرِ الْحَقِّ وَإِن يَرَوْاْ كُلَّ آيَةٍ لاَّ يُؤْمِنُواْ بِهَا وَإِن يَرَوْاْ سَبِيلَ الرُّشْدِ لاَ يَتَّخِذُوهُ سَبِيلاً وَإِن يَرَوْاْ سَبِيلَ الْغَيِّ يَتَّخِذُوهُ سَبِيلاً ذَلِكَ بِأَنَّهُمْ كَذَّبُواْ بِآيَاتِنَا وَكَانُواْ عَنْهَا غَافِلِينَ﴾ ﴿يەر يۈزىدە ناھەق تەكەببۇرلۇق قىلىدىغانلارغا مېنىڭ ئايەتلىرىمنى پەھىم قىلدۇرمايمەن، ئۇلار بارلىق مۆجىزىلەرنى كۆرگەندىمۇ ئۇنىڭغا ئىشەنمەيدۇ، ئۇلار ئەگەر توغرا يولنى كۆرسە، ئۇنىڭدا ماڭمايدۇ، گۇمراھلىق يولىنى كۆرسە ئۇنىڭدا ماڭىدۇ، بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئۇلار بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلدى ۋە ئۇنىڭدىن غاپىل بولدى﴾[3].

دەرۋەقە، الله تائالا مەخلۇقاتلىرىدىن بىرىنىڭ ئىبادىتىگە موھتاج ئەمەس. چۈنكى، ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان زات ھەممىدىن بىھاجەتتۇر. مەلۇمكى، اللهنىڭ بەندىلىرى ئاز ئەمەس. چۈنكى، كائىناتنىڭ ھەممىسى بىز ئىنسانلار بىلمەيدىغان تىل بىلەن ئىبادەت قىلىدۇ. الله تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿تُسَبِّحُ لَهُ السَّمَاوَاتُ السَّبْعُ وَالأَرْضُ وَمَن فِيهِنَّ وَإِن مِّن شَيْءٍ إِلاَّ يُسَبِّحُ بِحَمْدَهِ وَلَكِن لاَّ تَفْقَهُونَ تَسْبِيحَهُمْ ...﴾ ﴿يەتتە ئاسمان - زېمىن ۋە ئۇلاردىكى مەخلۇقاتلار اللهنى پاك دەپ بىلىدۇ، (كائىناتتىكى) قانداقلىكى نەرسە بولمىسۇن، اللهنى پاك دەپ مەدھىيىلەيدۇ (يەنى اللهنىڭ ئۇلۇغلىقىنى سۆزلەيدۇ)، لېكىن

---

[1] سۈرە غافىر، 60 - ئايەت.

[2] سۈرە نىسا، 172 - ۋە 173 - ئايەتلەر.

[3] سۈرە ئەئراف، 146 - ئايەت.

سىلەر (ئىلىنغلار ئوخشاش بولمىغانلىقى ئۈچۈن) ئۇلارنىڭ مەدھىيىسىنى سەزمەيسىلەر﴾[1].

يەتتە قات ئاسماندا ۋە ھەر جايدا ﷲقا ئىبادەت قىلىپ تۇرىدىغان پەرىشتىلەر بىرىلىك. ﷲ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿وَلَهُ مَن فِي السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ وَمَنْ عِندَهُ لَا يَسْتَكْبِرُونَ عَنْ عِبَادَتِهِ وَلَا يَسْتَحْسِرُونَ يُسَبِّحُونَ اللَّيْلَ وَالنَّهَارَ لَا يَفْتُرُونَ﴾ ﴿ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكىلەرنىڭ ھەممىسى ﷲنىڭ ئىلكىدىدۇر، ﷲنىڭ دەرگاھىدىكىلەر (يەنى پەرىشتىلەر) ﷲنىڭ ئىبادىتىدىن تەكەببۇرلۇق قىلىپ باش تارتمايدۇ ۋە ھېرىپمۇ قالمايدۇ. ئۇلار كېچە ـ كۈندۈز تەسبىھ ئېيتىدۇ، بوشاشمايدۇ﴾[2]. ئۇنداقتا، ئۆزلىرىنى ﷲقا ئىبادەت قىلىشتىن چوڭ تۇتقانلارنىڭ ئورنى نەدە؟ ﷲ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿فَإِنِ اسْتَكْبَرُوا فَالَّذِينَ عِندَ رَبِّكَ يُسَبِّحُونَ لَهُ بِاللَّيْلِ وَالنَّهَارِ وَهُمْ لَا يَسْأَمُونَ﴾ ﴿ئەگەر كۇففارلار چوڭچىلىق قىلىپ (ﷲقا سەجدە قىلىشتىن) باش تارتسا، پەرۋەردىگارىڭنىڭ دەرگاھىدىكىلەر (يەنى پەرىشتىلەر) كېچە ـ كۈندۈز ﷲقا تەسبىھ ئېيتىپ تۇرىدۇ، ئۇلار مالال بولۇپ قالمايدۇ﴾[3].

## 11. مۇئمىنلەرنىڭ ئىبادەت بىلەن ئەخلاق ئوتتۇرىسىدىكى سۈپەتلىرى

بىز ئىسلامدا ئەخلاق ۋە ۋىجداننىڭ ئىنتايىن يۇقىرى ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى، گۈزەل ئەخلاق مۇسۇلمان ئىنساننىڭ ئوبرازىنى گەۋدىلەندۈرۈشنىڭ تۈپ ئاساسىي ئىكەنلىكىنى بىلىمىز. ﷲ تائالامۇ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەخلاقىنى مۇنۇ ئايەت بىلەن تەرىپلىگەن: ﴿وَإِنَّكَ لَعَلى خُلُقٍ عَظِيمٍ﴾ ﴿(ئى مۇھەممەد!) سەن ھەقىقەتەن بۈيۈك ئەخلاققا ئىگىسەن﴾[4]. شۇنداقلا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «مەن گۈزەل ئەخلاقلارنى تولۇقلاش ئۈچۈن ئەۋەتىلدىم» دېگەنلىكىنى قەتئىي ئىنكار قىلمايمىز.

بىز ئۇلارنىڭ ھېچبىرىنى ئىنكار قىلمايمىز، بەلكى ئىنكار قىلىدىغىنىمىز ئۇلارنىڭ ﷲقا ئىبادەت قىلىشنى پەقەت ۋىجداننى تەربىيىلەيدىغان بىر ۋاستە

---

[1] سۈرە ئىسرا، 44 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] سۈرە ئەنبىيا، 19 ـ ۋە 20 ـ ئايەتلەر.

[3] سۈرە فۇسسىلەت، 38 ـ ئايەت.

[4] سۈرە قەلەم، 4 ـ ئايەت.

دېيىشنى ئىنكار قىلىمىز. ئىبادەت ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ئەڭ ئەۋزەل ۋاسىتىمۇ ئەمەس، بەلكى پەقەت ۋاسىتىلەرنىڭ بىرى، خالاس.

بىز بىر ئىنساننىڭ پەزىلىتىنى ئۆلچەشتە ئىبادەتنىڭ ھېچقانداق قەدرى - قىممىتى بولماسلىقنى ئىنكار قىلىمىز. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مانا بۇنىڭدىن ئاگاھلاندۇرغانىدى: «كىشىلەرگە شۇنداق بىر زامان كېلىدۇكى، ئۇنىڭدا بىر ئادەمگە ‹ئۇ نېمىدېگەن ئەللىق، ئۇ نېمىدېگەن ئەقىللىق، ئۇ نېمىدېگەن باتۇر - ھە!› دېيىلىدۇ. ۋەھالەنكى، ئۇنىڭ قەلبىدە زەررىچە ئىمان يوقتۇر» (بۇخارى رىۋايەت قىلغان).

بىز «قۇرئان كەرىم»دە مۇئمىنلەرنىڭ ئوبرازى ھەققىدە تەپسىلىي بايانلارنى ئوقۇغىنىمىزدا، مۇئمىنلەرنىڭ بىرىنچى سۈپىتى ئىبادەت قىلىش ئىكەنلىكىنى ئىنتايىن ئېنىق ئۇچرىتىمىز. اللە تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿قَدْ أَفْلَحَ الْمُؤْمِنُونَ الَّذِينَ هُمْ فِي صَلَاتِهِمْ خَاشِعُونَ وَالَّذِينَ هُمْ عَنِ اللَّغْوِ مُعْرِضُونَ وَالَّذِينَ هُمْ لِلزَّكَاةِ فَاعِلُونَ وَالَّذِينَ هُمْ لِفُرُوجِهِمْ حَافِظُونَ إِلَّا عَلَى أَزْوَاجِهِمْ أوْ مَا مَلَكَتْ أَيْمَانُهُمْ فَإِنَّهُمْ غَيْرُ مَلُومِينَ فَمَنِ ابْتَغَى وَرَاء ذَلِكَ فَأُوْلَئِكَ هُمُ الْعَادُونَ وَالَّذِينَ هُمْ لِأَمَانَاتِهِمْ وَعَهْدِهِمْ رَاعُونَ وَالَّذِينَ هُمْ عَلَى صَلَوَاتِهِمْ يُحَافِظُونَ﴾ ﴿مۇئمىنلەر ھەقىقەتەن بەختكە ئېرىشتى. (شۇنداق مۇئمىنلەركى) ئۇلار نامازلىرىدا (اللەنىڭ ئۇلۇغلىقىدىن سۈر بېسىپ كەتكەنلىكتىن) ئەيمىنىپ تۇرغۇچىلاردۇر. ئۇلار بىھۇدە سۆز، بىھۇدە ئىشتىن يىراق بولغۇچىلاردۇر. ئۇلار زاكات بەرگۈچىلەردۇر. ئۇلار ئەۋرەتلىرىنى (ھارامدىن) ساقلىغۇچىلاردۇر. (يەنى ئەۋرەتلىرىنى) پەقەت خوتۇنلىرىدىن، چۆرىلىرىدىن باشقىلاردىن ساقلىغۇچىلاردۇر (بۇلار بىلەن يېقىنچىلىق قىلغۇچىلار مالامەت قىلىنمايدۇ). بۇنىڭ سىرتىدىن (جىنسىي تەلەپنى قاندۇرۇشنى) تەلەپ قىلغۇچىلار ھەددىدىن ئاشقۇچىلاردۇر. ئۇلار (يەنى مۇئمىنلەر) ئۆزلىرىگە تاپشۇرۇلغان ئامانەتلەرگە ۋە بەرگەن ئەھدىگە رىئايە قىلغۇچىلاردۇر. ئۇلار نامازلىرىنى (ۋاقتىدا تەئدىل ئەركان بىلەن) ئادا قىلغۇچىلاردۇر﴾[1].

مانا قاراڭ! اللە تائالا مۇئمىنلەرنىڭ بىرىنچى سۈپىتىنى نامازدا ئەيمىنىپ تۇرىدۇ، ئاخىرقى سۈپەتلىرىنى نامازنى ۋاقتىدا ئادا قىلىدۇ، زاكاتمۇ بىر ئىبادەت بولغانلىقتىن ئۇنىمۇ ئادا قىلىدۇ، شۇنداقلا ئۇلاردىن باشقا ئەخلاقىي پەزىلەتلەرگىمۇ ئىگە دەپ تەرىپلىدى.

اللە تائالا مائارىج سۈرىسىدە يەنە مۇنداق دېگەن: ﴿إِنَّ الْإِنسَانَ خُلِقَ هَلُوعًا إِذَا مَسَّهُ الشَّرُّ جَزُوعًا وَإِذَا مَسَّهُ الْخَيْرُ مَنُوعًا إِلَّا الْمُصَلِّينَ الَّذِينَ هُمْ عَلَى صَلَاتِهِمْ دَائِمُونَ وَالَّذِينَ فِي أَمْوَالِهِمْ حَقٌّ مَّعْلُومٌ لِّلسَّائِلِ وَالْمَحْرُومِ وَالَّذِينَ يُصَدِّقُونَ بِيَوْمِ الدِّينِ وَالَّذِينَ هُم مِّنْ عَذَابِ رَبِّهِم مُّشْفِقُونَ إِنَّ عَذَابَ رَبِّهِمْ غَيْرُ

[1] سۈرە مۇئمىنۇن، 1 - ئايەتتىن 9 - ئايەتكىچە.

مَأْمُونٍ وَالَّذِينَ هُمْ لِفُرُوجِهِمْ حَافِظُونَ إِلَّا عَلَى أَزْوَاجِهِمْ أَوْ مَا مَلَكَتْ أَيْمَانُهُمْ فَإِنَّهُمْ غَيْرُ مَلُومِينَ فَمَنِ ابْتَغَى وَرَاءَ ذَلِكَ فَأُوْلَئِكَ هُمُ الْعَادُونَ وَالَّذِينَ هُمْ لِأَمَانَاتِهِمْ وَعَهْدِهِمْ رَاعُونَ وَالَّذِينَ هُم بِشَهَادَاتِهِمْ قَائِمُونَ وَالَّذِينَ هُمْ عَلَى صَلَاتِهِمْ يُحَافِظُونَ﴾ ﴿ئىنسان ھەقىقەتەن چىدامسىز يارىتىلدى. ئۇنىڭغا (يوقسۇزلۇق، ياكى كېسەللىك، يا قورقۇنچتەك) بىرەر كۆڭۈلسىزلىك يەتكەن چاغدا زارلانغۇچىدۇر. بىرەر ياخشىلىق يەتكەن چاغدا بېخىللىق قىلغۇچىدۇر. پەقەت (تۆۋەندىكىلەر بۇنىڭدىن) مۇستەسنا: ئۇلار نامازغا ھەمىشە رىئايە قىلغۇچىلاردۇر. ئۇلار ماللىرىدىن تىلەيدىغان پېقىرغا ۋە تىلىمەيدىغان پېقىرغا مۇئەييەن ھەق (يەنى زاكات) بېرىدۇ. ئۇلار قىيامەت كۈنىگە تەستىق قىلىدىغانلاردۇر. ئۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ ئازابىدىن قورققۇچىلاردۇر. شۈبھىسىزكى، ئۇلارنىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ ئازابى (الله ئەمىن قىلغاندىن باشقا ھېچبىر ئادەم ئۈچۈن) ئەمىن بولغىلى بولمايدىغان نەرسىدۇر. ئۇلار ئەۋرەتلىرىنى ھارامدىن ساقلىغۇچىلاردۇر. پەقەت خوتۇنلىرى ۋە چۆرىلىرى بۇنىڭدىن مۇستەسنا، (ئۆزلىرىنىڭ خوتۇنلىرى ۋە چۆرىلىرى بىلەن يېقىنچىلىق قىلغانلار) مالامەت قىلىنمايدۇ. (جىنسىي تەلىپىنى قاندۇرۇشنى) بۇنىڭ سىرتىدىن تىلىگۈچىلەر ھەددىدىن ئاشقۇچىلاردۇر. ئۇلار ئۆزلىرىگە تاپشۇرۇلغان ئامانەتلەرگە ۋە بەرگەن ئەھدىگە رىئايە قىلغۇچىلاردۇر. ئۇلار توغرا گۇۋاھلىق بەرگۈچىلەردۇر. ئۇلار نامىزىنى ئادا قىلغۇچىلاردۇر﴾[1].

مانا بۇ ئايەتلەردىمۇ الله تائالا ئۇلارنىڭ سۈپەتلىرىنى ناماز بىلەن باشلاپ ناماز بىلەن ئاياغلاشتۇردى. ئۇنىڭغا باشقا سۈپەتلەر بىلەن بىرگە قىيامەت كۈنىگە ئىشىنىش، اللهنىڭ ئازابىدىن قورقۇش دېگەندەك سۈپەتلەرنى قوشتى.

الله تائالا «قۇرئان كەرىم»دە بەزىدە ئىبادەتنى، بەزىدە ئەخلاقنى ئالاھىدە تىلغا ئالىدۇ. بۇ ھال «قۇرئان كەرىم»دىكى مۇناسىۋەت ۋە ماقام ئېتىبارلىرى بىلەن شۇنداق بولىدۇ. الله تائالا سۈرە زارىياتتا مۇتتەقىيلەرنى ئىبادەتكە ئەھمىيەت بېرىدۇ دەپ سۈپەتلەپ مۇنداق دېگەن: ﴿آخِذِينَ مَا آتَاهُمْ رَبُّهُمْ إِنَّهُمْ كَانُوا قَبْلَ ذَلِكَ مُحْسِنِينَ كَانُوا قَلِيلًا مِّنَ اللَّيْلِ مَا يَهْجَعُونَ وَبِالْأَسْحَارِ هُمْ يَسْتَغْفِرُونَ وَفِي أَمْوَالِهِمْ حَقٌّ لِّلسَّائِلِ وَالْمَحْرُومِ﴾ ﴿ئۇلار پەرۋەردىگارى ئاتا قىلغان نەرسىلەرنى قوبۇل قىلىدۇ، ئۇلار بۇنىڭدىن ئىلگىرى (يەنى دۇنيادىكى چاغدا) ياخشى ئىش قىلغۇچىلار ئىدى. ئۇلار كېچىسى ئاز ئۇخلايتتى. ئۇلار سەھەرلەردە (پەرۋەردىگارىدىن) مەغپىرەت تىلەيتتى. ئۇلارنىڭ پۇل ـ ماللىرىدا سائىللار ۋە (ئېپپەتلىكىدىن سائىللىق

---

[1] سۈرە مەئارىج، 19 ـ ئايەتتىن 34 ـ ئايەتكىچە.

قىلمايدىغان) موھتاجلار ھوقۇقىدا ئىگە ئىدى (يەنى ئۇلار سائىللارغا ۋە موھتاجلارغا سەدىقە قىلاتتى)﴾[1].

اﷲ تائالا سۈرە رەئدتە ئەقىل ئىگىلىرىنى ئەخلاقتا ئەھمىيەت بېرىدىغانلار دەپ سۈپەتلەپ مۇنداق دېدۇ: ﴿أَفَمَن يَعْلَمُ أَنَّمَا أُنزِلَ إِلَيْكَ مِن رَبِّكَ الْحَقُّ كَمَنْ هُوَ أَعْمَى إِنَّمَا يَتَذَكَّرُ أُوْلُواْ الأَلْبَابِ الَّذِينَ يُوفُونَ بِعَهْدِ اللّهِ وَلاَ يِنقُضُونَ الْمِيثَاقَ وَالَّذِينَ يَصِلُونَ مَا أَمَرَ اللّهُ بِهِ أَن يُوصَلَ وَيَخْشَوْنَ رَبَّهُمْ وَيَخَافُونَ سُوءَ الحِسَابِ وَالَّذِينَ صَبَرُواْ ابْتِغَاء وَجْهِ رَبِّهِمْ وَأَقَامُواْ الصَّلاَةَ وَأَنفَقُواْ مِمَّا رَزَقْنَاهُمْ سِرًّا وَعَلاَنِيَةً وَيَدْرَؤُونَ بِالْحَسَنَةِ السَّيِّئَةَ أُوْلَئِكَ لَهُمْ عُقْبَى الدَّارِ﴾ ﴿(اﷲنىڭ ئايەتلىرىدىن) پەقەت ئەقىل ئىگىلىرىلا پەند - نەسىھەت ئالىدۇ. ئۇلار اﷲنىڭ ئەھدىسىگە (يەنى اﷲ تاپشۇرغان ئىشلارغا) ۋاپا قىلىدۇ، بەرگەن ۋەدىسىنى بۇزمايدۇ. ئۇلار اﷲنىڭ (خىش - ئەقرىبالارغا) سىلە - رەھىم قىلىشتىن ئىبارەت ئەمرىنى بەجا كەلتۈرىدۇ، اﷲتىن قورقىدۇ، قاتتىق ھېساب ئېلىنىشىدىن قورقىدۇ. پەرۋەردىگارىنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ (يەتكەن كۈلپەتلەرگە) سەۋر قىلغانلار، (پەرز) نامازنى ئادا قىلغانلار، بىز رىزىق قىلىپ بەرگەن مال - مۈلۈكتىن (اﷲ يولىدا) يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا يوسۇندا سەرپ قىلغانلار ۋە ياخشىلىقى ئارقىلىق يامانلىقنى دەپئى قىلىدىغانلار (يەنى بىلمەستىن يامان ئىش قىلىپ قالسا، ئارقىدىن ياخشى ئىش قىلىدىغانلار، يامانلىق قىلغۇچىلارغا كەڭ قورساق بولۇپ، ياخشى مۇناسىۋەتتە بولىدىغانلار - ئەنە شۇلارنىڭ ئاخىرەتلىكى ياخشى بولىدۇ﴾[2].

مەزكۇر ئايەتتىكى سۈپەتلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئەھدىگە ۋاپا قىلىش، سىلە - رەھىم قىلىش، سەۋر قىلىش ۋە پۇل - مال سەرپ قىلىشتىن ئىبارەت ئەخلاق سۈپەتلىرىدۇر (بۇ، ئەقىل ئىگىلىرىگە مۇناسىپ كەلگەنلىكى ئۈچۈندۇر). لېكىن، بۇ ماقامدىكى ئالاھىدە بىر نۇقتا شۇكى، مەزكۇر سۈپەتلەر پەقەت «مەدەنىي» ئەخلاق بولماستىن، بەلكى «رەببانىي» ياكى «دىنىي» ئەخلاقتۇر.

ئۇ شۇنداق ئەخلاقكى، ئۇنىڭدا ئىبادەت ۋە تەقۋالىق تېپىلىدۇ. چۈنكى، ئۇلار «اﷲنىڭ ئەھدىسىگە» ۋاپا قىلىدۇ، اﷲنىڭ (خىش - ئەقرىبالارغا) سىلە - رەھىم قىلىشتىن ئىبارەت ئەمرىنى بەجا كەلتۈرىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇنداق قىلىشى شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئۇلار «اﷲتىن قورقىدۇ، قاتتىق ھېساب ئېلىنىشىدىن قورقىدۇ»، «اﷲنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ» سەۋر قىلىدۇ، ھەممە ئەخلاق - مەسىلەكلىرىدە اﷲنى ۋە ئاخىرەتنى كۆزلەيدۇ.

كىم ئىنساپ بىلەن ئىسلاھاتنى خالىسا، «قۇرئان كەرىم»نىڭ يولىغا كەلسۇن. چۈنكى، ئۇنىڭدا ئەقىدە، ئىبادەت، ئەخلاق ۋە ياخشى ئەمەللەرنىڭ ھەممىسى بىر قېلىپتا

[1] سۈرە زارىيات، 16 - ئايەتتىن 19 - ئايەتكىچە.
[2] سۈرە رەئد، 19 - ئايەتتىن 22 - ئايەتكىچە.

قويۇلۇپ، ئۇنىڭدىن بىر گۈزەل زىننەت بويۇمى ياسىلىپ چىقىدۇ. ئۇ بولسىمۇ، سالىھ ۋە تەقۋا مۇئمىنىنىڭ سۈپەتلىرىدۇر.

بىز بۇ ھەقتە بۇرۇن تىلغا ئالغان بىر قانچە ئايەتتە ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ئايەتلەردىمۇ راستچىل مۇئمىنلەرنىڭ سۈپەتلىرىنى نامايان قىلىدىغان بايانلارنى ئۇچرىتىمىز. بىز بۇ ھەقتە پەقەت ئىككى تۈركۈم ئايەتنىلا كەلتۈرىمىز.

بىرى، اﷲ تائالانىڭ مۇنۇ ئايەتلىرىدۇر: ﴿لَّيْسَ الْبِرَّ أَن تُوَلُّواْ وُجُوهَكُمْ قِبَلَ الْمَشْرِقِ وَالْمَغْرِبِ وَلَكِنَّ الْبِرَّ مَنْ آمَنَ بِاللّهِ وَالْيَوْمِ الآخِرِ وَالْمَلآئِكَةِ وَالْكِتَابِ وَالنَّبِيِّينَ وَآتَى الْمَالَ عَلَى حُبِّهِ ذَوِي الْقُرْبَى وَالْيَتَامَى وَالْمَسَاكِينَ وَابْنَ السَّبِيلِ وَالسَّآئِلِينَ وَفِي الرِّقَابِ وَأَقَامَ الصَّلاةَ وَآتَى الزَّكَاةَ وَالْمُوفُونَ بِعَهْدِهِمْ إِذَا عَاهَدُواْ وَالصَّابِرِينَ فِي الْبَأْسَاء والضَّرَّاء وَحِينَ الْبَأْسِ أُولَئِكَ الَّذِينَ صَدَقُوا وَأُولَئِكَ هُمُ الْمُتَّقُونَ﴾ ﴿سىلەرنىڭ كۈن چىققان ۋە كۈن پاتقان تەرەپكە يۈز كەلتۈرۈشۈڭلارنىڭ ئۆزىلا ياخشى ئەمەلگە ياتمايدۇ. بەلكى، اﷲقا، ئاخىرەت كۈنىگە، پەرىشتىلەرگە، كىتابقا (يەنى اﷲ نازىل قىلغان كىتابلارغا)، پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش، اﷲنى سۆيۈش يۈزىسىدىن خىش - ئەقرىبالارغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، ئىبنى سەبىللەرگە (يەنى پۇل - مېلىدىن ئايرىلىپ قالغان مۇساپىرلارغا)، سائىللارغا ۋە قۇللارنىڭ ئازادلىقىغا ئىرىشىشىگە پۇل - مال ياردەم بېرىش، ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش، ئەھدىگە ۋاپا قىلىش، يوقسۇزلۇققا، كېسەللىككە ۋە (اﷲنىڭ يولىدا قىلىنغان) ئۇرۇشقا بەرداشلىق بېرىش ياخشى ئەمەلگە كىرىدۇ. ئەنە شۇلار (يەنى يۇقىرىقى سۈپەتلەرگە ئىگە كىشىلەر) (ئىمانىدا) راستچىل ئادەملەردۇر، ئەنە شۇلار تەقۋادار ئادەملەردۇر﴾[1].

اﷲ تائالا مەزكۇر ئايەتتە اﷲقا ئىمان كەلتۈرۈش بىلەن ئىپادىلىنىدىغان ئەقىدىنى، اﷲنى ياخشى كۆرۈش يۈزىسىدىن پۇل - مال ياردەم بېرىش، ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش بىلەن ئىپادىلىنىدىغان ئەمەلىي ئىبادەتنى ۋە ئەھدىگە ۋاپا قىلىش، مۇسىبەتلەرگە سەۋر قىلىش بىلەن ئىپادىلىنىدىغان ئېسىل سۈپەتلەرنى بىرلىكتە بايان قىلدى.

يەنە بىرى مۇنۇ ئايەتلەر: ﴿وَعِبَادُ الرَّحْمَنِ الَّذِينَ يَمْشُونَ عَلَى الْأَرْضِ هَوْنًا وَإِذَا خَاطَبَهُمُ الْجَاهِلُونَ قَالُوا سَلَامًا وَالَّذِينَ يَبِيتُونَ لِرَبِّهِمْ سُجَّدًا وَقِيَامًا وَالَّذِينَ يَقُولُونَ رَبَّنَا اصْرِفْ عَنَّا عَذَابَ جَهَنَّمَ إِنَّ عَذَابَهَا كَانَ غَرَامًا إِنَّهَا سَاءتْ مُسْتَقَرًّا وَمُقَامًا وَالَّذِينَ إِذَا أَنفَقُوا لَمْ يُسْرِفُوا وَلَمْ يَقْتُرُوا وَكَانَ بَيْنَ ذَلِكَ قَوَامًا وَالَّذِينَ لَا يَدْعُونَ مَعَ اللَّهِ إِلَهًا آخَرَ وَلَا يَقْتُلُونَ النَّفْسَ الَّتِي حَرَّمَ اللَّهُ إِلَّا بِالْحَقِّ وَلَا يَزْنُونَ وَمَن يَفْعَلْ ذَلِكَ يَلْقَ أَثَامًا يُضَاعَفْ لَهُ الْعَذَابُ يَوْمَ الْقِيَامَةِ وَيَخْلُدْ فِيهِ مُهَانًا إِلَّا مَن تَابَ وَآمَنَ وَعَمِلَ عَمَلًا صَالِحًا فَأُوْلَئِكَ يُبَدِّلُ اللَّهُ سَيِّئَاتِهِمْ حَسَنَاتٍ وَكَانَ اللَّهُ غَفُورًا رَّحِيمًا وَمَن تَابَ وَعَمِلَ صَالِحًا فَإِنَّهُ يَتُوبُ إِلَى اللَّهِ مَتَابًا وَالَّذِينَ لَا يَشْهَدُونَ

---

[1] سۈرە بەقەرە، 177 ـ ئايەت.

الزُّورَ وَإِذَا مَرُّوا بِاللَّغْوِ مَرُّوا كِرَامًا وَالَّذِينَ إِذَا ذُكِّرُوا بِآيَاتِ رَبِّهِمْ لَمْ يَخِرُّوا عَلَيْهَا صُمًّا وَعُمْيَانًا وَالَّذِينَ يَقُولُونَ رَبَّنَا هَبْ لَنَا مِنْ أَزْوَاجِنَا وَذُرِّيَّاتِنَا قُرَّةَ أَعْيُنٍ وَاجْعَلْنَا لِلْمُتَّقِينَ إِمَامًا أُوْلَئِكَ يُجْزَوْنَ الْغُرْفَةَ بِمَا صَبَرُوا وَيُلَقَّوْنَ فِيهَا تَحِيَّةً وَسَلَامًا﴾ ﴿مەرھەمەتلىك اﷲنىڭ (ياخشى كۆرىدىغان) بەندىلىرى زېمىندا ئۆزلىرىنى تۆۋەن تۇتۇپ تەمكىنلىك بىلەن ماڭىدۇ، نادانلار ئۇلارغا (ياقتۇرمايدىغان) سۆز قىلسا، ئۇلار: ‹سىلەرگە ئامانلىق تىلەيمىز› دەيدۇ (يەنى گۇناھ بولمايدىغان سۆزلەرنى قىلىدۇ). ئۇلار كېچىلەرنى پەرۋەردىگارىغا سەجدە قىلىش ۋە قىيامدا تۇرۇش بىلەن (يەنى ناماز ئوقۇش بىلەن) ئۆتكۈزىدۇ. ئۇلار (يەنى اﷲ ياخشى كۆرىدىغان بەندىلەر) ئېيتىدۇ: ‹پەرۋەردىگارىمىز! بىزدىن جەھەننەم ئازابىنى دەپئى قىلغىن، جەھەننەمنىڭ ئازابى ھەقىقەتەن (سېنىڭ دۈشمەنلىرىڭدىن) ئايرىلمايدۇ. جەھەننەم ھەقىقەتەن يامان قارارگاھتۇر، يامان جايدۇر›. ئۇلار (يەنى اﷲ ياخشى كۆرىدىغان بەندىلەر) خىراجەت قىلغاندا ئىسراپچىلىقمۇ قىلمايدۇ، بېخىللىقمۇ قىلمايدۇ، ئوتتۇرىھال خىراجەت قىلىدۇ. ئۇلار اﷲقا ئىككىنچى بىر مەبۇدنى شېرىك قىلمايدۇ، اﷲ ھارام قىلغان ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈش ئىشىنى قىلمايدۇ، زىنا قىلمايدۇ، كىمكى بۇ (گۇناھلار)نى قىلىدىكەن، (ئاخىرەتتە) ئۇ جازاغا ئۇچرايدۇ. قىيامەت كۈنى ئۇنىڭغا ھەسسىلەپ ئازاب قىلىنىدۇ، ئۇ مەڭگۈ ئازاب ئىچىدە خارلانغان ھالدا قالىدۇ. پەقەت (ئۇلارنىڭ ئىچىدىن) (بۇ دۇنيادىكى چېغىدا) تەۋبە قىلغان، ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارلا بۇ ھالدا قالمايدۇ. اﷲ ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى ياخشىلىققا ئالماشتۇرىدۇ، اﷲ تولىمۇ مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر ۋە مەرھەمەت قىلغۇچىدۇر. كىمكى (گۇناھلىرىغا) تەۋبە قىلىدىكەن ۋە ئەمەلىنى تۈزەيدىكەن، ئۇ اﷲقا يۈزلەنگەن بولىدۇ (يەنى اﷲ ئۇنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭدىن رازى بولىدۇ). ئۇلار (يەنى اﷲ ياخشى كۆرىدىغان بەندىلەر) يالغان گۇۋاھلىق بەرمەيدۇ، يامان سۆزنى ئاڭلاپ قالغان چاغدا ئالىيجانابلىق بىلەن ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئۇلارغا پەرۋەردىگارىنىڭ ئايەتلىرى بىلەن ۋەز - نەسىھەت قىلىنسا، گاس، كور بولۇۋالمايدۇ. (يەنى ئۇنى بېرىلىپ ئىخلاس بىلەن ئاڭلايدۇ). ئۇلار: ‹ئى پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە ئاياللىرىمىز ۋە ئەۋلادلىرىمىز ئارقىلىق شادلىق بېغىشلىغىن (يەنى بىزگە ساڭا ئىتائەتمەن پەرزەنت ئاتا قىلغىن) تىلەيمىز، بىزنى تەقۋادارلارنىڭ پېشۋاسى (يەنى تەقۋادارلارنىڭ نەمۇنىسى، ياخشىلىققا دەۋەت قىلغۇچى) قىلغىن› دەيدۇ. ئەنە شۇلار سەۋرلىك بولغانلىقى ئۈچۈن جەننەت بىلەن مۇكاپاتلىنىدۇ، ئۇلار جەننەتتە (پەرىشتىلەر تەرىپىدىن قىلىنغان دۇئا ۋە سالام بىلەن قارشى ئېلىنىدۇ﴾[1]. مانا بۇ ئايەتلەر بىر دەستە گۈل بولۇپ، ھەممە گۈزەل سۈپەتلەرنى

[1] سۈرە فۇرقان، 63 - ئايەتتىن 75 - ئايەتكىچە.

ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈرگەن ۋە بۇ ھەقتە ھەرقانداق بىر ئىلاۋە يېزىشتىن بىھاجەت قىلغان.

## 12. مۇئمىننىڭ ئىبادىتى ئەخلاقىنىڭ بىر تۈرى، شۇنىڭدەك ئۇنىڭ ئەخلاقمۇ ئىبادەتنىڭ بىر تۈرىدۇر

خۇلاسە قىلىپ ئېيتىدىغىنىمىز شۇكى، ئىبادەت مۇئمىننىڭ نەزىرىدە ئەخلاقنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، مۇئمىن ئۇ ئارقىلىق اللە تائالاغا ۋاپادارلىقىنى ئىپادىلەيدۇ، نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلىدۇ، ياخشىلىقلىرىنى ئېتىراپ قىلىدۇ، ھۆرمەتكە لايىق زاتقا ھۆرمەت بىلدۈرىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى پەزىلەتلىك كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە ئېسىل ئەخلاقنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

شۇڭلاشقا، اللە تائالانىڭ «قۇرئان كەرىم»دە دۇئاگۇي، ئىتائەتمەن مۇئمىنلەرنىڭ سۈپەتلىرىنى بايان قىلىپ بولغاندىن كېيىن، تۆۋەندىكى ئىلاۋىلەرنى قوشقانلىقىنى بايقايمىز: ﴿أُولَئِكَ الَّذِينَ صَدَقُوا﴾ «ئەنە شۇلار (يەنى يۇقىرىقى سۈپەتلەرگە ئىگە كىشىلەر) (ئىماندا) راستچىل ئادەملەردۇر»[1]؛ ﴿أُوْلَئِكَ هُمُ الصَّادِقُونَ﴾ «ئەنە شۇلار (ئىمان دەۋاسىدا) راستچىللاردۇر»[2]. راستچىللىق ساپ بولغان ئەخلاقىي پەزىلەتتۇر. مۇئمىنلەر بۇنىڭغا پەقەت راستچىللىقنىڭ ئەڭ يۇقىرى مەرتىۋىسى ۋە ئالەملەرنىڭ مەڭگۈ داۋاملىشىدىغان پەرۋەردىگارىغا راستچىل بولغانلىقلىرى ئۈچۈن لايىق بولدى (ھالبۇكى، راستچىللىق پەقەت مۇئمىنلەرگىلا خاس سۈپەت بولۇپ قالدى).

ئىبادەت مۇئمىننىڭ نەزىرىدە مەدھىيىلىنىدىغان ئەخلاقنىڭ بىر تۈرى بولغىنىدەك، ئەخلاقمۇ ئۇنىڭ نەزىرىدە پەرز بولغان ئىبادەتنىڭ بىر تۈرىدۇر.

ئىبادەت بىز يۇقىرىدا بايان قىلغاندەك، رەببانىي ئەخلاق بولۇپ، ئۇنىڭ ئاساسى اللەقا ئىمان كەلتۈرۈش، يېتەكچىسى ئاخىرەتنى ئارزۇ قىلىش، مەقسىتى اللەنىڭ رازىلىقىغا ۋە ساۋابىغا ئېرىشىشتۇر. چۈنكى، ئۇ راست سۆزلەيدۇ، ئامانەتنى ئۆز ئەھلىگە تاپشۇرىدۇ، ئەھدىگە ۋاپا قىلىدۇ، يوقسۇزلۇقتا، كېسەللىكتە، ئۇرۇشتا بەرداشلىق بېرىشتە سەۋر قىلىدۇ. ھاجەتمەنلەرگە ياردەم بېرىدۇ، ئاجىزغا ياردەم قولىنى سۇنىدۇ، كىچىكنى ئىززەتلەيدۇ، چوڭنى ھۆرمەتلەيدۇ، مەسلەكلىرىدە پەزىلەتلەرگە رىئايە قىلىدۇ، بۇلارنىڭ

---

[1] سۈرە بەقەرە، 177 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] سۈرە ھۇجۇرات، 15 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ھەممىسىنى ﷲنىڭ رازىلىقىنى ئىزدەپ، ﷲنىڭ دەرگاھىدىكى نازۇنېمەتلەرنى تەلەپ قىلىپ ئادا قىلىدۇ.

بىز بۇ ھەقتە نۇرغۇنلىغان ئايەتلەرنى ئوقۇيمىز. بۇ يەردە ﷲ تائالا ئۆز بەندىلىرىدىن ياخشىلىرىنىڭ ﷲ يولىدا پۇل - ماللىرىنى سەرپ قىلىدىغانلىقى، ئۆزئارا رەھىمدىل بولىدىغانلىقى ۋە ئۆزىنىڭ مۇئمىن قېرىنداشلىرىنى ئەلا بىلىدىغانلىقىنى سۆيەتلەپ مۇنداق دېگەن: ﴿وَيُطْعِمُونَ الطَّعَامَ عَلَى حُبِّهِ مِسْكِينًا وَيَتِيمًا وَأَسِيرًا﴾ ﴿ئۆزى موھتاج تۇرۇقلۇق مىسكىنگە، يېتىمگە ۋە ئەسىرگە تائام بېرىدۇ﴾[1]. ئاندىن كېيىن ﷲ تائالا ئۇلارنىڭ بۇنداق قىلىشلىرىنىڭ سەۋەبىنى ۋە قەلبلىرىدىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: ﴿إِنَّمَا نُطْعِمُكُمْ لِوَجْهِ اللَّهِ لَا نُرِيدُ مِنكُمْ جَزَاءً وَلَا شُكُورًا إِنَّا نَخَافُ مِن رَّبِّنَا يَوْمًا عَبُوسًا قَمْطَرِيرًا﴾ ﴿(ئۇلار ئېيتىدۇ:) ‹سىلەرگە بىز ﷲنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن تائام بېرىمىز، سىلەردىن (بۇنىڭ بەدىلىگە) ھېچقانداق مۇكاپات ۋە تەشەككۇر تەلەپ قىلمايمىز. شۈبھىسىزكى، بىز پەرۋەردىگارىمىز تەرىپىدىن مەيدانغا كەلتۈرۈلگەن ئېغىر، قاتتىق كۈندىن قورقىمىز﴾[2].

يەنە بىر تەرەپتىن ئەخلاق مۇئمىننىڭ ئىبادىتى بولۇشتىكى سەۋەب بولسا، مۇئمىننىڭ پەزىلەت ۋە رەزىللىكتىكى ئۆلچىمى ۋە قىلىدىغان - قىلمايدىغانلىرىنىڭ ﷲنىڭ بۇيرۇقى ۋە چەكلىشىگە ئاساسەن بولۇشىدۇر.

ۋىجداننىڭ يالغۇز ئۆزى پاك ئەمەس. نۇرغۇنلىغان توپ - جامائەلەرنىڭ ۋىجدانلىرى ئەڭ قەبىھ ئىشلارغا رازى بولۇپ كەلمەكتە.

شۇنداقلا، ئەقىلنىڭ ئۆزىمۇ ئىشەنچلىك ئەمەس، چۈنكى ئۇ مۇھىت ۋە شارائىتلارنىڭ، ھاۋايى - ھەۋەس ۋە نىزا - ماجىرالارنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ تۇرغانلىقىدىن ئۇنىڭمۇ كۈچى چەكلىكتۇر. ئەخلاق پەيلاسوپلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئەخلاق ئۆلچىمى ئىختىلاپلىرى بىزنىڭ دەۋاتقانلىرىمىزغا يېتەرلىك پاكىتتۇر.

ئۆرپ - ئادەتنىڭمۇ مۇقىملىقى ۋە ئومۇمىيلىقى بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇ ئەۋلادنىڭ ئالمىشىشىغا قاراپ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. بىر ئەۋلاد ئارىسىدىمۇ بىر يۇرتتىن يەنە بىر يۇرتقا، بىر ئىقلىمدىن يەنە بىر ئىقلىمغا قاراپ ھەرخىل بولىدۇ.

شۇڭلاشقا، مۇئمىن ھەممە نۇقساندىن پاك، ئازمايدىغان، ئۇنتۇپ قالمايدىغان، تاشقى مۇھىتنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمايدىغان، ئېغىپ كەتمەيدىغان ئىشەنچلىك بىر مەنبەگە ئىلتىجا قىلىدۇ. ئۇ بولسىمۇ ﷲنىڭ ھۆكمىدۇر. ﷲ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿وَمَنْ أَحْسَنُ مِنَ

[1] سۈرە ئىنسان، 8 - ئايەت.

[2] سۈرە ئىنسان، 9 - ۋە 10 - ئايەتلەر.

اللَّهِ حُكْمًا لِّقَوْمٍ يُوقِنُونَ﴾ ﴿(ﷲقا) چىن ئىشىنىدىغان قەۋمنىڭ نەزىرىدە ھۆكۈمدە ﷲتىنمۇ ئادىل كىم بار﴾[1].

خۇلاسە قىلىپ ئېيتساق، مۇئمىن ﷲقا پەزىلەتلىك بولۇش ئۈچۈن ئىبادەت قىلمايدۇ، بەلكى ﷲقا ئىبادەت قىلىش بىلەن پەزىلەتلىك بولىدۇ. بۇنى بىلگەنلەر ئۈچۈن بۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا زور پەرق بار، ئەلۋەتتە.

[1] سۈرە مائىدە، 50 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

## بەشنچی باب

## ئىبادەت ساھەسىدىكى ئىسلامىي ئىسلاھاتلار

1. اﷲتىن غەيرىگە ئىبادەت قىلىنمايدۇ.
2. ئىبادەتنى كاھىنلارنىڭ قولىدىن ئازاد قىلىش.
3. قەلبلەرنىڭ ئىخلاسى ئەمەللەرنىڭ قوبۇل بولۇشىنىڭ ئاساسى.
4. اﷲقا ئۇ كۆرسەتكەن رەۋىشتە ئىبادەت قىلىش لازىم.
5. روھىيەت بىلەن ماددىنىڭ ئوتتۇرىسىنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش.
6. قولايلاشتۇرۇش ۋە مۇشكۇللەرنى كۆتۈرۈۋېتىش.

## كىرىش سۆز

جاھالەتنىڭ لەنەتگەردىلىرى ھەرقانداق بىر نەرسىنى قىڭغىر ۋە بۇزۇق ھالەتكە كەلتۈرمىگۈچە بولدى قىلمىدى. ئۇلار ئەقىدە ـ ئېتىقاد، تائەت ـ ئىبادەت، ئەدەب ـ ئەخلاق، قائىدە ـ يوسۇن، قانۇن ـ تۈزۈم، ئۆرپ ـ ئادەت ۋە ھاياتنىڭ ھەممە ساھەسىنى بۇزۇقچىلىققا تولدۇرۇۋەتتى. اﷲنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە چۈشۈرۈلگەن دىنلارنىڭ ھەممىسىگە مۇشۇ ئومۇمىيۈزلۈك ئاپەتنىڭ سوغۇق شامىلى تەگمەي قالمىدى.

اﷲ تائالا پۈتۈن دىنلاردىن ئۈستۈن قىلىش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ ئاخىرقى پەيغەمبىرىنى ھىدايەت ۋە ھەق دىن بىلەن ئەۋەتىشنى ئىرادە قىلغاندا، جاھاندا ھەر تۈرلۈك ئىبادەت ۋە دىنىي پائالىيەتلەر مەۋجۇد ئىدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى قەدىمكى ساماۋىي دىنلارنىڭ قالدۇقلىرى، بەزىلىرى ئىنسانلار تەرىپىدىن قوشۇلغان يېڭىچە بىدئەتلەر ئىدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ شەكلى ۋە مەزمۇنى يوقاپ كەتكەن، بەزىلىرىنىڭ قېلىپ قالغانىدى. گەرچە ئۇنىڭ مەزمۇنى قالغان بولسىمۇ، يەنىلا ئۇنى ئۇنىڭغا لايىق زاتقا يۈزلەندۈرۈلمەيتتى.

بەلكى، ئۇنىڭ ئېتىقادچىلىرى زېمىندىكى ياكى ئاسماندىكى يالغان ئىلاھلارغا ياكى شۇ ئىلاھلارنىڭ دەللاللىرىغا يۈزلىنەتتى.

ئۇ دىنلارنىڭ بەزىلىرى شەكىل، قائىدە ـ يوسۇنلاردا چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىپ، چىن ئىخلاسنى يوقىتىۋەتكەن، بەزىلىرى شەكىل، قائىدە ـ يوسۇنلارنى چۆرۈپ تاشلىۋېتىپ، شۇنىڭ بىلەن چىن ئىبادەت ۋە سىناقنى يوقىتىۋەتكەنىدى.

ئۇ دىنلارنىڭ بەزىلىرى چەكلىمىقتا قاتتىق ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىپ، خۇددى كىشەن ـ زەنجىرلەرگە ئوخشاپ قالغان، يەنە بەزىلىرى ھەممىنى بوش قويۇۋېتىپ، دىن خۇددى ئويۇن ـ تاماشانىڭ ئورنىدا بولۇپ قالغانىدى.

ئىسلامىيەت كېلىپ، ئىبادەتنى چېكىدىن ئاشۇرۇۋەتكەنلەرگىمۇ ياكى ئىبادەتكە سەل قارىغانلارغىمۇ ئېغىپ كەتمىدى. بەلكى، ﷲ تائالا ھېچقانداق قىڭغىرلىق، ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىش ياكى سەل قاراش بولمىغان «توغرا دىن»نى يولغا قويدى. بۇ دەل ﷲ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلغان دىن ئىدى. ﷲ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿قُلْ إِنَّ صَلاَتِي وَنُسُكِي وَمَحْيَايَ وَمَمَاتِي لِلّهِ رَبِّ الْعَالَمِينَ لاَ شَرِيكَ لَهُ وَبِذَلِكَ أُمِرْتُ وَأَنَاْ أَوَّلُ الْمُسْلِمِينَ قُلْ أَغَيْرَ اللّهِ أَبْغِي رَبًّا وَهُوَ رَبُّ كُلِّ شَيْءٍ ...﴾ ﴿(ئى مۇھەممەد! بۇ مۇشرىكلارغا) ئېيتقىنكى، ‹مېنىڭ نامىزىم، قۇربانلىقىم، ھاياتىم ۋە ماماتىم (دۇنيادا قىلغان ياخشىلىقلىرىم ۋە تائەت ـ ئىبادەتلىرىم) ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ﷲ ئۈچۈندۇر. ﷲنىڭ شېرىكى يوقتۇر، مەن مۇشۇنىڭغا (يەنى يالغۇز ﷲقىلا خالىس ئىبادەت قىلىشقا) بۇيرۇلدۇم. مەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئەۋۋىلىمەن›. (ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، ‹ﷲ ھەممە نەرسىنىڭ پەرۋەردىگارى تۇرسا، ئۇنىڭدىن باشقا پەرۋەردىگار تەلەپ قىلامدىمەن؟›﴾[1]

شۇنداق، ئىسلام دىنى بىر قانچە تەلىمات ۋە ئىسلاھات پرىنسىپلىرىنى ئېلىپ كەلدى. ئۇلار ئىسلامدا ئىبادەت شوئارلىرىنىڭ ئاساسىنىڭ ئۇلى بولدى. بىز ئۇلارنى تۆۋەندە بايان قىلىپ ئۆتىمىز:

## 1. ﷲتىن غەيرىگە ئىبادەت قىلىنمايدۇ

بۇنىڭدىن 2000 يىل ئىلگىرى گرېتسىيىلىك داڭلىق تارىخچى پلۇتارك كۆپ ئىزدەنگەندىن كېيىن مۇنداق دېگەن: "بىز سېپىلسىز، پادىشاھسىز، بايلىقسىز، ئەدەبىياتسىز، درامىسىز شەھەرلەرنى ئۇچرىتىشىمىز مۇمكىن. ئەمما، ئىنسانىيەت

[1] سۈرە ئەنئام، 162 ـ ئايەتتىن 164 ـ ئايەتكىچە.

ئىبادەتخانىسىز ياكى ئاھالىسى دىنىي پائالىيەت ئېلىپ بارمايدىغان بىرمۇ شەھەرنى كۆرۈپ باققان ئەمەس".

پەقەت ئالىي بىر يارىتقۇچىغا بولغان ئىنتىلىشنىڭ ئىنسان تەبىئىگە سىڭىپ كەتكەنلىكى ۋە ئۇنىڭ قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىن ئېتىلىپ چىققىدىغانلىقى ئۈچۈن تارىخ مەزكۇر ھەقىقەتنى خاتىرىلىدى. بىراق، مۇشۇنداق ئېسىل تۇيغۇ كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ئۆزىنىڭ ھەق مەبۇدىغا (اللہ تائالاغا) بولغان يولدىن ئېغىپ كەتتى. ئۇنى جاھالەت، غەپلەت ۋە ئازغۇن ئېقىملار تارتىۋالدى.

بۇنىڭ بىلەن ئىنسان اللہنىڭ غەيرىگە، ياكى ئۇنىڭغا قوشۇپ يالغاندىن ئويدۇرۇپ چىقىرىلغان باشقا ئىلاھلارغىمۇ چوقۇندى، ياكى اللہ تائالاغا ئۇ يولغا قويمىغان شەكىلدە ئىبادەت قىلدى.

شۇڭلاشقا، ئىنساننىڭ ساپ تەبىئىتىنى ئۆزىنىڭ توغرا يۆنىلىشىگە يۈزلەندۈرۈپ قويۇش ۋە ئاشۇ ئېسىل تۇيغۇنى ئېغىپ كېتىشتىن ساقلاش پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋەزىپىسى ئىدى. بۇ، ئىنساننىڭ پەقەت اللہقا ئىبادەت قىلىشى، ئۇ زاتقا بىر نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىكى ۋە مەخلۇقلاردىن بىرىنى ئىلاھ قىلىۋالماسلىقى ئۈچۈن ئىدى.

پەيغەمبەرلەرنىڭ دەۋىتى ئۆزۈن مۇددەت ئۈزۈلۈپ قالغان زامانلاردا ئىنسانلار ئېزىپ كەتتى ۋە ئىنسان ئەقلى قوبۇل قىلالمايدىغان دەرىجىدىكى باتىل ئىلاھلارغا چوقۇندى.

«قۇرئان كەرىم»دە بايان قىلىنغاندەك، سەبەئ مەملىكىتىنىڭ ئايال پادىشاھى ۋە ئۇنىڭ قەۋمى قۇياشقا چوقۇناتتى. اللہ تائالا ھۆپۆپنىڭ سۆزىنى ھېكايە قىلىپ مۇنداق دېگەن: ﴿وَجَدتُّهَا وَقَوْمَهَا يَسْجُدُونَ لِلشَّمْسِ مِن دُونِ اللَّهِ وَزَيَّنَ لَهُمُ الشَّيْطَانُ أَعْمَالَهُمْ فَصَدَّهُمْ عَنِ السَّبِيلِ فَهُمْ لَا يَهْتَدُونَ﴾ ﴿ئۇنىڭ ۋە قەۋمىنىڭ اللہنى قويۇپ قۇياشقا چوقۇنۇۋاتقانلىقىنى بايقىدىم، شەيتان ئۇلارغا قىلمىشلىرىنى (يەنى اللہنى قويۇپ قۇياشقا چوقۇنغانلىقلىرىنى) چىرايلىق كۆرسەتتى، ئۇلارنى توغرا يولدىن توستى، ئۇلار ھىدايەت تاپمايدۇ﴾[①].

بەزىلەر ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىدەك ئاي ۋە يۇلتۇزلارغا چوقۇندى.

ئاتەشپەرەسلەرگە ئوخشاش ئوتقا چوقۇنغانلارمۇ بولدى. ئۇلار بۇنىڭ ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان ئۆيلەرنى بىنا قىلدى، ۋەخپىلەرنى ئاتىدى، ھاجىبلارنى بەلگىلىدى، بۇنىڭ بىلەن ئۇلار چوقۇنىدىغان ئوت بىر قېتىممۇ ئۆچۈپ قالمىدى.

ئۇلارنىڭ ئوتقا چوقۇنۇش ئادەتلىرىدىن بىرى بولسا، تۆت بۇلۇڭلۇق شەكىلدە ئورەكلەرنى كولاپ، شۇنىڭ ئەتراپىدا ئايلىناتتى. بۇلار ھەر خىل ئىدى:

---

[①] سۈرە نەمل، 24 ـ ئايەت.

بەزىلىرى ئۆزلىرىنى ئوتقا تاشلاپ، بەدەنلىرىنى كۆيدۈرۈشنى ھارام دەپ قارايتتى. بۇلار كۆپ ساندىكىلەرنى ئىگىلەيدۇ.

يەنە بەزىلىرى ئوتقا قاتتىق چوقۇنغانلىقتىن، ئۆزلىرىنى ۋە باللىرىنى قۇربان قىلىدىغان ھالەتلەرمۇ بار ئىدى.

بەزىلەر سۇغا چوقۇناتتى، ئۇلار سۇ ھەممە شەيئىنىڭ ئەسلى مەنبەسى، ئۇ ئارقىلىق تۇغۇلۇش، ئۆسۈش، پاكلىق ۋە ھايات مەۋجۇد بولىدۇ. شۇڭلاشقا، شۇنىڭغا چوقۇنۇش كېرەك دەپ قارايتتى.

شۇنداقلا، ھايۋانلارغا چوقۇنغان نۇرغۇنلىغان قەۋملەرمۇ بولغانىدى.

بەزىلەر بولسا، ھايات ئىنسانلارغا ۋە ئۆلگەنلەرگە چوقۇنغانلارمۇ بولدى.

يەنە بەزىلەر دەل ـ دەرەخلەرگە ۋە جىن ـ شاياتۇنلارغا چوقۇندى. اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿بَلْ كَانُوا يَعْبُدُونَ الْجِنَّ أَكْثَرُهُم بِهِم مُّؤْمِنُونَ﴾ ﴿بەلكى جىنغا چوقۇناتتى، ئۇلارنىڭ تولىسى جىنغا ئىمان كەلتۈرەتتى﴾[1].

بەزىلەر بۇتلارغا چوقۇندى، بۇ، نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدىن تارتىپ يامرىغان قەدىمىي ئاپەتتۇر. نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى ۋەد، سۇۋائ، يەغۇس، يەئۇق ۋە نەسرلەرگە چوقۇندى. ئىبنى ئابباس (اللە ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: «ئۇ بۇتلار ئەسلىدە ئۇلارنىڭ ئۆلۈپ كەتكەن سالىھ كىشىلىرىنىڭ سۈرەتلىرى ئىدى. ئۇلار ئۇلارنى ئەسلەپ تۇرۇشلىرى ئۈچۈن ئېسىۋالغانىدى. ئارىدىن ئۇزاق زامان ئۆتتى، كېيىن ئۇلار ئۇنىڭغا چوقۇنۇشقا باشلىدى».

مىلادى ئالتىنچى ئەسىردە ھىندىستاندا ئىلاھلارنىڭ سانى 330 مىليونغا يەتتى، ھەممە نەرسە قالتىس بوپكەتتى، ھەممە جەزبىدارلىق ھالەتكە كىردى، ھايات مۇئەسسەسەلىرىنىڭ ھەممىسى كىشىلەر چوقۇنىدىغان ئىلاھقا ئايلاندى. مانا مۇشۇنداق شەكىلدە بۇتلارنىڭ، ئىلاھلارنىڭ سانى كۆپىيىپ ساناش قىيىنلىشىپ كەتتى.

بۇتقا چوقۇنۇش ئەرەب دىياردا ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرى تارالغانىدى. ئىبنى ئىسھاق (اللە ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) مۇنداق دەيدۇ: «ھەربىر ئائىلە ئۆزىنىڭ ئۆيىدە چوقۇنىدىغان بىر بۇتنى قويۇۋالغانىدى، سەپەرگە چىقماقچى بولغاندا ياكى سەپەردىن كەلگەندە ئۇنىڭغا تىۋىناتتى. دېمەك، ئۇنىڭ بىرىنچى ۋە ئاخىرقى ئەھدى بۇت بىلەن بولاتتى».

ئەبۇ رەجا ئەتاردى (اللە ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) مۇنداق دېگەن: «بىز جاھىلىيەتتە تاشقا چوقۇناتتۇق، ياخشىراق بىر تاشنى تاپساق، بۇرۇنقىسىنى تاشلىۋېتىپ، كېيىن

[1] سۈرە سەبەئ 41 ـ ئايەت.

تاپقىنىمىزغا چوقۇناتتۇق، مۇبادا تاش تاپالماي قالساق، توپا ئەكېلىپ، ئۇنىڭغا سۈت سېغىپ، ئاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئايلىناتتۇق».

ئەمر ئىبنى ئەبسە (اللە ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) مۇنداق دېگەن: «مەن جاھىلىيەتتە تاشقا چوقۇنىدىغان ئادەم ئىدىم. ئىلاھى بولمىغان مەھەللە كىشىلىرى تاش ئىزدەپ، تۆت دانە تاش ئەكېلەتتى، ئۇنىڭ ئۈچىنى قازان ئېسىش ئۈچۈن ئىشلىتەتتى، ئەڭ ياخشىسىنى بولسا ئىلاھ قىلىۋالاتتى، ئاندىن كېيىن ئۇنىڭدىنمۇ ياخشىسىنى تاپسا، ئۇنى تاشلىۋېتىپ تاپقىنىنى ئىلاھ قىلىۋالاتتى».

ئىنسانغا مۇشۇنداق زالالەتلەر يېپىشىۋالغۇدەك دەرىجىدە، ئۇنىڭغا قانداق ئازغۇنلۇق، قانداق خارلىق يەتكەن بولغىيتتى ـ ھە!

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مەككىنى پەتھى قىلغاندا، بەيتۇللاھنىڭ ئەتراپىدا 360 بۇت بارلىقىنى كۆردى. شۇنىڭ بىلەن ﴿وَقُلْ جَاءَ الْحَقُّ وَزَهَقَ الْبَاطِلُ إِنَّ الْبَاطِلَ كَانَ زَهُوقًا﴾ ﴿ھەقىقەت (يەنى ئىسلام) كەلدى، باتىل (يەنى كۇفرى) يوقالدى. باتىل ھەقىقەتەن ئوڭاي يوقىلىدۇ﴾[1] دەپ، قىلىچىدا ئۇلارنى چاقتى. ئاندىن كېيىن بەيتۇللاھتىن ئېلىپ چىقىلىپ كۆيدۈرۈۋېتىلدى.

ساماۋىي كىتاب ۋە پەيغەمبەر ھىدايىتىگە يېقىن تۇرغان يەھۇدىي ۋە خرىستىئانلارمۇ تەۋھىد يولىدىن ئېغىپ كەتتى. ئۇلارغىمۇ بۇتپەرەسلىك بېسىپ كىردى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ دىنىمۇ بۇرمىلىنىپ كەتتى.

يەھۇدىيلارنىڭ ئۇلۇھىيەتكە بولغان ئېتىقادلىرى بۇزۇلۇپ كەتتى، اللەقا نىسبەت بېرىش لايىق بولمايدىغان نۇقسانلىق سۈپەتلەرنى ئۇنىڭغا نىسبەت بەردى. ئۇلار اللەنى بىلمەيدۇ، قىلغان ئىشىغا پۇشايمان قىلىدۇ، چارچايدۇ، چېلىشىدۇ، يىقىتىلىدۇ دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ.

خرىستىئانلارغا پۇتپەرەسلىك سىڭىپ كىردى. بۇنىڭ بىلەن مەسىھ دىنى ئۇلارنىڭ قوللىرىدىن خۇددى سۇ بارماقلار ئارىسىدىن تۆكۈلگەندەك چىقىپ كەتتى. ئەپسۇسلىنىدىغان ئىش شۇكى، خرىستىئان دىنى پەقەت ئاز بىر مۇددەت ساپ ھالەتتە داۋاملاشتى، ئاندىن كېيىن ئۇنىڭ تارىخىنى ئىككى كىشى ئەڭ ئەشەددىيلىك بىلەن بورمىلىۋەتتى. بىرى دىنىي زات، يەنە بىرى پادىشاھ.

بىرىنچىسى، سانت پولىس بولۇپ، ئۇ خرىستىئان دىنىنىڭ ئىزنالىرىنى يوق قىلىۋەتتى ۋە تەۋھىد نۇرىنى ئۆچۈرۈۋەتتى. ئۇنى جاھالەتنىڭ خۇراپاتلىرى بىلەن، بۇتپەرەسلىكنىڭ تەسىرلىرى بىلەن يۇغۇردى.

---

[1] سۈرە ئىسرا، 81 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئىككىنچىسى، پادىشاھ كوستانتىن بولۇپ، ئۇ خرىستىئان دىنىنىڭ قالدۇقلىرىنىڭ ھەممىسىنى يوقىتىۋەتتى، بۇ پادىشاھ ھەممە بىرلىككە كېلىپ ئېتىقاد قىلىدىغان بىر ئېتىقادنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن خرىستىئان دىنىنىڭ پوپلىرىنى ۋە راھىبلىرىنى يىغدى، ئۇلار ئىنتايىن غەلىتە بىر ئېتىقادنى خولاسىلەپ چىقتى. ئۇ بولسىمۇ، بىر اللهقا، اللهنىڭ ئوغلى بولغان مەسىھقا ئېتىقاد قىلىش، مەسىھ ھەق ئىلاھتىن بولغان ھەق ئىلاھ بولۇپ، مۇقەددەس روھتىن بولغان. ئاندىن ئىنسانغا ئايلانغان، ئاندىن مەريەمنىڭ قورسىقىدا تۆرىلىپ مەريەمدىن تۇغۇلغان، ئاندىن ئازاب چەككەن، جاراھەتلەنگەن، ئۆلتۈرۈلگەن، كرېستتا مىخلانغان ۋە دەپنە قىلىنغان دېگەنلەردىن ئىبارەتتۇر.

دېمەك، خرىستىئان دىنى مۇشۇنداق گرېتسىيە خۇراپاتلىرىدىن، رىم بۇتپەرەسلىكلىرىدىن، مىسىر ئاپلاتونلىرىدىن ئارىلاشما بىرىكمىگە ئايلىنىپ قالدى.

ئەڭ پاجىئەلىك يېرى شۇكى، اللهقا قاتتىق ئىبادەت قىلىدىغان، پەرۋەردىگارى ئالدىدا ئۆزىنىڭ ئۇبۇدىيىتىنى ئەڭ ئېتىراپ قىلىدىغان مەسىھقا چوقۇندى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھىبرىلىرىنى، راھىبلىرىنى مەبۇد قىلىۋالدى. «قۇرئان كەرىم»نى ئىنگلىز تىلىغا تەرجىمە قىلغان ئالىم سېيل مىلادىيە ئالتىنچى ئەسىرنىڭ خرىستىئانلىرى توغرىسىدا: «ئۇلار راھىبلارغا چوقۇنۇشتا چېكىدىن ئاشۇرۈۋەتكەن» دېدۇ.

## ئىسلام پەقەت يەككە ـ يىگانە اللهقىلا ئىبادەت قىلىشقا دەۋەت قىلىدۇ

يۇقىرىدىكىلەر ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرى جاھاننى قاپلىغان شېرىك ئېتىقاد، جاھىلىيەتنىڭ بۇتپەرەسلىكى ئىدى. ئۇنداقتا، ئىسلام شېرىكنىڭ ھەممە تۈرلىرىگە قانداق پوزىتسىيە تۇتتى؟

ئىسلام يالغۇز اللهقىلا ئىبادەت قىلىشقا دەۋەت قىلدى، ئۇنىڭدىن باشقا ھەرقانداق ئىلاھلارنى چۆرۈپ تاشلىدى. دەرھەقىقەت، ئىسلامنىڭ روھى «تەۋھىدى رۇبۇبىيەت» ۋە «تەۋھىدى ئۇلۇھىيەت»تىن ئىبارەت بولغان ساپ تەۋھىدتۇر. تەۋھىدى ئۇلۇھىيەت بولسا، ئىبادەتنى پەقەت اللهقىلا قىلىش دېمەكتۇر. ئىسلامنىڭ شوئارى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەر دېگەن ئەڭ ئۇلۇغ، ئەڭ ئەۋزەل كەلىمە «لا اله الا الله (بىر اللهتىن باشقا ئىلاھ يوق)»تۇر. بۇ، ئىسلامدىكى ئىككى شاھادەت كەلىمىسىنىڭ بىرىدۇر.

ئىسلامنىڭ سىر ـ ئەسرارلىرى، تەلىماتلىرىنىڭ چەكسىزلىكى «قۇرئان كەرىم»دە ئىپادىلىنىدۇ. بۇ دەستۇرنىڭ سىر ـ ئەسرارى سۈرە فاتىھەگە مەركەزلەشكەن بولۇپ، ئۇنىڭدىكى ﴿ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز ۋە سەندىنلا ياردەم تىلەيمىز﴾ دېگەن ئايەتتە خۇلاسىلىنىدۇ. يەنى، بىز سەندىن باشقا بىر نەرسىگە ياكى باشقا بىر مەخلۇققا ئىبادەت قىلمايمىز، سەندىن باشقا بىر مەخلۇقتىن ياردەم تىلىمەيمىز.

شۇڭلاشقا، «قۇرئان كەرىم»دە ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بەيئەت قىلغان كىشىگە بۇيرىلىدىغان تۇنجى تەۋسىيە ۋە بىرىنچى پرىنسىپ «اللهقا ئىبادەت قىلىڭلار، ئۇ زاتقا ھېچنېمىنى شېرىك كەلتۈرمەڭلار» دېگەندىن ئىبارەت.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالاممۇ بىرىنچى بولۇپ، زېمىن پادىشاھلىرىنى مۇشۇ بۈيۈك مەسىلىگە دەۋەت قىلدى. كىشىلەرنى مەبۇد قىلىۋالغان نەرسىلەرنى چۆرۈپ تاشلاپ، پەقەت يالغۇز اللهقىلا ئىبادەت قىلىشقا دەۋەت قىلدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نەجاشى، قەيسەر ۋە ئۇلاردىن باشقا پادىشاھلارغا يازغان مەكتۇبلىرىنى مۇنۇ ئايەت بىلەن ئاياغلاشتۇرغان: ﴿قُلْ يَا أَهْلَ الْكِتَابِ تَعَالَوْاْ إِلَى كَلَمَةٍ سَوَاء بَيْنَنَا وَبَيْنَكُمْ أَلاَّ نَعْبُدَ إِلاَّ اللّهَ وَلاَ نُشْرِكَ بِهِ شَيْئًا وَلاَ يَتَّخِذَ بَعْضُنَا بَعْضاً أَرْبَابًا مِّن دُونِ اللّهِ فَإِن تَوَلَّوْاْ فَقُولُواْ اشْهَدُواْ بِأَنَّا مُسْلِمُونَ﴾ ﴿ئى ئەھلى كىتاب! (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) پەقەت اللهقىلا ئىبادەت قىلىش، اللهقا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىك، اللهنى قويۇپ بىر ـ بىرىمىزنى خۇدا قىلىۋالماسلىقتەك ھەممىمىزگە ئورتاق بولغان بىر سۆزگە (يەنى بىر خىل ئەقىدىگە) ئەمەل قىلايلى› دېگىن. ئەگەر يۈز ئۆرۈسە (يەنى بۇنى قوبۇل قىلمىسا): ‹(ئى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار جامائەسى!) بىزنىڭ مۇسۇلمان ئىكەنلىكىمىزگە گۇۋاھ بولۇڭلار› دەڭلار﴾[1].

«قۇرئان كەرىم»دە بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ مۇشۇ دەۋەتكە چاقىرغانلىقى تەكىتلەندى. پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسى ئۆز قەۋملىرىنى يالغۇز اللهقا ئىبادەت قىلىشقا، تاغۇتقا ئىبادەت قىلىشتىن يۈز ئۆرۈشكە دەۋەت قىلغانىدى. اللهتىن باشقا ئىبادەت قىلىنغان شەيئىلەرنىڭ ھەممىسى تاغۇتتۇر. جاھاندا پەقەت ئىككى مەبۇد بولۇپ، ئۈچىنچىسى يوق. يەنى، ئىنسان بىر اللهقا ئىبادەت قىلىدۇ ياكى تاغۇتقا. كىم اللهقا ئىبادەت قىلىشتىن باش تارتسا، شەكسىز تاغۇتنىڭ ھالاكىتىگە چۈشۈپ كېتىدۇ. الله تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿وَلَقَدْ بَعَثْنَا فِي كُلِّ أُمَّةٍ رَّسُولاً أَنِ اعْبُدُواْ اللّهَ وَاجْتَنِبُواْ الطَّاغُوتَ ...﴾ ﴿بىز ھەقىقەتەن ھەربىر ئۈممەتكە: ‹اللهقا ئىبادەت قىلىڭلار، شەيتاندىن (يەنى شەيتانغا،

---

[1] سۈرە ئال ئىمران، 64 ـ ئايەت.

بۇتلارغا، كاھىنلارغا ئوخشاش ھەرقانداق مەبۇدقا ئىبادەت قىلىشتىن) يىراق بولۇڭلار» دەپ پەيغەمبەر ئەۋەتتۇق﴾[1].

الله تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىپ مۇنداق دېگەن: ﴿وَمَا أَرْسَلْنَا مِن قَبْلِكَ مِن رَّسُولٍ إِلَّا نُوحِي إِلَيْهِ أَنَّهُ لَا إِلَهَ إِلَّا أَنَا فَاعْبُدُونِ﴾ ﴿(ئى مۇھەممەد!) سەندىن ئىلگىرى ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسىگە: ‹مەندىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، ماڭىلا ئىبادەت قىلىڭلار› دەپ ۋەھيى قىلدۇق﴾[2].

ئىسلام دىنى شېرىككە قارشى جەڭنى قاتتىق كۈچەيتتى، ھەممە جايدا ئۇنى كۆرسىتىپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن يوقاتتى، ئىسلام شېرىكنىڭ ئېغىر ئازغۇنلۇق، مەغپىرەت قىلىنمايدىغان چوڭ گۇناھ ئىكەنلىكىنى بېكىتتى. الله تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿إِنَّ اللّهَ لاَ يَغْفِرُ أَن يُشْرَكَ بِهِ وَيَغْفِرُ مَا دُونَ ذَلِكَ لِمَن يَشَاء وَمَن يُشْرِكْ بِاللّهِ فَقَدِ افْتَرَى إِثْمًا عَظِيمًا﴾ ﴿الله ھەقىقەتەن اللهقا شېرىك كەلتۈرۈش گۇناھىنى مەغپىرەت قىلمايدۇ، خالىغان ئادەمنىڭ ئۇنىڭدىن باشقا گۇناھىنى مەغپىرەت قىلىدۇ، كىمكى اللهقا شېرىك كەلتۈرىدىكەن، چوڭ گۇناھ قىلغان بولىدۇ﴾[3]؛ ﴿إِنَّ اللّهَ لاَ يَغْفِرُ أَن يُشْرَكَ بِهِ وَيَغْفِرُ مَا دُونَ ذَلِكَ لِمَن يَشَاء وَمَن يُشْرِكْ بِاللّهِ فَقَدْ ضَلَّ ضَلاَلاً بَعِيدًا﴾ ﴿الله ئۆزىگە بىرەر نەرسىنىڭ شېرىك كەلتۈرۈلۈشىنى (يەنى مۇشرىكلىك گۇناھىنى) ئەلۋەتتە مەغپىرەت قىلمايدۇ، بۇنىڭدىن باشقىنى (الله ئۆزى) خالىغان ئادەمگە مەغپىرەت قىلىدۇ، كىمكى اللهقا شېرىك كەلتۈرىدىكەن، ئۇ ھەقىقەتەن قاتتىق ئازغان بولىدۇ﴾[4].

سەھىھ ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: «كىم اللهنىڭ غەيرىگە دۇئا قىلىپ، ئۆلۈپ كېتىدىكەن دوزاخقا كىرىدۇ» (بۇخارى رىۋايەت قىلغان)؛ «كىم اللهقا بىر نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەي مۇلاقات بولىدىكەن جەننەتكە كىرىدۇ، كىم اللهقا بىر نەرسىنى شېرىك كەلتۈرۈپ، مۇلاقات بولىدىكەن دوزاخقا كىرىدۇ»[5].

الله تائالا پەقەت شېرىك كەلتۈرۈش گۇناھىدىن باشقا ھەرقانداق بىر گۇناھنى ئۆزىنىڭ پەزلى، مەرھەمىتى بىلەن، شاپائەتچىلەرنىڭ شاپائىتى بىلەن مەغپىرەت قىلىشى مۇمكىن.

---

[1] سۈرە نەھل، 36 ـ ئايەت.

[2] سۈرە ئەنبىيا، 25 ـ ئايەت.

[3] سۈرە نىسا، 48 ـ ئايەت.

[4] سۈرە نىسا، 116 ـ ئايەت.

[5] ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىس قۇددۇسىيدا مۇنداق كەلگەن: «ئى ئادەم ئوغلى، سەن زېمىنچە گۇناھلارنى ئېلىپ كەلسەڭ، ئەمما ماڭا بىر نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەي مۇلاقات بولساڭ، مەن شۇنىڭ باراۋىرىچە مەغپىرەت ئېلىپ كېلىمەن».

مەزكۇر ئايەت ـ ھەدىسلەردە دېيىلگەندەك، باشقىلاردىن مەغپىرەت قىلىنمايدىغان گۇناھلار ساپ تەۋھىد ئەھلى (يەنى اللهقا ھېچنېمىنى شېرىك كەلتۈرمەيدىغانلار)دىن مەغپىرەت قىلىنىدۇ. چۈنكى، ساپ تەۋھىد دېگەن گۇناھ ـ مەسىيەتلەر دېڭىز كۆپۈكلىرىدەك كۆپ بولسىمۇ، ئۇلارنى كۆيدۈرىدۇ. شۇنداقلا، ياخشىلىق قۇمدەك جىق بولسىمۇ، شېرىك ئۇلارنى كۆمۈۋېتىدۇ.

ئىسلام دىنىنىڭ شېرىككە قارشى مۇشۇنداق قاتتىق پوزىتسىيە تۇتۇشى ئىنتايىن ھەق ئىدى.

ئىبنى سىيدە (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) دېگەندەك: «ئىبادەت دېگەن باش ئېگىشنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، ئۇنىڭغا پەقەت ھاياتلىق، ئەقىل، ئىدراك، قۇلاق ۋە كۆزدىن ئىبارەت نېمەتنىڭ ئەڭ ئالىي تۈرلىرىنى ئىنئام قىلغان زاتلا ھەقلىق بولىدۇ. چۈنكى، ئىبادەتنىڭ ئەڭ تۆۋىنىمۇ نېمەتنىڭ ئەڭ ئالىيسىنى ئاتا قىلالىغان زاتقا بولىدۇ. شۇڭلاشقا، ئىبادەتكە الله تائالا لايىقتۇر».

ئىمام رازى (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) مۇنداق دېگەن: «ئىبادەت دېگەن ئۇلۇغلاشنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىدۇر، ئىبادەت پەقەت نېمەتنىڭ ئەڭ يۇقىرىسىنى ئىنئام قىلغان زاتقىلا لايىق بولىدۇ. نېمەتنىڭ ئەڭ كاتتا نامايەندىلىرى بولسا، ھاياتتىن پايدىلىنىشقا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىش، بۇنىڭغا الله تائالانىڭ مۇنۇ ئايىتىدە ئىشارەت بار: ﴿وَقَدْ خَلَقْتُكَ مِن قَبْلُ وَلَمْ تَكُ شَيْئًا﴾ ﴿سېنى مەن ياراتتىم، ھالبۇكى سەن بۇرۇن يوق ئىدىڭ﴾[1]؛ ﴿كَيْفَ تَكْفُرُونَ بِاللَّهِ وَكُنتُمْ أَمْوَاتاً فَأَحْيَاكُمْ ...﴾ ﴿اللهنى قانداقمۇ ئىنكار قىلىسىلەركى، جانسىز ئىدىڭلار، سىلەرگە جان بەردى﴾[2].

شۇنداقلا، پايدىلىنىدىغان شەيئىلەرنى يارىتىپ بېرىشتۇر. بۇنىڭغا الله تائالانىڭ مۇنۇ ئايىتىدە ئىشارەت بار: ﴿هُوَ الَّذِي خَلَقَ لَكُم مَّا فِي الأَرْضِ جَمِيعاً﴾ ﴿الله يەر يۈزىدىكى ھەممە نەرسىنى سىلەر (نىڭ پايدىلىنىشىڭلار) ئۈچۈن ياراتتى﴾[3]؛ ﴿أَلَمْ تَرَوْا أَنَّ اللَّهَ سَخَّرَ لَكُم مَّا فِي السَّمَاوَاتِ وَمَا فِي الْأَرْضِ وَأَسْبَغَ عَلَيْكُمْ نِعَمَهُ ظَاهِرَةً وَبَاطِنَةً﴾ ﴿بىلمەمسىلەركى، الله ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممىنى سىلەرگە بويسۇندۇرۇپ بەردى (يەنى سىلەرنى پايدىلىنىشىڭلارغا

---

[1] سۈرە مەريەم، 9 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] سۈرە بەقەرە، 28 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[3] سۈرە بەقەرە، 29 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

مۇۋاپىقلاشتۇرۇپ بەردى). سىلەرگە ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن (يەنى ماددىي ۋە مەنىۋى) نېمەتلىرىنى كامالەتكە يەتكۈزۈپ بەردى﴾[1].

ھېچقانداق شەك بولمىغان ھەقىقەت شۇكى، ئىنساننىڭ ھاياتىنىڭ ھەممە باسقۇچلىرىدا ئۇنىڭغا يېتىپ تۇرىدىغان نېمەتلەر بولسا، اللە تائالا تەرىپىدىندۇر. ئۇ مۇنداق دېگەن: ﴿وَمَا بِكُم مِّن نِّعْمَةٍ فَمِنَ اللّهِ﴾ ﴿سىلەر بەھرىمەن بولۇۋاتقان نېمەتلەرنىڭ ھەممىسىنى اللە بەرگەن﴾[2].

ئىمام ئىبنى قەييۇم (اللە ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) «شىفائۇلئەلىل (كېسەللەر شىپاسى)» ناملىق كىتابىدا مۇنداق دېگەن: «مۇبارەك ئىسمى بۈيۈك ۋە يېگانە مەبۇد بولغان زات بولسا، ئەمەلىيەتتە نېمەتلەرنىڭ ھەممە تۈرلىرىنى ئاتا قىلغۇچىدۇر. ئۇ نېمەتلەرنى ئاسمان ۋە زېمىن ئەھلى ساناپ بولالمايدۇ.

اللەنىڭ ئۇلارنى يارانقانلىقى، ئۇلارغا ھاياتلىق بېغىشلاپ، سۆزلەيدىغان قىلغانلىقى، قۇلاق، كۆز، ئەقىل بەرگەنلىكى، ھەرخىل رىزىقلارنى بېرىپ تۇرغانلىقى، ئۆزىنىڭ گۈزەل ئىسىملىرى ۋە سۈپەتلىرىنى، ئىش - ھەرىكەتلىرىنى بىلدۈرگەنلىكى، ئۇلارنىڭ تىللىرىدا ئۆزىنىڭ زىكرىنى جارى قىلدۇرغانلىقى، دىللىرىدا ئۆزىنى (اللەنى) ھېس قىلدۇرغانلىقى ۋە دوست تۇتقۇزغانلىقى، ئۇلارنى يارىتىپ بولغاندىن كېيىن، مۇھاپىزەت قىلغانلىقى، ئۇلارنىڭ جانجان مەنپەئەتلىرىگە چېتىشلىق بولغان ئىشلارنى قىلىپ بەرگەنلىكى، ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئەتلىرىگە ۋە ھاياتىغا سەۋەب بولىدىغان سەۋەبلەرگە يېتەكلەيدىغانلىقىنىڭ ھەممىسى اللە تائالانىڭ بەندىلىرىگە ئىنئام قىلغان نېمىتىدۇر. اللە تائالانىڭ نېمەتلىرىنى تەپسىلىي بايان قىلىشقا ھېچقانداق ئىنساننىڭ قۇدرىتى يەتمەيدۇ».

شۇڭلاشقا، ئاسمان - زېمىندا پەقەت يالغۇز اللە تائالالا ئىبادەتكە لايىق زات ئىدى.

دېمەك، ئىسلام شېرىككە شۇ دەرىجىدە قارشى تۇرۇپمۇ، چېكىدىن ئاشۇرۇۋەتمىدى. شېرىك ئەمەلىيەتتە بىر خارلىق بولۇپ، ئىنساننىڭ ھۆرمەتلىك مەخلۇق ئىكەنلىكىگە مۇناسىپ كەلمەيدۇ. مۇشۇنداق ھۆرمەتلىك ئىنساننىڭ ھايۋانغا، جانسىز نەرسىگە بويسۇندۇرۇلۇشتىن ئىبارەت شېرىك ئىش ئىنسانغا قانچىلىك خارلىقنى ئېلىپ كېلەر - ھە!

شېرىك ئىنسان قەدرىنى خار قىلىش بىلەن بىرگە، ھەقىقەتنى يالغانغا چىقىرىدۇ، ئەمەلىيەتنى بۇرمىلايدۇ. اللە تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿فَاجْتَنِبُوا الرِّجْسَ مِنَ الْأَوْثَانِ وَاجْتَنِبُوا قَوْلَ

[1] سۈرە لوقمان، 20 - ئايەت.

[2] سۈرە نەھل، 53 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

الزُّورِ﴾ ﴿سىلەر بۇتلاردىن ئىبارەت نىجىستىن ساقلىنىڭلار، يالغان گۇۋاھلىق بېرىشتىن ساقلىنىڭلار، اللهقا خالىس ئىبادەت قىلىڭلار، ئۇنىڭغا شېرىك كەلتۈرمەڭلار، كىمكى اللهقا شېرىك كەلتۈرىدىكەن، ئۇ گويا ئاسماندىن تاشلىنىپ، قۇشلار ئۇنى ئېلىپ قاچقاندەك، ياكى بوران ئۇنى ئېلىپ بېرىپ يىراق جايغا تاشلىۋەتكەندەك بولۇپ قالىدۇ﴾[1].

ئىسلام شېرىككە قارشى كۈرەش قىلىپ، ئىنساننىڭ قەدرى - قىممىتىنى يۈكسەلدۈردى، ئىنساننىڭ ھۆرمەتلىك مەخلۇق ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ اللهنىڭ زېمىندىكى ئورۇنباسارى ئىكەنلىكىنى، اللهنىڭ ئىنساننى ئەڭ چىرايلىق شەكىلدە ياراتقانلىقىنى جاكارلىدى.

الله تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿وَلَقَدْ كَرَّمْنَا بَنِي آدَمَ﴾ ﴿شەك - شۈبھىسىزكى، بىز ئادەم باللىرىنى ھۆرمەتلىك قىلدۇق﴾[2]؛ ﴿وَإِذْ قَالَ رَبُّكَ لِلْمَلاَئِكَةِ إِنِّي جَاعِلٌ فِي الأَرْضِ خَلِيفَةً﴾ ﴿ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىڭ پەرىشتىلەرگە: ‹مەن يەر يۈزىدە خەلىپە (يەنى ئورۇنباسار) يارىتىمەن› دېدى﴾[3]؛ ﴿لَقَدْ خَلَقْنَا الْإِنسَانَ فِي أَحْسَنِ تَقْوِيمٍ﴾ ﴿بىز ئىنساننى شەك - شۈبھىسىزكى، ئەڭ چىرايلىق شەكىلدە ياراتتۇق﴾[4]؛ ﴿وَصَوَّرَكُمْ فَأَحْسَنَ صُوَرَكُمْ﴾ ﴿سىلەرنى سۈرەتكە كىرگۈزدى، سۈرىتىڭلارنى چىرايلىق قىلدى﴾[5]؛ ﴿عَلَّمَ الْإِنسَانَ مَا لَمْ يَعْلَمْ﴾ ﴿ئىنسانغا بىلمىگەن نەرسىلەرنى بىلدۈردى﴾[6]؛ ﴿وَسَخَّرَ لَكُم مَّا فِي السَّمَاوَاتِ وَمَا فِي الْأَرْضِ جَمِيعًا مِّنْهُ﴾ ﴿الله ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى (كامالى پەزلىدىن سىلەرگە بويسۇندۇرۇپ بەردى﴾[7].

ھالبۇكى، ئۇ مەخلۇقاتلار ئىنسانغا خىزمەت قىلىشقا يارالغان ۋە ئۇنىڭ پايدا - مەنپەئىتى ئۈچۈن بويسۇندۇرۇلغان تۇرسا، ئىنسان قانداقمۇ مۇشۇ مەخلۇقاتلارغا سەجدە قىلسۇن؟ شۇنداقلا، پەرىشتىلەر اللهنىڭ ئەمرى بىلەن ئىنسانغا سالام بېرىش ۋە قارشى ئېلىش ئۈچۈن سەجدە قىلغان تۇرسا، ئىنسان قانداقمۇ ئۇ مەخلۇقاتلارغا سەجدە قىلسۇن؟ الله تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿إِذْ قَالَ رَبُّكَ لِلْمَلاَئِكَةِ إِنِّي خَالِقٌ بَشَرًا مِن طِينٍ فَإِذَا سَوَّيْتُهُ وَنَفَخْتُ فِيهِ مِن رُّوحِي فَقَعُوا لَهُ سَاجِدِينَ فَسَجَدَ الْمَلاَئِكَةُ كُلُّهُمْ أَجْمَعُونَ إِلَّا إِبْلِيسَ اسْتَكْبَرَ وَكَانَ مِنْ الْكَافِرِينَ قَالَ يَا إِبْلِيسُ

---

[1] سۈرە ھەج، 30 - ۋە 31 - ئايەتلەر.
[2] سۈرە ئىسرا، 70 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە بەقەرە، 30 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[4] سۈرە تىن، 4 - ئايەت.
[5] سۈرە تەغابۇن، 3 - ئايەت.
[6] سۈرە ئەلەق، 5 - ئايەت.
[7] سۈرە جاسىيە، 13 - ئايەت.

مَا مَنَعَكَ أَن تَسْجُدَ لِمَا خَلَقْتُ بِيَدَيَّ أَسْتَكْبَرْتَ أَمْ كُنتَ مِنَ الْعَالِينَ﴾ ﴿ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىڭ پەرىشتىلەرگە ئېيتتى: ‹مەن ھەقىقەتەن لايدىن بىر ئادەم يارىتىمەن. ئۇنى مەن راۋۇرۇس ياراتقان (يەنى ئۇنى يارىتىپ سۈرەتكە كىرگۈزۈپ، ئەزالىرىنى تولۇق، مۇكەممەل ئىنسان ھالىتىگە كەلتۈرگەن) ۋە ئۇنىڭغا جان كىرگۈزگەن ۋاقتىمدا ئۇنىڭغا سەجدە قىلىڭلار›. پەرىشتىلەرنىڭ بىرىمۇ قالماي، ھەممىسى (ئادەم ئەلەيھىسسالامغا) سەجدە قىلدى. پەقەت ئىبلىسلا بويۇنتاۋلىق قىلدى، ئۇ كاپىرلاردىن بولۇپ كەتتى. اللّٰه ئېيتتى: ‹ئى ئىبلىس! مەن ئۆز قولۇم بىلەن ياراتقان ئىنسانغا سەجدە قىلىشتىن ساڭا نېمە توسقۇنلۇق قىلدى (ئۇنىڭغا سەجدە قىلماسلىقىڭ) تەكەببۇرلۇق قىلغانلىقىڭدىنمۇ؟ ياكى يۇقىرى مەرتىۋىلىكلەردىن بولغانلىقىڭدىنمۇ؟﴾[1]

ئىسلام دۇنيادا مەخلۇقلاردىن بىرىگىمۇ سەجدە قىلىشقا، باش ئېگىشكە، يېلىنىشقا، ئۇنىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىشقا ۋە ئازابىدىن قورقۇشقا قەتئىي بولمايدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى.

پەرىشتىلەر اللّٰهنىڭ ئىتائەتمەن بەندىلىرىدۇر. اللّٰه تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿وَلَهُ مَن فِي السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ وَمَنْ عِندَهُ لَا يَسْتَكْبِرُونَ عَنْ عِبَادَتِهِ وَلَا يَسْتَحْسِرُونَ يُسَبِّحُونَ اللَّيْلَ وَالنَّهَارَ لَا يَفْتُرُونَ﴾ ﴿ئاسمانلاردىكىلەر ۋە زېمىندىكىلەرنىڭ ھەممىسى اللّٰهنىڭ ئىلكىدىدۇر، اللّٰهنىڭ دەرگاھىدىكىلەر (يەنى پەرىشتىلەر) اللّٰهنىڭ ئىبادىتىدىن تەكەببۇرلۇق قىلىپ باش تارتمايدۇ ۋە ھېرىپمۇ قالمايدۇ. ئۇلار كېچە ـ كۈندۈز تەسبىھ ئېيتىدۇ، بوشاشمايدۇ﴾[2]؛ ﴿لَا يَعْصُونَ اللَّهَ مَا أَمَرَهُمْ وَيَفْعَلُونَ مَا يُؤْمَرُونَ﴾ ﴿ئۇ پەرىشتىلەر اللّٰهنىڭ بۇيرۇقىدىن چىقمايدۇ، نېمىگە بۇيرۇلسا شۇنى ئىجرا قىلىدۇ﴾[3]؛ ﴿لَا يَسْبِقُونَهُ بِالْقَوْلِ وَهُم بِأَمْرِهِ يَعْمَلُونَ يَعْلَمُ مَا بَيْنَ أَيْدِيهِمْ وَمَا خَلْفَهُمْ وَلَا يَشْفَعُونَ إِلَّا لِمَنِ ارْتَضَى وَهُم مِّنْ خَشْيَتِهِ مُشْفِقُونَ﴾ ﴿ئۇلار اللّٰهقا ئالدى بىلەن سۆز قىلىشقا پېتىنالمايدۇ، ئۇلار اللّٰهنىڭ ئەمرى بويىچە ئىش قىلىدۇ. اللّٰه ئۇلارنىڭ قىلغانلىرىنى ۋە قىلماقچى بولغانلىرىنى بىلىپ تۇرىدۇ. ئۇلار اللّٰه رازى بولغانلارغىلا شاپائەت قىلىدۇ، اللّٰهنىڭ ھەيۋىسىدىن تىترەپ تۇرىدۇ﴾[4].

بىلىش كېرەككى، ئىنساننىڭ كۈچى، ئورنى قانچىلىك چوڭ بولۇپ كەتسۇن، مەيلى ئۇ پەيغەمبەر ياكى پادىشاھ بولسۇن، ئۇلارمۇ ھەم اللّٰهنىڭ بەندىلىرىدۇر. ئۇلار باشقىلاردىن ئەمەس، ئۆزلىرىدىنمۇ بىرەر زىياننى دەپئى قىلالمايدۇ، ئۆزلىرىگە بىرەر پايدىنى

---

[1] سۈرە ساد، 71 ـ ۋە 75 ـ ئايەتكىچە.

[2] سۈرە ئەنبىيا، 19 ـ ۋە 20 ـ ئايەتلەر.

[3] سۈرە تەھرىم، 6 ـ ئايەت.

[4] سۈرە ئەنبىيا، 27 ـ ۋە 28 ـ ئايەتلەر.

كەلتۈرەلمەيدۇ، باشقىلارنىڭ جېنىنى ئېلىشقا، ھايات بېغىشلاشقا، ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈشكە قەتئىي قادىر بولالمايدۇ.

ئۇبۇدىيەت ئۇلارغا مەڭگۈ چاپلىشىپ تۇرىدىغان سۈپەتتۇر. اﷲ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿إِن كُلُّ مَن فِي السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ إِلَّا آتِي الرَّحْمَنِ عَبْدًا لَقَدْ أَحْصَاهُمْ وَعَدَّهُمْ عَدًّا وَكُلُّهُمْ آتِيهِ يَوْمَ الْقِيَامَةِ فَرْدًا﴾ ﴿ئاسمانلاردا ۋە زېمىندا اﷲقا بەندە بولۇپ بويسۇنمايدىغان ھېچ مەخلۇق يوقتۇر. شەك ـ شۈبھىسىزكى، اﷲ ئۇلارنى تولۇق ئىگىلىدى ۋە سانىنى مۇكەممەل بىلدى. قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ ھەممىسى اﷲنىڭ دەرگاھىغا تەنها كېلىدۇ﴾[1].

قۇياش، ئاي، يۇلتۇزلار اﷲنىڭ ئەمرى بىلەن بويسۇندۇرۇلغان پلانېتالاردۇر. شۇڭلاشقا، ئۇلارغا بىر جان ئىگىسىنىڭ باش ئېگىشى ياكى سەجدە قىلىشى قەتئىي دۇرۇس بولمايدۇ. اﷲ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿وَمِنْ آيَاتِهِ اللَّيْلُ وَالنَّهَارُ وَالشَّمْسُ وَالْقَمَرُ لَا تَسْجُدُوا لِلشَّمْسِ وَلَا لِلْقَمَرِ وَاسْجُدُوا لِلَّهِ الَّذِي خَلَقَهُنَّ إِن كُنتُمْ إِيَّاهُ تَعْبُدُونَ﴾ ﴿كېچە بىلەن كۈندۈز، كۈن بىلەن ئاي اﷲنىڭ (بىرلىكىنى ۋە قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەتلىرىدىندۇر، قۇياشقا سەجدە قىلماڭلار، ئايغىمۇ سەجدە قىلماڭلار، ئۇلارنى ياراتقان اﷲقا سەجدە قىلىڭلار، ئەگەر پەقەت اﷲقىلا ئىبادەت قىلىدىغان بولساڭلار﴾[2].

ئاسمان ياكى زېمىندا اﷲتىن باشقا چاقىرىلىدىغان ھەرقانداق بىر مەخلۇق ئاجىز بولۇپ، ئۇنىڭ ھېچقانداق كۈچى يوق، ئۇ ئۆزىنىمۇ ئىدارە قىلالمايدۇ، اﷲقا موھتاج بولىدۇ. ئۆزىنى ۋە باشقىلارنىمۇ قوغداشقا ئاجىز كېلىدۇ. اﷲ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿يَا أَيُّهَا النَّاسُ ضُرِبَ مَثَلٌ فَاسْتَمِعُوا لَهُ إِنَّ الَّذِينَ تَدْعُونَ مِن دُونِ اللَّهِ لَن يَخْلُقُوا ذُبَابًا وَلَوِ اجْتَمَعُوا لَهُ وَإِن يَسْلُبْهُمُ الذُّبَابُ شَيْئًا لَّا يَسْتَنقِذُوهُ مِنْهُ ضَعُفَ الطَّالِبُ وَالْمَطْلُوبُ مَا قَدَرُوا اللَّهَ حَقَّ قَدْرِهِ إِنَّ اللَّهَ لَقَوِيٌّ عَزِيزٌ﴾ ﴿ئى ئىنسانلار (يەنى مۇشرىكلار جامائەسى)! بىر مىسال كەلتۈرۈلىدۇ، ئۇنىڭغا قۇلاق سېلىڭلار، شۈبھىسىزكى، سىلەر اﷲنى قويۇپ چوقۇنۇۋاتقان بۇتلارنىڭ ھەممىسى يىغىلغان تەقدىردىمۇ بىر چىۋىننى يارىتالمايدۇ (ئەقلى بار ئادەم قاقداقمۇ مۇشۇنداق بۇتلارنى مەبۇد قىلىۋېلىپ، ئۇلارغا چوقۇنىدۇ)، چىۋىن ئۇلارنىڭ بەدىنىدىن بىر نەرسىنى (يەنى بۇتقا سۈركەپ قويۇلغان خۇشپۇراق بىر نەرسىنى) ئېلىپ قاچسا، ئۇنى چىۋىندىن تارتىپ ئالالمايدۇ، بۇتمۇ ۋە (ئۇنىڭغا) چوقۇنغۇچىمۇ ئاجىزدۇر. ئۇلار (ئەرزىمەس بۇتلارنى اﷲقا شېرىك قىلىۋېلىپ) اﷲنى تېگىشلىك رەۋىشتە ئۇلۇغلاشمىدى. شۈبھىسىزكى، اﷲ

[1] سۈرە مەريەم، 93 ـ ئايەتتىن 95 ـ ئايەتكىچە.

[2] سۈرە فۇسسىلەت، 37 ـ ئايەت.

ھەقىقەتەن كۈچلۈكتۇر، غالىبتۇر﴾[1]؛ ﴿قُلِ ادْعُواْ الَّذِينَ زَعَمْتُم مِّن دُونِهِ فَلاَ يَمْلِكُونَ كَشْفَ الضُّرِّ عَنكُمْ وَلاَ تَحْوِيلاً أُولَئِكَ الَّذِينَ يَدْعُونَ يَبْتَغُونَ إِلَى رَبِّهِمُ الْوَسِيلَةَ أَيُّهُمْ أَقْرَبُ وَيَرْجُونَ رَحْمَتَهُ وَيَخَافُونَ عَذَابَهُ إِنَّ عَذَابَ رَبِّكَ كَانَ مَحْذُورًا﴾ ﴿سىلەر اللهنى قويۇپ خۇدا دەپ ئويلىغانلىرىڭلارنى چاقىرىڭلار، ئۇلارنىڭ قولىدىن سىلەردىن بالانى كۆتۈرۈۋېتىشمۇ ۋە ئۇنى (باشقىلارغا) يۆتكەپ قويۇشمۇ كەلمەيدۇ. ئۇلار (اللهنى قويۇپ ئىلاھ دەپ) ئىبادەت قىلىدىغانلارنىڭ (ئۆزلىرى ئىبادەت ئارقىلىق) پەرۋەردىگارىغا يېقىن بولۇشنى تىلەيدۇ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا (پەرۋەردىگارىغا) يېقىنراق بولغىنى (ھەم ئىبادەت ئارقىلىق اللهقا يېقىن بولۇشنى تىلەيدۇ)، پەرۋەردىگارىنىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىپ، (ئۇنىڭ) ئازابىدىن قورقىدۇ. پەرۋەردىگارىنىڭ ئازابى ھەقىقەتەن ساقلىنىشقا تېگىشلىكتۇر﴾[2]؛ ﴿وَالَّذِينَ تَدْعُونَ مِن دُونِهِ لاَ يَسْتَطِيعُونَ نَصْرَكُمْ وَلا أَنفُسَهُمْ يَنْصُرُونَ﴾ ﴿سىلەر اللهنى قويۇپ ئىبادەت قىلغان بۇتلار سىلەرگە ئوخشاش مەخلۇقلاردۇر، (ئۇلارنى ئىلاھ دېگەن دەۋايىڭلاردا) راستچىل بولساڭلار، ئۇلارغا دۇئا قىلىپ بېقىڭلار، دۇئايىڭلارنى ئىجابەت قىلىپ باقسۇن﴾[3].

## شېرىككە ئاپىرىدىغان يوللارنى ئېتىش

ئىسلام دىنى شېرىكتىن قاتتىق ئېھتىيات قىلغانلىقتىن، شېرىككە ئاپىرىدىغان ياكى مۇشرىكلارغا ئوخشاپ قالىدىغان ھەرقانداق يولنى قاتتىق ئېتىۋەتتى.

بىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزىنى چەكتىن ئاشۇرۇپ ئۇلۇغلايدىغان، ئۇبۇدىيەت ماقامىدىن باشقا ماقامدا سۈپەتلەيدىغان ھەرقانداق ئىشنى چەكلەپ، ساھابىلىرىغا مۇنداق دېگەنلىكىنى بىلىمىز: «مېنى ناسارالار ئىيسا ئىبنى مەريەمنى ماختىغاندەك ماختىماڭلار، مېنى اللهنىڭ بەندىسى ۋە پەيغەمبىرى دەڭلار» (بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

ئىمام نەسائى ئىبنى ئابباس (الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن)تىن رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: «الله خالىدى ۋە سەن خالىدىڭ» دېگەندە، ئۇ: «مېنى اللهقا شېرىك كەلتۈردۈڭمۇ؟ الله خالىدى، ئاندىن كېيىن سەن خالىدىڭ دېگىن» دېگەن.

---

[1] سۈرە ھەج، 73 ـ ۋە 74 ـ ئايەتلەر.

[2] سۈرە ئىسرا، 56 ـ ۋە 57 ـ ئايەتلەر.

[3] سۈرە ئەئراف، 194 ـ ئايەت.

تەبەرانى (اللە ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) مۇنداق بىر رىۋايەتنى نەقىل قىلغان: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا مۇئمىنلەرگە ئەزىيەت بېرىدىغان بىر مۇناپىق بار ئىدى. بەزى ساھابىلەر: «بىز بۇ مۇناپىققا قارشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن مەدەت تىلەيلى» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: «مەندىن مەدەت تىلىمەڭلار، ئەكسىچە، اللەتىن مەدەت تىلەڭلار» دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىگە مانا مۇشۇنداق ھەممىنىڭ ھەققىنى ئۆز جايىدا ئادا قىلىشنى ئۆگەتتى، بەندە دېگەن بەندە، پەرۋەردىگار دېگەن پەرۋەردىگاردۇر.

نەسائى ئەنەس (اللە ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن)تىن رىۋايەت قىلىدۇكى، ئۇ مۇنداق دېگەن: بىر توپ كىشىلەر: «ئى رەسۇلۇللاھ بىزنىڭ ئەڭ ياخشى كىشىمىز ئەڭ ياخشى كىشىمىزنىڭ ئوغلىدۇر، بىزنىڭ سەردارىمىز سەردارىمىزنىڭ ئوغلىدۇر» دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى ئىنسانلار، سۆزلىرىڭلارغا دىققەت قىلىڭلار، شەيتان سىلەرنى ئازدۇرۇۋەتمىسۇن، مەن مۇھەممەد بولۇپ، اللەنىڭ بەندىسى ۋە قۇلىدۇرمەن. اللە مېنى قويغان ئورۇندىن كۆتۈرۈۋېتىشىڭلارنى ياخشى كۆرمەيمەن» دېگەن. يەنە بىر رىۋايەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: «سەردار بولسا اللە تائالادۇر» دېگەن.

كىشىلەر يېتەكچىلەرنى چوڭ بىلىشتە چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىشكە ئامراق كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۇنداق قىلىشى بەزىلىرىنىڭ چىن ئىخلاسىدىن بولسا، بەزىلىرىنىڭ خۇشامەتكۇيلۇقىدىن بولىدۇ.

مۇبادا قوماندان بىر پەيغەمبەر بولۇپ، ئۇ يەنە پەيغەمبەرلەرنىڭ سەردارى بولۇپ قالسىچۇ؟ بۇ چاغدا ئەھۋال قانداق بولۇپ كېتەر ــ ھە؟!

لېكىن، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۆزىنى ساھابىلىرىنىڭ ئۇبۇدىيەت ماقامىدىن ئاشۇرۇۋەتمەسلىكلىرى ئۈچۈن: «مەن مۇھەممەد، مەن اللەنىڭ بەندىسى ۋە پەيغەمبىرىدۇرمەن» دەپ ساھابىلىرىگە قاتتىق ئەسكەرتتى.

شۇنداقلا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەرز نامازلاردىكى تەشەھھۇدتا كۈنىگە توققۇز قېتىم: «اللەتىن باشقا بەرھەق ئىلاھ يوق، ھەققەتەن مۇھەممەد اللەنىڭ بەندىسى ۋە پەيغەمبىرى دەپ شاھادەت ئېيتىمەن» دېيىشنى ئۆگەتتى.

## قەبرىلەرنى مەسجىد قىلىۋالماڭلار

دەرۋەقە، سالىھلارنى ۋە ۋەلىيلەرنى ھايات ۋاقتىلىرىدا ئۇلۇغلاشتا ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىش، ئۇلار ئۆلگەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ قەبرىلىرىدىن بەرىكەت تىلەش بولسا، اللە

تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈشنىڭ ئەڭ چوڭ دەرۋازىلىرىدۇر. ۋەھالەنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەرۋازىلارنى مۇستەھكەم تاقىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھايات ۋاقتىدا ياكى ۋاپات بولغاندىن كېيىن قەبرىسىنى ئۇلۇغلاشنى ھېچكىمگە رۇخسەت قىلمىدى. بەلكى، مۇنداق دۇئا قىلدى: «ئى الله، مېنىڭ قەبرەمنى چوقۇنىلىدىغان بۇت قىلمىغىن، ئۆز پەيغەمبەرلىرىنىڭ قەبرىلىرىنى مەسجىد قىلىۋالغان قەۋمگە اللهنىڭ غەزىپى قاتتىق بولدى».

ئەلى ئىبنى ھۇسەين (الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) بىر ئادەمنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرىسىنىڭ يېنىدىكى بىر يوچۇقنىڭ يېنىغا كىرىپ، ئۇنىڭدا دۇئا قىلىۋاتقانلىقىنى كۆردى ـ دە، ئۇنى ئۇنداق قىلىشتىن توستى ۋە مۇنداق دېدى: «مەن سىلەرگە دادامنىڭ چوڭ دادام مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن ئاڭلىغان بىر ھەدىسنى سۆزلەپ بېرەي، ئۇ مۇنداق دېگەن: «سىلەر مېنىڭ قەبرەمنى زىيارەتگاھ قىلىۋالماڭلار، ئۆيلىرىڭلارنى قەبرە قىلىۋالماڭلار، ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ سالامىڭلار سىلەر نەدە بولماڭلار ماڭا يېتىدۇ».

«سەھىھ بۇخارى»دا ئائىشە (الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن)دىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دېگەن: ئۇممۇسەلەمە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھەبەشىستان زېمىنىدا كۆرگەن بىر چېركاۋ ۋە ئۇنىڭدىكى سۈرەتلەرنى سۆزلەپ بەرگەندى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇلار ئىچىدىن سالىھ بىر ئادەم ياكى سالىھ بىر بەندە ئۆلۈپ كەتسە، ئۇنىڭ قەبرىسىگە بىر مەسجىد بىنا قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئاشۇ سۈرەتلەرنى سىزىدۇ، ئۇلار اللهنىڭ نەزىرىدىكى ئەڭ يامان كىشىلەردۇر» دېدى.

ئۇلار (ئالىملار دېگەندەك) قەبرە پىتنىسى بىلەن بۇت پىتنىسىنى بىللە قىلغانلاردۇر. بۇخارى بىلەن مۇسلىم (الله ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن) مۇنداق بىر ھەدىسنى رىۋايەت قىلغان: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دۇنيا بىلەن ۋىدالىشىپ، ئاخىرەتكە يۈزلىنىۋاتقان ئاخىرقى ۋاقىتلىرىدا مۇنداق دەيتتى: «يەھۇدىي، ناسارالارغا اللهنىڭ لەنىتى بولسۇن، ئۇلار پەيغەمبەرلىرىنىڭ قەبرىلىرىنى مەسجىد قىلىۋالدى». پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىدىن ئەندىشە قىلاتتى، ئۇنداق بولمىغان بولسا ئىدى، ئۆزىنىڭ قەبرىسىنى گەۋدىلەندۈرگەن بولاتتى، لېكىن قەبرىسىنىڭ مەسجىد قىلىنىپ قېلىشىدىن ئەنسىرىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق قىلىشى قاتتىق ئېھتىيات قىلغانلىقىدىن ئىدى. چۈنكى، ئاز ئىش جىق ئىشقا سۆرەيدۇ، كىچىك ئىش چوڭ ئىشقا ئېتتىرىدۇ، بەلكى ئۇلارمۇ مۇشۇنداق يوسۇندا مېڭىپ، ئاخىرىدا ئاشۇ قەبرىلەرنى الله بىلەن ئوخشاش ئۇلۇغلاشقا يەتكەن بولسا كېرەك. شۇنداقلا، شۇ قەبرىلەر بەرىكەت ئېلىش، سىلاش، تاۋاپ

قىلىش، بوسە قىلىش جەھەتلەردە بۇتلارغا ئوخشاش بوپقالغان. بۈگۈنكى كۈندە ئازغۇن مۇسۇلمانلارمۇ شۇنداق قىلماقتا.

بەزى ئالىملار نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىنىڭ بۇتلىرى ھەققىدە مۇشۇنداق رىۋايەتلەرنى كەلتۈرىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىمۇ ئاللاھنىڭ مەخلۇقاتلىرىنى ئۇلۇغلاش ياكى مەلۇم بىر جاينى مۇقەددەس بىلىشتەك ئەھۋاللارنى بايقىغان ھامان ئۇنى قاتتىق ئىنكار قىلاتتى. مەئرۇر ئىبنى سۇۋەيد (ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) مۇنداق دەيدۇ: مەن ئۆمەر ئىبنى خەتتاب بىلەن مەككىنىڭ يولىدا بامدات نامىزىنى ئوقۇدۇم، ئاندىن ئۆمەر كىشىلەرنىڭ ھەر تەرەپكە مېڭىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇ: «بۇلار نەگە مېڭىۋاتىدۇ؟» دېگەن ئىدى، ئۇنىڭغا: «ئى ئەمىرۇلمۇئمىنىين، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ناماز ئوقۇغان مەسجىدتە ناماز ئوقۇشقا مېڭىۋاتىدۇ» دېيىلدى. ئۆمەر: «سىلەردىن ئىلگىرىكىلەر ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبەرلىرىنىڭ ئىزلىرىغا ئەگىشىپ مېڭىپ، ئۇنى چېركاۋ - ئىبادەتخانا قىلىۋالغانلىقلىرى ئۈچۈن ھالاك بولۇپ كەتكەن. قايسى بىرىڭلارغا مۇشۇ مەسجىدلەرنىڭ بىرىدە ناماز ۋاقتى كەلسە، نامازنى شۇنىڭدا ئوقۇسۇن، ئۇنداق بولمىسا كېتىۋەرسۇن» دېدى. شۇنداقلا ئۇ ساھابىلەر يېنىدا تۇرۇپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەيئەت قىلغان دەرەخنى كېسىۋەتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۈن چىقىۋاتقان، كۈن ئولتۇرۇۋاتقان ۋاقىتلاردا ناماز ئوقۇشتىن چەكلىگەن. بۇ مۇشۇ ۋاقىتلاردا كۈنگە چوقۇنىدىغانلارغا ئوخشاپ قالماسلىق ئۈچۈن ئىدى.

## قەسەمنى پەقەت ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قىلىش كېرەك

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چەكلىگەن ئىشلاردىن بىرى بولسا، مۇسۇلمانىنىڭ ئاللاھنىڭ غەيرى بىلەن قەسەم قىلىشىدۇر. چۈنكى، قەسەمدە نامى بىلەن قەسەم قىلىنغۇچىنى ئۇلۇغلاش بولىدۇ. شۇڭلاشقا، ئۇلۇغلاش، ھۆرمەتلەش پەقەت ياراتقۇچى زاتقىلا بولۇشى لازىم. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىم قەسەم قىلىدىكەن، پەقەت ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلسۇن»؛ «كىم ئاللاھنىڭ غەيرى بىلەن قەسەم قىلىدىكەن، ئۇ ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەن بولىدۇ»؛ «ئاتاڭلارنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلماڭلار». ئەرەبلەر كەبىنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلاتتى. بۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى كەبىنىڭ رەببى بىلەن قەسەم قىلىشقا بۇيرىدى.

## قان قىلىش ۋە نەزىر قىلىش پەقەت الله ئۈچۈن بولىدۇ

ئىسلام مۇسۇلمان ئىنسانىنىڭ اللهنىڭ غەيرىگە قان قىلىشىنى هارام قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مۇنداق دېگەن: «اللهنىڭ غەيرىگە قان قىلىدىغان ئادەمگە الله لەنەت قىلدى».

شۇنداقلا، ئىسلام اللهتىن غەيرىنىڭ نامى تىلغا ئېلىنىپ بوغۇزلانغان، بۇتلارغا ئاتاپ بوغۇزلانغان هايۋانلارنىڭ گۆشىنى هارام قىلدى.

ئىسلام تەۋهىدنىڭ نوپۇزىنى مانا مۇشۇنداق قوغدىدى ۋە شېرىكنىڭ يوچۇقلىرىنى ئەتتى.

## دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك هازىرقى زامان بۇتلىرى

ئىسلامنىڭ شېرىكتىن ئاگاهلاندۇرغانلىقىنى بايان قىلىش بىلەن بىرگە، مۇشۇ دەۋردە ساپ تەۋهىد ئېتىقادىغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن يېڭى زامان بۇتلىرىدىن مۇسۇلمانلارنى ئاگاهلاندۇرۇش بىزنىڭ مەجبۇرىيىتىمىز. بەزى ئىلمسىز دىندارلار شېرىك ئىشلىرىنى مۇئەييەن بىر ئىلاهقا چوقۇنۇش ياكى بىر قانچە ئىلاهقا چوقۇنۇشقا مۇجەسسەملەنگەن تەقلىدىي بۇتپەرەسلىككە يىغىنچاقلاپ قويىدۇ.

ئۇلار شېرىكنىڭ دەرىجە - مەرتىۋىلىرىنىڭ بىر قانچە ئىكەنلىكىنى ئەسلىرىدىن چىقىرىپ قويىدى. ئەمەلىيەتتە بەزى بۇتلارنى كۆرگىلى بولىدۇ، بەزىلىرىنى كۆرگىلى بولمايدۇ.

شېرىكمۇ چوڭ - كىچىك ۋە ئاشكارا - يوشۇرۇن دەپ ئايرىلىدۇ. شېرىكنىڭ قورام تاش ئۈستىدە ئۆمىلەيدىغان چۈمۈلىدىنمۇ يوشۇرۇنى باردۇر.

كىشىلەر چوقۇنىدىغان ۋە ئۆزلىرىنىڭ دوستلۇقىنى تەقدىم ئېتىدىغان بۇتلارمۇ بار. ئۇلار بۇنى بۇت، ياكى ئىلاه ياكى پەرۋەردىگار دەپ ئاتىمىسىمۇ، ئۆزلىرى تەقدىم قىلىۋاتقان نەرسىلەرنى قۇربانلىق دەپ ئاتىمىسىمۇ شۇنداق بولىدۇ، چۈنكى تۈپ ئامىل ئاتالغۇ - ئىسىملار بولماستىن، بەلكى نىيەت - مەقسەتتۇر.

شۇڭلاشقا، ئىسلام شېرىكنىڭ هەممە تۈرىنى رەت قىلدى، هەتتاكى پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام رىياكارلىقنىمۇ شېرىك دەپ ئاتىدى.

ﷲنىڭ غەيرىنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىشمۇ شېرىكتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ﷲنىڭ خالىشى بىلەن ئۆزىنىڭ خالىشىنى بىر ئورۇندا قويغان كىشىنىمۇ قاتتىق ئىنكار قىلدى. دېمەك، ئىسلام شېرىكنىڭ ھەممە تۈرلىرىنى پۈتۈنلەي رەت قىلىدۇ.

ﷲ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە مىليونلىغان كىشىلەر بىلىپ ـ بىلمەي كەينىگە كىرىپ كېتىدىغان «ھاۋايى ـ ھەۋەس» (نەپسى خاھىش)تىن ئىبارەت ئىنتايىن خەتەرلىك بىر «بۇت»نى ياكى بىر ئىلاھنى تىلغا ئالىدۇ: ﴿أَفَرَأَيْتَ مَنِ اتَّخَذَ إِلَهَهُ هَوَاهُ وَأَضَلَّهُ اللَّهُ عَلَى عِلْمٍ وَخَتَمَ عَلَى سَمْعِهِ وَقَلْبِهِ وَجَعَلَ عَلَى بَصَرِهِ غِشَاوَةً ...﴾ ﴿(ئى مۇھەممەد!) ماڭا نەپسى خاھىشىنى ئىلاھ قىلىۋالغان، ﷲ ئازدۇرغان، (ھەقنى) بىلىپ تۇرغان، ﷲ قۇلىقىنى ۋە قەلبىنى پېچەتلىۋەتكەن ۋە كۆزىنى پەردىلىگەن ئادەمنى ئېيتىپ بەرگىن﴾[1]؛ ﴿أَرَأَيْتَ مَنِ اتَّخَذَ إِلَهَهُ هَوَاهُ أَفَأَنتَ تَكُونُ عَلَيْهِ وَكِيلًا﴾ ﴿ئېيتىپ باقساڭچۇ؟ نەپسى خاھىشىنى ئىلاھ قىلىۋالغان ئادەمگە (نەپسى خاھىشىغا ئەگىشىشتىن ئۇنى ساقلاش ئۈچۈن) ھامىي بولالامسەن﴾[2].

بىزنىڭ بۇ دەۋرىمىزدە ھەرخىل شەكىلدە نۇرغۇنلىغان بۇتلار ۋە مەبۇدلار مەيدانغا كەلدى. ئۇلار كىشىلەرنىڭ قەلبلىرىنى، ھېس ـ تۇيغۇلىرىنى، تەۋەلىكلىرىنى ئىگىلىۋالدى. كىشىلەر ئۇلارنىڭ نامى بىلەن شوئار توۋلايدۇ، ئۇلارنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ يوللىرىدا كۈرەش قىلىدۇ ۋە قۇربان بولىدۇ. ئۇلار بولسىمۇ ۋەتەنپەرۋەرلىك، مىللەتچىلىك ۋە شۇلارنىڭ تۈرىگە كىرىدىغان بۇتلاردۇر.

مەكتەپ ـ ئۇنىۋېرسىتېت، يىغىن ـ قۇرۇلتاي، گېزىت ـ ژۇرنال ۋە رادىئو ـ تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىدا ﷲنىڭ نامىنى ئاڭلىغىلى ياكى تاپقىلى بولمايدۇ، بەلكى باشقا مەبۇدنىڭ نامى ئاڭلىنىدۇ ياكى تېپىلىدۇ. ئىنسانلارنىڭ پۈتۈن پىكىر، ھېس ـ تۇيغۇلىرى، پائالىيەتلىرى شۇنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانە بولۇپ يۈرىدۇ. ئۇ بولسىمۇ «ۋەتەن»، «مىللەت»، «جەمئىيەت»، «دۆلەت» دېگەندەك شوئارلار بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى يېڭى زامانىنىڭ بۇتلىرىدۇر.

بۈگۈنكى جەمئىيەتتە ئومۇملىشىپ كەتكەن ئىشلاردىن بىرى، ھەرقانداق بىر پائالىيەت ۋەتەننىڭ نامى بىلەن ياكى خەلقنىڭ نامى بىلەن باشلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ خۇشى كېلىپ قالسا، ﷲ ۋە خەلقنىڭ نامى بىلەن بىللە باشلايدۇ. ھەتتا، خەلق ياكى ۋەتەن نامى

---

[1] سۈرە جاسىيە، 23 ـ ئايەت.

[2] سۈرە فۇرقان، 43 ـ ئايەت.

بىلەن قەسەم قىلىدۇ، «ئى ۋەتىنىم، سېنىڭ نامىڭ بىلەن قەسەم قىلىمەن» دېگەنىدەك. ئۇلار ۋەتەن ئۈچۈن كۈرەش قىلىدۇ، ئۆلۈپ كېتىپ قالسا مىللىي قەھرىمان بولىدۇ.

مانا بۇلار مۇسۇلمانلار ئارىسىغا سىڭىپ كىرگەن، ئۇلار بىلمەي قالغان شېرىكنىڭ تۈرلىرى. بۇلارنى ئەقلى ئويغاق كىشىلەر مۇسۇلمانلار ھاياتىدا يېڭىدىن مەيدانغا كەلگەن ئىش بولغانلىقىدىن خاتىرىلەپ قويغان.

ئۇستاز بېرنارد لۇۋىيسى (اللە ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) مۇنداق دېگەن: «ئىسلام تارىخىنى تەتقىق قىلىدىغان ھەرقانداق بىر تەتقىقاتچى ئىسلامنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتى باشلانغاندىن تارتىپ، بۇتلارغا چوقۇنۇشقا قارشى قىلغان كۈرەشلىرى جەھەتتىكى قالتىس قىسسىلىرىنى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرىنىڭ قانداق غەلىبە قازىنىپ، جاھىلىيەت ئەرەبلىرىنىڭ بۇتلىرىنىڭ ئورنىغا بىر ئىلاھقا ئىبادەت قىلىشنى بەرپا قىلغانلىقلىرىنى ئوبدان بىلىدۇ. بۈگۈنكى دەۋردىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش جەڭ بولماقتا، ئەمما بۇ «لات»، «ئۇززا» ۋە جاھىلىيەتنىڭ قالدۇق ئىلاھلىرىغا قارشى جەڭ ئەمەس، بەلكى ناملىرى دۆلەت، ئىرقچىلىق، مىللەتچىلىك دەپ ئاتىلىدىغان يېڭىچە بۇتلارغا قارشى جەڭدۇر. ھازىرغىچە غەلىبە مۇشۇ بۇتلارنىڭ بولۇپ كەلمەكتە. غەربنىڭ ئىلمانىزم (دۆلەتنى دىندىن ئايرىپ باشقۇرۇش ئۇقۇمى)، مىللەتچىلىك بىدئەتلىرىنى ئوتتۇرا شەرققە كىرگۈزۈشى جاھالەت قاراڭغۇلۇقلىرىنىڭ ئەڭ ئېغىر ئاپەتلىرىدىن ئىدى. لېكىن، ئۇلار ئېلان قىلىش ۋە ئاشكارىلاش جەھەتتە سەل قارىلىۋاتقان زۇلمەتتۇر».

## 2. ئىبادەتنى كاھىنلارنىڭ قۇللۇقىدىن ئازاد قىلىش

كىشىلەر دىنلارنى ئۆزگەرتىۋەتتى. اللە دىننى ئىنسانلارنى يۈكسەلدۈرۈش ئۈچۈن نازىل قىلىۋىدى، كىشىلەر ئۇنى ئەڭ تۆۋەن دەرىجىگە چۈشۈرۈپ قويدى. ئەڭ ئەجەبلىنەرلىكى شۇكى، دىننىڭ دىنىي ئەربابلارنىڭ قوللىرىدا ئۆزگەرتىلىشىدۇر. ئۇلار ئۆزلىرىنى اللەنىڭ بىپايان ئىشكىلىرىنىڭ ھاجىپلىرى قىلىۋالدى. ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى ئىنسانلارنىڭ بىۋاسىتە اللە بىلەن مۇلاقات بولۇشلىرىنى چەكلەش بولدى. ئۇلار كىشىلەرنىڭ اللەقا يېقىنلىشىش، اللە بىلەن رىشتىدە بولۇش ئىشلىرىنى مونوپول قىلىۋالدى. ئۇلار بۇنى ئەڭ بازارلىق مال ۋە كىشىلەرنىڭ ئېھتىياجى كۆپ بولىدىغان ئىستېمال بۇيۇمى قاتارىدا كۆرۈپ، باھاسىنى بەك قىممەتلەشتۈرۈۋەتتى.

ئاندىن ئىبادەت سورۇنلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ باشقۇرۇشى ئاستىغا كىرىدىغان جايلارغا باغلاپ قويدى. ئىبادەت پەقەت شۇ سورۇندىلا قوبۇل بولىدۇ دەپ جاكارلىدى. ئىبادەتنى مۇئەييەن بىر ۋاستىچىغا باغلىدى. ئۇلار بولسا الله بىلەن بەندىلەر ئوتتۇرىسىدا دەللاللىق رولىنى ئوينايدۇ. شۇنداقلا ئۇلار ئىبادەتنىڭ قوبۇل بولۇش ۋاقىتلىرىنى مەلۇم مۇراسىم ۋە پائالىيەت ۋاقتىغا مۇناسىۋەتلىك قىلىۋالدى.

بۇنداق ئىشلارنىڭ ھەممىسى شۇلارنى مونوپول قىلىۋالغان مونوپولچىلارغا ئۆتەيدىغان تۆلەم ۋە بېرىلىدىغان سوۋغىچىلەر ئارقىلىق پۈتىدۇ، ئەلۋەتتە.

## ئوتتۇرا ئەسىردىكى خىرىستىئان دىنىي زاتلىرى

ئوتتۇرا ئەسىردىكى خىرىستىئان دىنىي زاتلىرى مۇشۇنداق دىنىي ھادىسىلەرنى يولغا قويۇشتا ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئىبادەتخانىلارغا مەريەم ئەلەيھىسسالام بىلەن ئىيسا ئەلەيھىسسالاملارنىڭ رەسىملىرىنى ۋە ھەيكەللىرىنى تىكلىدى ۋە ئۇلارنى ئۇلۇغلاشنى تېگىشلىك دىنىي ئىبادەت دەپ قارىدى.

ئەڭ ئەجەبلىنەرلىك ئىش شۇكى، ئۇلارنىڭ جەننەتنى بايلىق مەنبەسى قىلىۋېلىشلىرىدۇر. ئۇلار جەننەتنى بەلگىلەنگەن پۇلنى تۆلىگەنلەرگە گىراملاپ ۋە پايچېك قىلىپ ساتتى. تۆلەنگەن پۇلغا قاراپ پاي سانىنى توختاتتى. بۇ ھەقتىكى ئەڭ مەسخىرىلىك ۋەقەلەردىن بىرى بولسا، يەھۇدىي بايلىرىدىن بىرى بۇ مەسخىرىلىك ئىشنى تېخىمۇ بىر مەسخىرىگە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن بىر پوپنىڭ يېنىغا باردى ۋە خىرىستىئانلاردەك جەننەت سېتىۋالماي، بەلكى دوزاخ سېتىۋالدى. دوزاخ ھېچكىم خالىمايدىغان ئەرزان مانا بولغانلىقىدىن، پوپ ئۇنىڭغا دوزاخنى ئەرزان باھادا سېتىپ بەردى. لېكىن، ھېيلىگەر يەھۇدىي خىرىستىئانلارغا: «بۇنىڭدىن كېيىن جەننەت سېتىۋالمىساڭلارمۇ بولىدۇ، چۈنكى دوزاخ مېنىڭ قولۇمدا، ئەمدى ئۇنىڭغا ھېچكىم كىرمەيدۇ» دەپ جاكارلىدى. شۇنىڭ بىلەن پوپ ئۇنىڭدىن دوزاخنى ئۆزى ساتقان باھادىن نەچچە ھەسسە ئاشۇرۇپ قايتىدىن سېتىۋالدى.

تارىخ ئوقۇغان ھەرقانداق بىر ئوقۇرمەن «مەغپىرەت چېكى»گە قارشى لىيۇتېر ئېلىپ بارغان ئىنقىلابنى ئوبدان بىلىدۇ.

خىرىستىئان دىنىدىكى روھانىيلار ئۆزلىرىنىڭ بېرىش ۋە چەكلەش، مەغپىرەت قىلىش ۋە مەھرۇم قىلىش، اللهنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشتۈرۈش ۋە ئۇنىڭدىن قوغلاش ھوقۇقى بار دەپ ئويلايدۇ. چۈنكى، مەسىھ ئۆزىنىڭ بەزى تالىپلىرىغا مۇنداق دېگەنمىش:

«مەن ساڭا ئاسمانلارنىڭ پادىشاھلىقىنىڭ ئاچقۇچلىرىنى بېرىمەن، سەن زېمىندا نېمىنى باغلىساڭ، ئۇ ئاسمانغا باغلىنىدۇ، سەن زېمىندا نېمىنى ھالال قىلساڭ، ئۇ ئاسماندا ھالال بولىدۇ».

## ئىسلامنىڭ ئىبادەتنى ماكان چەكلىمىسىدىن ئازاد قىلىشى

ئىسلام دىنى ئىنساننىڭ الله بىلەن بولغان ئالاقىسىنى بەرپا قىلىشتا ۋە ئۇ زاتقا ئىبادەت قىلىشتا ئۆزگىچە يول تۇتتى.

دەرۋەقە، ئىسلام ئىبادەتنى ۋاستىچى ۋە ماكان چەكلىمىلىرىدىن، دىنىي زاتلارغا بولىدىغان ئۇبۇدىيەتنىڭ ھادىسىلىرىدىن ئازاد قىلدى.

زېمىن مۇسۇلمان ئۈچۈن چوڭ بىر مېھرابتىن ئىبارەت بولۇپ، قايسى تەرەپكە يۈزلەنسە ئىبادەتتە اللهقا يۈزلىنىدۇ. الله تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿وَلِلَّهِ الْمَشْرِقُ وَالْمَغْرِبُ فَأَيْنَمَا تُوَلُّواْ فَثَمَّ وَجْهُ اللّهِ إِنَّ اللّهَ وَاسِعٌ عَلِيمٌ﴾ ﴿مەشرىقمۇ، مەغرىبمۇ (يەنى پۈتۈن يەر يۈزى) اللهنىڭدۇر، قايسى تەرەپكە يۈزلەنسەڭلارمۇ، ئۇ اللهنىڭ تەرىپى (يەنى سىلەرگە ئىختىيار قىلغان قىبلىسى)دۇر﴾[1]. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇرۇن ھېچقايسى ئۈممەتكە بېرىلمىگەن، پەقەت ئۆزىنىڭ ئۈممىتىگە بېرىلگەن خۇسۇسىيەتلەر توغرىسىدا مۇنداق دېگەن: «زېمىن مەن ئۈچۈن مەسجىد ۋە پاك قىلىندى. مېنىڭ ئۈممىتىمدىن بولغان كىشى نەدە ناماز ۋاقتى بولسا، شۇ يەردە ناماز ئوقۇسۇن».

ئىبادەتنىڭ ئىسلامدا مۇشۇنداق ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇشى غەيرى مۇسۇلمانلارنىڭ ھەيرانلىقىنى قوزغىماي قالمىدى. ھەتتاكى، غەيرى دىنىنىڭ دىنىي زاتلىرىمۇ بۇنىڭغا ھەيران قالدى. لوفرا دېگەن پوپ مۇنداق دېگەن: «تۇنجى قېتىم مۇسۇلمانلارغا ئارىلاشقان كىشى ئۇلارنىڭ ئەقىدىسىنىڭ كۆرۈنۈشلىرىدىن تەسىرلەنمەي، ھەيران بولماي قالمايدۇ. سىز مەيلى چوڭ بىر يولدا، ياكى پويىز ۋوگزالىدا، ياكى ئېتىزلىقتا بولۇڭ، سىز كۆرىدىغان كۆرۈنۈش ھېچقانداق بىر رىيا ياكى باشقىلارغا ئۆزىنى كۆرسىتىش مۇددىئاسى بولمىغان بىر ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىنى تاشلاپ، ئىنتايىن كەمتەر ھالەتتە ئۆز نامىزىنى بەلگىلەنگەن ۋاقتىتا ئادا قىلىش ئۈچۈن ئاتلىنىۋاتقان ھالەت بولىدۇ».

---

[1] سۈرە بەقەرە، 115 ـ ئايەت.

مۇشۇنداق ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان كۆرۈنۈش مىسىردىكى يەھۇدىيلارنىڭ كاتتىۋېشى، ئادۋوكات زەكى ئۇرەيبىنىڭ قەلبىگە تەسىر قىلىپ، ئۇنىڭ 1960 - يىلى مۇسۇلمان بولۇشىغا سەۋەب بولغانىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ «مەن نېمە ئۈچۈن مۇسۇلمان بولدۇم؟» دېگەن لېكسىيىسىدە مۇنداق دېگەن: «مەن مۇئەززىنىنىڭ بامدات نامىزىغا، ياكى پېشىن نامىزىغا، ياكى باشقا ۋاقىتتا ئەزان تووۋلاۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغىنىمدا، ئۇنىڭ مۇئەززىنخانىدىن ياڭراپ چىقىۋاتقان ئاۋازىنى پەقەت اللەنىڭ ھەق بىلەن باتىلنى، ھارام بىلەن ھالالنى ئايرىيدىغان، ئىنساننى توغرا يولغا باشلايدىغان نىداسى دەپ ھېس قىلاتتىم. مەن سەپەردە بولۇپ، كۆزۈم يول بويىدىكى ئېتىزلىقلاردا ئىنتايىن ئاددىي - ساددا كىيىم كىيىۋالغان، اللەنىڭ ھۇزۇرىدا ناھايىتى كەمتەرلىك ۋە سالماقلىق بىلەن ناماز ئوقۇۋاتقان بىرىگە چۈشۈپ قالاتتى - دە، مېنىڭ قەلبىممۇ ئاشۇ كىشىدەك ناماز ئوقۇشقا تەلمۈرەتتى. مەن بۇنى اللە ئۆزىنىڭ سالىھ بەندىلىرىنىڭ قەلبىگە سالىدىغان سۆيگۈسىنى دەپ قارايتتىم».

ئىسلام ئىبادەتنى كىشەنلەپ قويىدىغان ماكان چەكلىمىسىدىن ئازاد قىلدى. پەقەت ھەجنى ئۇنداق قىلمىدى. ھەجدە ماكان چەكلىمىسىدىن ئازاد قىلىشتىن ئۈستۈن تۇرىدىغان بىر قانچە سىر - ھېكمەتلەر بولغانلىقىدىن شۇنداق قىلدى. بىز بۇ ھەقتە مەخسۇس توختىلىمىز.

## ئىسلامنىڭ ئىنسان قەلبىنى ئىبادەتتە ۋاستىچىلىك چەكلىملىرىدىن ئازاد قىلىشى

ئىسلام ھەج ئىبادىتى ئۈچۈن خاس بىر ماكاننى شەرت قىلغان بولسىمۇ، ئەمما دىنىي زاتلارنىڭ ئۇنىڭغا ھەرخىل شەكىلدە تەسىر كۆرسىتىشىگە ياكى مۇسۇلمان بىلەن اللەنىڭ ئوتتۇرىسىدا ۋاستىچىلارنىڭ، كاھىنلارنىڭ ئارىلىشىشىغا ھېچقانداق يول، ھېچقانداق يوچۇق يوق. ھەجمۇ ئىسلامدىكى باشقا ئىبادەتلەرگە ئوخشاش ئېلىپ بېرىلىدۇ.

ئۇستاز ئەققاد مۇنداق دەيدۇ: «ئىسلام ئىبادەتلىرى دىن ئىبادەتلىرى ئارىسىدا تەڭدىشى بولمىغان شۇنداق بىر خاسلىقىقا ئىگىدۇر. ئۇ، ئىبادەتلەرنىڭ ماھىيىتى ياكى ئۇنىڭ ئېتىقادچىلىرىغا قارىغاندا، ئىبادەتلەرنىڭ ئەڭ يۈكسەكى، ئەڭ ئالىيسىدۇر. بۇلار ئىبادەتلەرنىڭ روشەن ئالاھىدىلىكى بولۇپ، ئىنساننىڭ ھايات نىزامىدا ئەمەلىيلىشىدىغان روھىيەت مەسىلىلىرىدە شەخسنىڭ مۇستەقىللىكىگە ئەڭ يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ.

ئىسلام ئىبادەتلىرىنىڭ ھەممىسى ئىنسان قەلبى ئۈچۈن تەكلىپتۇر، ئۇ ھەيكەلنىڭ ۋاستىچىلىقى ياكى كاھىنىنىڭ دەللاللىقىغا موھتاج بولمايدۇ.

مۇسۇلمان ئىنسان ناماز ۋاقتى نەدىلا بولمىسۇن، شۇ يەردە ناماز ئوقۇيدۇ. قايسى تەرەپكە يۈزلەنسەڭلارمۇ ئۇ ﷲ تائالانىڭ تەرىپىدۇر.

مۇسۇلمان ئىنسان ئۆزىنىڭ ئائىلىسىدە ياكى ئىش ئورنىدا تۇرۇپلا روزا تۇتىدۇ ياكى ئىپتار قىلىدۇ.

مۇسۇلمان كەبىگە خالىس ھەج قىلغىلى بارىدۇ، ھاجىلارنى سۇ بىلەن تەمىنلىگۈچىلەرنىڭ ئۇنى باشقۇرۇش ھەققى بولمايدۇ. شۇنداقلا، ئۇنىڭ ھەرەمدە قىلغان قۇربانلىقىدىمۇ پېقىر ـ مىسكىنلەردىن باشقا بىرىنىڭ ھەققى بولمايدۇ.

مۇسۇلمان ئىنسان جامائەت نامىزىغا بارىدۇ، ئۇنىڭ جامائەت بىلەن ئوقۇيدىغان نامىزى ھېچقانداق كاھىنىنىڭ پائالىيىتىگە، ياكى ئىمامغا رەسمىيەت ئۆتەشكە باغلىق بولمايدۇ. ناماز ۋاقتى كەلگەندە نامازغا ھازىر بولۇۋاتقانلارنىڭ ئارىسىدىن ئىماملىققا لايىق بىرسى، گەرچە بۇندىن بۇرۇن ئۇنى ھېچكىم تونىمىسىمۇ ئىمامەتچىلىككە چىقىدۇ. مانا بۇلاردىن بىز ئىنساننىڭ تەلكىپ قىلىنغان مەخلۇق ئىكەنلىكىنى بىلىمىز. شەكسىزكى، مۇسۇلمان ئىنساننىڭ ئىبادىتى روھىيەتنىڭ ھەقلىرىنى ۋە ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ خاھىشلىرىنىڭ مۇستەقىللىقىنى تولۇق ئادا قىلىش ئۈستىدە بولىدۇ.

دەرھەقىقەت، مۇسۇلمان ئىنساننىڭ ئېتىقادى ﷲ ھەققىدە ﷲنىڭ بەندىلىرىنىڭ قەلبلىرىنى باشقۇرىدىغان ۋاستىچىلارغا ھېچقانداق يول قويمايدۇ.

دېمەك، مۇسۇلمان ئىنساننىڭ ﷲقا بولغان ئېتىقادى ئىككى ھەقىقەت ئۈستىگە قۇرۇلىدۇ.

## ﷲ تائالا بەندىلىرىنىڭ ئۈستىدىدۇر

دەرھەقىقەت، ﷲ تائالا ئالىيلىق، قۇدرەت، سۇلتانلىق، تەسەررۇپ جەھەتلەردە بەندىلىرىنىڭ ئۈستىدىدۇر. ھېچنېمە ئۇ زاتقا ئوخشىمايدۇ، ھېچنېمە ئۇ زاتنى باشقۇرمايدۇ، ئۇنىڭ پادىشاھلىقى ئاستىغا ئۆزى ئىرادە قىلغان نەرسە كىرىدۇ. ئۇ مۇنداق دېگەن: ﴿وَهُوَ الْقَاهِرُ فَوْقَ عِبَادِهِ وَهُوَ الْحَكِيمُ الْخَبِيرُ﴾ ﴿ﷲ بەندىلىرىنىڭ ئۈستىدە قاھىردۇر (يەنى ﷲ بەندىلىرىنى ئىزگىنلەپ تۇرغۇچىدۇر)، ئۇ ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر،

ھەممىدىن خەۋەرداردۇر﴾[1]؛ ﴿لَيْسَ كَمِثْلِهِ شَيْءٌ وَهُوَ السَّمِيعُ الْبَصِيرُ﴾ ﴿ھېچ شەيئى اللهقا ئوخشاش ئەمەستۇر، الله ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر﴾[2]؛ ﴿قُلْ هُوَ اللَّهُ أَحَدٌ اللَّهُ الصَّمَدُ لَمْ يَلِدْ وَلَمْ يُولَدْ وَلَمْ يَكُن لَّهُ كُفُوًا أَحَدٌ﴾ ﴿(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، ئۇ الله بىردۇر، ھەممە اللهقا موھتاجدۇر، الله بالا تاپقانمۇ ئەمەس، تۇغۇلغانمۇ ئەمەس. ھېچ كىشى ئۇنىڭغا تەڭداش بولالمايدۇ﴾[3].

مەخلۇقاتلارنىڭ ھەممىسى الله تائالانىڭ ئىلكىدە. ئۇلار باشقىلار ئۇياقتا تۇرسۇن، ئۆزلىرىنى بىرەر زىياندىن دەپئىي قىلالمايدۇ، ئۆزلىرىگە بىرەر پايدىنى كەلتۈرەلمەيدۇ، ئۇلار باشقىلارنىڭ جېنىنى ئېلىشقا، ھايات بېغىشلاشقا ياكى ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈشكە قادىر بولالمايدۇ. بۇ ئىلاھىي ئۈستۈنلۈك مۇسۇلمانلارنىڭ نەزىرىدە ئايەتۇلكۇرسىي دەپ تونۇلغان مۇنۇ ئايەتتە ئىپادىلىنىدۇ: ﴿اللّهُ لاَ إِلَهَ إِلاَّ هُوَ الْحَيُّ الْقَيُّومُ لاَ تَأْخُذُهُ سِنَةٌ وَلاَ نَوْمٌ لَّهُ مَا فِي السَّمَاوَاتِ وَمَا فِي الأَرْضِ مَن ذَا الَّذِي يَشْفَعُ عِنْدَهُ إِلاَّ بِإِذْنِهِ يَعْلَمُ مَا بَيْنَ أَيْدِيهِمْ وَمَا خَلْفَهُمْ وَلاَ يُحِيطُونَ بِشَيْءٍ مِّنْ عِلْمِهِ إِلاَّ بِمَا شَاء وَسِعَ كُرْسِيُّهُ السَّمَاوَاتِ وَالأَرْضَ وَلاَ يَؤُودُهُ حِفْظُهُمَا وَهُوَ الْعَلِيُّ الْعَظِيمُ﴾ ﴿بىر اللهتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر؛ الله ھەمىشە تىرىكتۇر، ھەممىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچىدۇر؛ ئۇ مۈگدەپ قالمايدۇ، ئۇنى ئۇيقۇ باسمايدۇ؛ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممە نەرسە اللهنىڭ (مۈلكى)دۇر؛ اللهنىڭ رۇخسىتىسىز كىممۇ اللهنىڭ ئالدىدا شاپائەت قىلالىسۇن؛ الله ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى (يەنى دۇنيادا قىلغان)، كەينىدىكى (يەنى ئۇلار ئۈچۈن ئاخىرەتتە تەييارلىغان) ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى بىلىپ تۇرىدۇ؛ ئۇلار اللهنىڭ مەلۇماتىدىن (الله) ئۇلارغا بىلدۈرۈشنى خالىغان نەرسىلەردىن (يەنى پەيغەمبەرلەرنىڭ تىلى ئارقىلىق بىلدۈرگەن نەرسىلەردىن) باشقا ھېچ نەرسىنى بىلمەيدۇ. اللهنىڭ كۇرسى (مەلۇماتى) ئاسمانلارنى ۋە زېمىنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئاسمان ـ زېمىننى ساقلاش ئۇنىڭغا ئېغىر كەلمەيدۇ. ئۇ يۇقىرى مەرتىۋىلىكتۇر، ھەممىدىن ئۇلۇغدۇر﴾[4].

---

[1] سۈرە ئەنئام، 18 ـ ئايەت.

[2] سۈرە شۇرا، 11 ـ ئايەت.

[3] سۈرە ئىخلاس، 1 ـ ئايەتتىن ئاخىرىغىچە.

[4] سۈرە بەقەرە، 255 ـ ئايەت.

## الله تائالا ئۆز بەندىلىرى بىلەن بىللە بولىدۇ

دەرھەقىقەت، الله تائالا شۇنداق ئۇلۇغ، شۇنداق كاتتا زات تۇرۇپ، يەنىلا مەخلۇقاتلىرىغا يېقىن تۇرىدۇ. بەندىلەر قەيەردە بولسا، الله شۇ يەردە. ئىنساننىڭ ئاشكارا يۈرىشىدە ۋە خىلۋىتىدە ئۇ زات ھەممىنى ئاڭلايدۇ، ھەممىنى كۆرىدۇ. ھەممە مەخلۇقاتلارغا كۆيۈنىدۇ، ئۇلارنى توغرا يولغا يېتەكلەيدۇ، تىلىگەن ئىنسانغا بېرىدۇ، دۇئا قىلغان ئىنساننىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىدۇ. الله ئۈستۈنلۈكى بىلەن بەندىلىرىگە يېقىن، يېقىنلىقى بىلەن ئۈستۈندۇر. الله تائالا ئۇلۇغلۇق بىلەن ئۈستۈنلۈكنى بىر ئايەتكە جۇغلىدى: ﴿هُوَ الَّذِي خَلَقَ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضَ فِي سِتَّةِ أَيَّامٍ ثُمَّ اسْتَوَى عَلَى الْعَرْشِ يَعْلَمُ مَا يَلِجُ فِي الْأَرْضِ وَمَا يَخْرُجُ مِنْهَا وَمَا يَنزِلُ مِنَ السَّمَاءِ وَمَا يَعْرُجُ فِيهَا وَهُوَ مَعَكُمْ أَيْنَ مَا كُنتُمْ وَاللَّهُ بِمَا تَعْمَلُونَ بَصِيرٌ﴾ ﴿الله ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئالتە كۈندە ياراتتى، (ئاندىن ئۆزىگە لايىق رەۋىشتە) ئەرش ئۈستىدە قارار ئالدى. الله زېمىنغا كىرىپ كېتىدىغان نەرسىلەرنى، زېمىندىن چىقىدىغان نەرسىلەرنى، ئاسماندىن چۈشىدىغان نەرسىلەرنى، ئاسمانغا ئۆرلەيدىغان نەرسىلەرنى بىلىپ تۇرىدۇ، سىلەر قەيەردە بولماڭلار، الله سىلەر بىلەن بىرگە، الله قىلىۋاتقان ئىشىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر﴾[1].

الله تائالا «قۇرئان كەرىم»دە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ تىلىدىن ھېكايە قىلىپ ئىنسان بىلەن ئۆزى ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىنى مۇنداق بايان قىلدى: ﴿الَّذِي خَلَقَنِي فَهُوَ يَهْدِينِ وَالَّذِي هُوَ يُطْعِمُنِي وَيَسْقِينِ وَإِذَا مَرِضْتُ فَهُوَ يَشْفِينِ وَالَّذِي يُمِيتُنِي ثُمَّ يُحْيِينِ وَالَّذِي أَطْمَعُ أَن يَغْفِرَ لِي خَطِيئَتِي يَوْمَ الدِّينِ﴾ ﴿ئۇ مېنى ياراتقان، ئۇ مېنى ھىدايەت قىلىدۇ، ئۇ مېنى تاماق بىلەن تەمىنلەيدۇ، ئۇسسۇزلۇق بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئاغرىپ قالسام ئۇ مېنى ساقايتىدۇ. ئۇ مېنى قەبزى روھ قىلىدۇ، كېيىن يەنە تىرىلدۈرىدۇ. قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ مېنى خاتالىقلىرىمنى مەغپىرەت قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن﴾[2].

الله تائالا بەندىلىرىگە ئۆزىنىڭ يېقىنلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَقَدْ خَلَقْنَا الْإِنسَانَ وَنَعْلَمُ مَا تُوَسْوِسُ بِهِ نَفْسُهُ وَنَحْنُ أَقْرَبُ إِلَيْهِ مِنْ حَبْلِ الْوَرِيدِ﴾ ﴿بىز ھەقىقەتەن ئىنساننى ياراتتۇق، بىز ئۇنىڭ كۆڭلىگە كەلگەننى بىلىمىز، بىز ئۇنىڭ جان تومۇرىدىنمۇ يېقىنمىز﴾[3]؛ ﴿وَنَحْنُ أَقْرَبُ إِلَيْهِ مِنكُمْ وَلَكِن لَّا تُبْصِرُونَ﴾ ﴿بىز (ئىلمىمىز ۋە قۇدرىتىمىز

---

[1] سۈرە ھەدىد، 4 ـ ئايەت.

[2] سۈرە شۇئەرا، 78 ـ ئايەتتىن 82 ـ ئايەتكىچە.

[3] سۈرە قاف، 16 ـ ئايەت.

بىلەن) ئۇنىڭغا سىلەردىن يېقىنمىز، لېكىن سىلەر (ئۇنى) كۆرمەيسىلەر (يەنى بىلمەيسىلەر)﴾[1].

مۇپەسسىرلەر مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: «بىزنىڭ پەرۋەردىگارىمىز بىزگە يېقىن بولۇپ، ئۇنىڭغا مۇناجات قىلامدۇق ياكى يىراق بولۇپ، ئۇنى چاقىرامدۇق» دەپ سوراپ كەلدى. بۇنىڭ بىلەن الله تائالا بۇ سوئالغا جاۋاب بېرىپ، مۇنۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: ﴿وَإِذَا سَأَلَكَ عِبَادِي عَنِّي فَإِنِّي قَرِيبٌ أُجِيبُ دَعْوَةَ الدَّاعِ إِذَا دَعَانِ فَلْيَسْتَجِيبُواْ لِي وَلْيُؤْمِنُواْ بِي لَعَلَّهُمْ يَرْشُدُونَ﴾ ﴿مېنىڭ بەندىلىرىم سەندىن مەن توغرۇلۇق سورىسا (ئۇلارغا ئېيتقىنكى)، مەن ھەقىقەتەن ئۇلارغا يېقىنمەن (يەنى ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى، سۆزلىرىنى بىلىپ تۇرىمەن)، ماڭا دۇئا قىلسا، مەن دۇئا قىلغۇچىنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىمەن﴾[2].

بۇ ئايەتتە دىققەت قىلىدىغان يەر شۇكى، كىشىلەرنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سورىغان سوئاللىرى «قۇرئان كەرىم»دە ئون نەچچە ئورۇندا بايان قىلىنىدى. مەزكۇر سوئاللارغا بېرىلگەن ھەربىر جاۋابتا «ئى مۇھەممەد! ئېيتقىنكى...» دېگەن ئىبارە ياندىشىپ كېلەتتى. مەسىلەن، ﴿يَسْأَلُونَكَ عَنِ الأهِلَّةِ قُلْ هِيَ مَوَاقِيتُ لِلنَّاسِ وَالْحَجِّ وَلَيْسَ الْبِرُّ بِأَنْ تَأْتُوْاْ الْبُيُوتَ مِن ظُهُورِهَا وَلَكِنَّ الْبِرَّ مَنِ اتَّقَى وَأْتُواْ الْبُيُوتَ مِنْ أَبْوَابِهَا وَاتَّقُواْ اللّهَ لَعَلَّكُمْ تُفْلِحُونَ﴾ ﴿(ئى مۇھەممەد!) سەندىن يېڭى چىققان ئاي (يەنى ئاينىڭ كىچىك چىقىپ چوڭىيىدىغانلىقى، ئاندىن كىچىكلەيدىغانلىقى) توغرىلىق سورىشىدۇ. (ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، ‹ئۇ كىشىلەرنىڭ (تىرىكچىلىك، سودا ـ سېتىق، مۇئامىلە، روزا تۇتۇش، ئېغىز ئېچىش قاتارلىق) ئىشلارنىڭ ۋە ھەجنىڭ ۋاقىتلىرىنى ھېسابلىشى ئۈچۈندۇر﴾[3]؛ ﴿وَيَسْأَلُونَكَ مَاذَا يُنفِقُونَ﴾ ﴿ئۇلار سەندىن نېمىنى سەدىقە قىلىش توغرىلىق سورايدۇ﴾[4].

شۇنداقلا مەزكۇر ئايەتنىڭ جاۋابىدىمۇ «مېنىڭ بەندىلىرىم سەندىن سورىسا، (ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى مەن ھەقىقەتەن يېقىنمەن» دېيىلىشى كېرەك ئىدى. لېكىن، مەزكۇر ئايەتتە ئادەتتىكە خىلاپ ئۇسلۇب كەلدى. يەنى، الله تائالا ئۆزى بىۋاسىتە ﴿مەن ھەقىقەتەن يېقىنمەن﴾ دېدى. بۇ خىل ئۇسلۇبنىڭ ئىنسان قەلبى ۋە ئەقلىگە مەلۇم دالالىتى ۋە كۆرسەتمىسى بار. يەنى، بۇنىڭدا الله تائالا ئۆزى بىلەن بەندىلىرى ئوتتۇرىسىدا

---

[1] سۈرە ۋاقىئە، 85 ـ ئايەت.

[2] سۈرە بەقەرە، 186 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[3] سۈرە بەقەرە، 189 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[4] سۈرە بەقەرە، 219 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ۋاستە قىلمىدى. بۇ گويا «مەن توغرۇلۇق ھۆكۈم سوئاللىرىدا ئۇلارغا يەتكۈزگىنىڭدەك يەتكۈزمىگىن، بۇنى ئۆزۈم بىۋاستە يەتكۈزەي، يەنى مەن سىلەرگە ھەقىقەتەن يېقىنمەن دەي» دېگەندەك مەزمۇننى ئىپادىلەيدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىنىڭ ئۇنلۇك دۇئا قىلىۋاتقانلىقلىرىنى كۆرگەندە، ئۇلارغا: «ئۆزۈڭلارنى تۇتۇۋېلىڭلار، سىلەر گاس ياكى كۆز ئالدىڭلاردا بولمىغان بىرىگە دۇئا قىلمايۋاتىسىلەر، بەلكى ھەممىنى ئاڭلايدىغان، ھەممىگە يېقىن زاتقا دۇئا قىلىۋاتىسىلەر» دېگەن[1].

## ئىسلامدا ۋاستىچىلارغا ھېچقانداق ئورۇن يوق

بىرگە يۇقىرىدىكى ئىككى ھەقىقەتتىن زالىم پادىشاھلارنىڭ، مۇستەبىت ھاكىملارنىڭ، قانخور جاللاتلارنىڭ قىلمىشلىرىغا ئوخشاش، الله تائالانىڭ دەرگاھىدا ۋاستىچىلىقنى قولغا ئېلىۋالغانلىقىنى بىلجىرلايدىغان ۋە اللهنىڭ مەخلۇقاتلىرىنى خالىغانچە ئېلىپ، ساتىدىغان دەللال ۋە ۋاستىچىلارغا ئىسلامدا ھېچقانداق ئورۇن يوقلۇقى ئايان بولىدۇ.

دەرھەقىقەت، ئۇلارغا ھېچقانداق ئورۇن يوق. چۈنكى، ئىسلام ئەقىدىسىدە الله تائالا ئۆزى بىلمىگەننى ئىنسان بىلدۈرۈپ قويىدىغان، ياكى اللهنىڭ ئىرادىسىنى ئۆزى خالىمىغان يۆنىلىشكە يۆزلەندۈرۈپ قويىدىغان بىرەر ۋاستىچى ياكى شاپائەتچى بولۇشتىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. الله تائالا رەھمىتىنى ۋە جەننىتىنى پاي بىلەن تارقىتىدىغان ئاشۇنداق ئازغۇن دەججاللارغا تاشلاپ قويۇشتىن ئۈستۈن تۇرىدىغان كەرەملىك زاتتۇر. چۈنكى، يارىتىش ۋە ئەمر قىلىش، ئىگىلىك ۋە پادىشاھلىق، جازالاش ۋە ئەپۇ قىلىش اللهنىڭ ئىلكىدىدۇر. الله تائالا پەرىشتىلەرنى اللهنىڭ بالىلىرى دەپ بىلجىرلايدىغانغا رەددىيە بېرىپ مۇنداق دېگەن: ﴿... بَلْ عِبَادٌ مُّكْرَمُونَ لَا يَسْبِقُونَهُ بِالْقَوْلِ وَهُم بِأَمْرِهِ يَعْمَلُونَ يَعْلَمُ مَا بَيْنَ أَيْدِيهِمْ وَمَا خَلْفَهُمْ وَلَا يَشْفَعُونَ إِلَّا لِمَنِ ارْتَضَى وَهُم مِّنْ خَشْيَتِهِ مُشْفِقُونَ﴾ (پەرىشتىلەر اللهنىڭ ھۆرمەتلىك بەندىلىرىدۇر. ئۇلار اللهقا ئالدى بىلەن سۆز قىلىشقا پېتىنالمايدۇ، ئۇلار اللهنىڭ ئەمرى بويىچە ئىش قىلىدۇ. الله ئۇلارنىڭ قىلغانلىرىنى ۋە قىلماقچى

[1] بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

بولغانلىرىنى بىلىپ تۇرىدۇ. ئۇلار الله رازى بولغانلارغىلا شاپائەت قىلىدۇ، اللهنىڭ ھەيۋىسىدىن تىترەپ تۇرىدۇ﴾[1].

الله تائالا ئۆزىنىڭ دەرگاھىدا ئالاھىدە ئورۇنلىرى بارلىقىنى دەۋا قىلىدىغان يەھۇدىي ۋە خرىستىئانلارغا رەددىيە بېرىپ مۇنداق دېگەن: ﴿وَقَالَتِ الْيَهُودُ وَالنَّصَارَى نَحْنُ أَبْنَاء اللّهِ وَأَحِبَّاؤُهُ قُلْ فَلِمَ يُعَذِّبُكُم بِذُنُوبِكُم بَلْ أَنتُم بَشَرٌ مِّمَّنْ خَلَقَ يَغْفِرُ لِمَن يَشَاء وَيُعَذِّبُ مَن يَشَاء وَلِلّهِ مُلْكُ السَّمَاوَاتِ وَالأَرْضِ وَمَا بَيْنَهُمَا وَإِلَيْهِ الْمَصِيرُ﴾ ﴿يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار: ‹بىز اللهنىڭ ئوغۇللىرىدۇرمىز (يەنى ئاتا ـ بالىدەك يېقىنمىز) ۋە (بىز اللهنىڭ دىنىدا بولغاچقا) دوستلىرىدۇرمىز› دېدى. ئېيتقىنكى، ‹(ئۇنداق بولسا) الله نېمە ئۈچۈن سىلەرگە گۇناھىڭلار تۈپەيلىدىن ئازاب قىلىدۇ؟› بەلكى سىلەر باشقا كىشىلەرگە ئوخشاش الله ياراتقان ئىنسانسىلەر، الله خالىغان ئادەمگە مەغپىرەت قىلىدۇ، خالىغان ئادەمگە ئازاب قىلىدۇ. ئاسمانلارنىڭ، يەر يۈزىنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نەرسىلەرنىڭ پادىشاھلىقى اللهقا خاستۇر، ئەڭ ئاخىر قايتىدىغان جاي اللهنىڭ دەرگاھىدۇر﴾[2].

«قۇرئان كەرىم»دە ئۆزلىرىنىڭ ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىغا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلىدىغانلار توغرۇلۇق قىيامەت كۈنى ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ الله تائالاغا: ﴿إِن تُعَذِّبْهُمْ فَإِنَّهُمْ عِبَادُكَ وَإِن تَغْفِرْ لَهُمْ فَإِنَّكَ أَنتَ الْعَزِيزُ الْحَكِيمُ﴾ ﴿ئەگەر ئۇلارغا ئازاب قىلساڭ، ئۇلار سېنىڭ بەندىلىرىڭدۇر (ئۇلارنى خالىغانچە تەسەررۇپ قىلىسەن)، (ساڭا ھېچ ئەھەدى تەئەررۇز قىلالمايدۇ)، ئەگەر ئۇلارغا (يەنى ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى تەۋبە قىلغانلارغا) مەغپىرەت قىلساڭ، سەن (ئىشىڭدا) غالىب، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇرسەن﴾[3] دەيدىغانلىقىنى ئۇچرىتىمىز.

الله تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەزىپىسىنىڭ دائىرىسىنى بەلگىلەپ مۇنداق دېگەن: ﴿فَذَكِّرْ إِنَّمَا أَنتَ مُذَكِّرٌ لَّسْتَ عَلَيْهِم بِمُصَيْطِرٍ﴾ ﴿سەن (ئۇلارغا) ۋەز ـ نەسىھەت قىلغىن، سەن پەقەت (ئۇلارغا) ۋەز ـ نەسىھەت قىلغۇچىسەن، سەن ئۇلارغا مۇسەللەت (يەنى ئۇلارنى ئىمانغا مەجبۇرلىغۇچى) ئەمەسسەن﴾[4]؛ ﴿قُل لاَّ أَمْلِكُ لِنَفْسِي نَفْعًا وَلاَ ضَرًّا إِلاَّ مَا شَاء اللّهُ وَلَوْ كُنتُ أَعْلَمُ الْغَيْبَ لاَسْتَكْثَرْتُ مِنَ الْخَيْرِ وَمَا مَسَّنِيَ السُّوءُ إِنْ أَنَاْ إِلاَّ نَذِيرٌ وَبَشِيرٌ لِّقَوْمٍ يُؤْمِنُونَ﴾ ﴿ئېيتقىنكى (ئى مۇھەممەد)، الله خالىمىغان ئىكەن، ئۆزۈمگە پايدا يەتكۈزۈش، زىياننى ئۆزۈمدىن دەپئى قىلىش قولۇمدىن كەلمەيدۇ، (قىيامەتنىڭ قاچان بولۇشىنى قانداقمۇ

---

[1] سۈرە ئەنبىيا، 26 ـ ئايەتتىن 28 ـ ئايەتكىچە.

[2] سۈرە مائىدە، 18 ـ ئايەت.

[3] سۈرە مائىدە، 118 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[4] سۈرە غاشىيە، 21 ـ ۋە 22 ـ ئايەتلەر.

بىلەي؟) ئەگەر مەن غەيبنى بىلىدىغان بولسام (دۇنيا مەنپەئەتلىرىدىن) نۇرغۇن مەنپەئەت ھاسىل قىلغان بولاتتىم، زىيان ـ زەخمەتكىمۇ ئۇچرىمىغان بولاتتىم (لېكىن مەن غەيبنى بىلمەيمەن، شۇڭا ماڭا تەقدىر قىلىنغان ياخشى ـ يامانلىق يېتىپ تۇرىدۇ). مەن پەقەت ئىمان ئېيتىدىغان قەۋم ئۈچۈن ئاگاھلاندۇرغۇچى ۋە خۇشخەۋەر بەرگۈچى قىلىپ ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرمەن﴾[1].

مۇشۇنداق پاكىتلار ئالدىدا مۇسۇلمان ئىنسان ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى اللەنىڭ ئىرادىسىگە «تەسىر» كۆرسىتەلەيدىغان «ۋاسىتىچى»نىڭ بارلىقىغا ئېتىقاد قىلىشى مۇمكىنمۇ؟

يەنى، ئۇنداق ۋاسىتىچىلارغا قەتئىي ئورۇن يوق، مۇسۇلمان ئىنسان ھېچقانداق ۋاقىتتا پەرۋەردىگارى بىلەن ئۆزىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىدە بىرىگە موھتاج بولىدىغانلىقىنى قەتئىي ھېس قىلمايدۇ. چۈنكى، الله ئۇنىڭ قەلبىگە ئىنتايىن يېقىن، ئۇ قەيەردە بولسۇن، الله شۇ يەردە. الله تائالا ئۇنىڭغا ھەر كېچە يېقىنلىشىپ، مەن دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىدىغان دۇئا قىلغۇچى بارمۇ؟ مەن مەغپىرەت قىلىدىغان مەغپىرەت تىلىگۈچى بارمۇ؟ مەن تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدىغان تەۋبە قىلغۇچى بارمۇ؟ مۇنداق، مۇنداق قىلغۇچى بارمۇ؟ دەيدۇ. الله تەۋبە قىلغۇچىلارنى، پاكلانغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ، الله تائالا بىر غېرىچ يېقىنلاشقان بەندىسىگە بىر گەز يېقىنلىشىدۇ.

مۇسۇلمان ئىنسان ئۆزىنىڭ پەرۋەردىگارى بىلەن تەرجىمانسىز سۆزلىشەلەيدۇ، خالىغان ۋاقىتتا، خالىغان جايدا، خالىغان نەرسىلەر بىلەن مۇناجات قىلالايدۇ ۋە اللەنىڭ ئالدىدا پەردىسىز تۇرالايدۇ.

ئەھۋال مۇشۇنداق ئىكەن، مۇسۇلمان ئىنساننىڭ ساختىپەز ۋاسىتىچىگە نېمە ھاجىتى؟

مەلۇمكى، ئىسلام ئېتىراپ قىلىدىغان ئالاھىدە ۋاسىتە بولسا، ئىمان بىلەن بىرگە سالىھ ئەمەلدۇر. الله تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿لَّيْسَ بِأَمَانِيِّكُمْ وَلا أَمَانِيِّ أَهْلِ الْكِتَابِ مَن يَعْمَلْ سُوءًا يُجْزَ بِهِ وَلاَ يَجِدْ لَهُ مِن دُونِ اللّهِ وَلِيًّا وَلاَ نَصِيرًا وَمَن يَعْمَلْ مِنَ الصَّالِحَاتَ مِن ذَكَرٍ أَوْ أُنثَى وَهُوَ مُؤْمِنٌ فَأُوْلَئِكَ يَدْخُلُونَ الْجَنَّةَ وَلاَ يُظْلَمُونَ نَقِيرًا﴾ ﴿(الله ۋەدە قىلغان ساۋاب) سىلەرنىڭ قۇرۇق ئارزۇيۇڭلار ۋە ئەھلى كىتابنىڭ قۇرۇق ئارزۇسى بىلەن قولغا كەلمەيدۇ، كىمكى بىر يامانلىق قىلىدىكەن، بۇنىڭ ئۈچۈن (دۇنيادا ياكى ئاخىرەتتە) جازالىنىدۇ، ئۇ ئۆزى ئۈچۈن اللەتىن باشقا (اللەنىڭ ئازابىدىن قۇتۇلدۇرىدىغان) ھېچقانداق دوست ۋە ھېچقانداق مەدەتكار تاپالمايدۇ. ئەر ـ ئاياللاردىن مۆئمىن بولۇپ تۇرۇپ ياخشى ئىشلارنى قىلغانلار جەننەتكە

---

[1] سۈرە ئەئراف، 188 ـ ئايەت.

داخىل بولىدۇ، ئۇلارغا قىلچە زۇلۇم قىلىنمايدۇ (يەنى ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەللىرىنىڭ ساۋابى قىلچە كېمەيتىۋېتىلمەيدۇ)﴾[1].

## 3. قەلبنىڭ ئىخلاسى ئەمەلنىڭ قوبۇل بولۇش ئاساسدۇر

ئىسلام دىنى ئىبادەت ساھەسىدە يولغا قويغان ئۈچىنچى پرىنسىپ شۇكى، ھەرقانداق بىر ئىبادەتنىڭ قوبۇل بولۇشىنىڭ تۈپ ئاساسى ئىنسان قەلبىنىڭ اللە تائالاغا ئىخلاس قىلىشىدۇر. چۈنكى، ئىبادەتنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتى تاشقى قىياپەتكە ئالاقىدار شەكىل ياكى بەدەنگە مۇناسىۋەتلىك سۈرەت ئەمەس، بەلكى ئىنسان قەلبىگە ئالاقىدار سىر، روھىيەت بولىقىدىن ئېتىلىپ چىقىدىغان ئىخلاستۇر. مۇبادا مۇسۇلمان ئىنساننىڭ قەلبى ئىبادەتتە راستچىل بولمىسا، اللەقا ئىتائەت قىلىشتا ئىخلاس قىلمىسا ۋە ئۇنى خۇددى مەتۇ - ساراڭلار مەنىسىز سۆزلەرنى ئېيتقاندەك، روھىيەتتىن خالىي قائىدە - يوسۇنلارغا ئوخشاش ئادا قىلسا، اللە تائالا ئۇنى خۇددى ئۇستا زەرگەر ساختا پۇلنى قوبۇل قىلمىغاندەك قوبۇل قىلمايدۇ. اللە تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿وَمَا أُمِرُوا إِلَّا لِيَعْبُدُوا اللَّهَ مُخْلِصِينَ لَهُ الدِّينَ حُنَفَاء ...﴾ ﴿ئۇلار پەقەت ئىبادەتنى اللەقا خالىس قىلغان، ھەق دىنغا ئېتىقاد قىلغان ھالدا (يالغۇز) اللەقىلا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلدى﴾[2]؛ ﴿إِنَّا أَنزَلْنَا إِلَيْكَ الْكِتَابَ بِالْحَقِّ فَاعْبُدِ اللَّهَ مُخْلِصًا لَّهُ الدِّينَ﴾ ﴿ساڭا بىز (بۇ) كىتابنى ھەقىقەتەن ھەق بىلەن (يەنى ھەقىقەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا) نازىل قىلدۇق، دىنىڭنى شېرىكتىن (ۋە رىيادىن) ساپ قىلغىنىڭ ھالدا اللەقا ئىبادەت قىلغىن﴾[3]؛ ﴿قُلْ إِنِّي أُمِرْتُ أَنْ أَعْبُدَ اللَّهَ مُخْلِصًا لَّهُ الدِّينَ﴾ ﴿ئېيتقىنكى، ‹مەن دىنىنى (شېرىكتىن ۋە رىيادىن) ساپ قىلغان ھالدا اللەقا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلدۇم›﴾[4]؛ ﴿قُلِ اللَّهَ أَعْبُدُ مُخْلِصًا لَّهُ دِينِي﴾ ﴿ئېيتقىنكى، ‹دىنىمنى (شېرىكتىن ۋە رىيادىن) ساپ قىلغان ھالدا اللەقا ئىبادەت قىلىمەن›﴾[5].

بەزى خرىستىئان مىسسىئونېرلىرى ۋە شەرقشۇناسلار ئىسلامغا بوھتان چاپلاپ، ئىسلام ئىبادەتتە پەقەت مۇراسىم ۋە شەكىللەرگە ئەھمىيەت بېرىدۇ، ئىنسان قەلبىگە،

[1] سۈرە نىسا، 123 - ۋە 124 - ئايەتلەر.
[2] سۈرە بەييىنە، 5 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە زۇمەر، 2 - ئايەت.
[4] سۈرە زۇمەر، 11 - ئايەت.
[5] سۈرە زۇمەر، 14 - ئايەت.

نىيەتكە، روھىيەتكە كۆڭۈل بۆلمەيدۇ دەپ بىلجىرلايدۇ. بىر قىسىم شەرقشۇناسلار، گەرچە ئىسلام ئۇلارنىڭ تىلىدىنمۇ ئامان قالمىغان بولسىمۇ، مۇنداق ئېغىر يالغان ـ ياۋىداقلارنى ۋە نادانلارچە بېرىلگەن باھالارنى راۋا كۆرمەي، ئۇلارغا رەددىيە بەردى.

گولد زىھەر ئۆزىنىڭ «ئىسلامدىكى ئەقىدە ۋە شەرىئەت» ناملىق كىتابىدا مۇنداق دېگەن: «شەكسىزكى، ئىسلام بىر شەرىئەتتۇر. ئۇ مۇئمىنلەرنى ئىبادەت پائالىيەتلىرىگە بويسۇندۇرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئىسلام تەلىماتلىرىنىڭ بىرىنچى مەنبەسى بولغان «قۇرئان كەرىم»دە ئەمەللەرنىڭ نىيەتكە باغلىق ئىكەنلىكى، نىيەتنىڭ دىنىي قىممەت ئۆلچىمى ئىكەنلىكى ئوچۇق بايان قىلىنىدۇ. شۇنداقلا، شەرىئەتكە ھۆرمەت بىلدۈرۈش مېھرى ـ شەپقەت ۋە ياخشىلىق ئەمەللىرى بىلەن بىرگە بولمىسا، ئۇنىڭ قىممىتى تۆۋەن بولىدۇ دەپ قارىلىدۇ.

اللە تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿لَّيْسَ الْبِرَّ أَن تُوَلُّواْ وُجُوهَكُمْ قِبَلَ الْمَشْرِقِ وَالْمَغْرِبِ وَلَكِنَّ الْبِرَّ مَنْ آمَنَ بِاللّهِ وَالْيَوْمِ الآخِرِ وَالْمَلآئِكَةِ وَالْكِتَابِ وَالنَّبِيِّينَ وَآتَى الْمَالَ عَلَى حُبِّهِ ذَوِي الْقُرْبَى وَالْيَتَامَى وَالْمَسَاكِينَ وَابْنَ السَّبِيلِ وَالسَّآئِلِينَ وَفِي الرِّقَابِ وَأَقَامَ الصَّلاةَ وَآتَى الزَّكَاةَ وَالْمُوفُونَ بِعَهْدِهِمْ إِذَا عَاهَدُواْ وَالصَّابِرِينَ فِي الْبَأْسَاء والضَّرَّاء وَحِينَ الْبَأْسِ أُولَئِكَ الَّذِينَ صَدَقُوا وَأُولَئِكَ هُمُ الْمُتَّقُونَ﴾ ﴿سىلەرنىڭ كۈن چىققان ۋە كۈن پاتقان تەرەپكە يۈز كەلتۈرۈشۈڭلارنىڭ ئۆزىلا ياخشى ئەمەلگە ياتمايدۇ، بەلكى اللەقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە، پەرىشتىلەرگە، كىتابقا (يەنى اللە نازىل قىلغان كىتابلارغا)، پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش، اللەنى سۆيۈش يۈزىسىدىن خىش ـ ئەقرىبالارغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، ئىبنى سەبىللەرگە (يەنى پۇل ـ مېلىدىن ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ قالغان مۇساپىرلارغا)، سائىللارغا ۋە قۇللارنىڭ ئازادلىقىغا ئېرىشىشىگە پۇل ـ مال ياردەم بېرىش، ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش، ئەھدىگە ۋاپا قىلىش، يوقسۇزلۇققا، كېسەللىككە ۋە (اللەنىڭ يولىدا قىلىنغان) ئۇرۇشقا بەرداشلىق بېرىش ياخشى ئەمەلگە كىرىدۇ. ئەنە شۇلار (يەنى يۇقىرىقى سۈپەتكە ئىگە كىشىلەر) (ئىمانىدا) راستچىل ئادەملەردۇر، ئەنە شۇلار تەقۋادار ئادەملەردۇر﴾[1].

ھەج پائالىيەتلىرىنى ئەرەب بۇتپەرەسلىكىدىن ئېلىپ چىقىپ، اللەنىڭ مۇنۇ ئايىتىگە ئاساسەن تەرتىپكە سالدى[2]: ﴿وَلِكُلِّ أُمَّةٍ جَعَلْنَا مَنسَكًا لِيَذْكُرُوا اسْمَ اللَّهِ عَلَى مَا رَزَقَهُم مِّن بَهِيمَةِ الْأَنْعَامِ ...﴾ ﴿ھەر ئۈممەت اللە ئۇلارغا رىزىق قىلىپ بەرگەن چارۋىلارنى (شۈكۈر

---

[1] سۈرە بەقەرە، 177 ـ ئايەت.

[2] بۇ شەرقشۇناس بۇ نۇقتىدا يالغان ئېيتىۋاتىدۇ، ئىسلام ھەجنى ئەرەب بۇتپەرەسلىكىدىن ئالغانلىقنى قەتئىي ئىنكار قىلىدۇ. چۈنكى ئىسلام ئىنسانلارنى ھەجگە تۇنجى بولۇپ دەۋەت قىلغان ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىدىن شېرىك ئارىلىشىپ قالمىغانلىرىغا ۋارىسلىق قىلدى.

قىلىش يۈزىسىدىن قۇربانلىق قىلغانلىرىدا) ئاللاھنىڭ ئىسمىنى ئېيتسۇن دەپ، ئۇلارغا قۇربانلىقنى بەلگىلىدۇق﴾[1]. مۇھەممەد (ئەلەيھىسسالام) يەنە: ﴿لَن يَنَالَ اللَّهَ لُحُومُهَا وَلَا دِمَاؤُهَا وَلَكِن يَنَالُهُ التَّقْوَى مِنكُمْ﴾ ﴿ئاللاھقا ئۇلارنىڭ گۆشلىرى ۋە قانلىرى يېتىپ بارمايدۇ، ئاللاھقا يېتىدىغىنى پەقەت سىلەرنىڭ تەقۋادارلىقىڭلاردۇر﴾[2] دېگەن ئايەتنى چۈشەندۈرۈپ، ھەج پائالىيىتىگە ياندىشىپ كېلىشى لازىم بولغان تەقۋالىق نىيىتىنىڭ ئەھمىيىتىنىڭ ناھايىتى چوڭ ئىكەنلىكىنى بېكىتتى.

ئىخلاسنىڭ مۇكاپاتىنى غافىر سۈرىسىدە بەلگىلىدى: ﴿فَادْعُوا اللَّهَ مُخْلِصِينَ لَهُ الدِّينَ وَلَوْ كَرِهَ الْكَافِرُونَ﴾ ﴿دىنىڭلارنى (شېرىكتىن ۋە رىيادىن) ساپ قىلغان ھالدا ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار﴾[3]. قەلبلەرنىڭ تەقۋالىقىنىمۇ بېكىتتى: ﴿ذَلِكَ وَمَن يُعَظِّمْ شَعَائِرَ اللَّهِ فَإِنَّهَا مِن تَقْوَى الْقُلُوبِ﴾ ﴿كىمكى دىنىي ئىشلارنى (جۈملىدىن ھەجنىڭ ئەمەللىرىنى، قۇربانلىقلارنى) ئۇلۇغلايدىكەن، بۇ، دىللارنىڭ تەقۋادارلىقىدىندۇر﴾[4]. ساپ قەلبنىڭ مۇكاپاتىنىمۇ بېكىتتى: ﴿يَوْمَ لَا يَنفَعُ مَالٌ وَلَا بَنُونَ إِلَّا مَنْ أَتَى اللَّهَ بِقَلْبٍ سَلِيمٍ﴾ ﴿ئۇ كۈنى (ھېچ كىشىگە) مال ۋە ئوغۇللار پايدا يەتكۈزەلمەيدۇ، پەقەت (ئاللاھنىڭ دەرگاھى)غا پاك قەلب بىلەن كەلگەن ئادەمگىلا پايدا يەتكۈزۈلىدۇ﴾[5]. مانا بۇلار مۇئمىنلەرنىڭ دىنىي پەزىلىتىنى بەلگىلەشتىكى ئۆلچەمدۇر.

بۇنداق قائىدىچانلىق كېيىنچە دىنىي ھاياتنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان سۈننەت تەلىماتلىرى تۈرتكىسىدە، شۇنداقلا، دىنىي ئەمەلنىڭ قىممىتىنى ئۆلچەم قىلغان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشقا رىغبەتلەندۈرىدىغان نىيەت، مەقسەت ۋە روھىي نەزىرىيە ئاستىدا تېخىمۇ كېڭەيدى. دېمەك، ھەرقانداق بىر ياخشى ئەمەلگە شەخسىيەتچىلىك ۋە رىياكارلىق ئارىلىشىپ قالسا، ئۇ ئەمەلنى ئۆزىنىڭ دىنىي قىممىتىدىن ئايرىۋېتىدۇ».

دېمەك، ئىسلامدا ئىنسان قەلبى ئاساستۇر. ئۇ، ئاللاھنىڭ نەزىرى چۈشىدىغان ۋە ئاللاھ كۆڭۈل بۆلىدىغان ئورۇندۇر، ئۇ، ئاخىرەتتە ئەمەللەرنىڭ قوبۇل بولۇش ۋە نىجات تېپىش تايانچىسىدۇر. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ھەقىقەتەن، ئاللاھ سىلەرنىڭ جىسمىڭلارغا ۋە چىرايىڭلارغا قارىمايدۇ، بەلكى قەلبىڭلارغا قارايدۇ»

[1] سۈرە ھەج، 34 ـ ئايەت.

[2] سۈرە ھەج، 37 ـ ئايەت.

[3] سۈرە غافىر، 14 ـ ئايەت.

[4] سۈرە ھەج، 32 ـ ئايەت.

[5] سۈرە شۇئەرا، 88 ـ ۋە 89 ـ ئايەتلەر.

(مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)؛ «بىلىڭلاركى، بەدەندە بىر پارچە گۆش بار، ئۇ ئوڭشالسا پۈتۈن بەدەن ئوڭشىلىدۇ، ئۇ بۇزۇلسا پۈتۈن بەدەن بۇزۇلىدۇ، ئۇ بولسىمۇ قەلبتۇر» (بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

اللە تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿وَأُزْلِفَتِ الْجَنَّةُ لِلْمُتَّقِينَ غَيْرَ بَعِيدٍ هَذَا مَا تُوعَدُونَ لِكُلِّ أَوَّابٍ حَفِيظٍ مَنْ خَشِيَ الرَّحْمَن بِالْغَيْبِ وَجَاء بِقَلْبٍ مُّنِيبٍ ادْخُلُوهَا بِسَلَامٍ ذَلِكَ يَوْمُ الْخُلُودِ﴾ ﴿جەننەت تەقۋادارلارغا يىراق بولمىغان جايغا يېقىنلاشتۇرىلىدۇ. مانا بۇ (نېمەتتىن) سىلەرگە ۋەدە قىلىنغان نەرسىلەر اللەنىڭ (تائىتىگە) قايتقۇچى، (ئەمرىنى) ساقلىغۇچى ھەربىر (بەندە) ئۈچۈندۇر. كىمكى، مېھرىبان اللەنى كۆرمەي تۇرۇپ، ئۇنىڭدىن قورقسا ۋە تەۋبە قىلغۇچى قەلب بىلەن كەلسە (ئۇلارغا): ‹جەننەتكە ئامانلىق بىلەن كىرىڭلار، بۇ مەڭگۇ قېلىش كۈنىدۇر› (دېيىلىدۇ)﴾[1].

## اللە قوبۇل قىلىدىغان ئىبادەت

ئىسلام اللەنىڭ نەزىرىدە مەقبۇل بولىدىغان ئىبادەتنى روھىيەت كۆلەڭگىسىدىن خالىي بولغان ئەمەل دەپ قارىمايدۇ. بەلكى، مەقبۇل بولىدىغان ئىبادەتكە راستچىل نىيەت ھەمراھ بولۇشى ۋە ئۇنىڭدا ئىخلاس روھىنىڭ خۇددى مېۋىلىك دەرەخ شاخچىلىرىنىڭ تومۇرلىرىدا ئاقىدىغان شىرنىدەك ئېقىپ تۇرۇشى كېرەك. بۇنىڭ بىلەن ئىنسان قەلبىدە ئۇنىڭ مېۋىسى جىلۋىلىنىدۇ. ئەخلاق ۋە مەسىلەكتە سەمەرىسى كۆرۈلىدۇ. ئابىدقا اللەنىڭ ھەققىنى ئەسلىتىدۇ ۋە ئىنسانلارنىڭ ئۆز ئارىسىدىكى ھەق - ھوقۇقلىرىنى ئەسكەرتىپ تۇرىدۇ. بۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، نامازلا ئوقۇلىدىكەن، ئۇ اللەنىڭ نەزىرىدە مەقبۇل بولۇۋەرمەيدۇ. شۇنداق نامازلارمۇ باركى، اللە ئۇنى ئوقۇغان كىشىنىڭ يۈزىگە ئۇرىدۇ. اللە تائالا قوبۇل بولىدىغان ناماز ھەققىدە مۇنداق دېگەن: ﴿وَأَقِمِ الصَّلَاةَ إِنَّ الصَّلَاةَ تَنْهَى عَنِ الْفَحْشَاء وَالْمُنكَرِ وَلَذِكْرُ اللَّهِ أَكْبَرُ﴾ ﴿نامازنى (تەئدىل ئەركان بىلەن) ئوقۇغىن، ناماز ھەقىقەتەن قەبىھ ئىشلاردىن ۋە گۇناھلاردىن توسىدۇ. اللەنى ياد ئېتىش ھەممىدىن (يەنى ئۇنىڭدىن باشقا ھەممە ئىبادەتتىن) ئۇلۇغدۇر﴾[2].

ناماز ئىبنى تەيمىيە (اللە ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) دېگەندەك، ئادەم يامان كۆرىدىغان يامانلىقنى دەپئى قىلىدۇ. ئۇ بولسىمۇ، قەبىھ يامان ئىشتۇر. شۇنداقلا، ئىنسان ياخشى

[1] سۈرە قاف، 31 - ئايەتتىن 34 - ئايەتكىچە.

[2] سۈرە ئەنكەبۇت، 45 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

كۆرىدىغان ياخشىلىقنى ھاسىل قىلىدۇ. ئۇ بولسىمۇ اللهنى زىكىر قىلىشتۇر. ئىنساننىڭ مەزكۇر ياخشى كۆرىدىغان ئىشنى ھاسىل قىلىشى ئاشۇ يامانلىقنى دەپئى قىلىشىدىن چوڭ. چۈنكى، اللهنى زىكىر قىلىش اللهقا ئىبادەت قىلغانلىق بولىدۇ. ئىنسان قەلبىنىڭ الله ئۈچۈن ئىبادەت قىلىشى دەل تەلەپ قىلىنىۋاتقان ئىش. ئەمما، يامانلىقنى دەپئى قىلىش بولسا، ئەگەشمە سۈپىتىدە مەقسەت قىلىنىدىغان تەلەپتۇر. ئىنسان قەلبى مەخلۇق بولۇپ، ئۇمۇ ھەقنى ياخشى كۆرىدۇ، ئۇنى ئىرادە قىلىدۇ ۋە تەلەپ قىلىدۇ. ناۋادا ئۇنىڭغا يامانلىقنى ئىرادە قىلىش تەگلەنسە، ئۇنى دەپئى قىلىشنى تىلەيدۇ. چۈنكى، ئۇ خۇددى شۇمبۇيا زىرائەتنى بۇزغاندەك ئىنسان قەلبىنى بۇزىدۇ. الله تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿قَدْ أَفْلَحَ مَنْ زَكَّاهَا وَقَدْ خَابَ مَنْ دَسَّاهَا﴾ ﴿روھىنى پاك قىلغان ئادەم چوقۇم مۇرادىغا يېتىدۇ. نەپسىنى (كۇفرى ۋە پىسقى ـ فۇجۇر بىلەن) كەمسىتكەن ئادەم چوقۇم نائۇمىد بولىدۇ﴾[1]؛ ﴿قَدْ أَفْلَحَ مَن تَزَكَّى وَذَكَرَ اسْمَ رَبِّهِ فَصَلَّى﴾ ﴿(كۇفرىدىن ۋە گۇناھتىن) پاك بولغان ئادەم مەقسەتكە يەتتى. ئۇ پەرۋەردىگارىنىڭ نامىنى ياد ئەتتى، ئاندىن ناماز ئوقۇدى﴾[2].

مۇبادا ناماز ئىنساننى قەبىھ ۋە يامان ئىشلاردىن چەكلىيەلمىسە، يەنى ئۇنىڭ قەلبىنى ئويغىتىش، اللهتىن قورقۇتۇش ۋە اللهنىڭ كۆزىتىپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتىن ئىبارەت ۋەزىپىسىنى ئادا قىلالمىسا، ئۇنىڭ نامىزى كەمتۈك، ناقىس ناماز بولغان بولىدۇ. ھاياتىي كۈچى تۈگىگەن تىرىكتاپقا ئايلىنىدۇ. بەزى ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: «ناماز بىر ئادەمنى يامان ۋە قەبىھ ئىشلاردىن چەكلىيەلمىسە، ئۇنىڭ نامىزى ناماز ھېسابلانمايدۇ».

بىز ناماز توغرىسىدا ئېيتقانلىرىمىزنىڭ ئۆزىنى روزا توغرىسىدىمۇ ئېيتىمىز. مۇبادا روزا ئىنساننى قۇرئاندا بەلگىلەنگەن تەقۋالىق دەرىجىسىگە يەتكۈزەلمىسە، ئۇنداقتا ئۇ اللهنىڭ نەزىرىدە مەقبۇل روزا بولمايدۇ. الله تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ كُتِبَ عَلَيْكُمُ الصِّيَامُ كَمَا كُتِبَ عَلَى الَّذِينَ مِن قَبْلِكُمْ لَعَلَّكُمْ تَتَّقُونَ﴾ ﴿ئى مۇئمىنلەر! (گۇناھلاردىن) ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن، سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرگە (يەنى ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرگە) روزا پەرز قىلىنغاندەك، سىلەرگىمۇ (رامىزان روزىسى) پەرز قىلىندى﴾[3].

روزا كىشىنى ئايەتتە كۆرسىتىلگەن تەقۋالىققا ئېلىپ بارالمىسا، يەنى ئۇنىڭ قورسىقى، ئەۋرىتى روزا تۇتۇپ، تىلى، قەلبى ۋە باشقا ئەزالىرى روزا تۇتمىسا، ئۇنداق روزا

---

[1] سۈرە شەمس، 9 ـ ۋە 10 ـ ئايەتلەر.

[2] سۈرە ئەئلا، 14 ـ ۋە 15 ـ ئايەتلەر.

[3] سۈرە بەقەرە، 183 ـ ئايەت.

مەقبۇل بولمايدۇ ۋە ساختا پۇلغا ئوخشاپ قالىدۇ. ئۇنىڭغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنۇ ھەدىسى دەل مۇناسىپ كېلىدۇ: «كىمكى روزىدار تۇرۇپ يالغان سۆزلەش ۋە ساختىپەزلىك قىلىشنى تەرك ئەتمەيدىكەن، الله تائالا ئۇنىڭ تاماق يېمەي، سۇ ئىچمەي تۇتقان روزىسىغا موھتاج ئەمەس»[1]؛ «بەزى روزىدارلار ئاچ قالغاندىن باشقا نەرسىگە ئېرىشەلمەسلىكى، كېچىدە (نامازغا) تۇرغۇچىلارنىڭ بەزىلىرى بىدارلىقتىن باشقا نەرسىگە ئېرىشەلمەسلىكى مۇمكىن».

شۇڭلاشقا، سەلەف سالىھلار روزىغا، خۇددى روزىدار يېمەك - ئىچمەكتىن ئۆزىنى تۇتۇۋالغانغا ئوخشاش، بىھۇدە سۆزلەرنىڭ، ھارام ئىشلارنىڭ ئارىلىشىپ قېلىشىدىن ساقلىناتتى.

ئۆمەر (الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) مۇنداق دېگەن: «ئىنساننىڭ ئۆزىنى پەقەت يېمەك - ئىچمەكتىن تۇتۇۋېلىشىلا روزا تۇتقان ھېسابلانمايدۇ، بەلكى يالغانچىلىقتىن، باتىل ئىشلاردىن، بىھۇدە سۆزلەردىن ئۆزىنى چەكلىشى كېرەك». ئەلى (الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن)دىنمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش رىۋايەت نەقىل قىلىنغان.

جابىر (الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) مۇنداق دېگەن: «سەن روزا تۇتساڭ، سېنىڭ قۇلىقىڭمۇ، كۆزۈڭمۇ، تىلىڭمۇ يالغانچىلىقتىن، گۇناھ ئىشلاردىن ئۆزىنى تارتسۇن، سەن خىزمەتچىڭگە ئەزىيەت بېرىشنى تاشلىغىن، سەن روزا تۇتقان كۈندە سەندە ئېغىر بېسىقلىق، سالاپەت ھازىرلانسۇن، سەن روزا تۇتمىغان كۈن بىلەن روزا تۇتقان كۈننى ئوخشاش قىلىۋالمىغىن».

مەيمۇن ئىبنى مىھران (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) مۇنداق دېگەن: «روزىنىڭ ئەڭ ئاسىنى تاماق يېمەسلىكتۇر».

شۇنداقلا، زاكات بېرىش، سەدىقە قىلىش قاتارلىقلارغىمۇ رىيا ئارىلىشىپ قالسا ياكى مىننەت قىلىش، ئەزىيەت يەتكۈزۈش قوشۇلۇپ قالسا، بۇ ئىشلار ساۋابىنى يوققا چىقىرىدۇ، باي پېقىرغا بېرىدىغان پۇل ئۇنچىۋالا مۇھىم ئەمەس، بەلكى نىيەتنىڭ راستچىللىقى، قەلبىنىڭ پاكلىقى ۋە قەلبىنىڭ ئىخلاسى ئىنتايىن مۇھىمدۇر. ئىبنى ئاتائ مۇنداق دېگەن: «ئەمەللەر ئۆرە تەندىن ئىبارەت، ئۇنىڭ روھى (جېنى) بولسا، ئىخلاسنىڭ ئۇنىڭدا مەۋجۇد بولۇشىدۇر».

بىز «قۇرئان كەرىم»دە مۇشۇ مەزمۇندىكى ئايەتلەرنى ئىنتايىن روشەن ھالدا بايقايمىز: ﴿قَوْلٌ مَّعْرُوفٌ وَمَغْفِرَةٌ خَيْرٌ مِّن صَدَقَةٍ يَتْبَعُهَا أَذًى وَاللّهُ غَنِيٌّ حَلِيمٌ يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ لاَ تُبْطِلُواْ صَدَقَاتِكُم بِالْمَنِّ وَالأذَى كَالَّذِي يُنفِقُ مَالَهُ رِئَاء النَّاسِ وَلاَ يُؤْمِنُ بِاللّهِ وَالْيَوْمِ الآخِرِ فَمَثَلُهُ كَمَثَلِ صَفْوَانٍ عَلَيْهِ

[1] ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

**تُرَابٌ فَأَصَابَهُ وَابِلٌ فَتَرَكَهُ صَلْدًا لاَّ يَقْدِرُونَ عَلَى شَيْءٍ مِّمَّا كَسَبُواْ وَاللّهُ لاَ يَهْدِي الْقَوْمَ الْكَافِرِينَ وَمَثَلُ الَّذِينَ يُنفِقُونَ أَمْوَالَهُمُ ابْتِغَاء مَرْضَاتِ اللّهِ وَتَثْبِيتًا مِّنْ أَنفُسِهِمْ كَمَثَلِ جَنَّةٍ بِرَبْوَةٍ أَصَابَهَا وَابِلٌ فَآتَتْ أُكُلَهَا ضِعْفَيْنِ فَإِن لَّمْ يُصِبْهَا وَابِلٌ فَطَلٌّ وَاللّهُ بِمَا تَعْمَلُونَ بَصِيرٌ﴾** ﴿ياخشى سۆز ۋە كەچۈرۈش كىيىن ئەزىيەت يەتكۈزىدىغان سەدىقىدىن ئەۋزەلدۇر. اللّٰه (بەندىلەرنىڭ سەدىقىسىدىن) بىھاجەتتۇر، ھەلىمدۇر (يەنى ئەمرىگە خىلاپلىق قىلغانلارنى جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدۇ). ئى مۇئمىنلەر! پۇل - مېلىنى كىشىلەرگە كۆرسىتىش ئۈچۈن سەرپ قىلىدىغان، اللّٰهقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرمەيدىغان كىشى (نىڭ قىلغان ئەمەلىنى بىكار قىلىۋەتكىنى)گە ئوخشاش، بەرگەن سەدىقەڭلەرنى مىننەت قىلىش ۋە ئەزىيەت يەتكۈزۈش بىلەن بىكار قىلىۋەتمەڭلار. بۇنداق (پۇل - مېلىنى باشقىلارغا كۆرسىتىش ئۈچۈن سەرپ قىلىدىغان) ئادەم خۇددى ئۈستىگە توپا - چاڭ قونۇپ قالغان، قاتتىق يامغۇردىن كېيىن (يۇيۇلۇپ) بۇرۇنقىدەك بولۇپ قالغان سىلىق تاشقا ئوخشايدۇ. ئۇلار قىلغان ئەمەللىرى ئۈچۈن (ئاخىرەتتە) ھېچقانداق ساۋابقا ئىگە بولالمايدۇ. اللّٰه كاپىر قەۋمى ھىدايەت قىلمايدۇ. ماللىرىنى اللّٰهنىڭ رازىلىقىنى تىلەش ۋە نەپسلىرىنى (سەدىقە - ئېھسانغا) ئادەتلەندۈرۈش يۈزىسىدىن سەرپ قىلىدىغانلار ئېگىزلىككە جايلاشقان، قاتتىق يامغۇردىن بەھرىمەن بولسا مېۋىسى ئىككى ھەسسە كۆپ بولىدىغان، قاتتىق يامغۇردىن بەھرىمەن بولمىسا شەبنەم بىلەنمۇ قانىدىغان (يەنى قايسى ھالدا بولسۇن مېۋە بېرىدىغان) بىر باغقا ئوخشايدۇ (دېمەك، بۇنداق خەير - ساخاۋەتلىك ئادەم مېلى كۆپ بولسا كۆپكە يارىشا، ئاز بولسا ئازغا يارىشا بېرىدۇ). اللّٰه قىلغان ئەمەلىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر﴾[1].

سەدىقىنىڭ مەقبۇل بولۇش ياكى مەقبۇل بولماسلىقىغا ئىخلاسنىڭ تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقى ھەققىدە «قۇرئان كەرىم»دە بايان قىلىنغان بۇ چىرايلىق دەلىللەردىن ئارتۇق دەلىل بولمايدۇ، ئەلۋەتتە.

## توغرا نىيەتنىڭ بەرىكىتى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام اللّٰه يولىدا بەرمەكچى بولغان سەدىقىسىنى كىشىلەرنىڭ كۆرۈپ قېلىپ ماختاپ سېلىشىدىن خاتىرجەم بولۇش ۋە رىيادىن ساقلىنىش ئۈچۈن كېچىدە مەخپىي بېرىشنى ئىرادە قىلغان، ئەمما سەدىقىگە ھەقلىق بولمىغان

[1] سۈرە بەقەرە، 263 - ئايەتتىن 265 - ئايەتكىچە.

كىشىلەرگە خاتا بىرىپ قويغان بولسىمۇ، يەنىلا نىيىتىنىڭ دۇرۇسلۇقى ۋە ئىخلاسىنىڭ پايدىسى يەتكەن، ئەمەلى بەرىكەتلىك بولغان ئىخلاسمەن بىر مۇئمىن ھەققىدە بىر قىسسە سۆزلەپ بەرگەن بولۇپ، ئىمام بۇخارى (اللە ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) ئەبۇ ھۈرەيرە (اللە ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن)دىن رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «بىر ئادەم (بەنى ئىسرائىلدىن) چوقۇم سەدىقە بېرىمەن دەپ چىقىپ، سەدىقىنى بىر ئوغرىغا بەردى (ئۇنىڭ ئوغرى ئىكەنلىكىنى بىلمەستىن بەرگەن). كىشىلەر ئۇنىڭغا سەدىقەڭنى ئوغرىغا بەردىڭ دەپ سۆز چۆچەك قىلىشتى. سەدىقە بەرگۈچى: ‹ئى اللە، ئوغرىغا سەدىقە بەرگەنلىكىم ئۈچۈن ساڭا شۈكۈر قىلىمەن› دېدى. ئۇ يەنە: چوقۇم سەدىقە بېرىمەن دەپ چىقىپ، بۇ قېتىم بىر پاھىشە ئايالغا بەردى. كىشىلەر ئۇنىڭغا سەدىقەڭنى پاھىشە ئايالغا بەردىڭ دەپ سۆز چۆچەك قىلىشتى. ئۇ: ‹ئى اللە، پاھىشە ئايالغا سەدىقە بەرگەنلىكىم ئۈچۈن ساڭا شۈكۈر قىلىمەن› دېدى. ئۇ يەنە: چوقۇم سەدىقە بېرىمەن دەپ چىقىپ، بۇ قېتىم بىر بايغا بەردى. كىشىلەر ئۇنىڭغا سەدىقەڭنى بايغا بەردىڭ دەپ سۆز - چۆچەك قىلىشتى. ئۇ: ‹ئى اللە، ئوغرىغا، پاھىشە ئايالغا ۋە بايغا سەدىقە بەرگەنلىكىم ئۈچۈن ساڭا شۈكۈر قىلىمەن› دېدى. كېيىن سەدىقە بەرگۈچى بىر چۈش كۆردى. چۈشىدە ئۇنىڭغا مۇنداق دېيىلدى: ‹ئوغرىغا بەرگەن سەدىقەڭگە كەلسەك، ئوغرى شۇ ئارقىلىق ئوغرىلىقتىن قول ئۈزۈشى مۇمكىن. پاھىشە ئايالغا بەرگەن سەدىقەڭگە كەلسەك، ئۇ شۇ ئارقىلىق پاھىشىدىن توختىشى مۇمكىن. بايغا كەلسەك، ئۇ بۇنىڭدىن ئىبرەت ئېلىپ، اللە ئۇنىڭغا ئاتا قىلغان بايلىقنى ياخشىلىق يوللىرىغا سەرپ قىلىشى مۇمكىن›».

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇشۇنداق قىسسىلەر ئارقىلىق ساھابىلىرىگە ئىخلاس قىلىش ياخشىلىقنىڭ مەنبەسى ۋە ئەمەللەرنىڭ مەقبۇل بولۇشىنىڭ مىزانى ئىكەنلىكىنى ئۆگەتكەن.

## ئەمەللەر نىيەتكە باغلىقتۇر

بىز ناماز، روزا، سەدىقە توغرۇلۇق ئېيتقانلىرىمىزنى ھەج قىلىش، قۇرئان ئوقۇش، جىھاد قىلىش، دىن ئۈچۈن ھىجرەت قىلىش قاتارلىقلاردا، شۇنداقلا اللە تائالا يولغا قويغان ۋە ئۇنىڭغا يېقىنلاشتۇرىدىغان ھەرقانداق ئەمەل - ئىبادەتتە شۇلارنىڭ بولۇشىنى تەكىتلەيمىز. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا مۇسۇلمانلاردىن بىرى مەككىدىن مەدىنىگە ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ئۇممۇ قەيس دەپ ئاتىلىدىغان بىر ئايال ئۈچۈن ھىجرەت قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنى بىلىدىغانلار «ئۇممۇ قەيسنىڭ ھىجرەتچىسى» دەپ ئاتاشتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە ساھابىلەرگە بىر ھەدىس سۆزلەپ بەرگەن بولۇپ، بەزى ھەدىس ئالىملىرى ئۇنى دىنىنىڭ ئۈچتىن بىرى، ياكى تۆتتىن بىرى، ياكى يېرىمى دەپ قارايدۇ. ئىمام بۇخارى (اللە ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) مەزكۇر ھەدىس بىلەن ئۆزىنىڭ سەھىھ كىتابىنى باشلىغاندى: «ھەقىقەتەن بارلىق ئەمەللەرنىڭ دۇرۇس بولۇشى نىيەتكە باغلىق. ھەقىقەتەن كىشىگە ئۆزى نىيەت قىلغان نەرسىسى بولىدۇ. كىمكى، اللە تائالا ۋە اللە تائالانىڭ پەيغەمبىرىنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن ھىجرەت قىلسا، ئۇ ھىجرىتىدىن شۇنى تاپىدۇ. كىمكى بۇ دۇنيادا پۇل - مالغا ئېرىشىش ياكى بىرەر خوتۇن ئېلىش ئۈچۈن ھىجرەت قىلغان بولسا، ئۇ ھىجرىتىدىن شۇنى تاپىدۇ».

ئەجەبلىنەرلىكى شۇكى، بەزى شەرقشۇناسلار بۇ ھەدىسكە شەك كەلتۈرىدۇ، ۋەھالەنكى ئىسلام ئالىملىرى ھەر ساھەدە ئۇنى قوبۇل قىلىشقا بىرلىككە كەلگەن.

شەرقشۇناسلار ئىسلامدا «نىيەت»نىڭ دەرىجىسى بۇ بىر ھەدىس بىلەنلا بەلگىلەنمەيدىغانلىقى، بەلكى بىر قانچە ھەدىس بىلەن بەلگىلىنىدىغانلىقىنى بىلمەسلىكى مۇمكىن. ھالبۇكى، ئۇ ھەدىسلەرنىڭ ھەممىسى بىرلىشىپ «ھەقىقەتەن بارلىق ئەمەللەرنىڭ دۇرۇس بولۇشى نىيەتكە باغلىق، ھەقىقەتەن كىشىگە ئۆزى نىيەت قىلغان نەرسىسى بولىدۇ»غانلىقىنى تەكىتلەيدۇ.

ھافىز مۇنزىرىنىڭ «ئەتتەرغىب ۋەتتەھزىب» دېگەن ئەسىرىدە ياخشى نىيەت توغرىسىدا 11 ھەدىسنى، ئىخلاس توغرىسىدا 13 ھەدىسنى، رىيا توغرىسىدا 30دىن كۆپرەك ھەدىسنى تىلغا ئالغانلىقىنى ئۇچرىتىمىز.

مانا بۇ ھەدىسلەر ۋە «قۇرئان كەرىم»دىكى ئايەتلەر ئىسلامدىكى نىيەتنىڭ قىممىتى توغرىسىدىكى كەسكىن دەلىللەردۇر.

### 4. اللەقا ئۇ كۆرسەتكەن رەۋىشتە ئىبادەت قىلىش لازىم

ئىسلام دەۋەت قىلغان تۆتىنچى پرىنسىپ، مۇسۇلمان ئىنسان ئۆزىنىڭ ئىبادەتلىرىدە ئۇنىڭغا كۆرسىتىپ بېرىلگەن دائىرىدىن ھالقىپ كەتمەسلىكى لازىم. مۇسۇلمان ئىنسان ئۈچۈن ئىبادەتتە پەقەت اللەنىڭ رازىلىقىنى كۆزلىشى ياكى ئۇنى اللەنىڭ غەيرىگە يۈزلەندۈرمەسلىكى يېتەرلىك ئەمەس. ئىبادەت چوقۇم اللە سىزىپ بەرگەن دائىرىدە، اللە ئۆزى رازى بولىدىغان ماھىيەتتە بولۇشى كېرەك. مۇسۇلمان ئىنساننىڭ ئىبادىتى ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ ھاۋايى - ھەۋەسلىرىدىن پەيدا قىلىۋالغان

شەكىلدە بولمايدۇ. اﷲ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿قُلْ إِنَّمَا أَنَا بَشَرٌ مِّثْلُكُمْ يُوحَى إِلَيَّ أَنَّمَا إِلَهُكُمْ إِلَهٌ وَاحِدٌ فَمَن كَانَ يَرْجُو لِقَاء رَبِّهِ فَلْيَعْمَلْ عَمَلًا صَالِحًا وَلَا يُشْرِكْ بِعِبَادَةِ رَبِّهِ أَحَدًا﴾ ﴿كىمكى پەرۋەردىگارىغا مۇلاقات بولۇشنى ئۈمىد قىلىدىكەن (ساۋابىنى ئۈمىد قىلىپ ئازابىدىن قورقىدىكەن)، ياخشى ئىش قىلسۇن، پەرۋەردىگارىغا قىلىدىغان ئىبادەتكە ھېچكىمنى شېرىك كەلتۈرمىسۇن﴾[1]؛ ﴿بَلَى مَنْ أَسْلَمَ وَجْهَهُ لِلّهِ وَهُوَ مُحْسِنٌ فَلَهُ أَجْرُهُ عِندَ رَبِّهِ وَلاَ خَوْفٌ عَلَيْهِمْ وَلاَ هُمْ يَحْزَنُونَ﴾ ﴿ئۇنداق ئەمەس، كىمكى ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان ھالدا ئۆزىنى اﷲقا تاپشۇرىدىكەن (يەنى اﷲنىڭ ئەمرىگە بويسۇنۇپ، ئەمەلىنى خالىس اﷲ ئۈچۈن قىلىدىكەن)، ئۇ پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا ساۋابتىن بەھرىمەن بولىدۇ. ئۇلارغا (ئاخىرەتتە) ھېچ قورقۇنچ ۋە غەم ـ قايغۇ بولمايدۇ﴾[2]؛ ﴿وَمَنْ أَحْسَنُ دِينًا مِّمَّنْ أَسْلَمَ وَجْهَهُ لله وَهُوَ مُحْسِنٌ﴾ ﴿ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان ھالدا ئۆزىنى اﷲقا تاپشۇرغان كىشىدىن (دىنىي جەھەتتە) ياخشىراق ئادەم بارمۇ؟﴾[3].

بىرىنچى ئايەتتە اﷲقا شېرىك كەلتۈرۈشتىن چەكلەش بىلەن بىرگە، ياخشى ئەمەل قىلىشقا بۇيرۇلىدۇ. كېيىنكى ئىككى ئايەتتە بولسا، مۇسۇلمان ئىنسان ئۆزىنى اﷲقا تاپشۇرۇش بىلەن بىرگە «ئېھسان» شەرت قىلىنىدۇ. كىم ئۆزىنى اﷲقا تاپشۇرىدىكەن ۋە اﷲقا بىر نېمىنى شېرىك كەلتۈرمەيدىكەن، ئۇ ئېتىقادتا اﷲقا ئىخلاس قىلغان بولىدۇ. لېكىن، مۇسۇلمان ئىنسان «ياخشىلىق قىلىش» بىلەن بىرگە، «سالىھ ئەمەل» قىلمىسا، ئۇ كۇپايە قىلمايدۇ. ئېھسان ۋە سالىھ ئەمەل ئىنساننىڭ اﷲقا ئۇ كۆرسەتكەن رەۋىشتە يېقىنلىششىدۇر. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب (اﷲ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) مۇنداق دەيتتى: «ئى اﷲ، مېنىڭ ھەممە ئەمەلىمنى خالىس قىلغىن، ئۇنى سەن ئۈچۈن خالىس قىلغىن، ئۇنىڭدىن ھېچ نەرسىنى باشقا بىرىگە قىلىپ قويمىغىن».

فۇزەيل ئىبنى ئىياز اﷲ تائالانىڭ: ﴿لِيَبْلُوَكُمْ أَيُّكُمْ أَحْسَنُ عَمَلاً﴾ ﴿سىلەردىن قايسىڭلارنىڭ ئەمەلى ئەڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى سىناش ئۈچۈن...﴾[4] دېگەن ئايىتىنى: «يەنى، سىلەردىن قايسىڭلارنىڭ ئەمەلى ئەڭ خالىس ۋە ئەڭ توغرا ئىكەنلىكىنى سىناش ئۈچۈن» دەپ تەپسىر قىلغان. كىشىلەر ئۇنىڭدىن: «ئەڭ خالىس ۋە ئەڭ توغرا بولغىنى قانداق بولىدۇ؟» دەپ سورىغاندا، ئۇ: «ئەمەل خالىس بولۇپ، توغرا بولمىسا قوبۇل بولمايدۇ، توغرا بولۇپ خالىس بولمىسا تېخىمۇ قوبۇل بولمايدۇ. دېمەك، ئەمەل ھەم خالىس ھەم

[1] سۈرە كەھف، 110 ـ ئايەت.

[2] سۈرە بەقەرە، 112 ـ ئايەت.

[3] سۈرە نىسا، 125 ـ ئايەت.

[4] بۇ ئايەت سۈرە ھۇد، 7 ـ ئايەت، سۈرە كەھف، 7 ـ ئايەت ۋە سۈرە مۇلك، 2 ـ ئايەتلەردە كەلگەن.

تـوغرا بولـمىغـۇچە قوبـۇل بولمايـدۇ. ئەمەل پەقەت اﷲ ئۈچـۈن بولغانـدىلا خـالىس بولــدۇ، سۈننەتكە ئاساسەن بولغانـدىلا تـوغرا بولــدۇ» دەپ جـاۋاب بەرگەن. يەنـى، ئەمەل اﷲ تائـالا ۋە ئۇنىـڭ پەيغەمبـىرى يولغا قويغان ۋە رازى بولـىدىغان رەۋىشتـە بولۇشى كېرەك.

ئىســـلام ئىنســـانلارنىڭ اﷲ رۇخســـەت قىلمىغـــان نەرســـىلەرنى دىـــن قىلىـــپ بېكىتىشـلىرىنى شـېرىك قاتارىـدىن سـانىدى. ئىبـادەتتە رەت قىلىنىـدىغان بىـدئەتلەر بولسا، بەلگىلەنگەن ئىبادەتلەردە زىيـادە قىلىـش يـاكى كەم قىلىـش يـاكى بورمىلاشـتىن ئىبارەت. پەيغەمبـەر ئەلەيهىسسالام ناماز ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «نامـازنى ماڭـا ئوخشـاش ئوقۇڭلار»[1].

پەيغەمبـەر ئەلەيهىسسـالام يەنە ھەج توغرىسـىدا سـۆزلەۋېتىـپ مۇنـداق دېـگەن: «ھەج پائالىيىتىڭلارنى مەندىن ئۆگىنىڭلار»[2].

پەيغەمبـەر ئەلەيهىسسالام مۇسۇلمان ئىنسانىنى ئىبادەت ۋە دىن ئىشلىرىدا ھەرقانداق بىـر بىدئەت پەيدا قىلىشـتىن قاتتىـق ئاگاھلانـدۇرۇپ مۇنـداق دېـگەن: «دىنـدا ھـەرقانـداق بىـر يېڭىلىق بىدئەت، ھەرقانداق بىـر بىدئەت ئازغۇنلۇقتۇر»؛ «كىم بىـزنىـڭ بۇ دىنىمىـزدا ئۇنىڭدىن بولمىغان بىـر نەرسىنى پەيدا قىلىدىكەن، ئۇ رەت قىلىنىـدۇ»؛ «كىـم بىـزنىـڭ دىنىمىزدا بولمىغان ئەمەلنى قىلىدىكەن، ئۇ رەت قىلىنىدۇ»[3].

دېمەك، مۇسۇلمان ئىمامىلىرىدىن بىرىنىڭ ئىلمى قانچىلىك كـۆپ بولـۇپ كەتسـۇن، ياكى ئىلىم ئاكادېمىيىلىرى، مائارىپ ئىنىستىتۇتلىرى ياكى ئىسلام تەشكىلاتلىرىدىن بىرىنىڭ اﷲنىڭ دىنىدا يېڭىچە بىر ئىبادەتنى يولغا قويۇشـىغا، يـاكى بـۇرۇن بـار بولغـان ئىبادەتكە بىـر نەرسـىنى زىيـادە قىلىشـىغا، يـاكى شـەكلىنى ئۆزگەرتىۋېتىشـىگە قەتئىـي ھەققـى يــوق. چــۈنكى، ئىبــادەتلەرنى اﷲ تائــالا ئــۆزى يــالغۇز يولغــا قويــدۇ، پەيغەمــبەر ئەلەيهىســـسالام يەتكۈزىــدۇ، بىــز بولســاق ئەگىشـــىمىز. بۇنىڭغــا ئەگىششــتە ھەمـــمە ياخشىلىق تېپىلىدۇ. اﷲ تائـالا مۇنـداق دېـگەن: ﴿قُلْ إِن كُنتُمْ تُحِبُّونَ اللّهَ فَاتَّبِعُونِي يُحْبِبْكُمُ اللّهُ وَيَغْفِرْ لَكُمْ ذُنُوبَكُمْ وَاللّهُ غَفُورٌ رَّحِيمٌ﴾ ﴿(ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، ‹ئەگەر سىلەر اﷲنى دوســت تۇتســاڭلار، ماڭــا ئەگىشــىڭلاركى، اﷲ ســىلەرنى دوســت تۇتىــدۇ. (ئــۆتكەنكى) گۇناھىڭلارنى مەغپىرەت قىلىـدۇ. اﷲ ناھـايىتى مەغپىـرەت قىلغۇچىـدۇر، ناھـايىتى مېھرىباندۇر›﴾[4].

---

[1] ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان.
[2] ئىمام نەسائى رىۋايەت قىلغان.
[3] بۇ ھەدىسلەرنى مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.
[4] سۈرە ئال ئىمران، 31 ـ ئايەت.

ئىمام ئىبنى تەيمىيە (ﷲ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) مۇنداق دېگەن: «دىن ئىككى نەرسىدىن تەشكىل تاپىدۇ. بىرى، پەقەت ﷲقا ئىبادەت قىلىمىز. يەنە بىرى، پەقەت ﷲ كۆرسەتكەن رەۋىشتە ئىبادەت قىلىمىز. بىز ﷲقا بىدئەت بىلەن ئىبادەت قىلمايمىز. ﷲ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿فَمَن كَانَ يَرْجُو لِقَاء رَبِّهِ فَلْيَعْمَلْ عَمَلًا صَالِحًا وَلَا يُشْرِكْ بِعِبَادَةِ رَبِّهِ أَحَدًا﴾ ﴿كىمكى پەرۋەردىگارىغا مۇلاقات بولۇشنى ئۈمىد قىلىدىكەن (ساۋابىنى ئۈمىد قىلىپ ئازابىدىن قورقىدىكەن)، ياخشى ئىش قىلسۇن، پەرۋەردىگارىغا قىلىدىغان ئىبادەتكە ھېچكىمنى شېرىك كەلتۈرمىسۇن﴾[1].

بۇ ئەمەلىيەتتە ئىككى شاھادەت (ﷲتىن باشقا بەرھەق مەبۇد يوق، ھەقىقەتەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ﷲنىڭ پەيغەمبىرى)نىڭ مەزمۇنىدۇر.

بىرى، پەقەت ﷲقا ئىبادەت قىلىمىز.

يەنە بىرى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ﷲنىڭ پەيغەمبىرى بولۇپ، ئۇ ﷲ تائالادىن بىزگە يەتكۈزىدۇ، بىز ئۇنىڭ خەۋەرلىرىگە ئىشىنىمىز ۋە ئۇنىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلىمىز.

ھالبۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە ﷲ تائالاغا نېمە بىلەن ئىبادەت قىلىدىغانلىقىمىزنى بايان قىلىپ بەردى. دىندا يېڭىلىق پەيدا قىلىشىمىزنى چەكلىدى ۋە ئۇنىڭ زالالەت ئىكەنلىكىنى بايان قىلدى.

ﷲ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿بَلَى مَنْ أَسْلَمَ وَجْهَهُ لِلّهِ وَهُوَ مُحْسِنٌ فَلَهُ أَجْرُهُ عِندَ رَبِّهِ وَلاَ خَوْفٌ عَلَيْهِمْ وَلاَ هُمْ يَحْزَنُونَ﴾ ﴿ئۇنداق ئەمەس، كىمكى ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان ھالدا ئۆزىنى ﷲقا تاپشۇرىدىكەن (يەنى ﷲنىڭ ئەمرىگە بويسۇنۇپ، ئەمەلىنى خالىس ﷲ ئۈچۈن قىلىدىكەن)، ئۇ پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا ساۋابتىن بەھرىمەن بولىدۇ. ئۇلارغا (ئاخىرەتتە) ھېچ قورقۇنچ ۋە غەم ـ قايغۇ بولمايدۇ﴾[2].

بىز پەقەت ﷲ تائالادىن قورقۇشقا، ﷲقا تەۋەككۇل قىلىشقا، پەقەت ﷲتىن ئۈمىد قىلىشقا ۋە ياردەم تىلەشكە، ئىبادىتىمىزنى پەقەت ﷲ ئۈچۈن قىلىشقا بۇيرۇلغاندەك، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىشكە ۋە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشقا، ئۇنى ئۈلگە قىلىشقا بۇيرۇلغانمىز. چۈنكى، ھالال ئىش مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ (ﷲنىڭ ئىزنى بىلەن) ھالال قىلغىنىدۇر، ھارام ئىش ئۇنىڭ (ﷲنىڭ ئىزنى بىلەن) ھارام قىلغىنىدۇر، دىن ئۇنىڭ (ﷲنىڭ ئىزنى بىلەن) يولغا قويغىنىدۇر».

---

[1] سۈرە كەھف، 110 ـ ئايەت.

[2] سۈرە بەقەرە، 112 ـ ئايەت.

## ئىسلامنىڭ بىدئەتنى چەكلەشتە قاتتىق بولۇشىنىڭ ھېكمىتى

ئىسلامنىڭ ئىنسانلارنىڭ الله رۇخسەت قىلمىغان نەرسىلەرنى دىن قىلىپ، اللهقا يېقىنلىشىش ئۈچۈن الله يولغا قويمىغان ئىبادەت شەكىللىرىنى پەيدا قىلىشنى ھارام قىلىشى ئىنتايىن ھېكمەتلىك بىر ئىش. ئىسلام بۇ ھەقتە كەسكىنلىك بىلەن: «ھەرقانداق بىدئەت زالالەت، ھەرقانداق بىر زالالەت دوزاختىدۇر» دەپ جاكارلىدى.

دىن تارىخلىرىنى ئوقۇيدىغان كىشى ئىسلامنىڭ بۇنداق قاتتىقلىق قىلىشىنىڭ ھېكمىتىنى كۆز ئالدىدا روشەن كۆرەلەيدۇ.

## بىدئەت دىنلارنى قانداق ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويىدۇ؟

دىندا بىدئەت پەيدا قىلىش بولسا، شەيتان ئۇنىڭدىن دىن ئېتىقادچىلىرىغا يامىشىپ كىرگەن بىر يوچۇقتۇر. بۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىش ئۇلارنىڭ دىنىنى ۋە ھاياتىنى بۇزۇۋەتتى. ئۇلارنىڭ ئېتىقادىنى، ئىبادەتلىرىنى ۋەيران قىلىۋەتتى. ئۇلارنىڭ دىنىي ھاياتىدىكى كىچىككىنە پرىنسىپقا قەدەر ئېسىلىپ، ئۇنىڭغا نۇرغۇنلىغان قائىدىلەرنى بېكىتتى، ئۇلار ئېتىۋېتەلمىگۇدەك دەرىجىدە پىتنە - پاسات ئىشكىللىرىنى ئېچىۋەتتى.

بىدئەت يولى ئارقىلىق شېرىك ئېتىقاد يامرىدى. بۇتپەرەسلىك ھەممە ئۈممەتنى قاپلىدى، ھەتتاكى ئەھلى كىتابمۇ بۇنىڭدىن ئامان قالمىدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار اللهقا شېرىك كەلتۈردى. ئۇلار ئۆزلىرىدىن بىرەر زىياننى دەپئىي قىلالمايدىغان، ئۆزلىرىگە بىرەر پايدىنى يەتكۈزەلمەيدىغان نەرسىلەرگە چوقۇندى ۋە ئۇلارنى اللهنىڭ دەرگاھىدىكى شاپاتچىلىرىمىز دەپ ئېتىقاد قىلدى.

بىدئەت يولى ئارقىلىق دىندا چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىش، ئېتىقادچىلارنى كىشەنلەپ قويۇش ھادىسىلىرى مەيدانغا كەلدى. كىشىلەر ئىبادەت ۋە دىنىي پائالىيەتلەرنىڭ تۈرلۈك شەكىللىرىنى پەيدا قىلدى. ھالبۇكى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئىنساننى قاتتىق چارچىتىۋېتىدۇ ۋە ئۇنى تاقىتى يەتمەيدىغان ئىشقا تەكلىپ قىلىدۇ.

بىدئەت يولى ئارقىلىق چېكىدىن ئاشۇرۇۋەتكۈچىلەر الله تائالا ھاياتىي دۇنيادا ھالال قىلغان نازۇنېمەتلەرنى ۋە ھالال رىزىقلارنى ھارام قىلدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار دىن نامى بىلەن دۇنيانى تەرك ئەتتى، بەرپاچىلىقنى ئىمان دەۋاسى بىلەن خارابىلىققا ئايلاندۇردى، روھىيەتنى پاكلاش مۇددىئاسى بىلەن ئۆزلىرىنى قىينىدى.

بىدئەت يولى ئارقىلىق نۇرغۇنلىغان دىنلاردا غايەت زور بۇرمىلاش ۋە غايەت زور ئازغۇنلۇق مەيدانغا كەلدى. ئۇنىڭ پاتقىقىغا ئۆزلىرىنىڭ ھاياتىي دۇنيادا قىلغان

ئەمەللىرى يوققا چىققان، ئەمما ئوبدان ئىش قىلدۇق دەپ ئويلايدىغان ئادەملەر چۈشۈپ كەتتى.

بىز بۇ ھەقتە خرىستىئانلارنىڭ «رەھبانىيەت» بىدئىتىنى پەيدا قىلىش ئىشىنى ئويلىنىپ كۆرۈشىمىز يېتەرلىك. مەلۇمكى، «رەھبانىيەت» ئىنسان ۋۇجۇدىنى خورلايدۇ، ئۇنى ساپ تەبىئەتتىن بۇرۇۋېتىدۇ، بىز بۇنىڭدىن ئىنسان ئۆز ئالدىغا يالغۇز يول تېپىپ، شۇنىڭ بىلەن اللهنىڭ ئارغامچىسىغا ئېسىلمىسا، اللهنىڭ نۇرى ۋە ھىدايىتى بىلەن يول تاپمىسا، گەرچە ئىنساننىڭ نىيەت ـ مەقسىتى اللهقا يېقىنلىشىش بولسىمۇ قانچىلىك ئېزىپ كېتىدىغانلىقىنى تونۇپ يېتىمىز.

شۇنداقلا، ئەرەب مۇشرىكلىرىنىڭمۇ بۇت ۋە تاشلارنى اللهقا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن قانداق ۋاستە قىلغانلىقىنى بىلىمىز. دېمەك، شېرىكنىڭ ئەسلىسى ئەمەلىيەتتە دىندا پەيدا بولغان بىدئەتتۇر.

بىدئەتچىلەرنىڭ شەيتانلىرى اللهنىڭ زىرائەتتىن ۋە ھايۋانلاردىن ھالال قىلغانلىرىنى قانداق ھارام قىلىپ كۆرسەتكەنلىكلىرىنى، تېخىمۇ چېكىدىن ئاشقان ھالدا ئۇلارنى ھالاك قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ دىنىنى بۇرمىلاش ئۈچۈن، ئۆزلىرىنىڭ يۈرەك پارىلىرىنى ئىلاھلارغا قۇربان قىلىشنى قانداق چىرايلىق كۆرسەتكەنلىكلىرىنى بىلىمىز.

شۇنداقلا، ئۇلارنىڭ بىر ـ بىرلىرىدىن ھايا قىلماي، ئەر ـ ئايال يالىڭاچ، ئانىلىرىدىن تۇغما ھالەتتە بەيتۇللاھنىڭ ئەتراپىدا تاۋاپ قىلغانلىقىنى بىلىمىز. ئۇلار مۇشۇنداق قىلمىشلىرى بىلەن اللهقا قانداقمۇ يېقىنلىشار؟ ۋەھالەنكى، ئۇلار ئۆزلىرىنى شۇنداق گۇمان قىلىدۇ. الله تائالانىڭ مۇنۇ ئايەتلىرىدە ئاشۇنداق بىدئەتلەرنىڭ بايانلىرىنى ئوقۇيمىز: ﴿**وَكَذَلِكَ زَيَّنَ لِكَثِيرٍ مِّنَ الْمُشْرِكِينَ قَتْلَ أَوْلاَدِهِمْ شُرَكَآؤُهُمْ لِيُرْدُوهُمْ وَلِيَلْبِسُواْ عَلَيْهِمْ دِينَهُمْ وَلَوْ شَاء اللّهُ مَا فَعَلُوهُ فَذَرْهُمْ وَمَا يَفْتَرُونَ وَقَالُواْ هَذِهِ أَنْعَامٌ وَحَرْثٌ حِجْرٌ لاَّ يَطْعَمُهَا إِلاَّ مَن نّشَاء بِزَعْمِهِمْ وَأَنْعَامٌ حُرِّمَتْ ظُهُورُهَا وَأَنْعَامٌ لاَّ يَذْكُرُونَ اسْمَ اللّهِ عَلَيْهَا افْتِرَاء عَلَيْهِ سَيَجْزِيهِم بِمَا كَانُواْ يَفْتَرُونَ وَقَالُواْ مَا فِي بُطُونِ هَذِهِ الأَنْعَامِ خَالِصَةٌ لِّذُكُورِنَا وَمُحَرَّمٌ عَلَى أَزْوَاجِنَا وَإِن يَكُن مَّيْتَةً فَهُمْ فِيهِ شُرَكَاء سَيَجْزِيهِمْ وَصْفَهُمْ إِنَّهُ حِكِيمٌ عَلِيمٌ قَدْ خَسِرَ الَّذِينَ قَتَلُواْ أَوْلاَدَهُمْ سَفَهًا بِغَيْرِ عِلْمٍ وَحَرَّمُواْ مَا رَزَقَهُمُ اللّهُ افْتِرَاء عَلَى اللّهِ قَدْ ضَلُّواْ وَمَا كَانُواْ مُهْتَدِينَ**﴾ ﴿مۇشرىكلارنىڭ شېرىكلىرى (يەنى شەيتانلار) مۇشرىكلارنى ھالاك قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ دىنىنى قالايمىقانلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ نۇرغۇنلىرىغا بالىلىرىنى ئۆلتۈرۈشنى، شۇنىڭدەك (يەنى اللهقا ۋە بۇتلارغا ھەسسە ئايرىپ قويۇشتەك تەقسىماتنى شەيتانلارغا ۋە مۇشرىكلارغا چىرايلىق كۆرسەتكەندەك) چىرايلىق كۆرسەتتى. ئەگەر الله خالىغان بولسا ئىدى، ئۇلار بۇ (قەبىھ) ئىشنى قىلمايتتى، ئۇلارنى اللهقا چاپلىغان

يالغانلىرى بىلەن تەرك ئەت. ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ گۇمانىچە: ‹بۇ هايۋانلار ۋە ئېكىنلەر (مەبۇدلىرىمىزغا خاس بولۇپ، باشقىلارغا) هارامدۇر، ئۇلارنى پەقەت بىز خالىغان ئادەملەرلا يەيدۇ، بۇ هايۋانلارنى مىنىش هارامدۇر، بۇ هايۋانلارنى بوغۇزلىغاندا اللهنىڭ ئىسمىنى ئېيتىشقا بولمايدۇ› دېدى. ئۇلار اللهقا يالغان چاپلىدى، الله ئۇلارنى يالغان چاپلىغانلىقلىرى ئۈچۈن جازالايدۇ. ئۇلار: ‹بۇ هايۋانلارنىڭ قورساقلىرىدىكى باللىرى بىزنىڭ ئەر كىشىلىرىمىزگە خاستۇر، بىزنىڭ خوتۇن كىشىلىرىمىزگە هارامدۇر› دېدى. ئەگەر تۇغۇلغان هايۋان ئۆلۈك بولسا، بۇ ئەر كىشىلەر بىلەن خوتۇن كىشىلەر ئارىسىدا ئورتاقتۇر (يەنى ئۇنى هەممەيلەن تەڭ يەيدۇ) دەپ (هالال ـ هارامنى تەيىنلەشتى). اللهقا يالغان چاپلىغانلىقلىرى ئۈچۈن الله ئۇلارنى جازالايدۇ. شۈبهىسىزكى، الله هېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر، هەممىنى بىلگۈچىدۇر. هاماقەتلىك ۋە نادانلىقلىرىدىن باللىرىنى ئۆلتۈرگەن ۋە الله نامىدىن يالغان ئېيتىپ، الله رىزىق قىلىپ بەرگەن نەرسىلەرنى هارام بىلگەن كىشىلەر هەقىقەتەن زىيان تارتتى، ئۇلار هەقىقەتەن (توغرا يولدىن) ئاداشتى، هىدايەت تاپمىدى﴾[1].

## بىدئەتچىلىك دىن ئەمەس

دەرهەقىقەت، بىدئەت (دىندا يېڭىلىق پەيدا قىلىش) پەيدا قىلىش ۋە ئۇتتۇرىغا چىقىرىش دىن ئەمەس. چۈنكى، دىن الله تائالا تەرىپىدىن بېكىتىلگەن بولۇپ، ئۇ بۇزغۇنچىلارنىڭ بۇزغۇنچىلىقلىرىدىن، چېكىدىن ئاشۇرۇۋەتكۈچىلەرنىڭ بۇرمىلاشلىرىدىن، بىدئەتچىلەرنىڭ باتىللىرىدىن ۋە نادانلارنىڭ تەپسىرلىرىدىن پاك ۋە ساپ هالدا قېلىشى كېرەك.

بىلىش كېرەككى، هەقىقىي يېڭىلىق يارىتىشنىڭ سورۇنلىرى دۇنيالىق ئىشلاردۇر. ئۇنىڭ ئىجاد قىلىش پۇرسەتلىرى نېمىدېگەن بىپايان، نېمىدېگەن كۆپ ـ هە! ۋەهالەنكى، مۇسۇلمانلار چېكىنىپ، ئۇلارنىڭ هالى يامان بولۇپ كېتىش، ئىشلىرى بۇزۇلۇپ كېتىش، جەمئىيەت يىمىرىلىپ كېتىش سەۋەبلىك ئۇلارنىڭ نورمال ئىشلىرىمۇ تەتۈر هالەتكە كىرىپ قالدى. ئۇلار دۇنيالىق ئىشلىرىدا قورام تاشلاردەك ئورۇنلىرىدىن تەۋرەنمەي تۇردى. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار هېچقانداق يېڭىلىق ئىجاد قىلمىدى، بىر نەرسىنى كەشىپ قىلمىدى، ئالدىنقى ئىش كېيىنكىسىگە بىر نەرسىنى قالدۇرمىدى.

---

[1] سۈرە ئەنئام، 137 ـ ئايەتتىن 140 ـ ئايەتكىچە.

ئەمما، دىندا الله رۇخسەت قىلمىغان ئىشلارنى ئىبادەتنىڭ يېڭىچە شەكىللىرى سۈپىتىدە پەيدا قىلدى، ئىجاد قىلدى.

## ئىسلامدا بىدئەتنى هارام قىلىش ئىزنالىرى

ئىسلامنىڭ ئىبادەتتە بىدئەت پەيدا قىلىشنى هارام قىلىشى ۋە مۇهەممەد ئەلەيهىسسالامغا ئەگىشىشكە ئەمىر قىلىشى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىبادەتلىرىنى ساپ هالەتتە ساقلاپ قالدى. ئەگەشكۈچىلەرنىڭ بۇرمىلىۋېتىشى، ئۆزگەرتىۋېتىشى، زىيادە قىلىۋېتىشى ياكى كەم قىلىۋېتىشىدىن بەكمۇ قوغدىدى.

ئىسلام ئىبادەتلىرى تۆپ نېگىزىدە هەممە مەزهەبتە بىردۇر. مەسىلەن، ناماز پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ زامانىدىن بۈگۈنگىچە ئوقۇلىدىغان ئايەتلەر ۋە مەخسۇس هەرىكەتلەر - تەكبىر بىلەن باشلىنىپ، سالام بىلەن ئاخىرلىشىپ كەلمەكتە. بىر كۈندە بەش ۋاقىت ئوقۇلماقتا، هەربىر ناماز مەلۇم هەرىكەتلەر، هەربىر رەكئەتتە ئوقۇلىدىغان مەلۇم زىكىر - تەسبىهلەر بىلەن ئوقۇلۇپ كەلمەكتە. هەربىر نامازنىڭ هەممە بىرلىككە كەلگەن تاهارەت، پاكىز كىيىم كىيىش، قىبلىگە يۈزلىنىشتىن ئىبارەت بىر قانچە شەرتلىرى بار.

روزا هەممە بىلىدىغان هىجرىيە كالېندارى بويىچە رامىزان ئېيىدا 29 ياكى 30 كۈن تۇتۇلىدۇ، ئۇنىڭ ۋاقتى كۈن چىقىشتىن كۈن ئولتۇرغىچە بولىدۇ.

شۇنداقلا، زاكات ۋە هەج قاتارلىقلارمۇ بەلگىلەنگەن ۋە ئۇلارنىڭ تەپسىلاتلىرى هەممىگە تونۇشلۇق بولۇپ، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامدىن تولىمۇ ئىشەنچلىك راۋىلار ئارقىلىق ئەۋلادتىن ئەۋلادقا داۋاملىشىپ كەلمەكتە.

مەلۇمكى، بۇلار ئىسلام ئىبادەتلىرىنىڭ خاسلىقى بولۇپ، ئۇنداق خاسلىقتا باشقا هېچقانداق بىر دىن ئېرىشىپ باقمىدى. باشقا دىنلاردىكى ئىبادەتلەر كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن كاهىن - راهىبلارنىڭ بۇرمىلاشلىرى، ئۆزگەرتىۋېتىشلىرى، ئاممىنىڭ چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىشلىرىگە دۇچ كەلدى. بىدئەتچىلەرگە هەددىڭلاردىن ئاشماڭلار، الله رۇخسەت قىلمىغان نەرسىلەرنى دىن قىلىپ بېكىتمەڭلار دېيىدىغان بىرى چىقمىدى. قولىدا جەننەتنىڭ ئاچقۇچى، ئاسمانلارنىڭ پادىشاهلىقى بولغان بىر كاهىننى ئۇ بىر بىدئەت پەيدا قىلغاندا ياكى دىننىڭ بىر مەسىلىسىنى ئۆزگەرتكەندە كىم ئىنكار قىلالايدۇ؟ چۈنكى، ئۇ (ئاممىنىڭ نەزىرىدە) اللەنىڭ رەهمىتىدىن خالىغان كىشىنى

قوغلىۋېتىپ، خالىغان كىشىنى ئۆزىگە كىرگۈزەلەيدىغان ۋە جەننەتنى گىراملاپ ساتالايدىغان كىشىدۇر.

ئەمما، ئىسلام باشتىلا كاھىنلىق ئىشلىرىنى ۋە ئۆزىنىڭ ئاللاھنىڭ سىرلىرىنى مونوپول قىلىشتىكى يالغان مۇددىئالىرىنى قاتتىق ئىنكار قىلدى. ئىبادەت ئىشلىرىنى مۇسۇلمانلارنىڭ قوللىرىدا قىلدى، مۇسۇلمانلارنى ئىبادەتنى قوغدايدىغان مۇھاپىزەتچى قىلدى ۋە ئۇلارنى ئىبادەت ئىشلىرىدا بىدئەت پەيدا قىلماي، ئايەت - ھەدىسكە ئەگىشىشكە بۇيرىدى. دىندا بىدئەت پەيدا قىلغۇچى كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر قاتتىق رەددىيە بېرىشكە ئەمر قىلدى.

بىز مەسىھ شەرىئىتىنى مىسال سۈپىتىدە ئالىدىغان بولساق، بىز ئۇنىڭ خىرىستىئانلارنىڭ ئۆز قوللىرىدا ئۆزگىرىپ، يوق بولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرىمىز. ئۇلار ئىيسا ئەلەيھىسسالام بۇزۇش ئۈچۈن ئەمەس، تولۇقلاش ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى ئېلان قىلغان قانۇنىيەتتىن چەتنەپ كەتتى.

بۇنىڭ بىلەن چوشقىنى، شەنبە كۈنىدە بېلىق تۇتۇشنى ھالال قىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا يەكشەنبە كۈنىنى بەلگىلىدى. خەتنە قىلىش ۋە جۇنۇبلۇقتىن غۇسلى قىلىشنى تەرك ئەتتى. ئىيسا ئەلەيھىسسالام بەيتۇلمۇقەددەسكە قاراپ ناماز ئوقۇيتتى، ئۇلار مەشرىققە قاراپ ئوقۇدى. ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزى كرېستنى ئۇلۇغلاپ باقمىغانىدى، ئۇلار كرېستنى ئۇلۇغلىدى ۋە ئۇنىڭغا چوقۇندى. ئىيسا ئەلەيھىسسالام ئۇلار تۇتۇۋاتقان روزىنى تۇتمىغان ياكى ئۇنى يولغا قويمىغان ياكى قەتئىي بۇيرۇپ باقمىغانىدى. بەلكى، ئاشۇلار مەزكۇر روزىنى ھازىرقى سانغا توختاتتى. ئۇنى باھار پەسلىگە يۆتكىدى، ئۇ روزىدا ئارتۇق تۇتقانلىرىنى قەمەرىيە ئايلىرىدىن رىم ئايلىرىغا يۆتكىگەننىڭ ئورنىنى تولدۇرۇش ئۈچۈن قىلدى. ئۇلار نىجىس نەرسىلەر بىلەن ئىبادەت قىلدى، ئىيسا ئەلەيھىسسالام بولسا، ئىنتايىن پاكىز ۋە نىجاسەتتىن ئەڭ يىراق تۇرىدىغان كىشى ئىدى. ئۇلارنىڭ بۇنداق قىلىشلىرى يەھۇدىي دىنىنى ئۆزگەرتىپ، ئۇلارنى بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن ئىدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىنى ئۆزگەرتىۋەتتى، يەھۇدىيلارغا قارشى ياردەمگە ئېرىشىش ئۈچۈن پەيلاسوپلارغا ۋە بۇتپەرەسلەرگە يېقىنلاشتى.

مانا بۇ، خىرىستىئان دىنى بىلەن ئىسلام دىنىنىڭ پەرقى. توغرا، بەزى مۇسۇلمانلارمۇ بەزى دەۋرلەردە «قۇرئان كەرىم»گە ياكى ھەدىسكە خىلاپ ھالدا دىندا بىدئەت پەيدا قىلدى. لېكىن، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بايانى ئارقىلىق ئاللاھنىڭ مۇشۇ ئەڭ ئاخىرقى ئۈممەتكە قىلىنغان ۋەدىسىنىڭ راستلىقىنى ئىسپاتلايدىغان، ھەرقايسى دەۋردە ئۇلارغا ھەقنى كۆرسىتىپ قويىدىغان، ئۇلارنى توغرا يېتەكلەيدىغان، ھەدىسنى ئەھيا قىلىدىغان ۋە بىدئەتنى قامچىلايدىغانلار چىقىپ تۇردى.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ھەقىقەتەن ﷲ مۇشۇ ئۇممەت ئۈچۈن ھەر يۈز يىلنىڭ بېشىدا ئۇنىڭ دىنىنى يېڭىلاپ بېرىدىغان كىشىنى ئەۋەتىدۇ».

شەكسىزكى، ئىسلامنى باشقا دىنلاردىن ئالاھىدە پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان ئىش شۇكى، ئۇنىڭ دىنىي پائالىيەتلىرى ۋە ئەسلىي ئىبادەتلىرى تولۇق نىگىزىدە ھەرقانداق بۇرمىلىنىشتىن ۋە ئۆزگىرىپ كېتىشتىن ساپ ھالەتتە ساقلىنىپ قالدى.

ئەبۇ بەكرى (ﷲ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىلغان بىر ئىشنى تەرك ئەتمەيمەن، مەن ئۇنى تەرك ئەتسەم ئېزىپ كېتىشتىن قورقىمەن».

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب (ﷲ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) كىشىلەرگە خۇتبە سۆزلەپ مۇنداق دېگەن: «ئى ئىنسانلار، سىلەرگە سۈننەتلەر يولغا قويۇلدى، پەرزلەر پەرز قىلىندى، سىلەر روشەن نەرسە ئۈستىگە تەرك ئېتىلدىڭلار، كىشىلەرنى ئوڭ ـ سولغا بۇرىۋېتىشتىن ساقلىنىڭلار».

ئىبنى مەسئۇد (ﷲ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) مۇنداق دېگەن: «ئى ئىنسانلار، بىدئەت پەيدا قىلماڭلار، چېكىدىن ئاشۇرۇۋەتمەڭلار، چوڭقۇرلاشتۇرۇۋەتمەڭلار، ھەدىسنى چىڭ تۇتۇڭلار، بىلگەنلىرىڭلارنى ئېلىڭلار، بىلمەيدىغانلىرىڭلارنى تەرك ئېتىڭلار».

ھەسەن بەسرى (ﷲ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) ﷲنىڭ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ كُتِبَ عَلَيْكُمُ الصِّيَامُ كَمَا كُتِبَ عَلَى الَّذِينَ مِن قَبْلِكُمْ لَعَلَّكُمْ تَتَّقُونَ﴾ ﴿ئى مۇئمىنلەر! (گۇناھلاردىن) ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن، سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرگە (يەنى ئىلگىرىكى ئۇممەتلەرگە) روزا پەرز قىلىنغاندەك، سىلەرگىمۇ (رامىزان روزىسى) پەرز قىلىندى﴾[1] دېگەن ئايىتى ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «ﷲ تائالا رامىزان روزىسىنى سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرگە پەرز قىلدى، يەھۇدىيلار ئۇنى رەت قىلدى، خرىستىئانلارغا روزا تۇتۇش ئېغىر كەلدى. ئاندىن ئۇلار روزىغا يەنە ئون كۈننى قوشۇپ، ئۇنى تۆت پەسىلنىڭ ئەڭ يەڭگىل ۋاقتىغا يۆتكىدى».

ھەسەن (ﷲ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) بۇ ھەدىسنى ئاڭلىغاندا مۇنداق دەيتتى: «ھەدىستىن ئازغا ئەمەل قىلىش كۆپ بىدئەتتىن ياخشىدۇر».

ئۇمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز خەلىپىلىككە بەيئەت قىلىنغاندا مۇنبەر ئۈستىگە چىقىپ، ﷲ تائالاغا ھەمدۇسانا ئېيتقاندىن كېيىن مۇنداق دېگەن: «ئى ئىنسانلار! سىلەرنىڭ پەيغەمبىرىڭلاردىن كېيىن پەيغەمبەر كەلمەيدۇ. قۇرئان نازىل قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن باشقا كىتاب نازىل قىلىنمايدۇ. سۈننەتلەر يولغا قويۇلۇپ بولغاندىن كېيىن

---

[1] سۈرە بەقەرە، 183 ـ ئايەت.

باشقا سۈننەتلەر يولغا قويۇلمايدۇ. سىلەردىن كېيىن باشقا بىر ئۈممەت كەلمەيدۇ. بىلىڭلاركى، الله ‹قۇرئان كەرىم›دە ۋە پەيغەمبىرى ئارقىلىق ھالال قىلغان نەرسىلەر قىيامەتكىچە ھالالدۇر، الله ‹قۇرئان كەرىم›دە ۋە پەيغەمبىرى ئارقىلىق ھارام قىلغان قىلغان نەرسىلەر قىيامەتكىچە ھارامدۇر. بىلىڭلاركى، مەن بىدئەتچى ئەمەس، لېكىن مەن قۇرئان ۋە سۈننەتكە ئەگەشكۈچى، مەن يېڭىدىن بىر شەرىئەتنى يولغا قويغۇچى ئەمەس، ئەمما مەن ئىجرا قىلغۇچىمەن».

مانا بۇ ئەمىر ـ خەلىپىلەرنىڭ ئىسلام ھەققىدىكى مەيدانى، ئۇلار دىندا بىدئەت پەيدا قىلمايدۇ، لېكىن ئەگىشىدۇ، شەرىئەتنى ئىجرا قىلىدۇ، شەرىئەت ئىجاد قىلمايدۇ.

ئىسلام ئۆلىمالىرى ئىنسانلارنىڭ اللهقا ئىبادەت قىلىشىدا ئاسان كۆرۈلىدىغان ھەرقانداق بىر بىدئەتنى، گەرچە ئۇنى قىلغۇچىنىڭ نەزىرىدە كىچىك بولسىمۇ قاتتىق قامچىلىدى. چۈنكى، كىچىك ئىش چوڭ ئىشقا سۆرەپ ئاپىرىدۇ. دوزاخقا كىرىپ كېتىشنىڭ سەۋەبلىرىمۇ كىچىك گۇناھلاردىن باشلىنىدۇ.

ئىمام مالىك (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) مەدىنىدىكى ۋاقتىدا بىرسى ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭدىن: «قەيەردىن تارتىپ ئېھرام باغلايمەن؟» دېگەندە، ئۇ: «مەدىنە ئەھلىنىڭ ئېھرام باغلاش ماكانى بولغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېھرام باغلىغان ئورۇن زۇلھۇلەيفىدىن»، دەپ جاۋاب بەرگەن. ئۇ كىشى: «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرىسى يېنىدا ئېھرام باغلاشنى خالايمەن» دېگەندە، ئىمام مالىك (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن): «قەتئىي ئۇنداق قىلما، مەن ساڭا پىتنە بولۇشىدىن قورقىمەن»، دېدى. ئۇ كىشى: «بۇنىڭدا قانداق پىتنە بولىدۇ؟ مەن ناھايىتى كەلسە بىر قانچە مىل مۇساپىنى ئارتۇق ماڭىمەنغۇ؟» دېدى. ئىمام مالىك (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن): «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىلمىغان بىر پەزىلەتنى مەن ئىشقا ئاشۇردۇم دەپ قارىشىڭدىن ئارتۇق پىتنە بارمىدۇ؟ مەن الله تائالانىڭ مۇنۇ ئايىتىنى بىلىمەن: ﴿فَلْيَحْذَرِ الَّذِينَ يُخَالِفُونَ عَنْ أَمْرِهِ أَن تُصِيبَهُمْ فِتْنَةٌ أَوْ يُصِيبَهُمْ عَذَابٌ أَلِيمٌ﴾ ﴿پەيغەمبەرنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلغۇچىلار (دۇنيادا چوڭ بىر) پىتنىگە يولۇقۇشتىن، يا (ئاخىرەتتە) قاتتىق بىر ئازابقا دۇچار بولۇشتىن قورقسۇن﴾[1] دېدى».

بۇ ئادەم مەدىنىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ بىر جايدىن ئېھرام باغلاشنى خالىغان بولسىمۇ، ئۇ بەلگىلەنگەن ئورۇن بولمىغانلىقتىن، دىندا زىيادە بىر ئىشنى قىلغان بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئىمام مالىك (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) ئۇنىڭ دۇنيادا پىتنە قېلىشىدىن، ئاخىرەتتە ئازابلىنىشىدىن قورقتى، چۈنكى ئۇ بۇنداق قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنى ئالاھىدە

[1] سۈرە نۇر، 63 ـ ئايەت.

بىلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەملىگە نۇقسان يەتكۈزگەنلەر قاتارىغا كىرىپ قالىدۇ.

ئىمام مالىك (اللّٰه ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) يەنە مۇنداق دېگەن: «كىم بۇ دىندا بولمىغان ۋە سەلەفلەر قىلمىغان بىر بىدئەتنى پەيدا قىلىدىكەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى دىنغا خىيانەت قىلدى دەپ دەۋا قىلغان بولىدۇ. چۈنكى، اللّٰه تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿الْيَوْمَ أَكْمَلْتُ لَكُمْ دِينَكُمْ﴾ ﴿بۈگۈن سىلەرنىڭ دىنىڭلارنى پۈتۈن قىلدىم﴾[1]. دېمەك، ئاشۇ كۈندە دىن بولمىغان ئىش بۈگۈنمۇ دىن بولمايدۇ».

اللّٰه تائالا دىنىنى تولۇقلاپ بولغان ۋە ئۇنىڭ بىلەن نېمەتنى كامالەتكە يەتكۈزۈپ بولغانىكەن، ئۇنداقتا دىندا بىر نەرسىنى زىيادە قىلىشقا ئورۇن يوق، چۈنكى تولۇقلىنىپ بولغان نەرسە زىيادىنى قوبۇل قىلمايدۇ. ئۇنىڭغا بىر نەرسىنى زىيادە قىلىشقا ئۇرۇنۇش ئۇنىڭغا نۇقسانلىقنى چاپلىغانلىق ھېسابلىنىدۇ.

## 5. روھىيەت بىلەن ماددىنىڭ ئوتتۇرىسىنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش

روھىيەت بىلەن ماددىنى ياكى دىن بىلەن دۇنيانىڭ ئوتتۇرىسىنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش بولسا، ئىسلام دەۋەت قىلغان ۋە ئەھمىيەت بەرگەن ئىسلاھات پرىنسىپلىرىنىڭ بەشىنچىسى بولۇپ، ئۇ بۇ ئارقىلىق دىن بۇزغۇنچىلىرى ئىبادەت ساھەسىدە بۇرمىلىۋەتكەن يەرلەرنى ئىسلاھ قىلىدۇ.

### يەھۇدىيلارنىڭ دۇنيا ئىشلىرىدا چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىشلىرى

بىز ھازىرقى بەش تەۋراتنىڭ ئايەتلىرىنى ئوقۇغىنىمىزدا، روھىيەت ۋە ئاخىرەت ھەققىدە بىرەر بايانىنى تاپالمايمىز. ھەتتاكى، ئىتائەتمەن ۋە ئاسىيلارغا خاس بولغان ۋەدە، ئاگاھلاندۇرۇشلارمۇ پەقەت دۇنيا ئىشلىرىغىلا قارىتىلغان. تۈپ ماددىغا ئىنتىلىش ئاساسىي ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. تەۋراتنىڭ ئەھكاملىرىنى مولچىلىق، ساقلىق، بايلىق، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش، دۈشمەنلەر ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشتىن ئىبارەت بىر قاتار دۇنيالىق ئىشلار بىلەن ئىجرا قىلغان كىشىگە خۇش بېشارەت بېرىدۇ. تەۋرات

[1] سۈرە مائىدە، 3 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

شەرئەتتىن يۈز ئۆرگەن كىشىنى بولسا پېقىرچىلىق، كېسەللىك، ۋابا ۋە مەغلۇبىيەت بىلەن ئاگاھلاندۇردى.

مەزكۇر ھەقىقەتنى بىلىش ئۈچۈن تۆۋەندىكى بايانلارنى ئوقۇش كۇپايە قىلىدۇ:

«زېمىندا ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشۈڭلار ئۈچۈن ئاتا ـ ئاناڭلارغا ھۆرمەت قىلىڭلار».

«سىلەر ئەزەلىي بولغان رەببىڭلارغا ئىبادەت قىلىڭلار، ئۇ سىلەرنىڭ نېنىڭلارغا، سۇيۇقلارغا بەرىكەت ئاتا قىلىدۇ، سىلەردىن كېسەلنى يىراق قىلىدۇ، ئۆمرۈڭلارنى ئۇزۇن قىلىدۇ».

«سىلەر مېنىڭ ئەمرىمگە ئىتائەت قىلساڭلار، تەۋسىيەلىرىمنى ئورۇنلىساڭلار مەن سىلەرگە يامغۇرنى ئۆز ۋاقتىدا ئەۋەتىمەن. بۇنىڭ بىلەن زېمىن ئۆز ھوسۇللىرىنى، دەرەخلەر ئۆز مېۋىلىرىنى بېرىدۇ».

دېمەك، (ھازىرقى) تەۋراتتا روھىيەت ياكى ئاخىرەتكە ھېچقانداق ئورۇن يوق.

## خرىستىئانلارنىڭ دۇنيا ئىشلىرىغا سەل قارىشى

بىز ئىنجىلغا نەزەر سالىدىغان بولساق، ئۇنىڭدا بۇ دۇنيانىڭ قىممىتىنى چۆرۈپ تاشلاشقا، زېمىننى ئىنسان پالانغان ماكان دەپ قاراشقا، نىجات ۋە بەخت ـ سائادەتنى ئاسمانىنىڭ پادىشاھلىقى بەرپا بولىدىغان ئاخىرەتتىن تەلەپ قىلىشقا چاقىرىق بارلىقىنى كۆرىمىز. كىم ئاسمانىنىڭ پادىشاھلىقىنى ئىرادە قىلسا، ئۇ زېمىندىن يۈز ئۆرىسۇن، كىم ئاخىرەتنى مەقسەت قىلسا، بۇ دۇنيانى رەت قىلسۇن. دېمەك، ئىنجىلدا ئىنساننىڭ دۇنيادا ھېچقانداق نېسىۋىسى، ھاياتنىڭ ھالال نېمەتلىرىدىن پايدىلىنىش ھوقۇقى، ئىنسان تېنىنىڭ ئىنسان ئۈستىدە ھەققى، ئىنساننىڭ زېمىننى گۈللەندۈرۈشتە ھېچقانداق رولى يوقتەك ھېس قىلىمىز.

ئىنجىلدا مۇنداق دېيىلگەن: «تۆگە يىڭنىنىڭ تۆشۈكىدىن ئۆتمىگۈچە، باي ئاسمانلارنىڭ دائىرىسىگە كىرەلمەيدۇ». ئىيسا ئەلەيھىسسالام ئۆزىگە ئىمان كەلتۈرگەن بىر ياشقا مۇنداق دېگەن: «سەن كامالەتكە يېتىشنى ئىرادە قىلساڭ، قول ئىلكىڭدىكى نەرسىلەرنى سېتىپ، ئۇنى پېقىر ـ مىسكىنلەرگە بەرگىن، ئاندىن كېلىپ ماڭا ئەگەشكىن». ئىيسا ئەلەيھىسسالام شاگىرتلىرىغا مۇنداق دېگەن: «سىلەر نېمە يەيدىغانلىقىڭلارنى، نېمە ئىچىدىغانلىقىڭلارنى ئىزدەپ ئولتۇرماڭلار، چۈنكى بۇنى غەيرى مۇئمىنلەر ئىزدەيدۇ».

## رەھبانىيەتنىڭ چېكىدىن ئېشىشى ۋە ئۇنىڭ ئىنسان تەبىئىتىگە بولغان قاسىۋىتى

خرىستىئانلار ئىنجىلدا كەلگەن زاھىتلىق، رىيازەت چېكىش، ھاياتنى دۇنيانىڭ ئىشلىرىدىن يىراق ئۆزۈشكە دەۋەت قىلىش بىلەنلا كۇپايىلىنىپ قالماي، خرىستىئان ئېتىقادچىلار «رەھبانىيەت» تۈزۈمىنى پەيدا قىلدى. بۇ تۈزۈم ئىنسان روھىنى قىينايدۇ، ئۇنىڭ ئۆيلىنىشىنى چەكلەيدۇ، تۇغما خاراكتېرلىرىنى بوغىدۇ، ھالال رىزىقتىن بەھرىلىنىش ئىستىكىنى يۇلۇپ تاشلايدۇ.

بۇنداق چېكىدىن ئاشقان تۈزۈم تېز يامراپ، ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى تېز سۈرئەتتە كۆپەيدى. ئۇلارنىڭ اللهقا ئىبادەت قىلىدىغان ۋە يېقىنلىشىدىغان ئىشلىرى پاكىزلىق ۋە چىرايلىق ياسىنىشتىن يىراق بولۇش بولدى. ئۇلار ئىنساننىڭ پاكىزلىقىنى ئىنتىلىشىنى شەيتان ئەمىلىدىن بولغان نىجىسلىق دەپ قارىدى. ئەبۇلھەسەن نەدەۋى بىرگە «لىيكى»نىڭ «ياۋروپا ئەخلاقىنىڭ تارىخى» ناملىق كىتابىدىن ئىنسان تېنىنى سەسكەندۈرىدىغان، قەلبلەرنى ۋەھىمىگە سالىدىغان، ئىنسان ئەقلىنى داڭ قاتۇرۇۋېتىدىغان رەھبانىيەت ۋە ئۇنىڭ چېكىدىن ئېشىشلىرى توغرىسىدىكى بايانلارنى نەقىل كەلتۈرىدۇ:

«راھىبلارنىڭ سانى ھەددىدىن زىيادە ئېشىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ ئورنى كۆچەيدى، كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتىپ، ئۇلارنى شۇنىڭ بىلەن مەشغۇل قىلدى. ھازىر ئۇلارنىڭ سانىنى ئېنىق ئالغىلى بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ كۆپلىكىنى دەلىللەيدىغان پاكىت شۇكى، تارىخشۇناسلارنىڭ مەلۇماتىغا كۆرە، روژدېستۋا بايرىمىدا 50000 راھىب يىغىلاتتى. مىلادىيە تۆتىنچى ئەسىردە بىر راھىب 5000 راھىبقا يېتەكچىلىك قىلاتتى. سەرابىن دېگەن راھىب ئۆزى يالغۇز 10000 راھىبنى باشقۇراتتى. مىلادىيە تۆتىنچى ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا راھىبلارنىڭ سانى مىسىر ئاھالىسىنىڭ سانىغا يەتتى».

ئىككى ئەسىرگە يېقىن ۋاقىت ئىچىدە رەھبانىيەتنىڭ ئىنسان تېنىنى قىينىشى دىن ۋە ئەخلاقتا ياخشى ئۈلگىگە ئايلاندى. تارىخشۇناسلار بۇ ھەقتە ئاجايىپ غەلىتە ھادىسىلەرنى بايان قىلىدۇ. ماكارىيوس دېگەن بىر راھىب بەدىنىنى زەھەرلىك چىۋىنلارغا چاقتۇرۇش ئۈچۈن بىر ئازگالدا ئالتە ئاي تۇرغان. ئۇ ھەمىشە بىر نەچچە يۈز كىلو ئېغىرلىقتىكى تۆمۈرنى كۆتۈرەتتى، ئۇنىڭ دوستى يوسىبىس ئۇنىڭدىن بىر ھەسسە ئارتۇق ئېغىرلىقتىكى تۆمۈرنى كۆتۈرەتتى. ئۇ بىر قۇدۇقتا ئۈچ يىل تۇرغانىدى. راھىب يوھەننا ئۈچ يىل بىر پۇتلاپ ئۆرە تۇرۇپ ئىبادەت قىلغان، بەك قاتتىق چارچاپ كەتكەندە بىر تاشقا يۆلىنىۋالاتتى. بەزى راھىبلار كىيىم كىيمەيتتى، ئۇلار بەدەنلىرىنى قويۇۋەتكەن ئۇزۇن چاچلىرى بىلەن يۆگەيتتى. ئۇلار تۆت پۇتلاپ ھايۋانلاردەك ماڭاتتى. ئۇلارنىڭ

كۆپىنچىسى يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ ئۇۋىلىرىدا، قۇدۇقلاردا، قەبرىستانلىقلاردا تۇراتتى. ئۇلار ئوت - خەس يەيتتى. بەدەن پاكىزلىقىنى روھنىڭ پاكلىقىغا زىت دەپ قاراپ بەدەنلىرىنى يۇيۇشنى گۇناھ ھېس قىلاتتى. ئۇلارنىڭ نەزىرىدىكى ئەڭ زاھىت، ئەڭ تەقۋا ئادەم پاكىزلىقتىن يىراق بولغان، مەينەت، نىجىسلارغا كۆمۈلۈپ كەتكەنلەر ئىدى. راھىب ئېتھىنس ۋە راھىب ئانتونىلار ئۆمرىدە ئىككى پۇتىنى يۇيۇش جىنايىتىنى سادىر قىلمىغانىدى. راھىب ئىبراھام يۈزىگە، پۇتىغا ئەللىك يىل سۇ تەگكۈزۈپ باقمىغان. ئىسكەندەرىيىلىك بىر راھىب مۇنداق دېگەن: «ۋاي مىڭ ئەپسۇس، بىز يۈزنى يۇيۇشنى ھارام دەپ قارايدىغان دەۋردە ئىدۇق، ئەمدىلىكتە ھاماملارغا كىرىۋاتىمىز». راھىبلار يۇرتلاردا كېزىپ يۈرۈپ، بالىلارنى ئېلىپ قاچاتتى. ئاندىن ئۇلارنى ئىبادەتخانىلارغا بېرىۋېتەتتى. بۇۋاقلارنى ئانىلىرىنىڭ قۇچاقلىرىدىن تارتىۋېلىپ، رەھبانىيەت تەربىيىسىدە يېتىلدۈرەتتى. ھالبۇكى، ھۆكۈمەت بۇ ئىشقا نىسبەتەن ھېچقانداق بىر ئىش قىلمايتتى. كۆپىنچە ئامما ئۇلارنى قوللايتتى، ئاتا - ئانىلىرىنى تاشلاپ، راھىبلىقنى تاللىغانلارنى تېخىمۇ شۇنداق قىلىشقا كۈشكۈرتەتتى ۋە ئۇلارنىڭ ناملىرى بىلەن شوئار توۋلايتتى. چوڭ راھىبلار بالىلارنى ئېلىپ قېچىشتا ھەرخىل ئۇسلۇبلارنى قوللىنىشقا ماھىرلىقى بىلەن تارىختىن ئورۇن ئالدى. ئانىلار راھىب ئېمپىرورزنى كۆرسە، بالىلىرىنى يوشۇرۇپ قوياتتى. ئاتا - ئانىلار بالىلىرىنى باشقۇرالمايتتى، ئۇلارنى باشقۇرۇش راھىبلارنىڭ قوللىرىغا ئۆتۈپ كەتكەنىدى.

قەلبلىرىدىن مېھرى - شەپقەت ۋە رەھىمدىللىق، كۆزلىرىدىن ياش ئېقىپ تۈرىدىغان راھىبلار ئاتا - ئانىلارغا ۋە بالىلارغا قاتتىقلىق قىلاتتى. ئۇلار ئانىلارنى ۋەيران، دادىلارنى بىتاپ، بالىلارنى كىشىلەردىن تىلەپ يەيدىغان يېتىم قىلىپ قوياتتى. ئۇلار سەھراغا قاراپ يول ئالاتتى. ئۇلارنىڭ بىردىنبىر غېمى ئۆزلىرىنى ئاخىرەتتە قۇتۇلدۇرۇش ئىدى. ئۇلار بۇ يولدا ئۆلەمدۇ ياكى تىرىك قالامدۇ پەرۋا قىلمايتتى. لېكىن بۇ ھەقتە كۆزلەردىن ياش ئاققۇزىدىغان، قەلبلەر مۇجۇلىدىغان نۇرغۇن ھېكايەتلەرنى كەلتۈردى.

ئۇلار ئايالالرنىڭ سايىسىدىنمۇ قاچاتتى، ئۇلارغا يېقىنلىشىپ سېلىش، ئۇلار بىلەن بىر ئورۇندا بولۇپ قېلىشنى گۇناھ ھېس قىلاتتى. ئۇلار ئاياللار بىلەن (مەيلى ئۆزلىرىنىڭ ئانىلىرى ياكى قىز قېرىنداشلىرى بولسۇن) يوللاردا تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قېلىپ، سۆزلىشىپ قېلىش ئادەمنىڭ ئەمەللىرىنى ۋە ئىزتىراپلىرىنى بىكار قىلىۋېتىدۇ دەپ ئېتىقاد قىلاتتى. لېكىن ئادەمنى كۈلدۈرىدىغان ھەم يىغلىتىدىغان مۇشۇنداق ھېكايەتلەردىن نۇرغۇنلىرىنى بايان قىلىدۇ.

## تەكپۇڭلۇق ئىسلامنىڭ سىمۋولى

يەھۇدىيلارنىڭ ئاخىرەت بىلەن روھىيەتكە سەل قاراشتىكى، خىرىستىئانلارنىڭ دۇنيا ۋە تەننى خارلاشتىكى مەيدانلىرى مانا مۇشۇنداق ئىدى.

ئەنە شۇنداق بىر زاماندا ئىسلام كەلدى. ئۇنىڭ ھەممە تەرەپ ۋە جايلاردىكى سىمۋولى تەكپۇڭلۇق، موتىدىللىك بولدى. ئۇ، زېمىننىڭ ھەممە جايلىرىغا، زاماننىڭ پۈتۈن دەۋرلىرىگە ماس كېلىدىغان، ھەر مىللەت، ھەر جەمئىيەت ۋە يەككە كىشىلەرنىڭ تولۇق ھايات يوللىرىنى بەلگىلەپ بېرىدىغان ئومۇمىيۈزلۈك، مەڭگۈلۈك رىسالىگە (دەۋەتكە) لايىق موتىدىللىك ئىدى. ئۇ، روھىي تەشنالىق بىلەن جىسمانىي ھەق - ھوقۇقلارنى، دىنىي تەشەببۇسلار بىلەن دۇنيانىڭ ئېھتىياجلىرىنى، دۇنيا تىرىكچىلىكى بىلەن ئاخىرەت ھاياتى ئۈچۈن ئەمەل قىلىشنى تەڭشەپ بېرىدىغان موتىدىللىك ئىدى.

ئىسلام دىنى ئۆلگىلىك مۇسۇلماندىن ئىبادەتخانىغا كىرىۋېلىپ راھىب بولۇۋېلىشنى ياكى خىلۋەت جايغا كېتىۋېلىپ، كېچىنى ناماز بىلەن، كۈندۈزنى روزا بىلەن ئۆتكۈزىدىغان، سۆكۈتلىرى پىكىر، سۆزلىرى زىكىر، نەزەرلىرى ئوي - تەپەككۇر بولىدىغان، نە ھاياتتىن نېسىۋىسى يوق، نە ھاياتلىقتا پايدا يەتكۈزمەيدىغان ئابىد بولۇۋېلىشنى تەلەپ قىلمايدۇ.

## اللهنىڭ ۋە تىرىكچىلىكنىڭ ھەق - ھوقۇقلىرى

دەرۋەقە، ئىسلام دىنى مۇسۇلماندىن ھاياتىي دۇنيادا تىرىشىشنى، دۇنيانى ئاۋاتلاشتۇرۇپ، تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ۋە تەرەققىياتنى ئالغا سىلجىتىشنى تەلەپ قىلدى. ئۇنىڭدىن زېمىندا سەير قىلىپ، ئۇنىڭ ھەر تەرەپلىرىدە تېرىقچىلىق قىلىش، يا سانائەت بىلەن شۇغۇللىنىش، يا تىجارەت قىلىش، يا كەسىپ قىلىش، يا ئالىم بولۇش، يا ئىشچىلىق قىلىش، يا ھۈنەر قىلىش ئارقىلىق رىزقىنى تەلەپ قىلىشنى بېكىتتى. بىراق، ھاياتنىڭ مەشغۇلاتلىرى ھاياتنى بېغىشلىغۇچىنى ئۇنتۇلدۇرماسلىقى، بەدەننىڭ ھەققى روھىيەتنىڭ ھەققىدىن، دۇنيانىڭ ئىشلىرى ئاخىرەت ھەقىقەتلىرىدىن مەغۇل قىلىپ قويماسلىقى، شۇنداقلا اللهنى ئۇنتۇپ قېلىپ، ئۆزىنى ۋە ئۆزىنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى ئۇنتۇپ قالىدىغان ئىشنى سادىر قىلماسلىقى لازىم. بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا اتَّقُوا اللَّهَ وَلْتَنظُرْ نَفْسٌ مَّا قَدَّمَتْ لِغَدٍ وَاتَّقُوا اللَّهَ إِنَّ اللَّهَ خَبِيرٌ بِمَا تَعْمَلُونَ وَلَا تَكُونُوا كَالَّذِينَ

نَسُوا اللَّهَ فَأَنسَاهُمْ أَنفُسَهُمْ أُوْلَئِكَ هُمُ الْفَاسِقُونَ﴾ ﴿ئى مۇئمىنلەر! اللهتىن قورقۇڭلار، ھەر ئادەم ئەته (يەنى قىيامەت كۈنى) ئۈچۈن (ياخشى ئەمەللەردىن) نېمىلەرنى تەييارلىغانلىقىغا قارىسۇن، اللهتىن قورقۇڭلار، الله ھەقىقەتەن قىلىۋاتقان ئىشىڭلاردىن تولۇق خەۋەرداردۇر. سىلەر اللهنى ئۇنتۇغان، شۇنىڭ بىلەن الله ئۇلارغا ئۆزلىرىنى ئۇنتۇلدۇرغان كىشىلەردەك بولماڭلار، ئەنە شۇلار پاسىقلاردۇر﴾[1].

ئىبنى قەييۇم (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) مەزكۇر ئايەت ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «سەن بۇ ئايەتنى ئويلىنىپ كۆرسەڭ، ئۇنىڭ ئاستىدا چوڭقۇر بىر مەنىنىڭ بارلىقىنى تونۇپ يېتىسەن. ئۇ بولسىمۇ كىم پەرۋەردىگارىنى ئۇنتۇپ قالىدىكەن، الله ئۇنىڭغا ئۆزىنىمۇ ئۇنتۇلدۇرۇۋېتىدۇ. بۇ تۈپەيلى ئىنسان ئۆزىنى ۋە ئۆزىنىڭ پايدا ـ مەنپەئەتلىرىنى بىلەلمەيدۇ. شۇنداقلا، ئۆزىنىڭ دۇنيا ـ ئاخىرەتتىكى بەختىنى، نىجات تېپىش يوللىرىنى تاپالمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن لاغايلاپ يۈرىدىغان چاھارپايلارنىڭ ئورنىدا بولۇپ قالىدۇ. بەلكى، چاھارپايلار يارىتقۇچى الله ئاتا قىلغان ھىدايەت ئۈستىدە بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ پايدا ـ مەنپەئەتلىرىنى ئۇنىڭدىن ئوبدان بىلىشى مۇمكىن. ئەمما، ماۋۇ ئىنسان بولسا، ئۆزىنىڭ ساپ تەبىئىتىدىن ھالقىپ كېتىپ، پەرۋەردىگارىنى، ئۆزىنى ۋە ئۆزىنى كامالەتكە يەتكۈزىدىغان، پاكلايدىغان، دۇنيا ـ ئاخىرەتتە بەختلىك قىلىدىغان تەۋسىيەلەرنى ئۇنتۇدى. الله تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿وَلَا تُطِعْ مَنْ أَغْفَلْنَا قَلْبَهُ عَن ذِكْرِنَا وَاتَّبَعَ هَوَاهُ وَكَانَ أَمْرُهُ فُرُطًا﴾ ﴿بىز دىلىنى زىكرىمىزدىن غەپلەتتە قالدۇرغان، نەپسى خاھىشىغا ئەگەشكەن، ئىشى ھەددىدىن ئاشقان ئادەمنىڭ (سۆزى)گە ئەگەشمىگىن﴾[2].

دېمەك، ئۇ پەرۋەردىگارىنىڭ زىكرىدىن غەپلەتتە قالدى. ئىشلىرى ۋە قەلبى ھەددىدىن ئاشتى. ئۆزىنىڭ پايدا ـ مەنپەئەتلىرىگە ۋە كامالىتىگە، روھىيىتى ۋە قەلبى پاك بولىدىغان نەرسىلەرگە نەزەر ئاغدۇرمايدىغان بولدى. بەلكى، ئۇنىڭ قەلبى چېچىلىپ كەتتى، زايا بولۇپ كەتتى. ئىشلىرى ھەددىدىن ئاشتى. بىرەر توغرا يول تاپالماي گاڭگىراپ قالدى».

ئىبادەتلەرنىڭ ۋەزىپىسى ئىنساننى دۇنيا ئىشلىرى مەشغۇل قىلىۋېلىپ، اللهنى ئۇنتۇپ، ئاندىن الله ئىنساننىڭ ئۆزىنىمۇ ئۇنتۇلدۇرۇپ، بۇ سەۋەبلىك ئىنساننىڭ غەپلەت دېڭىزىغا غەرق بولماسلىقىدۇر.

ئىبادەتلەرنىڭ ۋەزىپىسى ئۆزىنىڭ پەرۋەردىگارىنى ئۇنتۇپ قالغان ياكى ئاخىرەت ئىشلىرىدىن غەپلەتتە قالغان ئىنساننى ئاگاھلاندۇرۇش ۋە ئەسلىتىپ قويۇش، ئاندىن

---

[1] سۈرە ھەشر، 18 ـ ۋە 19 ـ ئايەتلەر.

[2] سۈرە كەھف، 28 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئۇنى تېگىشلىك ئىبادەتلەرنى ئادا قىلغاندىن كېيىن دۇنيا تىرىكچىلىكىگە قاراپ مەزمۇت ۋە مۇستەھكەم قەدەم ئېلىشقا باشلاشتىن ئىبارەتتۇر.

مۇسۇلماننىڭ دۇنيالىق بىلەن ئاخىرەت ئوتتۇرىسىدا ئەڭ توغرا ئورۇنغا قويۇلغانلىقىنى بىلىشىمىزگە جۈمۇئە سۈرىسىدىكى ئىككى ئايەتنى ئوقۇشىمىز يېتەرلىكتۇر. اللّٰه تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا إِذَا نُودِي لِلصَّلَاةِ مِن يَوْمِ الْجُمُعَةِ فَاسْعَوْا إِلَى ذِكْرِ اللَّهِ وَذَرُوا الْبَيْعَ ذَلِكُمْ خَيْرٌ لَّكُمْ إِن كُنتُمْ تَعْلَمُونَ فَإِذَا قُضِيَتِ الصَّلَاةُ فَانتَشِرُوا فِي الْأَرْضِ وَابْتَغُوا مِن فَضْلِ اللَّهِ وَاذْكُرُوا اللَّهَ كَثِيراً لَّعَلَّكُمْ تُفْلِحُونَ﴾ ﴿ئى مۇئمىنلەر! جۈمە كۈنى جۈمە نامىزىغا ئەزان ئېيتىلسا، اللّٰهنى ياد ئېتىشكە (يەنى جۈمە خۇتبىسىنى ئاڭلاشقا ۋە جۈمە نامىزىنى ئادا قىلىشقا) ئالدىراپ بېرىڭلار، ئېلىم - سېتىمنى قويۇپ تۇرۇڭلار، ئەگەر بىلسەڭلار بۇ سىلەر ئۈچۈن ياخشىدۇر. ناماز ئوقۇلۇپ بولغاندا (يەنى نامازدىن پارىغ بولغىنىڭلاردىن كېيىن) زېمىنغا تارىلىپ (يەنى ئۆز مەشغۇلاتىڭلار بىلەن بولۇپ)، اللّٰهنىڭ پەزلىدىن تەلەپ قىلىڭلار، مەقسىتىڭلارغا ئېرىشىش ئۈچۈن اللّٰهنى كۆپ ياد ئېتىڭلار﴾[1].

مانا بۇ مۇسۇلمان ئىنساننىڭ ھالى. نامازدىن ئىلگىرى ئىشلەش ۋە ئېلىم - سېتىم ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولىدۇ، ئاندىن كېيىن ناماز ئوقۇشقا، اللّٰهنىڭ زىكرىگە ئاتلىنىدۇ. ناماز ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن اللّٰهنىڭ پەزلىنى تەلەپ قىلىش ئۈچۈن زېمىنغا تارىلىدۇ. بۇ يەردىكى اللّٰهنىڭ پەزلى بولسا، رىزىق تەلەپ قىلىش ۋە كەسىپ - ھۈنەر قىلىشتۇر.

ئىسلامدا مەسجىدكە بارىدىغانلار بىكار تەلەپ دەرۋىش ياكى ئىشسىز راھىبلار ئەمەس. ئۇلار اللّٰه تائالا «قۇرئان كەرىم»دە سۈپەتلىگەندەك كىشىلەردۇر: ﴿رِجَالٌ لَّا تُلْهِيهِمْ تِجَارَةٌ وَلَا بَيْعٌ عَن ذِكْرِ اللَّهِ وَإِقَامِ الصَّلَاةِ وَإِيتَاء الزَّكَاةِ يَخَافُونَ يَوْمًا تَتَقَلَّبُ فِيهِ الْقُلُوبُ وَالْأَبْصَارُ﴾ ﴿ئۇلار شۇنداق ئەرلەركى، سودا - سېتىق ئۇلارنى اللّٰهنى زىكىر قىلىشتىن، ناماز ئۆتەشتىن، زاكات بېرىشتىن غەپلەتتە قالدۇرمايدۇ. ئۇلار دىللار ۋە كۆزلەر قالايمىقانلىشىپ كېتىدىغان كۈن (يەنى قىيامەت كۈنى)دىن قورقىدۇ﴾[2]. ئۇلارنىڭ تىجارەت ۋە ئېلىم - سېتىمدىن ئىبارەت دۇنيالىق ئىشلىرى بولغانلار. ھالبۇكى، تىجارەت ۋە ئېلىم - سېتىم ئىنساننى تولىمۇ مەشغۇل قىلىپ قويىدىغان ئىشلاردۇر. لېكىن، ئۇ ئۇلارنى اللّٰهنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىشتىن توسۇپ قالالمىدى.

---

[1] سۈرە جۈمۇئە، 9 - ۋە 10 - ئايەتلەر.

[2] سۈرە نۇر، 37 - ئايەت.

# دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ ياخشىلىقى

الله تائالا «قۇرئان كەرىم»دە ھەج پائالىيەتلىرى جەريانىدا ھاجەتلىرىنى تىلەپ اللە تائالاغا دۇئا قىلىدىغان ئىككى تۈرلۈك ئىنساننى، گەرچە تەپسىلى بولمىسىمۇ، بىزگە ناھايىتى ئوچۇق تەرىپلەپ بېرىدۇ.

ئۇلارنىڭ بىرى، نىشانى تار بولغان، روشەن دەلىلى بولمىغان، پۈتۈن غېمى دۇنيالىق بولۇپ، پەقەت دۇنياغىلا كۆڭۈل بۆلىدىغان، شۇنىڭغىلا ھېرىسمەن ئىنساندۇر.

يەنە بىرى، نىشانى ئېنىق، يولى نۇرلۇق بولغان، قەلبى دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان، ئاندىن اللە تائالادىن جەننەت تىلىگەن ئىنساندۇر.

الله تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿فَإِذَا قَضَيْتُم مَّنَاسِكَكُمْ فَاذْكُرُواْ اللّهَ كَذِكْرِكُمْ آبَاءكُمْ أَوْ أَشَدَّ ذِكْرًا فَمِنَ النَّاسِ مَن يَقُولُ رَبَّنَا آتِنَا فِي الدُّنْيَا وَمَا لَهُ فِي الآخِرَةِ مِنْ خَلاَقٍ وِمِنْهُم مَّن يَقُولُ رَبَّنَا آتِنَا فِي الدُّنْيَا حَسَنَةً وَفِي الآخِرَةِ حَسَنَةً وَقِنَا عَذَابَ النَّارِ أُولَئِكَ لَهُمْ نَصِيبٌ مِّمَّا كَسَبُواْ وَاللّهُ سَرِيعُ الْحِسَابِ﴾ ﴿سىلەر ھەجگە ئائىت ئىبادەتلەرنى ئادا قىلغاندىن كېيىن، اللەنى بولسا ئاتا ـ بوۋاڭلارنى (پەخىرلىنىپ) ياد ئەتكەندەك ياكى ئۇنىڭدىنمۇ زىيادە ياد ئېتىڭلار. بەزى كىشىلەر: ‹ئى پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە (نېسىۋىمىزنى) بۇ دۇنيادىلا بەرگىن› دەيدۇ. ھالبۇكى، ئۇنىڭغا ئاخىرەتتە (ياخشىلىقتىن) نېسىۋە يوقتۇر. بەزى كىشىلەر: ‹پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە دۇنيادا ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، ئاخىرەتتىمۇ ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن› دەيدۇ. ئەنە شۇلار ئۆزلىرى قىلغان ئەمەللىرىنىڭ مول مېۋىسىنى كۆرىدۇ. اللەنىڭ ھېساب ئېلىشى تېزدۇر (يەنى شۇنچە كۆپ خالايىقتىن قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ھېساب ئېلىپ بولىدۇ﴾[1].

الله تائالا «قۇرئان كەرىم»دە ئىنسانلارنى روھىي پاكلىنىدىغان، قەلبلەر پەرۋەردىگارىغا يېقىنلىشىدىغان، مەيىن شامال يېقىنىدىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەسلىملىرىنى، يىراقتىن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەسلىملىرىنى خاتىرلىتىپ تۇرىدىغان مۇشۇنداق مەيداندا ئىككى تۈرگە بۆلدى.

ئىنسانلار پەقەت ئىككى تۈرلۈكتۇر. بىرى، دۇنيا تەلەپ قىلغۇچىلار بولۇپ، ئۇلارغا ئاخىرەتتە ياخشىلىقتىن ھېچ نېسىۋە يوقتۇر. ئۇلارنى اللە تائالا باشقا بىر ئايەتتە ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿مَّن كَانَ يُرِيدُ الْعَاجِلَةَ عَجَّلْنَا لَهُ فِيهَا مَا نَشَاء لِمَن نُّرِيدُ﴾ ﴿بىز

[1] سۇرە بەقەرە، 200 ـ ئايەتتىن 202 ـ ئايەتكىچە.

دۇنيانى كۆزلىگەنلەر ئىچىدىن خالىغان ئادەمگە (ئۇنىڭ خالىغىنىنى ئەمەس) بىزنىڭ خالىغىنىمىزنى بېرىمىز﴾[1].

يەنە بىرى دۇنيا ۋە ئاخىرەتنى تەلەپ قىلىدىغانلاردۇر. ئۇلار ئىككىلى ھاياتتا، ئىككىلى دۇنيادا ياخشىلىق تىلەيدۇ. ئۇلارنىڭ دۇئاسى مۇنداق: ﴿رَبَّنَا آتِنَا فِي الدُّنْيَا حَسَنَةً وَفِي الآخِرَةِ حَسَنَةً وَقِنَا عَذَابَ النَّارِ﴾ ﴿پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە دۇنيادا ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، ئاخىرەتتىمۇ ياخشىلىق ئاتا قىلغىن﴾[2]. مەزكۇر ئايەتتىكى «ياخشىلىق» بولسا، ساقلىق، ياخشى ئايال، ياخشى پەرزەنت، پايدىلىق ئىلىم، كەڭرى رىزىق، كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مېھرى - شەپقەت... قاتارلىقلار بىلەن تەپسىر قىلىنىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى دۇنيا ياخشىلىقلىرىنى ئەمەلىيلەشتۇرىدۇ.

الله تائالا «قۇرئان كەرىم»دە ئۈچىنچى تۈردىكى ئىنسانلارنى، يەنى پەقەت ئاخىرەتنىڭ ياخشىلىقىنى تىلەيدىغان، دۇنياغا ھاجىتى بولمايدىغانلارنى تىلغا ئالمىدى. الله تائالا بۇنىڭ بىلەن ھاياتتا بۇنداق تۈردىكىلەرنىڭ يوقلىقىنى بىلدۈرمەكچى. چۈنكى ھاياتنىڭ ھەرخىل ھادىسىلىرى، ھەر تۈرلۈك ھەق - ھوقۇقلىرى ئاخىرەتنى تەلەپ قىلىدىغان كىشىنى دۇنيالىق توسالغۇلارنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىش، ئۇنىڭ ھەق - تەلەپلىرىنى ئادا قىلىشقا ياردەم بېرىش ۋە مۇشكۈلاتلىرىنى يەڭگىللىتىپ بېرىشنى تىلەپ دۇئا قىلىشقا مەجبۇرلايدۇ.

شۇنىڭدەك الله تائالا يەنە، ئاخىرەتنى تىلەش ھېسابىغا دۇنياغا بىپەرۋالىق قىلىش، ئۇنىڭ ئىشلىرىغا سەل قاراشنىڭ ئىنساننىڭ ساپ تەبىئىتىدىن، دىنىنىڭ توغرا يولىدىن چىقىپ كەتكەن ۋە ئەيىبلىنىدىغان بىر ئىش ئىكەنلىكىنى بىلدۈرمەكچى.

شۇڭلاشقا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلەرنىڭ ئاخىرەتكە يۈزلىنىش مۇددىئاسى بىلەن دۇنيادىن يۈز ئۆرۈپ، پۈتۈنلەي اللهنىڭ ئىبادىتىگە ئاتلىنىپ كېتىش مەسىلەكلىرىنى قوبۇل قىلمىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەزى ساھابىلىرىدە مۇشۇنداق بىر مەسلەكنىڭ بارلىقىنى بايقىغان ھامان، ئۇلارنىڭ قېيىپ كەتكەن پىكىرلىرىنى رۇسلاپ قوياتتى. ئۇلارنى توغرا يولغا باشلايتتى. ئۇلارغا: «رەھبانىيەت بىزگە پەرز قىلىنمىدى» دەپ شۇ قالتىس ھەقىقەتنى جاكارلايتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنىڭ بىلەن ساھابىلەرگە ئىسلامنىڭ پەقەت ئىبتىكاپتىلا ئولتۇرۇش، خىلۋەتتىلا بولۇشتىن ئىبارەت دىن ئەمەسلىكىنى، بەلكى ھاياتتىن، تەرەققىي قىلىشتىن ۋە بەرپاچىلىقتىن ئىبارەت دىن ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن شۇنداق قىلاتتى.

---

[1] سۈرە ئىسرا، 18 - ئايەت.

[2] سۈرە بەقەرە، 201 - ئايەت.

## دىنىڭلاردا ھەددىدىن ئاشماڭلار

توغرا، الله تائالا ئىنسانلارغا ئىبادەتنى پەرز قىلدى. لېكىن، مۇسۇلماننىڭ ئىبادەت پائالىيەتلىرىدە ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىشىنى، كېچە - كۈندۈز روزا تۇتۇشىنى، شۇنىڭ بىلەن ھاياتنىڭ ھەق - تەلەپلىرىنى يوقۇۋېتىشىنى ئىسلام دىنى ۋە ئىسلام پەيغەمبىرى قەتئىي رەت قىلىدۇ.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاس (الله ئۇ ئىككىيلەندىن رازى بولسۇن) ئۆيلەنگەن ئىدى. ئۇ سالىھ ئىبادەتگۇي ياش ئىدى. ئۇنىڭ دادىسى كېلىنىدىن ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى سورىدى. قىز ئىنتايىن ئەدەب بىلەن: «ئابدۇللاھ نېمىدېگەن ياخشى ئەر! ئۇ بىز كەلگەندىن بېرى يوتقانغا ئاياغ بېسىپ باقمىدى» دېدى.

ئەمر ئوغلى ھەققىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا شىكايەت قىلىپ باردى. بىز ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان بۇ ۋەقەلىكنى ئوقۇپ كۆرەيلى: ئابدۇللاھ (الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) مۇنداق دېگەن: «مەن يىل بويى روزا تۇتاتتىم، ھەر كېچىسى قۇرئاننى بىر ئوقۇپ چىقاتتىم. بۇ ئىش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئاڭلىنىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ مېنى چاقىرىپ:

- سېنىڭ كۈندۈزى روزا تۇتۇپ، ھەر كېچىسى قۇرئاننى بىر تامام قىلىدىغانلىقىڭنى ئاڭلىدىمغۇ؟ - دېدى. مەن:

- ھەئە، شۇنداق. مەن بۇنىڭدىن پەقەت ياخشىلىقنى ئىرادە قىلدىم.

- سېنىڭ ئايدا ئۈچ كۈن روزا تۇتۇشۇڭ كۇپايە قىلىدۇ (بەزى رىۋايەتلەردە ئايدا ئۈچ كۈن روزا تۇتۇش بىر ئاي روزا تۇتقانلىق بولىدۇ دېيىلگەن).

- ئى رەسۇلۇللاھ مەن ئۇنىڭدىنمۇ ئارتۇقىغا تاقەت قىلالايمەن.

- ئايالىڭنىڭ سەندە ھەققى بار، سېنى يوقلاپ كەلگۈچىلىرىڭمۇ سەندە ھەققى بار، بەدىنىڭنىڭمۇ سەندە ھەققى بار، سەن اللهنىڭ پەيغەمبىرى داۋۇدنىڭ روزىسىنى تۇتقىن، ئۇ ئەڭ ئىبادەتگۇي ئىدى (يەنە بىر رىۋايەتتە: داۋۇدنىڭ روزىسى اللهقا ئەڭ ياخشى كۆرۈلىدىغان روزا ئىدى دېيىلگەن).

- داۋۇدنىڭ روزىسى قانداق ئىدى؟

- ئۇ بىر كۈن روزا تۇتۇپ، بىر كۈن تۇتمايتتى. سەن قۇرئاننى ئايدا بىر قېتىم تاماملىغىن.

- ئى رەسۇلۇللاھ مەن ئۇنىڭدىن ئارتۇقىغا تاقەت قىلالايمەن.

- ئۇنداقتا، ھەر يىگىرمە كۈندە بىر قېتىم تاماملىغىن.

- ئى رەسۇلۇللاھ، مەن ئۇنىڭدىن ئارتۇقىغىمۇ تاقەت قىلالايمەن.

- ئۇنداقتا، ھەر ئون كۈندە بىر قېتىم تاماملىغىن.

- ئى رەسۇلۇللاھ، مەن ئۇنىڭدىن ئارتۇقىغىمۇ تاقەت قىلالايمەن.

- ئۇنداق بولسا، يەتتە كۈندە بىر قېتىم تامام قىلغىن، بۇنىڭدىن ئاشۇرۇۋەتمىگىن، ئايالىڭنىڭ سەندە ھەققى بار، ئەقلىڭنىڭمۇ سەندە ھەققى بار، بەدىنىڭنىڭمۇ سەندە ھەققى بار.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا مۇشۇنداق دەرس بەردى. ھاياتنىڭمۇ ئادا قىلىنىشقا تېگىشلىك ھەقلىرى بارلىقىنى، شۇنداقلا ئاخىرەتنىڭمۇ ئادا قىلىنىشقا تېگىشلىك ھەقلىرى بارلىقىنى، شۇڭلاشقا ھەربىرىنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىشتا ئادىل بولۇشنى ئۆگەتتى ھەم بىلدۈردى.

مۇنداق ئىش بىر قانچە قېتىم بىر قانچە ئادەملەر تەرىپىدىن تەكرارلاندى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ خەتەرلىك تەرەپلىرى يامراپ كەتمەسلىكى ۋە ئۇچقۇنلىرى چېچىراپ يۈرمەسلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭغا قاتتىق قارشى تۇراتتى.

ئەنەس ئىبنى مالىك (الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: بىرقانچە نەپەر كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىنىڭ ئۆيىگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىبادىتى ھەققىدە سوراپ كەلدى. قارىغاندا ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ھەمىشە رۇكۇ - سەجدە قىلىدۇ، كېچىلىرى ناماز ئوقۇيدۇ، كۈندۈزلىرى روزا تۇتىدۇ، ئۇخلىمايدۇ، دەم ئالمايدۇ، ئاياللىرىغا يېقىن كەلمەيدۇ دەپ تەسەۋۋۇر قىلسا كېرەك. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرى ئۇلارغا ئۇنىڭ ئىبادىتىنى ئېيتىپ بەرگەندە، ئۇلار ئۇنى ئاز كۆردى ۋە ئۇلارنىڭ ئىبادەتكە بولغان تەشنالىقىنى قاندۇرمىدى. ئۇلار: «بىز نەدە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نەدە؟ الله ئۇنىڭ ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلغان تۇرسا؟!» دېيىشتى. ئۇلارنىڭ بىرى:

- مەن كېچىلەرنى ناماز ئوقۇش بىلەن ئۆتكۈزىمەن، - دېدى. يەنە بىرى:

- مەن ھەر كۈنى روزا تۇتىمەن، بىر كۈنىمۇ روزىسىز ئۆتكۈزمەيمەن، - دېدى. يەنە بىرى:

- مەن ئۆمۈر بويى خوتۇن ئالماي ئىبادەت قىلىمەن، - دېدى. كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ يېنىغا كېلىپ: «سىلەر مۇنداق، مۇنداق سۆزلەرنى قىلىپ يۈرۈپسىلەر، ئەمما مەن، اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، سىلەرگە قارىغاندا اللهتىن بەكراق قورقىمەن ۋە ئۇنىڭغا سىلەردىن بەكراق تەقۋادارلىق قىلىمەن. لېكىن مەن بەزى كۈنلىرى روزا تۇتىمەن، بەزى كۈنلىرى تۇتمايمەن، كېچىنىڭ مەلۇم قىسمىدا ئۇخلاپ،

مەلۇم قىسمىدا ناماز ئوقۇيمەن، ئايالللارنى ئەمرىمگە ئالىمەن. كىمكى مېنىڭ سۈننىتىمدىن يۈز ئۆرۈسە، ئۇ مەندىن ئەمەس» دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا ئىسلامنىڭ سۈننەتلىرىنى، ھىدايەتلىرىنى بىلدۈردى. ئىنسان اللهقا تەقۋالىق قىلسىلا، ئۇ زاتتىن قورقۇپ دۇنيانى تەرك ئەتسىلا، ئىبادەتكە بېرىلسىلا ئەڭ تەقۋا ئادەم بولمايدۇ. دەرۋەقە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھاياتىنىڭ ھەققىنى ۋە ھاياتىنىڭ ئۇنىڭدىكى ھەققىنى تاشلاپ قويمىدى: كىم مېنىڭ سۈننىتىمدىن يۈز ئۆرۈيدىكەن، ئۇ ماڭا مەنسۇپ ئەمەس».

## باغنى سوغۇرۇش كېرەكمۇ ياكى نامازنى ئۇزۇن ئوقۇش كېرەكمۇ؟

ئەنەس ئىبنى مالىك (الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) مۇنداق دېگەن: مۇئاز ئىبنى جەبەل (الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) بىر قەۋمگە ئىمام بولۇۋاتاتتى. ھەررام ئىبنى مەلھان (الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) خورمىسىنى سۇغۇرۇشنى ئويلىغاچ مەسجىدكە كىرىپ كەلدى. ئۇ مەسجىدكە كىرىپ، مۇئاز (الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن)نىڭ نامازنى ئۇزۇن ئوقۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، نامازنى بىر بۇلۇڭدا ئۆزى يالغۇز يەڭگىل ئوقۇپ، خورمىسىنى سۇغارغىلى چىقىپ كەتتى. مۇئاز (الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) نامازنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەررام (الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن)نىڭ قىلمىشى ئۇنىڭغا يەتكۈزۈلدى. مۇئاز (الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن): «ئۇ ھەقىقەتەن مۇناپىق. خورمىسىنى سۇغۇرۇشقا نامازغا ئالدىرىغاندىمۇ بەك ئالدىرامدۇ؟» دېدى. بۇنىڭ بىلەن، ھەررام (الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كەلدى. مۇئاز (الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن)مۇ شۇ يەردە ئىدى. ھەررام (الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن): «ئى رەسۇلۇللاھ مەن خورمامنى سۇغۇرۇشنى ئىرادە قىلدىم، لېكىن نامازنى جامائەت بىلەن ئوقۇۋاللاي دەپ مەسجىدكە كىردىم. مۇئاز نامازنى ئۇزۇن ئوقۇغانلىقتىن، مەن بىر بۇلۇڭدا يەڭگىل ئوقۇدۇم ۋە خورمىنى سۇغارغىلى چىقىپ كەتتىم. بۇنىڭ بىلەن مۇئاز مېنى مۇناپىق دەپ ئويلاپ قالدى» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇئاز (الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن)غا يۈزلىنىپ: «سەن پىتنىخورمۇ؟ سەن پىتنىخورمۇ؟ نامازنى جامائەت بىلەن ئوقۇغىنىڭدا ئۇزۇن ئوقۇۋەتمىگىن. سەن «سبح اسم ربك اعلى»، «والشمس وضحها»غا ئوخشاش قىسقا سۈرىلەرنى ئوقۇغىن» دېدى[1].

---

[1] ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان، مەزكۇر قىسسە ئوخشىمىغان ئىبارىلەر بىلەن باشقا سەھىھ كىتابلاردىمۇ رىۋايەت قىلىنغان.

مەزكۇر قىسسە توغرىسىدىكى رىۋايەتلەردىن ئايان بولۇشىچە، ئۇ خوتۇننىڭ نامىزى ئىدى. مەلۇمكى، خوتۇنلار كېچىدە ئوقۇلىدىغان نامازدۇر. ئىشلەش ۋاقتىدا ئوقۇلىدىغان كۈندۈز نامىزى ئەمەس. بەزىلەر ئۇنىڭدا سۈرە بەقەرەنى ياكى سۈرە ئال ئىمراننى ئوقۇمىغان، بەلكى سۈرە قەمەرنى ئوقۇغان دەپ رىۋايەت قىلىدۇ. شۇنداقتىمۇ، ھەررام (اللّٰه ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) مۇئاز (اللّٰه ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) نامازنى تۈگىتىشتىن بۇرۇن، ئۆزى يالغۇز ئوقۇپ چىقىپ كەتسىمۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا ھېچقانداق مالامەت سۆزىنى قىلمىدى. بەلكى، ئاشۇ قەۋمىنىڭ فىقھى ئالىمى بولغان ئۇلۇغ ساھابە مۇئاز ئىبنى جەبەل (اللّٰه ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن)گە: «سەن پىتنىخورمۇ؟» دەپ مالامەت قىلدى.

مانا بۇ ئىسلام، ئۇ شۇنداق بىر دىنكى، دۇنيادىن ئايرىلمايدۇ. شۇنداقلا، دىندىن قېپىپ كەتمەيدىغان بىر دۇنيانى بەرپا قىلىدۇ.

## 6. قولايلاشتۇرۇش ۋە مۇشكۇللۇكنى كۆتۈرۈۋېتىش

ئىسلام دىنى ئىبادەتتە كۆڭۈل بۆلگەن ئالتىنچى پرىنسىپ بولسا، قولايلاشتۇرۇش ۋە مۇشكۇللۇكنى كۆتۈرۈۋېتىش، ھەددىدىن ئاشۇرۇشنى يوق قىلىش، يەھۇدىي دىنىغا ئوخشاش ئىلگىرىكى دىنلاردا مەيدانغا كەلگەن، ئېتىقادچىلارنى كىشەنلەيدىغان كىشەنلەرنى ئۇلارنىڭ بويۇنلىرىدىن ئېلىپ تاشلاشتىن ئىبارەت. اللّٰه تائالا مۇئمىنلەرگە دۇئا قىلىشنى ئۆگىتىپ مۇنداق دېگەن: ﴿رَبَّنَا وَلاَ تَحْمِلْ عَلَيْنَا إِصْرًا كَمَا حَمَلْتَهُ عَلَى الَّذِينَ مِن قَبْلِنَا﴾ ﴿پەرۋەردىگارىمىز! بىزدىن ئىلگىرىكىلەرگە يۈكلىگىنىڭگە ئوخشاش، بىزگە ئېغىر يۈك يۈكلىمىگىن (يەنى بىزنى قىيىن ئىشلارغا تەكلىپ قىلمىغىن)﴾[①].

اللّٰه تائالانىڭ ئېغىر يۈك دەپ تىلغا ئېلىشى ئىلگىرىكى دىنلاردا بولغان مۇشەققەتلىك تەكلىپلەرنى بايان قىلىش ئۈچۈن ئىدى. مەسىلەن، يەھۇدىي دىنىدا اللّٰه ئۈچۈن بىر قانچە ھېيتلار بار ئىدى. ھەر شەنبە كۈنىمۇ بىر ھېيت بولۇپ، ئۇ كۈنى كىم ئىشلىسە ئۆلتۈرۈلەتتى. شۇنداقلا، ھەر يىلى يەتتىنچى شەنبە كۈنى زىرائەت تېرىلمايتتى، ئۈزۈم ئۈزۈلمەيتتى. بەلكى، يەر ئاق تاشلىناتتى. تالنىڭ ئۈزۈملىرى پېقىرلار، ياۋايى ھايۋانلارنىڭ يېيىشىگە قالدۇرۇلاتتى. ئوغلاق گۆشىنى ئانىسىنىڭ سۈتىدە پىشۇرۇش ھارام ئىدى. بىرەر تۇپاق بىرەر ئادەمنى ئۇسۇپ سىلىپ، ئۇ ئادەم ئۆلۈپ كەتسە، تۇپاق چالما

---

① سۈرە بەقەرە، 286 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ـ كېسەك قىلىنىپ ئۆلتۈرۈلەتتى، گۆشى يېيىلمەيتتى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئەقىلغا سىغمايدىغان نۇرغۇن تەكلىپلەر بار ئىدى.

بۇنداق قاتتىقلىق ۋە ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىش يەھۇدىي دىنىدىلا ئەمەس، بەلكى، (بىز ھەممىنى بايان قىلمىغان بىلەن) ئىسلامدىن ئىلگىرىكى دىنلارنىڭ كۆپىنچىسىدە بار ئىدى.

سۇلەيمان نەدۋى (اللّٰه ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) مۇنداق دېگەن:

«ھېچقانداق بىر دىن اللّٰهقا ئىبادەت قىلىشتىن خالىي بولمىدى. لېكىن، قەدىمكى دىنلار ئېتىقادچىلىرىغا قاراپ، ئۇلاردىن تەنلىرىنى قىيناشنى تەلەپ قىلاتتى، ئىبادەت قىلىشتىن مەقسەت تەنگە ئەلەم يەتكۈزۈش، بەدەننىڭ ئەلەملىرى قانچىلىك كۆپ بولسا، روھىيەتنىڭ ۋە قەلبىنىڭ پاكلىقى شۇنچە ياخشى بولىدۇ دېيىلەتتى.

مۇنداق ئېتىقادتىن ھىندىلاردا تەركىدۇنيالىق، خرىستىئانلاردا رەھبانىيەت مەيدانغا كەلدى. بەدەننى چېنىقتۇرۇشتا غەلىتە مەشقلەر ئىجاد قىلىندى. ئۇ قانچىلىك قاتتىق بولسا، ئۇلارنىڭ نەزىرىدە شۇنچىلىك ياخشى ھېسابلىناتتى، ئىلاھلارغا شۇنچىلىك يېقىنلاشقىلى بولاتتى. بۇنىڭ بىلەن بەزىلەر ئۆمۈر بويى يۇيۇنماسلىقنى، بەزىلەر ئەڭ يىرتىق، كونا كىيىملەرنى كىيىشنى، بەزىلەر مەيلى قانچىلىك تومۇز ئىسسىق بولۇپ كەتسۇن، مەيلى قانچىلىك زېمىستان سوغۇق بولۇپ كەتسۇن يالىڭاچ تۇرمۇش كەچۈرۈشنى، بەزىلەر كونا كەپىلەردە ئولتۇرۇشنى، بەزىلەر ئۆمۈر بويى كۈننىڭ نۇرىغا قاقلىنىشنى، بەزىلەر پەقەت دەرەخ يوپۇرماقلىرىنى يېيىشنى، بەزىلەر پەرھىزكارلىق يولىنى تۇتۇپ، قەتئىي ئۆيلەنمەسلىكنى تاللىغانىدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى پەرزەنتلىك بولماسلىقنى، بەزىلىرى قولىنى قۇرۇپ كەتكەنگە قەدەر بىر ئۆمۈر ھاۋاغا كۆتۈرۈپ تۇرۇشنى، بەزىلىرى ئۆزىنى زىندانغا تاشلاشنى ئىلاھلارغا يېقىنلىشىشنىڭ يوللىرى دەپ قارايتتى. ھازىرمۇ ھىندىستاندا دەرەخكە تەتۈرچە ئېسىلىپ تۇرىدىغانلار بار. مۇشۇنداق مىساللار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولۇپ ئەۋەتىلىشتىن ئىلگىرىكى دىن ئېتىقادچىلىرىنىڭ ئەھۋاللىرى ئىدى. ئۇلار مۇشۇنداق قىلىش ئىلاھلارغا يېقىنلىشىشنىڭ ئەڭ ياخشى يولى، قەلبنى تازىلاشنىڭ، روھىيەتنى پاكلاشنىڭ ئەڭ ياخشى چارىسى دەپ گۇمان قىلاتتى.

قەدىمكىلەر ئۆزلىرىنى ئۆلتۈرۈش ئارقىلىق ئىلاھلارغا يېقىنلىشاتتى. ئۇلار ئادەملەرنى قۇربانلىق قويلىرىدەك بوغۇزلاپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىلاھلىرىغا تەقدىم قىلاتتى. ئادەم قۇربانلىق قىلىنغاندا، ئۇلارنىڭ قانلىرى بۇتلارغا چېچىلاتتى، جەسەتلىرى كۆيدۈرۈلەتتى، بۇتلارغا كۆجە يېقىلاتتى، ئىسرىق سېلىناتتى. مۇشۇنداق ئىش ئۇچۇن يەھۇدىيلار قۇربانلىق گۆشلىرىنى كۆيدۈرەتتى».

## مەن توغرا ۋە قولاي دىن بىلەن ئەۋەتىلدىم

ئىسلام شەرىئىتى مۇشۇنداق ئىغىر يۈكلەرنى كۆتۈرۈۋەتتى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىلگىرىكىلەرنىڭ كىتابلىرىدا مۇشۇنداق ئالاھىدە سۈپەتلەر بىلەن تونۇلدى. اللہ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿يَأْمُرُهُم بِالْمَعْرُوفِ وَيَنْهَاهُمْ عَنِ الْمُنكَرِ وَيُحِلُّ لَهُمُ الطَّيِّبَاتِ وَيُحَرِّمُ عَلَيْهِمُ الْخَبَآئِثَ وَيَضَعُ عَنْهُمْ إِصْرَهُمْ وَالأَغْلاَلَ الَّتِي كَانَتْ عَلَيْهِمْ﴾ ﴿ئۇ ئۇلارنى ياخشى ئىش قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، يامان ئىش قىلىشتىن توسىدۇ، ئۇلارغا پاك نەرسىلەرنى ھالال قىلىدۇ، ناپاك نەرسىلەرنى ھارام قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئېغىر يۈكىنى يېنىكلىتىدۇ، ئۇلارنى سېلىنغان تاقاق، كويزا ـ كىشەنلەردىن بوشىتىدۇ (يەنى ئۇلارغا يۈكلەنگەن ئېغىر ۋەزىپىلەرنى ئېلىپ تاشلايدۇ)﴾[1].

اللہ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئەۋەتىش بىلەن ئىنسانلارغا رەھمەت قىلدى. ئۇ مۇنداق دېگەن: ﴿لَقَدْ جَاءكُمْ رَسُولٌ مِّنْ أَنفُسِكُمْ عَزِيزٌ عَلَيْهِ مَا عَنِتُّمْ حَرِيصٌ عَلَيْكُم بِالْمُؤْمِنِينَ رَؤُوفٌ رَّحِيمٌ﴾ ﴿(ئى ئىنسانلار!) شۈبھىسىزكى، سىلەر ئۆز ئاراڭلاردىن پەيغەمبەر كەلدى. سىلەرنىڭ كۈلپەت چېكىشىڭلار ئۇنىڭغا ئېغىر تۇيۇلىدۇ؛ ئۇ سىلەرنىڭ (ھىدايەت تېپىشىڭلارغا) ھېرىستۇر، مۇئمىنلەرگە ئامراقتۇر، ناھايىتى كۆيۈمچاندۇر﴾[2]. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ رىسالىتىنى تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېگەن: «مەن توغرا ۋە قولاي دىن بىلەن ئەۋەتىلدىم». چۈنكى، ئۇ ئەقىدىدە توغرا، تەكلىپ ۋە ئەھكاملاردا قولايدۇر.

اللہ تائالانىڭ ئۇنىڭغا بۇنداق قولايلىقنى، ئاسانلىقنى خاس قىلىشى ئۇنى پۈتۈن ئىنسانىيەتكە ۋە جىمى ئالەمگە تاكى قىيامەتكىچە پەيغەمبەر قىلىشنى ئىرادە قىلغانلىقىدىندۇر. بۇ، ئومۇمىي ۋە مەڭگۈلۈك رىسالەت بولغانلىقى ئۈچۈن ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى اللہ ئۇنى قولاي، ئاسان، رەھمەت قىلىپ، ئەسىرلەر داۋامىدىكى ھەرخىل ئەۋلادلارغا، ھەربىر دەۋرگە، ھەربىر ماكانغا مۇناسىپ كېلىدىغان قىلىپ بېكىتتى.

بۇ، ئىسلام شەرىئىتىدە ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇد، بولۇپمۇ ئىبادەتلەردە ئالاھىدە مەۋجۇد. اللہ تائالا مۇسۇلمان ئىنساننىڭ ھاياتىدىكى ۋەزىپىسىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا ارْكَعُوا وَاسْجُدُوا وَاعْبُدُوا رَبَّكُمْ وَافْعَلُوا الْخَيْرَ لَعَلَّكُمْ تُفْلِحُونَ وَجَاهِدُوا فِي اللَّهِ حَقَّ جِهَادِهِ هُوَ اجْتَبَاكُمْ وَمَا جَعَلَ عَلَيْكُمْ فِي الدِّينِ مِنْ حَرَجٍ﴾ ﴿ئى مۇئمىنلەر! بەختكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن

---

[1] سۈرە ئەئراف، 157 ـ ئايەت.

[2] سۈرە تەۋبە، 128 ـ ئايەت.

رۇكۇ قىلىڭلار، سەجدە قىلىڭلار (يەنى تەزەررۇ بىلەن ناماز ئوقۇڭلار)، (يالغۇز) پەرۋەردىگارىڭلارغا ئىبادەت قىلىڭلار، ياخشى ئىشلارنى (يەنى خىش - ئەقرىبالارغا سىلە - رەھىم قىلىش، يېتىم - يېسىرلەرنىڭ بېشىنى سىلاش، كېچىسى تەھەججۇد نامىزى ئۆتەش قاتارلىق ئىشلارنى) قىلىڭلار. ئاللاھنىڭ يولىدا (پۇل - مېلىڭلار بىلەن، جېنىڭلار بىلەن) تاقىتىڭلارنىڭ يېتىشىچە جىھاد قىلىڭلار، ئاللاھ (دىنغا ياردەم بېرىشكە ئۈممەتلەر ئارىسىدىن) سىلەرنى تاللىدى (ئەڭ مۇكەممەل شەرىئەت ۋە ئۇلۇغ پەيغەمبەرنى سىلەرگە خاس قىلدى). سىلەرگە دىندا ھېچقانداق مۇشكۇللۇكنى قىلمىدى (سىلەرنى سىلەر تاقەت قىلالمايدىغان ئىشلارنى قىلىشقا تەكلىپ قىلمىدى)﴾[1].

ئاللاھ تائالا مائىدە سۈرىسىدىكى تاھارەت ئايىتىنىڭ ئاخىرىدا مۇنداق دېگەن: ﴿مَا يُرِيدُ اللّهُ لِيَجْعَلَ عَلَيْكُم مِّنْ حَرَجٍ وَلَكِن يُرِيدُ لِيُطَهِّرَكُمْ وَلِيُتِمَّ نِعْمَتَهُ عَلَيْكُمْ لَعَلَّكُمْ تَشْكُرُونَ﴾ ﴿ئاللاھ سىلەرگە مۇشەققەتنى خالىمايدۇ، لېكىن ئاللاھ شۈكۈر قىلىشىڭلار ئۈچۈن سىلەرنى پاك قىلىشنى، (ئىسلام شەرىئىتىنى بايان قىلىش بىلەن) نېمىتىنى سىلەرگە تاماملاشنى خالايدۇ﴾[2].

روزا ئايىتىنىڭ ئاخىرىدا مۇنداق دېگەن: ﴿يُرِيدُ اللّهُ بِكُمُ الْيُسْرَ وَلاَ يُرِيدُ بِكُمُ الْعُسْرَ﴾ ﴿ئاللاھ سىلەرگە ئاسانلىقنى خالايدۇ، تەسلىكنى خالىمايدۇ﴾[3]. ئاللاھ تائالا يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق دېگەن: ﴿يُرِيدُ اللّهُ أَن يُخَفِّفَ عَنكُمْ وَخُلِقَ الإِنسَانُ ضَعِيفًا﴾ ﴿ئاللاھ سىلەرنىڭ يۈكۈڭلارنى يېنىكلىتىشنى (يەنى شەرىئەت ئەھكاملىرىنى سىلەرگە ئاسانلاشتۇرۇشنى) خالايدۇ. ئىنسان (نەپسى خاھىشىغا خىلاپلىق قىلىشتىن) ئاجىز يارىتىلدى﴾[4].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇئاز (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) بىلەن ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن)نى يەمەنگە ئەمىر قىلىپ ئەۋەتكەندە، ئۇلارغا مۇنداق دېگەن: «ئىشنى ئاسانلاشتۇرۇڭلار، قىيىنلاشتۇرماڭلار، كىشىلەرگە خۇش بېشارەت بېرىڭلار، ئۈركۈتىۋەتمەڭلار، ئىناق بولۇڭلار، ئىختىلاپلاشماڭلار» (بۇخارى رىۋايەت قىلغان).

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرىدىن بىرى شۇكى، ئىككى ئىشتىن بىرىنى تاللاشقا توغرا كەلسە، گۇناھ بولمىسىلا ئاسانراقىنى تاللايتتى.

---

[1] سۈرە ھەج، 77 - ۋە 78 - ئايەتلەر.

[2] سۈرە مائىدە، 6 - ئايەت.

[3] سۈرە بەقەرە، 185 - ئايەت.

[4] سۈرە نىسا، 28 - ئايەت.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «دىن ھەقىقەتەن ئاساندۇر. كىمكى دىنىنى قىيىنلاشتۇرىدىكەن يېڭىلىپ قالىدۇ. شۇڭلاشقا، توغرا يول تۇتۇڭلار، يېقىنلاشتۇرۇڭلار، كىشىلەرگە خۇش بېشارەت بېرىڭلار».

ئىسلامنىڭ نىشانى قولايلاشتۇرۇش ئىكەن، ھەرقانداق بىر مۇسۇلمان قىيىنلاشتۇرۇشنى ۋە ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىشنى ئىرادە قىلسا، ئۇ ئىسلامنىڭ روھىغا دۈشمەنلىك قىلغان بولىدۇ. شۇڭلاشقا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتكۈچىلەرگە تاقابىل تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ھالاكىتى توغرۇلۇق مۇنداق خەۋەر بەردى: «بىلىڭلاركى، ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتكۈچىلەر ھالاك بولدى. بىلىڭلاركى، ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتكۈچىلەر ھالاك بولدى. بىلىڭلاركى، ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتكۈچىلەر ھالاك بولدى». پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ئىشنىڭ خەتىرى چوڭ بولمىسا، سۆزىنى مۇنداق ئۈچ قېتىم تەكرارلىمايدۇ.

بەزى ساھابىلەر كۆپ ساۋاب ئىزدەپ، ئېتىكاپ قىلماي ئۇلاپ روزا تۇتۇشقا نىيەت قىلغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى ئۇلاپ روزا تۇتۇشتىن توستى. ئۇلار ئۇلاپ روزا تۇتۇشتىن توختىمىغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام روزىنى ئۇلار بىلەن بىر كۈن داۋاملاشتۇردى، ئاندىن يەنە بىر كۈن داۋاملاشتۇردى، ئاندىن يەنە بىر كۈن داۋاملاشتۇردى، ئاندىن ئۇلار شەۋۋال ئېيىنى كۆردى. بۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «مۇبادا يېڭى ئاي كېچىككەن بولسا ئىدى، مەن يەنە سىلەرگە زىيادە قىلىپ بېرەتتىم». پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇنداق دېيىشى ئۇلارنىڭ ئۇلاپ روزا تۇتۇشلىرىدىن نارازى ئىكەنلىكىدىن ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن: «مۇبادا بىزگە ئاي ئۇزارتىلغان بولسا ئىدى، مەن شۇنداق ئۇلاپ روزا تۇتاتتىمكى، ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتكۈچىلەر ئۇلاپ روزا تۇتۇشنى ئەلۋەتتە تەرك ئېتەتتى». پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇنداق پوزىتسىيە تۇتۇشى چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىشنى يامان كۆرگەنلىكىدىن ۋە چېكىدىن ئاشۇرغۇچىلارنى جازالاش ئۈچۈن ئىدى.

ئىبنى ئابباس (اللہ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن)دىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «سىلەر ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىشتىن ھەزەر ئەيلەڭلار، ھەقىقەتەن سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرنى ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىش ھالاك قىلىۋەتتى». اللہ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىش ھەققىدە ئەھلى كىتابنى ئەيىبلىگەن ۋە ئۇلارنى مۇنداق قىلىشتىن توسقان. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: ﴿قُلْ يَا أَهْلَ الْكِتَابِ لاَ تَغْلُواْ فِي دِينِكُمْ غَيْرَ الْحَقِّ وَلاَ تَتَّبِعُواْ أَهْوَاء قَوْمٍ قَدْ ضَلُّواْ مِن قَبْلُ وَأَضَلُّواْ كَثِيراً وَضَلُّواْ عَن سَوَاء السَّبِيلِ﴾ «(ئى مۇھەممەد!) ‹ئى ئەھلى كىتاب! (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) دىنىڭلاردا ھەقسىز رەۋىشتە

چەكتىن ئېشىپ كەتمەڭلار، ئىلگىرى ئۆزلىرى ئازغان، نۇرغۇن كىشىلەرنى ئازدۇرغان ۋە توغرا يولدىن ئاداشقان قەۋمنىڭ نەپسى خاھىشلىرىغا ئەگەشمەڭلار› دېگىن﴾[1].

ئەبۇ داۋۇد (اللّٰه ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) سەھل ئىبنى ئەبۇ ئۇمامە (اللّٰه ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن)دىن رىۋايەت قىلىدۇكى، ئۇ ۋە ئۇنىڭ دادىسى ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز (اللّٰه ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن)نىڭ زامانىدا ئەنەس ئىبنى مالىك (اللّٰه ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن)نىڭ يېنىغا كىردى. ئۇ خۇددى مۇساپىرنىڭ نامىزىدەك ئىنتايىن يەڭگىل ناماز ئوقۇدى. سەھل (اللّٰه ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) مۇنداق دەيدۇ: ئەنەس (اللّٰه ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) سالام بەرگەندە دادام ئۇنىڭغا: «بۇ پەرز نامازمۇ ياكى نەپلە نامازمۇ؟» دېدى. ئەنەس (اللّٰه ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن): «پەرز ناماز، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نامىزى. مەن سەۋەنلىك قىلمىدىم. ئەگەر سەۋەنلىك قىلغان بولسام، سەۋەنلىك سەجدىسى قىلاتتىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيتتى: «سىلەر ئۆزۈڭلارغا ئېغىر تەلەپ قويۇۋالماڭلار، ئۇنداق قىلساڭلار، اللّٰه سىلەرگە ئېغىر تەلەپ قويىدۇ. ئىلگىرى بىر قەۋم ئۆزلىرىگە ئېغىر تەلەپ قويۇۋالغانىدى، اللّٰه تائالامۇ ئۇلارغا ئېغىر تەلەپ قويدى. ئۇلارنىڭ قالدۇقلىرى چېركاۋ ۋە ئىبادەتخانىلاردا تۇرۇۋېتىدۇ: اللّٰه تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿وَرَهْبَانِيَّةً ابْتَدَعُوهَا مَا كَتَبْنَاهَا عَلَيْهِمْ﴾ ﴿رەھبانىيەتنى ئۇلار ئۆزلىرى پەيدا قىلدى، ئۇلارغا ئۇنى بىز بېكىتمىدۇق﴾[2]» دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەزكۇر ھەدىستىكى ئايەتتىن خرىستىئانلارنىڭ رەھبانىيەتنى پەيدا قىلىپ، ئۇنىڭ ھەققىنى تولۇق ئادا قىلمىغانلىقى توغرىسىدا اللّٰه تائالا «قۇرئان كەرىم»دە بايان قىلغان ئايەتنى مەقسەت قىلىدۇ. اللّٰه تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿ثُمَّ قَفَّيْنَا عَلَى آثَارِهِم بِرُسُلِنَا وَقَفَّيْنَا بِعِيسَى ابْنِ مَرْيَمَ وَآتَيْنَاهُ الْإِنجِيلَ وَجَعَلْنَا فِي قُلُوبِ الَّذِينَ اتَّبَعُوهُ رَأْفَةً وَرَحْمَةً وَرَهْبَانِيَّةً ابْتَدَعُوهَا مَا كَتَبْنَاهَا عَلَيْهِمْ إِلَّا ابْتِغَاء رِضْوَانِ اللَّهِ فَمَا رَعَوْهَا حَقَّ رِعَايَتِهَا فَآتَيْنَا الَّذِينَ آمَنُوا مِنْهُمْ أَجْرَهُمْ وَكَثِيرٌ مِّنْهُمْ فَاسِقُونَ﴾ ﴿ئۇلاردىن كېيىن پەيغەمبەرلىرىمىزنى داۋاملىق ئەۋەتتۇق. ئارقىدىن مەريەم ئوغلى ئىيسانى ئەۋەتتۇق، ئۇنىڭغا ئىنجىلنى ئاتا قىلدۇق، ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلەرنىڭ دىللىرىغا شەپقەت ۋە مېھرىبانلىقنى سالدۇق. رەھبانىيەتنى ئۇلار ئۆزلىرى پەيدا قىلدى، ئۇلارغا ئۇنى بىز بېكىتمىدۇق. ئۇلار ئۇنى پەقەت اللّٰهنىڭ رازىلىقىنى تىلەپ (پەيدا قىلدى)، لېكىن ئۇلار ئۇنىڭغا لايىق دەرىجىدە ئەمەل قىلمىدى﴾[3].

---

[1] سۈرە مائىدە، 77 ـ ئايەت.

[2] سۈرە ھەدىد، 27 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[3] سۈرە ھەدىد، 27 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ﷲ تائالا مەزكۇر ئايەتتە رەھبانىيەتنىڭ خرىستىئانلارنىڭ بىدئەتى ئىكەنلىكىنى، ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ پەرز قىلمىغانلىقىنى ياكى يولغا قويمىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. ئۇلار ئۆزلىكىدىن ﷲنىڭ رازىلىقىنى تىلەپ شۇنداق قىلدى، ئەمما ئۇلار ئۇنىڭ ھەققىنى تولۇق ئادا قىلمىدى.

ئىبنى كەسىر (ﷲ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) مۇنداق دېگەن: «بۇ ئۇلارنى ئىككى تەرەپتىن ئەيىبلەش ھېسابلىنىدۇ. بىرى، ﷲ رۇخسەت قىلمىغان ئىشلاردا ﷲنىڭ دىنىدا بىدئەت پەيدا قىلغانلىقتىن، يەنە بىرى، ئۆزلىرى ﷲقا يېقىنلىشىش ۋاستىسى دەپ پەيدا قىلغان ئىشنى لايىقىدا ئادا قىلمىغانلىقتىندۇر».

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «سىلەر ئۆزۈڭلارغا ئېغىر تەلەپ قويۇۋالماڭلار، ئۇنداق قىلساڭلار، ﷲ سىلەرگە ئېغىر تەلەپ قويىدۇ» دېگەن سۆزىدە ئىنساننىڭ ئۆز ـ ئۆزىگە ئېغىر تەلەپ قويۇۋېلىش، ﷲنىڭ ئېغىر تەلەپ قويۇشىغا سەۋەب بولىدىغانلىقى توغرىسىدا خەۋەر بار.

ﷲنىڭ ئېغىر تەلەپ قويۇشى شەرئىي تەكلىپ ياكى ﷲنىڭ سەۋەب ۋە سەۋەب بولغۇچى تەقدىر قانۇنىيەتلىرىدە بولىدۇ.

شەرئىي تەكلىپتە ئىنسان ئېغىر بىر ۋەزىپىنى قىلىشقا ئەھدە قىلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن شەرىئەت ئۇنىڭغا ۋاپا قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

تەقدىرگە ئېغىر تەلەپ قويۇش بولسا، تەئەسسۇپلۇق ۋە ۋەسۋەسە قىلىدىغان ئادەملەرنىڭ قىلمىشلىرى بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرىگە ئېغىر تەلەپ قويىدۇ. بۇنىڭ بىلەن تەقدىر ئۇلارغا ئېغىر تەلەپ قويىدۇ. ھەتتاكى، ئۇ ئېغىر تەلەپ ئۇلارنى ئۆز ئىلكىگە مۇستەھكەم ئېلىۋالىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇ ھالەت ئۇلارغا يېپىشىپلا تۇرىدۇ. ﷲ تائالا ئۇلارغا زۇلۇم قىلمىدى، لېكىن ئۇلار ئۆزلىرىگە ئۆزلىرى زۇلۇم قىلدى.

## ئىسلامنىڭ ئىبادەتنى قولايلاشتۇرۇش ۋە مۇسۇلمان ئۈممەتتىن مۇشكۇللۇكلەرنى كۆتۈرۈۋېتىشتىكى ھېكمىتى

ئىمام شاتىبى «مۇۋاپەقات» ناملىق كىتابىدا: ئىسلامنىڭ ئۆز ئۈممىتىدىن مۇشكۇللۇكلەرنى كۆتۈرۈۋېتىشى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىدا ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىدىغان تەئەسسۇبىيەت ۋە ئېغىر تەلەپ قويۇش ئېقىمىنى چەكلىشى مۇنداق ئىككى ئىش ئۈچۈن ئىدى دەپ بايان قىلغان:

«بىرى، ئىنساننىڭ ئىبادەتنى يىرىم يولدا ئۈزۈپ قويۇپ، ئىبادەتنى دۈشمەن ۋە تەكلىپنى يامان كۆرۈشتىن خەۋپسىرەش. بۇنىڭ ئاستىغا ئىنساننىڭ ئۆز بەدىنىگە، يا ئەقلىگە، يا پۇل ـ مېلىغا، يا تۇرمۇشىغا باتىل بىر نەرسىلەرنى قوشۇپ سېلىشتىن خەۋپسىرەشمۇ كىرىدۇ.

ئىككىنچىسى، باشقا پەرزلەرنى ئادا قىلىشقا سەل قاراشتىن خەۋپسىرەش. بۇ، ئىنسانغا مۇناسىۋەتلىك ھەرخىل ۋەزىپىلەر ئۈستىلەپ كەلگەندە يۈز بېرىدۇ. مەسىلەن، ئائىلىسى ۋە بالىلىرىنىڭ مەسئۇلىيىتى بىلەن باشقا تەكلىپلەرنى بىرگە قىلىشقا ئوخشاش تەكلىپلەر. بەلكى، ئىنساننىڭ بەزى ئەمەللەرگە بېرىلىپ كېتىشى باشقا تەكلىپلەرنى قىلىشتىن توسۇپ قويىدۇ. شۇنداقلا، ئىنسان ئۇنىمۇ، بۇنىمۇ قىلىمەن دەپ ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىپ، ئاخىرىدا ھەر ئىككىلىسىنى قىلماي ئۈزۈپ قويۇشى مۇمكىن».

بىرىنچىسىگە كەلسەك، الله تائالا بۇ مۇبارەك شەرىئەتنى توغرا، قولاي ۋە ئاسان قىلىپ بەردى. ئۇنىڭدا ئىنسانلارنىڭ قەلبىنى مۇھاپىزەت قىلدى. الله شەرىئەتنى ئىنسانلارغا سۆيۈملۈك قىلىپ بەردى. مۇبادا ئىنسانلار قولايلىقنى، ئاسانلىقنى زىت ئىشلارنى قىلسا، ئۇلار تەكلىپ قىلىنغان ئەمەللەرگە ئۇلارنىڭ ئەمەللىرى خالىس بولمايدىغان نەرسىلەر كىرىپ قېلىشى مۇمكىن. سەن الله تائالانىڭ مۇنۇ ئايىتىگە قارىمامسەن؟ ﴿وَاعْلَمُوا أَنَّ فِيكُمْ رَسُولَ اللَّهِ لَوْ يُطِيعُكُمْ فِي كَثِيرٍ مِّنَ الْأَمْرِ لَعَنِتُّمْ وَلَكِنَّ اللَّهَ حَبَّبَ إِلَيْكُمُ الْإِيمَانَ وَزَيَّنَهُ فِي قُلُوبِكُمْ وَكَرَّهَ إِلَيْكُمُ الْكُفْرَ وَالْفُسُوقَ وَالْعِصْيَانَ أُوْلَئِكَ هُمُ الرَّاشِدُونَ فَضْلًا مِّنَ اللَّهِ وَنِعْمَةً وَاللَّهُ عَلِيمٌ حَكِيمٌ﴾ ﴿بىلىڭلاركى، ئىچىڭلاردا رەسۇلۇللاھ (يەنى اللهنىڭ پەيغەمبىرى) بار، ئەگەر ئۇ نۇرغۇن ئىشلاردا سىلەرگە ئىتائەت قىلىدىغان بولسا، چوقۇم قىيىن ئەھۋالدا قالاتتىڭلار، لېكىن الله سىلەرگە ئىماننى قىزغىن سۆيگۈزدى ۋە ئۇنى دىلىڭلاردا كۆركەم قىلدى، سىلەرگە پىسقىنى، كۇفرىنى ۋە گۇناھنى يامان كۆرسەتتى، ئەنە شۇلار اللهنىڭ پەزلى ۋە نېمىتى بىلەن توغرا يولدا بولغۇچىلاردۇر﴾[1]. الله تائالا بۇ ئايەتتە ئىماننى قولاي ۋە ئاسان قىلىش ئارقىلىق بىزگە سۆيۈملۈك قىلغانلىقىنى، مۇكاپات بېرىشكە ۋەدە بېرىش ئارقىلىق قەلبلىرىمىزدە زىننەتلىگەنلىكىنى بايان قىلدى. ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: «تاقىتىڭلار يېتىدىغان ئەمەللەرنى قىلىڭلار، چۈنكى سىلەر زېرىكمىگۈچە الله زېرىكمەيدۇ».

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەراۋىھ نامىزىنى ساھابىلەر بىللە بىلەن مەسجىدتە ئوقۇشتىن توختاپ قالغانلىقى توغرىسىدا مۇنداق دېگەن: «مەقسەتكە كەلسەك،

---

[1] سۈرە ھۇجۇرات، 7 ـ ۋە 8 ـ ئايەتلەر.

ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ ئەھۋالىڭلار ماڭا مەخپىي ئەمەس. لېكىن، مەن سىلەرگە كېچە نامىزى پەرز بولۇپ قېلىپ، ئۇنى ئادا قىلىشتىن ئاجىز كېلىشىڭلاردىن ئەنسىرىدىم».

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تۇۋەيتىنىڭ قىزى ھەۋلا (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن)نىڭ كېچىسى ئۇخلىمايدىغانلىقىنى يەتكۈزگەندە، ئۇ مۇنداق دېگەن: «كېچىسى ئۇخلىمامدىكەن؟ تاقىتىڭلار يېتىدىغان ئەمەللەرنى قىلىڭلار، چۈنكى سىلەر زېرىكمىگۈچە ئاللاھ زېرىكمەيدۇ»[1].

ئەنەس (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەسجىدكە كىرىپ، ئىككى تۈۋرۈك ئارىسىدا تارتىلغان ئارغامچىنى كۆردى. شۇنىڭ بىلەن: «بۇ نېمە؟» دەپ سورىدى. ساھابىلەر: «زەينەبنىڭ ئارغامچىسى، ئۇ ناماز ئوقۇيدۇ، ھېرىپ قالسا بۇ ئارغامچىنى تۇتۇۋالىدۇ» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئېلىۋېتىڭلار، سىلەر تېتىكلىك بىلەن ناماز ئوقۇڭلار، ھېرىپ قالساڭلار ئولتۇرۇڭلار» دېدى[2].

مۇئاز (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) نامازنى ئۇزۇن ئوقۇغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا مۇنداق دېگەن: «سەن پىتنىخورمۇ؟ ھەقىقەتەن سىلەردىن جامائەتنى ئۈركۈتىۋېتىدىغانلار بار. سىلەر كىشىلەرگە ئىمام بولۇپ ناماز ئوقۇغىنىڭلاردا يەڭگىل ئوقۇڭلار، چۈنكى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئاجىز، قېرى ۋە ھاجەتمەنلەر بولىدۇ»[3].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلەرگە رەھمەت قىلىش يۈزىسىدىن ئۇلارنى ئىبادەتنى ئۇلاپ قىلىشتىن ۋە نەزىر[4] قىلىشتىن توسۇپ مۇنداق دېگەن: «ھەقىقەتەن ئاللاھ نەزىر بىلەن بېخىلنى ئايرىپ چىقىدۇ، ھەقىقەتەن ئۇ ئاللاھنىڭ تەقدىرىدىن بىر نېمىنى ئۆزگەرتىۋېتەلمەيدۇ»[5].

بىز يۇقىرىدا دېيىلگەنلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئىنسان ئەقلىگە ئۇيغۇن ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا ئىنساننىڭ ئىبادەتتىن زېرىكىش، ئۇنى تولۇق ئادا قىلىشتىن ئاجىز كېلىش ۋە يامان كۆرۈپ قېلىش خەۋپىدىن ئىبارەت سەۋەبلەرنىڭمۇ ئېنىق ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز. ئائىشە (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن)دىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ھەقىقەتەن بۇ دىن ئىنتايىن مۇستەھكەم،

---

[1] ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

[2] ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

[3] ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

[4] بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان نەزىر بىر ئىنساننىڭ: ”پالانى ئىشىم راۋا بولسا، مەن ئاللاھ يولىدا مۇنچىلىك سەدىقە قىلىمەن“ دەپ ۋەدە قىلىشىنى كۆرسىتىدۇ. ئىنسان ۋەدە قىلغاندىن كېيىن، ئۇ نەزىر ئىنسانغا پەرز بولىدۇ - ت.

[5] ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

سـىلەر ئۇنىڭ ئىچىگە ئاستا كىرىڭلار، اللەقا ئىبادەت قىلىشنى ئۆزۈڭلارغا دۇشمەن قىلىپ سالماڭلار، چۈنكى سەپەردە ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتكۈچىمۇ نە مەنزىلىگە يېتىپ بارالمايدۇ، نە ئۇلىغىنى تىرىك قويمايدۇ»[1].

ئىككىنچىسىگە كەلسەك، ئىنسان قىلمىسا بولمايدىغان شەرئىي تەكلىپ ۋە ئەمەللەرنى قىلىشقا بۇيرۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭدىن قاچالمايدۇ. ئۇ ئۇنىڭ بىلەن اللە تائالانىڭ ھەققىنى ئادا قىلىدۇ. مۇبادا جاپالىق بىر ئىشقا كىرىپ كەتسە، باشقا ھەقنى، بولۇپمۇ ئۇنىڭغا قاراشلىق بولغان ھەق ـ ھوقۇقلارنى ئۆزۈپ قويۇشى مۇمكىن. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ قىلىۋاتقان ئىبادىتى اللە تەكلىپ قىلغان ھوقۇقلارنى ئۈزۈپ قويۇشى مۇمكىن. ئاندىن ئۇنى تولۇق ئادا قىلالمايدۇ. بۇ ۋاقىتتا تاپا ـ تەنە قىلىنىپ، ئۆزرە ـ باھانىسى قوبۇل قىلىنمايدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭدىن تەلەپ قىلىنىدىغان ئىش بولسا، بىر ـ بىرىگە دەخلى قىلمىغان ھالدا ھەممىنى تولۇق ئادا قىلىشتۇر.

ئەبۇ جۇھەيفە ۋەھب ئىبنى ئابدۇللاھ (اللە ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن)دىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام سەلمان بىلەن ئەبۇ دەردانى قېرىنداش قىلىپ قويىدى. بىر قېتىم سەلمان ئەبۇ دەردانى يوقلاپ كىلىپ، ئۇنىڭ ئايالىنىڭ ئاددىي ۋە كونا كىيىم كىيىنىۋالغانلىقىنى كۆردى ۋە ئۇنىڭغا: «نېمە ئىش بولدى؟» دېدى. ئۇ ئايال: «قېرىندىشىڭ ئەبۇ دەردا دۇنياغا قىزىقمايدۇ» دېدى. ئەبۇ دەردا كېلىپ سەلمانغا تاماق تەييارلىدى. ئاندىن ئۇنىڭغا: «سەن يېگىن، مەن روزىدارمەن» دېدى. سەلمان: «سەن يېمىگۈچە مەنمۇ يېمەيمەن» دېدى. ئاندىن ئەبۇ دەردا يېدى. كېچىدە ئەبۇ دەردا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن تۇرماقچى بولۇۋىدى، سەلمان ئۇنىڭغا: «ئۇخلا» دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئۇخلىدى. بىر ئازدىن كېيىن يەنە تۇرماقچى بولۇۋىدى، سەلمان ئۇنىڭغا يەنە: «ئۇخلا» دېدى. كېچىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، سەلمان: «ئەمدى تۇرغىن» دېدى. ئىككىسى بىللە ناماز ئوقۇدى. سەلمان ئەبۇ دەرداغا: «ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىڭنىڭ سەندە ھەققى بار، بەدىنىڭ ۋە ئەھلىڭنىڭمۇ سەندە ھەققى بار. سەن ھەربىر ھەق ئىگىسىگە ھەققىنى ئۆز جايىدا بەرگىن» دېدى. ئەبۇ دەردا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ، سەلمان بىلەن بولغان ئىشلارنى سۆزلەپ بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سەلمان راست ئېيتىپتۇ» دېدى[2].

[1] ئىمام ئەھمەد ۋە بەيھەقى رىۋايەت قىلغان.

[2] بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مەن ھەقىقەتەن نامازنى ئۇزۇن ئوقۇشنى ئىراده قىلىپ تۇرىمەن. ئاندىن بوۋاقلارنىڭ يىغىسىنى ئاڭلايمەن ـ دە، ئانىسىنىڭ ئۇنىڭ يىغىسىدىن بىئارام بولىدىغانلىقىنى بىلگەنلىكىمدىن نامازنى يەڭگىل ئوقۇيمەن»[1].

شۇنداقلا بەزى ئەمەللەرگە ئىچكىرىلەپ كىرىپ كەتكۈچى جىھاد ۋە باشقا ئەمەللەرگە شۇنداق ئېھتىياجلىق تۇرۇپ، ئۇلارنى قىلىشتىن ئاجىز كېلىشى مۇمكىن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام داۋۇد ئەلەيھىسسالام ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «ئۇ بىر كۈن روزا تۇتۇپ، بىر كۈن تۇتمايتتى، (دۈشمەن بىلەن) ئۇچرىشىپ قالسا قېچىپ كەتمەيتتى».

بەزىلەر ئىبنى مەسئۇد (اللە ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن)قا: «سەن روزىنى ئاز تۇتىدىكەنسەن» دېگەندە، ئۇ: «روزا مېنى قۇرئان ئوقۇشتىن توسۇپ قويىدۇ، قۇرئان ئوقۇش ماڭا روزىدىنمۇ ياخشى كۆرۈلىدۇ» دېگەن.

ئىمام مالىك (اللە ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) كېچىنىڭ ھەممىسىدە ناماز ئوقۇشنى يامان كۆرگەن. ئۇ: «بەلكى، ئۇنداق قىلىدىغان ئادەم مەغلۇب بولۇشى مۇمكىن، بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەڭ ياخشى ئۈلگىدۇر» دېگەن.

بۇنىڭدىن بىزگە شۇ مەلۇم بولىدۇكى، بۇ پىرىنسىپ ئالدىنقى پىرىنسىپنىڭ تولۇقلىمىسىدۇر. چۈنكى، دىن بىلەن دۇنيانىڭ ئوتتۇرىسىدا مۆتىدىل بولۇش پەقەت ئىبادەتنى قولايلاشتۇرغان ۋە ئاسانلاشتۇرغاندىلا ئاندىن ئەمەلگە ئاشىدۇ.

## رۇخسەت ۋە يەڭگىللەشتۈرۈش

ئىسلام دىنى ئىبادەت ۋە تەكلىپلەردە ئومۇمەن قولايلاشتۇرۇش ۋە مۇشكۈللۈكلەرنى كۆتۈرۈۋېتىش پىرىنسىپى ئۈستىگە قۇرۇلغان. ئەمما ئىنسان چارىسىز قېلىپ، قىلىۋاتقان ئىشىدىن توختاپ قالىدىغان قىيىن ئەھۋاللارغا دۇچ كەلگەن چاغدا، ئىسلام دىنى ئۇنىڭغا چىقىش بېرىپ، بەزى ئالاھىدە مۇستەسنالارنى، قولايلىقلارنى ۋە ئاسانلىقلارنى يولغا قويىدى.

مەن «ھالال ۋە ھارام» ناملىق كىتابىمدا: ئىسلام ئىنساننىڭ ئاجىزلىقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ، ھاياتنىڭ مۇشەققەتلىك ھادىسىلىرىنى ئېتىبارغا ئالىدۇ. شۇڭا ئۇ ھەرقانداق ئىنسان ۋە پۈتۈن ھاياتلىق بىھاجەت بولالمايدىغان بىر ئىنسانىي پىرىنسىپ بېكىتىپ چىقتى، ئۇ بولسىمۇ «زۆرۈرىيەت چەكلەنگەن نەرسىلەرگە يول قويىدۇ» دەپ

---

[1] ئەبۇ داۋۇد ۋە باشقىلار رىۋايەت قىلغان.

بايان قىلغانىدىم. بۇ پرىنسىپنى اللە تائالا بىر قانچە ئايەتتە كەلتۈرگەن. اللە تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿فَمَنِ اضْطُرَّ غَيْرَ بَاغٍ وَلاَ عَادٍ فَلا إِثْمَ عَلَيْهِ إِنَّ اللّهَ غَفُورٌ رَّحِيمٌ﴾ ﴿كىمكى ئۆز ئىختىيارىچە ئەمەس، ئىلاجىسىزلىقتىن (يۇقىرىقى هارام قىلىنغان نەرسىلەردىن) هاياتىنى ساقلاپ قالغۇدەك يېسە، ئۇنىڭغا هېچ گۇناھ بولمايدۇ. هەقىقەتەن اللە ناهايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناهايىتى مېھرىباندۇر﴾[1].

بۇ، هالال ۋە هارام ئەھكاملىرىدىكى ئەھۋالدۇر.

ئىسلام دىنى يەنە هاياتلىق ۋە ئىنسان ئۈچۈن ئىبادەتتە مۇھىم بىر پرىنسىپنى بېكىتتى. ئۇ بولسىمۇ «رۇخسەت قىلىش» پرىنسىپى بولۇپ، هايات تەقەززالىرى ياكى زۆرۈرىيەتلىرى سەۋەبلىك ئالاھىدە ئەھۋاللاردا ئىسلام بەزى ئىبادەتلەرنى يەڭگىللىتىدۇ ياكى ئىنساندىن كەچۈرۈۋېتىدۇ.

سەپەرنى ئالساق، ئۇ هايات تەقەززالىرىنىڭ جۈملىسىدىن بولۇپ، ئىسلام ئۇنى ئېتىراپ قىلىدۇ، بەلكى ئۇنى هۆرمەتلەيدۇ ۋە دەۋەت قىلىدۇ.

مەسىلەن، ئىنسان رىزىق تەلەپ قىلىش ئۈچۈن سەپەر قىلىدۇ. اللە تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿فَامْشُوا فِي مَنَاكِبِهَا وَكُلُوا مِن رِّزْقِهِ وَإِلَيْهِ النُّشُورُ﴾ ﴿زېمىننىڭ ئەتراپىدا مېڭىڭلار. اللەنىڭ (بەرگەن) رىزقىدىن يەڭلار﴾[2]. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «سەپەر قىلىڭلار، ساغلام بولىسىلەر ۋە رىزىق بېرىلىسىلەر»[3].

ئىلىم تەلەپ قىلىش ئۈچۈن سەپەر قىلىدۇ. بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: «ئىلىم جۇڭگودا بولسىمۇ تەلەپ قىلىڭلار»[4].

هەج قىلىش ئۈچۈن سەپەر قىلىدۇ. اللە تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿وَأَذِّن فِي النَّاسِ بِالْحَجِّ يَأْتُوكَ رِجَالًا وَعَلَى كُلِّ ضَامِرٍ يَأْتِينَ مِن كُلِّ فَجٍّ عَمِيقٍ﴾ ﴿كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا (ئۇلارنى) هەجگە چاقىرىپ نىدا قىلغىن، ئۇلار پىيادە ۋە ئورۇق تۆگىلەرگە مىنىپ كېلىدۇ، ئورۇق تۆگىلەر يىراق يوللارنى بېسىپ كېلىدۇ﴾[5].

ئىنسان ئۇنىڭدىن باشقا يەنە دىنىي ۋە دۇنيالىق ئىشلار ئۈچۈن سەپەر قىلىدۇ.

ئىنساننىڭ كېسەل بولۇشىمۇ هاياتنىڭ تەلەپ ۋە سىناقلىرىدىندۇر. هەرقانداق بىر ئىنسان ئۆزىنىڭ ئىنسانىيلىق نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، بۇنداق ئىشلاردىن ئامان

[1] سۈرە بەقەرە، 173 ـ ئايەت.

[2] سۈرە مۇلك، 15 ـ ئايەت.

[3] ئابدۇررازاق: «جامىئ» دېگەن كىتابىدا رىۋايەت قىلغان.

[4] توقۇلما هەدىس.

[5] سۈرە هەج، 27 ـ ئايەت.

قالمايدۇ. اللە تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿لَقَدْ خَلَقْنَا الْإِنسَانَ فِي كَبَدٍ﴾ ﴿بىز ئىنساننى ھەقىقەتەن جاپا ـ مۇشەققەت ئىچىدە قىلىپ ياراتتۇق﴾[①].

اللە يولىدا جىھاد قىلىش ھاياتنىڭ تەلەپ ـ تەقەززالىرىدىندۇر. چۈنكى، ئىسلام ئۆزىنى ئۆزىنى قوغداش، دەۋەت ئىشلىرىغا تىنچ ـ ئامان مۇھىت بەرپا قىلىش، پىتنە ـ پاساتلارنى دەپئى قىلىش، ئاجىزلارغا ياردەم بېرىش ۋە زالىملارنى جازالاش ئۈچۈن يولغا قويدى.

ئىسلام دىنى سەپەر، كېسەل ۋە جىھادتىن ئىبارەت بۇ ئۈچ ئىشتا بىر قانچە قولايلىقلارنى يولغا قويدى:

## نامازدا يولغا قويۇلغان رۇخسەتلەر

ئىسلام مۇساپىر ئۈچۈن پېشىن، ئەسىر ۋە خۇپتەن نامازلىرىدەك تۆت رەكئەتلىك نامازنى ئىككى رەكئەت قىلىپ بېكىتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «بۇ، اللە تائالا سىلەرگە قىلغان سەدىقىدۇر، اللەنىڭ سەدىقىسىنى قوبۇل قىلىڭلار»[②].

ئىسلام مۇساپىر ئۈچۈن ئىككى نامازنى (پېشىن بىلەن ناماز دىگەرنى، شام بىلەن خۇپتەننى) جۇغلاپ ئوقۇشقا رۇخسەت قىلدى. ئۇلارنى بىرىنىڭ ۋاقتىدا ئالدىغا تارتىپ ياكى كەينىگە سۈرۈپ جۇغلاپ ئوقۇشقا بولىدۇ.

شۇنداقلا، ئىسلام كېسەلگە نامازنى ئولتۇرۇپ، يا يېنىسىغا يېتىپ، يا ئوڭدىسىغا يېتىپ، كۆچى يەتكەن ھالەتتە ئوقۇشقا رۇخسەت قىلدى. بىلىش كېرەككى، كېسەلگە ھېچقانداق دىشۋارچىلىق بولمايدۇ.

ئىسلام دىنى نامازنىڭ توغرا ئادا بولۇشىغا شەرت قىلىنغان تاھارەتتە كېسەللىك، يا مۇساپىرلىق، يا ئىككىلىسى سەۋەبىدىن سۇ ئىشلىتىشى قىيىن بولغان كىشىگە تاھارەت ئالماي، قۇمدىن ياكى توپىدىن ياكى تاشتىن ئىبارەت پاك تۇپراق بىلەن تەيەممۇم قىلىشقا رۇخسەت قىلدى. اللە تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿وَإِن كُنتُم مَّرْضَى أَوْ عَلَى سَفَرٍ أَوْ جَاء أَحَدٌ مَّنكُم مِّنَ الْغَائِطِ أَوْ لاَمَسْتُمُ النِّسَاء فَلَمْ تَجِدُواْ مَاء فَتَيَمَّمُواْ صَعِيدًا طَيِّبًا فَامْسَحُواْ بِوُجُوهِكُمْ وَأَيْدِيكُم مِّنْهُ مَا يُرِيدُ اللّهُ لِيَجْعَلَ عَلَيْكُم مِّنْ حَرَجٍ وَلَكِن يُرِيدُ لِيُطَهَّرَكُمْ وَلِيُتِمَّ نِعْمَتَهُ عَلَيْكُمْ لَعَلَّكُمْ تَشْكُرُونَ﴾ ﴿ئەگەر كېسەل بولساڭلار (سۇ زىيان قىلىدىغان بولسا)، ياكى سەپەر ئۈستىدە بولۇپ (سۇ تاپالمىساڭلار)، ياكى سىلەرنىڭ بىرىڭلار ھاجەتخانىدىن كەلگەن (يەنى تاھارەت

---

① سۈرە بەلەد، 4 ـ ئايەت.

② ئىمام مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، نەسائى، ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان.

سۇندۇرغان) بولساڭلار، ياكى ئاياللىرىڭلار بىلەن يېقىنچىلىق قىلغاندىن كېيىن (غۇسلى تاھارەت ئۈچۈن) سۇ تاپالمىساڭلار، پاك تۇپراقتا تەيەممۇم قىلىڭلار، ئۇنىڭ بىلەن يۈزۈڭلارغا، قولۇڭلارغا مەسھى قىلىڭلار، الله سىلەرگە مۇشەققەتنى خالىمايدۇ، لېكىن الله شۈكۈر قىلىشىڭلار ئۈچۈن سىلەرنى پاك قىلىشنى، (ئىسلام شەرىئىتىنى بايان قىلىش بىلەن) نېمىتىنى سىلەرگە تاماملاشنى خالايدۇ﴾[1].

الله تائالا مەزكۇر ھۆكۈمنى يەنە نىسا سۈرىسىدە تىلغا ئالدى: ﴿فَتَيَمَّمُواْ صَعِيدًا طَيِّبًا فَامْسَحُواْ بِوُجُوهِكُمْ وَأَيْدِيكُمْ إِنَّ اللّهَ كَانَ عَفُوًّا غَفُورًا﴾ ﴿پاك تۇپراقنى يۈزۈڭلارغا، قولۇڭلارغا سۈرتۈپ تەيەممۇم قىلىڭلار، الله ھەقىقەتەن ئەپۇ قىلغۇچىدۇر، مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر (يەنى الله بەندىلىرىگە ھەرەج بولماسلىقى ئۈچۈن ئىبادەتنى ئاسانلاشتۇرۇپ بەرگۈچىدۇر)﴾[2].

الله تائالا مەزكۇر ئايەتلەردە تىلغا ئالغان ئىبادەتلەردىكى رۇخسەت ھۆكۈملىرىنى ئۆزىنىڭ «ئەپۇچان»، «مەغپىرەت قىلغۇچى»، «ئىنتايىن كەرەملىك زات» ۋە «ئىنتايىن مېھرىبان» دېگەن گۈزەل ئىسىملىرى بىلەن بايان قىلىدۇ. ئۇ زات بەندىلىرىنى پاكلاشنى ۋە ئۇلارغا نېمەتلىرىنى تاماملاشنى خالايدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەمر ئىبنى ئاسنى زاتۇسسەلاسىل غازىتىغا ئەۋەتكەندە، ئۇ ئىنتايىن سوغۇق بىر كېچىدە ئېھتىلام بولۇپ قالدى. مۇبادا يۇيۇنسا توڭلاپ قېلىشتىن ئەنسىرىدى. شۇڭا، تەيەممۇم قىلدى. ئاندىن كېيىن ھەمراھلىرىغا ئىمام بولۇپ، بامدات نامىزىنى ئوقۇدى. ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ئەمرنىڭ بۇ ئىشىنى قوبۇل قىلالمىغاندەك ئىدى. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كەلگەندە ئۇنىڭغا بولغان ئىشنى دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى ئەمر! سەن جۇنۇب تۇرۇقلۇق ھەمراھلىرىڭغا ئىمام بولدۇڭمۇ؟» دېدى. ئەمر: «مەن الله تائالانىڭ: ﴿وَلاَ تَقْتُلُواْ أَنفُسَكُمْ إِنَّ اللّهَ كَانَ بِكُمْ رَحِيمًا﴾ ﴿سىلەر ئۆزۈڭلارنى (يەنى بىر ـ بىرىڭلارنى) ئۆلتۈرمەڭلار، الله ھەقىقەتەن سىلەرگە ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾[3] دېگەن ئايىتىنى ئەسلەپ تەيەممۇم قىلدىم، ئاندىن ناماز ئوقۇدۇم» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنى ئاڭلاپ كۈلۈپ قويدى، باشقا بىر نەرسە دېمىدى[4].

---

[1] سۈرە مائىدە، 6 ـ ئايەت.

[2] سۈرە نىسا، 43 ـ ئايەت.

[3] سۈرە نىسا، 29 ـ ئايەت.

[4] ئىمام ئەھمەد ۋە ئەبۇ داۋۇد قاتارلىقلار رىۋايەت قىلغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر نەرسە دېمىگەنلىكى ئەمرىنىڭ قىلغان ئىشىنى قوبۇل قىلغانلىقىنى، ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئىلىم ۋە ئىجتىھادىدىن خۇش بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

## جىھادتىكى رۇخسەتلەر

ئاللاھ تائالا جىھادتا «جەڭ نامىزى»نى يولغا قويدى. بۇنىڭ بىلەن تۆت رەكئەتلىك نامازنى مۇجاھىدلارغا قولايلاشتۇرۇش ۋە دۈشمەنلەرگە قارشى ئۇلارغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن بىر رەكئەت قىلدى. ئىبنى ئابباس (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) مۇنداق دېگەن: «ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا سىلەرنىڭ پەيغەمبىرىڭلار ئارقىلىق نامازنى مۇساپىرغا ئىككى رەكئەت، مۇقىمغا تۆت رەكئەت ۋە جىھاد قىلغۇچىغا بىر رەكئەت پەرز قىلدى»[1].

ئاللاھ تائالا مۇجاھىدلاردىن دۈشمەن بىلەن گىرەلىشىپ ئۇرۇش قىلىۋاتقاندا قانداق ئوقۇيالىسا شۇنداق ئوقۇغان نامىزىنى قوبۇل قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿فَإِنْ خِفْتُمْ فَرِجَالاً أَوْ رُكْبَانًا﴾ «قورقۇنچتا قالغىنىڭلاردا، پىيادە ياكى ئۇلاغلىق كېتىپ بېرىپ (ناماز ئوقۇڭلار)»[2]. دېمەك، دۈشمەن بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەندە ئوقۇلىدىغان نامازدا رۇكۇ، سەجدە ۋە قىبلىگە يۈزلىنىش شەرت قىلىنمايدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرى ناماز بىلەن جىھادنىڭ ئوتتۇرىسىنى ئايرىمايتتى. چۈنكى، ناماز ئىسلامنىڭ تۈۋرۈكى، جىھاد بولسا چوققىسىدۇر. شۇنداقلا، ناماز ئوقۇۋاتقان كىشى ئۆزىنى جىھاد مەيدانىدا بولۇۋاتقاندەك، مۇجاھىد ئۆزىنى مېھراب ئالدىدا تۇرۇۋاتقاندەك ھېس قىلىدۇ.

ئاللاھ تائالا مۇجاھىدلارغا ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ ھۇزۇرىدا باش ئېگىپ تۇرۇۋاتقاندا، دۇئا قىلىۋاتقاندا ۋە مۇناجات قىلىۋاتقاندا قوراللىرىنى ئېلىۋېلىشلىرىنى ۋە ئاگاھ بولۇشلىرىنى پەرز قىلدى. ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿وَإِذَا كُنتَ فِيهِمْ فَأَقَمْتَ لَهُمُ الصَّلاَةَ فَلْتَقُمْ طَآئِفَةٌ مِّنْهُم مَّعَكَ وَلْيَأْخُذُواْ أَسْلِحَتَهُمْ فَإِذَا سَجَدُواْ فَلْيَكُونُواْ مِن وَرَآئِكُمْ وَلْتَأْتِ طَآئِفَةٌ أُخْرَى لَمْ يُصَلُّواْ فَلْيُصَلُّواْ مَعَكَ وَلْيَأْخُذُواْ حِذْرَهُمْ وَأَسْلِحَتَهُمْ وَدَّ الَّذِينَ كَفَرُواْ لَوْ تَغْفُلُونَ عَنْ أَسْلِحَتِكُمْ وَأَمْتِعَتِكُمْ فَيَمِيلُونَ عَلَيْكُم مَّيْلَةً وَاحِدَةً﴾ «(ئى مۇھەممەد!) سەن مۆئمىنلەر بىلەن (جىھادتا) بىللە بولۇپ، ئۇلار بىلەن ناماز ئوقۇماقچى بولغىنىڭدا، ئۇلارنىڭ بىر پىرقىسى سەن بىلەن بىرلىكتە نامازغا

---

[1] مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

[2] سۈرە بەقەرە 239 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

تۇرسۇن، قورالـلىرىنى (ئېهتىيات يۈزىسىدىن) يېنىدا تۇتسۇن، سەجدىگە بېرىپ بولغاندىن كېيىن، ئـۇلار ئارقاڭلارغا ئۆتـۈپ تۇرسـۇن (يەنـى نامـاز ئوقـۇپ بولغـان بىـرقە ئارقـاڭلاردا كۆزەتچىلىك قىلىپ تۇرسۇن)، ئۇلارنىڭ ئورنىغا) ناماز ئوقۇمىغـان ئىككىنچى بىـر بىـرقە كېلىــپ سـەن بىــلەن بىــرلىكتە (يەنـى ئارقـاڭلاردا) نامــاز ئوقۇسـۇن، (دۈشـمەنلىرىدىن) ئېهتىيـات بىــلەن هوشـيار تۇرسـۇن. (دۈشـمەنلىرى بىــلەن ئۇرۇشۇشـقا تەييـار تـۇرۇش يۈزىســدىن) قــوراللىرىنى يېنىــدا تۇتسـۇن، كــاپىرلار سـىلەرنىڭ قــوراللىرىڭلاردىن، ئەشيالىرىڭلاردىن غەپلەتتە قېلىشىڭلارنى، شۇنىڭ بىلەن سىلەرگە بىردىنلا (تۇيۇقسىز) هۇجۇم قىلىشنى ئارزۇ قىلىدۇ﴾[1].

پەيغەمــبەر ئەلەيهىسســالام ئۆزىنىــڭ چەۋەندازلىرىــدىن بىــر قىســمىنى دۈشــمەن خەۋىرىنى ئىگەللەش ئۈچۈن ئايغاقچىلىققا ئەۋەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام بامدات نامىزىنى ئوقۇۋېتىپ، گەرچە ئۆزى نامازدا باشقا تەرەپكە قاراشنى چەكلىگەن بولسىمۇ، نامـاز ئۇنىڭ كۆزقارىچۇقى ۋە دىلئارامى تۇرسىمۇ، يەنىلا ئۇلار كېلىدىغان جىلغا تەرەپكە قارىغان ئىدى.

ئۆمەر (الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) مۇنداق دېگەن: «مەن نامـازدا تۇرۇۋېتىــپ قوشـۇن تەييارلايمەن».

## روزىدىكى رۇخسەتلەر

ئىسلام پەرز روزىـدا مۇسـاپىر ئۈچـۈن روزا تۇتماسـلىققا رۇخسـەت قىلـدى، بەلكى، روزا تۇتقاندا قىيىنىلىپ قالىدىغان ئەهۋال بولسا، ئېغىـز ئېچىۋېتىشـنى پەرز قىلـدى. جـابىر (الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن)دىن رىـۋايەت قىلىنىـدۇكى، پەيغەمـبەر ئەلەيهىسسالام بىـر سەپەردە ئىدى. كىشىلەر ئەتراپىغا ئولىشىپ سايە چۈشۈرۈپ تۇرغان بىـر ئـادەمنى كـۆرۈپ: «ئۇنىڭغا نېمە بوپتۇ؟» دېدى. ئۇلار: «ئۇ روزىدار ئىكەن» دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام: «سەپەردە روزا تۇتۇشۇڭلار ياخشىلىقنىڭ جۈملىسىدىن ئەمەس» دېدى.

ئەمـمار ئىبنـى ياسـىر (الله ئۇنىڭـدىن رازى بولسـۇن)دىـن رىـۋايەت قىلىنىـدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام بىلەن بىللە بىر غازاتتىن قايتىپ كېلىۋاتاتتىم. هاۋا ناهايىتى ئىسسىق ئىدى. بىز بىر جايغا چۈشتۇق. ئارىمىزدىن بىر كىشى بىر تـۈپ دەرەخ ئاستىغا كىرىــپ، بىئــارام بولغانــدەك يېــنىچە يــاتتى. هەمراهلىــرى ئۇنىــڭ ئەتراپىغــا

---

[1] سۈرە نىسا، 102 ـ ئايەت.

يىغلىۋالغانىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنىڭغا نېمە بوپتۇ؟» دېدى. ئۇلار: «ئۇ روزىدار ئىكەن» دېگەن ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سىلەرنىڭ سەپەردە روزا تۇتۇشۇڭلار ياخشىلىق جۈملىسىدىن ئەمەس، الله سىلەرگە قىلغان رۇخسەتنى ئېلىڭلار، سىلەر ئۇنى قوبۇل قىلىڭلار»[①].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يۇقىرىدىكى ھەدىسلەردە سەپەردە روزا تۇتۇش مۇشەققەت كېلىپ، ھەدىسلەردە دېيىلگەن دەرىجىگە يېتىپ قالسىمۇ، يەنىلا روزىسىنى داۋاملاشتۇرۇۋەرسە، ئۇ كىشىنىڭ ساۋاب تاپماستىن، بەلكى گۇناھكار بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

ئەنەس (الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن)دىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىر سەپەردە بىللە ئىدۇق. بەزىلىرىمىز روزىدار، بەزىلىرىمىز روزا تۇتمىغانىدۇق. بىز قاتتىق ئىسسىق بىر كۈندە بىر مەنزىلگە چۈشتۇق. كۆپىنچىمىز كىيىملىرى بىلەن سايىداۋاتاتتى. روزىدارلار يىقىلىپ چۈشتى. روزا تۇتمىغانلار چېدىرلارنى تىكتى. كارۋانغا سۇ بەردى. بۇ چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «روزا تۇتمىغانلار بۈگۈن ئەجىرلەرنى ئېلىپ كەتتى»[②].

دېمەك، روزىدار بۇنداق ئەھۋاللاردا پەقەت ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇققا ئېرىشىدۇ. روزا تۇتمىغانلار توقلۇققا، ئۇسسۇزلۇقتىن قېنىشقا ۋە ئۆزىنىڭ قېرىنداشلىرىغا خىزمەت قىلغانلىق سەۋەبىدىن ئىجتىمائىي ئەمگەكنىڭ ساۋابىغا ئېرىشىدۇ.

شۇنداقلا، ئىسلام كېسەلگە رامىزاندا روزا تۇتماسلىققا رۇخسەت قىلدى. كېسەل ۋە مۇساپىر رامىزاندىن كېيىن تۇتمىغان كۈنلىرىنىڭ قازاسىنى قىلىدۇ. بىز الله تائالانىڭ مۇنۇ ئايىتىنى ئوقۇپ كۆرەيلى: ﴿شَهْرُ رَمَضَانَ الَّذِيَ أُنزِلَ فِيهِ الْقُرْآنُ هُدًى لِّلنَّاسِ وَبَيِّنَاتٍ مِّنَ الْهُدَى وَالْفُرْقَانِ فَمَن شَهِدَ مِنكُمُ الشَّهْرَ فَلْيَصُمْهُ وَمَن كَانَ مَرِيضًا أَوْ عَلَى سَفَرٍ فَعِدَّةٌ مِّنْ أَيَّامٍ أُخَرَ يُرِيدُ اللّهُ بِكُمُ الْيُسْرَ وَلاَ يُرِيدُ بِكُمُ الْعُسْرَ﴾ ﴿رامىزان ئېيىدا قۇرئان نازىل بولۇشقا باشلىدى، قۇرئان ئىنسانلارغا يېتەكچىدۇر، ھىدايەت قىلغۇچى ۋە ھەق بىلەن ناھەقنى ئايرىغۇچى روشەن ئايەتلەردۇر. سىلەردىن كىمكى رامىزان ئېيىدا ھازىر بولسا، رامىزان روزىسىنى تۇتسۇن؛ كىمكى كېسەل ياكى سەپەر ئۈستىدە (يەنى مۇساپىر) بولۇپ (تۇتمىغان بولسا، تۇتمىغان كۈنلەر ئۇچۇن) باشقا كۈنلەردە تۇتسۇن. الله سىلەرگە ئاسانلىقنى خالايدۇ، تەسلىكنى خالىمايدۇ﴾[③].

[①] تەبەرانى رىۋايەت قىلغان.

[②] ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

[③] سۈرە بەقەرە، 185 ـ ئايەت.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇجاھىدلارغا رامىزاندا روزا تۇتماسلىقا رۇخسەت قىلدى. ئەبۇ سەئىد (اﷲ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن)تىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە روزىدار ھالەتتە مەككىگە سەپەر قىلىپ، بىر مەنزىلگە چۈشتۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سىلەر دۈشمەنلىرىڭلارغا يېقىنلاشتىڭلار، روزا تۇتماسلىق سىلەر ئۈچۈن كۈچ بولىدۇ» دېدى. بۇ بىر رۇخسەت ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بەزىلىرىمىز روزا تۇتتۇق، بەزىلىرىمىز تۇتمىدۇق. كېيىن يەنە بىر مەنزىلگە چۈشتۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سىلەر ئەتىگەن سەھەردە دۈشمەنلىرىڭلار بىلەن ئۇچرىشىسىلەر. روزا تۇتماسلىق سىلەر ئۈچۈن كۈچ بولىدۇ. شۇڭلاشقا روزا تۇتماڭلار» دېدى. بۇ بىر ئەمر ئىدى. شۇڭا بىز روزا تۇتمىدۇق»[1].

ئىبنى تەيمىيە (اﷲ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) بىلەن ئىبنى قەييۇم (اﷲ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) مۇنداق دەيدۇ: «سىلەر ئەتىگەن سەھەردە دۈشمەنلىرىڭلار بىلەن ئۇچرىشىسىلەر. شۇڭا روزا تۇتماسلىقىڭلار سىلەر ئۈچۈن كۈچ بولىدۇ» دېگەن ئىبارە مۇسۇلمانلارنىڭ سەپەردىن باشقا چاغدىمۇ دۈشمەن بىلەن ئۇچرىشىپ قالسا، روزا تۇتماسلىقنى تەلەپ قىلىدۇ. چۈنكى، مۇسۇلمانلار قۇدرىتى يەتكەن مىقداردا كۈچ ھازىرلاشقا بۇيرۇلغان، ھالبۇكى، مۇنداق پەيتتە روزا تۇتماسلىق كۈچ توپلاشنىڭ سەۋەبلىرىدىندۇر.

ئىسلامنىڭ ئىبادەتتە كېسەل، سەپەر ۋە جىھاد ئۈچۈن يەڭگىللىتىش ۋە قولايلاشتۇرۇش پرىنسىپى «قۇرئان كەرىم» نازىل قىلىنىپ، ئىسلام نۇرى چاقناشقا باشلىغاندىن تارتىپ يولغا قويۇلغان پرىنسىپتۇر. اﷲ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿عَلِمَ أَن لَّن تُحْصُوهُ فَتَابَ عَلَيْكُمْ فَاقْرَؤُوا مَا تَيَسَّرَ مِنَ الْقُرْآنِ عَلِمَ أَن سَيَكُونُ مِنكُم مَّرْضَى وَآخَرُونَ يَضْرِبُونَ فِي الْأَرْضِ يَبْتَغُونَ مِن فَضْلِ اللَّهِ وَآخَرُونَ يُقَاتِلُونَ فِي سَبِيلِ اللَّهِ فَاقْرَؤُوا مَا تَيَسَّرَ مِنْهُ﴾ ﴿سىلەرنىڭ ئۇنى ھېسابلاپ بولالمايدىغانلىقىڭلارنى اﷲ بىلىدۇ، اﷲ سىلەرگە رەھىم قىلدى (يەنى كېچىدە تەھەججۇد نامىزى ئوقۇشنىڭ پەرزلىكىنى ئەمەلدىن قالدۇردى). تەھەججۇد نامىزىدىن سىلەرگە قولاي بولغاننى ئوقۇڭلار. اﷲ بىلىدۇكى، بەزىڭلار كېسەل بولۇپ قالىسىلەر، بەزىلەر اﷲنىڭ پەزلىنى تىلەپ (يەنى تىجارەت قىلىپ) يەر يۈزىدە سەپەر قىلىدۇ، يەنە بەزىلەر اﷲنىڭ يولىدا جىھاد قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭدىن (يەنى تەھەججۇد نامىزىدىن) قولاي بولغاننى ئوقۇڭلار﴾[2].

ئىسلامنىڭ مەزكۇر رۇخسەتلىرىدىن ئەڭ كۆپ پايدىلانغانلار ساھابىلەر بولۇپ، ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن دىننى ئۆگەنگەن ۋە دىننى بىۋاسىتە پەيغەمبەر

---

[1] ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

[2] سۈرە مۇززەممىل، 20 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئەلەيھىسسالامدىن ئالغان. اﷲ يولغا قويغان رۇخسەتلەرنى قاتماللاشتۇرمىغانىدى. چۈنكى، ئۇلار: «ھەقىقەتەن اﷲ تائالا گۇناھ ـ مەسىيەتلەرنى يامان كۆرگەندەك، رۇخسەتلىرىنىڭمۇ ئىجرا قىلىنىشىنى ياخشى كۆرىدۇ» دېگەننى ياخشى بىلەتتى[1].

[1] ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان.

# ئالتىنچى باب

## ئىسلام ئىبادەتلىرى ۋە ئۇنىڭ بۈيۈك ئەھكاملىرى

1. ئىسلام ئىبادەتلىرىنىڭ سىر ـ ئەسرارلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ھاياتتىكى تەسىرلىرى.
2. ناماز.
3. زاكات.
4. روزا.
5. ھەج.

## 1. ئىسلام ئىبادەتلىرىنىڭ سىر ـ ئەسرارلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ھاياتتىكى تەسىرلىرى

### ئىسلام ئىبادەتلىرىدىن مەقسەت

بىز «ئىسلام ئىبادەتلىرى» توغرىسىدا توختالغىنىمىزدا، ئىسلام اللہ تائالاغا يېقىنلاشتۇرىدىغان ئەمەل قىلىپ بەلگىلىگەن، ئالاھىدە ئالامەتلىرى، مۇئەييەن ۋاقىتلىرى، سانى ۋە شەكلى بەلگىلەنگەن، قەتئىي ئۆزگەرتكىلى ياكى تۈزىتىش كىرگۈزگىلى بولمايدىغان ئاشۇ بەلگىلىك شەكىللەر ئۈستىدە توختىلىمىز. شۇڭلاشقا، بىز سۆزىمىزنى پەقەت ناماز، زاكات، روزا ۋە ھەجدىن ئىبارەت مۇشۇ تۆت تۈرگە قارىتىمىز.

ئەگەر بىز تېخىمۇ كەڭ دائىرىدە توختىلىشنى خالىغان بولساق، سۆزىمىزگە ئىسلامنىڭ مۇھىم ئىبادەتلىرىدىن بولغان، ئەمما مۇئەييەن ۋاقىت ۋە شەكىل

بەلگىلەنگەن ئىبادەتلەر قاتارىغا كىرمەيدىغان، ياخشىلىقتا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش ۋە اللە يولىدا جىھاد قىلىشتىن ئىبارەت ئىككى ئىبادەت تۈرىنى كىرگۈزگەن بولاتتۇق.

بىرىنچى ئىبادەت بولسا، ئىسلام ئۈممىتىنى باشقا ئۈممەتلەردىن ئالاھىدە پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان پەرزدۇر. اللە تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿كُنتُمْ خَيْرَ أُمَّةٍ أُخْرِجَتْ لِلنَّاسِ تَأْمُرُونَ بِالْمَعْرُوفِ وَتَنْهَوْنَ عَنِ الْمُنكَرِ وَتُؤْمِنُونَ بِاللّهِ﴾ ﴿(ئى مۇھەممەد ئۈممىتى!) سىلەر ئىنسانلار مەنپەئىتى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسىدىغان، اللەقا ئىمان ئېيتىدىغان ئەڭ ياخشى ئۈممەتسىلەر﴾[1]. بۇ ئىبادەت ئىماننىڭ شاخچىلىرى ۋە مۇئمىنلەرنىڭ خىسلىتى ھېسابلىنىدۇ. اللە تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿وَالْمُؤْمِنُونَ وَالْمُؤْمِنَاتُ بَعْضُهُمْ أَوْلِيَاء بَعْضٍ يَأْمُرُونَ بِالْمَعْرُوفِ وَيَنْهَوْنَ عَنِ الْمُنكَرِ﴾ ﴿مۇئمىن ئەرلەر، مۇئمىن ئاياللار بىر - بىرى بىلەن دوستتۇر، ئۇلار (كىشىلەرنى) ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، يامان ئىشلاردىن توسىدۇ﴾[2]؛ ﴿التَّائِبُونَ الْعَابِدُونَ الْحَامِدُونَ السَّائِحُونَ الرَّاكِعُونَ السَّاجِدونَ الآمِرُونَ بِالْمَعْرُوفِ وَالنَّاهُونَ عَنِ الْمُنكَرِ وَالْحَافِظُونَ لِحُدُودِ اللّهِ﴾ ﴿(گۇناھلىرىدىن) تەۋبە قىلغۇچىلار، (ئىخلاس بىلەن) ئىبادەت قىلغۇچىلار، (اللەقا) ھەمدۇسانا ئېيتقۇچىلار، روزا تۇتقۇچىلار، رۇكۇ قىلغۇچىلار، سەجدە قىلغۇچىلار، ياخشى ئىشلارغا دەۋەت قىلىپ، يامان ئىشلاردىن توسقۇچىلار، اللەنىڭ بەلگىلىمىلىرىگە رىئايە قىلغۇچىلاردۇر﴾[3].

كىم بۇ ئىبادەتكە سەل قارىسا، اللەنىڭ لەنىتىگە ئۇچرايدۇ. اللە تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿لُعِنَ الَّذِينَ كَفَرُواْ مِن بَنِي إِسْرَائِيلَ عَلَى لِسَانِ دَاوُودَ وَعِيسَى ابْنِ مَرْيَمَ ذَلِكَ بِمَا عَصَوا وَّكَانُواْ يَعْتَدُونَ كَانُواْ لاَ يَتَنَاهَوْنَ عَن مُّنكَرٍ فَعَلُوهُ لَبِئْسَ مَا كَانُواْ يَفْعَلُونَ﴾ ﴿بەنى ئىسرائىلدىن كاپىر بولغانلارغا داۋۇدنىڭ ۋە مەريەم ئوغلى ئىيسانىڭ تىلى بىلەن (يەنى زەبۇردا ۋە ئىنجىلدا) لەنەت قىلىندى. بۇ (يەنى ئۇلارنىڭ لەنەتكە ئۇچرىشى) ئۇلارنىڭ ئاسىيلىق قىلغانلىقلىرى ۋە ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەنلىكلىرىدىن بولدى. ئۇلار ئۆزلىرى قىلغان يامان ئىشلاردىن بىر - بىرىنى توسمايتتى؛ ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى نېمىدېگەن يامان!﴾[4]

ئىككىنچى ئىبادەت جىھاد قىلىش پەرزى بولۇپ، ئىسلام دىنى مۇسۇلماننى خۇددى رۇكۇ - سەجدە ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ئىبادەتلەرنى قىلىشقا بۇيرىغاندەك، ئۇنىمۇ قىلىشقا بۇيرىدى. اللە تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا ارْكَعُوا وَاسْجُدُوا وَاعْبُدُوا رَبَّكُمْ وَافْعَلُوا الْخَيْرَ

---

[1] سۈرە ئال ئىمران، 110 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] سۈرە تەۋبە، 71 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[3] سۈرە تەۋبە، 112 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[4] سۈرە مائىدە، 78 - ۋە 79 - ئايەتلەر.

لَعَلَّكُمْ تُفْلِحُونَ وَجَاهِدُوا فِي اللَّهِ حَقَّ جِهَادِهِ هُوَ اجْتَبَاكُمْ﴾ ﴿ئى مۇئمىنلەر! بەختكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن رۇكۇ قىلىڭلار، سەجدە قىلىڭلار (يەنى تەزەررۇ بىلەن ناماز ئوقۇڭلار)، (يالغۇز) پەرۋەردىگارىڭلارغا ئىبادەت قىلىڭلار، ياخشى ئىشلارنى (يەنى خىش ـ ئەقرىبالارغا سىلە ـ رەھىم قىلىش، يېتىم ـ يېسىرلەرنىڭ بېشىنى سىلاش، كېچىسى تەھەججۇد نامىزى ئوقۇش قاتارلىق ئىشلارنى) قىلىڭلار. اللهنىڭ يولىدا (پۇل ـ مېلىڭلار بىلەن، جېنىڭلار بىلەن) تاقىتىڭلارنىڭ يېتىشىچە جىھاد قىلىڭلار، الله (دىنىغا ياردەم بېرىشكە ئۈممەتلەر ئارىسىدىن) سىلەرنى تاللىدى (ئەڭ مۇكەممەل شەرىئەت ۋە ئۇلۇغ پەيغەمبەرنى سىلەرگە خاس قىلدى)﴾[1]؛ ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا اتَّقُوا اللَّهَ وَابْتَغُوا إِلَيْهِ الْوَسِيلَةَ وَجَاهِدُوا فِي سَبِيلِهِ لَعَلَّكُمْ تُفْلِحُونَ﴾ ﴿ئى مۇئمىنلەر! مەقسەتكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن الله (نىڭ ئازابى)دىن قورقۇڭلار، اللهقا (تائەت ـ ئىبادەت قىلىش، گۇناھتىن ساقلىنىش بىلەن) يېقىنچىلىق تىلەڭلار. الله يولىدا جىھاد قىلىڭلار﴾[2]. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىم الله تائالاغا جىھادنىڭ ئەسىرىسىز مۇلاقات بولىدىكەن، دەز كەتكەن هالدا مۇلاقات بولىدۇ»[3].

الله تائالا مۇجاھىدلارنىڭ ساۋابىنىڭ كاتتىلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: ﴿ذَلِكَ بِأَنَّهُمْ لاَ يُصِيبُهُمْ ظَمَأٌ وَلاَ نَصَبٌ وَلاَ مَخْمَصَةٌ فِي سَبِيلِ اللّهِ وَلاَ يَطَؤُونَ مَوْطِئًا يَغِيظُ الْكُفَّارَ وَلاَ يَنَالُونَ مِنْ عَدُوٍّ نَّيْلاً إِلاَّ كُتِبَ لَهُم بِهِ عَمَلٌ صَالِحٌ إِنَّ اللّهَ لاَ يُضِيعُ أَجْرَ الْمُحْسِنِينَ وَلاَ يُنفِقُونَ نَفَقَةً صَغِيرَةً وَلاَ كَبِيرَةً وَلاَ يَقْطَعُونَ وَادِيًا إِلاَّ كُتِبَ لَهُمْ لِيَجْزِيَهُمُ اللّهُ أَحْسَنَ مَا كَانُواْ يَعْمَلُونَ﴾ ﴿بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئۇلار اللهنىڭ يولىدا ئۇچرىغان ئۇسسۇزلۇق، تارتقان جاپا ـ مۇشەققەت ۋە ئاچلىق، ئۇلارنىڭ كاپىرلارنى خاپىلىققا سالىدىغان ھەربىر قەدىمى، دۈشمەنلەر ئۈستىدىن ئېرىشكەن (ئۇلارنى ئۆلتۈرۈش، ئەسىر ئېلىش، مەغلۇب قىلىش قاتارلىق) ھەربىر نەرسىسى ئۈچۈن (اللهنىڭ دەرگاھىدا) ئۇلارغا ياخشىلىق (يەنى ساۋاب) يېزىلىدۇ. الله ئەلۋەتتە ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنىڭ ئەجرىنى بىكار قىلىۋەتمەيدۇ. ئۇلارنىڭ (اللهنىڭ يولىدا) مەيلى كىچىك بولسۇن ياكى چوڭ بولسۇن، سەرپ قىلغان نەرسىسى ۋە جىھاد ئۈچۈن باسقان ھەربىر مۇساپىسى ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەللىرىگە ئەڭ ياخشى مۇكاپات بېرىش يۈزىسىدىن ئۇلارغا يېزىلىدۇ﴾[4].

---

[1] سۈرە ھەج، 77 ـ ۋە 78 ـ ئايەتلەر.

[2] سۈرە مائىدە، 35 ـ ئايەت.

[3] تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.

[4] سۈرە تەۋبە، 120 ـ ۋە 121 ـ ئايەتلەر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئەتىگەن ـ ئاخشامدا اﷲ يولىدا مېڭىش دۇنيا ۋە دۇنيادىكى بارلىق نەرسىدىن ياخشىدۇر»[1].

بەزى ساھابىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن مۇنداق سورىدى: «اﷲ يولىدىكى جىھادقا نېمە تەڭ كېلىدۇ؟» پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سىلەر قىلالمايسىلەر» دېدى. ساھابىلەر بۇ سوئالنى ئىككى-ئۈچ قېتىم قايتىلاپ سورىغاندىمۇ، ئۇ: «قىلالمايسىلەر» دەپ جاۋاب بەردى. ئاندىن كېيىن: «اﷲ يولىدا جىھاد قىلغۇچىنىڭ مىسالى ئۇ جىھادتىن قايتىپ كەلگەنگە قەدەر كېچىسى ناماز ئوقۇيدىغان، كۈندۈزى روزا تۇتىدىغان، اﷲنىڭ ئايەتلىرىنى تىلاۋەت قىلىدىغان، ناماز ۋە روزىدىن بوشىشىپ قالمايدىغان ئادەمنىڭ مىسالىغا ئوخشايدۇ»[2].

مەزكۇر ئىككى پەرز ئىبادەتنىڭ ئىسلامدىكى ئورنى ناھايىتى يۇقىرى بولسىمۇ، بەنىلا ئۇ ھەقتىكى سۆزىمىزنى قويۇپ، ئىبادەت چۈشەنچىسى ئېنىق ئىپادىلىنىدىغان، ئەسىرلىرى ئادەتتە ئوچۇق كۆرۈلىدىغان ۋە سىرلىرىنى ئىزدىنىپ بىلگىلى بولىدىغان بۈيۈك ئىبادەتلەرگە يۈزلىنىمىز.

## ھەم قەدىمىي ھەم يېڭى ئىبادەتلەر

ناماز، زاكات، روزا ۋە ھەجدىن ئىبارەت ھەممىگە تونۇشلۇق بولغان ئىسلام ئىبادەتلىرى قەدىمىي ئىبادەتلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ شەكىللىرى ئۆزگىچە رەۋىشتە ئىسلامدىن ئىلگىرىكى دىنلاردىمۇ تېپىلىدۇ. اﷲ تائالا بەزى پەيغەمبەرلەر توغرۇلۇق مۇنداق دېگەن: ﴿وَجَعَلْنَاهُمْ أَئِمَّةً يَهْدُونَ بِأَمْرِنَا وَأَوْحَيْنَا إِلَيْهِمْ فِعْلَ الْخَيْرَاتِ وَإِقَامَ الصَّلَاةِ وَإِيتَاءَ الزَّكَاةِ وَكَانُوا لَنَا عَابِدِينَ﴾ ﴿ئۇلارنى بىزنىڭ ئەمرىمىز بويىچە (كىشىلەرنى بىزنىڭ دىنىمىزغا) يېتەكلەيدىغان پېشۋالار (يەنى پەيغەمبەرلەر) قىلدۇق. ئۇلارغا بىز ياخشى ئىشلارنى قىلىشنى، ناماز ئوقۇشنى، زاكات بېرىشنى ۋەھيي قىلدۇق، ئۇلار بىزگە خالىس ئىبادەت قىلاتتى﴾[3].

روزا توغرىسىدا مۇنداق دېگەن: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ كُتِبَ عَلَيْكُمُ الصِّيَامُ كَمَا كُتِبَ عَلَى الَّذِينَ مِن قَبْلِكُمْ لَعَلَّكُمْ تَتَّقُونَ﴾ ﴿ئى مۇئمىنلەر! (گۇناھلاردىن) ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن، سىلەردىن

---

[1] بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

[3] سۈرە ئەنبىيا، 73 ـ ئايەت.

ئىلگىرىكىلەرگە (يەنى ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرگە) روزا پەرز قىلىنغاندەك، سىلەرگىمۇ (رامىزان روزىسى) پەرز قىلىندى﴾[1].

ھەج توغرىسىدا مۇنداق دېگەن: ﴿وَإِذْ بَوَّأْنَا لِإِبْرَاهِيمَ مَكَانَ الْبَيْتِ أَن لَّا تُشْرِكْ بِي شَيْئًا وَطَهِّرْ بَيْتِيَ لِلطَّائِفِينَ وَالْقَائِمِينَ وَالرُّكَّعِ السُّجُودِ وَأَذِّن فِي النَّاسِ بِالْحَجِّ يَأْتُوكَ رِجَالًا وَعَلَى كُلِّ ضَامِرٍ يَأْتِينَ مِن كُلِّ فَجٍّ عَمِيقٍ﴾ ﴿ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىمغا بەيتۇللاھنىڭ ئورنىنى تەيىنلەپ بەردۇق، (ئۇنىڭغا ئېيتتۇقكى) «ماڭا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمىگىن، تاۋاپ قىلغۇچىلارغا، قىيام قىلغۇچىلارغا، رۇكۇ قىلغۇچىلارغا، سەجدە قىلغۇچىلارغا مېنىڭ ئۆيۈمنى پاك قىلغىن. كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا (ئۇلارنى) ھەجگە چاقىرىپ نىدا قىلغىن، ئۇلار پىيادە ۋە ئورۇق تۆگىلەرگە مىنىپ كېلىدۇ، ئورۇق تۆگىلەر يىراق يوللارنى بېسىپ كېلىدۇ﴾[2].

لېكىن، مەزكۇر تۆت ئىبادەت بۇرۇنقى دىنلاردا شۇ دەۋرگە ۋە شۇ دەۋرنىڭ مۇھىتىغا مۇناسىپ رەۋىشتە ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىنسانىنىڭ يېتىلىش باسقۇچلىرىغا مۇناسىپ كېلىدىغان ئەڭ ئاخىرقى رىسالەتنى ئېلىپ كەلگەنلىكىدىن، اللہ تائالا ئۇلارنى ئەڭ مۇكەممەل شەكىلدە پەرز قىلدى. ئۇلارنىڭ ھەربىر تۈرىنى ئۆزىنىڭ غايىسىگە ۋە ئاخىرقى نىشانىغا يەتكۈزدى. ئۇلارنى ئەسىرلەر داۋامىدا قونۇپ قالغان چاڭ ـ توزانلاردىن پاكلىدى.

بۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ناماز پەقەت دۇئا ـ تىلاۋەت ھالىتىدىلا قالمىدى. لېكىن، ئۇ زىكىر، دۇئا، تىلاۋەتتىن ئىبارەت ئىنسان تەپەككۇرى، قەلبى، تىلى ۋە بەدىنى بىر پۈتۈن قاتنىشىدىغان سۆز ۋە ئىش ـ ھەرىكەتلەرنى مۇجەسسەملەشتۈرگەن بىر ئىبادەتكە ئايلاندى. ئىسلام ئۇنىڭ ئۈچۈن پاكىزلىق، پاكلىق، كىيىم كىيىش ۋە بىر قىبلىگە يۈزلىنىشنى شەرت قىلدى. ئۇنى كېچە ـ كۈندۈز ئىچىدە بەلگىلەنگەن ۋاقىتلاردا ئادا قىلىنىدىغان قىلدى. ھەربىر ناماز ئۈچۈن مەلۇم رەكئەتلەرنى بەلگىلىدى. ئۇنىڭ شەكلىنى ئالاھىدە بىر كۆرۈنۈش قىلدى. ئۇنى جامائەت بىلەن ئوقۇيدىغان پەرز نامازلار ۋە جۈمە نامىزى بىلەن كامالەتكە يەتكۈزدى. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەزان ـ تەكبىر ئوقۇشنى يولغا قويۇش ئارقىلىق ئۇنى تېخىمۇ زىننەتلىدى.

بۇ خىل شەكىلدىكى ئىسلامىي ناماز مەزكۇر شەرتلەر بىلەن باشقا دىنلاردا تونۇلۇپ باقمىغان، دەرىجىدىن تاشقىرى ئىبادەت ھېسابلىنىدۇ.

زاكاتمۇ ئىسلامدا دەرىجىدىن تاشقىرى بىر ئىبادەت. ئۇ پەقەت ئىنسان تەقدىم قىلىدىغان ئېھسان ياكى مۇنداقلا بېرىپ قويىدىغان سەدىقە ئەمەس. ئۇ بەلگىلەنگەن

[1] سۈرە بەقەرە، 183 ـ ئايەت.

[2] سۈرە ھەج، 26 ـ ۋە 27 ـ ئايەتلەر.

ھەق. ئەسلى ئىگىسىنىڭ تۆپ ھاجەتلىرىدىن ئاشقان، بەلگىلىك نىسبەتكە يېتىپ بىر يىل ئۆتكەن پۇل - مالغا بېرىلىدىغان مەجبۇرىيەتتۇر. ئۇ الله تائالا ئىنسانغا ئىنئام قىلغان پۇل - مال، تىجارەت، زىرائەتتىن ئىبارەت الله تائالانىڭ ھەققىدۇر. ئۇ شۇنداق بىر ھەقكى، ئىنسانىنىڭ ئىمانى ئۇنى بېرىشكە ئۈندەيدۇ، ئىسلامىي دۆلەت ئۇنى يىغىشقا مەسئۇل بولىدۇ. الله تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿خُذْ مِنْ أَمْوَالِهِمْ صَدَقَةً تُطَهِّرُهُمْ وَتُزَكِّيهِم بِهَا﴾ ﴿(ئى مۇھەممەد!) ئۇلارنىڭ ماللىرىنىڭ بىر قىسمىنى سەدىقە ھېسابىدا ئالغىنكى، ئۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى گۇناھلىرىدىن پاكلىغايسەن ۋە (ياخشىلىقلىرىنى) كۆپەيتكەيسەن﴾[1]. كىم ئۇنى ئۆز رازىلىقى بىلەن بېرىدىكەن، ئۇ اللهنىڭ ۋە ئىنسانلارنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىدۇ. دۇنيا - ئاخىرەتنىڭ ياخشىلىقىغا ئېرىشىدۇ. كىم ئۇنى بېرىشتىن باش تارتسا، ئۇنى بېرىشكە زورلىنىدۇ. مۇبادا زاكاتنى بەرمەيدىغان ئادەمنىڭ كۈچى زور بولسا، ئۇنىڭغا قارشى قوشۇن تەييارلىنىپ، ئۇ زاكاتنى بەرگەنگە قەدەر ئۇنىڭ بىلەن جەڭ قىلىنىدۇ. تۇنجى خەلىپە ئەبۇ بەكرى (الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) زاكات بەرمىگەنلەر بىلەن شۇنداق ئۇرۇش قىلغانىدى.

دېمەك، زاكات ئۆزىنىڭ مۇشۇنداق ئالاھىدىلىكى ۋە الله تائالانىڭ «قۇرئان كەرىم»دە زاكات سەرپ قىلىنىدىغان كىشىلەرنى بايان قىلغانلىقى بىلەن باشقا ھېچقانداق بىر دىندا تونۇلۇپ باقمىغان يېڭىچە بىر ئىبادەت بولۇپ قالدى.

شۇنداقلا، روزا، ھەج، زىكىر - تەسبىھ دۇئا - تىلاۋەت قاتارلىق ئىبادەتلەرمۇ قەدىمىي ئىبادەتلەردۇر. لېكىن، ئىسلام بۇ ئىبادەتلەرنى ھەرقانداق بىر نۇقسانلىقتىن پاكلىدى. ئۇلارنىڭ ھەربىر تۈرىنى يۈكسەلدۈردى. ئۇنىڭغا نۇرغۇنلىغان سىر - ئەسرارلارنى يوشۇردى. ئۇلارنى ئايەت - ھەدىسلەرگە باغلىدى، ئومۇمىي ھەم مەڭگۈ بولغان دىنغا يارىشا ھاياتقا تەسىر كۆرسىتىدىغان قىلدى. ئىسلام ئىبادەتنىڭ ۋەزىپىسىنى شەخسنى ئىسلاھ قىلىش، ئائىلىنى بەختلىك قىلىش، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى مۇنتىزىم قىلىش، دۆلەتنى يېتەكلەش ۋە جاھان ئەھلىنى ھىدايەت يولىغا باشلاش دەپ بېكىتتى.

[1] سۈرە تەۋبە، 103 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

## ئىبادەتلەرنىڭ سىر ـ ئەسرارلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ھاياتقا بولغان تەسىرلىرى

ئەسلىدە ئىبادەتلەر الله تائالانىڭ ئەمرىنى ئىجرا قىلىش، بەندىلىرى ئۇستىدىكى ھەققىنى ئادا قىلىش ۋە تانغىلى بولمايدىغان نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلىش ئۈچۈن ئادا قىلىنىدۇ. بۇ ئىبادەتلەردە ئىنسانىنىڭ ماددىي ھاياتىغا پايدا ـ مەنپەئەت بولۇشى، ئىنسانىنىڭ چەكلىك ئەقلى تونۇپ يېتىدىغان ھېكمەتلەرنىڭ بولۇشى زۆرۈر ئەمەس. ئەسلىدە ئىبادەت ئىنسانىنىڭ پەرۋەردىگارىغا بولغان ئۇبۇدىيىتىنىڭ سىنىقىدۇر. شۇڭلاشقا، ئىنسانىنىڭ ئۇنىڭ تەپسىلىي سىرلىرىنى بىلىشىنىڭ ھېچقانچە زۆرۈرىيىتى يوق. چۈنكى، بەندە دېگەن بەندە، پەرۋەردىگار دېگەن پەرۋەردىگار. ئۆز قەدرىنى بىلگەن ئىنسان نېمىدېگەن بەختلىك ـ ھە؟!

مۇبادا ئىنسان الله تائالاغا پەقەت ئۆزىنىڭ چەكلىك ئەقلىگە مۇناسىپ كەلگەن ۋە ھېكمەتلىرىنى تەپسىلىي بىلگەن رەۋىشتە ئىبادەت قىلغان تەقدىردە، بىر قىسىم ئىبادەتلەردىكى سىرلارنى بىلىشكە ئاجىز كېلىپ قالسا، ئۇ بۇ ئىبادەتتىن يۈز ئۆرۈيتتى ـ دە، بۇ چاغدا ئۆزىنىڭ ھاۋايى ـ ھەۋىسىگە چوقۇنغان، پەرۋەردىگارىغا ئىبادەت قىلمىغان بولۇپ قالاتتى.

ئىنسانىنىڭ اللهقا بولغان ئۇبۇدىيىتىنىڭ شوئارى ئۇنى كۆرمىسىمۇ غەيب ھالدا ئىمان كەلتۈرۈش، ئۇنىڭ سىرلىرىنى بىلمىسىمۇ ئەمرىگە ئىتائەت قىلىشتۇر.

الله تائالانىڭ مەخلۇقاتلاردىن ۋە ئۇلارنىڭ تائەت ـ ئىبادەتلىرىدىن بىھاجەت ئىكەنلىكىنى ھەر بىر مۇئمىنىنىڭ بىلىشى يېتەرلىكتۇر. چۈنكى، الله تائالاغا ئىتائەتمەنلەرنىڭ ئىتائىتى پايدا ـ مەنپەئەت يەتكۈزەلمەيدۇ، ئاسىيلارنىڭ گۇناھ ـ مەسىيەتلىرى زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. الله تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿وَمَن يَشْكُرْ فَإِنَّمَا يَشْكُرُ لِنَفْسِهِ وَمَن كَفَرَ فَإِنَّ اللَّهَ غَنِيٌّ حَمِيدٌ﴾ «كىمكى شۈكۈر قىلىدىكەن، ئۆزى ئۈچۈن قىلغان بولىدۇ؛ كىمكى كۇفرىلىق قىلىدىكەن، شۈبھىسىزكى، الله (بەندىلەردىن) بىھاجەتتۇر، مەدھىيىگە لايىقتۇر»[①]؛ ﴿وَلِلّهِ عَلَى النَّاسِ حِجُّ الْبَيْتِ مَنِ اسْتَطَاعَ إِلَيْهِ سَبِيلاً وَمَن كَفَرَ فَإِنَّ الله غَنِيٌّ عَنِ الْعَالَمِينَ﴾ «قادىر بولالىغان كىشىلەرنىڭ الله ئۈچۈن كەبىنى زىيارەت قىلىشى ئۇلارغا پەرز قىلىندى. كىمكى ئىنكار قىلىدىكەن (يەنى ھەجنى تەرك ئېتىدىكەن، زىيىنى ئۆزىگە)، شۈبھىسىزكى، الله ئەھلى جاھاندىن (يەنى ئۇلارنىڭ ئىبادىتىدىن) بىھاجەتتۇر»[②].

---

① سۈرە لوقمان، 12 ـ ئايەت.

② سۈرە ئال ئىمران، 97 ـ ئايەت.

دېمەك، اللە تائالا ئۆزىنىڭ بەندىلىرىدىن مۇتلەق بىھاجەتتۇر. ئەگەر اللە تائالا ئىنسانلارنى بىر نەرسە بىلەن ئۆزىگە ئىبادەت قىلىشقا بۇيرىسا، ھەقىقەتەن ئۇلارنى ئىسلاھ قىلىدىغان، ئۇلارنىڭ روھىي ۋە ماددىي، يەككە ۋە كوللېكتىپ، دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك ھاياتىغا نەپ يەتكۈزىدىغان نەرسە بىلەن ئىبادەت قىلدۇرىدۇ. بىراق، چەكلىك ئىلمى بولغان ئىنسان اللە تائالانىڭ ھېكمەتلىرىنى تولۇق بىلىپ كېتەلمەيدۇ.

بىر شائىر مۇنداق دېگەن:

ئىنسانغا مەخپىيدۇر سىرلارنىڭ تېگى،
مايىل ئاڭا ھەمىشە ئاقىللار ئېگى.

اللە تائالا بۇ ئالەمنىڭ نۇرغۇن سىر ـ ئەسرارلىرىنى ئىنساندىن مەخپىي قىلدى. اللە تائالا ئىنساننىڭ ھەمىشە ئۆز تەشنالىقى بىلەن نامەلۇم نەرسىنىڭ سىرىغا يېتىش ئىستىكىدە ئىنتىلىشى ئۈچۈن، ئۇنىڭدىن بەزى نەرسىلەرنىڭ سىرلىرىنى يوشۇردى. بۇ، ئىنسان ئۆزىنىڭ نۇقسانلىقىنى تونۇپ، مۇئمىنىنىڭ ئۇبۇدىيەتتىنىڭ مۇنۇ شوئارى ئاستىدا داۋاملىق ھازىر بولۇشى ئۈچۈن ئىدى. اللە تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿وَقَالُواْ سَمِعْنَا وَأَطَعْنَا غُفْرَانَكَ رَبَّنَا وَإِلَيْكَ الْمَصِيرُ﴾ ﴿بىز (دەۋىتىڭنى) ئاڭلىدۇق ۋە (ئەمرىڭگە) ئىتائەت قىلدۇق، پەرۋەردىگارىمىز، مەغپىرىتىڭنى تىلەيمىز، ئاخىر قايتىدىغان جايىمىز سېنىڭ دەرگاھىڭدۇر﴾[1].

ئىمام غەززالىي (اللە ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) «زالالەتتىن قۇتقۇزغۇچى» ناملىق كىتابىدا مۇنداق دېگەن: «ھەقىقەتەن، ئىبادەت ئىنسان قەلبىنىڭ ساغلاملىقى ئۈچۈن، خۇددى دورا ئىنسان بەدىنىنىڭ ساقلىقى ئۈچۈن مۇھىم بولغاندەك مۇھىم. ھەممە ئىنسان دورىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى بىلمەيدۇ. پەقەت ئۇنى كەسپلەشكەن دوختۇر ياكى ئالىم بىلىدۇ. ھەرقانداق كېسەل دوختۇر بەرگەن دورىنى يەيدۇ، ئۇنىڭ بىلەن تاكاللىشىپ ئولتۇرمايدۇ. دېمەك، بۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، پەيغەمبەرلەر تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن ئىبادەتلەرنىڭ دورىلىرى ۋە مىقدارلىرىنىڭ تەسىر دائىرىسىنى ئاقىللارنىڭ ئەقلىي ئۇسكۇنىلىرى بىلەن بىلگىلى بولمايدۇ. بۇنىڭدا ئەقىل ئۇسكۇنىسى بىلەن ئەمەس، بەلكى پەيغەمبەرلىك نۇرى بىلەن ئۇلارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى بىلگەن پەيغەمبەرلەرگە ئەگىشىش لازىم. شۇنداقلا، دورىلارنىڭ مىقدار، ئېغىرلىق ۋە تۈر جەھەتتىكى پەرقلەر ھەرقانداق بىر

[1] سۈرە بەقەرە، 285 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

سىردىن خالىي بولمايدۇ. ئۇ بولسىمۇ ئۇنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ جۈملىسىدىندۇر. شۇنىڭدەك، قەلب كېسەللىكلىرىنىڭ دورىسى بولغان ئىبادەتلەرمۇ تۈر، مىقدار جەھەتتە ئوخشىمىغان ئىش - ھەرىكەتلەردىن بىرىككەندۇر. ھەتتاكى، سەجدە رۇكۇدىن بىر ھەسسە ئاشىدۇ. بامدات نامىزى ئەسىر نامىزىنىڭ يېرىمىغا تەڭ كېلىدۇ. بۇلارمۇ مەلۇم سىر - ئەسرارلاردىن خالىي ئەمەس. ئۇلار پەقەت پەيغەمبەرلىك نۇرى بىلەنلا بىلىنىدىغان خۇسۇسىيەتلەردۇر. كىم ئۇلاردىن بىرەر ھېكمەتنى چىقارغىلى ئورۇنىدىكەن ياكى ئۇلار ئىلاھىيەت سىرلىرى ئەمەس، بەلكى بىرلىشىش تۇۋقتىسىدىن شۇنداق بولغان دەپ گۇمان قىلىدىكەن قاتتىق ئەخمەقلىق قىلغان ياكى قاتتىق نادانلىق قىلغان بولىدۇ».

يۇقىرىقىلاردىن ھەربىر ئىبادەتتە ئىنسان ئەقلىنى، بولۇپمۇ ماددىي ۋە نەق پايدىسى بولغان نەرسە بىلەنلا نەپسىنى تويغۇزىدىغان ھازىرقى زامان ئەقلىيچىلىرىنى قانائەتلەندۈرگىدەك بىرەر ھېكمەتنى ئىزدەشنىڭ خاتالىقى نامايان بولىدۇ.

ئۇستاز ئەققاد دېگەندەك: «ئىبادەت الله تائالا تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن پائالىيەت بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ بەلگىلەنگەن شەكلى ۋە سۈپىتى بىلەنلا قوبۇل قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ بىرەر تەرەپلىرىگە ئېتىراز بىلدۈرۈلمەيدۇ.

روزا نېمە ئۈچۈن بىر ئاي بولدى؟ نېمە ئۈچۈن ئۈچ ھەپتە ياكى بەش ھەپتە بولمايدۇ؟

زاكات نېمە ئۈچۈن ئوننىڭ بىرسى بولىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن توققۇز ياكى ئون بەشنىڭ بىرى بولمايدۇ؟

نېمە ئۈچۈن رۇكۇ - سەجدە قىلىمىز؟ نېمە ئۈچۈن رۇكۇ قىلماي ئۆرە تۇرۇپ ناماز ئوقۇمايمىز؟

مۇشۇنداق ئېتىرازلارنى قىلىدىغان ئادەم روزا ئۈچ ھەپتە بولغان تەقدىردىمۇ، شۇنداقلا زاكاتنىڭ پىرسەنتىگىمۇ، نامازنىڭ ماھىيىتىگىمۇ يەنىلا ئېتىراز بىلدۈرىدۇ.

بۇنداق دېگەنلىك مەزكۇر ئەھۋاللارنى بىلگىلى بولمايدىغان سەۋەب يوق دېگەنلىك ئەمەس. لېكىن، ئۇ يەنىلا ئىنسان ئەقلى تەرىپىدىن ئۇنىڭغا پىكىر بېرىش ياكى ئۇنىڭغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش ئارقىلىق باشقۇرغىلى بولىدىغان ئەھۋال ئەمەس.

بۇ خىل پوزىتسىيە دىن ئىشلىرىغىلا يۈرگۈزۈلمەستىن، دۇنيا ئىشلىرىدىكى ھەممە تۈزۈملەرگە يۈرگۈزىلىدۇ.

مەسىلەن، بىر مىللەت ئارمىيىسىدىكى بىر بىرگادىنىڭ سانى ئەللىك بولسا، باشقا بىر مىللەتتە قىرىق ياكى يۈز بولىدۇ؟

نېمە ئۈچۈن بىر مىللەتنىڭ بايرىقىدىكى يېشىل رەڭ مەلۇم بىر نەرسىنىڭ سىمۋولى بولسا، يەنە بىر مىللەتتە باشقا بىر نېمىنىڭ سىمۋولى بولىدۇ؟

دېمەك، ئاخىرىدا بۇنداق تۇراقلىق ئىشلاردا مۇنازىرە قىلىپ يۈرگەندىن، شۇنى ئۆز بويىچە قوبۇل قىلغانلىق ئەقىلگە تېخىمۇ ئۇيغۇن بولىدۇ».

قىسقىسى، ئىبادەتنىڭ ھەممە تەرەپلىرىدە بىرەر ھېكمەتنى چۈشىنىشكە ئورۇنغان ھەرقانداق بىر قەۋم ئېزىپ كېتىدۇ. ئۇلار ھەجگە ئوخشاش ئىبادەتلەردىكى بەزى يوشۇرۇن سىرلارنى بىلەلمىسە، شەكلىنىشكە باشلايدۇ ۋە باشقىلارنىمۇ شەكلەندۈرىدۇ. ئۇلار شەكلىنىش ۋە شەكلەندۈرۈشتە ھەق يولدىن قىيىپ كېتىدۇ.

## 2. ناماز

ناماز قەدىمىي بىر ئىبادەت. دىنلارنىڭ ھەممىسىدە ئورتاق بولغان بىر پائالىيەت. مەن دىنلار تارىخى نامازدىن خالىي بولۇپ باقمىغان دەپ قارايمەن.

دەرۋەقە، ئىسلامىي نامازنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرى ۋە خۇسۇسىيەتلىرى بار. ئۇنىڭدا ئىسلامنىڭ بىز باشتا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن خۇسۇسىيەتلىرى، ھىدايىتى ۋە ئىبادەت سورۇنلىرىدا ئېلىپ بارغان ئىسلاھاتلىرى تېپىلىدۇ. شۇڭلاشقا، ئىسلامدىكى نامازنىڭ باشقا دىنلاردىكى نامازلار ئورتاقلىشالمىغۇدەك سىر - ئەسرارلارنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەس.

### ئىسلامدا نامازنىڭ ئورنى

ئىسلام «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىستە نامازغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى. ئۇنى مۇھاپىزەت قىلىشنى قاتتىق كۈچەيتتى، تەرك ئېتىشتىن قاتتىق ئاگاھلاندۇردى. چۈنكى، ناماز دىننىڭ تۈۋرۈكى، جەننەتنىڭ ئاچقۇچى ۋە ئەمەللەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى. مۇئمىن قىيامەت كۈنى تۇنجى قىلىپ نامازدىن ھېساب بېرىدۇ. الله تائالا نامازنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسىدا تىلغا ئېلىپ مۇنداق دېگەن: ﴿رَبِّ اجْعَلْنِي مُقِيمَ الصَّلَاةِ وَمِن ذُرِّيَّتِي رَبَّنَا وَتَقَبَّلْ دُعَاءِ﴾ «پەرۋەردىگارىم! مېنى ۋە بىر قىسىم ئەۋلادىمنى نامازنى ئادا قىلغۇچى قىلغىن، پەرۋەردىگارىمىز! دۇئايىمنى قوبۇل قىلغىن»[1].

[1] سۈرە ئىبراھىم، 40 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

الله تائالا ناماز بىلەن ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنى مەدھىيىلەيدۇ: ﴿وَكَانَ يَأْمُرُ أَهْلَهُ بِالصَّلَاةِ وَالزَّكَاةِ وَكَانَ عِندَ رَبِّهِ مَرْضِيًّا﴾ «ئۇ ئائىلىسىدىكىلەرنى ناماز ئوقۇشقا، زاكات بېرىشكە بۇيرۇيتتى، پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا ئۇنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشكەن ئىدى»[1].

الله تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ۋەھيي قىلغان دەسلەپكى دەقىقىلەردە ئۇنى نامازنى ئادا قىلىشقا بۇيرۇيدۇ: ﴿وَأَنَا اخْتَرْتُكَ فَاسْتَمِعْ لِمَا يُوحَى إِنَّنِي أَنَا اللَّهُ لَا إِلَهَ إِلَّا أَنَا فَاعْبُدْنِي وَأَقِمِ الصَّلَاةَ لِذِكْرِي﴾ «مەن سېنى (پەيغەمبەرلىككە) تاللىدىم، سەن ۋەھيىگە قۇلاق سالغىن. مەن ھەقىقەتەن (ئىبادەتكە لايىق) اللهتۇرمەن، مەندىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوق، (يالغۇز) ماڭا ئىبادەت قىلغىن، مېنى زىكىر قىلىش ئۈچۈن ناماز ئوقۇغىن»[2]. شۇنداقلا، الله تائالا مۇسا ۋە ئۇنىڭ قېرىندىشى ھارۇن ئەلەيھىسسالامغا ۋەھيي قىلىدۇ: ﴿أَن تَبَوَّءَا لِقَوْمِكُمَا بِمِصْرَ بُيُوتًا وَاجْعَلُواْ بُيُوتَكُمْ قِبْلَةً وَأَقِيمُواْ الصَّلَاةَ﴾ «قەۋمىڭلار ئۈچۈن مىسىردا ئۆيلەر ياساڭلار، ئۆيلىرىڭلارنى ناماز ئوقۇيدىغان جاي قىلىڭلار، ناماز ئوقۇڭلار»[3].

لوقمان (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) نامازنى ئوغلىغا ۋەسىيەت قىلىدۇ: ﴿يَا بُنَيَّ أَقِمِ الصَّلَاةَ وَأْمُرْ بِالْمَعْرُوفِ وَانْهَ عَنِ الْمُنكَرِ وَاصْبِرْ عَلَى مَا أَصَابَكَ إِنَّ ذَلِكَ مِنْ عَزْمِ الْأُمُورِ﴾ «ئى ئوغۇلچىقىم! نامازنى (ۋاقتىدا، تەئدىل ئەركان بىلەن) ئوقۇغىن، (كىشىلەرنى) ياخشىلىققا بۇيرۇغىن، يامانلىقتىن توسقىن. ساڭا يەتكەن كۈلپەتلەرگە سەۋر قىلغىن (چۈنكى، ھەقىقەتكە دەۋەت قىلغۇچى ئەزىيەتلەرگە ئۇچرايدۇ). بۇ ھەقىقەتەن قىلىشقا ئىرادە تىكلەشكە تېگىشلىك ئىشلاردىندۇر»[4].

ئىيسا ئەلەيھىسسالام بۆشۈكتە تۇرۇپ نامازنى تىلغا ئالىدۇ: ﴿وَجَعَلَنِي مُبَارَكًا أَيْنَ مَا كُنتُ وَأَوْصَانِي بِالصَّلَاةِ وَالزَّكَاةِ مَا دُمْتُ حَيًّا﴾ «قەيەردە بولماي مېنى بەرىكەتلىك قىلدى، ھاياتلا بولىدىكەنمەن، ماڭا نامازنى، زاكاتنى ئادا قىلىشنى تەۋسىيە قىلدى»[5].

الله تائالا ئاخىرقى پەيغەمبىرىنى نامازغا مۇنداق ئەمر قىلىدۇ: ﴿اتْلُ مَا أُوحِيَ إِلَيْكَ مِنَ الْكِتَابِ وَأَقِمِ الصَّلَاةَ﴾ «(ئى مۇھەممەد!) ساڭا ۋەھيي قىلىنغان كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) تىلاۋەت قىلغىن، نامازنى (تەئدىل ئەركان بىلەن) ئوقۇغىن»[6]. الله تائالا نامازنى غەيىبكە

---

[1] سۇرە مەريەم، 55 ـ ئايەت.
[2] سۇرە تاھا، 13 ـ ۋە 14 ـ ئايەتلەر.
[3] سۇرە يۇنۇس، 87 ـ ئايەت.
[4] سۇرە لوقمان، 17 ـ ئايەت.
[5] سۇرە مەريەم، 31 ـ ئايەت.
[6] سۇرە ئەنكەبۇت، 45 ـ ئايەت.

ئىمان كەلتۈرىدىغان مۆتتەقىيلەرنىڭ سۈپىتى قىلىدۇ: ﴿ذَلِكَ الْكِتَابُ لاَ رَيْبَ فِيهِ هُدًى لِّلْمُتَّقِينَ الَّذِينَ يُؤْمِنُونَ بِالْغَيْبِ وَيُقِيمُونَ الصَّلاةَ وَمِمَّا رَزَقْنَاهُمْ يُنفِقُونَ﴾ ﴿بۇ كىتابتا (يەنى قۇرئاندا) ھېچ شەك يوق، (ئۇ) تەقۋادارلارغا يېتەكچىدۇر. ئۇلار غەيبكە ئىشىنىدۇ، نامازنى ئادا قىلىدۇ، ئۇلار بىز بەرگەن مال-مۈلۈكتىن (خۇدا يولىغا) سەرپ قىلىدۇ﴾[1].

اللە تائالا نىجات تاپىدىغان مۆئمىنلەرنىڭ سۈپەتلىرىنى ناماز بىلەن باشلاپ، ناماز بىلەن ئاخىرلاشتۇرىدۇ: ﴿قَدْ أَفْلَحَ الْمُؤْمِنُونَ الَّذِينَ هُمْ فِي صَلَاتِهِمْ خَاشِعُونَ وَالَّذِينَ هُمْ عَنِ اللَّغْوِ مُعْرِضُونَ وَالَّذِينَ هُمْ لِلزَّكَاةِ فَاعِلُونَ وَالَّذِينَ هُمْ لِفُرُوجِهِمْ حَافِظُونَ إِلَّا عَلَى أَزْوَاجِهِمْ أوْ مَا مَلَكَتْ أَيْمَانُهُمْ فَإِنَّهُمْ غَيْرُ مَلُومِينَ فَمَنِ ابْتَغَى وَرَاء ذَلِكَ فَأُوْلَئِكَ هُمُ الْعَادُونَ وَالَّذِينَ هُمْ لِأَمَانَاتِهِمْ وَعَهْدِهِمْ رَاعُونَ وَالَّذِينَ هُمْ عَلَى صَلَوَاتِهِمْ يُحَافِظُونَ﴾ ﴿مۆئمىنلەر ھەقىقەتەن بەختكە ئېرىشتى. (شۇنداق مۆئمىنلەركى) ئۇلار نامازلىرىدا (اللەنىڭ ئۇلۇغلىقىدىن سۈر بېسىپ كەتكەنلىكتىن) ئەيمىنىپ تۇرغۇچىلاردۇر. ئۇلار بىھۇدە سۆز، بىھۇدە ئىشتىن يىراق بولغۇچىلاردۇر. ئۇلار زاكات بەرگۈچىلەردۇر. ئۇلار ئەۋرەتلىرىنى (ھارامدىن) ساقلىغۇچىلاردۇر. (يەنى ئەۋرەتلىرىنى) پەقەت خوتۇنلىرىدىن، چۆرىلىرىدىن باشقىلاردىن ساقلىغۇچىلاردۇر (بۇلار بىلەن يېقىنچىلىق قىلغۇچىلار مالامەت قىلىنمايدۇ). بۇنىڭ سىرتىدىن (جىنسىي تەلەپنى قاندۇرۇشنى) تەلەپ قىلغۇچىلار ھەددىدىن ئاشقۇچىلاردۇر. ئۇلار (يەنى مۆئمىنلەر) ئۆزلىرىگە تاپشۇرۇلغان ئامانەتلەرگە ۋە بەرگەن ئەھدىگە رىئايە قىلغۇچىلاردۇر. ئۇلار نامازلىرىنى (ۋاقتىدا تەئدىل ئەركان بىلەن) ئادا قىلغۇچىلاردۇر﴾[2].

اللە تائالا نامازنى مۇقىم تۇرغان ۋاقىتتىمۇ، سەپەردىمۇ، تىنچلىق ۋاقىتتىمۇ، ئۇرۇشتىمۇ مۇھاپىزەت قىلىشقا بۇيرىدى. اللە تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿حَافِظُواْ عَلَى الصَّلَوَاتِ والصَّلاَةِ الْوُسْطَى وَقُومُواْ لِلّهِ قَانِتِينَ فَإنْ خِفْتُمْ فَرِجَالاً أَوْ رُكْبَانًا فَإِذَا أَمِنتُمْ فَاذْكُرُواْ اللّهَ كَمَا عَلَّمَكُم مَّا لَمْ تَكُونُواْ تَعْلَمُونَ﴾ ﴿(بەش) نامازنى، بولۇپمۇ نامازدىگەرنى داۋاملاشتۇرۇڭلار (يەنى پۈتۈن شەرتلىرى بىلەن ۋاقتىدا تولۇق ئادا قىلىڭلار). اللەنىڭ ھۇزۇرىدا (يەنى نامازدا) ئىتائەتمەنلىك بىلەن تۇرۇڭلار. قورقۇنچتا قالغىنىڭلاردا، پىيادە ياكى ئۇلاغلىق كېتىپ بېرىپ (ناماز ئوقۇڭلار)، ئامانلىق تاپقىنىڭلاردا اللەنىڭ سىلەرگە ئۆگەتكىنى بويىچە اللەنى ياد ئېتىڭلار (يەنى قورقۇنچ تۈگىگەندە، اللە نامازنى قانداق ئۆتەشكە ئەمر قىلغان بولسا، تولۇق ئەركانلىرى بىلەن شۇنداق ئۆتەڭلار)﴾[3]. يەنى، ئۇرۇشتا نامازنى مېڭىپ يۈرۈپ ياكى

---

[1] سۈرە بەقەرە، 2 ـ ۋە 3 ـ ئايەتلەر.

[2] سۈرە مۆئمىنۇن، 1 ـ ئايەتتىن 9 ـ ئايەتكىچە.

[3] سۈرە بەقەرە، 238 ـ ۋە 239 ـ ئايەتلەر.

ئۇلاغدا تۇرۇپ، رۇكۇ - سەجدە ۋە قىبلىگە يۈزلىنىشنى شەرت قىلماستىن، ئىما - ئىشارەت بىلەن ئوقۇڭلار. اللە تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿وَلِلّهِ الْمَشْرِقُ وَالْمَغْرِبُ فَأَيْنَمَا تُوَلُّواْ فَثَمَّ وَجْهُ اللّهِ إِنَّ اللّهَ وَاسِعٌ عَلِيمٌ﴾ ﴿مەشرىقمۇ، مەغرىبمۇ (يەنى پۈتۈن يەر يۈزى) اللەنىڭدۇر، قايسى تەرەپكە يۈزلەنسەڭلارمۇ، ئۇ اللەنىڭ تەرىپى (يەنى سىلەرگە ئىختىيار قىلغان قىبلىسى)دۇر﴾[1].

اللە تائالا نامازغا سەل قاراپ، ۋاقتىنى ئۆتكۈزۈۋېتىدىغانلارنى ھالاكەت بىلەن ئاگاھلاندۇردى: ﴿فَوَيْلٌ لِّلْمُصَلِّينَ الَّذِينَ هُمْ عَن صَلَاتِهِمْ سَاهُونَ﴾ ﴿شۇنداق ناماز ئوقۇغۇچىلارغا ۋايكى، ئۇلار نامازنى غەپلەت بىلەن ئوقۇيدۇ﴾[2]؛ ئۇلارنى ئەيىبلىدى ۋە قاتتىق جازاغا تارتىلىدىغانلىقىنى جاكارلىدى: ﴿فَخَلَفَ مِن بَعْدِهِمْ خَلْفٌ أَضَاعُوا الصَّلَاةَ وَاتَّبَعُوا الشَّهَوَاتِ فَسَوْفَ يَلْقَوْنَ غَيًّا﴾ ﴿ئۇلار كەتكەندىن كېيىن (ئۇلارنىڭ) ئورنىنى باسقان ئورۇنباسارلار نامازنى تەرك ئەتتى، نەپسى خاھىشلىرىغا ئەگەشتى، ئۇلار (قىيامەتتە) گۇمراھلىقنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ﴾[3].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازنى ئىمانغا بولغان ساداقەت ۋە مۇسۇلمان بىلەن كاپىرنىڭ ئوتتۇرىسىنى ئايرىيدىغان شوئار قىلىدۇ. ئۇ مۇنداق دېگەن: «نامازنى تەرك ئېتىش كىشى بىلەن شېرىك ۋە كۇپۇرنىڭ ئارىسىدىكى توساقنى كۆتۈرۈۋېتىدۇ»؛ «بىز بىلەن ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئەھدە نامازدۇر، كىم ئۇنى تەرك ئەتسە كاپىر بولىدۇ».

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى نامازنى تىلغا ئېلىپ مۇنداق دېگەن: «كىمكى نامازنى تولۇق ئادا قىلىدىكەن، قىيامەت كۈنى ناماز ئۇنىڭ ئۈچۈن نۇر، دەلىل ۋە نىجاتلىق بولىدۇ. كىمكى ئۇنى تولۇق ئادا قىلمايدىكەن، ئۇنىڭ نە نۇرى، نە دەلىلى، نە نىجاتلىقى بولمايدۇ. قىيامەت كۈنى قارۇن، پىرئەۋن، ھامان ۋە ئۇبەي ئىبنى خەلەفلەر بىلەن بىللە قوپىدۇ».

ئالىملار بۇ ھەدىسنىڭ شەرھىدە مۇنداق دېگەن: «بىر كىمنى ئۇنىڭ پۇل - مېلى نامازدىن چەكلەپ قويسا قارۇن بىلەن، بىر كىمنى ئۇنىڭ پادىشاھلىقى نامازدىن چەكلەپ قويسا پىرئەۋن بىلەن، بىر كىمنى ئۇنىڭ باشلىقلىقى ياكى ۋەزىرلىكى نامازدىن چەكلەپ قويسا ھامان بىلەن، بىر كىمنى ئۇنىڭ تىجارىتى نامازدىن چەكلەپ قويسا ئۇبەي ئىبنى خەلەف بىلەن بىللە بولىدۇ».

---

[1] سۈرە بەقەرە، 115 - ئايەت.

[2] سۈرە مائۇن، 4 - ۋە 5 - ئايەتلەر.

[3] سۈرە مەريەم، 59 - ئايەت.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن: «كىمدىن بىر ناماز ئۆتۈپ كەتسە، ئۇ كىشى خۇددى ئائىلىسىدىن ۋە پۇل ـ مېلىدىن ئايرىلىپ قالغان بولىدۇ». يەنى ئائىلىسى ۋە پۇل ـ مېلى مۇسىبەتكە دۇچ كېلىپ، ئۇلاردىن ئايرىلىپ يالغۇز قالىدۇ. بۇ پەقەت بىرلا نامازنى ئوقۇمىغان كىشىنىڭ پاجىئەسى بولسا، پۈتۈنلەي ناماز ئوقۇمىغان ئادەمنىڭ ھالى نېمە بولۇپ كېتەر ـ ھە؟!

دېمەك، ناماز مۇشۇنداق كەسكىن ئايەت ـ ھەدىسلەر ئارقىلىق تەكىتلەنگەندىن كېيىن، بىر توپ ئىسلام ئالىملىرىنىڭ نامازنى تەرك ئەتكۈچى كاپىر بولىدۇ، ئىسلامدىن چىقىپ كېتىدۇ دەپ قارىشى ھەرگىزمۇ ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. بەزى ئالىملار كەڭ قويۇۋېتىپ مۇنداق دېگەن: «نامازنى تەرك ئەتكۈچى ئاسىي، پاسىق بولۇپ، ئۇنىڭ ئىماندىن قۇرۇق قېلىش خەۋپى بار».

مانا بۇلار ئىسلامدىكى نامازنىڭ ئەھمىيىتى. مۇشۇ نۇقتىدىن ناماز مۇسۇلمانلارغا پەرز قىلىنغان تۇنجى ئىبادەت ئىدى. ناماز ھىجرەتتىن ئۈچ يىل ئىلگىرى پەرز بولدى. نامازنىڭ پەرز بولۇش يولىمۇ اللە تائالانىڭ ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىغا يەنە بىر دەلىلدۇر. چۈنكى، ئىبادەتلەرنىڭ ھەممىسى زېمىندا پەرز بولغانىدى. نامازلا ئاسماندا ئىسرا ۋە مىراج كېچىسى ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بىۋاستە خىتاب قىلىش ئارقىلىق پەرز بولدى.

مەلۇمكى، دۆلەتلەر ئۆزىنىڭ باش ئەلچىلىرىنى مۇھىم، كەسكىن ئىشلاردا خەت ئارقىلىق ئالاقىلىشىشنىڭ ئورنىغا، يۈزتۇرانە سۆھبەتلىشىش ئۈچۈن چاقىرتىدۇ. ھالبۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام اللە تائالانىڭ بەندىلىرىگە ئەۋەتىلگەن ئەلچىسىدۇر. اللە تائالانىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۆز دەرگاھىغا چاقىرتىپ، نامازنىڭ پەرز قىلىنغانلىقىنى جاكارلاش ئۈچۈن ئاسمانغا ئېلىپ چىقىشى، نامازنىڭ اللە تائالانىڭ دەرگاھىدا ئىنتايىن يۇقىرى مەرتىۋىگە ئىگە ئىكەنلىكىنىڭ كەسكىن دەلىلىدۇر.

## ئىسلامدا تەلەپ قىلىنىدىغان ناماز

بىلىش كېرەككى، ئىسلام تەلەپ قىلىدىغان ناماز ھېچقانداق تەپەككۇر قىلماستىن، ھۇزۇرى قەلب بولماستىن، پەقەت تىل ئارقىلىق ئېغىز ئۆمەللىتىدىغان، بەدەن ئارقىلىق خۇددى توخۇنىڭ دان چوقۇغىنىغا ئوخشاش ھەرىكەت قىلىپ قويىدىغان ناماز ئەمەس، ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس. اللەنىڭ دەرگاھىدا قوبۇل بولىدىغان ناماز بولسا،

تەپەككۇر قىلىش، اللەتىن قورقۇش، مەبۇدنىڭ بۈيۈكلىكىنى قەلبكە كەلتۈرۈش ھەققى بېرىلگەن نامازدۇر.

چۈنكى، نامازدىن مەقسەت (ھەممە ئىبادەتلەردە شۇنداق) ئىنساننى يارىتىپ بېجىرىم قىلغان ۋە ھەممىنى تەقدىر قىلىپ، رىزىق يوللىرىنى كۆرسىتىپ بەرگەن اللە تائالانى ئەسلەشتۇر.

اللە تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿وَأَقِمِ الصَّلاَةَ لِذِكْرِي﴾ ﴿مېنى زىكىر قىلىش ئۈچۈن ناماز ئوقۇغىن﴾[1]. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ھەقىقەتەن اللە تائالانىڭ زىكرىنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن ناماز پەرز بولدى، ھەجگە بۇيرۇلدى ۋە ھەج پائالىيەتلىرى شەرئى قىلىپ بەلگىلەندى» (ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان).

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازنىڭ روھىغا ئىشارەت قىلىپ مۇنداق دېگەن: «ھەقىقەتەن ناماز تەسكىنلىكتۇر، دۇئادۇر ۋە يىلىنىشتۇر. سەن ئىككى قولۇڭنى قويۇپ تۇرۇپ، ئى اللە، ئى اللە دەيسەن. كىم ئاشۇنداق قىلمىسا ناماز كەمتۈك بولىدۇ» (تىرمىزى رىۋايەت قىلغان).

بۇ، نامازدا ھۇزۇرى قەلب بولۇشىنىڭ مۇھىملىقىنى ئەسكەرتىدۇ. ئەمما، ئىنسان ئەقلىنىڭ جايىدا بولۇشىغا اللە تائالانىڭ مۇنۇ ئايىتى يېتەرلىكتۇر: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ لاَ تَقْرَبُواْ الصَّلاَةَ وَأَنتُمْ سُكَارَى حَتَّىَ تَعْلَمُواْ مَا تَقُولُونَ﴾ ﴿ئى مۇئمىنلەر! سىلەر مەست بولساڭلار (بۇ ھاراق ھارام قىلىنىشتىن ئىلگىرىكى ھۆكۈم ئىدى) نېمە دەۋاتقىنىڭلارنى بىلگىنىڭلارغىچە، نامازغا يېقىنلاشماڭلار﴾[2]. اللە تائالا مۇشۇ سەۋەب ئارقىلىق نامازدا ئىنسان ئەقلىنىڭ جايىدا بولۇشىنىڭ پەرزلىكىگە ئاگاھلاندۇرۇش بەردى. ناماز ئوقۇيدىغان نۇرغۇن كىشىلەر ھاراق ئىچمىسىمۇ نامازدا نېمە دەۋاتقانلىقىنى بىلمەيدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ قەلبلىرىنى نادانلىق، غەپلەت، دۇنيانى دوست تۇتۇش ۋە ھاۋايى - ھەۋەسكە بېرىلىش ئامىللىرى چىرمىۋالغان.

ئىبنى ئابباس (اللە ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) مۇنداق دېگەن: «تەپەككۇر ئىچىدە مۆتىدىل ئوقۇلغان ئىككى رەكئەت ناماز، غەپلەتتە تۇرۇپ بىر كېچە ئوقۇلغان نامازدىن ئەۋزەلدۇر».

مانا بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەشنا بولىدىغان، تەلپۈنىدىغان ۋە بىلالغا: «بىزنى ئۇنىڭ بىلەن راھەتلەندۈرگىن» دەيدىغان ۋە ئۇنىڭ كۆزقارىچۇقى بولغان نامازدۇر. مانا بۇ ئۈلپەتلىشىش ۋە دوستلىشىش نامىزىدۇر. كۆپىنچە مۇسۇلمانلار توخۇ دان چوقۇغاندەك

[1] سۇرە تاھا، 14 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] سۇرە نىسا، 43 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئوقۇيدىغان ناماز ئەمەس. «بىزنى ئۇنىڭ بىلەن راھەتلەندۈرگىن» دەيدىغان ئادەمنىڭ نامىزى بىلەن «بىزنى ئۇنىڭدىن خاتىرجەم قىلغىن» دەيدىغان ئادەمنىڭ نامىزى ئوتتۇرىسىدىكى پەرق نېمىدېگەن زور ـ ھە؟!

## نامازنىڭ بىر كۈندە بىر قانچە قېتىم ئوقۇلىشىنىڭ سىرى

اللّٰه تائالا نامازنى مۆئمىنلەرگە ۋاقتى بەلگىلەنگەن پەرز قىلدى، مۆئمىنلەرنى ئەتىگەن ـ ئاخشامدا ۋە چۈشتە ناماز ئوقۇشقا بۇيرىدى. ناماز مۆئمىن ئۈچۈن روھىي «ھامما» بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇ ئارقىلىق قەلبىنىڭ غەپلەتلىرىدىن ۋە گۇناھ ـ مەسىيەتنىڭ كىرلىرىدىن پاكلىنىشى ئۈچۈن اللّٰه تائالا نامازنى كۈندە بەش ۋاقىت قايتىلاپ ئوقۇلىدىغان قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىسىدە مۇنداق بىر مىسال كەلتۈرگەن: «ماڭا ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ، سىلەرنىڭ بىرىڭلارنىڭ ئىشىكى ئالدىدا بىر دەريا بولۇپ، ئۇ ئۇنىڭدا كۈنىگە بەش قېتىم يۇيۇنسا، ئۇنىڭ بەدىنىدە كىر قالامدۇ؟» ساھابىلەر: «ياق» دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بەش ۋاقىت نامازمۇ شۇنىڭغا ئوخشاشتۇر. اللّٰه تائالا ئۇنىڭ بىلەن خاتالىقلارنى يۇيىدۇ» دېگەن[1]. قانداق ئىنسان بىر كۈننى بولسىمۇ خاتالىق ۋە سەۋەنلىكسىز ئۆتكۈزەلەيدۇ؟

ئىنسان ئاجايىپ يارىتىلغان. ئۇنىڭ روھىيەت نۇقتىسىدىن پەرىشتىلىك، شەھۋەت نۇقتىسىدىن ھايۋانىيلىق، يىرتقۇچلۇق نۇقتىسىدىن باتۇرلۇق سۈپەتلىرى بار. كۆپىنچە شەھۋىتى ئۇنىڭغا غالىب كېلىدۇ، غەزەپلىنىش ئۇنى تېرىكتۈرىدۇ. ئەسلى ماددىسى بولغان تۇپراق ئۇنى ئۆزىگە تارتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن خاتالىق سادىر قىلىدۇ ۋە خاتالىقلارغا چۆكۈپ كېتىدۇ. ئىنساننىڭ خاتالىق سادىر قىلىشى ئەيىب ئەمەس. چۈنكى، ھەرقانداق ئىنسان خاتالىق سادىر قىلىدۇ. ئەمما، ئۇنىڭ ھەمىشە خاتالىق سادىر قىلىشى ۋە خاتالىققا چۆكۈپ كېتىشى، ھەتتا چاھارپايلاردەك، بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ ئۆتە گۇمراھ بولۇپ كېتىشى ئەيىبتۇر.

خاتالىق سادىر قىلغۇچىنىڭ ئەقلىنى تېپىۋېلىشى، ئۇيقۇسىدىن ئويغۇنۇشى، پەرۋەردىگارى تەرەپكە قايتىشى، شەھۋەت ۋە ھەسەتخورلۇق يالقۇنجاتقان ئوتنى ئۆچۈرۈپ، اللّٰهنى ۋە ئاخىرەتنى ئۇنتۇشقا سەۋەب بولغان ئامىلنى يوق قىلىشى ئۈچۈن بەش ۋاقىت نامازدا پۇرسەت بار.

---

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ھەربىر ناماز ۋاقتىدا اللەنىڭ: ئى ئادەم باللىرى، ئۆزۈڭلار ياققان ئوتنى ئۆچۈرۈشكە ئاتلىنىڭلار! دەيدىغان پەرىشتىلىرى بار» (تەبەرانى رىۋايەت قىلغان).

ئۇ شۇنداق بىر ئوتكى، ئەلىمى يۈرەكلەرگە يېتىپ بارىدۇ، قەلبلەرنى كۆيدۈرىدۇ. ناماز بولسا، ئۇنى ئۆچۈرىدىغان، ئىس - تۈتەكلىرىنى سۈمۈرىدىغان، كۆل - داغلىرىنى يۇيۇپ سۈپۈرىدىغان ماشىنىدۇر. بۇ نۇقتىنى ئىبنى مەسئۇد (اللە ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) ئىزاھلاپ مۇنداق دېگەن: «كۆيۈسىلەر، كۆيۈسىلەر، ئاندىن بامدات نامىزىنى ئوقۇساڭلار، ناماز ئۇنى يۇيىدۇ، ئاندىن يەنە كۆيۈسىلەر، كۆيۈسىلەر، ئاندىن پېشىننى ئوقۇساڭلار، ناماز ئۇنى يۇيىدۇ، ئاندىن يەنە كۆيۈسىلەر، كۆيۈسىلەر، ئاندىن دىگەرنى ئوقۇساڭلار، ناماز ئۇنى يۇيىدۇ، ئاندىن يەنە كۆيۈسىلەر، كۆيۈسىلەر، ئاندىن شامنى ئوقۇساڭلار، ناماز ئۇنى يۇيىدۇ، ئاندىن يەنە كۆيۈسىلەر، كۆيۈسىلەر، ئاندىن خۇپتەننى ئوقۇساڭلار ناماز ئۇنى يۇيىدۇ، ئاندىن كېيىن ئۇخلايسىلەر، ئويغانغا قەدەر سىلەرگە ھېچ گۇناھ يېزىلمايدۇ»[①].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازنىڭ ئىنسان ئەتىگەن-ئاخشامدا قىلىپ سالىدىغان خاتالىقلارنى يۇيۇشتىكى تەسىرىنى ئىنتايىن روشەن مىسال بىلەن تەسۋىرلەپ بېرىدۇ. سەلمان (اللە ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن)دىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن بىر تۈپ دەرەخ تۈۋىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە ئىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەرەختىن قۇرۇق قالغان بىر شاخنى ئېلىپ سىلكىۋىدى، يوپۇرماقلىرى تۆكۈلۈپ كەتتى. ئاندىن: «ئى سەلمان، مەندىن نېمىشقا مۇنداق قىلغانلىقىمنى سورىمامسەن؟» دېدى. مەن: «نېمىشقا مۇنداق قىلدىڭ؟» دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھەرقانداق بىر مۇسۇلمان تاھارەتنى كامىل ئېلىپ، بەش ۋاقىت نامازنى تولۇق ئوقۇسا، خۇددى بۇ يوپۇرماقلار تۆكۈلگەندەك، ئۇنىڭ گۇناھلىرى تۆكۈلىدۇ» دېدى. ئاندىن مۇنۇ ئايەتنى ئوقۇدى: ﴿وَأَقِمِ الصَّلاَةَ طَرَفَيِ النَّهَارِ وَزُلَفًا مِّنَ اللَّيْلِ إِنَّ الْحَسَنَاتِ يُذْهِبْنَ السَّيِّئَاتِ ذَلِكَ ذِكْرَى لِلذَّاكِرِينَ﴾ ﴿كۈندۈزنىڭ ئىككى تەرىپىدە (يەنى ئەتىگەندە ۋە كەچقۇرۇن ۋاقىتلىرىدا) ۋە كېچىنىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلىرىدا ناماز ئۆتىگىن (بۇ يەردە پەرز نامازلاردىن بامدات، ئەسىر، شام ۋە خۇپتەن نامازلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ). شۈبھىسىزكى، ياخشى ئىشلار ئارقىلىق يامان ئىشلار يۇيۇلىدۇ. بۇ چۈشەنگۈچىلەر ئۈچۈن ۋەز - نەسىھەتتۇر﴾[②].

دەرۋەقە، نامازنىڭ تەسىرى پەقەت ئىنساننىڭ خاتالىقلىرىنى، گۇناھلىرىنى يۇيۇش، يامانلىقلىرىنى ئۆچۈرۈشلا ئەمەس، بەلكى مۇھىم ۋە ئەجابى بولغان يەنە بىر ۋەزىپىنى ئۆتەيدۇ.

---

[①] تەبەرانى رىۋايەت قىلغان.

[②] سۈرە ھۇد، 114 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى؛ ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان.

ئۇ بولسىمۇ، ئىنسان ھەر كۈنى پەرۋەردىگارىنىڭ ئالدىدا بەش قېتىم ھوزۇرى قەلب بىلەن قول باغلاپ تۇرۇپ، ئۆزىنى ئەسلى يارىتىلىش ماددىسى بولغان قارا تۇپراق ئالىمىدىن، پىتنە ـ پاسات ۋە ھەسەتخورلۇق پەسكەشلىكلىرىدىن، ھايات قىلىش ياكى يوقىلىش كۈرەشلىرىدىن تارتىپ چىققان، تىرىكچىلىك غەلىيانلىرىنى، قەلبى ۋە روھىغا ئېغىر كېلىۋاتقان ھەر تۈرلۈك ماددىي بېسىملارنى يېنىكلەتكەن ھالدا بەرىكەتلىك ۋە مۇبارەك ۋاقىتلارنى ئۆتكۈزىدۇ.

نامــاز ئىنســان ۋۇجۇدىــدىكى ئەنە شــۇ ئىلاھــىي قىســمىنى ئوزۇقلاندۇرىــدۇ. اللّٰه تائــالا بۇنىڭغــا مۇنــۇ ســۆزى بىــلەن ئىشــارەت قىلغــان: ﴿وَنَفَخْتُ فِيهِ مِن رُّوحِي﴾ ﴿ئۇنىڭغــا (يەنــى ئىنسانغا) جان كىرگۈزدۈم﴾[1]. ئىنساندىكى ئــۇ روھــي ۋۇجۇدنىــڭ تەشــنالىقىنى ئىلىــم، ئەدەبىيات ۋە پەلسەپەلەر قاندۇرالمايدۇ. ئــۇنى پەقەت ئىنســاننىڭ اللّٰهنى بىلىشــى ۋە ئۇنىــڭ بىلەن بولغان رىشتىنى ياخشــى قىلىشــى ئوزۇقلاندۇرىــدۇ. خــۇددى ئاشــقازانغا يېمەكلىــك غىــزا بولغىنىــدەك، بەش ۋاقىــت ناماز ئىنسان روھى ئۈچۈن كۈندىلىك غىــزادۇر. بەندە نامــازدا پەرۋەردىگارىغا مۇناجات قىلغانــدا، ئۇنىــڭ قەلبىنــى نۇرلاندۇرىــدىغان، دىلىنــى يورۇتىــدىغان روھــي ئېنېرگىيە ھاسىل بولىدۇ. ناماز ئىنساننى زېمىندىن ئاســمانغا ئېلىــپ چىقىــدۇ، اللّٰه تائالانىڭ ھوزۇرىغا ھېچقانــداق بىــر دەرۋازىســىز ئەكىرىــدۇ، ئۇنىــڭ ھوزۇرىــدا پەردىســىز تۇرغۇزىــدۇ، ئۇنىــڭ بىــلەن تەرجىمانســىز سۆزلەشــتۈرىدۇ. ئىنســان نامــازدا اللّٰهقــا مۇناجــات قىلىــدۇ، ھەممىــگە غالىــب زاتــتىن يــاردەم تىلەيــدۇ، ھەممىــدىن بىھــاجەت زاتــتىن ھاجەتلىرىنى سورايدۇ. ئىنسان روھــى سۈزۈكلىشــىپ، قەلبــى ساپلىشــىدۇ، اللّٰهنىــڭ مۇنــۇ ســۆزلىرىنى ئاڭلايــدۇ: «مەن نامــازنى (ســۈرە فــاتىھەنى) بەنــدەم بىــلەن ئــۆزۈم ئوتتۇرىســىدا ئىككىگە بۆلدۈم. بەندەمگە سورىغىنىنى بېرىمەن. بەندە: ﴿الْحَمْدُ لِلَّهِ رَبِّ الْعَالَمِينَ﴾ ﴿جىمــى ھەمدۇســانا ئالەملەرنىــڭ پەرۋەردىگــارى اللّٰهقــا خاســتۇر﴾ دېســە، اللّٰه: ‹بەنــدەم ماڭــا ھەمــدۇ ئېيتتى› دەيدۇ. بەندە: ﴿الرَّحْمَنِ الرَّحِيمِ﴾ ﴿اللّٰه ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبانــدۇر﴾ دېســە، اللّٰه: ‹بەندەم مېنى مەدھىيىلىدى› دەيدۇ. بەنــدە: ﴿مَالِكِ يَوْمِ الدِّينِ﴾ ﴿قىيــامەت كۈنىنىــڭ ئىگىسىدۇر﴾ دېسە، اللّٰه: ‹بەندەم مېنى ئۇلۇغلىــدى› دەيــدۇ. بەنــدە: ﴿إِيَّاكَ نَعْبُدُ وَإِيَّاكَ نَسْتَعِينُ﴾ ﴿(رەببىمىــز) ســاڭىلا ئىبــادەت قىلىمىــز ۋە ســەندىنلا يــاردەم تىلەيمىــز﴾ دېســە، اللّٰه: ‹بۇ، بەندەم بىلەن مېنىڭ ئارامدىكى نەرسە، بەنــدەمگە تىلىــگەن نەرســىسى بېرىلىــدۇ› دەيــدۇ. بەنــــدە: ﴿اهْدِنَا الصِّرَاطَ الْمُسْتَقِيمَ صِرَاطَ الَّذِينَ أَنْعَمْتَ عَلَيْهِمْ غَيْرِ الْمَغْضُوبِ عَلَيْهِمْ وَلَا الضَّالِّينَ﴾ ﴿بىزنى توغرا يولغا باشلىغىن، غەزىپىڭگە يولۇققانلارنىڭ ۋە ئازغانلارنىڭ يولىغــا ئەمەس،

---

[1] سۈرە ھىجر، 29 ـ ئايەت.

سەن ئىنئام قىلغانلارنىڭ يولىغا (باشلىغىن)﴾ دېسە، اللّٰه: ‹بۇ بەندەم ئۈچۈن بولىدۇ ۋە بەندەمگە تىلىگەن نەرسىسى بېرىلىدۇ› دەيدۇ»[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازدا بەندە بىلەن پەرۋەردىگارى ئوتتۇرىسىدا كۈچلۈك رىشتە قۇرۇلىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دېگەن: «ھەقىقەتەن بىر ئادەم نامازغا كىرسە، اللّٰه ئۇنىڭغا يۈزلىنىپ كېلىدۇ. ئۇ ئادەم ئۆزى قايتمىغۇچە ياكى بىرەر يامانلىق قىلمىغۇچە اللّٰه قايتىپ كەتمەيدۇ»[2].

## ناماز پاكىزلىق ۋە گۈزەللىكتىن ئىبارەت

بىلىش كېرەككى، ئىسلامدا ناماز پەقەت روھىي ئىبادەتلا ئەمەس، بەلكى ئۇ پاكىزلىق، پاكلىق، زىننەتلىنىش ۋە گۈزەللىكتىن ئىبارەت. اللّٰه تائالا ئۇنىڭ ئۈچۈن كىيىم، بەدەن، ناماز ئوقۇلىدىغان ئورۇننىڭ ھەرقانداق بىر نىجاسەتتىن پاك بولۇشىنى شەرت قىلدى. ئۇنىڭغا غۇسلى قىلىش ۋە تاھارەت ئېلىش بىلەن پاكلىنىشنى پەرز قىلدى. چۈنكى، جەننەتنىڭ ئاچقۇچى ناماز، نامازنىڭ ئاچقۇچى بولسا تاھارەتتۇر. اللّٰه تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ إِذَا قُمْتُمْ إِلَى الصَّلاةِ فاغْسِلُواْ وُجُوهَكُمْ وَأَيْدِيَكُمْ إِلَى الْمَرَافِقِ وَامْسَحُواْ بِرُؤُوسِكُمْ وَأَرْجُلَكُمْ إِلَى الْكَعْبَينِ وَإِن كُنتُمْ جُنُبًا فَاطَّهَّرُواْ﴾ ﴿ئى مۇئمىنلەر! (سىلەر تاھارەتسىز بولۇپ) ناماز (ئوقۇماقچى بولۇپ) تۇرغىنىڭلاردا، يۈزۈڭلارنى يۇيۇڭلار، قولۇڭلارنى جەينىكىڭلار بىلەن قوشۇپ يۇيۇڭلار، بېشىڭلارغا مەسھى قىلىڭلار، پۇتۇڭلارنى ئوشۇقۇڭلار بىلەن قوشۇپ يۇيۇڭلار، ئەگەر جۇنۇب بولساڭلار پاكلىنىڭلار (يەنى غۇسلى قىلىڭلار)﴾[3].

ئىسلام پاكىزلىقنى ئىماننىڭ جۈملىسىدىن قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتىگە مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «پاكىز بولۇڭلار، چۈنكى ئىسلام پاكىزدۇر»[4]؛ «ھەقىقەتەن اللّٰه پاكتۇر، پاكلىقنى دوست تۇتىدۇ، (اللّٰه) پاكىزدۇر، پاكىزلىقنى دوست تۇتىدۇ»[5]. اللّٰه تائالا قۇبا مەسجىدىنىڭ ئەھلىنى ئۇلار پاكىزلىقتا ۋە پاكلىقتا ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقلىرى ئۈچۈن مەدھىيىلىدى. ئۇ مۇنداق

---

[1] ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

[2] ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان.

[3] سۈرە مائىدە، 6 ـ ئايەت.

[4] ئىبنى ھىببان زەئىپ ھەدىسلەر قاتارىدا رىۋايەت قىلغان.

[5] تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.

دېگەن: ﴿لَّمَسْجِدٌ أُسِّسَ عَلَى التَّقْوَى مِنْ أَوَّلِ يَوْمٍ أَحَقُّ أَن تَقُومَ فِيهِ فِيهِ رِجَالٌ يُحِبُّونَ أَن يَتَطَهَّرُواْ وَاللّهُ يُحِبُّ الْمُطَّهِّرِينَ﴾ ﴿بىرىنچى كۈندىن تارتىپلا تەقۋالىق ئاساسىغا قۇرۇلغان مەسجىد ھەقىقەتەن سېنىڭ ناماز ئوقۇشۇڭغا ئەڭ لايىقتۇر، ئۇنىڭدا (گۇناھلاردىن) پاك بولۇشنى سۆيىدىغان كىشىلەر بار، الله (ئىچكى ۋە تاشقى جەھەتتىن) پاك بولغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ﴾[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلىنى ھەر ناماز ئۈچۈن چىرايلىق ۋە پاكىز كىيىنىپ، مەسجىدكە خۇشبۇي ھىد بىلەن بېرىشقا، قېرىنداشلىرىغا ئەزىيەت بولىدىغان ھەرقانداق بەدبۇي پۇراقتىن يىراق بولۇشقا، مەينەت كىيىملەرنى كىيمەسلىككە بۇيرىدى. مۇسۇلمانلىنىڭ ھەر نامازدا مىسۋاك ئىشلىتىشىنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مىسۋاك ئېغىزنى پاكلايدۇ، اللهنى رازى قىلىدۇ»[2].

مۇسۇلمانلىنىڭ جۈمە كۈنىدە يۇيۇنۇشى، خۇشپۇراق ئىشلىتىشى ۋە ئەڭ چىرايلىق كىيىمىنى كىيىشى سۈننەت بولۇپ، جۈمە نامىزىغا ئىش كىيىمى بىلەن بارماسلىقى ئەۋزەلدۇر.

بۇرۇنقى مۇسۇلمانلار مۇشۇنداق قىلاتتى. ھەسەن (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) نامازغا تۇرغاندا ئەڭ چىرايلىق كىيىمىنى كىيەتتى. ئۇ بۇنىڭ سەۋەبىدىن سورالغاندا مۇنداق دېگەن: «الله گۈزەلدۇر، گۈزەللىكنى ياخشى كۆرىدۇ. شۇڭلاشقا، مەن پەرۋەردىگارىم ئۈچۈن ياسىنىشنى ياخشى كۆرىمەن. الله تائالا ‹قۇرئان كەرىم›دە مۇنداق دېگەن: ﴿يَا بَنِي آدَمَ خُذُواْ زِينَتَكُمْ عِندَ كُلِّ مَسْجِدٍ﴾ ﴿ئى ئادەم باللىرى! ھەر ناماز ۋاقتىدا (ياكى تاۋاپ ۋاقتىدا ئەۋرىتىڭلارنى سەترى قىلىپ تۇرىدىغان) كىيىمىڭلارنى كىيىڭلار﴾[3]».

ھالبۇكى، ئوتتۇرا ئەسىرلەردە ياۋروپادىكى پوپلار ۋە راھىبلار تەركىدۇنيالىق ۋە مەينەتچىلىكنى اللهقا يېقىنلىشىشنىڭ ۋاسىتىلىرى، پاكىزلىق ۋە چىرايلىق كىيىنىشنى شەيتاننىڭ ئىشى دەپ قارىغانىدى. ھەتتا بىر راھىب يەنە بىر راھىبنى مەدھىيىلەپ: «ئۇ ئۆمۈر بويى ئىككى پۇتىنى يۇيۇش جىنايىتىنى سادىر قىلماي ياشىدى» دېگەنىدى.

---

[1] سۇرە تەۋبە، 108 ـ ئايەت.

[2] ئىمام ئەھمەد، شافىئىي، نەسائى، ئىبنى ھىببان، ھاكىم، بەيھەقى ۋە ئىبنى ماجە قاتارلىقلار رىۋايەت قىلغان.

[3] سۇرە ئەئراف، 31 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

## ناماز بەدەن چېنىقتۇرىدۇ

ناماز كىشىدە تەنتەربىيە روھىنى يېتىلدۈرىدۇ. ئۇنىڭ بەدەن مۇسكۇللىرىنى كۈچلەندۈرىدۇ. چۈنكى، ناماز ئىنساندىن بالدۇر ئورۇنىدىن تۇرۇشنى، كۈن چىقىشتىن بۇرۇن شۇ كۈننى جۇشقۇن روھ بىلەن كۈتۈۋېلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ناماز پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامدىن مىراس قالغان شەكلىنى ساقلاپ قېلىش بىلەن بىرگە خۇددى هازىرقى زامان تەنتەربىيىچىلىرى بەدەنلىرىنى كۈچلەندۈرۈش ۋە چېنىقتۇرۇش ئۈچۈن ئېلىپ بارىدىغان تېخنىكىلىق چېنىقىش مەشىقلىرىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام نامازدا مۆتىدىل قىياپەتتە تۇراتتى، بېشىنى ساڭگىلىتىۋالمايتتى، جانسىزدەك تۇرمايتتى. ئۆمەر (اللە ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) بىر ئادەمنىڭ نامازدا بېشىنى ساڭگىلىتىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ مۇنداق دېگەن: «دىنىمىزنى ئۆلتۈرمىگىن». يەنە بىرەيلەننىڭ هۇزۇرى قەلبىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن بوينىنى ئېگىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ: «بېشىڭنى كۆتۈرگىن، هەقىقەتەن هۇزۇرى قەلب قەلبتە بولىدۇ، بويۇندا ئەمەس» دېگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام رۇكۇ قىلغاندا بېلى تۈز، ئىككى پۇتى رۇس تۇراتتى. سەجدە قىلغاندا ئىككى بىلىكىنى ئىككى يوتىسىدىن يىراق تۇتاتتى. سەجدىگە بارغاندا ياكى سەجدىدىن تۇرغاندا ئىككى قولىغا تايىنىۋالمايتتى.

ناماز مانا مۇشۇنداق هەرىكەت ۋە ئەمەلدىن ئىبارەت بولۇپ، ئىنساننىڭ هەممە ئەزالىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بەدەن نامازدا ئۆرە تۇرۇش، ئولتۇرۇش، رۇكۇ - سەجدە قىلىش ئەمەللىرىنى قىلىدۇ. تىل بولسا قىرائەت قىلىش، تەكبىر ئېيتىش، تەسبىھ ئېيتىش ئەمەللىرىنى قىلىدۇ. ئەقىل ئۆزى ئوقۇۋاتقان ياكى ئاڭلاۋاتقان ئايەتلەرنى ئويلىنىش، تەپەككۇر قىلىش ئەمەللىرىنى قىلىدۇ. قەلب اللەنىڭ كۆزەتكۈچى ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭدىن قورقۇش، ئۇنى ياخشى كۆرۈش ۋە ئۇنىڭغا ئىشتىياق باغلاش قاتارلىقلارنى زېهنىگە كەلتۈرۈش ئەمەللىرىنى قىلىدۇ.

## ناماز ئىنسانغا روهي كۈچ - قۇۋۋەت ئاتا قىلىدۇ

ئىسلام ئىرادە قىلغان هەقىقىي رەۋىشتىكى ناماز مۇئمىنگە هاياتنىڭ جەۋرى - جاپالىرىغا ۋە دۇنيانىڭ مۈشكۈلاتلىرىغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن روهىي كۈچ - قۇۋۋەت ۋە

روهىي مەدەت ئاتا قىلىدۇ. ﷲ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ اسْتَعِينُواْ بِالصَّبْرِ وَالصَّلاَةِ إِنَّ اللّهَ مَعَ الصَّابِرِينَ﴾ ﴿ئى مۇئمىنلەر! سەۋر ئارقىلىق ۋە ناماز ئارقىلىق ياردەم تىلەڭلار. ﷲ ھەقىقەتەن سەۋر قىلغۇچىلار بىلەن بىللىدۇر﴾[1]؛ ﴿وَاسْتَعِينُواْ بِالصَّبْرِ وَالصَّلاَةِ وَإِنَّهَا لَكَبِيرَةٌ إِلاَّ عَلَى الْخَاشِعِينَ الَّذِينَ يَظُنُّونَ أَنَّهُم مُّلاَقُوا رَبِّهِمْ وَأَنَّهُمْ إِلَيْهِ رَاجِعُونَ﴾ ﴿سەۋر قىلىش، ناماز ئوقۇش ئارقىلىق (ﷲتىن) ياردەم تىلەڭلار. ناماز ﷲتىن قورققۇچىلار (يەنى كەمتەرلىك بىلەن ﷲقا بويسۇنغۇچىلار)دىن باشقىلارغا ھەقىقەتەن مۇشەققەتلىك ئىشتۇر. ﷲتىن قورققۇچىلار پەرۋەردىگارىغا چوقۇم مۇلاقات بولىدىغانلىقىغا ۋە ﷲنىڭ دەرگاھىغا چوقۇم قايتىپ بارىدىغانلىقىغا جەزمەن ئىشىنىدۇ﴾[2].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى بىرەر ئىش بىئارام قىلسا، نامازغا تۇراتتى (ئەھمەد ۋە ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان).

مۇئمىن نامازدا ئۆزىنى پەرۋەردىگارىغا تاپشۇرىدۇ، قايغۇ ـ ھەسرىتىنى ﷲقا ئېيتىدۇ، رەھمەت ئىشىكىنىڭ ئېچىلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ، ئۇنىڭدىن ياردەم تىلەيدۇ. ﷲ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿وَهُوَ الَّذِي يُنَزِّلُ الْغَيْثَ مِن بَعْدِ مَا قَنَطُوا وَيَنشُرُ رَحْمَتَهُ وَهُوَ الْوَلِيُّ الْحَمِيدُ﴾ ﴿ئۇلار (يامغۇرنىڭ يېغىشىدىن ئۈمىدسىزلەنگەندىن كېيىن) ﷲ يامغۇر ياغدۇرۇپ بېرىدۇ، رەھمىتىنى يايىدۇ، ﷲ (ھەممىنىڭ) ئىگىسىدۇر، مەدھىيىگە لايىقتۇر﴾[3].

مۇئمىن نامازدا خاتىرجەملىك، رازىلىق ۋە تەسكىنلىك تۇيغۇلىرىدا بولىدۇ. ئۇ نامازنى تەكبىر ئېيتىش بىلەن باشلايدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئۇ ﷲنىڭ دۇنيادا ئۆزىنى بىئارام قىلىۋاتقان بارلىق ئىشلاردىن بۈيۈك ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. ئۇ، سۈرە فاتىھەنى ئوقۇپ: ﴿جىمى ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ﷲ خاستۇر، ﷲ ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىباندۇر﴾ دېگەندە، ﷲنىڭ نېمەتلىرىنى تونۇش، ﴿قىيامەت كۈنىنىڭ ئىگىسىدۇر﴾ دېگەندە، ﷲنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى ۋە ئادالىتىنى بىلىش، ﴿رەببىمىز ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز ۋە سەندىنلا ياردەم تىلەيمىز﴾ دېگەندە، ﷲ بىلەن مۇناسىۋەت قۇرۇشقا ۋە ئۇنىڭ ياردەم قىلىشىغا موھتاج ئىكەنلىكىنى بىلىش، ﴿بىزنى توغرا يولغا باشلىغىن، غەزىپىڭگە يولۇققانلارنىڭ ۋە ئازغانلارنىڭ يولىغا ئەمەس، سەن ئىنئام قىلغانلارنىڭ يولىغا (باشلىغىن)﴾ دېگەندە، ﷲنىڭ ھىدايىتىگە موھتاج ئىكەنلىكىنى بىلىش تۇيغۇلىرىنى ھېس قىلىدۇ.

---

[1] سۈرە بەقەرە، 153 ـ ئايەت.

[2] سۈرە بەقەرە 45 ـ ۋە 46 ـ ئايەتلەر.

[3] سۈرە شۇرا، 28 ـ ئايەت.

دېمەك، ناماز مۇئمىنگە غايەت زور ھاياتىي كۈچ ۋە غايەت زور روھىي قۇۋۋەت ئاتا قىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازدىن ئىلگىرى ئېلىنىدىغان تاھارەت ۋە زىكىرنىڭ روھىي تەسىرىنى، نامازخان مۇئمىنىنىڭ ھەر كۈنى سەھەردە يېڭى بىر كۈننى قانداق ھالەتتە باشلايدىغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: «كىشى ئۇخلىغان چېغىدا شەيتان ئۇنىڭ گەجگىسىگە ئۈچ تۈگۈن چىگىدۇ. ھەر تۈگۈننى چەگكەندە: «ئۇخلاۋەرگىن، كېچە ئۇزۇن» دەيدۇ. ئۇ ئويغىنىپ اللە تائالاغا زىكىر ئېيتسا، بىر تۈگۈن يېشىلىدۇ. تاھارەت ئالسا يەنە بىر تۈگۈن يېشىلىدۇ. ناماز ئوقۇسا يەنە بىر تۈگۈن يېشىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ تېتىك، روھلۇق بولۇپ قالىدۇ. ئۇنداق قىلمىسا ئېزىلەڭگۈ، ھورۇن بولۇپ قالىدۇ»[1].

زامانىمىزدا ئالەم ۋە جەمئىيەتشۇناسلىق كەسپىدە يېتىشكەن ئالىملاردىن داڭلىق مېدىتسىنا ئالىمى دوكتور ئەلكسىس كارېل بىر تەتقىقات ماقالىسىدا اللەقا ئېتىقاد قىلغۇچىنىڭ نامازدىن ئالىدىغان كۈچ ـ قۇۋۋىتى توغرىسىدا توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

«ناماز بۈگۈنگە قەدەر كىشىنى روھلاندۇرىدىغان ئەڭ زور ئېنېرگىيە بىلەن تەمىنلەپ كەلمەكتە. مەن ئۆزۈم بىر دوختۇر بولۇش سۈپىتىم بىلەن دورا ئارقىلىق ساقىيالمىغان نۇرغۇن بىمارلار دوختۇرلاردىن ئۈمىدلىرىنى ئۈزگەندە، ناماز ئۇلارنىڭ كېسەللىرىنى ساقايتىۋەتكەنلىكىنى كۆردۈم. ھەقىقەتەن ناماز نۇرنىڭ مەنبەسى بولغان ‹رادىئوم› مېتالىغا ئوخشايدۇ. كىشىگە كۈتۈلمىگەن روھ ئاتا قىلىدۇ. ئىنسانلار ناماز ئارقىلىق كۈچى مەڭگۈ تۈگىمەيدىغان زاتقا خىتاب قىلغاندا، ئۆزلىرىنىڭ چەكلىك ھاياتىي كۈچلىرىنى ئاشۇرۇشقا تىرىشىدۇ.

بىز نامازدا تۇرغىنىمىزدا، ئۆزىمىزنى ئالەمنى باشقۇرىدىغان بۈيۈك بىر كۈچكە باغلايمىز. ئۇنىڭدىن بىزگە ھاياتنىڭ مۈشكۈلاتلىرىغا ياردەم بېرىدىغان كۈچ ئاتا قىلىشىنى تەزەررۇ بىلەن تىلەيمىز. ئەنە شۇنداق يېلىنىش بىزنىڭ كۈچىمىز ۋە پائالىيىتىمىزنى ئاشۇرۇشقا يېتەرلىكتۇر. ھەرقانداق بىر ئادەم اللەقا يېلىنىدىكەن، ئۇنىڭ پايدىسىنى كۆرمەي قالمايدۇ».

ئومۇمىي بىر نامازدا كۆرۈلگەن ئەھۋال بۇ تۇرسا، ئۇنداقتا ئىسلامدىكى نامازدىن قانداق نەتىجىلەر قولغا كېلەر؟

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

## ناماز ئەخلاقىي كۈچتۇر

مۆئمىن ناماز ئارقىلىق روھىي مەدەت ئېلىپ، قەلبىنى تەسكىن تاپقۇزىدۇ. ياخشىلىق قىلىش، يامانلىقنى تەرك ئېتىش، قەبىھ ۋە يامان ئىشلاردىن قول ئۈزۈش ئېڭىنى يېتىلدۈرىدۇ، بىرەر كۆڭۈلسىزلىك يەتكەندە زارلانماسلىق، بىرەر ياخشىلىق يەتكەندە بېخىللىق قىلماسلىق كۈچىنى ئاشۇرىدۇ. ناماز مۆئمىن قەلبىدە ﷲ تائالانىڭ ھەممىنى كۆزىتىپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلىش، ئۇنىڭ بەلگىلىمىلىرىگە رىئايە قىلىش، ۋاقىتقا رىئايە قىلىش، ۋەدىگە ۋاپا قىلىش، ھورۇنلۇق قىلماسلىق، ھاۋايى ـ ھەۋەسكە بېرىلمەسلىك ۋە روھىي ئاجىزلىقلارنى يېڭىش تۇيغۇلىرىنى جانلاندۇرىدۇ. ﷲ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿إِنَّ الْإِنسَانَ خُلِقَ هَلُوعًا إِذَا مَسَّهُ الشَّرُّ جَزُوعًا وَإِذَا مَسَّهُ الْخَيْرُ مَنُوعًا إِلَّا الْمُصَلِّينَ الَّذِينَ هُمْ عَلَى صَلَاتِهِمْ دَائِمُونَ﴾ ﴿ئىنسان ھەقىقەتەن چىدامسىز يارىتىلدى. ئۇنىڭغا (يوقسۇزلۇق، ياكى كېسەللىك، يا قورقۇنچتەك) بىرەر كۆڭۈلسىزلىك يەتكەن چاغدا زارلانغۇچىدۇر. بىرەر ياخشىلىق يەتكەن چاغدا بېخىللىق قىلغۇچىدۇر. پەقەت (تۆۋەندىكىلەر بۇنىڭدىن) مۇستەسنا: ئۇلار نامازغا ھەمىشە رىئايە قىلغۇچىلاردۇر﴾[1]؛ ﴿وَأَقِمِ الصَّلَاةَ إِنَّ الصَّلَاةَ تَنْهَى عَنِ الْفَحْشَاءِ وَالْمُنكَرِ﴾ ﴿نامازنى (تەئدىل ئەركان بىلەن) ئوقۇغىن، ناماز ھەقىقەتەن قەبىھ ئىشلاردىن ۋە گۇناھلاردىن توسىدۇ﴾[2].

بىز ناماز ئوقۇپ تۇرۇپمۇ ئەخلاقى بۇزۇلغان، يولدىن چىقىپ كەتكەنلەرنى كۆرىمىز. ئۇلارنىڭ نامىزى روھى ئۆلگەن، ئەقلى چېچىلغان، ھۇزۇرى قەلب بولمىغان، پەقەت جىسمانىي ھەرىكەتلەردىنلا ئىبارەت نامازدۇر. ئەمەلىيەتتە، نىجاتلىق پەقەت مۇنداق مۆئمىنلەرگىلا خاستۇر: ﴿الَّذِينَ هُمْ فِي صَلَاتِهِمْ خَاشِعُونَ﴾ ﴿(شۇنداق مۆئمىنلەركى) ئۇلار نامازلىرىدا (ﷲنىڭ ئۇلۇغلۇقىدىن سۈر بېسىپ كەتكەنلىكتىن) ئەيمىنىپ تۇرغۇچىلاردۇر﴾[3].

ئەمما، قارىماققا نامازخان بولۇۋالغان، لېكىن دىللىرى قىلچىلىك يۇمشىمىغان ياكى ياخشىلىق قىلىشقا ئىنتىلمەيدىغان كىشىلەر ﷲ تائالانىڭ مۇنۇ ئاگاھلاندۇرۇشىغا نېمىدېگەن لايىق ـ ھە! ئۇ مۇنداق دېگەن: ﴿فَوَيْلٌ لِّلْمُصَلِّينَ الَّذِينَ هُمْ عَن صَلَاتِهِمْ سَاهُونَ الَّذِينَ

---

[1] سۈرە مائارىج 19 ـ ئايەتتىن 23 ـ ئايەتكىچە.

[2] سۈرە ئەنكەبۇت، 45 ـ ئايەت.

[3] سۈرە مۆئمىنۇن، 2 ـ ئايەت.

هُمْ يُرَاؤُونَ وَيَمْنَعُونَ الْمَاعُونَ﴾ ﴿شۇنداق ناماز ئوقۇغۇچىلارغا ۋايكى، ئۇلار نامازنى غەپلەت بىلەن ئوقۇيدۇ. نامازنى رىيا بىلەن ئوقۇيدۇ. ئۇلار قولقا بەرمەيدۇ﴾[1].

## جامائەت بىلەن ئوقۇلىدىغان ناماز ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى

ئىسلامدىكى ناماز دىن ۋە ئىبادەتلەر تارىخىدا ئالاھىدە ئۆزگىچىلىككە ئىگە، توغرا بولغان ئىجتىمائىي تەربىيە ۋە ئىنسانپەرۋەر ئالىي مەدرىسىدىن ئىبارەتتۇر.

ئىسلام مۇسۇلماننى نامازنى ئۆزى ياشاۋاتقان جەمئىيەتتىن ئايرىلىپ تەنها ھالەتتە ئوقۇشقا تەكلىپ قىلمىدى، بەلكى نامازنى جامائەت بىلەن ئوقۇشقا، بولۇپمۇ مەسجىدتە ئوقۇشقا كۈچلۈك دەۋەت قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جامائەت نامىزىغا قاتناشمايدىغانلارنىڭ ئۆيلىرىنى ئۇلار بىلەن قوشۇپ كۆيدۈرۈۋېتىشنى ئويلىغانىدى[2]. جامائەتكە قاتنىشىش ۋاجىب بولمىغان تەقدىردىمۇ، ئىسلام نەزىرىدە جامائەت نامىزى يالغۇز ئوقۇلغان نامازدىن دەرىجە جەھەتتە 27 ھەسسە ئارتۇقتۇر.

مۇسلىم ئىبنى مەسئۇد (الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن)تىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: قىيامەت كۈنىدە قانداق بىر كىشى الله تائالاغا مۇسۇلمان پېتى مۇلاقات بولۇشتىن خۇشاللىنىدىغان بولسا، ئەزان ئېيتىلغان چاغدا بەش ۋاقىت نامازنى جامائەت بىلەن ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرسۇن، چۈنكى الله تائالا سىلەرنىڭ پەيغەمبىرىڭلارغا ھىدايەتنىڭ يوللىرىنى بېكىتىپ بەردى. بەش ۋاقىت نامازمۇ ھىدايەتنىڭ يوللىرىدىندۇر. ئەگەر نامازنى جامائەتتىن ئايرىلىپ ئۆيدە ئوقۇيدىغان ماۋۇ كىشىگە ئوخشاش سىلەرمۇ نامازنى ئۆيدە ئوقۇساڭلار، چوقۇم پەيغەمبىرىڭلارنىڭ سۈننىتىنى تەرك ئەتكەن بولىسىلەر، ئەگەر پەيغەمبىرىڭلارنىڭ سۈننىتىنى تەرك ئەتسەڭلار، ئەلۋەتتە ئېزىپ كېتىسىلەر. كىمكى تاھارەتنى كامىل ئېلىپ مەسجىدكە كەلسە، الله ئۇنىڭ مەسجىدكە قاراپ باسقان ھەربىر قەدىمى ئۈچۈن بىر ياخشىلىق يېزىپ، مەرتىۋىسىنى بىر دەرىجە يۇقىرى كۆتۈرىدۇ ۋە يامانلىقىنى ئۆچۈرىدۇ. بىزنىڭ دەۋرىمىزدە نامازغا پەقەت مۇناپىقلىقى ئاشكارا بولغانلارنىڭلا كەلمەيدىغانلىقىنى كۆرەتتۇق. ھەتتا كېسەل بولۇپ قالغان كىشىنىمۇ ئىككى كىشى يۆلەپ ئەكىلىپ، سەپتە تۇرغۇزۇپ قوياتتى[3].

---

[1] سۈرە مائۇن، 4 ـ ئايەتتىن 7 ـ ئايەتكىچە.

[2] بۇ ھەقتە بۇخارى بىلەن مۇسلىم ھەدىس رىۋايەت قىلغان.

[3] مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ئىسلام بۇرۇنقى دىنلاردىكىدەك ناماز ۋاقتىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن جاڭ ياكى سوناي چېلىشنى، يا ئوت يېقىشنى بېكىتمىدى. بەلكى، ئۆزگىچە خاس بولغان، شوئار ۋە دۆلەت شېئىرى تۈسىنى ئالغان، مەنىلىرى روشەن، جاراڭلىق ۋە تەسىرلىك ئىبارىلەرنى تاللىدى. ئۇ بولسىمۇ ئەزاندىن ئىبارەت: «اللّٰه بۈيۈكتۇر، اللّٰه بۈيۈكتۇر، اللّٰه بۈيۈكتۇر، اللّٰه بۈيۈكتۇر. اللّٰهتىن باشقا ھېچ ئىلاھنىڭ يوقلۇقىغا گۇۋاھلىق بېرىمەن، اللّٰهتىن باشقا ھېچ ئىلاھنىڭ يوقلۇقىغا گۇۋاھلىق بېرىمەن. ھەقىقەتەن مۇھەممەد (ئەلەيھىسسالام)نىڭ اللّٰهنىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىمەن، ھەقىقەتەن مۇھەممەد (ئەلەيھىسسالام)نىڭ اللّٰهنىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىمەن. نامازغا كېلىڭلار، نامازغا كېلىڭلار. نىجاتلىققا كېلىڭلار، نىجاتلىققا كېلىڭلار. اللّٰه بۈيۈكتۇر، اللّٰه بۈيۈكتۇر. اللّٰهتىن باشقا مەبۇد بەرھەق يوقتۇر».

مۇئەززىنلەرنىڭ مۇشۇنداق ياڭراق ئىلاھىي مارشلىرى مەسجىدلەرنىڭ مۇنارلىرىدىن بىرلا ۋاقىتتا تەڭ ياڭراشقا باشلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن مۆئمىنلەر مۇئەززىنىنىڭ چاقىرىقىنى بەجا كەلتۈرۈپ، كۈندە بەش ۋاقىت ئۆزلىرىنىڭ مەھەللىسىدىكى مەسجىدكە توپلىشىدۇ.

مۆئمىنلەر يەنە جۈمە نامىزىغا كەڭ كۆلەمدە توپلىشىدۇ. ئۇ، ھەپتىلىك پەرز بولۇپ، اللّٰه تائالا ئۇنى جامائەت بىلەن ئوقۇشنى پەرز قىلغان. اللّٰه تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا إِذَا نُودِيَ لِلصَّلَاةِ مِن يَوْمِ الْجُمُعَةِ فَاسْعَوْا إِلَىٰ ذِكْرِ اللَّهِ وَذَرُوا الْبَيْعَ ذَٰلِكُمْ خَيْرٌ لَّكُمْ إِن كُنتُمْ تَعْلَمُونَ﴾ ﴿ئى مۆئمىنلەر! جۈمە كۈنى جۈمە نامىزىغا ئەزان ئېيتىلسا، اللّٰهنى ياد ئېيتىشكە (يەنى جۈمە خۇتبىسىنى ئاڭلاشقا ۋە جۈمە نامىزىنى ئادا قىلىشقا) ئالدىراپ بېرىڭلار، ئېلىم - سېتىمنى قويۇپ تۇرۇڭلار، ئەگەر بىلسەڭلار بۇ سىلەر ئۈچۈن ياخشىدۇر﴾[1].

ئىسلام جۈمە نامىزىغا سەۋەبسىز بارماسلىققا رۇخسەت قىلمىدى. «كىم ئۈچ جۈمەنى سەل قاراپ تەرك ئەتسە، اللّٰه تائالا ئۇنىڭ قەلبىنى پېچەتلىۋېتىدۇ» (بەش ئىمام رىۋايەت قىلغان، تىرمىزى: ھەسەن، - دېگەن)؛ «بىر قەۋم جۈمە نامىزىنى تەرك ئېتىشتىن توختايدۇ ياكى اللّٰه ئۇلارنىڭ قەلبلىرىنى پېچەتلەيدۇ، ئاندىن كېيىن ئۇلار غاپىللاردىن بولىدۇ»[2].

مۇشۇنداق ھەپتىلىك يىغىلىشتا تەلىم - تەربىيە ئېلىپ بارغىلى، ۋەز - نەسىھەت قىلغىلى، اللّٰهقا بولغان بەيئەتنى يېڭىلىغىلى، قېرىنداشلىق مېھرىنى گۈللەندۈرگىلى، مۇسۇلمانلار بىرلىكىنى گەۋدىلەندۈرگىلى ۋە كۈچ - قۇۋۋىتىنى نامايەن قىلغىلى بولىدۇ.

---

[1] سۈرە جۇمۇئە، 9 - ئايەت.

[2] مۇسلىم ۋە ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان.

ئىككى ھېيت نامىزىدا دائىرە تېخىمۇ كېڭىيىدۇ. ئىسلام بۇ نامازنى ئارقىلىق بىر شەھەر ئاھالىسى كەڭ بىر مەيدانغا توپلىنىشىدىغان كاتتا بىر قۇرۇلتاي، چوڭ بىر مۇراسىم بەرپا قىلىشنى ئىرادە قىلغانىدى. ئۇنىڭغا ئەرلەر، ئاياللار، ھەتتاكى ئۆزرىلىك ئاياللارمۇ بارىدۇ.

ئۇممۇ ئەتىييە (اللّٰه ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن)دىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنى روزا ھېيت ۋە قۇربان ھېيت نامىزىغا قىزلارنى، ھەيزدارلارنى ۋە ئۆيدىن تالاغا چىقمايدىغان ئاياللارنى ئېلىپ چىقىشىمىزنى بۇيرىدى. ھەيزدارلار نامازغا قاتناشمايتتى، ياخشىلىق ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ دۇئاسىغا قاتنىشاتتى. مەن: «ئى رەسۇلۇللاھ بىرىمىزنىڭ پۈركەنجىسى بولمىسىچۇ؟» دېسەم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئايال قېرىندىشى ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ پۈركەنجىسىدىن كىيگۈزۈپ قويسۇن» دېدى[1].

## نامازھەربىي مەشق

دەرۋەقە، جامائەت نامىزىدا ئىتائەت قىلىش ۋە ئىنتىزامدىن ئىبارەت ھەربىي مەشىق بار. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدىكى ئەمدىلا يېتىلىۋاتقان ئەرەبلەرگە ئوخشاش بىر ئۈممەتنىڭ ئەمەلىيەتتە بۇيرۇققا ئىتائەت قىلىش، تۈزۈمگە بويسۇنۇش، قانۇنغا باش ئېگىش، رەھبەرلەرنى ھۆرمەتلەشنى ئۆگىنىشكە بولغان ئېھتىياجى قاتتىق ئىدى. مانا بۇلارنى جامائەت نامىزى يېتىلدۈرىدۇ.

سەن جامائەت سەپلىرىدىنمۇ مۇكەممەل ۋە چىرايلىق تەرتىپ ئىنتىزامنى كۆرۈپ باققانمۇ؟ جامائەتلەر تۈپتۈز، بىر - بىرىگە چاپلىشىپ سەپ تۈتىدۇ، ھېچقانداق يوچۇق بولمايدۇ. مۈرە مۈرىگە، پۇت پۇتقا تېگىپ تۇرىدۇ. ئىمام ئۇلارنى: «اللّٰه مايماق سەپكە قارىمايدۇ» دەپ ئاگاھلاندۇرىدۇ. سەپلەرنى رۇس قىلىش نامازنى تولۇق ئادا قىلىشنىڭ جۈملىسىدىن ئىكەنلىكىنى ئۆگىتىدۇ. ئىمام ئۇلارغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «يوچۇقلارنى ئېتىڭلار، سەپلەرنى رۇس قىلىڭلار، ئەگرى - بۈگرى تۇرماڭلار، ئۇنداق قىلساڭلار قەلبىڭلار ئەگرى - بۈگرى بولۇپ قالىدۇ» دېگەن ھەدىسىنى سۆزلەپ بېرىدۇ.

ئۇلار ئىمام تەكبىر ئېيتسا تەكبىر ئېيتىدۇ، قىرائەت قىلسا شۈك تۇرىدۇ، رۇكۇ قىلسا رۇكۇ قىلىدۇ، سەجدە قىلسا سەجدە قىلىدۇ، سالام بەرسە سالام بېرىدۇ.

بۇ تۈزۈمگە خىلاپلىق قىلغان ئادەم خۇددى ئىنسانىيەتكە قارشى چىققاندەك بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «سىلەردىن بىر كىم ئىمامدىن بۇرۇن رۇكۇ

---

[1] ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ياكى سەجدە قىلسا، ئاللاھنىڭ ئۇنىڭ بېشىنى ئېشەكنىڭ بېشىدەك قىلىپ قويۇشىدىن قورقمامدۇ؟!»[1].

بۇنداق ئەھۋالنى پەقەت شەيتاننىڭ ئەسكىرىلا بۇزىدۇ. چۈنكى، ئۇ قالايمىقانچىلىقتىن خۇشال بولىدۇ، تۈزۈمدىن ئىچى سىقىلىدۇ. «ئىمامدىن بۇرۇن رۇكۇ - سەجدە قىلىدىغان ئادەمنىڭ كوكۇلىسى شەيتاننىڭ قولىدىدۇر»[2].

## مەسجىد ۋە ئۇنىڭ ھاياتتىكى ۋەزىپىسى

مەسجىد مۇسۇلمانلار جامائەسىنىڭ كۈنىگە بەش ۋاقىت ناماز ئوقۇشى بىلەن ئىسلامدا ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ھاياتىدا مۇھىم ئورۇنغا ئىگە بولدى. مەسجىد راھىبلارنىڭ ئىبادەتخانىسى ياكى بىكار تەلەپلەرنىڭ پاناھگاھى ياكى دەرۋىشلەرنىڭ قونالغۇسى ئەمەس. چۈنكى، ئىسلامدا راھىبلىق ۋە دەرۋىشلىك يوقتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇ زەر (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن)گە مۇنداق دېگەن: «سەن جىھادنى چىڭ تۇتقىن، ئۇ مېنىڭ ئۈممىتىمنىڭ راھىبلىقىدۇر»[3].

ئۆمەر (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) جۈمە نامىزىدىن كېيىن بىر تۈركۈم جامائەتنىڭ ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىش مۇددىئاسى بىلەن ئولتۇرغانلىقىنى كۆرگەندە مۇنداق دېگەن: «سىلەردىن بىر كىم رىزىق تەلەپ قىلىپ سەيى قىلماستىن: ‹ئى ئاللاھ، ماڭا رىزىق بەرگىن دېگىنىچە ئولتۇرمىسۇن. ھالبۇكى، ئۇ ئاسماندىن ئالتۇن - كۈمۈش چۈشمەيدىغانلىقىنى بىلىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿فَإِذَا قُضِيَتِ الصَّلَاةُ فَانتَشِرُوا فِي الْأَرْضِ وَابْتَغُوا مِن فَضْلِ اللَّهِ﴾ ﴿ناماز ئوقۇلۇپ بولغاندا (يەنى نامازدىن پارىغ بولغىنىڭلاردىن كېيىن) زېمىنغا تارىلىپ (يەنى ئۆز مەشغۇلاتىڭلار بىلەن بولۇپ)، ئاللاھنىڭ پەزلىدىن تەلەپ قىلىڭلار﴾[4].

ئىمام بۇخارى (ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) مۇنداق رىۋايەت قىلغان: ھەبەشىستانلىقلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسجىدىدە نەيزىۋازلىق قىلىپ ئويناۋاتاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا قاراپ تۇراتتى. ئائىشەگىمۇ ئۇلارنىڭ ئويۇنلىرىنى كۆرسىتىۋاتاتتى. ئۆمەر قاتتىق قولراق بولغانلىقىدىن بۇ ئىش ئۇنىڭغا ئانچە

---

[1] ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.
[2] بەززار ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان.
[3] ئىبنى ھىببان ۋە ھاكىم رىۋايەت قىلغان.
[4] سۈرە جۇمۇئە، 10 - ئايەت.

ياقمىدى. شۇڭا ئۇ ئۇلارنى قوغلىماقچى بولۇپ، شىغىل تاش ئالغىلى يەرگە ئېڭىشىۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «ئۇلارنى ئوينىغىلى قويغىن» دېدى.

ئالىملار بۇ ھەدىسنى مەسچىتتە نەيزە ئويناشنىڭ دۇرۇسلۇقىغا دەلىل قىلىپ كەلتۈردۇ. ئۇلار: مەسجىد مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشلىرى ئۈچۈن سېلىنغان. شۇڭا دىنغا ۋە ئۇنىڭ ئەھلىگە پايدىلىق ئىش بولىدىكەن، ئۇنى مەسچىتتە قىلىش دۇرۇس بولىدۇ دەپ قارايدۇ.

ئۇلار يەنە: نەيزىۋازلىق يالغۇز ئويۇنلا ئەمەس، بەلكى باتۇر جەڭچىلەرنى جەڭ مەيدانلىرى ئۈچۈن مەشىق قىلدۇرۇش ۋە دۈشمەنگە قارشى تەييارلىق قىلىش ھېسابلىنىدۇ دەپ قارايدۇ.

دەرۋەقە، مەسجىد ئىسلامنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدە، ئىلىم ـ پەن ۋە تەلىم ـ تەربىيە ئۆگىنىدىغان ئالىي مەكتەپ، مەسلىھەت ۋە مۇزاكىرە ئېلىپ بارىدىغان يەرلىك پارلامېنت، ئۆزئارا تونۇشۇش ۋە دوستلۇق ئورنىتىدىغان قۇرۇلتاي، ئەمەلىي ۋە ئاساسىي تەربىيە ئېلىپ بارىدىغان ئىنستىتۇت رولىنى ئوينىغانىدى.

## مەسجىد خەلقچىل ئالىي مەكتەپتۇر

دۇنيادا مەسچىدكە ئوخشاش كىچە ـ كۈندۈز، قىش ـ ياز ھەممىنى ئۆزىگە سىغدۇرالايدىغان، قېرى بولسۇن ياكى سەبى بولسۇن، ھېچكىمنى رەت قىلمايدىغان، رەسمىيەت ياكى سۇغۇرتا شەرت قىلمايدىغان، ھېچقانداق چەكلىمە قويمايدىغان خەلقچىل بىر ئالىي مەكتەپ بارمۇ؟

قايسى ئالىي مەكتەپتە مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئەقىدىنىڭ قائىدە ـ پىرىنسىپلىرى، ئىبادەتنىڭ پەرزلىرى، گۈزەل ئەدەب ـ ئەخلاق، ئىسىل قائىدە ـ يوسۇنلار، مۇئامىلە ئۇسۇللىرى ئۆگىتىلىدۇ؟ قايسى ئالىي مەكتەپتە رەھمەت ئوراپ تۇرىدىغان، خاتىرجەملىك چۈشۈپ تۇرىدىغان ۋە پەرىشتىلەر قورشاپ تۇرىدىغان ئىلمىي سۆھبەت يىغىنلىرى ئېچىلىدۇ؟

مەسجىدتىكى ئىلىم ھەلقىلىرى پەقەت دىنىي ئىلىملەرگىلا خاس ئەمەس ئىدى. بەلكى، ئىسلامىيەت، ئەدەبىيات ۋە ئىنسانىيەت ئىلىملىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. ئىسلامنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدە «قۇرئان كەرىم»نىڭ مۇپەسسىرى بولغان ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس (الله ئۇلاردىن رازى بولسۇن)نىڭ ئىلىم ھەلقىسىدە ھەرخىل ئىلىملەر ئوقۇلاتتى. ئىلىمنىڭ ھەربىر تۈرىگە مەخسۇس بىر كۈن بېكىتىلگەنىدى. ئىسلامدا ئىلىم ـ

پەننىڭ ئىبادەتكە باغلىق ھالدا مەيدانغا كەلگەنلىكى ھەيران قالارلىق ئەمەس. نۇرغۇنلىغان داڭلىق ئالىي مەكتەپلەر مەسجىد ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەندى. مىسىردىكى «ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتى»، ماراكەشتىكى «قەرەۋىيىين ئۇنىۋېرسىتېتى»، تۇنىستىكى «زەيتۇنە ئۇنىۋېرسىتېتى» قاتارلىق ئۇنىۋېرسىتېتلارنىڭ شۆھرىتىنى، شۇنداقلا ئىلىم ـ مەرىپەت ۋە مەدەنىيەتكە بىر قانچە ئەسىر ئۆچمەس تۆھپىلەرنى تەقدىم قىلغانلىقىنى كىم بىلمەيدۇ؟

## مەسجىد ھەمىشە پارلامېنت رولىنى ئوينايدۇ

قايسى پارلامېنت ئەزالىرى مەسجىد ئەزالىرىغا ئوخشاش ﴿التَّائِبُونَ الْعَابِدُونَ الْحَامِدُونَ السَّائِحُونَ الرَّاكِعُونَ السَّاجِدونَ الآمِرُونَ بِالْمَعْرُوفِ وَالنَّاهُونَ عَنِ الْمُنكَرِ وَالْحَافِظُونَ لِحُدُودِ اللّهِ﴾ ﴿(گۇناھلىرىدىن) تەۋبە قىلغۇچىلار، (ئىخلاس بىلەن) ئىبادەت قىلغۇچىلار، (اﷲقا) ھەمدۇسانا ئېيتقۇچىلار، روزا تۇتقۇچىلار، رۇكۇ قىلغۇچىلار، سەجدە قىلغۇچىلار، ياخشى ئىشلارغا دەۋەت قىلىپ، يامان ئىشلاردىن توسقۇچىلار، اﷲنىڭ بەلگىلىمىلىرىگە رىئايە قىلغۇچىلار (يەنى اﷲنىڭ پەرزلىرىنى ئادا قىلىپ، نەھيى قىلغان ئىشلىرىدىن يانغۇچىلار﴾[1] نى تەشكىل قىلىدۇ؟

ئۇ شۇنداق بىر پارلامېنتكى، باشلىق ئۇنىڭدا ئۆزىنىڭ سىياسىتىنى سۇنىدۇ، يولىنى بەلگىلەيدۇ، خەلق ئۇنىڭ بىلەن بەس ـ مۇنازىرە قىلىدۇ، ئۇنىڭدىن ھېچ ئەنسىرىمەستىن ۋە قورقماستىن جاۋاب تەلەپ قىلىدۇ. ئەبۇ بەكرى (اﷲ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) خەلىپىلىككە ئولتۇرغان كۈندە سۆزلىگەن خۇتبىدەك ئاشۇنداق مەزمۇنلۇق ۋە ئىنچام سىياسىي خۇتبىنى بىرەر دۆلەت باشلىقىدىن ئاڭلاپ باقتۇقمۇ؟ ئۇ بۇ خۇتبىسىدە مۇنداق دېگەنىدى: «ئى ئىنسانلار! مەن سىلەرگە باش بولدۇم. ھالبۇكى، مەن سىلەردىن ياخشى ئەمەسمەن. سىلەر مېنىڭ ھەق ئۈستىدە بولۇۋاتقانلىقىمنى كۆرگىنىڭلاردا ماڭا ياردەم بېرىڭلار. مۇبادا مېنىڭ باتىل يولغا مېڭىۋاتقىنىمنى كۆرسەڭلار توغرا يولنى كۆرسىتىپ قويۇڭلار. بىلىڭلاركى، مېنىڭ نەزىرىمدە سىلەردىن ئەڭ كۈچلۈك بىرى ئۇنىڭ ھەققىنى ئېلىپ بەرگىنىمگە قەدەر ئىنتايىن ئاجىزدۇر. شۇنداقلا، سىلەردىن ئەڭ ئاجىز بىرى ئۇنىڭدىكى ھەقنى ئالغىنىمغا قەدەر ئىنتايىن كۈچلۈكتۇر. مەن مادامىكى، اﷲ تائالاغا ئىتائەت قىلسام سىلەر ماڭا بويسۇنۇڭلار، اﷲقا ئاسىيلىق قىلسام

---

[1] سۇرە تەۋبە، 112 ـ ئايەت.

بويسۇنۇشۇڭلارنىڭ ھاجىتى يوق. مەن مۇشۇ يەردە سۆزۈمنى ئاخىرلاشتۇرىمەن، ئۆزۈمگە ۋە سىلەرگە الله تائالادىن مەغپىرەت تىلەيمەن».

بۇ، بىر خەلىپىنىڭ خۇتبىسىدۇر. ئۇ سۆزلىسە يالغان سۆزلىمەيدۇ. ۋەدە قىلسا ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلمايدۇ. ئۇنىڭ خۇتبىسىنى بىر نەرسە ئاڭلىسا ئۇنتۇپ قالمايدىغان، ئۆز رەھبىرىدىن قورقماي ھېساب ئالالايدىغان بىر ئۇممەت ئاڭلىدى. دەم ئېلىش ۋە تەتىل كۈنلىرىمۇ دەرۋازىلىرى تاقىلىپ قالمايدىغان، كۈنگە بەش قېتىم يىغىن ئېچىلىدىغان پارلامېنتى بار بىر خەلىپە ۋەدىسىگە قانداقمۇ خىلاپلىق قىلسۇن؟ ئۇنىڭ ئۇممىتى ئاڭلىغانلىرىنى قانداقمۇ ئۇنتۇپ قالسۇن؟

## مەسجىد بىر قۇرۇلتايدىن ئىبارەت

قايسى بىر يىغىن ياكى قۇرۇلتاي ھەربىر نامازدا مەھەللىنىڭ جامائىتىنى، ھەر جۈمە نامىزىدا بىر شەھەر ئاھالىسىنى يىغالايدىغان مەسجىدكە ئوخشايدۇ؟ بىز يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، ھەقىقەتەن ئىسلام جامائەت نامىزىغا رىغبەتلەندۈردى ۋە ئۇنى دەرىجە جەھەتتە يالغۇز ئوقۇلىدىغان نامازدىن 27 ھەسسە ئارتۇق قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جامائەتكە كەلمەي، ئۆيدە ئولتۇرىدىغانلارنىڭ ئۆيلىرىنى كۆيدۈرۈۋېتىشنى ئويلىغانىدى.

ئىسلام دىنى مۇسۇلمانلارنى ئۆزئارا تونۇشۇش، بىر - بىرىنى يامان كۆرمەسلىك، يېقىنلىشىش، يىراقلاشماسلىق، دوستلىشىش، دۈشمەنلەشمەسلىك، قەلبلىرىنى ساپ قىلىش، ئاداۋەتلەشمەسلىك ۋە جامائەت بولۇپ ئويۇشۇشقا دەۋەت قىلدى.

ئىلگىرىكىلەر مەسجىدنىڭ غايەت زور قۇرۇلتايلىق سۈپىتىنىڭ قىممىتىنى تونۇپ يەتكەنىدى. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسىگە ئەمەل قىلىپ نىكاھ ئىشلىرىنى مەسجىدتە ئۆتكۈزەتتى: «سىلەر بۇ نىكاھنى ئېلان قىلىڭلار، ئۇنى مەسجىدتە قىلىڭلار، نىكاھ بولغانلىقىنى بىلدۈرۈپ داپ چېلىڭلار»[1].

بۈگۈنكى مۇسۇلمانلارمۇ ئەجدادلىرىنىڭ تۇتقان يولىنى ئۈلگە قىلغان بولسا ئىدى، رىيا قىلىش ۋە نام - شۆھرەت قازىنىش ئۈچۈن زىياپەتلەردە بەس - بەس بىلەن ئىسراپ قىلىۋاتقان نۇرغۇن پۇللارنى تېجەپ قالغان بولاتتى.

---

[1] تىرمىزى رىۋايەت قىلغان ۋە زەئىپ دېپ قارىغان.

## مەسجىد ئىلمىي تەربىيە ئالىدىغان ئىنستىتۇتتۇر

ئەگەر خالىساڭ، مەسجىد دىنىنىڭ نەزەرىيىۋى تەلىماتلىرى تەجرىبە قىلىنىدىغان تەجرىبىخانا ۋە ئۇنىڭ ئىنسانىي پرىنسىپلىرى ئىجرا قىلىنىدىغان مەيدان دېسەڭمۇ بولىدۇ.

ئىسلام دىنىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىدىن بىرى شۇكى، ئۇ ئۆزىنىڭ پرىنسىپلىرىنى پەقەت ئويلاپ قويىدىغان پىكىر، سۆزلەپ قويىدىغان قۇرۇق سۆز قىلمىدى. بەلكى، ئۇنى مۇسۇلمانىنىڭ ھاياتىغا ۋە كۈندىلىك تۇرمۇشىغا چەمبەرچاس باغلىۋەتتى.

ئىسلام دىنى فرانسىيە ئىنقىلابىدىن 12 ئەسىر ئىلگىرى ئېلىپ كەلگەن ئەركىنلىك، قېرىنداشلىق ۋە باراۋەرلىك پرىنسىپلىرىنىڭ مەسجىدتە بارلىققا كەلگەن ئەمەلىي ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى، ھەقىقىي ئىجرا قىلىنغانلىقىنى ۋە ئۆزىنى ئۇن ــ تىنسىز ئېلان قىلىپ تۇرىۋاتقانلىقىنى كۆرەلەيمىز.

## ئەركىنلىك

ئەركىنلىككە كەلسەك، مۇسۇلمانىنىڭ مەسجىدتە ناماز ئوقۇۋاتقاندا، اللهنىڭ غەيرىگە بولغان ھەرقانداق ئۇبۇدىيەتتىن ئازاد ھالدا، پەقەت اللهقىلا ئىبادەت قىلىشىدىنمۇ ئارتۇق ئەركىنلىك بارمۇ؟ ئۇ پەقەت اللهقا رۇكۇ ـ سەجدە قىلىدۇ، پەقەت اللهقا باش ئىگىدۇ ۋە ئۇنىڭدىنلا قورقىدۇ. ئىنسان قانچىلىك چوڭ بولۇپ كەتسۇن، ئۇ يەنىلا اللهنىڭ قۇلىدۇر. الله تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿وَأَنَّ الْمَسَاجِدَ لِلَّهِ فَلَا تَدْعُوا مَعَ اللَّهِ أَحَدًا﴾ ﴿مەسجىدلەر اللهقا خاستۇر، اللهقا قوشۇپ ھېچكىمگە ئىبادەت قىلماڭلار﴾[1].

مانا بۇ، ئىنسان قەلبىنىڭ ئەركىنلىكى بولۇپ، ئەڭ ئەۋزەل ۋە چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگىدۇر.

ئەمما، پىكىر ئەركىنلىكىگە كەلسەك، مۇبادا ئىمام نامازنىڭ بىرەر سۆز ياكى ھەرىكەتلىرىدە خاتالىشىپ قالسا، ئارقىسىدا ئىقتىدا قىلغان جامائەتلەر ئۇنىڭ خاتالىقىنى ئوڭشاپ قويۇشى كېرەك. بۇ جەھەتتە قېرى ـ ياش، ئەر ـ ئايال ھەممە باراۋەردۇر. بىرى ئۇنىڭ قىرائىتىنى ئوڭشاپ قويىدۇ، يەنە بىرى «سۇبھانەللاھ» دەيدۇ. ئايال كىشى بولسا قولىدا چاۋاك چالىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئىمام خاتالىقىنى تۈزىيدۇ.

---

[1] سۈرە جىن، 18 ـ ئايەت.

خاتىپ مىنبەرگە چىققاندا ئۆزىنىڭ قاراشلىرىنى كىشىلەرگە تېڭىپ «دىكتاتۇر»لۇق قىلمايدۇ. مەسجىدتىكى ھەممە جامائەتنىڭ مەسئۇلىيەت ئورتاقلىقى بولىدۇ. شۇڭا ئۇلار ئىمام غەپلەتتە قالسا، گەرچە ئۇ مۇسۇلمانلارنىڭ خەلىپىسى بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭغا تەنبىھ بېرىدۇ، ئۇنتۇپ قالسا ئەسلىتىپ قويىدۇ. توغرا يولدىن قېيىپ كەتسە، ئوڭشاپ قويىدۇ.

ئەمىرۇلمۇئمىنىين ئۆمەر (الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) تويلۇقتا (مەھرى ھەققىگە) ئەڭ يۇقىرى چەك قويۇشنى ئىرادە قىلىپ، ئۇنى مەسجىدتە ئېلان قىلغاندا، بىر ئايال ئۇنىڭغا قارشى چىقتى ۋە الله تائالانىڭ مۇنۇ ئايىتىنى ئوقۇدى: ﴿وَإِنْ أَرَدتُّمُ اسْتِبْدَالَ زَوْجٍ مَّكَانَ زَوْجٍ وَآتَيْتُمْ إِحْدَاهُنَّ قِنطَارًا فَلاَ تَأْخُذُواْ مِنْهُ شَيْئًا أَتَأْخُذُونَهُ بُهْتَاناً وَإِثْماً مُّبِيناً﴾ «ئەگەر بىر خوتۇننى قويۇۋېتىپ، ئورنىغا يەنە بىر خوتۇننى ئالماقچى بولساڭلار، ئۇلارنىڭ بىرىگە (مەھرى قىلىپ) كۆپ مال بەرگەن بولساڭلارمۇ ئۇنىڭدىن ھېچ نەرسىنى قايتۇرۇۋالماڭلار. ئۇنى (ئايالغا) قارا چاپلاپ ۋە ئوچۇق زۇلۇم قىلىپ ئالامسىلەر؟»[1] بۇنىڭ بىلەن، ئۆمەر (الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) ئۆز قارارىدىن ياندى ۋە: «بۇ ئايال توغرا ئېيتتى، ئۆمەر خاتا قىلدى» دېدى.

## قېرىنداشلىق

قېرىنداشلىققا كەلسەك، مەھەللە كىشىلىرى ھەر كۈنى بەش ۋاقىت مەسجىدكە كېلىدۇ. ئۇنىڭدا بەدەنلەر بىر - بىرىگە چاپلىشىدۇ، چىرايلار بىر - بىرى بىلەن تونۇشىدۇ، قوللار بىر - بىرى بىلەن كۆرۈشىدۇ. تىللار اللهقا مۇناجات قىلىدۇ، قەلبلەر بىرلىشىدۇ. ئۇلار غايە ۋە ۋاسىتىنىڭ بىردەكلىكىگە مۇلاقات بولىدۇ. بىر ئادەمنىڭ كەينىدە ناماز ئوقۇيدىغان، بىر اللهقا مۇناجات قىلىدىغان، بىر قۇرئاننى ئوقۇيدىغان، بىر قىبلىگە يۈزلىنىدىغان، ئۆرە تۇرۇش، ئولتۇرۇش، رۇكۇ - سەجدە قىلىشتىن ئىبارەت ئوخشاش ئەمەلنى قىلىدىغان مۇسۇلمان جامائىتىنىڭ بىرلىكىدىنمۇ كاتتا ۋە پۇختا بىرلىك بارمۇ؟

ئۇ، ئىنسان قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغا سىڭىپ كىرگەن، قاراش ۋە پىكىر، غايە ۋە نىشان، سۆز ۋە ھەرىكەتلەردە، ئىچكى ۋە تاشقى ئەھۋاللاردا ھاسىل بولغان بىرلىك بولۇپ،

[1] سۈرە نىسا، 20 - ئايەت.

مۇسۇلمانلار: ﴿إِنَّمَا الْمُؤْمِنُونَ إِخْوَةٌ﴾ ﴿مۇئمىنلەر ھەقىقەتەن (دىندا) قېرىنداشلاردۇر﴾[1] دېگەن ئايىتى كەرىمنىڭ روھىنى ئەنە شۇ بىرلىكتە ھەقىقىي ھېس قىلىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەدىنە مۇنەۋۋەردىكى مەسجىدىنىڭ غەيرى ئەرەبلەردىن رىملىق سۇھەيب، پارسلىق سەلمان، ھەبەشىستانلىق بىلال (اللە ئۇلاردىن رازى بولسۇن) قاتارلىقلارغا ئوخشاش ھەر مىللەت خەلقىنى، قەھتان ۋە ئەدنانغا ئوخشاش بىر - بىرىگە يىراق ئەرەب قەبىلىلىرىنى، ئەۋس ۋە خەزرەجگە ئوخشاش جاھىلىيەت دەۋرىدە بىر - بىرى بىلەن قاتتىق دۈشمەنلىك ۋە ئاداۋەت ئىچىدە ياشىغان ئايماقلارنى ئۆز قوينىغا ئالغان كۆرۈنۈشىدىنمۇ چىرايلىق كۆرۈنۈش بارمۇ؟

مەسجىد ئۇلارنى يۇمشاق باغرىغا ئالدى، كەڭ ھويلىسىغا توپلىدى. نەتىجىدە ئۇلار اللەنىڭ نېمىتى بىلەن قېرىنداش بولدى. قېرىنداشنى تويغۇزۇش ئۈچۈن ئۆزى ئاچ يېتىپ قالدى. اللە تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿حَاجَةً مِّمَّا أُوتُوا وَيُؤْثِرُونَ عَلَى أَنفُسِهِمْ﴾ ﴿ئۇلار موھتاج تۇرۇقلۇق (مۇھاجىرلارنىڭ مەنپەئىتىنى) ئۆزلىرىنىڭ (مەنپەئىتى)دىن ئەلا بىلىدۇ﴾[2].

ئۇلار نامازلىرىنى اللە تائالانىڭ قوبۇل قىلماسلىقىدىن خەۋپسىرەپ، دىللىرىنى ھەرقانداق ئۆچمەنلىك، ئاداۋەت، غەزەپ - نەپرەت ۋە يامانلىقلاردىن تازىلايدۇ. ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: «ئۈچ تۈرلۈك كىشىنىڭ نامىزى باشلىرىدىن بىر غېرىچمۇ ئۆرلىمەيدۇ. بىرى، قەۋمى يامان كۆرۈپ تۇرسىمۇ ئىمام بولىۋالغان كىشى، يەنە بىرى، ئېرىنى غەزەپلەندۈرۈپ (يەنى تۆشەككە چاقىرسا كەلگىلى ئۇنىماي) يېتىپ قالغان ئايال، ئۈچىنچىسى، ئاداۋەتلىشىپ قالغان ئىككى قېرىنداش» (ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان). دېمەك، اللە قوبۇل قىلىدىغان ناماز يامان كۆرۈش، غەزەپلىنىش ۋە ئاداۋەتلىشىش مۇھىتىغا قەتئىي مۇناسىپ كەلمەيدۇ.

## باراۋەرلىك

باراۋەرلىككە كەلسەك، مەسجىدتە تاناپتەك تىزىلغان سەپلەردىكى باراۋەرلىكتىنمۇ ئارتۇق باراۋەرلىك بولامدۇ؟ بەگزادە جارۇپكەشنىڭ، باي پېقىر - مىسكىننىڭ، غوجىدار خىزمەتچىنىڭ، پەيلاسوپ ئالىم ئىشچى ۋە دېھقاننىڭ يېنىدا بىر - بىرىگە يانمۇيان ھەممىسى باپباراۋەر تۇرىدۇ ئەمەسمۇ؟

---

[1] سۈرە ھۇجۇرات، 10 - ئايەت.

[2] سۈرە ھەشر، 9 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

مەسجىدتە بىرىنچى سەپ ۋەزىرلەرگە، ئىككىنچى سەپ پارلامېنت ئەزالىرىغا، ئۈچىنچى سەپ دۆلەت خادىملىرىغا ياكى بايلارغا دەپ بەلگىلەپ بېرىدىغان تۈزۈم يوق. بەلكى، ھەممە باراۋەر سەپ تۈتىدۇ. كىم مەسجىدكە بۇرۇن بارسا، كىشىلىك ئورنىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئالدىنقى سەپنى ئىگىلەيدۇ.

دوكتور مۇھەممەد ئىقبال مۇنداق دېگەن: ”مۇسۇلمانلارنىڭ نامىزىغا بىر قىبلىنىڭ تاللىنىشى جامائەتنىڭ بىرلىك تۇيغۇسىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن ئىدى. چۈنكى، قىبلىنىڭ ماھىيىتى ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا ئىجتىمائىي باراۋەرلىكنى ھېس قىلدۇرىدۇ ۋە ئۇنىڭ رىشتىلىرىنى كۈچلەندۈرىدۇ. بۇ بىرلىك ئىبادەت قىلغۇچىلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تەبىقە ۋە ئىرقىي ئايرىمچىلىق تۇيغۇسىنى قانچىلىك تۈگەتەلىسە، شۇنچىلىك كۈچىيىدۇ.

كۆنلەرنىڭ بىرىدە ھىندىستاننىڭ جەنۇبىدىكى ئاقسۆڭەك براخماندىن بىرى تۆۋەن تەبىقىدىكى بىرىنىڭ يېنىدا مۇرىنى مۇرىگە تىرەپ تۇرسا، غايەت زور روھىي ئىنقىلاب يۈز بېرىدۇ. ئەكسىچە، جىمى مەخلۇقاتلارنى يارىتىپ، ئۇلارغا ياشاشنى تەقدىر قىلغان، ھەممە نەرسىنى ئوراپ تۇرغان زاتنىڭ بىرلىكىدىن پۈتۈن ئىنسانىيەتكە زۆرۈر بولغان بىرلىك كېلىپ چىقىدۇ. ئىنسانىيەتنىڭ ئىرق، مىللەت، قەبىلە دەپ ئايرىلىشىدىن مەقسەت، «قۇرئان كەرىم»دە بايان قىلىنغاندەك، ئۆزئارا تونۇشۇشنى ئاسانلاشتۇرۇش ئۈچۈن بولۇپ، باشقا بىر ئىش مەقسەت قىلىنمىغانىدى.

بۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئىسلامدىكى جامائەت نامىزى ئۆزىنىڭ پىكرىي قىممىتى بىلەن بىرلىكتە، ئىنسانىيەتكە زۆرۈر بولغان بىرلىكنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈمىدىنىڭ بارلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇ، ھاياتنىڭ ھەقىقەتلىرىدىن بىرىدۇر. بۇ بىرلىكنى ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى پۈتۈن پەرقلەرنى تۈگىتىش ئارقىلىق ئەمەلىيلەشتۈرگىلى بولىدۇ“.

كۆپىنچە شەرقشۇناسلار ئىسلامىي نامازنىڭ ئىنسان قەلبىگە كۆرسىتىدىغان چوڭقۇر تەسىرىگە بولغان ھەيرانلىقىنى ئاشكارىلىماي تۇرالمىدى. بولۇپمۇ ئىسلام دىنى باشقا دىنلاردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدىغان جامائەت نامىزى شۇنداق تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇنداقلا، ئىنسانىي ۋە ئىجتىمائىي پرىنسىپلارنى ئەڭ يۇكسەك دەرىجىدە نامايان قىلىدۇ. مۇسۇلمانلاردىن باشقىلار بۇ ھەقىقەتنى پەقەت يېقىنقى دەۋرلەردىلا تونۇپ يەتتى.

فرانسىيىلىك پەيلاسوپ رېنان بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ”مەن مەسجىدكە ھەر كىرگىنىمدە باش ئېگىشكە تەلمۈرمەي تۇرالمايمەن ھەمدە ئۆزۈمنىڭ مۇسۇلمان بولمىغانلىقىمغا قاتتىق ھەسرەت چېكىمەن“. توماس ئارنولد ناماز ھەققىدە مۇنداق

دېگەن: ’’اللّٰه تەرىپىدىن پەرز قىلىنغان بۇنداق مۇنتىزىم ئىبادەت مۇسۇلمانلارنى دىنىي ھاياتىدا باشقىلاردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدىغان بۈيۈك ئالامەتلەردۇر. شەرققە بارىدىغان كۆپلىگەن ساياھەتچىلەر ۋە باشقىلار مۇسۇلمانلارنىڭ نامىزىنىڭ ئىنسان قەلبىگە قانچىلىك تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى تونۇپ يېتەلەيدۇ‘‘. ئۇ يەنە بەزى خىرىستىئان پوپلىرىنىڭ ئىسلامدىكى نامازنىڭ تەسىرى ھەققىدىكى سۆزلىرىنى نەقىل قىلغاندىن كېيىن مۇنداق دېگەن: ’’بىز ئەمدى يالغۇز ئۇقۇلىدىغان نامازدىن جامائەت نامىزىغا يۆتكىلەيلى، رامىزان ئېيىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى جۈمە كۈنىدە 15000گە يېقىن جامائەتنىڭ دېھلىدىكى جامەگە يىغىلغان، ھەممە بىردەك ئىبادەتكە غەرق بولغان، ھەربىر ھەرىكىتىدىن اللّٰھنى ئۇلۇغلاش ۋە ئۇنىڭدىن قورقۇش تۇيغۇلىرى نامايان بولغان كۆرۈنۈشنى ھاياتىدا بىر قېتىم كۆرگەن ھەرقانداق كىشى قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىن تەسىرلەنمەي تۇرالمايدۇ. شۇنداقلا، بۇ ئىبادەت شەكلىنى باشقىلىرىدىن ئالاھىدە ئايرىپ تۇرىدىغان مەنىۋى كۈچ ـ قۇۋۋەتكە كۆز يۇمالمايدۇ.

ھەر كۈنى نامازغا ئەزان توۋلاش ئۈچۈن بەلگىلەنگەن مۇئەييەن ۋاقىتلار، مۇئەززىننىڭ تاڭ سەھەردە، تېخى تاڭ يورۇشتىن بۇرۇنقى ۋاقىتتا، ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ ئىشلىرى بىلەن قاتتىق مەشغۇل بولۇۋاتقان پېشىن ۋاقتىدا ۋە كەچقۇرۇن ۋاقىتلىرىدا چىقىدىغان ياڭراق ئاۋازى... مانا بۇ ۋاقىتلاردا چىقىدىغان ئەزانمۇ ئەنە شۇنداق ئۇلۇغلۇق بىلەن تولۇپ تاشقان كۆرۈنۈشنى ھاسىل قىلىدۇ‘‘.

## مەدىنە مۇنەۋۋەردىكى پەيغەمبەر مەسجىدى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەسجىدنىڭ مۇسۇلمانلار ھاياتىدا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدىغانلىقىنى بىلگەنىدى. شۇڭا ئۇ مەدىنىگە كېتىۋېتىپ، سالىم ئىبنى ئەۋف ئايمىقىغا چۈشكەن ۋە بۇ جايدا تۇرغان قىسقىغىنە مۇددەت ئىچىدە تۇنجى قېتىم مەسجىد سېلىشنى پىلانلاپ قۇبا مەسجىدىنى بىنا قىلغان. بۇ ھەقتە اللّٰه تائالا مۇنۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: ﴿لَّمَسْجِدٌ أُسِّسَ عَلَى التَّقْوَى مِنْ أَوَّلِ يَوْمٍ أَحَقُّ أَن تَقُومَ فِيهِ﴾ ﴿بىرىنچى كۈنىدىن تارتىپلا تەقۋالىق ئاساسىغا قۇرۇلغان مەسجىد ھەقىقەتەن سېنىڭ ناماز ئوقۇشۇڭغا ئەڭ لايىقتۇر﴾[1].

---

[1] سۈرە تەۋبە، 108 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مەدىنىگە ئورۇنلىشىپ بولغاندىن كېيىن بىرىنچى قىلىپ پەيغەمبەر مەسجىدىنى سالدى. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ئۆزى ئىشلەيتتى، تاشلارنى ئۆز قولى بىلەن يۆتكەيتتى ۋە مۇنداق دەيتتى:

ئى الله! ئاخىرەت هاياتى ھەقىقى ھايات،
ئەنسار ۋە مۇھاجىرغا قىلغىن مەغپىرەت.

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ ساهابىلىرىمۇ مۇنۇ شېئىرنى ئوقۇغاچ ئىشلەيتتى:

ھارماي ـ تالماي مەسجىد ئۈچۈن ئىشلەيدىغان ئادەم بىلەن،
ئۈستىگە ھېچ توپا قوندۇرماي يۈرىدىغانلار بولۇرمۇ باراۋەر؟!

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ بۇ مەسجىدى ئىسلام دەۋىتىنىڭ بىرىنچى مەدرىسى ۋە دۆلەتنىڭ بۈيۈك مەركىزى بولغانىدى.

ئۇ مەدرىسىنىڭ ئىشىكلىرى ئەرەب ۋە ئەجەمدىن تەركىب تاپقان ھەرخىل ئىرق ۋە مىللەتكە، جەمئىيەتنىڭ ھەممە تەبىقىلىرىگە، ھەممە ياشتىكىلەرگە ئوچۇق ئىدى.

ئۇ مەدرىس ئاياللارنىڭمۇ جامائەتكە ۋە ئىلىم ھەلقىلىرىگە قاتنىشىشى ئۈچۈن ئىشىكىنى ئېچىۋەتكەنىدى. بۇ، ئايال كىشىنىڭ ئىلىمدىن ھېچقانداق نېسىۋىسى ياكى ئەرلەر بىلەن باراۋەر ھالدا ھايات ئىشلىرىغا قاتنىشىش ھەققى بولمىغان بىر دەۋردە بولدى.

ئۇ شۇنداق بىر مەدرىسكى، ئىلىم ۋە ئەمەلنى بىرگە ئۆگىتىدۇ، روھ بىلەن بەدەننى پاكلايدۇ، غايە بىلەن ۋاسىتىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ، ھەق بىلەن مەجبۇرىيەتنى بىلدۈرىدۇ، تەلىم بېرىشتىن ئىلگىرى تەربىيەگە، نەزەرىيەدىن ئىلگىرى ئەمەلىي تەتبىقلاشقا، كالىلنى چىرىنىدىلار چىرمىۋېلىشتىن ئىلگىرى روھنى پاكلاشقا ئەھمىيەت بېرىدۇ.

شۇڭلاشقا، ئۇ مەدرىستىن ئەبۇ بەكرى، ئۆمەر، ئوسمان، ئەلىيلەرگە ئوخشاش خەلىپىلەر، ئەبۇ ئۇبەيدە، خالىد، ئەمرلەرگە ئوخشاش قوماندانلار، ئىبنى مەسئۇد، ئۇبەي ئىبنى كەئبلەرگە ئوخشاش قارىيلار، زەيد ئىبنى سابىت، ئىبنى ئابباسلارغا ئوخشاش ئالىملار، فاتىمە، ئائىشە، ھەفسە، ئۇممۇ ئەممار، ئۇممۇ سۇلەيملەرگە (الله ئۇلاردىن رازى بولسۇن) ئوخشاش پەزىلەتلىك ئاياللارنىڭ يېتىشىپ چىقىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس.

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ مەسجىدى دەۋەت مەدرىسى ھەم دۆلەتنىڭ مەركىزى ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ئۇنىڭدا ئىشسىزغا ئىش تېپىپ بېرەتتى، بىلمىسىزگە ئىلىم ئۆگىتەتتى، پېقىر ـ مىسكىنگە ياردەم تەييارلايتتى، سەھىيە ۋە ئىجتىمائىي ئىشلارغا يېتەكچىلىك قىلاتتى، مۇسۇلمان ئۈممىتىگە مۇھىم خەۋەرلەرنى تارقىتاتتى،

باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئەلچىلىرى بىلەن ئۇچرىشاتتى، ئۇرۇش ۋاقتىدا جەڭگە ئەسكەر ھازىرلايتتى، تىنچلىق ۋاقتىدا ھەر قايسى جايلارغا دەۋەتچى ۋە ۋەكىللەرنى ئەۋەتەتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدە مەسجىد مانا مۇشۇنداق ھالەتتە ئىدى. كېيىن ساھابىلەرنىڭ ۋە ئۇلارغا چىرايلىقچە ئەگەشكەنلەرنىڭ دەۋرىدىمۇ شۇنداق ھالەت داۋاملاشتى.

يۇقىرىدىكى بايانلاردىن كېيىن ئىنساپلىق ئادەم ناماز دېگەن پەقەت روھىي دۇئا بولۇپ، ھايات ئىشلىرىدىن يىراق تۇرىدۇ ياكى پاسسىپ ئەمەل بولۇپ، ئۇنىڭ ھايات يولىدا ھېچقانداق يېتەكچى ۋە تەرەققىيات خۇسۇسىيىتى يوق دەپ داۋا قىلالامدۇ؟ قەتئىي ئۇنداق قىلالمايدۇ.

بىز ناماز ۋە مەسجىد ھەققىدىكى سۆزىمىزنى بىر مۇسۇلمان تەتقىقاتچىنىڭ مۇنۇ قىممەتلىك كەلىمىلىرى بىلەن ئاخىرلاشتۇرىمىز:

«مەسجىدتە ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى مەرتىۋە، بايلىق، ئىرق ۋە مىللەت پەرقى يوقاپ كېتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئورنىنى قېرىنداشلىق، باراۋەرلىك ۋە مېھرى - مۇھەببەت ئىگىلەيدۇ. بىر ئىنسان ھەقىقەتەن توقۇنۇش ۋە كۈرەشكە تولۇپ كەتكەن بىر دۇنيادا خاتىرجەملىكتىن، ئىرقىي ئايرىمىچىلىق ئەۋج ئالغان بىر مۇھىتتا باراۋەرلىكتىن، كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئاداۋەت، ھەسەتخورلۇق، كەمسىتىش ۋە خۇسۇمەت ئومۇملىشىپ كەتكەن بىر شارائىتتا مېھرى - مۇھەببەتتىن كۈندە بەش ۋاقىت تولۇق تىنچلىق ئىلكىدە بەھرى ئالالىسا، ئۇ ھەقىقەتەن غايەت زور بىر نېمەتتۇر.

ئۇ ھەقىقەتەن ئۇلۇغ بىر نېمەتتۇر. چۈنكى، ئۇ ھاياتتىن ئېلىنىدىغان روشەن ئىبرەت. ئىنسان ئۇچۇن ئاشۇنداق كۈرەش، زىددىيەت، توقۇنۇش ئارىسىدا، ئاشۇنداق ئاداۋەت ۋە دۈشمەنلىشىش قاينىمىلىرىدا ئىشلەشتىن باشقا چارە يوق. شۇنداق تۇرۇقلۇق، ئۇ ئۆزىنى كۈندە بەش قېتىم بۇ ئەھۋاللاردىن تارتىپ چىقىپ، باراۋەرلىك، قېرىنداشلىق ۋە مېھرى - مۇھەببەتنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىگە ئېرىشەلەيدۇ. مانا بۇ، ئىنسانىيەت سائادىتىنىڭ ھەقىقىي مەنبەسىدۇر.

شۇڭلاشقا، ناماز بىلەن ئۆتىدىغان ۋاقىت ياخشىلىق ۋە ئىنسانىيەتكە پايدا يەتكۈزۈش نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا زايا بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇ ھەقىقىي رەۋىشتە ياشاشقا كېرەكلىك پايدىلىق دەرسلەرنى ئۆگىنىشكە ئەڭ ياخشى پۇرسەت بولۇپ بېكىتىلگەن.

قېرىنداشلىق، باراۋەرلىك ۋە مېھرى - مۇھەببەت توغرىسىدىكى ئاشۇ دەرسلەر ئىنساننىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدا ئەمەلىيلىشىشى ئارقىلىق، ئىنسانىيەتنىڭ

بىرلىششى ۋە مەدەنىيىتىنىڭ مەڭگۈ داۋام قىلىشىغا ئاساسىي تايانچ رولىنى ئوينايدۇ».

## 3. زاكات

زاكات مۇھىم بولغان ئىقتىسادىي ھەم ئىجتىمائىي ئىبادەتتۇر.

زاكات ئىسلامدىكى ئىككىنچى پەرز بولۇپ، اﷲ تائالا ئۇنى «قۇرئان كەرىم»دە ئون نەچچە ئورۇندا ناماز بىلەن بىللە بايان قىلدى. اﷲ تائالا ئۇنى بەزىدە زاكات لەۋزى بىلەن، بەزىدە سەدىقە لەۋزى بىلەن، بەزىدە اﷲ يولىدا پۇل سەرپ قىلىش لەۋزى بىلەن تىلغا ئالدى.

اﷲ تائالا سۈرە بەقەرەنىڭ بېشىدا قۇرئان كەرىمنىڭ ھىدايىتى بىلەن مەنپەئەتلىنىدىغان مۇتتەقىيلەرنى سۈپەتلەپ مۇنداق دېگەن: ﴿الَّذِينَ يُؤْمِنُونَ بِالْغَيْبِ وَيُقِيمُونَ الصَّلاَةَ وَمِمَّا رَزَقْنَاهُمْ يُنفِقُونَ﴾ ﴿ئۇلار غەيبكە ئىشىنىدۇ، نامازنى ئادا قىلىدۇ، ئۇلار بىز بەرگەن مال ـ مۈلۈكتىن (خۇدا يولىغا) سەرپ قىلىدۇ﴾[1]. يەنە شۇ سۈرىنىڭ باشقا ئايەتلىرىدە مۇنداق دېگەن: ﴿وَأَقِيمُواْ الصَّلاَةَ وَآتُواْ الزَّكَاةَ وَمَا تُقَدِّمُواْ لأَنفُسِكُم مِّنْ خَيْرٍ تَجِدُوهُ عِندَ اللّهِ﴾ ﴿نامازنى ئادا قىلىڭلار، زاكاتنى بېرىڭلار، ئۆزۈڭلار ئۈچۈن ئىشلىگەن ھەرقانداق ياخشى ئەمەل بولسا، اﷲنىڭ دەرگاھىدا ئۇنىڭ ساۋابىنى تاپىسىلەر﴾[2]؛ ﴿إِنَّ الَّذِينَ آمَنُواْ وَعَمِلُواْ الصَّالِحَاتِ وَأَقَامُواْ الصَّلاَةَ وَآتَوُاْ الزَّكَاةَ لَهُمْ أَجْرُهُمْ عِندَ رَبِّهِمْ وَلاَ خَوْفٌ عَلَيْهِمْ وَلاَ هُمْ يَحْزَنُونَ﴾ ﴿ئىمان ئېيتقان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان، ناماز ئوقۇغان، زاكات بەرگەن كىشىلەر پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا (چوڭ) ساۋابقا ئېرىشىدۇ، ئۇلارغا (ئاخىرەتتە) قورقۇنچ ۋە غەم ـ قايغۇ بولمايدۇ﴾[3].

## بۇرۇنقى دىنلاردىكى زاكات

زاكاتنىڭ ئاددىي مەنىسى پېقىر ـ مىسكىنگە مالنىڭ مەلۇم قىسمى بىلەن ياردەم قىلىش دېگەنلىكتۇر. زاكاتمۇ قەدىمىي ئىبادەت بولۇپ، بۇرۇنقى ساماۋى دىنلاردىمۇ بار

[1] سۈرە بەقەرە، 3 ـ ئايەت.

[2] سۈرە بەقەرە، 110 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[3] سۈرە بەقەرە، 277 ـ ئايەت.

ئىدى. ﷲ تائالا ئۇنى پەيغەمبەرلەرگە قىلغان ۋەسىيەتلىرىدە ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۈممەتلىرىگە قىلغان ۋەسىيەتلىرىدە تىلغا ئالدى. ﷲ تائالا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام، ئۇنىڭ ئوغلى ئىسھاق ئەلەيھىسسالام، نەۋرىسى يەئقۇب ئەلەيھىسسالام توغرۇلۇق مۇنداق دېگەن: ﴿وَجَعَلْنَاهُمْ أَئِمَّةً يَهْدُونَ بِأَمْرِنَا وَأَوْحَيْنَا إِلَيْهِمْ فِعْلَ الْخَيْرَاتِ وَإِقَامَ الصَّلَاةِ وَإِيتَاءِ الزَّكَاةِ وَكَانُوا لَنَا عَابِدِينَ﴾ ﴿ئۇلارنى بىزنىڭ ئەمرىمىز بويىچە (كىشىلەرنى بىزنىڭ دىنىمىزغا) يېتەكلەيدىغان پېشۋالار (يەنى پەيغەمبەرلەر) قىلدۇق، ئۇلارغا بىز ياخشى ئىشلارنى قىلىشنى، ناماز ئوقۇشنى زاكات بېرىشنى ۋەھيي قىلدۇق. ئۇلار بىزگە خالىس ئىبادەت قىلاتتى﴾[1].

ﷲ تائالا ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنى مەدھىيىلەپ مۇنداق دېگەن: ﴿وَكَانَ يَأْمُرُ أَهْلَهُ بِالصَّلَاةِ وَالزَّكَاةِ وَكَانَ عِندَ رَبِّهِ مَرْضِيًّا﴾ ﴿ئۇ ئائىلىسىدىكىلەرنى ناماز ئوقۇشقا، زاكات بېرىشكە بۇيرۇيتتى. پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا ئۇنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشكەنىدى﴾[2].

ﷲ تائالا زاكاتنى ئىسرائىل ئەۋلادىدىن ئالغان ئەھدىدە تىلغا ئېلىپ مۇنداق دېگەن: ﴿وَإِذْ أَخَذْنَا مِيثَاقَ بَنِي إِسْرَائِيلَ لاَ تَعْبُدُونَ إِلاَّ اللّهَ وَبِالْوَالِدَيْنِ إِحْسَاناً وَذِي الْقُرْبَى وَالْيَتَامَى وَالْمَسَاكِينِ وَقُولُواْ لِلنَّاسِ حُسْناً وَأَقِيمُواْ الصَّلاَةَ وَآتُواْ الزَّكَاةَ﴾ ﴿ئۆز ۋاقتىدا بىز ئىسرائىل ئەۋلادىدىن ﷲتىن باشقىغا ئىبادەت قىلماسلىققا، ئاتا - ئانىغا، خىش - ئەقرىبالارغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە ياخشىلىق قىلىشقا، كىشىلەرگە ياخشى سۆز قىلىشقا، ناماز ئوقۇشقا، زاكات بېرىشكە ئەھدە ئالدۇق﴾[3]؛ ﴿وَلَقَدْ أَخَذَ اللّهُ مِيثَاقَ بَنِي إِسْرَائِيلَ وَبَعَثْنَا مِنهُمُ اثْنَيْ عَشَرَ نَقِيبًا وَقَالَ اللّهُ إِنِّي مَعَكُمْ لَئِنْ أَقَمْتُمُ الصَّلاَةَ وَآتَيْتُمُ الزَّكَاةَ وَآمَنتُم بِرُسُلِي وَعَزَّرْتُمُوهُمْ وَأَقْرَضْتُمُ اللّهَ قَرْضًا حَسَنًا لَّأُكَفِّرَنَّ عَنكُمْ سَيِّئَاتِكُمْ وَلأُدْخِلَنَّكُمْ جَنَّاتٍ تَجْرِي مِن تَحْتِهَا الأَنْهَارُ فَمَن كَفَرَ بَعْدَ ذَلِكَ مِنكُمْ فَقَدْ ضَلَّ سَوَاء السَّبِيلِ﴾ ﴿شۈبھىسىزكى، ﷲ ئىسرائىل ئەۋلادىدىن مەھكەم ئەھدە ئالدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن (يەنى ئون ئىككى ئايماقنىڭ ھەربىرىدىن) ئون ئىككى باشلىقنى (كېپىللىك ئۈچۈن جەببارلارغا، يەنى ئەمالىقلارغا) ئەۋەتتۇق ھەمدە ﷲ: ‹مەن سىلەرگە ياردەم بېرىمەن، (ئى ئىسرائىل ئەۋلادى! ﷲ بىلەن قەسەمكى) ئەگەر سىلەر نامازنى (تەئدىل ئەركان بىلەن) ئۆتىسەڭلار، زاكات بەرسەڭلار، پەيغەمبەرلىرىمگە ئىمان ئېيتساڭلار ۋە ئۇلارغا ياردەم بەرسەڭلار، ﷲقا قەرزىي ھەسەنە بەرسەڭلار (يەنى ﷲنىڭ يولىدا پۇل - مېلىڭلارنى سەرپ قىلساڭلار)، ئەلۋەتتە سىلەرنىڭ گۇناھىڭلارنى يوققا چىقىرىمەن، سىلەرنى ئەلۋەتتە

---

[1] سۈرە ئەنبىيا، 73 - ئايەت.

[2] سۈرە مەريەم، 55 - ئايەت.

[3] سۈرە بەقەرە، 83 - ئايەت.

ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىمەن. شۇنىڭدىن (يەنى مەھكەم ئەھدىدىن) كېيىن سىلەردىن كىمكى (ئەمر قىلغان نەرسىلىرىمنى) ئىنكار قىلىدىكەن، ئۇ ئەلۋەتتە توغرا يولدىن ئازغان بولىدۇ» دېدى﴾[1].

اﷲ تائالا ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ بۆشۈكتە تۇرۇپ مۇنداق دېگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ: ﴿وَأَوْصَانِي بِالصَّلَاةِ وَالزَّكَاةِ مَا دُمْتُ حَيًّا﴾ ﴿هاياتلا بولىدىكەنمەن، ماڭا نامازنى، زاكاتنى ئادا قىلىشنى تەۋسىيە قىلدى﴾[2].

اﷲ تائالا ئومۇمىيۈزلۈك ئەھلى كىتاب ھەققىدە مۇنداق دېگەن: ﴿وَمَا تَفَرَّقَ الَّذِينَ أُوتُوا الْكِتَابَ إِلَّا مِن بَعْدِ مَا جَاءتْهُمُ الْبَيِّنَةُ وَمَا أُمِرُوا إِلَّا لِيَعْبُدُوا اللَّهَ مُخْلِصِينَ لَهُ الدِّينَ حُنَفَاء وَيُقِيمُوا الصَّلَاةَ وَيُؤْتُوا الزَّكَاةَ وَذَلِكَ دِينُ الْقَيِّمَةِ﴾ ﴿كىتاب بېرىلگەنلەر (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) پەقەت ئۆزلىرىگە روشەن دەلىل كەلگەندىن كېيىنلا ئىختىلاپ قىلىشتى. ئۇلار پەقەت ئىبادەتنى اﷲقا خالىس قىلغان، ھەق دىنغا ئېتىقاد قىلغان ھالدا (يالغۇز) اﷲقىلا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلدى. نامازنى ئادا قىلىشقا، زاكاتنى بېرىشكە (بۇيرۇلدى). ئەنە شۇلار (يەنى ئىبادەت، ئىخلاس، ناماز ۋە زاكاتلار) توغرا دىندۇر﴾[3].

مانا بۇلار ساماۋىي دىنلاردىكى زاكات توغرىسىدا كەلگەن بايانلاردۇر. بۇ دىنلار ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسى بولغان ئەخلاقىي نۇقتىلارنى، يەنى پېقىر - مىسكىنلەرگە ياخشىلىق قىلىش تەربىيىسىنى ئۇنتۇپ قالماسلىقى كېرەك.

## مەككە دەۋرى

ئىسلامنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدىن، مەككىدىكى مۇسۇلمانلار سان جەھەتتە ئاز، دىنىنى يوشۇرۇۋاتقان، ئۆز يۇرتىدا تۇرۇپمۇ تۇرلۇك قىيىن - قىستاقلارغا دۇچ كېلىۋاتقان ۋاقىتتىن تارتىپ بۇنداق ئىنسانىي ۋە ئىجتىمائىي ياردەملىشىش اﷲ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەن بىر تېما ئىدى. ھەربىر ئىنسان اﷲنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش ئۈچۈن بېسىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك داۋان ۋە جەننەت بولسا، قۇللارنى ئازاد قىلىش، پېقىر - مىسكىنلەرگە تاماق بېرىشكە ئوخشاش كىشىلەرگە قىلىنىدىغان ياخشىلىقلاردا ئىپادىلىنەتتى. اﷲ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿فَلَا اقْتَحَمَ الْعَقَبَةَ وَمَا أَدْرَاكَ مَا الْعَقَبَةُ فَكُّ رَقَبَةٍ أَوْ إِطْعَامٌ

[1] سۈرە مائىدە، 12 - ئايەت.

[2] سۈرە مەريەم، 31 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[3] سۈرە بەييىنە، 4 - ۋە 5 - ئايەتلەر.

فِي يَوْمٍ ذِي مَسْغَبَةٍ يَتِيمًا ذَا مَقْرَبَةٍ أَوْ مِسْكِينًا ذَا مَتْرَبَةٍ ثُمَّ كَانَ مِنَ الَّذِينَ آمَنُوا وَتَوَاصَوْا بِالصَّبْرِ وَتَوَاصَوْا بِالْمَرْحَمَةِ أُوْلَئِكَ أَصْحَابُ الْمَيْمَنَةِ﴾ ﴿ئۇ داۋان ئاشمىدى. داۋان ئېشىشنىڭ نېمىلىكىنى قانداق بىلەتتىڭ؟ (داۋان ئېشىش دېگەن) قۇل ئازاد قىلماقتۇر، ياكى ئاچارچىلىق كۈندە تۇغقانچىلىقى بولغان يېتىمگە ياكى توپىدا ياتقان مىسكىن (يەنى ھالى ناچار كەمبەغەل)گە تاماق بەرمەكتۇر. شۇنىڭ بىلەن بىللە (يەنى يۇقىرىقىلارنى قىلىش بىلەن بىللە) ئىمان ئېيتقانلاردىن، ئۆزئارا سەۋر قىلىشقا تەۋسىيە قىلىشقانلاردىن، ئۆزئارا مەرھەمەت قىلىشقا تەۋسىيە قىلىشقانلاردىن بولماقتۇر. ئەنە شۇلار (يەنى يۇقىرىدىكى ئىشلارنى قىلغان كىشىلەر) سائادەتمەن كىشىلەردۇر﴾[1].

«قۇرئان كەرىم»دىكى دەسلەپتە نازىل بولغان سۈرىلەردىن بىرى سۈرە زۇھا ئىدى. الله تائالا ئۇنىڭدا مۇنداق دېگەن: ﴿فَأَمَّا الْيَتِيمَ فَلَا تَقْهَرْ وَأَمَّا السَّائِلَ فَلَا تَنْهَرْ﴾ ﴿يېتىمنى خارلىما، سائىلغا قوپاللىق قىلما﴾[2]. الله تائالا سۈرە مۇددەسسىردە دوزاختىكى ئاسىيلارنىڭ ئېتىراپلىرىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: ﴿قَالُوا لَمْ نَكُ مِنَ الْمُصَلِّينَ وَلَمْ نَكُ نُطْعِمُ الْمِسْكِينَ﴾ ﴿ئۇلار (جاۋابەن) ئېيتىدۇ: ‹بىز ناماز ئوقۇمىدۇق، مىسكىنلەرگە تائام بەرمىدۇق﴾[3]. يەنە سۈرە زارىياتتا مۇتتەقىيلەرنى سۈپەتلەپ مۇنداق دېگەن: ﴿وَفِي أَمْوَالِهِمْ حَقٌّ لِّلسَّائِلِ وَالْمَحْرُومِ﴾ ﴿ئۇلارنىڭ پۇل ـ ماللىرىدا سائىللار ۋە (ئېپىپەتلىكىدىن سائىللىق قىلمايدىغان) موھتاجلار ھوقۇقى ئىگە ئىدى (يەنى ئۇلار سائىللارغا ۋە موھتاجلارغا سەدىقە قىلاتتى﴾[4]. سۈرە مەئارىجدا مۇنداق دېگەن: ﴿وَالَّذِينَ فِي أَمْوَالِهِمْ حَقٌّ مَّعْلُومٌ لِلسَّائِلِ وَالْمَحْرُومِ﴾ ﴿ئۇلار ماللىرىدىن تىلەيدىغان پېقىرغا ۋە تىلىمەيدىغان پېقىرغا مۇئەييەن ھەق (يەنى زاكات) بېرىدۇ﴾[5].

الله تائالا بىر باغ ئىگىلىرىنىڭ ئۇنىڭ مېۋىسىنى پېقىر ـ مىسكىنلەرگە بەرمەسلىكنى مەقسەت قىلىپ، كېچىدە ئۈزمەكچى بولغان ئەھۋالىنى سۈرە قەلەمدە مۇسۇلمانلارغا بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: ﴿فَطَافَ عَلَيْهَا طَائِفٌ مِّن رَّبِّكَ وَهُمْ نَائِمُونَ فَأَصْبَحَتْ كَالصَّرِيمِ﴾ ﴿ئۇلار ئۇخلاۋاتقاندا باغقا پەرۋەردىگارىڭ تەرىپىدىن ئازاب (يەنى يانغىن) نازىل بولۇپ، باغ (كۆيۈپ) قاپقارا كۆلدەك بولۇپ قالدى﴾[6]. سۈرە مائۇندا مۇنداق دېگەن: ﴿أَرَأَيْتَ

---

[1] سۈرە بەلەد، 11 ـ ئايەتتىن 18 ـ ئايەتكىچە.

[2] سۈر زۇھا، 9 ـ ۋە 10 ـ ئايەتلەر.

[3] سۈرە مۇددەسسىر، 43 ـ ۋە 44 ـ ئايەتلەر.

[4] سۈرە زارىيات، 19 ـ ئايەت.

[5] سۈرە مائارىج، 24 ـ ۋە 25 ـ ئايەتلەر.

[6] سۈرە قەلەم، 19 ـ ۋە 20 ـ ئايەتلەر.

**الَّذِي يُكَذِّبُ بِالدِّينِ فَذَلِكَ الَّذِي يَدُعُّ الْيَتِيمَ وَلَا يَحُضُّ عَلَى طَعَامِ الْمِسْكِينِ**﴾ ﴿دىننى ئىنكار قىلغان ئادەمنى كۆردۈڭمۇ؟ ئۇ يېتىمنى دۆشكەلەيدىغان، مىسكىنگە تاماق بېرىشنى تەرغىب قىلمايدىغان ئادەمدۇر﴾[1].

اللہ تائالا سۈرە ھاققەدە دوزىخىيلارنىڭ جازاغا تارتىلىشىنىڭ، تاقاق ۋە زەنجىر بىلەن سۆرىلىشىنىڭ سەۋەبلىرىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: ﴿**إِنَّهُ كَانَ لَا يُؤْمِنُ بِاللَّهِ الْعَظِيمِ وَلَا يَحُضُّ عَلَى طَعَامِ الْمِسْكِينِ**﴾ ﴿(ئۇنىڭ بۇنداق ئازابلىنىشى شۇنىڭ ئۈچۈندۇركى)، ئۇ ھەقىقەتەن ئۇلۇغ اللہقا ئىمان ئېيتمىغانىدى. مىسكىنگە تاماق بېرىشنى تەرغىب قىلمايتتى﴾[2]. اللہ تائالا سۈرە فۇسسىلەتتە مۇشرىكلارنى دوزاخ بىلەن ئاگاھلاندۇرۇپ ۋە ئۇلارنىڭ ئاساسى سۈپەتلىرىنىڭ زاكات بەرمەسلىك ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: ﴿**وَوَيْلٌ لِّلْمُشْرِكِينَ الَّذِينَ لَا يُؤْتُونَ الزَّكَاةَ وَهُم بِالْآخِرَةِ هُمْ كَافِرُونَ**﴾ ﴿مۇشرىكلارغا ۋاي! ئۇلار زاكات بەرمەيدۇ، ئاخىرەتكە ئىشەنمەيدۇ﴾[3]. اللہ تائالا سۈرە شۇرادا مۆئمىن جەمئىيەتنى مەدھىيىلەپ مۇنداق دېگەن: ﴿**وَالَّذِينَ اسْتَجَابُوا لِرَبِّهِمْ وَأَقَامُوا الصَّلَاةَ وَأَمْرُهُمْ شُورَى بَيْنَهُمْ وَمِمَّا رَزَقْنَاهُمْ يُنفِقُونَ**﴾ ﴿پەرۋەردىگارىنىڭ دەۋىتىگە ئاۋاز قوشالايدىغانلارغا، نامازنى (تەئدىل ئەركان بىلەن) ئۆتەيدىغانلارغا، ئىشلىرىنى مەسلىھەت بىلەن قارار قىلىدىغانلارغا، بىز رىزىق قىلىپ بەرگەن نەرسىلەردىن سەدىقە قىلىدىغانلارغا...﴾[4]. سۈرە ئەنئامدا مۇنداق دېگەن: ﴿**كُلُواْ مِن ثَمَرِهِ إِذَا أَثْمَرَ وَآتُواْ حَقَّهُ يَوْمَ حَصَادِهِ**﴾ ﴿مېۋە (نىڭ ھوسۇلى)نى يىغقان كۈندە (يەنى يىغقان ۋاقىتتا)، ئۇنىڭ ئۆشرىسىنى ئادا قىلىڭلار﴾[5]. سۈرە مۇززەممىلدە مۇنداق دېگەن: ﴿**وَأَقِيمُوا الصَّلَاةَ وَآتُوا الزَّكَاةَ وَأَقْرِضُوا اللَّهَ قَرْضًا حَسَنًا**﴾ ﴿نامازنى ئادا قىلىڭلار، زاكاتنى بېرىڭلار، اللہقا قەرزى ھەسەنە بېرىڭلار (يەنى اللہنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن ياخشىلىق يوللىرىغا پۇل - مال سەرپ قىلىڭلار)﴾[6]. مانا بۇلار پېقىر - مىسكىنلەرگە ياخشىلىق قىلىش ۋە كۆڭۈل بۆلۈش، تىلەيدىغان ۋە تىلىمەيدىغان موھتاجلارنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىش ھەققىدە قۇرئان كەرىمدە بايان قىلىنغان ئايەتلەردۇر.

---

[1] سۈرە مائۇن، 1 - ئايەتتىن 3 - ئايەتكىچە.

[2] سۈرە ھاققە، 33 - ۋە 34 - ئايەتلەر.

[3] سۈرە فۇسسىلەت، 6 - ۋە 7 - ئايەتلەر.

[4] سۈرە شۇرا، 38 - ئايەت.

[5] سۈرە ئەنئام، 141 - ئايەت.

[6] سۈرە مۇززەممىل، 20 - ئايەت.

## ئىسلامىي زاكات ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە يېڭى تۈزۈمدۇر

ھەممىگە تونۇشلۇق ئىسلامىي زاكات بولسا، ياخشىلىق ۋە ئومۇمىي خىراجەتتىن ھالقىپ ئۆتىدۇ. مەككە دەۋرىدە يولغا قويۇلغان، بەلكى ئىلگىرىكى دىنلاردا شىرئىي قىلىنغان مۇتلەق زاكاتتىن پەرقلىنىدۇ. مەدىنە دەۋرىدە يولغا قويۇلغان زاكات بولسا، يېڭىچە بىر شەرىئەت بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى ھېچقانداق بىر ساماۋىي دىن ياكى دۇنياۋىي تۈزۈمدە يولغا قويۇلمىغانىدى.

ئۇ، ئىسلامنىڭ بىر ئەركانى، ئىماننىڭ بىر تۈۋرۈكىدۇر. ئۇنى شاھادەت ئېيتىش (يەنى اللهنىڭ بار ۋە بىرلىكىگە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىش) ۋە ناماز ئوقۇش بىلەن بىرگە ئادا قىلىش ئىسلامغا كىرگەنلىكنىڭ، دىنىي قېرىنداشلىقنى ئەمەلىيلەشتۈرگەنلىكنىڭ ئالامىتى ھېسابلىنىدۇ. الله تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿فَإِن تَابُواْ وَأَقَامُواْ الصَّلاَةَ وَآتَوُاْ الزَّكَاةَ فَخَلُّواْ سَبِيلَهُمْ﴾ ﴿ئەگەر ئۇلار تەۋبە قىلسا، ناماز ئوقۇسا، زاكات بەرسە، ئۇلارنى قويۇپ بېرىڭلار﴾[1]؛ ﴿فَإِن تَابُواْ وَأَقَامُواْ الصَّلاَةَ وَآتَوُاْ الزَّكَاةَ فَإِخْوَانُكُمْ فِي الدِّينِ﴾ «ئەگەر ئۇلار (كۇفرىدىن) تەۋبە قىلسا، ناماز ئۆتىسە، زاكات بەرسە، دىنىي جەھەتتە سىلەرنىڭ قېرىنداشلىرىڭلار بولىدۇ (يەنى ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەتتە ئۇلار سىلەر بىلەن ئوخشاشتۇر﴾[2].

ئۇ شۇنداق بىر پەرزكى، ئۇنى ئىنكار قىلغان كىشى كاپىر بولىدۇ، بەرمىگەن كىشى ئاسىي بولىدۇ. مۇسۇلمانلار جامائەسى ئۇنى بەرمىگەنلەرگە قارشى قوشۇن تارتىپ جەڭ قىلىدۇ. ئەبۇ بەكرى (الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن)نىڭ: «اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تاپشۇرۇلۇۋاتقان ئوغلاق چاغلىق زاكاتنى ماڭا تاپشۇرمىسا، مەن ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىمەن» دېگەن مەشھۇر سۆزىنى ۋە زاكاتنى تاپشۇرۇشقا بويۇنتاۋلىق قىلغانلارغا قارشى 11 قېتىم قوشۇن تەييارلىغانلىقىنى ئەسلەش بىزگە كۇپايە قىلىدۇ:

بىلىش كېرەككى، ئىسلامدىكى زاكات پەقەتلا باي پېقىرغا ئىلتىپات كۆرسىتىدىغان ياكى قول ئىلكىدە بار كىشى يوقسۇلغا ياخشىلىق قىلىدىغان «ئىئانە» ئەمەس. بەلكى، ئۇ ئەڭ ئالىي ۋە ئەڭ يۇكسەك مەرتىۋىلىك ۋەزىپىدۇر.

ئۇ، ئىسلام ئىقتىسادىي تۈزۈمىنىڭ مۇھىم بىر قىسمى، نامراتلىق كىرىزىسىنى ياكى ئومۇمىيۈزلۈك پۇل ـ مال كىرىزىسىنى ھەل قىلىدىغان تەڭداشسىز بىر تۈزۈم بولۇپ،

---

[1] سۈرە تەۋبە، 5 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] سۈرە تەۋبە، 11 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

دۇنيا ئىنسانىيەت ھاياتىدىكى ئەڭ مۇھىم بولغان بۇ قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىدىغان بىرمۇ تۈزۈمنى ئوتتۇرىغا چىقىرىشتىن بۇرۇن ئىسلام دىنى ئۇنى ھەل قىلغانىدى.

ئىسلام زاكات بېرىش پەرز بولىدىغان پۇل - ماللارنى، زاكات پەرز بولىدىغان ئەڭ تۆۋەن چەكنى، قاچان پەرز بولىدىغانلىقىنى، ھەرقانداق پۇل - مالدىن چىقىرىشقا تېگىشلىك بولغان مىقدارنى بېكىتتى.

ئىنسان كۆپ كۈچىمەيلا الله تائالا زېمىندىن چىقىرىپ بېرىدىغان زىرائەتلەرگە ئوندىن بىرنى، مۇبادا زىرائەتلەر سايمان ـ ئۈسكۈنىلەرنىڭ ياردىمىدە سۇغۇرۇلسا، ئوندىن بىرنىڭ يېرىمىنى بېرىشنى پەرز قىلدى. بۇ خىل زكات بېرىش ھەرقانداق بىر زىرائەتكە توغرا كېلىدۇ.

ئالتۇن - كۈمۈش ۋە تىجارەت تۈرىدىكى ماللار ئالتۇن - كۈمۈشنىڭ بىرگە تەققاسلىنىدۇ. بۇ، مەلۇم مىقدارغا يېتىپ، قەمەرىيە يىلى بويىچە بىر يىل ئۆتسە، يىلدا ئىككى يېرىم پىرسەنت زاكات پەرز بولىدۇ.

ئىسلام دىنى تۆگە، كالا، قوي قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ زاكاتلىرى ئۈچۈن مەخسۇس تۈزۈم يولغا قويدى.

زاكات بېرىشتىكى مىقدارلارنىڭ پەرقلىق بولۇشىدىكى ھېكمەت شۇكى، ئىنساننىڭ جاپاسى ئاز، ئىلاھىي قۇدرەتنىڭ كۈچى قانچىلىك كۆپ كۆرۈلگەن بايلىقتا بېرىشكە تېگىشلىك زاكات شۇنچە كۆپ بولىدۇ، ئۇنىڭ ئەكسىچە بولسا ئاز بولىدۇ.

ئىمام ئىبنى قەييۇم بۇ نۇقتىغا ئالاھىدە دىققەت قىلغان ۋە «زادۇلمەئاد» ناملىق كىتابىدا بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن:

«الله تائالا بېرىشكە تېگىشلىك زاكات مىقدارلىرىنى پۇل ئىگىلىرىنىڭ تىرىشچانلىقلىرىغا قاراپ بىر - بىرىدىن پەرقلىق قىلدى. ئۇنىڭ جاپالىق ياكى ئاسانلىقىغا قارىدى. ئۇزۇن زاماندىن قالغان، ئەمما ئىنسان تاسادىپىي تېپىۋالغان پۇل - ماللارغا (كان ۋە تەبىئىي بايلىقلارمۇ ئۇنىڭ ھۆكمىدە) بەشتىن بىرىنى پەرز قىلىپ، ئۇنىڭغا يىل ئۆتۈشىنى شەرت قىلمىدى، بەلكى ئۇنى تېپىۋالغان ھامان بېرىشنى پەرز قىلدى.

ھوسۇلىنى مەلۇم دەرىجىدە جاپا ـ مۇشەققەت بىلەن ئالىدىغان مېۋە ۋە زىرائەتلەردە ئوننىڭ يېرىمى (يەنى ئوننىڭ بىرى) پەرز قىلىندى. ئىنسان ئۇلارنى تېرىپ ئۆستۈرىدۇ، ئەمما سۇغۇرۇشقا ھېچقانداق كۈچ چىقارمايدۇ. بەلكى، الله تائالا ئۆزى يامغۇر ئارقىلىق سۇغۇرۇپ بېرىدۇ.

ئىنسان ئۆزى ھەرخىل ۋاسىتىلەر ئارقىلىق سۇغۇرىدىغان زىرائەتلەردىن ئوننىڭ بىرىنىڭ يېرىمىنى ئايرىش پەرز قىلىندى. شۇنىڭدەك، كۆپىيىشى پۇل ـ مال

ساھىبىنىڭ ھەر تەرەپكە سەپەر قىلىش، ئىگىلىك باشقۇرۇش، بىر مەزگىل كۆتۈشكە ئوخشاش تىرىشچانلىقىغا باغلىق بولغان پۇل ـ مالغا ئۇنىنىڭ بىرىنىڭ تۆتتىن بىرىنى (يەنى قىرىقتىن بىرىنى) ئايرىش پەرز قىلىندى. شەكسىزكى، بۇنىڭ جاپا ـ مۇشەققىتى زىرائەت ۋە مېۋىلەرنىڭ جاپا ـ مۇشەققىتىگە قارىغاندا كۆپرەك بولىدۇ. شۇنداقلا، زىرائەت ۋە مېۋىلەرنىڭ ھوسۇلى تىجارەتنىڭ پايدىسىدىن كۆپرەك بولىدۇ، شۇڭا ئۇنىڭ زاكىتى تىجارەتنىڭ زاكىتىدىن جىقراق بەلگىلەندى. سۇ بىلەن سۇغۇرۇلىدىغان زىرائەتلەرنىڭ يېتىلىشى قۇدۇق سۈيى بىلەن سۇغۇرۇلىدىغان زىرائەتلەرنىڭكىدىن ياخشى بولىدۇ...».

ئىسلام دىنى بەلگىلىگەن مىقدارغا يەتمىگەن پۇل ـ مالدىن زاكاتنى ساقىت قىلىۋەتتى. پۇل ـ مالنىڭ ھەربىر تۈرىگە ئەڭ تۆۋەن مىقدارنى بېكىتتى، شۇ مىقداردىن ئاشمىغۇچە زاكات پەرز بولمايدۇ.

الله تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿وَيَسْأَلُونَكَ مَاذَا يُنفِقُونَ قُلِ الْعَفْوَ﴾ ﴿ئۇلار سەندىن نېمىنى سەدىقە قىلىش توغرۇلۇق سورايدۇ. «(ئېھتىياجدىن) ئارتۇقىنى (سەدىقە قىلىڭلار)» دېگىن﴾[1].

بىراق، ئىسلام ئاشۇ تۆۋەن مىقدارنى پەقەت چوڭ بايلارغىلا تەتبىقلىنىدىغان دەرىجىدە ئۆستۈرمىدى. بەلكى، كۆپىنچە مۇسۇلمانلارنىڭ جەمئىيەت ئامانلىقىغا ھەسسە قوشالىشى، يوقسۇللارغا ھەمدەم بولالىشى، مۇسۇلمان ئاممىسىنىڭ ئومۇمي مەنپەئىتىنى قوغدىيالىشى ئۈچۈن پۇرسەت يارىتىپ بېرىدىغان شەكىلدە قىلدى.

## زاكاتنى دۆلەت يىغىدۇ

ھېچكىمنىڭ زېھنىگە: زاكات باينىڭ ئىلتىپاتى ۋە مەرھەمىتى، پېقىرنىڭ تىلەمچىلىكى ۋە بويۇن قىسىشىدىن ئىبارەت دېگەن ئوي كېلىپ قالمىسۇن. ئىسلام بەلگىلىمىسىگە كۆرە، زاكات ھەققىدە باي بىلەن پېقىر ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق مۇئامىلە بولمايدۇ. ئەكسىچە، بايلاردىن زاكات ئېلىشتا ھۆكۈمەت كەمبەغەللەرنىڭ ۋاكالەتچىسىدۇر. الله تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق دېگەن: ﴿خُذْ مِنْ أَمْوَالِهِمْ صَدَقَةً تُطَهِّرُهُمْ وَتُزَكِّيهِم بِهَا﴾ ﴿(ئى مۇھەممەد!) ئۇلارنىڭ ماللىرىنىڭ بىر قىسمىنى سەدىقە ھېسابىدا ئالغىنكى، ئۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى گۇناھلىرىدىن پاكلىغايسەن ۋە (ياخشىلىقلىرىنى) كۆپەيتكەيسەن﴾[2]. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇئاز (الله ئۇنىڭدىن

[1] سۈرە بەقەرە، 219 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] سۈرە تەۋبە، 103 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

رازى بولسۇن)نى يەمەنگە ۋالى ۋە دەۋەتچى قىلىپ ئەۋەتكەندە ئۇنىڭغا مۇنداق دېگەن: «ئۇلارغا بىلدۇرگىنكى، اﷲ تائالا ئۇلارغا بايلاردىن ئېلىنىپ، پېقىرلارغا قايتۇرۇلىدىغان سەدىقىنى پەرز قىلدى».

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەلىماتى بۇنىڭ دەلىلىدۇر: «ئىسلام نەزىرىدىكى زاكات بولسا، ئۇممەتنىڭ بايلىرىدىكى بىر قىسىم پۇل ـ ماللارنى يەنە شۇ ئۇممەتنىڭ پېقىرلىرىغا سەرپ قىلىشتىن ئىبارەت. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئىسلام ئۇممىتىنىڭ بىر قولىدىكى (يەنى بايلارنىڭ قوللىرىدىكى) اﷲ تائالا تەرىپىدىن ساقلاش، راۋاجلاندۇرۇش ۋە تەسەررۇپ قىلىش مەسئۇلىيىتى تاپشۇرۇلغان پۇل ـ مېلىنىڭ بىر قىسمىنى، گەرچە تىرىشىپ ئىشلىسىمۇ ئېھتىياجىنى قامدىيالمايدىغان ياكى ئىشلەشكە قۇدرىتى يەتمەيدىغان يەنە بىر قولىغا (يەنى كەمبەغەللەرنىڭ قوللىرىغا) يۆتكەشتىن ئىبارەت».

زاكاتنى ھۆكۈمەت يىغىدۇ. ئىسلام بۇ نۇقتىنى تەكىتلەپ ئۆتتى ۋە زاكات بېرىلىدىغانلارنىڭ قاتارىغا ئۇنى يىغىشقا مەسئۇل خادىملارنىمۇ كىرگۈزدى. ئىسلام زاكاتنى تۆۋەندىكى سەۋەبلەر ئۈچۈن يەككە كىشىلەرنىڭ ئۆزلىكىدىن بېرىشىگە ئەمەس، دۆلەتنىڭ يىغىشىغا تاپشۇردى:

1. كۆپىنچە كىشىلەرنىڭ قەلبى ئۆلۈك ياكى كېسەل بولغاچقا، پېقىرنىڭ ھەققى ئۇنداقلارغا تاشلاپ قويۇلسا، ئۇنىڭ ھەققىگە كاپالەتلىك قىلغىلى بولمايدۇ.

2. پېقىر ئۆزىنىڭ ھەققىنى بايدىن بىۋاسىتە ئالماي، ھۆكۈمەتتىن ئالسا، ئۇنىڭ ھۆرمىتى ساقلىنىپ قالىدۇ ۋە باي ئالدىدا تەرلەپ ئولتۇرمايدۇ.

3. بۇ ئىش شەخسلەرگە تاشلاپ قويۇلسا، زاكاتنى جايىغا تارقىتىش ئىشلىرىدا قالايمىقانچىلىق چىقىدۇ. چۈنكى، بىرقانچە باي زاكىتىنى بىرلا پېقىرغا بېرىپ قېلىشى، باشقا پېقىرلارنى، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ ئېھتىياجلىق پېقىرلارنى بىلمەي قېلىشى مۇمكىن.

4. زاكات پەقەت پېقىر ـ مىسكىنلەرگىلا سەرپ قىلىنمايدۇ. بەلكى، شەخسلەر بايقىيالمايدىغان، ئەمما ئومۇمىيۈزلۈك مۇسۇلمانلارغا پايدىلىق بولغان نۇرغۇن ئورۇنلارغا سەرپ قىلىنىدۇ. بۇنى پەقەت مۇسۇلمانلار جامائەسىدىكى مەسئۇلىيەت يۈكلەنگەن كىشىلەرلا بايقىيالايدۇ. مەسىلەن، دىلىنى ئىسلام دىنىغا مايىل قىلىش كۆزدە تۇتۇلغانلارغا بېرىش، اﷲ يولىدا جىھاد قىلىش ئۈچۈن قورال ـ ياراق ۋە ئەسكەر تەييارلاش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

## دۆلەت خەزىنىسى مۇسۇلمانلارنىڭ مۈلكىدۇر

زاكات يىغىلغاندىن كېيىن قەيەرگە بارىدۇ؟

زاكات ئىسلام دۆلىتىنىڭ خەزىنىسىگە بارىدۇ. ئۇنىڭغا ئىسلام دۆلىتىنىڭ زاكات، غەنىمەت، ئۇلجا، خىراج ۋە باشقا كىرىملىرى يىغىلىدۇ. ئەمما زاكات خەزىنىسىنىڭ ئايرىم بۆلۈمىدە ساقلىنىدۇ. باشقا كىرىمگە قوشۇلمايدۇ. بۇ، پېقىر - مىسكىنلەرنىڭ ھەق - نېسىۋىلىرىگە كاپالەتلىك قىلىش، ھە دېسىلا باشقا چىقىملارغا ئىشلىتىپ كەتمەسلىك ئۈچۈندۇر. مانا بۇ، كۆپچىلىك فىقھى ئالىملىرى دەلىللىگەن ۋە ئەمەل قىلىپ كېلىنىۋاتقان ھۆكۈمدۇر.

ئىسلامنىڭ بەزى دۈشمەنلىرى ئىسلام خەلىپىلىرى دۆلەت خەزىنىسىدىن خالىغان نەرسىنى خالىغان يەرگە خۇددى ئۆزىنىڭ خەزىنىسىدەك سەرپ قىلالايدۇ دەپ قارايدۇ. بۇ قاراشنىڭ ئىسلام تەلىماتىدا ھېچقانداق ئاساسى يوق. دۆلەت خەزىنىسى بولسا مۇسۇلمانلار جامائەسىنىڭ ئورتاق مۈلكى، خەلىپە ياكى پادىشاھ ئۇنىڭ ئىشەنچلىك خەزىنىچىسىدۇر. ئۇنىڭ پەقەت ئۆزىگە بەلگىلەنگەن مائاشنى ئېلىش ھوقۇقى بار. بۇ، توغرا يولدا ماڭغان خەلىپىلەرنىڭ تۇتقان يولى بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنى ئۇلارنىڭ يولىغا ئەگىشىشكە، كىشىگە ياقمايدىغان تەرەپلىرى بولسا سەۋر قىلىشقا بۇيرىغان.

ئەبۇ بەكرى (اللە ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) خەلىپىلىككە تەيىنلىنىپ بولغاندىن كېيىن بۇرۇنقى ئادىتى بويىچە تىجارەت قىلىپ، ئۆزىنى ۋە ئائىلىسىنى بېقىش ئۈچۈن بازارغا ماڭدى. يولدا ئۆمەر (اللە ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) ئۇچراپ قېلىپ:

- قاياققا؟- دەپ سورىدى. ئەبۇ بەكرى:

- بازارغا.

- نېمە قىلىپ يۈرىسەن؟ سەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشلىرىغا مەسئۇل تۇرساڭ؟

- بالىلىرىمنى نەدىن باقىمەن؟

- دۆلەت خەزىنىچىسى ئەبۇ ئۇبەيدىنىڭ يېنىغا بارغىن، ئۇ ساڭا مائاش توختىتىسۇن.

شۇنداق قىلىپ، ئەبۇ بەكرى (اللە ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) ئەبۇ ئۇبەيدە (اللە ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن)نىڭ يېنىغا باردى. ئەبۇ ئۇبەيدە: «مەن ساڭا مۇھاجىرلاردىن ئوتتۇراھال سەۋىيەدىكى كىشىنىڭ مائاشىنى توختىتىمەن. قىشلىق ۋە يازلىق كىيىم بېرىمەن، كونىرىتىۋەتسەڭ، ئۇنى قايتۇرۇپ بېرىپ باشقىنى ئالساڭ بولىدۇ» دېدى.

ئۆمەر (اللە ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن)مۇ خەلىپىلىككە ئولتۇرغان چاغدا مۇنداق دېگەن: «مەن اللەنىڭ پۇل - مېلىدىن ئىشلىتىدىغىنىمنى سىلەرگە ئېيتىپ قوياي. قىشتا بىر قۇر، يازدا بىر قۇر كىيىم كىيىمەن. ھەج ۋە ئۆمرە قىلىشىم ئۈچۈن مىنىدىغان بىر

ئۇلاغ، ئائىلەمنى بېقىش ئۈچۈن قورمىشلەردىن ئوتتۇراھال سەۋىيەدىكى كىشىدەك چىقىم قىلىمەن. بىلىڭلاركى، مەنمۇ مۇسۇلمانلاردەك بىر ئىنسانمەن. ئۇلارغا كېلىدىغان مۇسىبەتلەر ماڭىمۇ كېلىدۇ».

ئۇ يەنە مۇنداق دېگەن: «مەن بۇ پۇلغا نىسبەتەن خۇددى يېتىمنىڭ ۋەسىيسىدەك يول تۇتىمەن. ئەگەر مەن ئۇنىڭدىن بىھاجەت بولسام، يېمەيمەن. ئېھتىياجلىق بولسام، مۇۋاپىق رەۋىشتە يەيمەن».

ئۆمەر (اﷲ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف (اﷲ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن)تىن 400 دىرھەم قەرز سوراپ ئادەم ئەۋەتىدۇ. ئابدۇراھمان (اﷲ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن): «سەندە دۆلەت خەزىنىسى تۇرۇپ مەندىن قەرز سوراۋاتامسەن؟ شۇنىڭدىن ئېلىپ تۇرۇپ، كېيىن قايتۇرۇپ بەرمەمسەن؟» دېگەندە، ئۆمەر (اﷲ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن): «ناۋادا ئەجىلىم توشۇپ قالسا، سەن ۋە باشقىلارنىڭ: ئەمىرۇلمۇئمىنىيننىڭ قەرزىنى كەچۈرۈۋېتىڭلار دېيىشىڭلاردىن، ئاندىن قىيامەت كۈنى مېنىڭ ياخشىلىقلىرىمدىن ئېلىنىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيمەن. لېكىن، مەن سېنىڭ بېخىللىقىڭنى، ئۆلۈپ كەتسەم، ھەققىڭنى مىراسىمدىن تولۇق ئالىدىغانلىقىڭنى بىلگەچكە سەندىن قەرز سوراۋاتىمەن» دېگەن.

ئەلى (اﷲ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن)مۇ خەلىپىلىك قىلىۋاتقان ۋاقىتتا بىرەيلەن ئۇنىڭ قېشىغا كىرىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئۈچىسىدا كونا بىر يېپىنچا تۇرغانلىقىنى، سوغۇقتىن توڭلاپ تىترەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ: «ئى ئەمىرۇلمۇئمىنىين، اﷲ تائالا ساڭا ۋە سېنىڭ ئائىلەڭگە دۆلەت خەزىنىسىدىن ھەق توختاتقان تۇرسا، ئۆزۈڭگە مۇشۇنداق قىلىپ ئولتۇرامسەن؟» دەيدۇ. ئۇ ئۇنىڭغا: «مەن سىلەرنىڭ ھەققىڭلارنى ئېلىۋېلىشنى خالىمايمەن» دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

پاكىتلاردىن كېيىن كىممۇ: خەلىپىلەر ۋە ئەمىر ـ ئۇمەرالار زاكاتنى ئۆزلىرىنىڭ خالىغان ئىشلىرىغا ئىشلىتىش ئۈچۈن دۆلەت خەزىنىسىگە يىغىدۇ، دېيەلەيدۇ؟

ئىسلامنىڭ زاكات ھەققىدىكى كۆرسەتمىسىگە ئاساسەن، زاكات يىغىلغان جايلارنىڭ ئۆزىدە تارقىتىلىدۇ. بۇ، ھەدىستە ئالاھىدە ئەسكەرتىلگەن: «ئۇلارنىڭ بايلىرىدىن ئېلىنىپ، پېقىرلىرىغا قايتۇرۇلىدۇ»[1]. ئىمران ئىبنى ھۇسەيىن (اﷲ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن)دىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ زاكات يىغىش ئۈچۈن خىزمەتكە چۈشتى. ئۇ قايتىپ كەلگەندە ئۇنىڭدىن: «پۇل قېنى؟» دەپ سورالدى. ئۇ: «مېنى پۇل

---

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ئۇچۇن ئەۋەتكەنمۇ؟ مەن ئۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا ئالغان يەردىن ئېلىپ، بېرىدىغان جايغا بېرىۋەتتىم» دەپ جاۋاب بەردى[1].

مۇبادا زاكات شۇ يۇرت ئەھلىنىڭ ئېھتىياجىدىن ئېشىپ قالسا، ئۇنى باشقا يۇرتتىكى زاكاتقا لايىق كىشىلەرگە بېرىش ياكى مەركىزى دۆلەت خەزىنىسىگە قوشۇش ئۈچۈن يۆتكەشكە بولىدۇ. ئەبۇ ئۇبەيدە (ﷲ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) مۇنداق رىۋايەت قىلغان: مۇئاز يەمەندىن زاكاتنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى ئۆمەرگە ئەۋەتتى. ئۆمەر بۇ ئىشنى توغرا تاپماي: «مەن سېنى زاكات يىغىشقا ياكى جىزيە ئېلىشقا ئەۋەتمىدىم. ئەكسىچە، بايلاردىن ئېلىپ، پېقىر - مىسكىنلەرگە بېرىشىڭ ئۈچۈن ئەۋەتتىم» دېگەندە، مۇئاز: «مەندىن زاكات ئالىدىغان كىشى تۇرسىمۇ مەن ئۇنى ساڭا ئەۋەتىۋەتكىنىم يوق» دېدى.

ئىسلامدا يېزا - قىشلاقلاردىن زاكات يىغىپ چوڭ ۋە مەركىزىي شەھەرلەرگە سەرپ قىلىدىغان سىياسەت يوق. شۇڭا ئۇ قەيەردە يىغىلسا شۇ يەرگە سەرپ قىلىنىدۇ. بۇ، ئادالەتنىڭ تەقەززاسى، ياخشى تەسەررۇپ قىلىش ۋە ياخشى تارقىتىشنىڭ تەلىپىدۇر. ھەر بىر يۇرتتىكى پېقىرغا زاكاتتا نېسىۋىسىنىڭ بارلىقىنى ۋە ئۇنى ئېلىشقا كۆڭۈل بۆلۈشنى ھېس قىلدۇرۇش ئۈچۈندۇر. بۇ ھال زامانىمىزدىكى كىشىلەرنى يەرلىك تۈزۈمگە دىققەت قىلىشقا ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىدىن پايدىلىنىشقا تەرغىب قىلىدۇ.

## زاكات نېمىلەرگە سەرپ قىلىنىدۇ ۋە كىملەرگە بېرىلىدۇ؟

بىلىش كېرەككى، ئىسلام زاكات سەرپ قىلىنىدىغان كىشى ۋە ئورۇنلارنى بېكىتىپ بەردى. ئۇنى ھاكىملارنىڭ ئۆز خاھىشلىرى بويىچە ئۆزلىرىنىڭ تەرەپدارلىرىغا، ئەگەشكۈچىلىرىگە ۋە ياردەمچىلىرىگە سەرپ قىلىشى ئۈچۈن تاشلاپ قويمىدى. شۇنداقلا، زاكات ئېلىشقا لايىق كەلمەيدىغان، بىراق ئۇنى تەمە قىلىدىغانلارغىمۇ تاشلاپ قويمىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدە سەدىقە ماللارنى كۆرگەن بىر تۈركۈم مۇناپىقلارنىڭ ئۇنى ئېلىش ئۈچۈن شۆلگەيلىرى ئېقىپ كەتكەنىدى. ﷲ تائالا ئۇلار ھەققىدە مۇنۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: ﴿وَمِنْهُم مَّن يَلْمِزُكَ فِي الصَّدَقَاتِ فَإِنْ أُعْطُواْ مِنْهَا رَضُواْ وَإِن لَّمْ يُعْطَوْاْ مِنهَا إِذَا هُمْ يَسْخَطُونَ﴾ (ئى مۇھەممەد!) ئۇلارنىڭ بەزىسى سېنىڭ سەدىقە (ۋە

---

[1] ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

غەنىمەت)لەرنى تەقسىم قىلىشنى ئەيىبلەيدۇ، ئۇلارغا ئۇنىڭدىن بېرىلسە خۇش بولىدۇ، بېرىلمىسە خاپا بولۇشىدۇ﴾[1].

ﷲ تائالا مەزكۇر ئايەتتىن كېيىن زاكات بېرىلىدىغان كىشى ۋە ئورۇنلارنى مۇنداق بايان قىلدى: ﴿إِنَّمَا الصَّدَقَاتُ لِلْفُقَرَاء وَالْمَسَاكِينِ وَالْعَامِلِينَ عَلَيْهَا وَالْمُؤَلَّفَةِ قُلُوبُهُمْ وَفِي الرِّقَابِ وَالْغَارِمِينَ وَفِي سَبِيلِ اللّهِ وَابْنِ السَّبِيلِ فَرِيضَةً مِّنَ اللّهِ وَاللّهُ عَلِيمٌ حَكِيمٌ﴾ ﴿زاكات پەقەت پېقىرلارغا، مىسكىنلەرگە، زاكات خادىملىرىغا، دىللىرىنى ئىسلامغا مايىل قىلىش كۆزدە تۇتۇلغانلارغا، قۇللارنى ئازاد قىلىشقا، قەرزدارلارغا، ﷲنىڭ يولىغا، ئىبنى سەبىللەرگە بېرىلىدۇ. بۇ، ﷲنىڭ بەلگىلىمىسىدۇر، ﷲ (بەندىلىرىنىڭ مەنپەئەتىنى) ئوبدان بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر﴾[2].

دېمەك، ﷲ تائالا زاكات بېرىلىدىغانلارنى «قۇرئان كەرىم»دە ئۆزى بىۋاستە بايان قىلدى. بۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ھېچقانداق بىر ئادەمنىڭ نەپسىنىڭ كەينىگە كىرىپ، زاكاتنى ﷲ تائالا رۇخسەت قىلمىغان مەزكۇر سەككىز تۈرلۈك كىشى ياكى ئورۇندىن باشقا يەرگە ئىشلىتىش ھوقۇقى يوقتۇر.

1. پېقىر.
2. مىسكىن.

بۇ سەككىز تۈرلۈك كىشىنىڭ بىرىنچىسى پېقىر، ئىككىنچىسى مىسكىندۇر. بۇلار زاكات ئېلىشقا ھەقلىق بولغان كەمبەغەل ۋە ئېھتىياج ساھىبلىرىدۇر. ئەگەر بۇ ئىككى تۈرلۈك كىشىدىن بىرى ئايرىم تىلغا ئېلىنسا، يەنە بىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مۇبادا مەزكۇر ئايەتتىكىدەك ھەر ئىككى تۈرى بىرگە تىلغا ئېلىنسا، پېقىر ھېچقانداق بىر نەرسىسى يوق ياكى پۇل - مېلى ئۆلچەمگە يەتمەيدىغان ئادەمنى كۆرسىتىدۇ. مىسكىن بولسا موھتاج، ئەمما پېقىرغا نىسبەتەن ھال - ئەھۋالى سەل ياخشىراق ئادەمنى كۆرسىتىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «باشقىلار ئالدىدىن بىر - ئىككى تال خورما ياكى بىر - ئىككى لوقما تائام بىلەن قايتقان ئادەم مىسكىن ئەمەس، ھەقىقىي مىسكىن دېگەن تىلەمچىلىكتىن ئۆزىنى تارتقان ئادەمدۇر. خالىساڭلار مۇنۇ ئايەتنى ئوقۇڭلار: ﴿لاَ يَسْأَلُونَ النَّاسَ إِلْحَافًا﴾ ﴿ئۇلار كىشىلەرگە چاپلىشىۋېلىپ تىلەمچىلىك قىلمايدۇ﴾[3]». يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق كەلگەن: «كىشىلەرنى ئايلىنىپ يۈرۈپ بىر -

---

[1] سۇرە تەۋبە، 58 - ئايەت.

[2] سۇرە تەۋبە، 60 - ئايەت.

[3] سۇرە بەقەرە، 273 - ئايەت.

ئىككى لوقما تائام ۋە بىر ـ ئىككى تال خورما بەرسە قايتىپ كېتىدىغان ئادەم مىسكىن ئەمەس، مىسكىن دېگەن ئۆزىنى قامدىيالىغۇدەك بايلىققا ئىگە ئەمەس. لېكىن ئۇنىڭ مىسكىنلىكىنى باشقىلار سەزمىگەنلىكتىن سەدىقىمۇ بەرمەيدۇ، ئۆزى قوپۇپ تىلەمچىلىكمۇ قىلمايدۇ» (بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

كۆپىنچە كىشىلەر پېقىر ـ مىسكىن دېسە پەقەت پېقىرلىقى ھەممىگە ئايان بولغان ياكى ئۆزىنى مىسكىن كۆرسىتىدىغان، تىلەمچىلىك قىلىدىغان كىشىنى كۆزدە تۇتىدۇ. لېكىن، مەزكۇر ھەدىستىن شۇنداق بىر نەرسە ئايان بولىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەسكەرتىپ ئۆتكەن مىسكىن بولسا، كىرىمى ئائىلىسىنىڭ خىراجىتىنى قامدىيالمايدىغان ياكى كۈندىلىك ئېھتىياجلىرىنى تەمىنلىيەلمىگەن، ئەمما باشقىلارغا قول ئۇزارتىشتىن خىجىل بولىدىغان كۆپلىگەن ئائىلىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇلارغا زاكات بېرىلسە بولىدۇ. بىر ئادەم ھەسەن بەسرى (اللّٰه ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن)دىن ئۆيى، خىزمەتچىسى بار ئادەم زاكات ئالسا بولامدۇ؟ دەپ سورىغاندا، ئۇ: «زاكاتقا ئېھتىياجلىق بولسا ئالىدۇ، بۇنىڭدا ھېچقانداق ھەرەج بولمايدۇ» دېگەن.

زاكاتتىن مىسكىنگە بىر ـ ئىككى دىرھەم بېرىپ قويۇپلا ئۇنى داۋاملىق موھتاج قىلماسلىق كېرەك. بەلكى، ئۇنىڭ ھاجىتىنى قامدىيالىغۇدەك بېرىش كېرەك. ئۆمەر (اللّٰه ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) مۇنداق دېگەن: «زاكات بەرسەڭلار مىسكىن بىھاجەت بولغۇدەك بېرىڭلار...». ئۆمەر (اللّٰه ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن)گە بىرەيلەن ئائىلىسىنىڭ ۋەيران بولغانلىقىنى دېگەندە، ئۇنى موھتاجلىقتىن بىھاجەت قىلىش ئۈچۈن ئۈچ تۆگە بەرگەن. ئۆمەر (اللّٰه ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن): «ھاجەتمەنلەرگە 100 تۆگە كەتسىمۇ، زاكاتنى قايتىلاپ بېرىۋېرىڭلار» دېگەن. قازى ئابدۇلۋاھھاب (اللّٰه ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) مۇنداق دېگەن: «ئىمام مالىك (اللّٰه ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) ھاجەتمەنگە بېرىلىدىغان زاكاتقا مۇئەييەن مىقدار توختاتمىدى. ئۇ ھەم مۇنداق دېگەن: ‹زاكاتقا موھتاج بولغانلارغا، گەرچە ئۇلارنىڭ ئولتۇراق جايى، خىزمەتچىسى، ئۇلىغى بولغان تەقدىردىمۇ زاكات بېرىلىدۇ›».

تىجارەتچى تىجارىتىنى باشلىۋېلىشى، ھۈنەرۋەن سايمان سېتىۋېلىشى ئۈچۈن زاكاتتىن ئالىدۇ. تابىئىن ۋە كاتتا فىقھى ئالىمى ئەتا (اللّٰه ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) مۇنداق دېگەن: «بىر ئادەم زاكات پۇلىنى مۇسۇلمان ئائىلىسىگە بېرىپ، ئۇلارنى موھتاجلىقتىن چىقىرالىسا، ئۇ كىشى ماڭا ئەڭ يېقىن دوستتۇر».

ئەبۇ ئۇبەيدە (اللّٰه ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) ئۆزىنىڭ قىممەتلىك ئەسىرى «پۇل ـ ماللار» ناملىق كىتابىدا ساھابە ۋە تابىئىنلارنىڭ سۆزلىرىنى نەقىل كەلتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن مۇنداق دېگەن: «بۇ بايانلارنىڭ ھەممىسى ھاجەتمەن قەرزدار بولمىسىمۇ، ئۇنىڭغا بېرىلىدىغان زاكاتنىڭ ئەڭ تۆۋەن ئۆلچىمىنىڭ يوقلىقىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ ياكى

مۇسۇلمانلار ئۇنىڭدىن ھالقىپ كەتسە بولمايدىغان تەرەپنىمۇ كۆرسەتمەيدۇ. بەلكى، ئۇنىڭدا مېھرى - مۇھەببەت ۋە پەزىلەت كۆزدە تۇتۇلغان. بولۇپمۇ بىر باي سالىھ مۇسۇلمان ئائىلىسىدىن بىرىنىڭ ئۆيىنىڭ، كىيىم - كېچەكلىرىنىڭ يوقلىقىنى بىلىپ ئۇلارغا ئۆي، كىيىم -كېچەك سېتىۋالسا ياكى بىر قۇلنىڭ غوجىدارى تەرىپىدىن قاتتىق زۇلۇمغا ئۇچراۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنى ئازاد قىلىپ قويسا ياكى بىرەر مۇساپىرنىڭ يۇرتىغا قايتالمايۋاتقانلىقىنى بىلىپ، بارلىق چىقىمىنى قىلىپ ئۇنى يۇرتىغا يەتكۈزۈپ قويسا، بۇنداق ئىشلاردا مېھرى - مۇھەببەت ئىپادىلەنگەن بولىدۇ.

مۇشۇنىڭغا ئوخشاش بوشلۇقلارنى تولدۇرۇش ئۈچۈن خېلى كۆپ پۇل - مال سەرپ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئەمما بۇنداق ئىشنى قىلماقچى بولغان ئادەمنىڭ كۆڭلى كۆپ مىقداردا پۇلنى سەدىقە قىلىۋېتىشنى خالاپ كەتمەيدۇ، شۇڭا ئۇنى زاكات پۇلى بىلەن قىلىدۇ. ئۇنداقتا بۇ ئادەم پەرزنى ئادا قىلغان بولامدۇ؟ ئەلۋەتتە ئادا قىلغان بولىدۇ، بەلكى ﷲ خالىسا ياخشىلىق قىلغانمۇ بولىدۇ. مەن بۇنداق قىلغۇچىنى: چۈنكى ئۇ نەپلە سەدىقە قىلمايدۇ دەپ توسىدىغانلاردىن ئەنسىرەيمەن. بۇنى توسىدىغان ئادەم چوڭ پەرزنى توسۇپ قويىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھەقلەر زايا بولۇپ كېتىدۇ ۋە ھەق ئىگىلىرىمۇ قىيىنىلىپ قالىدۇ».

بىلىش كېرەككى، بۇ ھەقتە مەلۇماتى بولمىغانلار ئويلىغاندەك، زاكات ھەرگىزمۇ ئىشىسىزلىقنى قوللاش ياكى مەلۇم سائىللارغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن ئەمەس. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «سەدىقە بايغا ياكى كۈچلۈك، پۈت - قولى ساق كىشىگە ھالال بولمايدۇ» (ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان، تىرمىزى سەھىھ دەپ قارىغان).

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋىدالىشىش ھەججىدە سەدىقىلەرنى تەقسىم قىلىۋاتقاندا، ئۇنىڭ قېشىغا ئىككى ئادەم كېلىپ سەدىقە سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا ئوبدان قاراپ، ئۇلارنىڭ كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى كۆرگەندىن كېيىن مۇنداق دېدى: «ئەگەر خالىساڭلار بېرىمەن. ئەمما سەدىقىدە باينىڭ ياكى كەسىپ قىلىدىغان كۈچلۈك ئادەمنىڭ نېسىۋىسى بولمايدۇ» (ئەبۇ داۋۇد ۋە نەسەئى رىۋايەت قىلغان).

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ ئىككىسىنىڭ كۆرۈنۈشتە كۈچلۈك بولغىنى بىلەن بىرەر كەسىپ قىلمايدىغانلىقىنى ياكى كەسىپ قىلسىمۇ، تاپقىنى ئۇلارغا يەتمەيدىغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇلارغا تاللاش ئىختىيارلىقىنى قويغان.

دېمەك، ھەربىر مۇسۇلمان ئىشلىشى كېرەك. دۆلەت ئۇنىڭغا مۇناسىپ كەلگۈدەك ئىش تېپىپ بېرىشى لازىم. مۇبادا ئۇ ئۆزىنى قامدىغۇدەك ئىش قىلالمىسا، جەمئىيەتتە ۋەيران بولۇپ كەتمەيدۇ، بەلكى زاكات ئۇنىڭ نورمال ئېھتىياجىنى قامدايدۇ.

3. زاكات خادىملىرى. ئۇلار زاكات ئېلىشقا تېگىشلىك كىشىلەر بولۇپ، مەيلى زاكات يىغىدىغانلار بولسۇن ياكى ئۇنىڭ خەزىنىچىلىرى بولسۇن، مەيلى ئۇنى قوغدايدىغانلار بولسۇن ياكى كۆتەك دەپتەرلەرگە تىزىملايدىغانلار بولسۇن، مەيلى ئۇنى تارقىتىدىغانلار بولسۇن، ھەممىسى مۇشۇ تۈرگە كىرىدۇ.

4. دىللىرىنى ئىسلامغا مايىل قىلىش كۆزدە تۇتۇلغانلار. ئۇلار دىللىرىنى ئىسلامغا مايىل قىلىپ مۇسۇلمان بولۇشى، يا ئىسلامدا مۇستەھكەم تۇرۇشى، يا مۇسۇلمانلارنى ھىمايە قىلىشتا پايدىسى تېگىشىنىڭ ياكى يامانلىقلىرىدىن ساقلىنىشىنىڭ ئۈمىد قىلىنىشى كۆزدە تۇتۇلغان بىر تۈركۈم كىشىلەردۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەفۋان ئىبنى ئۇمەييەگە ئوخشاش جاھىلىيەت دەۋرىدىكى كاپىرلارنىڭ بەزى كاتتىۋاشلىرىنىڭ ئىمان ئېيتىشىنى ئۈمىد قىلىپ ئۇلارغا زاكاتتىن بەرگەنىدى. سەفۋان ئىسلامغا كىردى ۋە ياخشى مۇسۇلمان بولدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە ئۇيەينە ئىبنى ھىسن ۋە ئەقرەئ ئىبنى ھابىسقا ئوخشاش بەزى قەبىلىلەرنىڭ ئاقساقاللىرىغىمۇ زاكات بەرگەنىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا زاكات بېرىشتە ئۇلارنىڭ ئىمانىنىڭ كۈچلىنىشىنى ۋە ئىماندا مۇستەھكەم تۇرۇشىنى، مۇشرىكلار بىلەن بولغان ئۇرۇشلاردا ئۇلاردىن پايدىلىنىشنى كۆزلىگەنىدى.

بۇ تۈردىكى كىشىلەرنىڭ مەۋجۇد بولۇشى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەمىرى ۋە مەسلىھەت ئەھلىگە قاراشلىق بولىدۇ. مۇبادا مۇسۇلمانلارنىڭ ئەمىرى بىز يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن نۇقتىلاردىن بىرىنى كۆزدە تۇتۇپ بىرەر قەۋمنى مايىل قىلماقچى بولسا، ئۇلارغا زاكاتتىن بىر ئۈلۈش بەرسە بولىدۇ. ئەگەر ئۇنداقلارنىڭ بولۇشىنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق دەپ قارالسا (خۇددى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قىلغاندەك)، ئەمىرنىڭ بۇ تۈردىكى كىشىلەرنى پەيدا قىلىشى ھاجەتسىز. نەتىجىدە ئۇلار يوق بولغانلىقتىن ئۇلارغا تېگىشلىك ئۈلۈشمۇ ساقىت بولىدۇ. شۇنداقلا، پېقىر - مىسكىنلەر ياكى قەرزدارلار ۋە ياكى قۇللار تېپىلمىغاندىمۇ شۇنداق بولىدۇ.

بىز بۇنىڭ بىلەن، ئۆمەر «قۇرئان كەرىم»نىڭ بىر ھۆكمىنى ئەمەلدىن قالدۇردى دەپ دەۋا قىلىدىغانلارنىڭ خاتالىقىنى تونۇپ يېتىمىز. دەرۋەقە، ئۆمەر (الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) تەمەخور قەۋمنىڭ دىللىرىنى مايىل قىلىشنى، الله ئۇلاردىن بىھاجەت قىلغانلىقى ئۈچۈن ئەمەلدىن قالدۇردى.

بۈگۈنكى دەۋردە ئۇ ئۈلۈشنى، خۇددى ئىسلام دۈشمەنلىرى دىن تارقىتىۋاتقاندەك، ئىسلام دەۋىتى ئۈچۈن ئىشلىتىشكە بولىدۇ. ئۇ ئۈلۈشنى «كاپىرلار ئۆز ھىمايىسىگە ياكى دىنلىرىغا ئەكىرىشكە ئورۇنۇۋاتقان مۇسۇلمانلارغا بېرىشكە بولىدۇ. ھەقىقەتەن، بىز ھەممە مۇسۇلمانلارنى قول قىلىش ۋە دىنىدىن چىقىرىشقا ئورۇنۇۋاتقان جاھانگىر دۆلەتلەرنىڭ

مۇسۇلمانلارنىڭ دىللىرىنى ئۆزلىرىگە مايىل قىلىش ئۈچۈن دۆلەت خەزىنىسىدىن مەخسۇس مەبلەغ ئاجرىتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋاتىمىز. ئۇلار بەزى مۇسۇلمانلارنى ئىسلامدىن ياندۇرۇپ خىرىستىئان قىلىش، بەزى مۇسۇلمانلارنى ئۆزلىرىگە بېقىندى قىلىش ياكى ئىسلام دۆلەتلىرىنى ۋە ئىسلام بىرلىكىنى پارچىلاش ئۈچۈن شۇنداق قىلىدۇ. ئەھۋال مۇشۇنداق ئىكەن، مۇسۇلمانلار ئاشۇنداق قىلىشقا تېخىمۇ ھەقلىق ئەمەسمۇ؟!»

5. قۇللار. ئۇلارنى ئازاد قىلىش ۋە قۇللۇقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن زاكات بېرىلىدۇ. ئىسلام دىنى مەيدانغا كەلگەندە قۇللۇق تۈزۈم جاھانغا يامراپ كەتكەنىدى. شۇڭا ئۇ تۈزۈمنى بىراقلا تۈگەتكىلى بولمايتتى. دەرۋەقە، ئىسلام ئۇنى ئىنسانىيەت ھاياتىدىن ئاستا ـ ئاستا، تەدرىجى ھالدا تۈگىتىدىغان پۇختا تەلىمات ۋە يولىيورۇقلارنى بېكىتتى. ئۇ تۈزۈمنى بىكار قىلىش ياكى ئۇنىڭ دائىرىسىنى تېخىمۇ تارايتىش ئۈچۈن قۇل ئازاد قىلىشنى اللهقا يېقىنلىشىشتىكى ئەڭ ئەۋزەل ئىبادەت قىلدى. قەسەمنىڭ كەپپارىتىگە ئوخشاش، مۇسۇلمان سادىر قىلىپ سالىدىغان گۇناھلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ كەپپارىتىنى قۇل ئازاد قىلىش قىلىپ بېكىتتى. مۇسۇلمانلارنى ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا قۇللىرى بىلەن، ئەگەر ئۇلارنىڭ ساداقىتىنى بايقىسا، مۇددەتكە بۆلۈپ تۆلەش شەرتى ئاستىدا مەلۇم مەبلەغ بەدىلىگە ئازاد قىلىش ئۈچۈن توختام تۈزۈشكە بۇيرىدى. شۇنداقلا، مۇسۇلمانلارنى ھەممە بىردەك توختام تۈزگەن قۇللارنىڭ توختامغا ئەمەل قىلىشىغا ياردەم بېرىشكە بۇيرىدى. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿وَالَّذِينَ يَبْتَغُونَ الْكِتَابَ مِمَّا مَلَكَتْ أَيْمَانُكُمْ فَكَاتِبُوهُمْ إِنْ عَلِمْتُمْ فِيهِمْ خَيْرًا وَآتُوهُم مِّن مَّالِ اللَّهِ الَّذِي آتَاكُمْ﴾ ﴿قۇللىرىڭلاردىن توختام تۈزۈشنى تىلەيدىغانلار (يەنى خوجىسىغا مۇئەييەن پۇل ـ مال تۆلەش شەرتى بىلەن ئۆزىنىڭ ئازاد قىلىنىشىنى تىلەيدىغانلار) بىلەن، ئەگەر ئۇلارنىڭ ساداقىتىنى بايقىساڭلار، توختام تۈزۈڭلار، سىلەرگە الله ئاتا قىلغان مال-مۈلۈكنىڭ بىر قىسمىنى (ئۆزلىرىنى ئازاد قىلىشقا ياردەم تەرىقىسىدە) ئۇلارغا بېرىڭلار﴾[1].

ئىسلام دىنى بۇنداق مۇھىم ئىشنى پەقەت شەخسلەرگىلا تاشلاپ قويمىدى. دۆلەتكىمۇ مەلۇم مەسئۇلىيەتنى ئارتتى. شۇڭا دۆلەت توختام تۈزگەن قۇللارنىڭ كېلىشكەن مەبلەغنى تۆلىشىگە ياردەم بېرىش ياكى قۇل سېتىۋېلىش ئارقىلىق قۇل ئازاد قىلىشقا سەرپ قىلىش ئۈچۈن زاكات پۇلىدىن مەلۇم ئۈلۈشنى ئايرىشى كېرەك. مانا بۇ، ئىنسانىيەت تارىخىدا ئاشۇ ئېزىلىۋاتقان بىچارە قۇللارنى ئازاد قىلىش ئۈچۈن بېكىتىلگەن تۇنجى ۋە ئەمەلىي تۈزۈم ھېسابلىنىدۇ. ئىسلامنىڭ مۇشۇ مەقسەت ئۈچۈنلا

[1] سۈرە نۇر، 33 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

زاكات يىغىشى ئاسان ئىش ئەمەس. چۈنكى ھەر يىلى يىغىلىدىغان زاكات مىقدارى نەچچە مىليونغا يېتىدۇ. بەزىدە زاكاتنىڭ ھەممىسى مۇشۇ مەقسەت ئۈچۈنلا يىغىلىشى مۇمكىن. مەسىلەن، ئادىل خەلىپە ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن)نىڭ دەۋرىدە ئافرىقىنىڭ زاكىتى شۇ مەقسەتتە يىغىلغانىدى.

6. قەرزدارلار. ئۇلار قەرزگە بوغۇلۇپ كەتكەن، ئۇنى تۆلىشى قىيىن بولغان كىشىلەردۇر. ئەمما، بىلىش كېرەككى، بۇ قەرزلەر اللهقا ئاسىيلىق قىلىشقا ياكى ئەخمىقانە ئىشقا ئىشلىتىلمىگەن، ئىسراپ قىلىنمىغان بولۇشى لازىم. چۈنكى، اللهنىڭ پۇلى پاسىققا اللهقا ئاسىيلىق قىلىش ئۈچۈن بېرىلمەيدۇ. شۇنداقلا، ئەخمەقنىڭ تېخىمۇ ئەخمەقلىق قىلىشىغا ياردەم قىلىنمايدۇ. بۇ تۈردىكى كىشىلەرگە پەقەت تەۋبە قىلىپ توغرا يولغا كىرگەنلىكى ئايان بولغاندىلا ئاندىن زاكات بېرىلىدۇ. ئىسلام دىنى مۇسۇلماننىڭ قەرز ئېلىشىنى ياقتۇرمايدۇ. ئەگەر بىرەر يوللۇق سەۋەب بىلەن قەرز ئالسا، ئۇنىڭ قەرز ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلۇشى ئۈچۈن ياردەم بېرىدۇ. چۈنكى، قەرز كىشىنى كېچىدە غەم ـ ئەندىشىگە سالسا، كۈندۈزى خار قىلىپ قويىدۇ. ھالبۇكى، ئىسلام مۇسۇلمان ئۈچۈن بىرەر غەم ـ ئەندىشە ياكى خارلىقنى خالىمايدۇ. ئەكسىچە، ئۇنى خاپىلىقتىن قۇتۇلدۇرىدۇ، قىيىنچىلىقتىن تارتىپ چىقىدۇ. قەرزنىڭ چاڭگىلىغا چۈشۈپ، ۋەيران بولغانلىقىنى ئېلان قىلىشىغا يول قويمايدۇ.

دېمەك، ئىسلام دىنى قەرزدارنى مۇشۇنداق يۆلەيدۇ، قەرزنى تۆلەش ئۈچۈن ئۆزگە كېرەكلىك بولغان نەرسىلىرىنى سېتىپ، ھاياتنىڭ ئاساسلىق ئېھتىياجلىرىدىن مەھرۇم، پۈتۈن مال ـ ماتا ۋە سەرەمجانلىرىدىن ئايرىلىپ قالغان ھالدا ياشاشقا زورلىمايدۇ، قەتئىي ئۇنداق قىلمايدۇ. ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) ئۆزىنىڭ خەلىپىلىك دەۋرىدە: قەرزدارلارنىڭ قەرزلىرىنى تۆلەپ بېرىڭلار، دەپ بۇيرۇق چۈشۈردى. بۇنىڭ بىلەن بەزى ۋالىيلار ئۇنىڭغا مۇنداق دەپ مەكتۇپ يازدى: «بىز بەزى ئادەملەرنىڭ ئۆيى، خىزمەتچىسى، ئېتى، سەرەمجانلىرى بار تۇرۇپ، يەنىلا قەرزدار ئىكەنلىكىنى بىلىمىز». ئۆمەر بۇنىڭغا (الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) مۇنداق جاۋاب بەردى: «مۇسۇلماننىڭ ئولتۇرىدىغان ئۆيى، ئىشلىرىنى قىلىدىغان خىزمەتچىسى، دۈشمەنگە قارشى جىھادتا مىنىدىغان ئېتى، ئۆي ـ سەرەمجانلىرى بولۇشى كېرەك. شۇڭا، قەرزدارلارنىڭ قەرزلىرىنى تۆلەپ بېرىڭلار».

ئەرەب ۋە ئىسلام جەمئىيىتىدە قەرزدار بولۇپ قالغان بىر تۈركۈم كاتتا كىشىلەر بولۇپ، ئۇلار ئىككى ئائىلە ياكى ئىككى قەبىلە ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەرنى ئىسلاھ قىلىش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن توختامدا پۈتۈلگەن تۆلەملەرنى تۆلەپ بېرىشنى ئۆز ئۈستىگە ئالاتتى. بۇنىڭ بىلەن جېدەل ـ ماجرا بېسىقىپ، ئۇنىڭ ئورنىنى

تىنچلىق ۋە ئامانلىق ئىگىلەيتتى. ئىسلام دىنىنىڭ مۇشۇنداق ئېسىل ئەخلاقنى قوللاپ، ئۇلارغىمۇ زاكاتتىن بىر ئۇلۇش بېرىشى ئۇنىڭ ئارتۇقچىلىقى ھېسابلىنىدۇ.

ئىمام ئەھمەد بىلەن ئىمام مۇسلىم (اللە ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن) قەبىسە ئىبنى مەخارىق ھىلالىي (اللە ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن)دىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: مەن خۇسۇمەتلىشىپ قالغان ئىككى تەرەپنى ئەپلەشتۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن كېتىدىغان مەبلەغنى ئۈستۈمگە ئالغانىدىم. بۇ توغرۇلۇق ياردەم سوراپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا كەلدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بىزگە زاكات كەلگۈچە تۇرۇپ تۇرغىن، شۇ چاغدا ئۇنىڭدىن ساڭا بۇيرۇپ بېرەيلى» دېدى. ئاندىن: «ئى قەبىسە، زاكاتتىن سوراش پەقەت ئۈچ تۈرلۈك ئادەمگە دۇرۇس بولىدۇ: بىرى، ئىككى تەرەپنى ئەپلەشتۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن كېتىدىغان مەبلەغنى ئۈستىگە ئالغان كىشىگە ئۇنىڭ بەدىلىنى سوراش ھالال بولىدۇ. ئۇنىڭدىن ئارتۇقنى سورىماسلىق كېرەك. ئىككىنچىسى، بىرەر مۇسىبەتكە يولۇقۇپ، پۇل ـ مېلىدىن ئايرىلىپ قالغان ئادەم تۇرمۇشتا زۆرۈر ئېھتىياجلىرىنى قامدىغۇدەك بولغانغا قەدەر زاكات سورىسا بولىدۇ. ئۈچىنچىسى، بىرەر ئادەمگە نامراتلىق يېتىپ، ئۇنىڭ قەۋمىدىن ئەقلى ـ ھوشى جايىدا ئۈچ كىشى «ھەقىقەتەن پالانىغا نامراتلىق يەتتى» دەپ گۇۋاھلىق بەرسە، ئاندىن ئۇنىڭغا تۇرمۇشىنى قامدىغۇدەك بىر نەرسە سوراش دۇرۇس بولىدۇ. ئى قەبىسە! يۇقىرىقى ئۈچ خىل ھالەتتىن باشقا ھالەتتە سوراپ ئېلىنغان مال ھارام بولۇپ، ئۇنى ئالغان كىشى ھارام يېگەن بولىدۇ» دېدى.

ئىككى تەرەپنى ئەپلەشتۈرۈپ قويۇش، تىنچلىق ۋە خاتىرجەملىكنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا قەرزدار بولۇپ قالغانلارغا ياردەم قولىنى سۇنۇش ئىسلام دىنىنىڭ پەزىلىتىدۇر. جاھان ئەھلى ئاپەت ۋە خەتەرلىك ھادىسىلەرگە قارىتا سۇغۇرتا تۈزۈمىنى يولغا قويۇشتىن ئەسىرلەر ئىلگىرى ئىسلام دىنىنىڭ بىرەر ئاپەت ياكى مۇسىبەتكە يولۇققانلارغا يار ـ يۆلەكتە بولۇپ، ئوزۇق ـ تۈلۈك ۋە پۇل ـ مال ياردەم قىلىشىمۇ ئۇنىڭ ئېسىل پەزىلىتىدىندۇر.

كىم نامراتلىقنى دەۋا قىلسا شۇنىڭغا سەدىقە بېرىۋەرمەستىن، بەلكى ئۇنىڭ كەمبەغەل ئىكەنلىكىگە ئۆزىنىڭ قەۋمىدىن ئەقلى ـ ھوشى جايىدا ئۈچ كىشىنىڭ گۇۋاھلىقىنى ئېلىپ ئاندىن ياردەم قولىنى سۇنۇش ئىسلامنىڭ يەنە بىر ئارتۇقچىلىقىدۇر.

شۇنداقلا، ئىسلامنىڭ زاكات بېرىشتىكى مەقسىتى پەقەت ئاچ قالغانلارنىڭ قورسىقىنى تويغۇزۇشلا ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى قامداپ، كەم ـ كۈتىلىرىنى تولۇقلىۋېلىشىنى مەقسەق قىلىشى ئۇنىڭ ئەڭ ئېسىل پەزىلىتىدىندۇر.

7. اللهنىڭ يولى ئۈچۈن. اللهنىڭ يولى بولسا، ئۇنىڭ رازىلىقىغا ئاپىرىدىغان يولدۇر. بۇنىڭدىن كىشىنىڭ زېھنىگە تېز كېلىدىغىنى جىهاد قىلىشتۇر. چۈنكى، «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىستە «الله يولىدا» دېگەن ئىبارىگە كۆپىنچە «جىهاد» كەلىمىسى ياندىشىپ كېلىدۇ. ئۇنىڭ دائىرىسىگە قورال ـ ياراق تەييارلاش، مۇجاھىدلارنى جابدۇش قاتارلىقلار كىرىدۇ. گەرچە ئۇلار باي بولغان تەقدىردىمۇ، دۆلەت خەزىنىسىدىن بېكىتىلگەن مائاشى بولمىسا، زاكات بېرىلىدۇ. جىهادتىن مەقسەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنۇ ھەدىستە بەلگىلىگەن ئىسلامىي جىهادتۇر: «كىمكى اللهنىڭ كەلىمىسىنى ئۈستۈنلۈككە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلسا، ئەنە شۇ الله يولىدا جىهاد قىلغان بولىدۇ».

بەزى ئالىملار زاكاتنىڭ بۇ تۈرى مەسجىد، مەدرىس بىنا قىلغانغا ئوخشاش مۇسۇلمانلار جامائەسى ئۈچۈن ئورتاق پايدىسى تېگىدىغان ھەرقانداق ئاممىۋى ياخشىلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ دەپ قارايدۇ.

مەن: زاكاتنىڭ بۇ تۈرى پەقەت جىهاد ۋە ئۇنىڭ دائىرىسىدىكى ئىشلارغا، يەنى ئىسلام بايرىقىنى ئۈستۈن قىلىش، ئۇنىڭ دەۋىتىگە ياردەم بېرىش، يەر يۈزىدە ئۇنىڭ شەرىئىتىنى ھۆكۈم قىلدۇرۇش ۋە ئۇنىڭ تۈزۈمىنى بارلىق تۈزۈملەردىن ئۈستۈن قىلىش ئۈچۈن قىلىنىدىغان ھەرقانداق ئىشقا سەرپ قىلىنىشى لازىم، دەپ قارايمەن.

8. ئىبنى سەبىل. بۇ ئۆزىنىڭ يۇرتىدا باي بولسىمۇ، مۇساپىرچىلىق سەۋەبىدىن پۇل ـ مالدىن ئايرىلىپ قالغان كىشىدۇر. ئىسلام ئۇنىڭ ھاجىتىنى ئېتىبارغا ئېلىپ، زاكاتتىن ئۇنىڭغىمۇ بىر ئۈلۈش بەلگىلىدى ۋە بۇ ئارقىلىق ئۇنىڭ غېرىبلىقىنى چاندۇرمىدى. بۇنىڭغا كاپىر ياكى كاپىرغا ئوخشاشلارنىڭ زۇلمىدىن قېچىپ چىقىپ پاناھ تىلىگۈچىلەرمۇ كىرىدۇ.

مانا بۇلار الله تائالا «قۇرئان كەرىم»دە بېكىتكەن زاكات بېرىشكە تېگىشلىك سەككىز تۈردۇر. بۇ، ساپ ئىسلامىي تۈزۈمدۇر. شۇڭلاشقا، زاكات پەقەت ئۇنىڭغا ھەقلىق بولغان مۇسۇلمانلارغا ۋە مۇسۇلمانلار جامائەسى ئۈچۈن مەنپەئەتلىك ئاممىۋى ئىشلارغا سەرپ قىلىنىدۇ.

زاكات پەقەت مۇسۇلمانلاردىن ئېلىنىدۇ. چۈنكى، ئۇ دىنىي ئىبادەتتۇر. شۇڭلاشقا، ئىسلام ئۇنى مۇسۇلمانلار دىيارىدا ياشايدىغان غەيرىي مۇسۇلمانلارغا پەرز قىلمىدى. بۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئىسلامدا دىنىي ئىبادەتلەر پەقەت مۇسۇلمانلارغا پەرزدۇر.

بىز يۇقىرىقىلاردىن شۇنى بىلىشىمىز كېرەككى، زاكات دۆلەتنىڭ ھەر تۈرلۈك چىقىملىرىغا خەجلىنىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن «ئومۇمىي خەزىنە»گە قوشۇلمايدۇ. بەلكى، الله تائالا بەلگىلىگەن مەخسۇس ئورۇنلارغا بېرىش ئۈچۈن ئايرىم ساقلىنىدۇ.

## زاكات ئۆلتىپات ئەمەس، بەلكى ھەقتۇر

يۇقىرىقىلاردىن شۇنى بىلىمىزكى، زاكات بىر ئىنسان تەرىپىدىن يەنە بىر ئىنسانغا قىلىنغان ئۆلتىپات ياكى ياخشىلىق ئەمەس. بەلكى، ئۇ الله تائالا دېگەندەك «مۇئەييەن ھەق»تۇر.

## زاكات پېقىرنىڭ ھەققىدۇر

دىنىي ۋە ئىنسانىي نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، پېقىر باينىڭ قېرىندىشى بولغانلىقى ئۈچۈن زاكات ئۇنىڭ ھەققىدۇر. ئىسلام جەمئىيەت ئەزالىرىنى بىر ـ بىرىدىن ئۆزئارا خەۋەر ئالىدىغان بىر ئائىلىدەك قىلدى. بەلكى بىر ئەزاسى كېسەل بولسا، ھەممە يېرى بىئارام بولىدىغان بىر تەندەك قىلدى. بىلىش كېرەككى، زاكات ئىشلىيەلمەيدىغان، ئىشلىيەلىسىمۇ ئىش تاپالمىغان، ئىشلىسىمۇ ئۆزىنى قامدىيالمايدىغان، ئۆزىنى قامدىيالىسىمۇ، بېشىغا كەلگەن بىرەر پېشكەللىك تۈپەيلىدىن كەمبەغەل بولۇپ قالغان ئادەمنىڭ ھەققىدۇر. بۇنداق كىشىلەرگە ياردەم قىلىش، يار ـ يۆلەكتە بولۇش ۋە مەدەد بېرىش لازىم. بەزىلەرنىڭ قورسىقى ئاغرىپ كەتكىدەك توق يېتىپ، يەنە بەزىلەرنىڭ ئاچلىقتىن ئىڭرىشى ھەم ئىماننىڭ ھەم ئىنسانپەرۋەرلىكنىڭ جۈملىسىدىن ئەمەس.

مۇئمىننىڭ ئۆز ـ ئۆزى بىلەنلا ياشاپ، پېقىر ـ مىسكىنلەر، ئاجىزلار ئالدىدىكى مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلماي يۈرۈشى دۇرۇس ئەمەس. بۇ ئۇنىڭ ئىمانىغا نۇقسان يەتكۈزىدۇ، دۇنيا ـ ئاخىرەتتە اللهنىڭ غەزىپىگە دۇچار قىلىدۇ. الله تائالا قىيامەتتە جەننەت ئەھلى بىلەن دوزاخ ئەھلى ئوتتۇرىسىدا بولىدىغان مۇنازىرىلەردىن بىرنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: ﴿فِي جَنَّاتٍ يَتَسَاءلُونَ عَنِ الْمُجْرِمِينَ مَا سَلَكَكُمْ فِي سَقَرَ قَالُوا لَمْ نَكُ مِنَ الْمُصَلِّينَ وَلَمْ نَكُ نُطْعِمُ الْمِسْكِينَ﴾ ﴿ئۇلار جەننەتلەردە بولۇپ، گۇناھكارلاردىن: ‹سىلەرنى دوزاخقا كىرگۈزگەن نېمە؟› دەپ سورايدۇ. ئۇلار (جاۋابەن) ئېيتىدۇ: ‹بىز ناماز ئوقۇمىدۇق. مىسكىنلەرگە تائام بەرمىدۇق›﴾[1].

---

[1] سۈرە مۇددەسسىر، 40 ـ ئايەتتىن 44 ـ ئايەتكىچە.

مانا بۇ ئايەتتىن مىسكىنلەرگە تائام بەرمەسلىك دوزاختا مەڭگۈ تۇرۇپ قېلىشقا سەۋەب بولىدىغان ئامىللاردىن بىرى ئىكەنلىكى ئېنىق چىقىپ تۇرۇپتۇ. بۇنىڭدىنمۇ ئەجەبلىنەرلىكى شۇكى، اللە تائالا مىسكىنلەرگە تائام بېرىش، كىيىم كېيگۈزۈش ۋە زۆرۈر ئېھتىياجلىرىنى قامداشنى پەرز قىلىش بىلەنلا كۇپايە قىلمايدۇ. بەلكى، ھەربىر مۇئمىننىڭ ئۈستىگە باشقىلارنى مىسكىنگە تائام بېرىشكە ۋە ھالىدىن خەۋەر ئېلىشقا تەرغىب قىلىشتىن ئىبارەت مىسكىن ھەققىنى يۈكلەيدۇ. مىسكىننىڭ ھەققىنى تەرغىب قىلماسلىقنىڭ اللە تائالانى ۋە قىيامەت كۈننى ئىنكار قىلغانلىق بولۇپ قالىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. بۇ ھەقتە اللە تائالانىڭ مۇنۇ ئايەتلىرىنى ئوقۇپ چىقايلى: ﴿أَرَأَيْتَ الَّذِي يُكَذِّبُ بِالدِّينِ فَذَلِكَ الَّذِي يَدُعُّ الْيَتِيمَ وَلَا يَحُضُّ عَلَى طَعَامِ الْمِسْكِينِ فَوَيْلٌ لِّلْمُصَلِّينَ الَّذِينَ هُمْ عَن صَلَاتِهِمْ سَاهُونَ الَّذِينَ هُمْ يُرَاؤُونَ وَيَمْنَعُونَ الْمَاعُونَ﴾ ﴿دىننى ئىنكار قىلغان ئادەمنى كۆردۈڭمۇ؟ ئۇ يېتىمنى دۆشكەلەيدىغان، مىسكىنگە تاماق بېرىشنى تەرغىب قىلمايدىغان ئادەمدۇر. شۇنداق ناماز ئوقۇغۇچىلارغا ۋايكى، ئۇلار نامازنى غەپلەت بىلەن ئوقۇيدۇ. نامازنى رىيا بىلەن ئوقۇيدۇ. ئۇلار قولىقا بەرمەيدۇ﴾[1]. يېتىم ـ يېسىرلارنى خارلاش، مىسكىننىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالماسلىق ئىنسان قەلبىنىڭ ئاخىرەت كۈنىگە، جازا ۋە مۇكاپاتقا بولغان ئىمان ـ ئىشەنچتىن خالىي ئىكەنلىكىنى دەلىللەيدۇ. بۇنداق كىشىلەرنىڭ نامىزى پەقەت غەپلەت ۋە رىيا بىلەن ئوقۇلغان نامازدىن ئىبارەتتۇر.

اللە تائالا نامە ـ ئەمەللىرى سول تەرەپتىن بېرىلىدىغانلار ھەققىدە مۇنداق دېگەن: ﴿وَأَمَّا مَنْ أُوتِيَ كِتَابَهُ بِشِمَالِهِ فَيَقُولُ يَا لَيْتَنِي لَمْ أُوتَ كِتَابِيهْ وَلَمْ أَدْرِ مَا حِسَابِيهْ يَا لَيْتَهَا كَانَتِ الْقَاضِيَةَ مَا أَغْنَى عَنِّي مَالِيهْ هَلَكَ عَنِّي سُلْطَانِيهْ﴾ ﴿نامە ـ ئەمالى سول قولىغا بېرىلگەن ئادەم ئېيتىدۇكى، ‹ماڭا نامە ـ ئەمالىم بېرىلمىگەن بولسىچۇ! ھېسابىمنىڭ نېمە بولىدىغانلىقىنى بىلمىسەم ئىدىم! دۇنيادا ئۆلۈمىم ھاياتىمنى (ئاخىرەتتە قايتا تىرىلمەس قىلىپ) ئاخىرلاشتۇرسىچۇ! مېنىڭ مال ـ مۈلكۈم ماڭا ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمىدى. مېنىڭ ھوقۇقۇم قولۇمدىن كەتتى﴾[2]. ئاندىن اللە تائالا ئۇلارغا تېگىشلىك جازا بېرىلىدىغانلىقىغا ھۆكۈم چىقىرىپ مۇنداق دېگەن: ﴿خُذُوهُ فَغُلُّوهُ ثُمَّ الْجَحِيمَ صَلُّوهُ ثُمَّ فِي سِلْسِلَةٍ ذَرْعُهَا سَبْعُونَ ذِرَاعًا فَاسْلُكُوهُ﴾ ﴿(اللە دوزاخقا مۇئەككەل پەرىشتىلەرگە) ئېيتىدۇ: ‹ئۇنى تۇتۇڭلار، ئۇنىڭغا تاقاق سېلىڭلار، ئاندىن ئۇنى دوزاخقا تاشلاڭلار، ئاندىن ئۇنى ئۇزۇنلۇقى 70 گەز كېلىدىغان زەنجىر بىلەن باغلاڭلار›﴾[3]. ئاندىن اللە تائالا بۇ قاتتىق جازانىڭ سەۋەبىنى بايان قىلىپ

[1] سۈرە مائۇن، 1 ـ ئايەتتىن ئاخىرغىچە.

[2] سۈرە ھاققە، 25 ـ ئايەتتىن 29 ـ ئايەتكىچە.

[3] سۈرە ھاققە، 30 ـ ئايەتتىن 32 ـ ئايەتكىچە.

مۇنداق دېگەن: ﴿إِنَّهُ كَانَ لَا يُؤْمِنُ بِاللَّهِ الْعَظِيمِ وَلَا يَحُضُّ عَلَى طَعَامِ الْمِسْكِينِ﴾ ﴿(ئۇنىڭ بۇنداق ئازابلىنىشى شۇنىڭ ئۈچۈندۇركى)، ئۇ ھەقىقەتەن ئۇلۇغ اللەقا ئىمان ئېيتمىغانىدى. مىسكىنگە تاماق بېرىشنى تەرغىب قىلمايتتى﴾[1].

جاھان ئەھلى ھازىرغا قەدەر «قۇرئان كەرىم»گە ئوخشاش مىسكىنىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشقا تەرغىب قىلماسلىقنىڭ ئىنسانىي قاتتىق ۋە ئېچىنىشلىق ئازابقا دۇچار قىلىپ قويىدىغان سەۋەب ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ بېرىدىغان باشقا بىر كىتابنى ئۇچراتقىنى يوق.

## زاكات مۇسۇلمانلار جامائەسىنىڭ ھەققى

زاكات پېقىرنىڭ ھەققى بولۇش بىلەن بىرگە مۇسۇلمانلار جامائەسىنىڭمۇ ھەققىدۇر. چۈنكى، ئىنسان پۇلنى ئۆزى يالغۇز تېرىشىپ تاپمايدۇ، بەلكى ئۇنىڭغا نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ تىرىشچانلىقى، پىكرى ۋە ياردەم قولى شېرىك بولىدۇ. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى بىلىپ ھەمنەپەس بولسا، بەزىلىرى بىلمەستىن ھەمنەپەس بولىدۇ. بەزىلىرى يېقىندىن، يەنە بەزىلىرى يىراقتىن ھەسسە قوشىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى پۇلنىڭ پۇل ئىگىسىگە جايىدا كېلىشىگە ياردەمچى بولغان ئامىللاردۇر. مەسىلەن، بىز بىر تىجارەتچىنىڭ پۇلنى قانداق تۈپلىغانلىقىغا ۋە پايدىنى قانداق ئالىدىغانلىقىغا قارايدىغان بولساق، جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ئۇنىڭغا يەتكۈزگەن نۇرغۇن پەزلى - مەرھەمىتىنى كۆرىمىز. ئەگەر جەمئىيەت ئەزالىرى بولمىسا، ئۇ كىمدىن نەرسە سېتىۋالاتتى؟ كىمگە ساتاتتى؟ كىم بىلەن ئىشلەيتتى؟ كىم بىلەن مۇئامىلە قىلاتتى؟ دېھقان، ھۈنەرۋەن ۋە ھەر بىر پۇل - مال ئىگىسى بىر - بىرى بىلەن مۇشۇنداق ھەمكارلىشىدۇ. جەمئىيەت ئامانلىقىنى ساقلايدىغان، ھەق - ھوقۇقلىرىنى قوغدايدىغان، پۇقرالىرىنىڭ ئېھتىياجلىرىنى قامدايدىغان دۆلەت ئەرباپلىرىنىڭمۇ پۇلدارلارنىڭ پۇلىدا ھەققى بار. مۇبادا مۇسۇلمان جەمئىيەتتە پېقىر - مىسكىن بولمىغان تەقدىردىمۇ، مۇسۇلمانلارنىڭ زاپاس بايلىقى سۈپىتىدە ساقلىنىشى، ھاجەت چۈشكەندە ئىشلىتىلىشى ۋە «اللەنىڭ يولىدا» سەرپ قىلىنىشى ئۈچۈن ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ ئۈستىگە چۈشكەن زاكاتنى ئادا قىلىشى پەرزدۇر. ئىسلام دىنى زېمىندا مەۋجۇد بولۇپلا تۇرىدىكەن، زاكات ئەنە شۇنداق ئاممىۋى ئىشلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

---

[1] سۈرە ھاققە، 33 ـ ۋە 34 ـ ئايەتلەر.

## زاكات اللهنىڭ ھەققىدۇر

بىلىش كېرەككى، زاكات ھەممىدىن ئاۋۋال الله تائالانىڭ ھەققىدۇر. چۈنكى، الله تائالا كائىناتتىكى مەۋجۇدات ـ مەخلۇقاتلارنىڭ ھەقىقىي ئىگىسىدۇر. پۇل ـ مالمۇ ئەمەلىيەتتە الله تائالانىڭدۇر. چۈنكى، الله تائالا پۇلنى يارىتىپ، ئىنسانغا ئاتا قىلدى ۋە ئۇنى تېپىش يوللىرىنى ئاسان قىلىپ بەردى. شۇنداقلا ئىنسانغا پۇل ـ مال تاپالايدىغان كۈچ ـ قۇۋۋەت ئاتا قىلدى.

ئىنسان زىرائەت تېرىپ، ھوسۇل ئالسا ياكى بىر كۆچەت تىكىپ، مېۋە ئالسا، ئۇنىڭ بۇ ئىشلىرى زېمىننى تېرىشقا ئاسان قىلىپ بەرگەن، ئاسماندىن يامغۇر ياغدۇرۇپ بەرگەن، يامغۇرنى دەريا ـ ئۆستەڭلەردە ئاقتۇرۇپ بەرگەن، بىر تال ئۇرۇقتا زېمىننىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا ئۇزۇقلۇق يەتكۈزۈپ، مېۋىلىك دەرەخكە ئايلاندۇرغان الله تائالانىڭ پەزلى ـ ئىنايىتى ئالدىدا نېمىگە تەڭ كېلىدۇ. شۇنى بىلىش كېرەككى، ئىنساننىڭ تىرىشچانلىقلىرى الله تائالانىڭ ئۇنىڭغا قىلغان پەزلى ـ ئىنايىتى ئالدىدا ھېچ نېمىگە ئەرزىمەيدۇ!

مۇبادا الله تائالا ئىنسانغا ئىشلىتىدىغان سايمانلارنى ۋە تەپەككۇر قىلىدىغان ئەقىلنى ئاتا قىلمىغان بولسا ئىدى، ئىنسان نېمىمۇ قىلالايتتى؟

شۇڭلاشقا، الله تائالا بەندىلىرىگە قىلغان پەزلى ـ مەرھەمىتىنى ۋە ھەقنى ئۆز جايىغا قايتۇرۇپ مۇنداق دېگەن: ﴿أَفَرَأَيْتُم مَّا تَحْرُثُونَ أَأَنتُمْ تَزْرَعُونَهُ أَمْ نَحْنُ الزَّارِعُونَ لَوْ نَشَاء لَجَعَلْنَاهُ حُطَامًا فَظَلْتُمْ تَفَكَّهُونَ إِنَّا لَمُغْرَمُونَ بَلْ نَحْنُ مَحْرُومُونَ أَفَرَأَيْتُمُ الْمَاء الَّذِي تَشْرَبُونَ أَأَنتُمْ أَنزَلْتُمُوهُ مِنَ الْمُزْنِ أَمْ نَحْنُ الْمُنزِلُونَ لَوْ نَشَاء جَعَلْنَاهُ أُجَاجًا فَلَوْلَا تَشْكُرُونَ﴾ ﴿سىلەر تېرىغان زىرائەتنى دەپ بېقىڭلارچۇ، ئۇنى سىلەر ئۈندۈردۈڭلارمۇ ياكى بىز ئۈندۈرۈپ (دان چىقىدىغان زىرائەت قىلىپ ئۆستۈردۇقمۇ؟) ئەگەر بىز خالىساق ئەلۋەتتە ئۇنى دانسىز قۇرۇق چۆپكە ئايلاندۇراتتۇق ـ دە، سىلەر ئەجەبلىنىپ قايغۇراتتىڭلار. سىلەر: ‹بىز ھەقىقەتەن (ئەمگەك بىلەن ئۇرۇقنى) زىيان تارتتۇق، بەلكى بىز (رىزىقتىن) مەھرۇم قالدۇق› (دېيەتتىڭلار). سىلەر ئىچىۋاتقان سۇنى دەپ بېقىڭلارچۇ؟ ئۇنى بۇلۇتتىن سىلەر چۈشۈردۈڭلارمۇ ياكى بىز چۈشۈردۇقمۇ؟ ئەگەر بىز خالىساق ئۇنى تۇزلۇق قىلىپ قوياتتۇق (پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ زور نېمەتلىرىگە) نېمىشقا شۈكۈر قىلمايسىلەر﴾[1]؛ ﴿فَلْيَنظُرِ الْإِنسَانُ إِلَى طَعَامِهِ أَنَّا صَبَبْنَا الْمَاء صَبًّا ثُمَّ شَقَقْنَا الْأَرْضَ

---

[1] سۈرە ۋاقىئە، 63 ـ ئايەتتىن 70 ـ ئايەتكىچە.

شَقًّا فَأَنبَتْنَا فِيهَا حَبًّا وَعِنَبًا وَقَضْبًا﴾ ﴿(بۇ كاپىر) ئىنسان ئۆزىنىڭ يېمەكلىكلىرىگە (ئىبرەت نەزىرى بىلەن) قارىسۇن. (بىز بۇلۇتتىن) زور مىقداردا يامغۇر ياغدۇردۇق. ئاندىن زېمىننى (ئۈنگەندىن ئۆسۈملۈكلەرنى چىقىرىش بىلەن) ياردۇق. سىلەرنىڭ ۋە هايۋانلىرىڭلارنىڭ مەنپەئەتلىنىشى ئۈچۈن زېمىندا ئاشلىقلارنى، ئۈزۈمنى، ئوتياشلارنى ئۆستۈردۇق﴾[1]؛ ﴿وَآيَةٌ لَّهُمُ الْأَرْضُ الْمَيْتَةُ أَحْيَيْنَاهَا وَأَخْرَجْنَا مِنْهَا حَبًّا فَمِنْهُ يَأْكُلُونَ وَجَعَلْنَا فِيهَا جَنَّاتٍ مِن نَّخِيلٍ وَأَعْنَابٍ وَفَجَّرْنَا فِيهَا مِنْ الْعُيُونِ لِيَأْكُلُوا مِن ثَمَرِهِ وَمَا عَمِلَتْهُ أَيْدِيهِمْ أَفَلَا يَشْكُرُونَ﴾ ﴿بىز زېمىندا نۇرغۇنلىغان خورما باغلىرىنى، ئۈزۈم باغلىرىنى بەرپا قىلدۇق، شۇ زېمىندا بۇلاقلارنى ئېقىتتۇق. ئۇلار ئۇنىڭ (يەنى باغلارنىڭ) مېۋىسىنى يېسۇن، (بۇ مېۋىلەرنى) ئۇلارنىڭ قوللىرى يارىتقان ئەمەس، ئۇلار (اللهنىڭ نېمەتلىرىگە) شۈكۈر قىلمامدۇ؟﴾[2]

توغرا، ئىنسانلار ئۆزلىرى ئىشلىمىگەن، بەلكى الله تائالا ياراتقان مېۋىلەرنى يەپ تۇرۇپ «اللهنىڭ نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلمامدۇ؟» الله تائالا ئۆلۈك زېمىننى تىرىلدۈردى، ئۈنگەندىن زىرائەت چىقاردى، باغلارنى بەرپا قىلدى، بۇلاقلارنى ئېقىتتى.

الله تائالانىڭ پەزلى ـ مەرھەمىتى زىرائەتتىلا ئەمەس، بەلكى زىرائەت، تىجارەت ۋە سانائەتتىن ئىبارەت هاياتنىڭ هەممە تەرەپلىرىگە چېتىلىدۇ. مەسىلەن، سانائەتتە خام ماتېرىيالنى الله تائالانىڭ ئاتا قىلغانلىقىنى كۆرىمىز. شۇڭلاشقا، الله تائالا ئىنسانلارغا تۆمۈر ماددىسىنى ئاتا قىلدى. بۇ هەقتە الله تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿وَأَنزَلْنَا الْحَدِيدَ فِيهِ بَأْسٌ شَدِيدٌ وَمَنَافِعُ لِلنَّاسِ﴾ ﴿تۆمۈرنى ياراتتۇق، (تۆمۈردىن ئۇرۇش قوراللىرى ياسىلىدىغانلىقى ئۈچۈن) تۆمۈر كۈچ ـ قۇۋۋەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. تۆمۈردە ئىنسانلار ئۈچۈن نۇرغۇن مەنپەئەتلەر بار﴾[3].

الله تائالانىڭ: تۆمۈرنى «ياراتتۇق» دەپ ئىبارە كەلتۈرۈشى، ئۇنى ئۈستۈنكى ئالەمدىن بىۋاسىتە ياراتقانلىقىنى، ئىنساننىڭ بۇ جەھەتتە هېچقانداق رولى يوقلۇقىنى بىلدۈرىدۇ. شۇنداقلا، هەرخىل سانائەتلەرنى ئىشلەپچىقىرىشمۇ الله تائالانىڭ ئىنسانلارغا ئىلهام بەرگەنلىكى ۋە ئۇ بىلمىگەننى ئۆگەتكەنلىكىنىڭ نەتىجىسىدۇر. الله تائالا بۇ هەقتە پەيغەمبىرى داۋۇد ئەلەيهىسسالامغا مۇنداق دېگەن: ﴿وَعَلَّمْنَاهُ صَنْعَةَ لَبُوسٍ لَّكُمْ لِتُحْصِنَكُم مِّن بَأْسِكُمْ فَهَلْ أَنتُمْ شَاكِرُونَ﴾ ﴿داۋۇدقا سىلەر ئۈچۈن ساۋۇت ياساشنى ئۆگەتتۇق، سىلەر

---

[1] سۈرە ئەبەسە، 24 ـ ئايەتتىن 28 ـ ئايەتكىچە.

[2] سۈرە ياسىن، 33 ـ ئايەتتىن 35 ـ ئايەتكىچە.

[3] سۈرە هەدىد، 25 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(بۇنىڭغا) شۈكۈر قىلامسىلەر؟ (يەنى شۈكۈر قىلىڭلار ۋە نېمەتنىڭ قەدرىنى بىلىڭلار)﴾[1].

قىسقىسى، پۇل - مال اللە تائالا ئىنسانغا ئۆز پەزلى مەرھەمىتى بىلەن ئىنئام قىلغان رىزىقتۇر. ئىنسان ئۆزىنىڭ ئەمگىكىنى ۋە تىرىشچانلىقىنى قانچىلىك جار سېلىپ كەتسۇن، يەنىلا ئۇنى ياراتقان ۋە ئۇنىڭغا مۇيەسسەر قىلغان ئىلاھىي قۇدرەتنىڭ كۈچىنى بىللە تىلغا ئېلىشى كېرەك. شۇڭا، ئىنسان اللەنىڭ بەندىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن اللە ئاتا قىلغان رىزىقتىن مەلۇم بىر قىسمىنى ئۇنىڭ بەندىلىرىگە، ئۆزىنىڭ قېرىنداشلىرىغا سەرپ قىلىشى ھېچقانداق ھەيران قالارلىق ئىش ئەمەس. بۇ، نېمەت ئاتا قىلغۇچى زاتنىڭ نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلىش ھېسابلىنىدۇ. اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿أَنفِقُواْ مِمَّا رَزَقْنَاكُم﴾ ﴿سىلەرگە بىز رىزىق قىلىپ بەرگەن مال - مۈلۈكلەردىن (ياخشىلىق يوللىرىغا) سەرپ قىلىڭلار﴾[2]؛ ﴿وَمِمَّا رَزَقْنَاهُمْ يُنفِقُونَ﴾ ﴿ئۇلار بىز بەرگەن مال - مۈلۈكتىن (خۇدا يولىغا) سەرپ قىلىدۇ﴾[3].

اللە تائالا پۇل - مالنىڭ ئۆزىنىڭ ئىكەنلىكىنى، ئىنساننىڭ پەقەت ئۇنىڭغا ۋاقىتلىق ئىگە قىلىنغانلىقىنى ياكى ئۇنى راۋاجلاندۇرۇش، سەرپ قىلىش، پايدىلىنىش ۋە باشقىلارغا پايدا يەتكۈزۈش ئۈچۈن بېرىلگەن ئىشەنچلىك بىر خادىم ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ. اللە تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿وَآتُوهُم مِّن مَّالِ اللَّهِ الَّذِي آتَاكُمْ﴾ ﴿سىلەرگە اللە ئاتا قىلغان مال - مۈلۈكنىڭ بىر قىسمىنى (ئۆزلىرىنى ئازاد قىلىشقا ياردەم تەرىقىسىدە) ئۇلارغا بېرىڭلار﴾[4]؛ ﴿وَأَنفِقُوا مِمَّا جَعَلَكُم مُّسْتَخْلَفِينَ فِيهِ﴾ ﴿اللە سىلەرنى ئىگە قىلغان ماللاردىن سەدىقە قىلىڭلار﴾[5].

زاكاتتىكى بۇ چۈشەنچە ئۇنىڭ اللەنىڭ ھەققى بولۇپ، ئىنسانلار تۈزۈمىدىكى باجدىن پەرقلىق ئىكەنلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىدۇ. ئەمما ئۇ ھەم باج ھەم ئىبادەتتۇر. ئۇنىڭ باج بولۇشىغا كەلسەك، مۇئەييەن بەلگىلەنگەن ھەق بولۇپ، سەل قاراشقا بولمايدۇ. ئىسلام دۆلىتى ئۇنى يىغىپ تارقىتىشقا بىۋاستە مەسئۇل بولىدۇ. ئىبادەت بولۇشىغا كەلسەك، مۇسۇلمان ئۇنى اللەنىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلىش، نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلىش ۋە پەزلى - مەرھەمىتىنى ئېتىراپ قىلىش يۈزىسىدىن ئادا قىلىدۇ. شۇڭلاشقا، ئىسلام ئىنساننىڭ بۇ

[1] سۈرە ئەنبىيا، 80 - ئايەت.
[2] سۈرە بەقەرە، 254 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە بەقەرە، 3 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[4] سۈرە نۇر، 33 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[5] سۈرە ھەدىد، 7 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

مەجبۇرىيەتنى اللە تائالاغا يېقىنلىشىشنى نىيەت قىلماستىن، مۇنداقلا ئادا قىلىشىنى يېتەرلىك دەپ قارىمايدۇ. ھەمدە ئۇنىڭ زاكاتنى خۇددى بىر جەرىمانە تۆلەۋاتقاندەك ۋايساپ تۇرۇپ بېرىشىنىمۇ خالىمايدۇ. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زاكاتنى بەرگەندە مۇنۇ دۇئانى ئوقۇشنى تەۋسىيە قىلغان: «ئى اللە، ئۇنى غەنىمەت قىلىپ بەرگىن، ئۇنى جەرىمانە قىلىپ قويمىغىن»[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن: «ئۈچ نەرسە بار. كىم ئۇنى قىلسا، ئىماننىڭ تەمىنى تېتىيدۇ. بىرى، اللەتىن باشقا بەرھەق مەبۇد يوق دېگەن ئېتىقاد بىلەن يەقەت يالغۇز اللەقىلا ئىبادەت قىلغان كىشى؛ پۇل ـ مېلىنىڭ زاكىتىنى كۆڭۈل رازىلىقى بىلەن بەرگەن كىشى...»[2].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «ئامانەتنىڭ غەنىمەت، زاكاتنىڭ جەرىمانە» ھالغا كېلىپ قېلىشى ئىسلام ئۇممىتىگە بالا كېلىشىنىڭ سەۋەبلىرىدىن ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان[3].

## زاكاتنىڭ غايە ـ مەقسەتلىرى

ئەرەب تىلىدا «زاكات» سۆزىنىڭ ئىككى مەنىسى بار. بىرى، پاكلاش ۋە تازىلاش؛ يەنە بىرى، كۆپەيتىش ۋە زىيادە قىلىش.

ئىسلام دىنى بۇ سۆزنى مۇئەييەن ئىقتىسادىي پەرزنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن تاللىدى. چۈنكى، بۇ كەلىمە ئىسلامنىڭ بۇ پەرزنى يولغا قويۇشتىكى غايە ـ مەقسەتلىرىنى تولۇق ئىپادىلەپ بېرەلەيدۇ.

دېمەك، زاكات كەلىمىسىگە پاكلاش ۋە كۆپەيتىشتىن ئىبارەت ھەر ئىككىلى مەنە مۇجەسسەملەشكەن.

زاكات باينىڭ قەلبىنى قاتتىق بېخىللىق قىلىشتىن پاكلايدۇ. بېخىللىق شۇنداق خەتەرلىك ئاپەتكى، ئۇ ئىنساننى قان تۆكۈشكە ياكى ئار ـ نومۇسنى سېتىشقا ياكى ۋەتەنگە خىيانەت قىلىشقا ئېتتىرىدۇ. بېخىللىق چاڭگىلىغا ئېلىنۋالغان شەخس ياكى بېخىللىق قاپلاپ كەتكەن جەمئىيەت ھەرگىز نىجات تاپالمايدۇ. اللە تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿وَمَن يُوقَ شُحَّ نَفْسِهِ فَأُوْلَئِكَ هُمُ الْمُفْلِحُونَ﴾ «ئۆز نەپسىنىڭ بېخىللىقىدىن

[1] ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان.
[2] ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.
[3] تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.

ساقلانغانلار مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر﴾[1]؛ ﴿وَمَن يُوقَ شُحَّ نَفْسِهِ فَأُوْلَئِكَ هُمُ الْمُفْلِحُونَ﴾ ﴿ئۆز نەپسىنىڭ بېخىللىقىدىن ساقلانغانلار مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر﴾[2].

يەنە بىر تەرەپتىن، ئاللاھنىڭ بەندىلىرىدىن ئۇنىڭ پۇل - ماللىرىنى توپلىۋالغان بايغا قارىتا پېقىرنىڭ قەلبىنى ھەسەت ۋە ئۆچمەنلىك قىلىشتىن پاكلايدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿الَّذِي جَمَعَ مَالًا وَعَدَّدَهُ يَحْسَبُ أَنَّ مَالَهُ أَخْلَدَهُ﴾ ﴿ئۇ مال توپلىدى ۋە ئۇنى (ياخشىلىق يوللىرىغا سەرپ قىلماي ساقلاش ئۈچۈن) ساناندى. ئۇ مېلى ئۆزىنى (دۇنيادا) مەڭگۇ قالدۇرىدۇ دەپ ئويلايدۇ﴾[3]. ياخشىلىق ئىنسان قەلبىنى مايىل قىلىش رولىنى ئوينايدۇ. خۇددى شۇنىڭدەك، بىر تەرەپتە مەھرۇملۇق يامراپ، يەنە بىر تەرەپتە مولچىلىق بولسا، مەھرۇم بولغانلارنىڭ قەلبلىرىنى ھەسەتخورلۇق ۋە دۈشمەنلىك چىرمىۋېلىشى مۇقەررەر ئەھۋال.

زاكات يەنە جەمئىيەتنى ھەر خىل بۇزغۇنچىلىق، بۆلگۈنچىلىك، زىددىيەت، پىتنە - پاسات ۋە قالايمىقانچىلىق ئامىللىرىدىن تازىلايدۇ.

ئاللاھ تائالانىڭ مۇنۇ ئايىتى يۇقىرىقى ئامىللارنى ئىشارەت قىلغان: ﴿خُذْ مِنْ أَمْوَالِهِمْ صَدَقَةً تُطَهِّرُهُمْ وَتُزَكِّيهِم بِهَا﴾ ﴿(ئى مۇھەممەد!) ئۇلارنىڭ ماللىرىنىڭ بىر قىسمىنى سەدىقە ھېسابىدا ئالغىنكى، ئۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى گۇناھلىرىدىن پاكلىغايسەن ۋە (ياخشىلىقلىرىنى) كۆپەيتكەيسەن﴾[4].

زاكات يەنە پۇل - مالنىڭ ئۆزىنى پاكلايدۇ. چۈنكى، پۇل - مالغا باشقىلارنىڭ ھەققىنىڭ ئارىلىشىپ قېلىشى ئۇنى بۇلغايدۇ. شۇڭا ئۇ پەقەت زاكات بەرگەندىلا پاكلىنىدۇ. بەزى سەلەفلەر بۇ مەزمۇندا مۇنداق دېگەن: «ئۆيگە ئىشلىتىلگەن بۇلانغان تاش شۇ ئۆينىڭ يىقىلىپ چۇشۇشىدىن دېرەك بېرىدۇ». شۇنىڭدەك، پېقىرنىڭ پۇل - مالدىكى بىر دىرھەم چاغلىق ھەققى ئۇنىڭ ھەممىنى بۇلغىۋېتىشىدىن ئىشارەتتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان: «سەن پۇل - مېلىڭنىڭ زاكىتىنى بەرسەڭ، ئۆزۈڭدىن ئۇنىڭ يامانلىقىنى كەتكۈزۈۋەتكەن بولىسەن»[5].

ئۇ يەنە مۇنداق دېگەن: «سىلەر پۇل - ماللىرىڭلارنى زاكات بىلەن قوغداڭلار».

---

[1] سۈرە ھەشر، 9 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] سۈرە تەغابۇن، 16 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[3] سۈرە ھۇمەزە، 2 - ۋە 3 - ئايەتلەر.

[4] سۈرە تەۋبە، 103 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[5] ھاكىم رىۋايەت قىلغان.

بايلارنىڭ بۇ ئىلاھىي قورغانغا تولىمۇ ئېھتىياجى بار، بولۇپمۇ بۈرۈق ئىدىيە ۋە قارىغۇلارچە توپىلاڭلار ئەۋج ئالغان بۈگۈنكى كۈندە شۇنداق!

زاكات پۇل - مالنى پاكلاشتىن سىرت، ئۇنى كۆپەيتىدۇ ۋە زىيادە قىلىدۇ. باينىڭ سالاھىيىتىنى ۋە مەنىۋى ئورنىنى ئۈستۈرىدۇ. ھەم دىنىي ھەم ئىنسانىي قېرىنداشلىرى بىلەن ھەمنەپەس بولۇش ۋە اللہ تائالانىڭ ھەققىنى ئادا قىلىش يولىدا خەير - ئېھسان قىلىدىغان، ياخشىلىق قىلىدىغان، ئۆز قولى بىلەن پۇل - مال سەرپ قىلىدىغان ئىنسان خۇددى جەڭدە غەلىبە قازانغان ئادەمدەك يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىن خۇشاللىق ھېس قىلىدۇ، كۆڭلى - كۆكسى راھەتلىنىدۇ. دېمىسىمۇ، بۇ كىشى ئۆزىنىڭ نەپسىي ئاجىزلىقىنى، بېخىللىقىنى ۋە ھاۋايى - ھەۋىسىنى يەڭدى. مانا بۇ روھىي يۈكسىلىش ۋە مەنىۋى پاكلىق ھېسابلىنىدۇ.

بىز: ﴿ئۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى گۇناھلىرىدىن پاكلىغايسەن ۋە (ياخشىلىقلىرىنى) كۆپەيتكەيسەن﴾ دېگەن ئايەتتىن يۇقىرىدىكى بايانلارنى چۈشىنىشىمىز مۇمكىن. چۈنكى، اللہ تائالانىڭ «كۆپەيتىش» سۆزىنى «پاكلاش» سۆزىگە باغلىشى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان مەنىلەرنى ئىزاھلاپ بېرىدۇ. نېمىشقا دېگەندە، «قۇرئان كەرىم»دىكى ھەربىر كەلىمىنىڭ ئۆز ئالدىغا مەنىسى ۋە كۆرسەتمىسى بار.

زاكات يەنە پېقىرنىڭ سالاھىيىتىنى يۈكسەلدۈرىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئۆزىنىڭ جەمئىيەتتە زايا بولمايۋاتقانلىقىنى، ئىنسانىي تېز ۋەيران قىلىۋېتىدىغان يوقسۇزلۇق، پېقىرچىلىقتا تاشلاپ قويۇلمىغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ. شۇنداق، ئۇ ياشاۋاتقان جەمئىيەت ئەزالىرى ئۇنىڭ خاپىلىقىنى يوق قىلىش، يۈكلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ بېرىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا خىزمەت قىلىدۇ، قۇدرىتى يەتكىنىچە ياردەم قىلىدۇ. شۇنى بىلىش كېرەككى، پېقىرنىڭ خارلىنىپ قالماسلىقى، باينىڭ ئۈستۈنلۈك ھېس قىلىپ قالماسلىقى ئۈچۈن پېقىر زاكاتنى يەككە كىشىنىڭ قولىدىن ئالمايدۇ، بەلكى، دۆلەتتىن ئالىدۇ. مۇشۇنداق قىلغاندىلا ئۇنىڭ ھۆرمىتى ساقلىنىدۇ. مۇبادا شەخسلەر زاكاتنى ئۆزلىرى بېرىشكە توغرا كېلىپ قالسا، اللہ تائالا ئۇلارنى مىننەت قىلىشتىن ۋە ئەزىيەت بېرىشتىن مۇنۇ ئايەت بىلەن ئاگاھلاندۇرىدۇ: ﴿قَوْلٌ مَّعْرُوفٌ وَمَغْفِرَةٌ خَيْرٌ مِّن صَدَقَةٍ يَتْبَعُهَا أَذًى﴾ ﴿ياخشى سۆز ۋە كەچۈرۈش كەينىدىن ئەزىيەت يەتكۈزىدىغان سەدىقىدىن ئەۋزەلدۇر﴾[1].

زاكات پۇل - مالنى كۆپەيتىدۇ، بەرىكەت ئاتا قىلىدۇ. بەلكى، بەزىلەر بۇنىڭدىن ھەيران قېلىشى مۇمكىن. زاكات ئەمەلىيەتتە پۇل - مالنى ئازلىتىۋېتىدىغان تۇرسا، قانداقسىگە كۆپەيتىدۇ ۋە زىيادە قىلىدۇ؟

---

[1] سۈرە بەقەرە، 263 - ئايەت.

لېكىن، ئاقىللار ئۇنىڭ قارىماققا كېمىيىۋاتقاندەك قىلىسىمۇ، ئەمەلىيەتتە كۆپىيىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. ھەم كۆپچىلىكنىڭ پۇل - مېلى ھەم باينىڭ پۇل - مېلى كۆپىيىدۇ. باي بېرىۋاتقان ئازغىنە پۇل - مال ئۇنىڭغا ئۇ بىلىدىغان ياكى بىلمەيدىغان جايدىن ھەسسىلەپ قايتىدۇ.

مۇشۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان ئەھۋاللاردىن بىرى شۇكى، بەزى باي دۆلەتلەرنىڭ نامرات دۆلەتلەرگە ياردەم بېرىۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز. ئۇلار ئەلۋەتتە اللە ئۇچۇن بەرمەيدۇ، بەلكى ئۆزىنىڭ مەھسۇلاتلىرىغا بازار تېپىش ئۇچۇن شۇنداق قىلىدۇ.

بىز پىسخىكا نۇقتىسىدىن قارايدىغان بولساق، مەلۇم بىرىنىڭ ئىلكىدىكى بىر دىنار ئۇچۇن قەلبلەر تەشنا بولىدۇ، تىللار ئۇنىڭ ئۇچۇن دۇئا ياخرىتىدۇ، ئەتراپىدىكىلەر ئۇنى ھىمايە قىلىپ قوغدايدۇ. بۇ كىشىدىكى بىر دىنار پەقەت ئۇزى ئۇچۇن ياشايدىغان، نەپسى - خاھىشىغا بېرىلىپ كەتكەن، كىشىلەر مەغلۇب بولۇشىنى تىلەيدىغان ئادەمدىكى بىر قانچە دىنارغا قارىغاندا كۈچلۈك رول ئوينايدۇ ۋە كۆپ ھەرىكەت قىلدۇرىدۇ.

پۇل - مالنى مۇشۇنداق كۆپەيتىشتىكى ئىقتىسادىي چۈشەنچىگە قۇرئان كەرىمنىڭ مۇنۇ ئايەتلىرى ئىشارە قىلىدۇ: ﴿وَمَا أَنفَقْتُم مِّن شَيْءٍ فَهُوَ يُخْلِفُهُ وَهُوَ خَيْرُ الرَّازِقِينَ﴾ ﴿(اللەنىڭ يولىدا) بەرگەن نەرسەڭلەرنىڭ ئورنىنى اللە تولدۇرۇپ بېرىدۇ، ئۇ رىزىق بەرگۈچىلەرنىڭ ياخشىسىدۇر﴾[1]؛ ﴿الشَّيْطَانُ يَعِدُكُمُ الْفَقْرَ وَيَأْمُرُكُم بِالْفَحْشَاء وَاللّهُ يَعِدُكُم مَّغْفِرَةً مِّنْهُ وَفَضْلاً وَاللّهُ وَاسِعٌ عَلِيمٌ﴾ ﴿شەيتان سىلەرنى پېقىرلىقتىن قورقىتىدۇ، يامان ئىشلارغا (يەنى بېخىللىققا، زاكات بەرمەسلىككە) بۇيرۇيدۇ؛ اللە سىلەرگە ئۆز مەغپىرىتىنى ۋە پەزلىنى ۋەدە قىلىدۇ. اللەنىڭ مەرھەمىتى كەڭدۇر، ئۇ ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر﴾[2]؛ ﴿وَمَا آتَيْتُم مِّن زَكَاةٍ تُرِيدُونَ وَجْهَ اللَّهِ فَأُوْلَئِكَ هُمُ الْمُضْعِفُونَ﴾ ﴿اللەنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ بەرگەن سەدىقەڭلار (ياكى ئېھسانىڭلار)غا ھەسسىلەپ ساۋاب بېرىلىدۇ﴾[3]؛ ﴿يَمْحَقُ اللَّهُ الرِّبَا وَيُرْبِي الصَّدَقَاتِ﴾ ﴿اللە جازانىنىڭ (بەرىكىتىنى) ئۇچۇرۇۋېتىدۇ، سەدىقىنىڭ (بەرىكىتىنى) زىيادە قىلىدۇ﴾[4].

بىز زاكاتنىڭ ئورنىنىڭ تولدۇرۇلۇش ۋە كۆپەيتىلىشتىن ئىبارەت ئىلاھىي ئىنايەتنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز لازىم. بىز بۇنىڭ سەۋەبىنى بىلمەيمىز. اللە تائالا ئۆز پەزلىدىن خالىغان كىشىگە خالىغان نەرسىنى ئاتا قىلىدۇ، اللە تائالا كاتتا مەرھەمەت ئىگىسىدۇر.

---

[1] سۇرە سەبەئ 39 ـ ئايەت.

[2] سۇرە بەقەرە، 268 ـ ئايەت.

[3] سۇرە رۇم، 39 ـ ئايەت.

[4] سۇرە بەقەرە، 276 ـ ئايەت.

مەلۇمكى، زاكات ئىسلام ئېلىپ كەلگەن ئىجتىمائىي كاپالەتنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، ئىسلام ئۆز جەمئىيىتىدە يېتەرلىك ئوزۇق - تۈلۈك، كىيىم - كېچەك، تۇرالغۇ - جاي تاپالمايدىغان ئادەمنىڭ بولۇشىنى خالىمايدۇ. چۈنكى، بۇلار ئىسلام سايىسىدا ياشايدىغان ئادەم ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ئېھتىياجلاردۇر. ئەمما، مۇسۇلمانىنىڭ ئاشۇ زۆرۈر ئېھتىياجلارنى ئۆزى تېپىش مەجبۇرىيىتى بار. مۇبادا تاپالمىسا ئۇنى جەمئىيەت ئۆزى كاپالىتىگە ئالىدۇ. ئاچ، يالىڭاچ ۋە تۇرالغۇ - جايسىز تاشلاپ قويمايدۇ.

ئىسلام مۇسۇلمانلارغا بىر پۈتۈن بەدەنگە ئوخشاش بولۇشنى ئۆگەتتى. ئۇنىڭدىن مەلۇم بىر ئەزا ئاغرىسا، قالغان ھەممە ئەزا بىللە ئاغرىيدۇ.

مەلۇمكى، ئىسلام پەرز قىلغان زاكات ئاجىز - يوقسۇللارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدىغان ئاساسلىق كىرىم ھېسابلىنىدۇ.

زاكات يەنە باي بىلەن پېقىرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇساپىنى يېقىنلاشتۇرىدىغان ۋاستىلەرنىڭ بىرى. ئىسلام دىن بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىنساننىڭ ساپ تەبىئىتىنى قوبۇل قىلىدۇ، ئۇنى پاكلايدۇ ۋە يۈكسەلدۈرىدۇ. ئۇنى پۈتۈنلەي يوقىتىش ياكى ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن جەڭ ئېلان قىلمايدۇ. ئىنساننىڭ ئەسلى تەبىئىتىدىكى ئىگىلىك يارىتىش، رىقابەتلىشىش ۋە جۇغلاش ئىستەكلىرىنىڭ تۈرتكىسى ئاستىدا يوللۇق ۋاستىلەر بىلەن تىكلەنگەن خۇسۇسىي مۈلۈكنى ئېتىراپ قىلىدۇ.

قىسقىسى، ئىسلام ئىنسانلار ئارىسىدىكى رىزىق پەرقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. چۈنكى، بۇ پەرق ئىنسانلاردىكى تەبىئىي تالانت، قابىلىيەت ۋە قۇدرەتنىڭ پەرقلىق بولغانلىقىدىن كېلىپ چىقىدۇ. ئەمما، شۇنى بىلىش كېرەككى، ئىسلامنىڭ بۇ پەرقنى ئېتىراپ قىلىشى باينىڭ تېخىمۇ بايلىشىپ، پېقىرنىڭ تېخىمۇ پېقىرلىشىپ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرق تېخىمۇ كېڭىيىپ كەتسۇن، بايلار ئالىي قەسىرلەردە ياشىسۇن، نامراتلار ئاچلىق ۋە مەھرۇملۇق ئىچىدە ئۆلۈپ كەتسۇن دېگەنلىكنى بىلدۈرمەيدۇ. بەلكى، ئىسلام ئۆزىنىڭ شەرئىي قانۇنلىرى، روھىي ۋە ئەخلاقىي تەۋسىيەلىرى بىلەن ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇساپىنى يېقىنلاشتۇرۇشقا، بايلارنىڭ ھەددىدىن ئېشىپ كېتىشىگە چەك قويۇشقا، پېقىرلارنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى كۆتۈرۈشكە ھەرىكەت قىلىدۇ.

مەن بۇ يەردە ئىسلامنىڭ بايلار بىلەن پېقىرلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇساپىنى يېقىنلاشتۇرۇش ئۈچۈن جازانىنى، بېسىمدارلىقنى، ئىسراپچىلىقنى ھارام قىلغانلىقى ئۈستىدە سۆزلەپ ئولتۇرمايمەن. مەن پەقەت زاكات ھەققىدە توختىلىمەن. چۈنكى، مەزكۇر ۋاستىلەر ئىچىدە زاكات ئەڭ گەۋدىلىك ۋاستىدۇر. ئۇ بولسىمۇ بايلاردىن ئېلىپ پېقىرلارغا بېرىشتۇر.

زاكات بايلارنىڭ پۇل ـ ماللىرىنى يوشۇرۇن ساقلاۋاتقان يەرلىرىدىن، ساندۇقلاردىن سەرمايە قىلىش ۋە مەبلەغ سېلىش مەقسىتىدە چىقىرىپ، بىكار تۇرغانلىرىنىڭ ئورنىدا پايدىلىق ئىشلارغا ئىشلىتىش ئۈچۈن ئەڭ ياخشى قورالدۇر. پۇل ـ مالنى قولدىن ـ قولغا ئۆتكىلى قويماي ساقلىۋالىدىغان ئادەم خۇددى جىھاد مەيدانىدا ئەسكەرنى ئۇرۇش قىلغىلى قويماي، ھەپسىگە سولاپ قويغان ئادەمگە ئوخشايدۇ. بۇ ھەق ئوخشىتىشتۇر. چۈنكى، قولدىن ـ قولغا ئايلىنىپ پايدا يەتكۈزىدىغان بىر دىنارمۇ مۇسۇلمان ئۈممىتىنىڭ خىزمىتىنى قىلىدىغان، ئۇلارنىڭ ئارامى ۋە خوجىدار بولۇشى ئۈچۈن ئىشلەيدىغان ئەسكەردۇر. ھالبۇكى، تىقىۋېلىنغان دىنار ئۇرۇشقا چىققىلى ئۇنىمايدىغان ياكى ھەپسىگە تاشلانغان ئەسكەردۇر.

شۇڭلاشقا، ئىسلام ئالتۇن ـ كۈمۈش يىغىپ الله يولىدا سەرپ قىلماسلىقنى ھارام قىلدى. قۇرئان كەرىم ئالتۇن ـ كۈمۈشنى يىغىۋېلىپ سەرپ قىلمايدىغانلارنىڭ الله تائالانىڭ غەزىپىگە دۇچار بولىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. الله تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿وَالَّذِينَ يَكْنِزُونَ الذَّهَبَ وَالْفِضَّةَ وَلاَ يُنفِقُونَهَا فِي سَبِيلِ اللّهِ فَبَشِّرْهُم بِعَذَابٍ أَلِيمٍ يَوْمَ يُحْمَى عَلَيْهَا فِي نَارِ جَهَنَّمَ فَتُكْوَى بِهَا جِبَاهُهُمْ وَجُنوبُهُمْ وَظُهُورُهُمْ هَذَا مَا كَنَزْتُمْ لأَنفُسِكُمْ فَذُوقُواْ مَا كُنتُمْ تَكْنِزُونَ﴾ ﴿ئالتۇن ـ كۈمۈش يىغىپ ئۇنى اللهنىڭ يولىدا سەرپ قىلمايدىغانلارغا (دوزاختا بولىدىغان) قاتتىق ئازاب بىلەن بېشارەت بەرگىن. ئۇ كۈندە (يەنى قىيامەت كۈنىدە) ئۇ ئالتۇن ـ كۈمۈشلەر جەھەننەمنىڭ ئوتىدا قىزىتىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ پېشانىلىرى، يانلىرى ۋە دۈمبىلىرى داغلىنىدۇ. ئۇلارغا: ‹بۇ سىلەرنىڭ ئۆزۈڭلار ئۈچۈن يىغقان ئالتۇن ـ كۈمۈشلەر (سىلەر بۇ دۇنيايىڭلاردىكى اللهنىڭ ھەققىنى ئادا قىلمىدىڭلار). يىغقان ئالتۇن ـ كۈمۈشۈڭلارنىڭ ۋابالىنى تېتىڭلار› دېيىلىدۇ﴾[1].

ئىسلام ئالتۇن ـ كۈمۈش يىغىدىغانلارغا بۇ ئاگاھلاندۇرۇش بىلەنلا كۇپايىلەنمىدى. بەلكى، ئالتۇن ـ كۈمۈشنى يىغىپ تىقىۋېلىشقا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن ئەمەلىي پىلاندىن بىرنى يولغا قويدى. ئۇ بولسىمۇ زاكاتتۇر. قانداق ئادەم ئۆزىنىڭ بايلىقىدىن ھېچقانداق پايدا ئالماي تۇرۇپ، ھەر يىلى 2.5% كېمىيىپ كېتىشكە رازى بولىدۇ؟ مۇبادا پۇل ـ ماللار كۆپەيتىلىپ تۇرمىسا، زاكات ئۇنى بىرقانچە يىلغا بارمايلا تۈگىتىۋېتىدۇ. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يېتىملەرنىڭ ۋەسىيلىرىگە ئۇلارنىڭ پۇل ـ ماللىرىنى زاكات يەپ، تۈگەپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭ بىلەن تىجارەت قىلىپ تۇرۇشنى تەۋسىيە قىلدى[2].

[1] سۈرە تەۋبە، 34 ـ ۋە 35 ـ ئايەتلەر.

[2] بۇ ھەقتە تىرمىزى رىۋايەت قىلغان ھەدىس بار.

## چەتئەل يازغۇچىلىرىنىڭ زاكات ھەققىدىكى مەدھىيەلىرى

مانا بۇلار ئىسلامدىكى زاكات ۋە ئۇنىڭ غايە ـ نىشانلىرى، سىر ـ ئەسرارلىرىدۇر. ئەمدى بىز بەزى غەرب يازغۇچىلىرى ۋە تەتقىقاتچىلىرىنىڭ ھەم زاكاتنى ھەم ئۇنى يولغا قويغان ئىسلامنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى مەدھىيەلەۋاتقانلىقىغا قاراپ چىقايلى:

لىيۇدوروۋش مۇنداق دېگەن: «مەن ئىسلامدا جاھاننى ئۆزگىچە بەنت قىلىۋالغان ئىككى مۇشكۇلاتنى ھەل قىلىش يولىنى تاپتىم.

بىرى، اللە تائالانىڭ مۇنۇ سۆزى: ﴿إِنَّمَا الْمُؤْمِنُونَ إِخْوَةٌ﴾ ﴿مۇئمىنلەر (دىندا) قېرىنداشلاردۇر﴾[1]. بۇ، ئورتاقلىشىشنىڭ ئەڭ چىرايلىق پرىنسىپى.

يەنە بىرى، ھەرقانداق بىر پۇلدارغا زاكاتنى پەرز قىلىشى.

«ئىسلام ۋە دۇنيانىڭ يېڭى تۈزۈمى» ناملىق كىتابنىڭ يازغۇچىسى زاكات ھەققىدە ماركس (بۇ، ھېلىقى يەھۇدىي كوممۇنىست ماركس ئەمەس)نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى نەقىل كەلتۈرىدۇ: ”زاكات ھەممە ئۆتەشكە تېگىشلىك دىنىي پەرزدۇر. ئۇ بۇ دىنىي سۈپەت بىلەن بىرگە يەنە ئىجتىمائىي ۋە ئاممىۋى تۈزۈمدۇر. مۇھەممەدىيە دۆلىتى پېقىرلارغا ياردەم قولىنى سۇنىدىغان مەنبەدۇر. بۇ، توغرا تۈزۈم ئاستىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ. بۇنىڭدا ھېچقانداق ئىستىبداتلىق ياكى ئۆتكۈنچى بىر ھالەت يوقتۇر“.

ئىنسانىيەت تارىخىدا مۇشۇنداق تەڭداشسىز بىر تۈزۈمنى تۇنجى قىلىپ ئىسلام دىنى يولغا قويدى. دۆلەت پېقىر ۋە ھاجەتمەن پۇقرالىرىغا سەرپ قىلىش ئۈچۈن پۇلدارلار ۋە تىجارەتچىلەردىن ئالىدىغان بۇ زاكات بىر دۆلەت تەبىقىلىرىنى ئايرىپ تۇرىدىغان قاشانى يىقىتىپ تاشلىدى. پۈتۈن دۆلەت پۇقرالىرىنى ئادىل ئىجتىمائىي دائىرىگە توپلىدى. بۇ ئىسلامىي تۈزۈم ئەنە شۇلار بىلەن ئۆزىنىڭ ئۆزئارا دۈشمەنلىشىدىغان شەخسىيەتچىلىك تۈزۈمى ئۈستىگە قۇرۇلمىغانلىقىنى دەلىللەپ بەردى.

داڭلىق شەرقشۇناس ماسىنيۇن مۇنداق دەيدۇ:

”ئىسلام دىنىنىڭ ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى باراۋەرلىكنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە چېكىگە تۈرۈشىنىڭ يېتەرلىك سەۋەبى بار. ئۇ پەقەت ھەربىر شەخسكە دۆلەت خەزىنىسى ئۈچۈن تاپشۇرىدىغان زاكاتنى يۈكلىشى بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ. دەرھەقىقەت زاكات قەرزنىڭ ئۆسۈملىرىدىن، زۆرۈر بولغان لازىمەتلىكلەردىن ئېلىنىدىغان باجدىن باشقىچە بىر تۈزۈمدۇر. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە ئىسلام خۇسۇسىي مۈلۈك ۋە تىجارىي

---

[1] سۈرە ھۇجۇرات، 10 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

دەسمايىلەرنى قوغدايدۇ. بۇنىڭ نەتىجىسىدە، ئىسلام دىنى يەنە بىر قېتىم كاپىتالىزىم نەزەرىيىسى بىلەن كوممۇنىزىم نەزەرىيىسى ئوتتۇرىسىدا ئوتتۇراھال ئورۇننى ئىگىلەيدۇ".

## زاكاتنى جايىدا ئادا قىلىش ئىسلامنىڭ شان - شەرىپىنى قايتىدىن تىكلەشكە يېتەرلىكتۇر

شەيخ رەشىد رىزا (اللە ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) ئۆزىنىڭ تەپسىرىدە مۇنداق دېگەن: «ئىسلام دىنى زاكاتنى پەرز قىلغانلىقى بىلەن ھەقىقەتەن ھەممە دىن ۋە شەرىئەتلەردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. بۇنى ھەممە مىللەتنىڭ ھۆكۈمدارلىرى ۋە ئاقىللىرى ئېتىراپ قىلىدۇ. اللە مۇسۇلمانلارنىڭ بايلىقىنى مول، رىزقىنى كەڭ قىلغاندىن كېيىنمۇ ئۇلار بۇ دىنىي پەرزنى تولۇق ئادا قىلغان بولسا ئىدى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا قاتتىق نامرات ياكى قەرزدار تېپىلمىغان بولاتتى. لېكىن، مۇسۇلمانلارنىڭ كۆپىنچىسى بۇ پەرزنى تەرك ئەتتى. بۇنىڭ بىلەن دىنىغا ۋە ئىسلام ئۈممىتى قارشى جىنايەت سادىر قىلدى. نەتىجىدە، ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي مەنپەئەتى جەھەتتىن ئەڭ ناچار ئۈممەتكە ئايلىنىپ قالدى. ھەتتاكى ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ پادىشاھلىقىنى، كۈچ - قۇدرىتىنى ۋە شان - شەرىپىنى يوقىتىپ، باشقا مىللەتلەرگە يۈك بولۇپ قالدى. ئەھۋال شۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتتىكى، ئۇلار بالىلىرىنى خرىستىئان ياكى ئاتېئىزىملىق مەكتەپلىرىدە تەربىيىلەۋاتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ دىنىي ئېتىقادى ۋە دۇنيالىقى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراۋاتىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مىللىي ۋە ئىرقىي رىشتىلىرىنى ئۈزۈپ تاشلاۋاتىدۇ. قىسقىسى، ئۇلارنى ئەجنەبىيلەرگە قۇل قىلىش ئۈچۈن تەييارلاۋاتىدۇ. مۇبادا ئۇلارغا: ‹نېمە ئۈچۈن ئۆزۈڭلار ئاشۇ راھىبلارنىڭ، خرىستىئان تەشۋىقاتچىلىرىنىڭ، ئاتېئىست دەھرىيلەرنىڭ مەكتەپلىرىدەك مەكتەپ سالمايسىلەر› دېسەك، ئۇلار: ‹بىز ئۇنىڭغا يېتەرلىك پۇل تاپالمايمىز› دەيدۇ. ئەمما ھەق گەپنى قىلساق، ئۇلاردا ئاشۇلارنى رېئاللىققا ئايلاندۇرىدىغان دىن، ئەقىل - ئىدراك، ئالىي ھىممەت ۋە ئىرادە يوقتۇر. ئۇلار باشقا مىللەتلەرنىڭ دىنىنىڭ مەكتەپلەر، خەيرى - ساخاۋەت جەمئىيەتلىرى ۋە سىياسىي تەشكىلاتلىرى ئۈچۈن پۇل - مال سەرپ قىلىشنى ۋاجىپ قىلمىغانلىقىنى، بەلكى ئۆزلىرىنىڭ ئەقىل - ئىدراكلىرى ۋە مىللىي غۇرۇرى مەجبۇرلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ ئۇلاردىن قىزغانمايدۇ. بەلكى، ئۇلار باشقىلارغا يۈك بولۇشقا رازى بولىدۇ. ئۇلار دىنىنى تەرك ئەتتى. بۇ سەۋەبلىك ئۇلارنىڭ دۇنيالىقىمۇ تۈگەشتى. اللە تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿وَلَا تَكُونُوا كَالَّذِينَ نَسُوا اللَّهَ فَأَنسَاهُمْ أَنفُسَهُمْ أُوْلَئِكَ هُمُ الْفَاسِقُونَ﴾ (سىلەر اللەنى

ئۇنتۇغان، شۇنىڭ بىلەن الله ئۇلارغا ئۆزلىرىنى ئۇنتۇلدۇرغان كىشىلەردەك بولماڭلار، ئەنە شۇلار پاسىقلاردۇر﴾[1].

ئىسلام ئىسلاھاتچىلىرىنىڭ ئالدى بىلەن قىلىشقا تېگىشلىك ئىشى شۇكى، دىنىنى ۋە ئىززەت - ئابرۇيىنى ساقلاپ قالغان كىشىلەرنى ئىسلاھ قىلىپ، بىر جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشى لازىم. بۇ جەمئىيەت ئۇلاردىن زاكاتنى ئىنتىزاملىق ھالدا يىغىپ، ھەرقانداق ئىشتىن بۇرۇن ئۆزىگە باغلىق بولغان كىشىلەرنىڭ مەنپەئىتىگە سەرپ قىلىشى كېرەك. بۇ جەمئىيەتنى قۇرۇشتا، زاكاتنىڭ «دىللىرىنى ئىسلامغا مايىل قىلىش كۆزدە تۇتۇلغان»لارغا ئاجرىتىلغان ئۈلۈشىنى ئاتېئىزملىق ھەرىكەتلىرىگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىش، «قۇللار»غا ئاجرىتىلغان ئۈلۈشىنى، ئەگەر يەككە كىشىلەرنى ئازاد قىلىشقا ئىشلىتىلمىگەن تەقدىردە، مۇستەملىكىگە چۈشۈپ قالغان مۇسۇلمانلارنى جاھانگىرلارنىڭ ئىشغالىيىتىدىن ئازاد قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىش، «اللهنىڭ يولى»غا ئاجرىتىلغان ئۈلۈشىنى ئىسلام ھاكىمىيىتىنى قايتا تىكلەش ئۈچۈن ئىشلىتىش قاتارلىقلارغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. ئىسلام ھاكىمىيىتىنىڭ مەۋجۇدىيىتى كاپىرلارنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىدىن قوغدىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى قايتا تىكلەش جىھادتىنمۇ مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. شۇنداقلا، زاكاتتىن يەنە بىر ئۈلۈشىنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىش، ئۇنى قىلىچ ۋە نەيزە بىلەن قوغداش قىيىن بولۇپ قالغاندا تىل ۋە قەلەم بىلەن قوغداش ئۈچۈن ئىشلىتىشكە ئايرىش كېرەك.

شۇنى بىلىش كېرەككى، مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممىسى ياكى كۆپىنچىسى زاكاتنى مۇنتىزىم ئادا قىلسا، ئىسلامنىڭ شان - شەرىپىنى قايتىدىن تىكلەشكە يېتىدۇ. بەلكى، جاھانگىرلار ئىشغال قىلىۋالغان ئىسلام دىيارلىرىنى قايتۇرۇۋېلىشقا ۋە مۇسۇلمانلارنى كاپىرلارنىڭ مۇستەملىكىسىدىن ئازاد قىلىشقا يېتىپ ئاشىدۇ. زاكات پەقەت بايلارنىڭ ھاجىتىدىن ئاشقان پۇل - مالنىڭ ئوننىڭ بىرىنى ياكى ئوننىڭ بىرىنىڭ تۆتتىن بىرى (قىرىقتىن بىرى)نى سەرپ قىلىشتىن ئىبارەت. بىز مۇسۇلمان دىيارلىرىنى ئىشغال قىلىۋالغان مىللەتلەرنىڭ ئۆز مىللىتىنى خوجا قىلىش يولىدا بۇنىڭدىن نەچچە ھەسسە كۆپ پۇل - مال سەرپ قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋاتىمىز. ئەمەلىيەتتە بولسا، بۇ ئۇلارغا پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن پەرز قىلىنمىغاندى»[2].

[1] سۈرە ھەشر، 19 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] «تەفسىرۇلمەنار» 10 - جىلد، 597 - ۋە 598 - بەتلەر.

## سەدىقە پىتىر

ئىسلام دىنى يولغا قويغان يەنە بىر تۈرلۈك زاكات بولۇپ، ئۇ، نە نەق پۇل زاكىتىغا ئوخشاش دەسمايىگە، نە زىرائەت ۋە مېۋە ـ چېۋە ئۆشرىسىگە ئوخشاش غەللە ـ پاراققا باغلىق ئەمەس. ئۇنىڭدا زاكاتنىڭ باشقا تۈرلىرىگە ئوخشاش باي بولۇش ۋە پۇل - مالنىڭ ئۆلچەمگە يېتىشى شەرت قىلىنمايدۇ. ئۇ بولسىمۇ «سەدىقە پىتىر»دۇر. ئۇنىڭ «سەدىقە پىتىر» دەپ ئاتىلىشى ھەر يىلى رامىزان روزىسى غەلىبىلىك ئاخىرلىشىپ، ئېغىز ئېچىش (يەنى ئىپتار قىلىش) بىلەن تەڭ پەرز بولغانلىقى ئۈچۈندۇر. ئۇ، يىلدا بىر كېلىدىغان سەدىقە بولۇپ، موھتاجلارغا تېز ياردەم بېرىش مەقسىتىدە شۇ يۇرت ئاھالىسىنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ ئوزۇق - تۈلۈكىدىن ئېلىنىدۇ. سەدىقە پىتىر رامىزان روزىسى ئاخىرلىشىپ، ھېيتنىڭ كىرگەنلىكى مۇناسىۋىتى بىلەن اللهنىڭ رامىزان روزىسىنى تولۇقلاپ، مۇۋەپپەق قىلغانلىق نېمىتىگە ۋە ھېيتقا مۇيەسسەر قىلىپ خۇشاللىققا ئېرىشتۈرگەنلىك نېمىتىگە شۈكۈر قىلىش، شۇنداقلا، موھتاج مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش ۋە ئۇلارنى ھېيت كۈنى باشقىلارنىڭ قولىغا قاراپ قېلىشتىن بىھاجەت قىلىش ئۈچۈن پەرز قىلىندى. شۇڭا ئىسلام ئۇنىڭ ئادا قىلىنىش ۋاقتىنى ھېيت نامىزىدىن ئىلگىرى قىلىپ بېكىتتى. بۇ ھەقتە ئىبنى ئابباس (الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زاكات پىتىرنى روزىدارنى بىمەنە سۆزلەردىن، ئۇياتسىز ئىشلاردىن پاكلاش ئۈچۈن؛ پېقىر - مىسكىنلەرگە تاماق بېرىش ئۈچۈن پەرز قىلدى. كىم ئۇنى ھېيت نامىزىدىن ئىلگىرى ئادا قىلىدىكەن، سەدىقە پىتىر ھېسابىدا قوبۇل بولىدۇ. كىم ئۇنى نامازدىن كېيىن ئادا قىلىدىكەن، نورمال سەدىقە بولىدۇ».

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر (الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) ئۇنى ھېيتتىن بىر - ئىككى كۈن ئىلگىرى بېرەتتى. ئىمام شافىئى (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) مۇنداق دېگەن: «سەدىقە پىتىرنى رامىزاننىڭ بېشىدا بەرسىمۇ دۇرۇس بولىدۇ».

ئىسلام بۇ سەدىقىنى ھېيت كۈنى ئۆزىگە ۋە بالا - چاقىلىرىغا يەتكۈدەك ئوزۇقلۇقتىن زىيادە بىر سا بۇغداي، يا ئارپا، يا خورما چاغلىق نەرسىگە ئىگە بولغان ھەربىر مۇسۇلمانغا پەرز قىلدى. مۇسۇلمان ئۇنى ئۆزى، بالا - چاقىلىرى ۋە خىزمەتچىلىرى ئۈچۈن بېرىشى كېرەك. ئىمام بۇخارى (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) ۋە ئىمام مۇسلىم (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن)لار ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن)دىن رىۋايەت قىلىدۇكى، ئۇ مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رامىزاندا

مۇسۇلمانلاردىن قۇل، ھۆر، ئەر، ئايال، كىچىك، چوڭ ھەر بىر بىرىگە بىر سا خورما ياكى بىر سا ئارپا زاكات پىتىر بېرىشنى پەرز قىلدى».

ئىسلامنىڭ بۇ زاكاتنى پەقەت پۇل - مېلى مەلۇم ئۆلچەمگە يەتكەن بايلارغا پەرز قىلماستىن، بەلكى، مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممىسىگە دېگۈدەك پەرز قىلىشى ئىنتايىن ھېكمەتلىك ئىش ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، ئىسلامىي جەمئىيەتتە ھېيت كۈنى ئۆزىگە ۋە بالا - چاقىلىرىغا يەتكۈدەك ئوزۇقلۇقتىن سىرت بىر سا ئاشلىق دانغا ئىگە بولالمايدىغان ئادەمنىڭ تېپىلىشى ئىنتايىن ئاز ئۇچرايدۇ. شۇڭا ئۇ ھېكمەت ھەر بىر مۇسۇلماننى، گەرچە ئۇ ئۆزى پېقىر ۋە كەمبەغەل بولسىمۇ، ياخشىلىق يوللىرىغا پۇل سەرپ قىلىشقا كۆندۈرۈشتە، شۇنداقلا، ئېلىش ئۈچۈن ئەمەس، بېرىش ئۈچۈن قول سۇنغان چاغدىكى ئىززەت - ھۆرمەتنى ھېس قىلدۇرۇشتا تېخىمۇ ئايان بولىدۇ. ئۇ، كەڭلىكى ئاسمان - زېمىنچە كېلىدىغان جەننەت تەييارلانغان مۇتتەقىيلەرنىڭ سۈپەتلىرىدۇر: ﴿الَّذِينَ يُنفِقُونَ فِي السَّرَّاءِ وَالضَّرَّاءِ﴾ ﴿تەقۋادارلار كەڭچىلىكتىمۇ، قىسىنچىلىقتىمۇ اللە يولىدا (پۇل - مال) سەرپ قىلىدىغانلاردۇر﴾[①].

بىز مۇشۇ ھېكمەتنى ئوبدان بىلگىنىمىزدە، بىر ئىنساننىڭ زاكات ئېلىشقا ھەقلىق تۇرۇپ، بۇ زاكاتنى بېرىدىغانلىقىدىن ئەجەبلىنىپ قالمايمىز. ھالبۇكى، ئۇ قەتئىي زىيان تارتمايدۇ، چۈنكى، ئۇ بىر تەرەپتىن بەرگەن بىلەن، بىر قانچە تەرەپتىن ئالىدۇ.

بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىچىك بولسۇن، چوڭ بولسۇن، ھۆر بولسۇن، قۇل بولسۇن، ئەر بولسۇن، ئايال بولسۇن، باي بولسۇن، پېقىر بولسۇن ھەربىر كىشىگە بۇغدايدىن بىر سا بېرىش پەرزدۇر. بايغا كەلسەك، اللە ئۇنىڭ پۇل - مېلىنى كۆپەيتىپ بېرىدۇ. پېقىرغا كەلسەك، اللە ئۇنىڭغا بەرگىنىدىن ھەسسىلەپ ئارتۇق قايتۇرۇپ بېرىدۇ»[②].

## پۇل - مالدا زاكاتتىن باشقىمۇ ھەق بار

مەلۇمكى، زاكات مۇسۇلماننىڭ پۇل - مېلىدىكى بىردىن - بىر ھەق ئەمەس. ئۇ پەقەت مۇئەييەن بەلگىلەنگەن يىللىق ھەقتۇر. پۇل - مالدا يەنە شارائىتقا كۆرە تەلەپ قىلىنىدىغان، ئېھتىياجلار ۋاجىپ قىلىدىغان ھەقلەر بار. بۇ، ئىسلام تەربىيىسىنى

[①] سۈرە ئال ئىمران، 134 - ئايەت.

[②] ئەھمەد ۋە ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

ئالغان ئاق كۆڭۈل مۇسۇلماننىڭ ۋىجدانىغا قالغان ئىشتۇر. شۇڭا ئۇنىڭ بەلگىلەنگەن مىقدارى ياكى بەلگىلەنگەن ۋاقتى يوق.

ئەنەس ئىبنى مالىك (اللّٰه ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن)دىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: تەمىم قەبىلىسىدىن بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ: «ئى رەسۇلۇللاھ مەن جەمەتلىك، پۇلدار ۋە زېمىندار ئادەم، قانداق سەرپ قىلىشىمنى ماڭا ئېيتىپ بەرگىن» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سەن پۇلۇڭنىڭ زاكىتىنى بېرىسەن، ئۇ سېنى پاكلايدۇ. خىش ـ ئەقرىبالىرىڭغا سىلە ـ رەھىم قىلىسەن، مىسكىنلەرنىڭ، قوشنىنىڭ ۋە سائىلنىڭ ھەققىنى بېرىسەن» دېدى[1]. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەدىستە زاكاتتىن كېيىن ئۇنىڭغا يەنە خىش ـ ئەقرىبالارغا سىلە ـ رەھىم قىلىش، مىسكىنلەرنىڭ، قوشنىنىڭ ۋە سائىلنىڭ ھەققىنى بېرىش قاتارلىق ھەقلەرنى بېكىتتى.

اللّٰه تائالا ياخشىلىقنىڭ ماھىيىتىنى ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: ﴿لَّيْسَ الْبِرَّ أَن تُوَلُّواْ وُجُوهَكُمْ قِبَلَ الْمَشْرِقِ وَالْمَغْرِبِ وَلَكِنَّ الْبِرَّ مَنْ آمَنَ بِاللّهِ وَالْيَوْمِ الآخِرِ وَالْمَلآئِكَةِ وَالْكِتَابِ وَالنَّبِيِّينَ وَآتَى الْمَالَ عَلَى حُبِّهِ ذَوِي الْقُرْبَى وَالْيَتَامَى وَالْمَسَاكِينَ وَابْنَ السَّبِيلِ وَالسَّآئِلِينَ وَفِي الرِّقَابِ وَأَقَامَ الصَّلاةَ وَآتَى الزَّكَاةَ وَالْمُوفُونَ بِعَهْدِهِمْ إِذَا عَاهَدُواْ وَالصَّابِرِينَ فِي الْبَأْسَاء والضَّرَّاء وَحِينَ الْبَأْسِ أُولَئِكَ الَّذِينَ صَدَقُوا وَأُولَئِكَ هُمُ الْمُتَّقُونَ﴾ «سىلەرنىڭ كۈن چىققان ۋە كۈن پاتقان تەرەپكە يۈز كەلتۈرۈشۈڭلارنىڭ ئۆزىلا ياخشى ئەمەلگە ياتمايدۇ. بەلكى، اللّٰهقا، ئاخىرەت كۈنىگە، پەرىشتىلەرگە، كىتابقا (يەنى اللّٰه نازىل قىلغان كىتابلارغا)، پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش، اللّٰهنى سۆيۈش يۈزىسىدىن خىش ـ ئەقرىبالارغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، ئىبنى سەبىللەرگە (يەنى پۇل ـ مېلىدىن ئايرىلىپ قالغان مۇساپىرلارغا)، سائىللارغا ۋە قۇللارنىڭ ئازادلىقىغا ئىئانە بېرىشكە پۇل ـ مال ياردەم قىلىش، ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش، ئەھدىگە ۋاپا قىلىش، يوقسۇزلۇققا، كېسەللىككە ۋە (اللّٰهنىڭ يولىدا قىلىنغان) ئۇرۇشقا بەرداشلىق بېرىش ياخشى ئەمەلگە كىرىدۇ. ئەنە شۇلار (يەنى يۇقىرىقى سۈپەتلەرگە ئىگە كىشىلەر) (ئىمانىدا) راستچىل ئادەملەردۇر. ئەنە شۇلار تەقۋادار ئادەملەردۇر»[2]. اللّٰه تائالا مەزكۇر ئايەتتىمۇ خىش ـ ئەقرىبالارغا ۋە باشقىلارغا زاكات بېرىشنى ياخشىلىق قاتارىدىن قىلدى.

[1] ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان.

[2] سۈرە بەقەرە 177 ـ ئايەت.

# پۇل ـ مالنى ياخشىلىق يوللىرىغا سەرپ قىلىش

بىز يۇقىرىدا زاكاتنىڭ پەرز بولغان قىسمىنى سەرپ قىلىش ھەققىدە توختالدۇق. لېكىن، شۇنى بىلىش كېرەككى، پۇل ـ مالنى سەرپ قىلىشنىڭ دائىرىسى مۇسۇلماننىڭ قەلبى تەلپۈنىدىغان ياخشىلىققا قاراپ تېخىمۇ كەڭ ۋە ھەرخىل بولىدۇ. ئىسلام دىنى ياخشىلىق يوللىرىغا پۇل ـ مال سەرپ قىلىشنى شۇنداق تەسىرلىك تەشۋىق قىلىدۇكى، سېخىنىڭ كۆڭلى ـ كۆكسى تېخىمۇ كەڭ بولۇپ كېتىدۇ، بېخىلمۇ بىر نەرسە بەرمەي تۇرالمايدۇ. دەرۋەقە، اﷲ تائالا سەدىقىنى ئوڭ قولى بىلەن قوبۇل قىلىدۇ. ئۇ، سەدىقە قىلغان ئادەمنىڭ سەدىقىسىنى خۇددى بىر ئادەم ئۆز تايچىقىنى ئوبدان بېقىپ ئۆستۈرگەندەك ئۆستۈرۈپ، ساۋابىنى ئۇھۇد تېغىدەك زورايتىپ بېرىدۇ. ئۇ مۇنداق دېگەن: ﴿مَّثَلُ الَّذِينَ يُنفِقُونَ أَمْوَالَهُمْ فِي سَبِيلِ اللّهِ كَمَثَلِ حَبَّةٍ أَنبَتَتْ سَبْعَ سَنَابِلَ فِي كُلِّ سُنبُلَةٍ مِّئَةُ حَبَّةٍ وَاللّهُ يُضَاعِفُ لِمَن يَشَاء وَاللّهُ وَاسِعٌ عَلِيمٌ﴾ ﴿اﷲنىڭ يولىدا پۇل ـ مېلىنى سەرپ قىلغانلارنىڭ (سەرپ قىلغان نەرسىسى يەرگە تېرىلىپ) يەتتە باشاق چىقارغان، ھەر باشىقىدا 100 دان تۈنتقان بىر دانىغا ئوخشايدۇ (بۇ اﷲ ئۈچۈن سەرپ قىلىنغان پۇل ـ مالنىڭ ساۋابىنىڭ ھەسسىلەپ كۆپ بولىدىغانلىقىغا مىسال). اﷲ خالىغان بەندىسىگە ھەسسىلەپ ساۋاب بېرىدۇ. اﷲنىڭ مەرھەمىتى (چەكلىك ئەمەس) كەڭدۇر (اﷲ مال سەرپ قىلغۇچىنىڭ نىيىتىنى بىلگۈچىدۇر)﴾[1]؛ ﴿مَن ذَا الَّذِي يُقْرِضُ اللَّهَ قَرْضًا حَسَنًا فَيُضَاعِفَهُ لَهُ وَلَهُ أَجْرٌ كَرِيمٌ﴾ «كىمكى اﷲقا قەرزىي ھەسەنە بېرىدىكەن (يەنى اﷲنىڭ رازىلىقىنى تىلەپ، ئۇنىڭ يولىدا پۇل ـ مال سەرپ قىلىدىكەن)، اﷲ ئۇنىڭغا ھەسسىلەپ قايتۇرىدۇ، ئۇنىڭغا چوڭ ساۋاب بېرىدۇ﴾[2].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىشىلەرگە ھەر كۈنى ئاسماندىن ئىككى پەرىشتە چۈشىدۇ. ئۇلارنىڭ بىرى: ‹ئى اﷲ سېخىينىڭ خەيرى ـ ئېھسان قىلغان پۇل ـ مېلىنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇپ بەرگىن› دەيدۇ. يەنە بىرى: ‹بېخىلنىڭ مېلىنى تىرىپىرەن قىلىۋەتكىن› دەيدۇ»[3].

ئائىشە (اﷲ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن)دىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇلار بىر قوي بوغۇزلاپ، ھەممىسىنى دېگۈدەك سەدىقە قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنىڭدىن بىر نەرسە قالدىمۇ؟» دەپ سورىغاندا، ئائىشە: «ئۇنىڭدىن پەقەت تاغىقى (يەنى قولى)

---

[1] سۈرە بەقەرە، 261 ـ ئايەت.

[2] سۈرە ھەدىد، 11 ـ ئايەت.

[3] ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

قالدى» دەپ جاۋاب بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنى ئاڭلاپ: «تاغنىقىدىن باشقا ھەممە يېرى قاپتۇ» دېدى[①]. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن: «بەندە: مېلىم، مېلىم دەيدۇ. ھەقىقەتەن، ئۇنىڭ مېلىدىن ئۇنىڭغا پەقەت ئۈچ نەرسە تېگىشلىك بولىدۇ: يەپ تۈگەتكىنى، كىيىپ چىرىتكىنى، بېرىپ ساقلىغىنى (يەنى اللّٰهنىڭ دەرگاھىدا ساقلانغىنى). ئۇلاردىن باشقىسى قولدىن كېتىدۇ ۋە باشقىلارغا قالىدۇ»[②].

ئىبنى مەسئۇد (اللّٰه ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن)دىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «سىلەرنىڭ قايسىڭلار مىراسخورىنىڭ مېلىنى ئۆز مېلىدىن بەكراق ياخشى كۆرىدۇ؟» ئۇلار: «ئى رەسۇلۇللاھ، ھەربىرىمىزگە پەقەت ئۆزىمىزنىڭ مېلىلا ياخشىراقتۇر» دېيىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھەقىقەتەن سەرپ قىلغىنى ئۆزىگە تەۋە بولىدۇ، سەرپ قىلمىغىنى مىراسخورىغا تەۋە بولىدۇ»[③].

مۇشۇ دەلىللەرگە ۋە باشقا دەلىللەرگە ئاساسەن، ئىلگىرىكى مۇسۇلمانلار ئۆزلىرى ياخشى كۆرىدىغان پۇل - ماللىرىنى اللّٰه يولىدا مەردلەرچە سەرپ قىلاتتى. ئۇلارنىڭ خەيرى - ئېھسانلىرى جاھانغا تولۇپ كەتتى. دىللىرى اللّٰهقا يېقىنلىشىش ئۈچۈن زاكات بېرىش ۋە پۇل - مېلىدىكى ئۇنىڭدىن باشقا ھەقلەرنى ئادا قىلىش بىلەنلا تەسكىن تاپمىدى. ئۇلار اللّٰهنىڭ دەرگاھىدىكى نەرسىنى تىلەپ، پۇل - مېلىنى ھەسسىلەپ ئاشۇرۇپ سەرپ قىلدى. چۈنكى، اللّٰه تائالانىڭ دەرگاھىدىكى نېمەت ياخشى ۋە مەڭگۈلۈكتۇر.

بۇ ھەقتە ئىمام لەيس ئىبنى سەئدنى تىلغا ئېلىش كۇپايە قىلىدۇ. بۇ پەزىلەتلىك ئالىم قولىغا كىرگەنلىكى پۇللارنى بىر يىلغا قويماي اللّٰه يولىدا سەدىقە قىلىۋېتەتتى. ئېيتىلىشىچە، ئۇنىڭ يىللىق كىرىمى 80 مىڭ تىللاغا يېتىدىكەن.

شۇنداقلا، ئابدۇللاھ ئىبنى جەئفەر ھاجىتىنى تىلەپ كەلگەن كىشىنى قەتئىي قۇرۇق قول قايتۇرمايتتى. باشقىلار ئۇنىڭدىن بۇ ھەقتە سورىغاندا، ئۇ مۇنداق دېگەن: «اللّٰه ماڭا بىر ئادەت ئادەتلەندى. مەنمۇ اللّٰهنىڭ بەندىلىرىگە بىر ئادەت بىلەن ئادەتلەندىم. اللّٰه ماڭا بېرىشكە ئادەتلەندى، شۇڭا مەن اللّٰهنىڭ بەندىلىرىگە بېرىشكە ئادەتلەندىم. مەن ئادىتىمنى ئۇلاردىن ئۈزۈپ قويسام، اللّٰهنىڭمۇ مەندىن ئادىتىنى ئۈزۈپ قويۇشىدىن ئەنسىرەيمەن».

---

[①] تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.

[②] مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

[③] بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

# 4. روزا

## ئىسلامدىكى ئىبادەتلەرنىڭ خىلمۇخىل بولىدىغانلىقى

ئىسلامنىڭ ئىبادەت تۈرلىرى كۆپ بولۇپ، بەزىلىرى دۇئا، زىكىر - تەسبىھ ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش، بىلىمگەنگە ئىلىم ئۆگىتىش، يولدىن ئازغاننى يېتەكلەش قاتارلىقلارغا ئوخشاش گەپ - سۆز ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدۇ.

بەزىلىرى نامازغا ئوخشاش جىسمانىي ھەرىكەت بىلەن، زاكاتقا ئوخشاش پۇل - مال بىلەن ياكى ھەج ۋە الله يولىدا قىلىدىغان جىھادقا ئوخشاش ھەر ئىككىسى بىلەن ئەمەلىي ھەرىكەت ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدۇ.

يەنە بەزىلىرى گەپ-سۆز ياكى ئەمەلىي ھەرىكەت ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلماستىن، بەلكى، روزىغا ئوخشاش ئىنسان ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش ۋە چەكلەش ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدۇ. مەلۇمكى، ئىنسان روزا تۇتۇش ئارقىلىق تاڭ سەھەردىن كۈن ئولتۇرغانغا قەدەر يېمەك - ئىچمەكتىن ۋە ئاياللارغا يېقىنلىشىشتىن ئۆزىنى چەكلەيدۇ.

## روزا ماھىيەت ۋە روھىي جەھەتتىن ئىجابىي ئەمەلدۇر

ئىنساننىڭ ئۆزىنى ئاشۇنداق تۇتۇۋېلىشى كۆرۈنۈشتە سەلبىي ئىش بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ماھىيەتتە ۋە روھىيەتتە ئىجابىي ئەمەلدۇر. چۈنكى، ئىنسان اللهقا يېقىنلىشىشنى نىيەت قىلىپ، كۆڭۈل تارتىدىغان نەرسىلەردىن ئۆزىنى تۇتۇۋالىدۇ. دېمەك، ئۇ ئىنساننىڭ ئۆز ئىرادىسى بىلەن بولىدىغان، الله تائالانىڭ مىزانىدا ۋەزنى ئېغىر كېلىدىغان، ياخشىلىق ھېسابلىنىدىغان ۋە قوبۇل بولىدىغان روھىي ئەمەلدۇر.

نىيەت - قىلىدىغان ياكى تەرك ئېتىدىغان ئىشنىڭ دەرىجىسىنى بەلگىلەيدۇ. دىن پەقەت قىلىش ياكى تەرك ئېتىشتىن ئىبارەتقۇ؟ بۇيرۇلغان ئىشنى پەرز بىلىپ ياكى مۇباھ بىلىپ قىلىدىغان ئىش، توسۇلغان ئىشنى ھارام بىلىپ ياكى مەكرۇھ بىلىپ تەرك ئېتىدىغان ئىش. دەرھەقىقەت، پەزىلەتلەرنىڭ ھەممىسى لايىق، توغرا بولغان ئىشنى قىلىشتىن، لايىق، توغرا بولمىغان ئىشنى تەرك ئېتىشتىن ئىبارەتقۇ؟

دەرۋەقە، روزا ئىسلامدىن ئىلگىرىكى دىنلارمۇ بىلىدىغان (گەرچە ئەگەشكۈچىلىرى ئادا قىلىنىش شەكلىنى ئۆزگەرتىۋەتكەن بولسىمۇ) قەدىمىي ئىبادەتتۇر. الله تائالا مۇنداق

دېگەن: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ كُتِبَ عَلَيْكُمُ الصِّيَامُ كَمَا كُتِبَ عَلَى الَّذِينَ مِن قَبْلِكُمْ لَعَلَّكُمْ تَتَّقُونَ﴾ ﴿ئى مۇئمىنلەر! (گۇناھلاردىن) ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن، سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرگە (يەنى ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرگە) روزا پەرز قىلىنغاندەك، سىلەرگىمۇ (رامىزان روزىسى) پەرز قىلىندى﴾[1].

ئەمما، ئىسلامدىكى روزا باشقا روزىلارنىڭ ھەممىسىدىن ئالاھىدە پەرقلىنىدۇ.

## پەرز روزىنىڭ ئېيى

الله تائالا ئىسلامدا روزا ئۈچۈن بەرىكەتلىك ۋە ھۆرمەتلىك بىر ئاينى تاللىدى. ئۇ، مۇسۇلمانلار قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغان، «قۇرئان كەرىم»نىڭ تۇنجى ئايەتلىرى نازىل بولغان ئايدۇر. ئۇ ئايەتلەرنى جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئېلىپ چۈشكەندى. الله تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿اقْرَأْ بِاسْمِ رَبِّكَ الَّذِي خَلَقَ خَلَقَ الْإِنسَانَ مِنْ عَلَقٍ اقْرَأْ وَرَبُّكَ الْأَكْرَمُ الَّذِي عَلَّمَ بِالْقَلَمِ عَلَّمَ الْإِنسَانَ مَا لَمْ يَعْلَمْ﴾ ﴿ياراتقان پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئىسمى بىلەن ئوقۇغىن، ئۇ ئىنساننى لەختە قاندىن ياراتتى. ئوقۇغىن، پەرۋەردىگارىڭ ئەڭ كەرەملىكتۇر، ئۇ قەلەم بىلەن (خەت يېزىشنى) ئۆگەتتى. ئىنسانغا بىلمىگەن نەرسىلەرنى بىلدۈردى﴾[2].

الله ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ كىتابى «قۇرئان كەرىم»نى ئەڭ ياخشى بەندىسىگە نازىل قىلىش ئۈچۈن تاللىغان بۇ ئاي روزىدىن ئىبارەت يىللىق ئىبادەتنىڭ پەرز بولۇشىغا تاللىنىشقىمۇ ئەڭ لايىقتۇر. الله تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿شَهْرُ رَمَضَانَ الَّذِيَ أُنزِلَ فِيهِ الْقُرْآنُ هُدًى لِّلنَّاسِ وَبَيِّنَاتٍ مِّنَ الْهُدَى وَالْفُرْقَانِ فَمَن شَهِدَ مِنكُمُ الشَّهْرَ فَلْيَصُمْهُ وَمَن كَانَ مَرِيضًا أَوْ عَلَى سَفَرٍ فَعِدَّةٌ مِّنْ أَيَّامٍ أُخَرَ يُرِيدُ اللّهُ بِكُمُ الْيُسْرَ وَلاَ يُرِيدُ بِكُمُ الْعُسْرَ﴾ ﴿رامىزان ئېيىدا قۇرئان نازىل بولۇشقا باشلىدى، قۇرئان ئىنسانلارغا يېتەكچىدۇر، ھىدايەت قىلغۇچى ۋە ھەق بىلەن ناھەقنى ئايرىغۇچى روشەن ئايەتلەردۇر. سىلەردىن كىمكى رامىزان ئېيىدا ھازىر بولسا، رامىزان روزىسىنى تۇتسۇن؛ كىمكى كېسەل ياكى سەپەر ئۈستىدە (يەنى مۇساپىر) بولۇپ (تۇتمىغان بولسا، تۇتمىغان كۈنلەر ئۈچۈن) باشقا كۈنلەردە تۇتسۇن. الله سىلەرگە ئاسانلىقنى خالايدۇ، تەسلىكنى خالىمايدۇ﴾[3].

---

[1] سۈرە بەقەرە، 183 ـ ئايەت.

[2] سۈرە ئەلەق، 1 ـ ۋە 5 ـ ئايەتلەر.

[3] سۈرە بەقەرە، 185 ـ ئايەت.

## روزىنىڭ سىر ـ ئەسرارلىرى

الله تائالا رامىزان ئېيىدا روزا تۇتۇشىمىزنى پەرز قىلدى. الله تائالا روزىنى پەقەت يۈكسەك سىر ـ ئەسرارلار ۋە ھېكمەتلەر تۈپەيلى پەرز قىلدى. ئۇلاردىن بىلىدىغىنىمىزنى بىلەلەيمىز، بىلمەيدىغىنىمىزنى بىلمەيمىز. زاماننىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇنىڭ بەزى سىرلىرى ئېچىلىدۇ. شۇڭا بىز اللهنىڭ ئاشۇ ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇق ئارقىسىدىكى ھېكمەتلىرىنى ئويلىشىمىز، روزىدىكى سىرلىرىنى تېپىپ چىقىپ، ئۇنى كىشىلەرنىڭ خاھىشى بويىچە ئەمەس، بەلكى الله بىزدىن ئىرادە قىلغان رەۋىشتە تۇتۇشىمىز كېرەك.

## روزا ئىنسان روھىيىتىنى كۈچلەندۈرىدۇ

بىز روزىنىڭ سىرلىرىنى پەقەت ئىنساننىڭ سىرلىرىنى تونۇپ يەتكەندە ئاندىن بىلەلەيمىز. ئۇنداقتا ئىنسان دېگەن نېمە؟ ئۇنىڭ ماھىيىتىچۇ؟

ئىنسان ھەرىكەت قىلىۋاتقان جەسەتمۇ؟ ياكى قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇۋاتقان ھەيكەلمۇ؟ ئۇ پەقەت ئاشۇ ئەزالار، ھۈجەيرىلەر، گۆشلەر، سۆڭەكلەر ۋە نېرۋىلاردىن تەركىب تاپقان مەخلۇقمۇ؟ مۇبادا ئىنسان پەقەت ئاشۇنداق مەخلۇق بولسا، ئۇ نېمىدېگەن ئەرزىمەس، نېمىدېگەن كىچىك مەخلۇق ـ ھە!

توغرا، ئىنسان پەقەت كۆز ئالدىمىزدىلا كۆرۈلۈۋاتقان ھەيكەل ئەمەس. بەلكى، ئۇ زېمىندا تۇرىدىغان ساماۋى روھتۇر. لاي بىلەن ئورالغان ئالىي مەرتىۋىلىك سىردۇر.

ئىنساننىڭ ماھىيىتى پەقەت رەببانىي مەرھەمەت ۋە روھىي ئىلتىپاتتۇر. الله تائالا ئۇلارنى ئىنسانغا بېرىكتۈرگەن. ئىنسان ئۇلار ئارقىلىق چۈشىنىدۇ، تەپەككۇر قىلىدۇ، ئۇنىڭ بىلەن سېزىدۇ، ئۇنىڭ بىلەن تېتىيدۇ، ئۇنىڭ بىلەن زېمىننىڭ پادىشاھلىقىنى باشقۇرىدۇ. ئاسماننىڭ مەلۇماتلىرىدىن خەۋەردار بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن الله تائالا پەرىشتىلەرنى ئادەمگە سەجدە قىلىشقا بۇيرىدى. بۇ ھەرگىزمۇ ئىنساننىڭ لايدىن يارىتىلغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس ئىدى. الله تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿إِذْ قَالَ رَبُّكَ لِلْمَلَائِكَةِ إِنِّي خَالِقٌ بَشَرًا مِن طِينٍ فَإِذَا سَوَّيْتُهُ وَنَفَخْتُ فِيهِ مِن رُّوحِي فَقَعُوا لَهُ سَاجِدِينَ﴾ «ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىڭ پەرىشتىلەرگە ئېيتتى: ‹مەن ھەقىقەتەن لايدىن بىر ئادەم يارىتىمەن. ئۇنى مەن راۋۇرۇس

ياراتقان (يەنى ئۇنى سۇرەتكە كىرگۈزۈپ، ئەزالىرى تولۇق، مۇكەممەل ئىنسان ھالىتىگە كەلتۈرگەن) ۋە ئۇنىڭغا جان كىرگۈزگەن ۋاقتىمدا ئۇنىڭغا سەجدە قىلىڭلار›﴾[1].

مانا بۇ، ئالىي روھ ۋە تەندىن تەركىب تاپقان ئىنساندۇر. ئىنسان جىسمى ئۆي بولۇپ، ئۇنىڭ ئىگىسى روھتۇر. جىسىم ئۇلاغ بولۇپ، روھ ئۇنىڭ ئۈستىدىكى يولۇچى ياكى مۇساپىردۇر. ئۆي ياكى ئۇلاغ ئۆزى ئۈچۈن يارىتىلغان ئەمەس، ئۆي بولسا ئۇنىڭدا تۇرىدىغان ئادەم ئۈچۈن، ئۇلاغ بولسا ئۇنى مىنىدىغان ئادەمنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن يارىتىلغان. ئىنسانلارنىڭ ئۆزلىرىنى تاشلىۋېتىپ، ئۆيلىرىگە كۆڭۈل بۆلۈشى، ئۆزلىرىنى ئۇلاغنىڭ خىزمەتچىلىرى قىلىۋالغانلىقى نېمىدېگەن ئەپسۇسلىنارلىق ئىش ـ ھە! ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ جىسملىرى ئۈچۈنلا ئىشلەيدۇ، دۇنيالىق ئارزۇلىرى ئۈچۈن پائالىيەت قىلىدۇ، قورساقلىرى ۋە شەھۋەتلىرى ئەتراپىدا ئايلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ داۋاملىق ئوقۇيدىغان مارشى تۆۋەندىكىچە:

دۇنيا پەقەت يېمەك ـ ئىچمەك، ئۇيقۇدىن ئىبارەت.
قىلالمىساڭ سەن بۇ ئىشلارنى: ”ئەلۋىدا دۇنيا“ دېيىشىڭ كېرەك.

اللہ تائالا بۇلارنى سۈپەتلەپ مۇنداق دېگەن: ﴿أَرَأَيْتَ مَنِ اتَّخَذَ إِلَٰهَهُ هَوَاهُ أَفَأَنتَ تَكُونُ عَلَيْهِ وَكِيلًا أَمْ تَحْسَبُ أَنَّ أَكْثَرَهُمْ يَسْمَعُونَ أَوْ يَعْقِلُونَ إِنْ هُمْ إِلَّا كَالْأَنْعَامِ بَلْ هُمْ أَضَلُّ سَبِيلًا﴾ ﴿ئېيتىپ باقساڭچۇ؟ نەپسى خاھىشىنى ئىلاھ قىلىۋالغان ئادەمگە (نەپسى خاھىشىغا ئەگىشىشتىن ئۇنى ساقلاش ئۈچۈن) ھامىي بولالامسەن. ئۇلارنىڭ تولىسىنى (گېپىڭنى) ئاڭلايدىغان ياكى چۈشىنىدىغان ئادەملەر دەپ گۇمان قىلامسەن؟ ئۇلار (چۈشەنمەسلىكتە) پەقەت چاھارپايلارغا ئوخشاشتۇر، بەلكى ئۇلاردىنمۇ بەتتەر گۇمراھتۇر﴾[2].

ئىنسان روھ ۋە تەندىن تەركىب تاپقان. شۇڭا تەننىڭ ئۆز تېپى بولغان تۆۋەنكى ئالەمدىن قاندۇرىدىغان تەلەپلىرى بار. روھنىڭمۇ ئۆز تېپى بولغان ئۈستۈنكى ئالەمدىن قاندۇرىدىغان تەلەپلىرى بار. مۇبادا ئىنسان ئۆزىنىڭ روھىي تەشنالىرىنى تېنىنىڭ تەلەپلىرىگە، ئەقلىنى شەھۋەتلىرىگە بويسۇندۇرسا، رەھىمدىل پەرىشتە سۈپەتلىكىدىن چىقىپ، خارۇزار ھايۋانغا، بەلكى قوغلاندى شەيتانغا ئايلىنىپ كېتىدۇ. بۇ ھەقتە بىر شائىر مۇنداق دېگەن:

ئەي ئىنسان، تېنىڭدىن كېچىسەن قاچان،
پايدا يوق ئىزدىسەڭ، تارتىسەن زىيان.

---

[1] سۇرە ساد، 71 ـ ۋە 72 ـ ئايەتلەر.

[2] سۇرە فۇرقان، 43 ـ ۋە 44 ـ ئايەتلەر.

روھىڭنى كۈچەيتكىن، پەزىلەتلىك بول،
تەن ئەمەس، روھ بىلەن بولىسەن ئىنسان.

ئەمما ئىنسان روھىنىڭ قەدىر - قىممىتىنى بىلىپ، ئاللاھنىڭ سىرلىرىنى تونۇپ يەتسە، ئۇستۈنكى ئالەم قىسمىنى تۆۋەنكى ئالەم قىسمىغا ھۆكۈم قىلدۇرسا، ئۇلاغدىن بۇرۇن مىنگۈچىگە كۆڭۈل بۆلسە، ئۆيىنى بېزەشتىن بۇرۇن ئۇنىڭدا ئولتۇرىدىغان ساھىبخانغا ئەھمىيەت بەرسە، روھنىڭ تەشنالىرىنى تەننىڭ تەلەپلىرىدىن ئۇستۈن تۇتسا، ئاندىن ئىنسان پەرىشتىگە ياكى پەرىشتىدىنمۇ ياخشى بىر مەخلۇققا ئايلىنىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿إِنَّ الَّذِينَ آمَنُوا وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ أُوْلَئِكَ هُمْ خَيْرُ الْبَرِيَّةِ﴾ ﴿ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار - ئەنە شۇلار مەخلۇقاتلارنىڭ ياخشىسىدۇر﴾[1].

شۇڭا ئاللاھ تائالا ئىنسانغا روزىنى ئۇنىڭ ھاۋايى ھەۋەسلىرىنىڭ سۇلتانلىقىدىن ئازاد بولۇشى، تېنىنىڭ زىندانىدىن قۇتۇلۇشى، شەھۋەتلىرىنىڭ ئۈستىدىن غالىپ كېلىشى، ھايۋانىي سۈپەتلىرىنى كونترول قىلىشى ۋە پەرىشتىلەرگە ئوخشىشى ئۈچۈن پەرز قىلدى. مۇشۇ سەۋەبتىن، روزىدارنىڭ روھى ئۆرلەپ، ئاللاھ تائالاغا يېقىنلىشىشى، دۇئالىرى بىلەن ئاسمان دەرۋازىلىرىنى ئېچىشى، ئاللاھقا دۇئا قىلسا، ئاللاھنىڭ ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىشى ۋە ئۇنىڭغا: ھازىرمەن ئى بەندەم، دۇئايىڭنى ئىجابەت قىلىشقا ھازىرمەن، دەپ نىدا قىلىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئۈچ كىشىنىڭ دۇئاسى رەت قىلىنمايدۇ: بىرى، روزىدارنىڭ ئىپتار قىلغۇچە قىلغان دۇئاسى؛ يەنە بىرى، ئادىل ئىمامنىڭ دۇئاسى؛ ئۈچىنچىسى، زۇلۇمغا ئۇچرىغان كىشىنىڭ دۇئاسى»[2].

## روزا تۇتۇڭلار، ساغلام بولىسىلەر

ئىنسان روزا ئارقىلىق بىر تەرەپتىن روھىنى پاكلىسا، يەنە بىر تەرەپتىن بەدىنىنى كۈچلەندۈرىدۇ. ئىنسانلار دۇچ كېلىۋاتقان كېسەللىكلەرنىڭ كۆپىنچىسى قورساقلىرىنىڭ سەۋەبىدىن بولۇپ، كۆڭۈللىرى تارتقان نەرسىلەرنى ئايرىماستىن يەپ - ئىچكەنلىكتىن كېلىپ چىقىدۇ. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

[1] سۈرە بەييىنە، 7 - ئايەت.
[2] تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.

«ئادەم ئوغلى قورسىقىدىن يامانراق بىر قاچىنى تولدۇرمايدۇ. ئەسلىدە ئۇنىڭ ئۆرە تۇرغىدەك يەپ ـ ئىچىشى يېتەتتى. ئەگەر ئۇ چوقۇم يېمىسە بولمايدىغان ئەھۋال ئاستىدا، (ئاشقازىنىنىڭ) ئۈچتىن بىرىنى تائامغا، ئۈچتىن بىرىنى ئىچىدىغان نەرسىگە، قالغان ئۈچتىن بىرىنى نەپەس ئېلىشىغا قالدۇرسۇن»[1].

ئىنساننىڭ قورسىقى بالايىئاپەت، ئاشقازىنى كېسەللىكلەر خەزىنىسى بولسا، تاماقتىن پەرز تۇتۇش (يەنى ئاز تاماق يېيىش) ئۇنىڭ ئاساسى دورىسىدۇر. ئاشقازاننىڭ دەم ئېلىشىغا ۋە جىسمىنىڭ كۆپلىگەن زىيانلىق ماددىلاردىن قۇتۇلۇشىغا روزا تۇتۇشتىن ئارتۇق پۇرسەت بولمايدۇ. مەلۇم بىر ژۇرنالدا 300 دىئابېت بىمارىنىڭ روزا سەۋەبىدىن شىپا تاپقانلىقى بايان قىلىنغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «روزا تۇتۇڭلار، ساغلام بولىسىلەر»[2] دەپ تولىمۇ توغرا ئېيتقان.

## روزا ئىنسان ئىرادىسىنى يېتىلدۈرىدۇ

روزا ئىنسان ئىرادىسىنى كۈچلەندۈرىدۇ. چىدامىلىق بولۇش ئۈچۈن يېتىلدۈرىدۇ. روزىدار ئالدىدا شۇنداق نازۇنېمەتلەر تۇرۇپ قورسىقى ئاچىدۇ، ئالدىدا شۇنداق سوغۇق ئىچىملىكلەر تۇرۇپ ئۇسسايدۇ، ئايالى يېنىدا تۇرۇپ ئۆزىنى تۇتۇۋالىدۇ. بۇ جەرياندا اللهتىن ئۆزگە ئۇنى كۆزىتىدىغان، ۋىجدانىدىن باشقا ئۇنى باشقۇرىدىغان بىرسى بولمايدۇ. ئۇنى پەقەت كۈچلۈك ئىرادە يۆلەپ تۇرىدۇ. بۇ، كۈنىگە ئون بەش سائەتتىن ئارتۇق قايتىلىنىپ تۇرىدۇ. يىلدا يىگىرمە توققۇز كۈن ياكى ئوتتۇز كۈن شۇنداق قىلىدۇ. ئىسلام مۇسۇلمانلارغا ھەر يىلى رامىزان ئېيىدا مەجبۇرىي ئاچىدىغان ۋە باشقا ۋاقىتتا ئىختىيارىي قويۇپ بېرىدىغان روزا مەدرىسىدەك باشقا قايسى بىر مەدرىس ئىنسان ئىرادىسىنى مۇشۇنداق تاۋلايدۇ؟ ئىنسانغا مۇشۇنداق چىرايلىق سەۋر قىلىشنى ئۆگىتىدۇ؟ گېرمانىيىلىك بىر پسىخىكا ئالىمى ئىرادىنى كۈچلەندۈرۈش توغرۇلۇق بىر ئىلمىي ماقالە يازغان. ئۇنىڭدا ئىنسان ئىرادىسىنى يېتىلدۈرۈشتىكى ئەڭ ياخشى ۋاسىتە روزا ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان. ئىسلامغا كەلسەك، ئۇ بۇلارنى پسىخىكا ۋە تەن دوختۇرلىرىدىن بۇرۇن ئوتتۇرىغا قويغانىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئى ياشلار جامائەسى، سىلەردىن ئۆيلىنىشكە قادىر بولالىغان ئادەم ئۆيلەنسۇن. چۈنكى،

[1] تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.

[2] تەبەرانى رىۋايەت قىلغان.

ئۆيلىنىش ئۇنىڭ كۆزنى ۋە جان يېرىنى هارامدىن ساقلايدۇ. ئۆيلىنىشكە قادىر بولالمىغان ئادەم روزا تۇتۇشى لازىم. چۈنكى، روزا ئۇنىڭ شەھۋىتىنى كېسىدۇ»[1].

رامىزان ئېيى ئىنسانغا سەۋر ئۆگىتىدۇ. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەۋرنى ئۇنىڭغا نىسبەت بېرىپ مۇنداق دېگەن: «سەۋر ئېيىنىڭ روزىسىنى تۇتۇش ۋە ھەر ئايدا ئۈچ كۈن روزا تۇتۇش قەلبتىن ھەسەتخورلۇقنى كەتكۈزىدۇ»[2]. يەنە مۇنداق دېگەن: «ھەربىر نەرسىنىڭ زاكىتى بولىدۇ، بەدەننىڭ زاكىتى روزىدۇر، روزا بولسا سەۋرنىڭ يېرىمىدۇر»[3].

روزىنىڭ سەۋرنىڭ يېرىمى بولۇشىغا كەلسەك، ئىنساندا مۇنداق ئۈچ كۈچ بار: بىرى، ھايۋانلاردىكىگە ئوخشاش شەھۋانىي كۈچ. يەنە بىرى، يىرتقۇچ ھايۋانلاردىكىگە ئوخشاش غەزەپلىنىش كۈچى. ئۈچىنچىسى، پەرىشتىلەردىكىگە ئوخشاش روھىي كۈچ. ئەگەر ئىنساننىڭ روھىي كۈچى مەزكۇر ئىككى كۈچنىڭ بىرىدىن غەلىبە قىلالىسا، ئەنە شۇ سەۋرنىڭ يېرىمى بولىدۇ. ئىنسان روزا ئارقىلىق قورساق ھەلەكچىلىكى ۋە شەھۋەت كۈچىنى يېڭىدۇ. بۇنىڭ بىلەن روزا ھەقىقىي رەۋىشتە سەۋرنىڭ يېرىمىغا ئايلىنىدۇ.

ئىسلام دىنى تەسلىم بولىدىغان ياكى ئېزىلەڭگۈلۈك قىلىدىغان دىن ئەمەس، بەلكى ئۈزلۈكسىز جىھاد قىلىش، كۈرەش قىلىش دىنىدۇر. جىھادنىڭ تۈنجى تەييارلىقى سەۋر قىلىش ۋە كۈچلۈك ئىرادىدۇر. ئۆز نەپسى بىلەن جىھاد قىلمىغان كىشىنىڭ دۈشمەنگە قارشى جىھاد قىلالىشى ناتايىن. ئۆزنى يېڭەلمىگەن كىشىنىڭ دۈشمەن ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشى مۇمكىن ئەمەس. بىر كۈنلۈك ئاچلىققا بەرداشلىق بېرەلمىگەن كىشى چوڭ بىر نىشان ئۈچۈن ئائىلىسىدىن ۋە يۇرتىدىن ئايرىلىشقا قەتئىي بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ. ھالبۇكى، روزا ئىنسانىڭ ئىنساننى سەۋر قىلىشقا ۋە نەپسىنى تىزگىنلەشكە كۆندۈرۈش بىلەن بىرگە، الله يولىدا پىشكەللىككە، ئاچلىققا ۋە مەھرۇملۇققا دۇچ كەلسىمۇ بەرداشلىق بېرىدىغان، قاتتىقلىق، غورىگىللىق ۋە تۇرمۇشنىڭ قاساۋەتلىرىگە يولۇقسىمۇ پەرۋا قىلمايدىغان چىدامىلىق مۇجاھىد مۇئمىن قىلىپ يېتىلدۈرۈشتىكى ئەڭ ئۈنۈملۈك ۋاستىلىرىدىن بىرىدۇر.

[1] ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان.
[2] ئىمام ئەھمەد ۋە ئىبنى ھىببان رىۋايەت قىلغان.
[3] ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان.

## روزا ئىنسانغا اللهنىڭ نېمەتلىرىنى تونۇتىدۇ

روزىنىڭ ھېكمەت - سىرلىرىدىن بىرى شۇكى، ئۇ ئىنسانغا اللهنىڭ نازۇنېمەتلىرىنىڭ مىقدارىنى تونۇتىدۇ. چۈنكى، نازۇنېمەتلەر ئۇنىڭغا ئۆزلۈكمەي كېلىۋەرسە، ئۇنىڭ ئۇ نېمەتلەرنىڭ قىممىتىنى تونۇش تۇيغۇسى ئاجىزلاپ كېتىدۇ. نېمەتنىڭ قەدرى - قىممىتى ئۇنى يوقاتقاندا تونۇلىدۇ. تاتلىق نەرسىنىڭ قەدرى پەقەت ئاچچىق نەرسىنى تېتىغاندا بىلىنىدۇ. كۈندۈزنىڭ قەدرى قاراڭغۇ چۈشكەندە بىلىنىدۇ. دېمەك، ھەرقانداق نەرسىنىڭ قىممىتى ئۇنىڭ ئەكسى بىلەن پەرقلىنىدۇ.

ئىنسان روزا ئارقىلىق يېمەك - ئىچمەك، توقلۇق ۋە ئۇسسۇزلۇقنى قېنىشنىڭ قەدرىنى بىلىدۇ. ئۇ بۇلارنى پەقەت قاتتىق ئۇسسۇزلۇقنىڭ ۋە قاتتىق ئاچلىقنىڭ تەمىنى تېتىغاندىلا ئاندىن تونۇپ يېتىدۇ.

مۇشۇ سەۋەبتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان: «رەببىم ماڭا مەككە ۋادىلىرىنى ئالتۇنغا ئايلاندۇرۇپ بېرىشنى تەكلىپ قىلدى. مەن: ‹ئى رەببىم، ياق، مەن بىر كۈن توق، بىر كۈن ئاچ يۈرەي، ئاچ قالسام ساڭا يېلىنىمەن ۋە سېنى ئەسلەيمەن. تويسام ساڭا شۈكۈر قىلىمەن ۋە ھەمدۇسانا ئېيتىمەن› دېدىم»[1].

## روزا يوقسۇللارنى ئەسلىتىدۇ

روزىنىڭ ئىجتىمائىي سىرلىرىدىن بىرى شۇكى، ئۇ ئىنسانغا ئاچ - يالىڭاچ قالغانلارنى ئەمەلىي ھەرىكەت بىلەن ئەسلىتىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن پاساھەتلىك ۋە تەسىرلىك نۇتۇق سۆزلەشنىڭ ھېچ ھاجىتى يوق. چۈنكى، روزىدار بۇ ئەسكەرتىشنى ئاشقازان ۋە ئۈچەيلەرنىڭ نىدالىرى ئارقىلىق ئاڭلايدۇ. راھەت - پاراغەت ئىچىدە ئۆتكەن، ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇقنىڭ تەمىنى تېتىپ باقمىغان ئادەم باشقىلارنىمۇ ئۆزىدەك ئويلايدۇ، مادامىكى ئۇ خالىغىنىنى تاپىدىكەن، باشقىلارمۇ تاپالايدۇ، مادامىكى كۆڭلى تارتقان گۆش ۋە مېۋە - چېۋىلەر بىلەن ئوزۇقلىنىدىكەن، باشقىلارمۇ يېمەك - ئىچمەكتىن مەھرۇم قالمايدۇ.

---

[1] تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.

ﷲ تائالا روزا ئارقىلىق ئورتاق ھەمكارلىقنى، مۇكەممەل باراۋەرلىكنى نامايان قىلدى. ئاچلىقنى بايمۇ، پېقىرمۇ تەڭ تۆلەيدىغان مەجبۇرىي سىلىق قىلدى. بۇ سېلىقنى نۇرغۇن بايلىققا ئىگە كىشىمۇ، كۈندىلىك تۇرمۇشىنى ئاران قامدايدىغان كىشىمۇ تۆلەيدۇ. نەتىجىدە، بايلار ئاچ ـ يالىڭاچ قالغان نۇرغۇن يوقسۇللارنىڭ، تۇرمۇشىنى قامدىيالمايدىغان بىچارىلەرنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلىدۇ. ئىنساننىڭ ئىنسانپەرۋەرلىكى، مۇسۇلماننىڭ ئىسلامى، مۇئمىننىڭ ئىمانى ئۇنىڭ قەلبىنى يۇمشىتىدۇ. نەتىجىدە، ھاجەتمەنلەرگە ۋە مىسكىنلەرگە ياردەم قولىنى سۇنىدۇ. ﷲ تائالا ئىنتايىن رەھىمدىلدۇر، بەندىلىرىدىن رەھىمدىللەرگە رەھمەت قىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «رەھىم قىلغۇچىلارغا ﷲ رەھمەت قىلىدۇ. سىلەر زېمىندىكىلەرگە رەھىم ـ شەپقەت قىلىڭلار، ئاسماندىكىلەر سىلەرگە رەھمەت قىلسۇن»[1]. يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام زېمىننىڭ خەزىنىلىرىنى باشقۇرۇپ تۇرۇپمۇ كۆپ روزا تۇتاتتى. ئۇ بۇ ھەقتە سورالغاندا، جاۋابەن مۇنداق دېگەن: «مەن توق يۈرسەم، پېقىرنىڭ ئاچلىقىنى ئۇنتۇپ قېلىشتىن ئەنسىرەيمەن».

## روزا ﷲقا بولغان كامىل ئۇبۇدىيەتنى نامايەن قىلىدۇ

روزا ھەممىدىن ئاۋۋال ئىنسانلارنىڭ پەرۋەردىگارى، پادىشاھى ۋە ئىلاھىغا تولۇق باش ئېگىشىنى، كامىل ئۇبۇدىيىتىنى نامايان قىلىدۇ. بۇ ھېكمەت ھەممە ئىبادەتتىكى ئورتاق ئۆلچەم، ھەربىر پەرزدىكى يۈكسەك نىشاندۇر. پەقەت مۇشۇ ھېكمەت ئەمەلىيلەشكەندىلا ئىبادەت ھەقىقىي ئىبادەت بولىدۇ، ئىنسان ﷲقا ھەقىقىي قۇلچىلىق قىلىدۇ. بەندىلەرنىڭ پەرۋەردىگارى ﷲ: «مەن بۇيرىدىم ۋە توستۇم» دەيدۇ. بەندىلەر: ﴿سَمِعْنَا وَأَطَعْنَا غُفْرَانَكَ رَبَّنَا وَإِلَيْكَ الْمَصِيرُ﴾ ﴿بىز (دەۋىتىڭنى) ئاڭلىدۇق ۋە (ئەمرىڭگە) ئىتائەت قىلدۇق، پەرۋەردىگارىمىز، مەغپىرىتىڭنى تىلەيمىز، ئاخىر يانىدىغان جايىمىز سېنىڭ دەرگاھىڭدۇر﴾[2] دەيدۇ.

ﷲقا بولغان كامىل ئۇبۇدىيەت بولۇپمۇ روزىدا كۈچلۈك نامايان بولىدۇ. چۈنكى، روزىدار ئالدىدا يېمەك تۇرۇقلۇق ئاچ قالىدۇ، ئۇسسۇلۇق تۇرۇقلۇق ئۇسسايدۇ. مۇبادا روزىدارنىڭ قەلبىدە ﷲنىڭ دوستلۇقىغا ۋە ئۇنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش رىغبىتى، شۇنداقلا، ئۇنىڭ دەرگاھىدىكى مۇكاپاتنى ئەلا بىلىش قىزغىنلىقى بولمىسا ئىدى، ئۇنداق قىلىشى

[1] تىرمىزى ۋە ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

[2] سۈرە بەقەرە، 285 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

مۇمكىن بولمايتتى. شۇڭلاشقا، اللە تائالا روزىنى ئۆزىگە نىسبەت بەردى ۋە روزىدارغا مۇكاپات بېرىشنى ئۆزى بىۋاستە ئۈستىگە ئالدى. اللە تائالا ھەدىس قۇددۇسىيدا مۇنداق دېگەن: «ھەربىر ئادەمنىڭ ئەمىلى ئۆزىگە تەۋە. پەقەت روزا ماڭا تەۋە. ئۇنىڭغا ئۆزۈم مۇكاپات بېرىمەن. روزىدار كىشى مېنى دەپ يېمەك - ئىچمەكنى، راھەت - پاراغەتنى ۋە ئايالىنى تەرك ئېتىدۇ»[1].

مانا بۇ، ئىسلامدىكى روزىدۇر. اللە تائالا روزىنى ئىنسانلارنى قىيناش ياكى جازالاش ئۈچۈن پەرز قىلمىدى. بۇ قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن؟ اللە تائالا روزا ئايىتىنى: ﴿يُرِيدُ اللّهُ بِكُمُ الْيُسْرَ وَلاَ يُرِيدُ بِكُمُ الْعُسْرَ﴾ ﴿اللە سىلەرگە ئاسانلىقنى خالايدۇ، تەسلىكنى خالىمايدۇ﴾[2] دەپ ئاخىرلاشتۇرغان تۇرسا؟ دەرھەقىقەت، اللە تائالا روزىنى ئىنسان روھىيىتىنى ئۈيغىتىش، بەدەننى ساغلام قىلىش، ئىرادىنى كۈچلەندۈرۈش، بەرداشلىق بېرىشكە ئادەتلەندۈرۈش، نېمەتلەرنى تونۇتۇش، رەھمەت تۈيغۇلىرىنى يېتىلدۈرۈش ۋە ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىغا تولۇق بويسۇنۇشنى مەشىق قىلدۇرۇش ئۈچۈن يولغا قويدى.

## مۇسۇلمانلار ۋە روزا

بىز روزا تۇتۇشتا روزىنىڭ مەقسەتلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ يۇقىرىدا بايان قىلىنغان سىر - ھېكمەتلىرىگە ھەقىقىي رەۋىشتە كۆڭۈل بۆلۈشىمىز، ئۇلارنى كۆز ئالدىمىزدا قويۇشىمىز كېرەك.

مۇسۇلمانلار روزىنىڭ سىرلىرىنى بىلەلىدىمۇ؟ رامىزان ئېيىدىن ھەقىقىي رەۋىشتە پايدىلاندىمۇ؟ سەلەفلىرىمىز روزىنىڭ سەمەرىلىرىنى تولۇق ھاسىل قىلىپ، ئۇنىڭ سايىسىدا سايىداپ، ئۇنىڭدىن روھىي كۈچ - قۇۋۋەت ئالغانىدى. ئۇلار كۈندۈزلىرى ئىنتايىن ئاكتىپ، پائالىيەتچان، ھەرىكەتچان بولسا، كېچىلىرى تائەت - ئىبادەت ۋە قۇرئان تىلاۋەت بىلەن مەشغۇل ئىدى. ئۇلار رامىزان ئېيىدا ئىلىم ئۆگىنەتتى، ئىبادەت قىلاتتى، خەيرى - ئېھسان قىلاتتى. ئۇلار تىللىرىنى يامان سۆزلەردىن، قۇلاقلىرىنى يامان سۆزلەرنى ئاڭلاشتىن، كۆزلىرىنى ھارام، قەبىھ نەرسىلەرگە قاراشتىن، قەلبلىرىنى بىرەر گۇناھ سادىر قىلىپ سېلىشتىن، قوللىرىنى بىرەر يامان ئىش قىلىشتىن يىغقانىدى.

بۇگۈنكى مۇسۇلمانلارنىڭ بەزىلىرىمۇ رامىزان ئېيىنى ھەسسىلەپ تائەت - ئىبادەت ۋە ياخشىلىق قىلىش مەۋسىمى قىلدى. ئۇلار كۈندۈزلىرى روزىنى ياخشى تۇتتى.

---

[1] ئىبنى خۇزەيمە رىۋايەت قىلغان.

[2] سۈرە بەقەرە، 185 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

كېچىلىرى لايىقىدا ناماز ئوقۇدى. ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلدى. شۇڭا يوقسۇل، ئاجىز قېرىنداشلىرىنى ئۇنتۇپ قالمىدى. ھۆرمەتلىك پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ رامىزاندىكى ئەڭ سېخىي ھالىتىنى ئۆزلىرىگە ئۈلگە قىلدى. دېمىسىمۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رامىزاندا قولىدىن كېلىشىچە ياخشىلىق قىلىشقا تولىمۇ تىرىشاتتى.

شۇنىڭ بىلەن بىرگە، رامىزان ئېيىدىن مەنپەئەت ئالمىغان ۋە پايدىلانمىغانلارمۇ بولدى.

ئاللاھ تائالا روزىنى قەلب ۋە روھىي مەنپەئەت ئۈچۈن يولغا قويغان تۇرسا، ئۇلار قورساق ئۈچۈن روزا تۇتتى. ئاللاھ تائالا روزىنى مۇلايىم بولۇش ۋە سەۋر قىلىشنى ئۆگىنىش ئۈچۈن يولغا قويغان تۇرسا، ئۇلار ئۇنى غەزەپلىنىش ۋە ئاچچىقلىنىش ئوبيېكتى قىلىۋالدى. ئاللاھ تائالا روزىنى ئېغىر ـ بېسىق ۋە سالماق بولۇش ئۈچۈن يولغا قويغان تۇرسا، ئۇلار ئۇنى تىللىشىش ۋە ئۇرۇشۇش ئېيى قىلدى. ئاللاھ تائالا روزىنى ئۇلارنىڭ يامان سۈپەتلىرىنى ئۆزگەرتىشلىرى ئۈچۈن يولغا قويغان تۇرسا، ئۇلار پەقەر تاماق يېيىش ۋاقىتلىرىنى ئۆزگەرتتى. ئاللاھ تائالا روزىنى تەمەخور باينى پاكلاش ۋە مىسكىنگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن يولغا قويغان تۇرسا، ئۇلار ئۇنى ھەرخىل يېمەك ـ ئىچمەكلەر كۆرگەزمىسىگە ئايلاندۇردى. بۇنىڭ بىلەن باي قانچىلىك سەمرىسە، مىسكىننىڭ ھەسرىتىمۇ شۇنچىلىك ئاشتى.

مۇسۇلمانلار روزىنى خۇددى «قۇرئان كەرىم»دە بۇيرۇلغاندەك، ئاللاھنىڭ تەقۋالىقىغا ھازىرلىنىش ئۈچۈن تۇتقان بولسا ئىدى، رامىزان ئېيىدىن گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنغان ۋە روھلىرى پاكلانغان ھالەتتە چىققان بولاتتى.

# 5. ھەج

ھەج ئىسلامدىكى تۆتىنچى رۇكۇن بولۇپ، الله تائالا چەك ـ چېگرىلىرىنى ۋە بەلگىلىمىلىرىنى بېكىتىپ بەرگەن ئەڭ ئاخىرقى پەرزدۇر. ئەڭ كۈچلۈك دەلىللەرگە ئاساسلانغاندا، ھەج ھىجرىيىنىڭ توققۇزىنچى يىلى پەرز بولغانىدى.

دەرۋەقە، ھەج سەپىرى دۇنيادا تەڭدىشى يوق سەپەردۇر. ھەج پەرز بولغان ھەر بىر مۇسۇلمان ئەرافات تېغىدا تۇرۇش ۋە كەبىنى تاۋاپ قىلىش ئۈچۈن چىن قەلبىدىن ئىخلاس قىلىپ، الله تائالا «قۇرئان كەرىم»دە نامى بىلەن قەسەم قىلغان «تىنىچ شەھەر»گە ئاتلىنىدۇ. ھالبۇكى، ئىسلام بەيتۇللاھنى اللهنىڭ بىر ۋە بارلىقى، مۆئمىنلەرنىڭ سېپىنىڭ بىرلىكى ئۈچۈن سىمۋول قىلدى. ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ ھەر كۈنى نامازدا ئاشۇ بەيتۇللاھقا يۈزلىنىشىنى پەرز قىلدى. الله تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿فَوَلِّ وَجْهَكَ شَطْرَ الْمَسْجِدِ الْحَرَامِ﴾ ﴿(ئى مۆئمىنلەر!) قەيەردە بولماڭلار (نامازدا) يۈزۈڭلارنى مەسجىدى ھەرام تەرەپكە قىلىڭلار﴾[1]. ئاخىرىدا ئۇنىڭغا ئۆمرىدە بىر قېتىم بەيتۇللاھقا بېرىپ، ھەج قىلىشنى پەرز قىلدى.

## مۇسۇلماننىڭ بەيتۇللاھ ۋە ئۇنى بىنا قىلغۇچى بىلەن بولغان رىشتىسى

بۇ قەدىمىي ئۆي (يەنى بەيتۇللاھ) اللهقا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن زېمىندا تۇنجى سېلىنغان ئۆيدۇر. ئۇنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىلەن ئوغلى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام بىنا قىلغانىدى. الله تائالا ئۇ ئىككى ئېسىل پەيغەمبەرنىڭ ئەۋلادلىرىدىن مۇسۇلمان ئۈممەتنى ئاپىرىدە قىلدى ئۇ ئىككىيلەننىڭ بەيتۇللاھنى بىنا قىلىۋېتىپ قىلغان خالىس دۇئالىرىنى ئىجابەت قىلدى. الله تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿وَإِذْ يَرْفَعُ إِبْرَاهِيمُ الْقَوَاعِدَ مِنَ الْبَيْتِ وَإِسْمَاعِيلُ رَبَّنَا تَقَبَّلْ مِنَّا إِنَّكَ أَنتَ السَّمِيعُ الْعَلِيمُ رَبَّنَا وَاجْعَلْنَا مُسْلِمَيْنِ لَكَ وَمِن ذُرِّيَّتِنَا أُمَّةً مُّسْلِمَةً لَّكَ وَأَرِنَا مَنَاسِكَنَا وَتُبْ عَلَيْنَا إِنَّكَ أَنتَ التَّوَّابُ الرَّحِيمُ رَبَّنَا وَابْعَثْ فِيهِمْ رَسُولاً مِّنْهُمْ يَتْلُو عَلَيْهِمْ آيَاتِكَ وَيُعَلِّمُهُمُ الْكِتَابَ وَالْحِكْمَةَ وَيُزَكِّيهِمْ إِنَّكَ أَنتَ العَزِيزُ الحَكِيمُ﴾ ﴿ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىم بىلەن ئىسمائىل كەبىنىڭ ئۇلىنى قوپۇرۇۋېتىپ: ‹پەرۋەردىگارىمىز بىزنىڭ (خىزمىتىمىزنى) قوبۇل قىلغىن، سەن ھەقىقەتەن (دۇئايىمىزنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىسەن، (نىيىتىمىزنى) بىلىپ

[1] سۈرە بەقەرە 144 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

تۇرغۇچىسەن. پەرۋەردىگارىمىز! ئىككىمىزنى ئۆزۈڭگە ئىتائەتمەن قىلغىن، بىزنىڭ ئەۋلادلىرىمىزدىنمۇ ئۆزۈڭگە ئىتائەتمەن ئۈممەت چىقارغىن. بىزگە ھەججىمىزنىڭ قائىدىلىرىنى بىلدۈرگىن، تەۋبىمىزنى قوبۇل قىلغىن، چۈنكى سەن تەۋبىنى ناھايىتى قوبۇل قىلغۇچىسەن، ناھايىتى مېھرىبانسەن. پەرۋەردىگارىمىز! ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئايەتلىرىڭنى ئۇلارغا تىلاۋەت قىلىپ بېرىدىغان، كىتابىڭنى (يەنى قۇرئاننى)، ھېكمەتنى (يەنى پاك سۈننەتنى) ئۇلارغا ئۆگىتىدىغان، ئۇلارنى (مۇشرىكلىك ۋە گۇناھلاردىن) پاك قىلىدىغان بىر پەيغەمبەر ئەۋەتكىن، ھەقىقەتەن سەن غالىبسەن، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىسەن› دېدى﴾[1].

ھەقىقەتەن، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام تارىختا شېرىكنىڭ دۈشمىنى، بۇتلارنى چاققۇچى، تەۋھىدنىڭ بايراقدارى، توغرا دىنىنىڭ پېشۋاسى دەپ تونۇلدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنى ساپ ئىسلام دىنىدۇر. ئۇ بىزنى بۇندىن ئىلگىرى «مۇسۇلمانلار» دەپ ئاتىغانىدى. شۇڭلاشقا، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىلەن ئىسلام ئۈممىتىنىڭ مۆئمىنلىرى ئوتتۇرىسىدا روھىي رىشتىنىڭ بولۇشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. ئۇ رىشتىنى زاماننىڭ ئۇزۇن مۇساپىلىرى سۇسلاشتۇرالمايدۇ. ئۇ شۇنداق بىر رىشتىكى، ھەمىشە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ پەزىلىتىنى مۆئمىنلەرگە ئەسلىتىپ تۇرىدۇ. الله تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿مَا كَانَ إِبْرَاهِيمُ يَهُودِيًّا وَلاَ نَصْرَانِيًّا وَلَكِن كَانَ حَنِيفًا مُّسْلِمًا وَمَا كَانَ مِنَ الْمُشْرِكِينَ إِنَّ أَوْلَى النَّاسِ بِإِبْرَاهِيمَ لَلَّذِينَ اتَّبَعُوهُ وَهَذَا النَّبِيُّ وَالَّذِينَ آمَنُواْ وَاللّهُ وَلِيُّ الْمُؤْمِنِينَ﴾ ﴿ئىبراھىم يەھۇدىيمۇ ئەمەس، ناسارامۇ ئەمەس ۋە لېكىن توغرا دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى، اللهقا بويسۇنغۇچى ئىدى، مۇشرىكلاردىن ئەمەس ئىدى. ئىبراھىمغا ئەڭ يېقىن بولغانلار، شۈبھىسىزكى (ئىبراھىمنىڭ زامانىدا ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن) ئۇنىڭغا (يەنى ئۇنىڭ يولىغا) ئەگەشكەنلەردۇر. بۇ پەيغەمبەر (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام)دۇر، (بۇ پەيغەمبەرنىڭ ئۈممىتى بولغان) مۆئمىنلەردۇر، الله مۆئمىنلەرنىڭ مەدەتكارىدۇر﴾[2].

مۇسۇلمانلارنى بەيتۇللاھ بىلەن ئۇنىڭ تۇنجى بىنا قىلغۇچىسى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا باغلاپ تۇرىدىغان مۇشۇنداق ئېسىل چۈشەنچە، گۈزەل تۇيغۇ ۋە روھىي رىشتىلەر تۈپەيلى الله تائالا ھەج قىلىشنى قۇدرىتى يېتىدىغان ھەربىر مۇسۇلمانغا پەرز قىلدى. ئۇنى سەۋەبسىز تەرك ئېتىش ياكى ئۇنىڭغا سەل قاراشنى اللهنى ئىنكار قىلغانلىق ۋە دىندىن چىقىپ كەتكەنلىك بولىدۇ دەپ بېكىتتى. الله تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿إِنَّ أَوَّلَ بَيْتٍ وُضِعَ لِلنَّاسِ لَلَّذِي بِبَكَّةَ مُبَارَكًا وَهُدًى لِّلْعَالَمِينَ○فِيهِ آيَاتٌ بَيِّنَاتٌ مَّقَامُ إِبْرَاهِيمَ وَمَن دَخَلَهُ كَانَ آمِنًا وَلِلّهِ عَلَى

---

[1] سۈرە بەقەرە، 127 ـ ئايەتتىن 129 ـ ئايەتكىچە.

[2] سۈرە ئال ئىمران، 67 ـ ۋە 68 ـ ئايەتلەر.

النَّاسِ حِجُّ الْبَيْتِ مَنِ اسْتَطَاعَ إِلَيْهِ سَبِيلاً وَمَن كَفَرَ فَإِنَّ الله غَنِيٌّ عَنِ الْعَالَمِينَ﴾ ﴿ھەقىقەتەن ئىنسانلارغا (ئىبادەت ئۈچۈن) تۇنجى سېلىنغان ئۆي (يەنى بەيتۇللاھ) مەككىدىدۇر، مۇبارەكتۇر، جاھان ئەھلىگە ھىدايەتتۇر. ئۇنىڭدا ئوچۇق ئالامەتلەر باركى، ماقامى ئىبراھىم شۇلارنىڭ بىرى، بەيتۇللاھقا كىرگەن ئادەم ئەمىن بولىدۇ. قادىر بولالىغان كىشىلەرنىڭ الله ئۈچۈن كەبىنى زىيارەت قىلىشى ئۇلارغا پەرز قىلىندى. كىمكى ئىنكار قىلىدىكەن، (يەنى ھەجنى تەرك ئېتىدىكەن، زىيىنى ئۆزىگە)، شۈبھىسىزكى، الله ئەھلى جاھاندىن (يەنى ئۇلارنىڭ ئىبادىتىدىن) بىھاجەتتۇر﴾[1].

## ھەج پائالىيەتلىرى

ھەج مىقاتتىن باشلىنىدۇ، مىقات بولسا شەرىئەت مەلۇم يۇرت ھاجىلىرى ئۈچۈن ئېھرام باغلاش نۇقتىسى قىلىپ بەلگىلىگەن ئورۇندۇر. ئېھرام بولسا، كىشىلەر ئادەتتە كىيىنىپ، ياسىنىدىغان كىيىملەرنى سېلىۋېتىپ ھەج قىلىش نىيىتىدە ئاددىي - ساددا، ھۈنەر - سەنئەت ئىشلىتىلمىگەن ئاق رەختكە ئورۇنۇش بولۇپ، مېيىتلەر كېپەنلىنىدىغان كېپەنگە ئوخشايدۇ. بۇ، تەبىئىي پاكلىققا قايتىش پرىنسىپىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش بولۇپ، «روسسو» ۋە ئۇنىڭدىن باشقا پەيلاسوپلار ئۇ پرىنسىپقا چاقىرغان، لېكىن ئەمەلىيلەشتۈرەلمىگەن ئىدى.

ھاجىلار ئېھرام باغلىغاندىن كېيىن، ھەج كۈنلىرىنىڭ ھەممىسىدە ۋە ئەرافاتتا «مەن ھازىرمەن ئى الله! مەن ھازىرمەن. مەن ھازىرمەن، سېنىڭ ھېچقانداق شېرىكىڭ يوق، ھەقىقەتەن جىمى ھەمدۇسانا، نېمەت ۋە پادىشاھلىق ساڭا خاستۇر، سېنىڭ ھېچقانداق شېرىكىڭ يوق» دەپ تەلبىيە ئېيتىدۇ.

ھاجىلار ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز ۋاقتىدا اللهنىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن، كىشىلەرنى ھەجگە چاقىرىپ نىدا قىلغان قەدىمقى ئىلاھىي نىداسىغا مۇشۇ تەلبىيەنى ئوقۇش ئارقىلىق ئىجابەت قىلىدۇ. الله تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿وَإِذْ بَوَّأْنَا لِإِبْرَاهِيمَ مَكَانَ الْبَيْتِ أَن لَّا تُشْرِكْ بِي شَيْئًا وَطَهِّرْ بَيْتِيَ لِلطَّائِفِينَ وَالْقَائِمِينَ وَالرُّكَّعِ السُّجُودِ وَأَذِّن فِي النَّاسِ بِالْحَجِّ يَأْتُوكَ رِجَالًا وَعَلَى كُلِّ ضَامِرٍ يَأْتِينَ مِن كُلِّ فَجٍّ عَمِيقٍ﴾ ﴿ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىمغا بەيتۇللاھنىڭ ئورنىنى تەيىنلەپ بەردۇق. (ئۇنىڭغا ئېيتتۇقكى) ‹ماڭا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمىگىن، تاۋاپ قىلغۇچىلارغا، قىيام قىلغۇچىلارغا، رۇكۇ قىلغۇچىلارغا، سەجدە قىلغۇچىلارغا مېنىڭ ئۆيۈمنى پاك قىلغىن. كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا (ئۇلارنى) ھەجگە چاقىرىپ نىدا قىلغىن،

---

[1] سۈرە ئال ئىمران، 96 - ۋە 97 - ئايەتلەر.

ئۇلار پىيادە ۋە ئورۇق تۆگىلەرگە مىنىپ كېلىدۇ، ئورۇق تۆگىلەر يىراق يوللارنى بېسىپ كېلىدۇ﴾[1].

بىلىش كېرەككى، ئىبراھىم باغلاپ بولغاندىن كېيىن ھەجنىڭ مۇھىم پائالىيەتلىرىدىن كەبىنى تاۋاپ قىلىش، سەفا بىلەن مەرۋەنىڭ ئوتتۇرىسىدا سەئيى قىلىش، زۇلھەججە ئېيىنىڭ توققۇزىنچى كۈنى ئەرافاتتا تۇرۇش قاتارلىقلار كېلىدۇ.

ئۇلاردىن باشقا يەنە شەيتانغا تاش ئېتىش، مىنادا قونۇش، قۇربانلىق قىلىش ۋە باشقا سۈننەت، مۇستەھەب ئىشلار باردۇر.

كىشىلەر مەزكۇر پائالىيەتلەرنىڭ كۆپىنچىسىنى جاھىلىيەت دەۋرىدىمۇ شۇ بويىچە ئېلىپ باراتتى. ئۇلارنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىدىن مىراس ئالغانىدى. لېكىن، ئۇلار ھەقنى باتىلغا، ياخشىنى يامانغا ئارىلاشتۇرۇۋەتتى. ھەجنى ئۆزىنىڭ يۆنىلىشىدىن بۇرۇۋەتتى، تەۋھىد ئۆيى بولغان كەبىنى بۇتلارغا تولدۇرۇۋەتتى. ئۇلار ئاشۇ بۇتلارنى ئىلاھ قىلىۋالدى. بۇتلارغا ئاللاھقا يېقىنلىشىش ئۈچۈن چوقۇندى. بۇتلار ئۈچۈن نەزىر قىلاتتى، بۇتلارنىڭ نامى بىلەن قان قىلاتتى ۋە ئۆز گۇمانلىرى بويىچە: بۇ ئاللاھ ئۈچۈن، بۇ بىزنىڭ مەبۇدلىرىمىز (شېرىك ئىلاھلار) ئۈچۈن دەپ ئايرىيتتى. كېيىن ئۇلار ئۆز ئىلاھلىرى ئۈچۈن ئاللاھ ھېچقانداق رۇخسەت قىلمىغان نەرسىلەرنى ئويدۇرۇپ چىقاردى. مەسىلەن، ئۇلار گۇناھ سادىر قىلىپ سالغان كىيىملەر بىلەن ئاللاھقا تاۋاپ قىلىش لايىق بولمايدۇ دەپ دەۋا قىلىپ، كەبىنىڭ ئەتراپىدا يالىڭاچ تاۋاپ قىلدى. قوي مايلىرىغا ئوخشاش ھالال يېمەكلىكلەرنى ئۆزلىرىگە ھارام قىلدى.

ئىسلام كېلىپ ھەجنى جاھالەتنىڭ ئازغۇنلۇقلىرىدىن، بۇتپەرەسلىكنىڭ نىجاسەتلىرىدىن پاكلىدى. ھەج پائالىيەتلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئاللاھقا خالىس قىلدى. ئادەمنى رەسۋا قىلىدىغان يالىڭاچلىقنى ۋە ھالال تائاملارنى ئاللاھنىڭ رۇخسىتىسىز ھارام قىلغان قەبىھ قىلمىشلارنى قاتتىق ئەيىبلىدى. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿يَا بَنِي آدَمَ خُذُواْ زِينَتَكُمْ عِندَ كُلِّ مَسْجِدٍ وكُلُواْ وَاشْرَبُواْ وَلاَ تُسْرِفُواْ إِنَّهُ لاَ يُحِبُّ الْمُسْرِفِينَ قُلْ مَنْ حَرَّمَ زِينَةَ اللّهِ الَّتِيَ أَخْرَجَ لِعِبَادِهِ وَالْطَّيِّبَاتِ مِنَ الرِّزْقِ﴾ ﴿ئى ئادەم بالىلىرى! ھەر ناماز ۋاقتىدا (ياكى تاۋاپ ۋاقتىدا ئەۋرىتىڭلارنى سەترى قىلىپ تۇرىدىغان) كىيىمىڭلارنى كىيىڭلار، يەڭلار، ئىچىڭلار، ئىسراپ قىلماڭلار، ئاللاھ ئىسراپ قىلغۇچىلارنى ھەقىقەتەن ياقتۇرمايدۇ. ئېيتقىنكى، ‹ئاللاھ بەندىلىرى ئۈچۈن ياراتقان لىباسلارنى، شېرىن، پاك رىزىقلارنى كىم ھارام قىلدى؟›﴾[2]

---

[1] سۈرە ھەج، 26 ـ ۋە 27 ـ ئايەتلەر.

[2] سۈرە ئەئراف، 31 ـ ۋە 32 ـ ئايەتلەر.

## بەيتۇللاھ تەۋھىد بىلەن بىرلىك - ئىتتىپاقلىقنىڭ سىمۋولىدۇر

ئىسلام دىنى ئەرەبلەرنىڭ توغرا ئادەتلىرىنى ۋە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىدىن مىراس ئالغان شەرىئەتلىرىنى مۇقىملاشتۇردى. ئۇ بۇ ئارقىلىق ئىمان تارىخىدىكى قەدىمىيلىك بىلەن يېڭىلىقنى بىر - بىرىگە تۇتاشتۇردى، اللهنىڭ دەرگاھىدىكى دىنىنىڭ بىرلىكىنى مۇقەررەرلەشتۇردى.

«شىھاب» ژۇرنىلىنىڭ مەسئۇلى (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) مۇنداق دېگەن:

«ھەج پائالىيىتىدىكى يۈكسەك نەزىرىيە ۋە ئالىي ھېكمەتنى بىلمەيدىغان بەزى كىشىلەر پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ، ئىسلام دىنىنى ئەرەب بۇتپەرەسلىكىنىڭ بەزىبىر قالدۇقلىرىنىڭ تەسىرىدىن تېخىچە قۇتۇلالمىدى دەپ مەسخىرە قىلىدۇ. ئۇلار: كەبە ئەتراپىدا تاۋاپ قىلىش، ھەجەر ئەسۋەدنى سۆيۈش قاتارلىقلار، شۇنىڭدەك، ئۇلۇغلاش ۋە ھۆرمەتلەش مەنىلىرىنى ئىزھار قىلىدىغان پائالىيەتلەر ئەنە شۇ جاھىلىيەت قالدۇقلىرىنىڭ تەسىرىدىندۇر دەپ جار سالىدۇ. بۇنداق دېيىش تامامەن خاتا. چۈنكى، كەبە ئەتراپىنى تاۋاپ قىلىدىغان ياكى ھەجەر ئەسۋەدنى سۆيىدىغان ھەر بىر مۇسۇلمان چىن قەلبىدىن ئۇلارنىڭ پەقەت تاش ئىكەنلىكىنى، ئىنسانغا ھېچقانداق پايدا - زىيان يەتكۈزەلمەيدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ. لېكىن، ئۇ ئۇلارنى ئۇلۇغلاش ئارقىلىق ئۇلاردىكى سىمۋوللۇق مەنىلەرنى، ھەممىگە شامىل ئىنسانىي قېرىنداشلىقنى ۋە دۇنياۋىي بىرلىكنى نامايان قىلىدۇ. مۇسۇلمان بۇ جەرياندا الله تائالانىڭ مۇنۇ ئايىتىنى ئەسلەپ تۇرىدۇ: ﴿جَعَلَ اللّٰهُ الْكَعْبَةَ الْبَيْتَ الْحَرَامَ قِيَامًا لِّلنَّاسِ وَالشَّهْرَ الْحَرَامَ وَالْهَدْيَ وَالْقَلَائِدَ﴾ ﴿الله بەيتۇلھەرام بولغان كەبىنى، ھەج ئېيىنى، ھەجدە قىلىنىدىغان قۇربانلىقنى، (قۇربانلىقنىڭ ئالامىتى سۈپىتىدە) بويۇنلىرىغا بەلگە ئېسىلغان تۆگىلەرنى ئىنسانلارنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنىڭ تۈتقۇسى قىلدى﴾[1].

سىمۋول تىلى چىرايلىق سۆز - ئىبارىلەر بىلەنمۇ تەسۋىرلەپ بەرگىلى بولمايدىغان ئىنچىكە ۋە نازۇك مەنىلەرنى، ئۇلۇغۋار ھېس - تۇيغۇلارنى ئىپادىلەشنىڭ بىردىنبىر چارىسىدۇر.

ئۆز ۋەتىنىنىڭ بايرىقىنى چوڭ بىلىدىغان كىشى ئۇنىڭ ماددىي جەھەتتە ھېچقانداق قىممىتى يوق پەقەت بىر پارچە رەخت ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلىدۇ. لېكىن، ئۇ ۋەتىنىنىڭ شان - شەرىپىنى ۋە ئۇلۇغلۇقىنى ئاشۇ بايراقنىڭ سىمۋول

---

[1] سۈرە مائىدە، 97 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

قىلىدىغانلىقىنى، شۇنداقلا، ئۆزىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىكىدىكى ئەڭ ئىنچىكە ھېس ـ تۇيغۇلىرىنىمۇ ئاشۇ بايراقنىڭ تەسۋىرلەپ بېرىدىغانلىقىنى ياخشى بىلىدۇ. دۆلىتىنىڭ بايرىقى ئەنە شۇنداق چوڭقۇر مەنىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقى ئۈچۈن ئۇ ئۇنى ئۇلۇغلايدۇ، چوڭ بىلىدۇ، ھۆرمەتلەيدۇ. دەرۋەقە، كەبىمۇ الله تائالانىڭ زېمىنغا قادىغان بايرىقى بولۇپ، ئىنسانلار ئارىسىدىكى قېرىنداشلىقنى ئەڭ روشەن ھالدا ئىپادىلەپ بېرىدۇ، ئۇلارنىڭ بىرلىكىنىڭ ئەڭ مۇقەددەس كۆرۈنۈشلىرىگە سىمۋول بولىدۇ. كەبىنىڭ بىر بىنا بولۇشى ئىنسانلارنىڭمۇ خۇددى بىر بىنادەك پۇختا بىرلىك قۇرۇشى ئۈچۈندۇر. تېخىمۇ ياخشى بولغىنى كەبىنى پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاتىسى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ بىنا قىلغانلىقىدۇر.

ھەجەر ئەسۋەد بولسا، كەبىنى تاۋاپ قىلىشنى باشلاش ۋە بۇ بىنانى پەرق ئېتىش ئورنىدۇر. مۇسۇلمان كەبە ئالدىدا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىغا ئىمان كەلتۈرۈش، ئىشىنىش، ئەمەل قىلىش ۋە ئەھدىگە ۋاپا قىلىش ئۈچۈن مۇنداق بەيئەت قىلىدۇ: «ئى الله، مەن ھەجەر ئەسۋەدكە ئەمەس، ساڭا ئىمان كەلتۈرىمەن. خۇراپاتتىن يۈز ئۆرۈپ، سېنىڭ كىتابىڭنى تەستىقلايمەن. شېرىكتىن يۈز ئۆرۈپ سېنىڭ ئەھدىڭگە ۋە ساپ تەۋھىدكە ۋاپا قىلىمەن. بۇتلارنى چېقىپ تاشلىغۇچى پەيغەمبىرىڭنىڭ سۈننەتلىرىگە ئەگىشىمەن».

مۇشۇنداق ئۇلۇغ مەنىگە ئىگە سىمۋول ئالدىدا بۇتپەرەسلىكنىڭ ئىزنالىرى نېمە قىلسۇن؟ كەبە ھەقىقەتەن مەڭگۈ قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدىغان ئۇلۇغ بىر سىمۋولدۇر. ئىسلام مەڭگۈلۈك، ئۇلۇغۋار، مۇقەددەس، دۇنياۋى ئىنسانپەرۋەرلىكنى ۋە بارلىق ئىنسانلار ئارىسىدىكى قېرىنداشلىقنى ئۇنىڭ ئەتراپىغا مەركەزلەشتۈردى. الله تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿وَإِذْ جَعَلْنَا الْبَيْتَ مَثَابَةً لِّلنَّاسِ وَأَمْناً﴾ ﴿ئۆز ۋاقتىدا بىز كەبىنى كىشىلەر ئۈچۈن جەم بولىدىغان جاي ۋە ئامان جاي قىلىپ بەردۇق﴾[1].

## ھەج ئىبادىتىنىڭ سىرلىرى

بىز مۇشۇ سىمۋول خاراكتېرلىق تىلنى چۈشەنگىنىمىزدە (ھالبۇكى، ئۇ تىل دۇنياۋى تىل ئىكەنلىكى بىلەن ئالاھىدە خۇسۇسىيەتكە ئىگىدۇر) ھەج پائالىيەتلىرىنىڭ ۋە ئەمەللىرىنىڭ نۇرغۇن سىرلىرىنى ئاسانلا چۈشىنەلەيمىز.

---

[1] سۈرە بەقەرە، 125 ـ ئايەت.

«ئېھرام باغلاش ئەمەلىيەتتە ھەجنىڭ دەسلەپكى پائالىيىتى بولۇپ، ئىنساننى بارلىق شەھۋەتتىن ۋە ھاۋايى ـ ھەۋەستىن ئايرىيدۇ. ئاللاھتىن باشقا ھەرقانداق بىر مەخلۇق ئۈستىدە تەپەككۇر قىلىشتىن توسىدۇ.

ئىنساننىڭ تەلبىيە ئېيتىشى ئۇنىڭ ھەممە نەرسىدىن ئايرىلىپ، ئاللاھقا بولغان تائەت ـ ئىبادەتلەرنى چىڭ تۇتۇشقا بەرگەن گۇۋاھلىقى ھېسابلىنىدۇ.

بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلىش بولسا، دۇنيالىق نەرسىلەردىن ئايرىلغاندىن كېيىن، ئاللاھنىڭ ئۇلۇغلۇقى ئەتراپىدا ئايلىنىۋاتقان قەلبنى تەمسىل قىلىدۇ. ئۇ، نازۇنېمەتلەرنى كۆرۈۋاتقان، ئەمما ئۆزىنى كۆرەلمەيۋاتقان مەشۇقىنىڭ ئىشقىدا ئايلىنىدۇ.

تاۋاپتىن كېيىن سەفا بىلەن مەرۋە ئارىسىدا سەئيى قىلىش بولسا، ئاللاھنىڭ رەھمىتىنى سىمۋول قىلغان ئىككى بايراق ئارىسىدا، ئۇنىڭ مەغپىرىتى ۋە رازىلىقىنى تىلەپ ئۇيان ـ بۇيانغا مېڭىشنى تەمسىل قىلىدۇ.

سەفا بىلەن مەرۋە ئارىسىدا سەئيى قىلغاندىن كېيىن ئەرافاتتا تۇرۇش بولسا، قورقۇنچ بىلەن تولغان دىللارنىڭ، ئۈمىد بىلەن كۆتۈرۈلگەن قوللارنىڭ، دۇئا بىلەن مەشغۇل تىللارنىڭ تەزەررۇ ئىچىدە يالۋۇرۇشلىرىنى، ئەڭ رەھىمدىل زاتتىن تىلىگەن سەمىمى ئىستەكلىرىنى تەمسىل قىلىدۇ.

پەرۋەردىگارىنىڭ نۇرى بىلەن دىللارنى يورۇتىدىغان ئەنە شۇ پائالىيەتلەردىن كېيىن شەيتانغا تاش ئېتىش بولسا، يامانلىق ئامىللىرىغا ۋە شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىلىرىگە بولغان دۈشمەنلىكنى كۈچەيتىپ، يەككە كىشى ۋە جامائەتچىلىككە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان ھەۋايى ھەۋەسلەرنى بىتچىت قىلىشنى تەمسىل قىلىدۇ.

قۇربانلىق قىلىش بولسا، ئېسىل پەزىلەتنى بەرپا قىلىشقا توسقۇنلۇق قىلىدىغان پاسكىنا قاننى ئېقىتىش ئارقىلىق پاكلىق مەرتىۋىسىگە چىقىشتىكى ئەڭ ئاخىرقى باسقۇچنى تەمسىل قىلىدۇ. ئۇ، قۇربان بېرىش ۋە پىداكارلىق قىلىشنى ئاللاھ تائالانىڭ پاك ئەسكەرلىرى ئالدىدىكى سەھنىدە تەسۋىرلەپ بېرىدۇ»[1].

## ھەجنىڭ ئىنسان قەلبىگە ۋە ھاياتقا بولغان تەسىرلىرى

بىز بۇ كىتابنىڭ ئالدىنقى بۆلۈملىرىدە ئىبادەت قىلىشتىن مەقسەت، ئاللاھنىڭ بۇيرۇقلىرىنى بەجا كەلتۈرۈش ۋە ئاللاھنىڭ ھەقلىرىگە ۋاپا قىلىش ئىكەنلىكىنى

[1] شەيخ شەلتۇتنىڭ: «ئىسلام دىنى ئەقىدە ۋە شەرىئەتتۇر» ناملىق كىتابى، 120 ـ بەت.

تەكىتلەپ ئۆتكەنىدۇق. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە، ئىبادەتلەرنىڭ ھەم شەخسنىڭ ھەم كۆپچىلىكنىڭ ھاياتىغا يەتكۈزىدىغان ياخشى تەسىرلىرى ۋە نۇرغۇن پايدىلىرى بار.

ھەج بولسا ئىسلام ئىبادەتلىرى ئىچىدە ئەڭ كۆپ پائالىيەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىبادەتتۇر (ھالبۇكى، ئۇنىڭ ھېكمەتلىرىنى تەپسىلىي شەكىلدە بىلگىلى بولمايدۇ). ئۇ يەنە مۇسۇلمانلارنىڭ ھاياتىغا، مەيلى شەخسلەر ياكى مىللەتلەر بولسۇن، ئەڭ روشەن تەسىر كۆرسىتىدىغان ئىبادەتلەردىن بىرىدۇر. نېمىشقا شۇنداق بولمىسۇن؟ چۈنكى، اللّٰه تائالا مۇنداق دېگەن تۇرسا: ﴿وَأَذِّن فِي النَّاسِ بِالْحَجِّ يَأْتُوكَ رِجَالًا وَعَلَى كُلِّ ضَامِرٍ يَأْتِينَ مِن كُلِّ فَجٍّ عَمِيقٍ لِيَشْهَدُوا مَنَافِعَ لَهُمْ وَيَذْكُرُوا اسْمَ اللَّهِ فِي أَيَّامٍ مَّعْلُومَاتٍ عَلَى مَا رَزَقَهُم مِّن بَهِيمَةِ الْأَنْعَامِ فَكُلُوا مِنْهَا وَأَطْعِمُوا الْبَائِسَ الْفَقِيرَ﴾ ﴿كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا (ئۇلارنى) ھەجگە چاقىرىپ نىدا قىلغىن، ئۇلار پىيادە ۋە ئورۇق تۆگىلەرگە مىنىپ كېلىدۇ. ئورۇق تۆگىلەر يىراق يوللارنى بېسىپ كېلىدۇ. كىشىلەر ئۆزلىرىگە تېگىشلىك بولغان (دىنىي ۋە دۇنياۋى) مەنپەئەتلەرنى كۆرسۇن، بەلگىلەنگەن كۈنلەردە (يەنى قۇربانلىق كۈنلىرىدە) اللّٰه ئۇلارغا رىزىق قىلىپ بەرگەن چارۋا ماللارنى (يەنى تۆگە، قوي، ئۆچكىلەرنى اللّٰهنىڭ نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلىش يۈزىسىدىن) اللّٰهنىڭ ئىسمىنى ئېيتىپ قۇربانلىق قىلسۇن. سىلەر قۇربانلىقلارنىڭ گۆشىدىن يەڭلار، موھتاجغا ۋە پېقىرغا بېرىڭلار﴾[1].

قۇرئان كەرىم دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن ئىنسانلارنىڭ ئۇلاغلىق ۋە پىيادە ھالدا بۇ مۇبارەك سەپەرگە ئاتلىنىشى ئۈچۈن كۆرسەتكەن سەۋەب بىرگە مەزكۇر ئايەتتىكى اللّٰهنىڭ ئىسمىنى ئېيتىشنى تىلغا ئېلىشتىن بۇرۇن تىلغا ئېلىنغان پايدا ـ مەنپەئەتلەر توغرىسىدا تەپەككۇر قىلىشىمىزغا چوڭ بىر دەرۋازا ئېچىپ بېرىدۇ.

## ھەج ئىنسانغا روھىي ۋە ھېسسىي كۈچ ئاتا قىلىدۇ

بىلىش كېرەككى، ھەج بۈيۈك روھىي كۈچ بولۇپ، مۇسۇلمان ئۇنىڭدىن روھىي ئوزۇق ئالىدۇ، ئاندىن ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى اللّٰهتىن قورقۇش، ئۇنىڭغا تەقۋالىق قىلىش، ئىتائەت قىلىش ئىرادىسىنى چىڭىتىش، قىلىپ سالغان گۇناھ ـ مەسىيەتلەرگە پۇشايمان قىلىش بىلەن تولۇپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ قەلبى اللّٰه تائالانى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ياردەم بەرگەن ۋە ئۇنىڭ ھىدايەت نۇرىغا ئەگەشكەنلەرنى ياخشى كۆرۈش تۇيغۇلىرى بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ. ئۇنىڭ قەلبىدە دۇنيانىڭ ھەرقايسى

[1] سۈرە ھەج، 27 ـ ۋە 28 ـ ئايەتلەر.

جايلىرىدىكى قېرىنداشلىرىغا قارىتا قېرىنداشلىق مېھرى ئويغىنىدۇ. دىنىغا بولغان قىزغىنلىقى ۋە ئۇنى قوغداش رىغبىتى ئاشىدۇ.

ئۇلۇغ زېمىن ۋە ئۇنىڭ ئەسلىمىلىرى، ھەج پائالىيەتلىرى ۋە ئۇنىڭ ئىنسانغا كۆرسىتىدىغان تەسىرلىرى، جامائەت كۈچى ۋە ئۇنىڭ ھەم تەپەككۇرغا ھەم ئەخلاققا بولغان ئىلھاملىرى... بۇلار مۇسۇلمان قەلبىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھەجدىن قەلبى ئەڭ ساپ، خۇلقى - مىجەزى ئەڭ پاك، ياخشىلىق قىلىشقا ئىرادىسى ئەڭ كۈچلۈك، يامانلىقلارغا تاقابىل تۇرۇشتا ئەڭ ئىرادىلىك ھالەتكە قايتىدۇ. ئىنساننىڭ قىلغان ھەججى قانچىلىك خالىس ۋە ساپ بولسا، ئۇنىڭ كەلگۈسى ھاياتىغا بولغان تەسىرى شەكسىزكى شۇنچىلىك ياخشى بولىدۇ. چۈنكى، بۇ ھېسسىياتلىق روھىي كۈچ ئىنسان ۋۇجۇدىنى تىترىتىدۇ، بەلكى ئۇنى باشقا بىر شەكىلدە ياساپ چىقىدۇ. خۇددى يېڭىدىن تۇغۇلۇپ ھاياتنى ئەمدىلا پاك، ساپ ھالەتتە كۈتۈۋاتقان بوۋاقتەك بولىدۇ. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى خۇدالىق ئۈچۈن ھەجگە بېرىپ، ھەج قىلىش جەريانىدا چەكلەنگەن ۋە گۇناھ ئىشلارنى قىلماي ھەجنى تاماملاپ قايتسا، خۇددى ئانىسىدىن تۇغۇلغان كۈندىكىدەك گۇناھلاردىن پاك بولۇپ قايتقان بولىدۇ»[1].

## ھەج مەدەنىيەت ۋە مەشقتىن ئىبارەت

ھەج مۇسۇلماننىڭ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىدۇ، ئۇنى ئەتراپىدىكى بۈيۈك دۇنيا بىلەن تونۇشتۇرىدۇ. بەزىلەر: «سەپەر قىلىش يېرىم ئىلىم» دەيدۇ. بىر ھۆكۈما: «كىم ئۆزۈن ئۆمۈر كۆرسە، كۆپ نەرسىلەرنى كۆرىدۇ» دېگەندە، يەنە بىرى: «ئەمما كىم سەپەر قىلسا تېخىمۇ كۆپ كۆرىدۇ» دېگەن.

ئىنسان ھەج سەپىرىدە ھەرخىل جەۋرى ـ جاپالارغا دۇچ كېلىدۇ، ئائىلە ۋە يۇرتتىن، راھەت ـ پاراغەتلىك تۇرمۇشتىن ئايرىلىپ، دوست - يارەنلەر بىلەن ئۆتكۈزىدىغان كۈندىلىك ھاياتنى قۇربان قىلىدۇ. الله ھەج سەپىرىنى كىشىلەر يازلىق ۋە قىشلىق ساياھەتلىرى ئۈچۈن بارىدىغان شۆھرەتلىك سايىلىق، لىۋاندەك گۈزەل مەنزىرىلىك يۇرتلارغا بەلگىلىمەستىن، بەلكى، ئۆز ھېكمىتى بويىچە، يازلىق ياكى قىشلىق ساياھەت قىلىشقا توغرا كەلمەيدىغان ئېكىنسىز بىر ۋادىغا ئورۇنلاشتۇردى. بۇ، مۇسۇلماننى جەۋرى - جاپالارغا بەرداشلىق بېرىش، كۆڭۈلسىز ئىشلارغا سەۋر قىلىش، ياخشى كۈندىمۇ، يامان

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

كۈندىمۇ، ئىسسىقتىمۇ، سوغۇقتىمۇ، تىرىكچىلىك يولىدا تىرىشىش ئۈچۈن چېنىقتۇرىدۇ. مۇسۇلمانىنى جىھادقا تەييارلاش جەھەتتە ھەج بىلەن روزىنىڭ رولى بىر - بىرىگە ئوخشىشىپ كېتىدۇ.

ھاجىنىڭ ھاياتى ئاددىي ـ ساددىلىق جەھەتتە ھەمىشە يۆتكىلىپ يۈرىدىغان ۋە ئۆزىگە تايىنىپ ياشايدىغان ئىزچى ئەترەتنىڭ ھاياتىغا ئوخشىشىپ كېتىدۇ. چۈنكى باياشات تۇرمۇشتىن يىراق، جاپا ـ مۇشەققەتلىك كۈنلەرنى ئۆتكۈزىدىغان ئىزچى ئەترەتنىڭ ھالى مىنا ۋە ئەرافاتقا قۇرۇلغان چېدىرلاردىكى ھاجىلارنىڭ ھالىغا ئوخشاپ قالىدۇ.

بۇ ھېكمەت اللہ تائالانىڭ ھەجنى قەمەرىيە يىلى بىلەن ئايلىنىدىغان قىلغانلىقى ئۈچۈن تېخىمۇ گەۋدىلىك كۆرۈلىدۇ. چۈنكى، ھەج ئايلىرى مۇئەييەن ئايلار بولۇپ، شەۋۋال ئېيىدا باشلىنىپ، زۇلھەججە ئېيىدا ئاخىرلىشىدۇ. مەلۇمكى، بۇ ئايلار بەزىدە تومۇز ئىسسىقتا كەلسە، بەزىدە زېمىستان سوغۇقتا كېلىدۇ. بۇ، مۇسۇلماننىڭ ھەرقانداق مۇھىت ۋە ھەرقانداق مۇشكۈلاتلارغا بەرداشلىق بېرىشكە ھازىرلىنىشى ئۈچۈن ئىدى.

## تىجارىي مەنپەئەتلەر

ھەج مەۋسۇمى ئىقتىسادىي نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدا كەڭ كۆلەمدە تىجارىي مەنپەئەتلەرنى ئالماشتۇرۇشقا چوڭ بىر پۇرسەتتۇر.

بەزىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا ئىبادەتنىڭ دەرىجىسى چۈشۈپ كېتىش ياكى اللہنىڭ دەرگاھىدىكى ساۋاب تۆۋەنلەپ كېتىشتىن ئەنسىرەپ، ھەج كۈنلىرىدە تىجارەت قىلىشتىن ئۆزلىرىنى تارتاتتى ۋە ئۇلارغا پايدا ئېلىپ كېلىدىغان ھەرقانداق بىر ئىشنى قىلىشتىن ھەرەجلىك ھېس قىلاتتى. اللہ تائالا ئىنساننىڭ نىيىتى توغرا، تۈپ مەقسەت ھەج قىلىش بولسىلا ھەج كۈنلىرىدە تىجارەت قىلىشقا ئىجازەت قىلدى. چۈنكى، ھەربىر ئىنساننىڭ نىيەت قىلغىنى ئۆزىگە بولىدۇ.

بۇخارى ئىبنى ئابباس (اللہ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن)تىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: ئۇكاز، مەجىننە ۋە زۇلمەجاز جاھىلىيەت دەۋرىدىكى بازارلار ئىدى. مۇسۇلمانلار ھەج مەۋسۇملىرىدە تىجارەت قىلىشتىن ھەرەج ھېس قىلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سورىدى. ئاندىن اللہ تائالا مۇنۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: ﴿لَيْسَ عَلَيْكُمْ جُنَاحٌ أَن تَبْتَغُواْ فَضْلاً مِّن

رَبِّكُمْ﴾ ﴿پەرۋەردىگارىڭلاردىن (ھەج مەۋسۇمىدە تىجارەت ۋە باشقا ئوقەت ئارقىلىق) رىزىق تەلەپ قىلساڭلار، سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ﴾[1].

رەشىد رىزا (اللە ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) «تەفسىرۇلمەنار»دا مۇنداق دېگەن: «بەزى مۇشرىكلار ۋە بەزى مۇسۇلمانلار ھەج كۈنلىرىدە ھەرقانداق بىر ئىشنى قىلىشتىن ھەرەج ھېس قىلىپ دۇكانلىرىنىمۇ تاقىۋېتەتتى. شۇنىڭ بىلەن اللە تائالا ئۇلارغا كەسىپ قىلىش اللەنىڭ پەزلىدىن تەلەپ قىلغانلىق بولىدىغانلىقىنى، نىيەت توغرا بولسىلا ھېچقانداق گۇناھ بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويدى. اللە تائالانىڭ: ﴿پەرۋەردىگارىڭلاردىن﴾ دېگەن سۆزى رىزىقنى اللەنىڭ پەزلىدىن دەپ بىلىش بىلەن بىرگە تەلەپ قىلىشنىڭ بىر تۈرلۈك ئىبادەت ئىكەنلىكىنى دەلىللەپ بېرىدۇ. رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئۆمەر مۇشۇ ھەقتە سورىغان بىرىگە: «بىز پەقەت تىجارەت ئۈستىدىلا ياشايتتۇققۇ؟» دېگەن.

## ھەج باراۋەرلىك، بىرلىك ۋە تىنچلىقتىن ئىبارەت

ھەج مۇسۇلماننى ئىسلام ئېلىپ كەلگەن يۈكسەك ئىنسانىي پرىنسىپلار بىلەن چېنىقتۇرىدۇ. ئىسلام دىنى ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي پرىنسىپلىرىنىڭ پەقەت قۇرۇق شوئار ياكى ساداسىز چاقىرىقتىن ئىبارەت بولۇپ قېلىشىنى خالىمىدى، بەلكى ئۇنى ئىبادەت ۋە شەرىئەت بەلگىلىمىلىرى ئىزچىل يۇغۇرۇپ، ئالدى بىلەن مۇسۇلماننىڭ ئېڭىغا ئۆزلەشتۈردى، ئاندىن ھاياتى ۋە ئەخلاقىغا تەتبىقلىدى.

بىز جامائەت نامىزىدا قېرىنداشلىق، باراۋەرلىك ۋە ھۆرلۈكنىڭ قانداق رەۋىشتە يېتىلىدىغانلىقىنى بىلدۇق. ھەج پائالىيىتىدە باراۋەرلىك پرىنسىپىنىڭ جۇلاسىنى ناھايىتى ئېنىق كۆرۈۋاتىمىز. ھەممە ئىنسان يۇرت، تەبىقە، ئىقتىساد پەرقىگە قاراپ كىيىنگەن كىيىملەرنى سېلىۋېتىپ، خۇددى مېيىتلارنىڭ كېپەنلىرىدەك ئاددىي ئاق لىباسنى كىيىدۇ. ئۇ لىباسنى پادىشاھمۇ، گادايمۇ كىيىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىردەك بەيتۇللاھ ئەتراپىدا تاۋاپ قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا قەتئىي ئايرىمچىلىق بولمايدۇ. ئۇلار مىڭلاپ، يۈز مىڭلاپ ئەرافاتتا تۇرىدۇ، ئۇلارنى ئاشۇنداق ئاق لىباسلار بىلەن، قاتتىق قىستىلاڭچىلىقتا كۆرگەن ئادەم ئىنسانلار قىيامەت كۈنى قەبرىلىرىدىن چىقىپ پەرۋەردىگارى تەرىپىگە بېرىپ، مەھشەرگاھتا تۇرۇۋاتقاندەكلا ھېس قىلىدۇ.

---

[1] سۈرە بەقەرە 198 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

قۇرەيشلەر جاھىلىيەت دەۋرىدە ئۆزلىرىنى ھەممە ئەرەبلەردىن ئۈستۈن دەپ قارايتتى. شۇڭا، ئۇلار باشقىلار بىلەن ئەرافاتتا تۇرماي مۇزدەلىفەدە تۇراتتى. ئىسلام كېلىپ بۇ ئادەتنى بۇزۇپ تاشلىدى. اللّٰه تائالا ھەجنىڭ بەزى پائالىيەتلىرىنى بايان قىلغاندىن كېيىن مۇنداق دېگەن: ﴿ثُمَّ أَفِيضُواْ مِنْ حَيْثُ أَفَاضَ النَّاسُ﴾ ﴿ئاندىن كېيىن سىلەر (ئەرافاتتىن) كىشىلەر قايتقان جاي بىلەن قايتىڭلار﴾[1]. ئايەتنىڭ تەپسىرىدە مۇنداق دېيىلگەن: «سىلەرگە ھەجنىڭ ئەمەللىرى بايان قىلىندى، ئۇنىڭدا بىر كىم بىر كىمدىن ئۈستۈن ئەمەس، باراۋەرلىكنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە نەسەبلەر بىلەن پەخىرلىنىشنى تەرك ئېتىش بۇ ئىبادەتنىڭ غايە ـ نىشانى ئىكەنلىكىنى بىلگىنىڭلاردىن كېيىن، سىلەرمۇ باشقىلاردىن ئالاھىدە بولۇۋالغان ئادىتىڭلارنى تاشلاپ، باشقىلار بىلەن بىر ئورۇندىن قايتىشىڭلار كېرەك»[2].

جاھىلىيەت كىشىلىرى ھەج مەۋسۇملىرىنى ئەجدادلارنىڭ نەسەبلىرى بىلەن پەخىرلىنىدىغان مەۋسۇم قىلىۋالغانلىقلىرى ئۈچۈن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەشرىق كۈنلىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئۇلارغا مۇنداق خۇتبە سۆزلىگەنىدى: «ئى ئىنسانلار، ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار بىر، سىلەرنىڭ ئەجدادلىرىڭلار بىر، شۇنى بىلىڭلاركى، ئەرەب ئەجەمدىن، ئەجەم ئەرەبتىن، قىزىل تەنلىك قارا تەنلىكتىن، قارا تەنلىك قىزىل تەنلىكتىن پەقەت تەقۋالىق بىلەنلا ئارتۇق بولىدۇ، يەتكۈزدىمۇ؟» ئۇلار: «رەسۇلۇللاھ يەتكۈزدى» دېيىشتى.

بىز ھەج پائالىيەتلىرىدە بىرلىكنىڭ ئىزناسىنى خۇددى چىڭ چۈشتىكى قۇياشقا ئوخشاشلا كۆرىمىز. ھەممەيلەن ھېسسىيات، پائالىيەتلەردە، غايە ـ نىشاندا، ئەمەلدە، گەپ ـ سۆزدە بىردۇر. ئۇلارنىڭ قەلبلىرىدە ھېچقانداق يۇرتۋازلىق، يا ئىرقىۋازلىق، يا بىرەر تەبىقىگە تەئەسسۇپلۇق قىلىش ھادىسىلىرى بولمايدۇ. بەلكى، ئۇلار مۇسۇلمان بولۇپ بىر پەرۋەردىگارغا ئىمان كەلتۈرىدۇ، بىر ئورۇندا تاۋاپ قىلىدۇ، بىر كىتابنى ئوقۇيدۇ، بىر پەيغەمبەرگە ئەگىشىدۇ، بىر پائالىيەت ئۈچۈن ئەمەل قىلىدۇ. بۇنداق ئىكەن، بۇنىڭدىنمۇ چوڭقۇر بىرلىك بولامدۇ؟

---

[1] سۈرە بەقەرە، 199 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] «تەفسىرۇلمەنار».

## ئىسلام ھەممىدىن بۇرۇن دەۋەت قىلغان پرىنسىپ تىنچلىقتۇر

ھەج بولسا، مۇسۇلماننى تىنچلىققا چېنىقتۇرۇشتىكى ۋە ئۇنىڭغا تىنچلىق شەربىتىنى ئىچۈرۈشتىكى تەڭداشسىز بىر ۋاسىتىدۇر. ھەج تىنچلىق زېمىنىغا، تىنچلىق دەۋرىدە قىلىنىدىغان تىنچلىق سەپىرىدۇر.

ھەج قىلىنىدىغان زېمىن مەككىدۇر. اﷲ تائالا بەيتۇلھەرەمنى ئىنسانلار توپلىنىدىغان ئامان جاي قىلدى. اﷲ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿وَمَن دَخَلَهُ كَانَ آمِنًا﴾ ﴿بەيتۇللاھقا كىرگەن ئادەم ئەمىن بولىدۇ﴾[1]. بۇ ھەقتە ئۆمەرمۇ مۇنداق دېگەن: «مۇبادا مەن كەبىدە دادامنىڭ قاتىلىنى كۆرسەممۇ، ئۇنىڭغا چېقىلمايمەن».

بەيتۇللاھ ئالاھىدە تىنچ جايدۇر. بۇ تىنچلىق ئۇچار قۇشلار، قۇرۇقلۇقتىكى ھايۋانلار ۋە ئۆسۈملۈكلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. بۇ جايدا ئوۋ ئوۋلىغىلى، دەرەخ كەسكىلىمۇ بولمايدۇ.

ھەجنىڭ كۆپىنچە پائالىيەتلىرى ئۇرۇش ھارام قىلىنغان زۇلقەئدە بىلەن زۇلھەججە ئايلىرىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئۇ ئايلاردا قىلىچلار مەجبۇرىي غىلاپلىرىدا تۇرىدۇ، قان تۆكۈلمەيدۇ، ئۇرۇش توختىتىلىدۇ. اﷲ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿جَعَلَ اللّهُ الْكَعْبَةَ الْبَيْتَ الْحَرَامَ قِيَامًا لِّلنَّاسِ وَالشَّهْرَ الْحَرَامَ وَالْهَدْيَ وَالْقَلاَئِدَ﴾ ﴿اﷲ بەيتۇلھەرەم بولغان كەبىنى، ھەج ئېيىنى، ھەجدە قىلىنىدىغان قۇربانلىقنى، (قۇربانلىقنىڭ ئالامىتى سۈپىتىدە) بويۇنلىرىغا بەلگە ئېسىلغان تۆگىلەرنى ئىنسانلارنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنىڭ تۇتقۇسى قىلدى﴾[2].

مۇسۇلمان ئىنسان ھەجگە ئېھرام باغلىغان مەزگىللىرىدە ھەقىقىي ئامانلىق ئىچىدە بولىدۇ، ئەتراپىدىكىلەر ئۇنىڭغا چېقىلمايدۇ. شۇنداقلا ئۇنىڭ ئۆزىگىمۇ بىرەر ئۆسۈملۈكنى يۇلۇش، بىرەر دەرەخنى كېسىش، بىرەر ھايۋاننى بوغۇزلاش، بىرەر ئوۋنى ئوۋلاشقا يول قويۇلمايدۇ. اﷲ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ لاَ تَقْتُلُواْ الصَّيْدَ وَأَنتُمْ حُرُمٌ﴾ ﴿ئى مۆمىنلەر! سىلەر ئوۋلىغان ھايۋانلارنى ئېھرامدا ياكى ھەرەمدە تۇرۇپ ئۆلتۈرمەڭلار﴾[3]؛ ﴿وَحُرِّمَ عَلَيْكُمْ صَيْدُ الْبَرِّ مَا دُمْتُمْ حُرُمًا﴾ ﴿مادامىكى، سىلەر ئېھرامدا ياكى ھەرەمدە ئىكەنسىلەر، قۇرۇقلۇق ھايۋانلىرىنى ئوۋلاش سىلەرگە ھارام قىلىندى﴾[4].

---

[1] سۈرە ئال ئىمران، 97 ـ ئايەت.

[2] سۈرە مائىدە، 97 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[3] سۈرە مائىدە، 95 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[4] سۈرە مائىدە، 96 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئېھرام باغلىغان كىشى يەنە ئېھرامدىن چىقمىغۇچە چىچىنى ياكى تىرنىقىنى ئېلىشى دۇرۇس بولمايدۇ.

ئىسلام ھەج پائالىيىتىدە ئېلىپ بارىدىغان تىنچلىقتەك ئەمەلىي تىنچلىقنى دۇنيا بەرپا قىلىپ باقتىمۇ؟

## ھەج دۇنياۋىي قۇرۇلتاي

ھەج مۇسۇلمانغا ھەر يىلى ئېچىلىدىغان ئەڭ كاتتا ئىسلامىي قۇرۇلتايغا قاتنىشىش پۇرسىتى يارىتىپ بېرىدۇ. ئۇ شۇنداق بىر قۇرۇلتايكى، ئۇنىڭغا بىرەر پادىشاھ بىرەر زۇڭتۇڭ ياكى بىرەر ھۆكۈمەت ياكى بىرەر تەشكىلات چاقىرمىغان، بەلكى ھەر يىلى ھەجنى مۇسۇلمانلارغا پەرز قىلغان اللە تائالا چاقىرغان قۇرۇلتايدۇر.

مۇسۇلمان ئىنسان ئۇ قۇرۇلتايدا دۇنيانىڭ بەش قىتئەسىدىن كېلىدىغان، يۇرتلىرى، ئىرقلىرى ۋە تىللىرى ئوخشاش بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىنى ئىمان بىلەن ئىسلام رىشتىسى باغلىغان ۋە ھەممىسى: ”مەن ھازىر بولدۇم، ئى اللە! مەن ھازىر بولدۇم“ دەپ تەلبىيە ئېيتىدىغان قېرىنداشلىرى بىلەن ئۇچرىشىدۇ.

ھەقىقەتەن بۇ قۇرۇلتاينىڭ نۇرغۇنلىغان مەزمۇنى، نۇرغۇنلىغان ئالامىتى بار. ئۇ مۇسۇلمان ئىنسانغا ئۈمىد بېغىشلايدۇ، ئۈمىدسىزلىنىش ھادىسىلىرىنى يىتچىت قىلىدۇ، ئىرادىنى قوزغايدۇ ۋە تاۋلايدۇ. ھەقىقەتەن، مۇشۇنداق يىغىلىشلار ئىنسانغا كۈچ ئاتا قىلىدۇ. ئۈزۈلگەن ئۈمىدلەرنى يېڭىلىنجىتىدۇ. دەرۋەقە، بۆرىمۇ توپتىن ئايرىلغان قوينى يەيدۇ.

بۇ قۇرۇلتاي مۇسۇلمان ئىنسانغا مۇسۇلمان قېرىندىشىنىڭ يۇرتى يىراق بولسىمۇ، ئۇنىڭ ھەقلىرىنى، دىنىي قېرىنداشلىقنى ۋە ئىمان رىشتىسىنى ئوبدان ئەسلىتىدۇ. بۇ قۇرۇلتاي «يۇقىرى ھارارەتلىك پىچ» بولۇپ، ئۇنىڭ ھارارىتىدە مىللەتچىلىك ۋە ھەرقانداق ئىرقىۋازلىق شوئارلىرى ئېرىپ كۆيۈپ كېتىپ، پەقەت اللە تائالانىڭ مۇنۇ شوئارىلا قالىدۇ: ﴿إِنَّمَا الْمُؤْمِنُونَ إِخْوَةٌ﴾ ﴿مۇئمىنلەر (دىندا) قېرىنداشلاردۇر﴾[1].

بۇ قۇرۇلتايدا ئالىملار، ئىسلاھاتچىلار ۋە سىياسىئونلار بىر ـ بىرلىرى بىلەن مۇلاقاتتا بولىدۇ. ئۇلارنىڭ (ھالبۇكى، ئۇلار بىر نىشان ئۈچۈن يىغىلغاندى) غايە ـ نىشانغا يېتىش ئۈچۈن ئەڭ ياخشى پىلانلارنى، ئەڭ ياخشى ۋاسىتىلارنى پىلانلاش مەقسىتىدە

[1] سۈرە ھۇجۇرات، 10 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئۆزئارا تونۇشۇشى، ئۆزئارا چۈشىنىشىشى ۋە ئۆزئارا ھەمكارلىشىشى نىمىدېگەن ھەقلىق بىر ئىش - ھە!

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ قۇرۇلتايىنى مۇسۇلمانلارنىڭ ئومۇمىي سىياسەتكە مۇناسىۋەتلىك مۇھىم يولىيورۇق ۋە قارارلارنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن مۇنبەر قىلغانلىقى، بۇ قۇرۇلتايىنىڭ مۇھىملىقىنى بىزگە بىلدۈرۈش ئۈچۈن بەرگەن ئاگاھلاندۇرۇشتۇر. مۇسۇلمانلار ئەبۇ بەكرى (اللە ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن)نىڭ يېتەكچىلىكىدە تۇنجى ھەج قىلغان يىلى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇ بەكرىنىڭ ئارقىسىدىن مۇسۇلمانلار بىلەن توختامنى بۇزغان مۇشرىكلار ئوتتۇرىسىدىكى سۈلھىنى بىكار قىلغانلىقىنى ۋە كېلەركى يىلىدىن باشلاپ بىرمۇ مۇشرىك ھەج قىلمايدىغانلىقىنى ۋە بەيتۇللاھتا يالىڭاچ تاۋاپ قىلمايدىغانلىقىنى ئۇقتۇرۇش ئۈچۈن ئەلى (اللە ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن)نى ئەۋەتكەنىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەج قىلغان يىلىدا مۇسۇلمانلارغا «يەتكۈزۈش» ياكى «ۋىدالىشىش» خۇتبىسىنى سۆزلەپ ئۇنىڭدا ئىسلامنىڭ پرىنسىپلىرىنى ۋە ئىسلامنىڭ دەستۇرىنى خۇلاسىلىگەنىدى.

ئىسلام ئالىملىرى بۇ قۇرۇلتايىنىڭ قىممىتىنى تونۇپ يەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۇنى پۇرسەت بىلىپ، ھەرخىل قاراشلارنى ۋە ھەرخىل پىكىرلەرنى ئالماشتۇرۇشتى ۋە ھەدىس رىۋايەت قىلىشتى.

شۇنداقلا، خەلىپىلەرمۇ بۇ دۇنياۋى قۇرۇلتايىنىڭ قىممىتىنى بىلىپ يەتتى. نەتىجىدە ئۇلار بۇ قۇرۇلتايىنى ھەممە جايدىن كەلگەنلەر، باشقا ئىقلىملاردىكى ۋالىيلار بىلەن ئۇچرىشىش ۋە مۇلاقاتتا بولۇش سورۇنى قىلدى. كىم زۇلۇمغا ئۇچرىسا ياكى ئەرز - شىكايىتى بولسا، خەلىپىگە ھېچقانداق بىر ۋاسىتىسىز سۇنسا بولىدۇ. بۇ قۇرۇلتايدا ۋالىي خەلىپىنىڭ ئالدىدا خەلق بىلەن يۈزلىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھاجەتمەنىنىڭ ھاجىتى ئادا بولىدۇ. زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىغا قىساس ئېلىپ بېرىلىدۇ، ھەق ۋالىي ياكى خەلىپىنىڭ ئۈستىدە بولسىمۇ، يەنىلا ئۆز ئىگىسىگە قايتىدۇ!

ئوسمان ئىبنى ئەففان (اللە ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) پۈتۈن ئىسلام يۇرتلىرىغا مۇنداق مەكتۇپ يوللىغان:

”مەن ھەقىقەتەن ۋالىيلار بىلەن ھەر مەۋسۇمدە ئۇچرىشىمەن. مەن مۇسۇلمانلارنى ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇشقا بۇيرىدىم. ماڭا ياكى ۋالىيلارغا بىر ئەرز سۇنۇلىدىكەن، مەن ئۇنى تولۇق ھەل قىلىپ بېرىمەن. مۇسۇلمانلارنىڭ مېنىڭ ياكى ۋالىيلارنىڭ ئۈستىدە بىر ھەققى بولىدىكەن، ئۇ ئۇلارغا تولۇق بېرىلىدۇ. ماڭا مەدىنە ئەھلى بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ تىل - ئاھانەتكە ۋە تاياققا ئۇچراۋاتقانلىقىنى يەتكۈزدى.

كىمنىڭ بۇ ھەقتە دەۋاسى بولسا، ھەج مەۋسۇمىدە كەلسۇن، ئۇنىڭ ھەققى نەدىلا بولمىسۇن ئۇ ھەققىنى تولۇق ئالىدۇ. ھەتتاكى مەندە ياكى ۋالىيلاردا بولسىمۇ ئالىدۇ ياكى سەدىقە قىلىۋەتسۇن. ھەقىقەتەن اللە سەدىقە قىلغۇچىلارغا ياخشى مۇكاپات بېرىدۇ.

بۇ يەردە ئالاھىدە تەكىتلەيدىغىنىمىز شۇكى، بۇ قۇرۇلتايدا پەقەت مۇسۇلمانلارنىڭلا ھەق - دەۋالىرى بىر تەرەپ قىلىنمايتتى. بەلكى، ئىسلام دۆلىتى ھاكىمىيىتى ئاستىدا ياشايدىغان غەيرى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەرز - شىكايەتلىرىمۇ ھەل قىلىناتتى. مەلۇمكى، بىر قىبتىنىڭ ئوغلى مىسىر ۋالىيسى ئەمر ئىبنى ئاسنىڭ ئوغلى بىلەن ئات بەيگىسىگە چۈشۈپ، قىبتى ئۇتۇۋالىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئەمرنىڭ ئوغلى ئۇنى ئۇرىدۇ. ئەمر ئۇنىڭ دەۋاسىنى ئۆمەرگە يوللايدۇ. ئۆمەر ئۇنىڭدىن مىڭلىغان ھاجىلارنىڭ كۆز ئالدىدا قىساس ئېلىپ بېرىدۇ. ئاندىن كېيىن ئۆمەر ئەمرگە: ”سىلەر قاچاندىن بېرى ئىنسانلارنى قۇل قىلىۋالدىڭلار؟ ھالبۇكى، ئۇلارنى ئانىلىرى ھۆر تۇغقان تۇرسا؟“ دەيدۇ.

ھەج ئىبادىتى نۇرغۇنلىغان ئىسلام دۈشمەنلىرىنىڭ نەزىرىدە كۆزلىرىگە قادالغان مىخ بولۇشى ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەس. ئۇلار ھەجنى بۇرمىلاش ۋە ئۇنىڭغا داغ تەگكۈزۈش ئۈچۈن قەلەملىرىنى تەۋرىتىشىدۇ. لېكىن، كاپىرلار يامان كۆرگەن تەقدىردىمۇ، اللە ئۆز نۇرىنى ئۈستۈن قىلماي قالمايدۇ.

بۇندىن بىر قانچە يىللار ئىلگىرى بىر خرىستىئان تەشۋىقاتچىسى ئىسلام دۆلەتلىرىدىكى، بولۇپمۇ مىسىردىكى خرىستىئانلاشتۇرۇش ھەرىكىتىنىڭ ئۇنۇمىنىڭ قانچىلىك بولۇۋاتقانلىقى توغرىسىدا يازغان دوكلاتىدا مۇنداق دېگەن: ”قۇرئاندىن، ئەزھەردىن، ھەپتىلىك جۈمە نامىزىدىن ۋە يىللىق ھەج قۇرۇلتىيىدىن ئىبارەت تۆت تۈۋرۈك بولىدىكەن، ئىسلام خرىستىئانلارنىڭ پاراخوتلىرى ئۈسۈپ، كۆمپەيكۆم بولۇپ كېتىدىغان گېگانت تاش ھالىتىدە تۇرىۋېرىدۇ“.

اللە خالىسا، ئىنسانىيەت يەر شارىدىلا بولىدىكەن، بۇ تۆت تۈۋرۈك ئەبەدىلئەبەد باقىي بولىدۇ. چىدىمىغانلار ھەسرەتتە ئۆلسۇن!

تولىمۇ ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، مۇسۇلمانلار بۇ كاتتا قۇرۇلتايدىن لايىق رەۋىشتە پايدىلانماي كېلىۋاتىدۇ. شۇنداقتىمۇ، يېقىنقى يىللاردا ئاز - تولا ئويغىنىش بولۇۋاتىدۇ.

## ئىنساپلىقلارنىڭ گۇۋاھلىرى

ئەجەملەردىن بۇ كاتتا ئىسلام ئىبادىتىنىڭ پەزلى توغرىلىق گۇۋاھلىق بەرگەنلەرمۇ بار. ئۇلار ھەجنىڭ روھقا ۋە ھاياتقا بولغان تەسىرلىرىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتىدۇ. ئۇلارنىڭ

جۈملىسىدىن ئىتالىيىلىك دوكتور فاگلېرى دېگەن ئايال يازغۇچى بولۇپ، ئۇنىڭ كىتابى: «ئىسلامنى قوغداش» دېگەن نام بىلەن تەرجىمە قىلىنغاندى.

# يەتتىنچى باب

## ئىبادەتنى ئۆگىتىشنىڭ ئەڭ ياخشى مېتودى

1. ئىبادەت ئىلمى ئەمەس، ئىبادەت فىقھىسى مەقسەت قىلىنىدۇ.
2. ئاددىي ـ ساددىلىق دەۋرىگە قايتىش.
3. ئاسانلاشتۇرۇش، چېگىتىۋالماسلىق ۋە ۋەسۋەسە قىلماسلىق.
4. «قۇرئان كەرىم» ۋە سۈننەتكە قايتىش، بىرەر مەزھەبكە مۇتەئەسسىپلىك قىلماسلىق.
5. باشتا پەرزلەرگە ئەھمىيەت بېرىش لازىم.

## كىرىش سۆز

بىلىش كېرەككى، اللهنىڭ بىزنىڭ ئۈستىمىزدىكى بىرىنچى ھەققى ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىش بولسا، ئىبادەتلەرنى ئۆگىنىش ۋە ئۆگىتىش بەندىلەرنىڭ ئۈستىدىكى باش مەجبۇرىيەتتۇر.

دەسلەپتە بىلىش ۋە چۈشىنىش كېرەك بولغان ئىبادەتلەر شەرىئەت شەكىللىرىنى، سۈپەتلىرىنى ۋە ماھىيەتلىرىنى بەلگىلەپ بەرگەن، ئۆلارسىز قوبۇل بولمايدىغان ئىبادەتلەردۇر. ئۇلار بىز يۇقىرىدا سىرلىرىنى ۋە ھاياتقا بولغان تەسىرلىرىنى سۆزلەپ ئۆتكەن ناماز، روزا، زاكات ۋە ھەج قاتارلىقلاردۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ تۆت ئىبادەتنى شاھادەت ئېيتىشتىن قالسىلا ئىسلامنىڭ ئەركانلىرى ۋە ئىسلامنىڭ بۈيۈك تۈۋرۈكلىرى قىلىپ بېكىتكەندى.

فىقھشۇناسلار مەزكۇر تۆت ئىبادەتنى فىقھى ئاتالغۇسىغا ئاساسەن «مۇئامىلە» دېگەننىڭ ئۇدۇلىغا قويۇپ «ئىبادەت» دەپ ئاتىغانىدى. چۈنكى، ئىبادەتنى الله تائالا ئۆزى بارلىققا كەلتۈرگەن، شۇنداقلا شەرىئەتتىن ئىلگىرى ئىبادەت مەۋجۇد بولمايدۇ. ئەمما، شەرىئەت مۇئامىلە ئىشلىرىنى ئىسلاھ قىلدى ۋە تۈزەتتى. چۈنكى، ئىنسانلارنىڭ ھاياتى

مۇئامىلە ئىشلىرىدىن خالىي بولمايدۇ. ئىسلام شەرىئىتى كېلىپ، بۇرۇنقى مۇئامىلە ئىشلىرىنىڭ ياخشىلىرىنى قوبۇل قىلدى، يامانلىرىنى رەت قىلدى. بۇ نۇقتىغا ئاساسەن ئىسلام تەتقىقاتچىلىرى ئىبادەت ئىشلىرىدا پەقەت شەرىئەت كېلىپ قوبۇل قىلغاندىن باشقىنى چەكلەش، ئەمما ئادەت ۋە مۇئامىلە ئىشلىرىدا شەرىئەت چەكلىگەندىن باشقىغا يول قويۇش كېرەك دەپ بېكىتتى.

بىز ئىبادەتنى ئۆگىنىش جەھەتتە قوللىنىشقا تېگىشلىك ئەڭ ياخشى مېتود ئۈستىدە توختىلىمىز. ئۇ مېتود ئىسلام دىنىنىڭ خاراكتېرىدىن ۋە شەرىئەت روھىدىن ئېلىنغاندۇر.

مەزكۇر ئىبادەتلەر مائارىپ نۇقتىسىدىن بىر قانچە باسقۇچلارنى بېسىپ ئۆتتى. ھەتتاكى، ئۇ ئىبادەتلەر شۇنداق شاخلىنىپ مۇرەككەپلىشىپ كەتتىكى، ھازىرقى زاماندىكى ئاددىي بىر ئىنساننىڭ ئۇلارغا ۋاقتى يېتىشمەيدىغان، ۋاقتى يەتسىمۇ پىكرى ۋە قەلبى يەتمەيدىغان دەرىجىگە بېرىپ قالدى.

بۇنداق دېگەنلىك بىز ئىبادەتلەرنى يېڭى زامان روھىغا مۇناسىپ كېلىدىغان دەرىجىگە تەرەققىي قىلدۇرايلى دېمەكچى ئەمەسمەن.

ئىبادەت تەرەققىي قىلدۇرۇشنى قەتئىي قوبۇل قىلمايدۇ، زاماننىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ئۆزگەرمەيدۇ ياكى ئىجتىھاد، قىياس، ئىجمالارغا بويسۇنمايدۇ ياكى زاماننىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن خۇددى ناۋاينىڭ قولىدىكى خېمىرغا ئوخشاش يۇمشىمايدۇ.

ئىسلامدا ئىبادەت مەڭگۈ مۇقىمدۇر. بىز پەقەت ئۇنى ئۆگىنىشتىكى مېتودنى ئۆزگەرتىشنى خالايمىز. بىز پەقەت ئاشۇ مېتود بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىگە ۋە ساھابىلەر دەۋرىگە قايتىشنى مەقسەت قىلىمىز.

## 1. ئىبادەت ئىلمى ئەمەس، ئىبادەت فىقھىسى مەقسەت قىلىندۇ

توغرا يولدا مېڭىشىمىز ئۈچۈن باشتا نىشانىمىزنى بىلىشىمىز كېرەك. بىزنىڭ ئىبادەتنى ئۆگىنىش ۋە چۈشەندۈرۈشتىكى نىشانىمىز ئىنسانلارغا پەرۋەردىگارىنى قىزغىن سۆيگۈزۈپ، ئۇلارنى اللهقا بىر خىل قېلىپلاشقان، رەسمىيەتكە ئايلىنىپ قالغان شەكىلدە ئەمەس، بەلكى ياخشى كۆرگەن، شۈكۈر قىلغان ۋە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن يۈزلەنگەن ھالدا ئىبادەت قىلىدىغان دەرىجىگە يەتكۈزۈش، شۇنداقلا ئۇلارنى ئىبادەتنىڭ شەكلىگە ئەمەس، بەلكى روھىغا يۈزلەندۈرۈشنى مەقسەت قىلىمىز. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، بىزنىڭ نىشانىمىز ئىبادەت «فىقھىسى»دۇر، ئىبادەت «ئىلمى» ئەمەس.

چۈنكى، فىقھى ئىلىمدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. دىندا فەقىھ قىلىش (چوڭقۇر ۋە ئەتراپلىق چۈشەندۈرۈش) ئۆگىتىشكە قارىغاندا بەكراق خاسلىققا ئىگە. نېمىشقا دېگەندە، ئىلىم ئىنساننىڭ ئەقلىگە مۇناسىۋەتلىك. فىقھى بولسا ئۇنىڭ قەلبىگە ۋە روھىيىتىگە سىڭىپ كىرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ ياخشىلىقنىڭ پەقەت قۇرۇق ۋە يۈزەكى ئىلىم بىلەن ئەمەس، بەلكى دىننى چوڭقۇر چۈشىنىش بىلەن قولغا كېلىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: «اللە كىمگە ياخشىلىق ئىرادە قىلىدىكەن، ئۇنى دىندا فەقىھ قىلىدۇ (يەنى دىننى چوڭقۇرلاپ چۈشىنىشكە مۇيەسسەر قىلىدۇ)» (بۇخارى رىۋايەت قىلغان).

ئەمما، فىقھى ئۇقۇمىدا بەزى ئۆزگىرىشلەر كۆرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ يېتەكلەيدىغىنى پەقەت زاھىرىي شاخلاشتۇرۇشلارنى، ئىختىلاپ ئەھكاملىرىنى، ئالدىنئالا پەرەز قىلىنىدىغان مەسىلىلەرنى خاتا ھۆكۈملەردىن، ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىش جۈملىسىدىن سانىلىدىغان ئىنچىكە مەسىلىلەردىن ئىزدەيدىغان قۇرۇق بىر ئىلىم بولۇپ قالدى. ئىمام غەززالىي ئىسلامىي ئاتالغۇلاردىن مەلۇم يامان غەرەزلەر تۈپەيلى سەلەفلەر مەقسەت قىلىپ قوللانغان، مەدھىيىگە لايىق يۆنىلىشتىن ئېغىپ كەتكەن بەش ئاتالغۇنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: «ئۇلارنىڭ بىرىنچىسى فىقھى كەلىمىسىدۇر. بەزىلەر ئۇنى خاسلاشتۇرۇپ قويۇپ ئۇنىڭ بۇرۇلۇش نۇقتىلىرىنى بوغۇپ قويىدى. ئۇ ئاتالغۇنى يات، غەلىتە مەسىلىلەرنى بىلىشكە، ئۇنىڭ ئىنچىكە سەۋەبلىرىنى ئىزدەشكە، ئۇ ھەقتە مۇنازىرىلەرنى كۆپ قىلىشقا، ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك كىتابلارنى يادلاشقا خاس قىلىپ قويىدى. كىم بۇ ھەقتە چوڭقۇرلاشسا، ئۇنىڭ بىلەن كۆپ مەشغۇل بولسا، كاتتا ئالىم دېيىلىدىغان ھالەت شەكىللەندى. دەرۋەقە، فىقھى كەلىمىسى دەسلەپكى دەۋرلەردە ئاخىرەت يولىنى، قەلبلەرنىڭ ئاپەتلىرىنى، ئەمەللەرنى بۇزىدىغان ئامىللارنى بىلىش، دۇنيانى ھەقىر كۆرۈش، ئاخىرەتنىڭ نازۇنېمەتلىرىگە قاتتىق ئىنتىلىش ۋە اللەتىن قورقۇشنى قەلبكە ھاكىم قىلىش جەھەتتىكى ئىلىمگە قوللىنىلاتتى. اللە تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿فَلَوْلاَ نَفَرَ مِن كُلِّ فِرْقَةٍ مِّنْهُمْ طَآئِفَةٌ لِّيَتَفَقَّهُواْ فِي الدِّينِ وَلِيُنذِرُواْ قَوْمَهُمْ إِذَا رَجَعُواْ إِلَيْهِمْ لَعَلَّهُمْ يَحْذَرُونَ﴾ ﴿ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ھەربىر جامائەدىن يەنە بىر تۈركۈمى دىنىي ئالىم بولۇپ، ئۇلار قەۋمىنىڭ قېشىغا قايتقاندىن كېيىن، قەۋمىنىڭ اللەتىن قورقۇشى ئۈچۈن، ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرۇش مەقسىتىدە نېمىشقا (ئىلىم تەلەپ قىلىشقا) چىقمىدى؟﴾[1] ئىنسانلارنى ئاگاھلاندۇرۇش ۋە اللە تائالادىن قورقۇش ھاسىل قىلىنسا، مانا بۇ فىقھى ھېسابلىنىدۇ. تالاق، قۇل ئازاد قىلىش، ئالدى - بەرگۈلۈك

[1] سۈرە تەۋبە، 122 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئەھكاملىرىغا بەك ئېرىشىش ئارقىلىق اللهتىن قورقۇش ۋە ئىنسانلارنى ئاگاھلاندۇرۇش ھاسىل بولمايدۇ. بەلكى، ئۇنداق مەسىلىلەرگە بەك بېرىلىپ كېتىش ئىنسان قەلبىنى قاساۋەتلەشتۇرۇپ قويىدۇ ۋە ئىنسان قەلبىدىن اللهتىن قورقۇشنى ئېلىپ تاشلايدۇ. بىز ئاشۇنداق مەسىلىلەرگە قاتتىق بېرىلىپ كەتكەنلەرنىڭ ئەھۋاللىرىنى كۆرۈۋاتىمىز. الله تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿لَهُمْ قُلُوبٌ لاَّ يَفْقَهُونَ بِهَا﴾ ﴿ئۇلار دىللىرى بولغىنى بىلەنمۇ ئۇ ئارقىلىق ھەقنى چۈشەنمەيدۇ﴾[1]. الله تائالا بۇ ئايەتتىن ئىماننىڭ مەنىلىرىنى مەقسەت قىلدى. الله بىلەن قەسەمكى، «فىقھى» بىلەن «چۈشىنىش» بىر مەنىنى ئىپادىلەيدىغان ئىككى ئىسىم بولۇپ، بۇرۇنمۇ، ھازىرمۇ ئىستېمال ئادىتىدە بىر مەنىنى بىلدۈرىدۇ. الله تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿لَأَنتُمْ أَشَدُّ رَهْبَةً فِي صُدُورِهِم مِّنَ اللَّهِ ذَلِكَ بِأَنَّهُمْ قَوْمٌ لَّا يَفْقَهُونَ﴾ ﴿شۈبھىسىزكى، سىلەر ئۇلارنىڭ دىللىرىدا اللهقا قارىغاندىمۇ قورقۇنچلۇقسىلەر (يەنى ئۇلار سىلەردىن اللهتىن قورققاندىنمۇ بەك قورقىدۇ). بۇ شۇنىڭ ئۈچۈندۇركى، ئۇلار اللهنىڭ (ئۇلۇغلۇقىنى) چۈشەنمەيدىغان قەۋمدۇر﴾[2]. الله تائالا ئۇلارنىڭ مەخلۇقاتلارنى چوڭ بىلىپ، اللهتىن ئاز قورقىدىغانلىق سەۋەبىنى «فىقھى»نىڭ (يەنى چۈشەنچىنىڭ) ئازلىقىغا باغلىدى. ئەمدى سەن ئۇبدان نەزەر سالغىنكى، مەزكۇر ئەھۋاللار پەتىۋالارنىڭ تارماق مەسىلىلىرىنى ياد ئالمىغانلىقنىڭ نەتىجىسىمۇ ياكى بىز تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن ئىلىملەرنى بىلمىگەنلىكنىڭ نەتىجىسىمۇ؟ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مەن سىلەرگە ئەڭ فەقىھ كىشى ھەققىدە خەۋەر بېرەيمۇ؟» ئۇلار: «شۇنداق قىلغىن» دېيىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «اللهنىڭ بەندىلىرىنى اللهنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلەندۈرمىگەن، ئۇنىڭ مەكرىنى (يەنى تۇيۇقسىز جازالىشىنى) ئەسلىتىپ تۇرغان، ئۇنىڭ مەرھەمىتىدىن نائۈمىد قىلمىغان ۋە پەقەت قۇرئانغىلا يۈزلەندۈرگەن كىشى دىندا ئەڭ ئالىمدۇر» دېدى (ئىبنى ئابدۇلبەر رىۋايەت قىلغان). فىرقەد سەبخى دېگەن كىشى ھەسەن (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن)دىن مۇنداق سورىغان:

- فىقھى ئالىملىرى ساڭا قارشى چىقىدىكەنغۇ؟ - ھەسەن (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن):

- سەن بىرەر ھەقىقىي فىقھىي ئالىمنى كۆرۈپ باقتىڭمۇ؟ ھەقىقەتەن، فىقھى ئالىمى دېگەن دۇنيادا زاھىدلىق يولىنى تۇتقان، ئاخىرەتكە قىزىقىدىغان، ئۆزىنىڭ دىنىنى ئوبدان چۈشىنىدىغان، ھەمىشە تائەت ـ ئىبادەتتە بولىدىغان، تەقۋالىق قىلىدىغان، ئۆزىنى

[1] سۈرە ئەئراف، 179 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە ھەشر، 13 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

مۇسۇلمانلارنىڭ ئار ـ نومۇسلىرىغا تېگىشتىن ساقلايدىغان، پۇل ـ ماللىرىدىن ئۆزىنى تارتىدىغان، جامائەتكە نەسىھەت قىلىپ تۇرىدىغان ئادەم ئەڭ ئالىمدۇر.

غەززالىي (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) مۇنداق دېگەن: «يۇقىرىدىكى بايانلارنىڭ بىرىدە پەتىۋا مەسىلىلىرىنى يادلىغان دېمىدى. مەن فىقھى ئاتالغۇسى زاھىرىي ئەھكاملاردىكى پەتىۋا مەسىلىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ دېمەكچى ئەمەس، لېكىن فىقھى بولسا مەسىلىلەرنى ئومۇمىيلىق ۋە ئاممىبابلىق نۇقتىسىدىن ياكى ئەگەشتۈرۈش ۋاسىتىسى ئارقىلىق ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. چۈنكى، فىقھى ئاتالغۇسى سەلەفلەرنىڭ نەزىرىدە كۆپىنچە ئاخىرەت ئىلمىگە قوللىنىلاتتى».

يۇقىرىدىكى بايانلارنى ئىمام غەززالىي بايان قىلغانىدى. ئۇ بايانلار بىلەن «ئىبادەت فىقھىسى»دىكى نىشانىمىز روشەن بولىدۇ. مەلۇمكى، فىقھى دەسلەپكى دەۋرلەردە قەلبلەرنى يۇمشىتىدىغان، دىللارنى پاكلايدىغان، ئىنسانغا ئاخىرەتنى ئەسلىتىپ تۇرىدىغان، اللەقا بولغان يولنى يورۇتۇپ بېرىدىغان فىقھى ئىدى.

بىلىش كېرەككى، ناماز فىقھىسى بولسا، نامازنىڭ سىرلىرىنى بىلىش، ئۇنىڭ چوڭقۇر يىلتىزلىرىغا ئىچكىرىلەپ كىرىشتىن ئىبارەتتۇر. ناماز ئىلمى بولسا، نامازنىڭ شەرتلىرىنى، ئەركانلىرىنى، ۋاجىبلىرىنى ۋە مۇستەھەبلىرىنى بىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

ناماز فىقھىسى ھاتەم ئەسەممىنىڭ مۇنۇ رىۋايىتىدە روشەن ئىپادىلىنىدۇ: بىرى ئۇنىڭدىن: «سەن نامازنى قانداق ئوقۇيسەن» دەپ سورىغاندا، ئۇ: «مەن تاھارەتنى كامىل ئالىمەن، ئاندىن كېيىن ناماز ئوقۇيدىغان جايغا تەسكىنلىك ۋە سالماقلىق بىلەن كېلىمەن، ئاندىن ئەيمىنىش ئىلكىدە تەكبىر ئېيتىمەن، ئاندىن دانىمۇدانە قىلىپ، تەرتىل بىلەن قىرائەت قىلىمەن، ئاندىن كامالىي خۇشۇئ بىلەن رۇكۇ قىلىمەن، ئاندىن يېلىنىش بىلەن سەجدە قىلىمەن ۋە جەننەتنى ئوڭ يېنىمغا، دوزاخنى سول يېنىمغا، پۇلسىراتنى پۇتۇم ئاستىغا، كەبىنى پېشانەمگە، ئۆلۈم پەرىشتىسىنى بېشىمغا كەلتۈرىمەن. گۇناھلىرىم مېنى ئورىۋالغان، الله تائالا مېنى كۆزىتىۋاتقان ھالەتلەرنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرىمەن. مەن ئۇ نامازنى ئاخىرقى ناماز دەپ قارايمەن، مەن كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە ئىخلاس قىلىمەن. ئاندىن كېيىن سالام بېرىمەن. الله ئۇ نامازنى قوبۇل قىلامدۇ ياكى قىلمامدۇ بىلمەيمەن» دەپ جاۋاب بەرگەنىكەن.

بىز مۇشۇنداق ھالەتكە يېتىش ئۈچۈن ئىبادەتنى مۇسۇلمانلارغا خۇددى گېئومېترىيەنىڭ نەزەرىيەلىرىدەك ياكى خىمىيىنىڭ فورمۇلالىرىدەك قۇرۇق، ھەرقانداق بىر روھىيەتتىن خالىي ھالەتتە سۇنماسلىقىمىز كېرەك. بەلكى، بىز ئىبادەتنى مۇسۇلمانلارغا ئىنتايىن سۆزۈكلۈك بىلەن، الله تائالا ۋە الله تائالانىڭ پەيغەمبىرىنىڭ كەلىمىلىرى ۋە سالىھ مۆئمىنلەرنىڭ تەرجىمىھاللىرىنى ئۆرنەك

قىلىش ئارقىلىق تەقدىم قىلىشىمىز كېرەك. ئىبادەتنى كۆپچىمىزنىڭ يېتىشىچە ئۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ھېكمەت - سىرلارنى بىلەن چۈشەندۈرۈشىمىز، ھېكمەت - سىرلىرىنى تاپىمەن دەپ ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىمەسلىكىمىز، ئىبادەتنىڭ بىرىنچى مەقسىتى بەندىلەر ئۈستىدىكى رۇبۇبىيەت ھەققىنى ئەسلىتىش ئىكەنلىكىنى ئېسىمىزدىن چىقارماسلىقىمىز لازىم.

شۇڭلاشقا، ئىبادەتنى بولۇپمۇ مەسىلىلەرنى بەك شاخلىتىۋېتىپ، «قۇرئان كەرىم»گە ۋە ھەدىسكە ئەھمىيەت بەرمەيدىغان مەزھەب كىتابلىرىدىن ئالغاندىن كۆرە، ھەدىستىن ئالسا، بۇ غايىنى تېخىمۇ ياخشى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ دەپ قارايمىز. چۈنكى، بۇنداق قۇرۇق نەرسە قەلبنى نەملەشتۈرمەيدۇ، ياكى روھىي ئوزۇق بەرمەيدۇ، ياكى ﷲتىن قورقۇش ھېۋىسىنى ئاتا قىلمايدۇ.

## 2. ئاددىي - ساددىلىق دەۋرىگە قايتىش

بىز ئىككىنچى قەدەمدە ئىبادەتنى ئۆگىتىش ئۈچۈن ئاددىي - ساددىلىق دەۋرىگە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ساھابىلەرنىڭ زامانىغا قايتىشىمىز، فىقھى كىتابلار تولۇپ كەتكەن، ئەركانلار، شەرتلەر، پەرزلەر، ۋاجىبلار، سۈننەتلەر، مۇستەھەبلەر، مەكرۇھلار، بۇزغۇچى ئامىللار، شاخچە مەسىلىلەردىن تۇغۇلىدىغان شاخچە مەسىلىلەر ھەققىدە يېزىلغان تەپسىلاتلارنىڭ بىر قىسمىنى قىسقارتىشىمىز كېرەك. دېمىسىمۇ، تاھارەت نامازنىڭ مۇقەددىمىسى تۇرۇپ، ئۇ ھەقتىكى بايانلار يۈزلەرچە بەتكە يېتىدۇ.

ئىنسان ئەڭ ھەيران قالىدىغان ئىش بولسا، بىزنىڭ خاتىبلىرىمىز ۋە دىنىي يېتەكچىلىرىمىز مۇسۇلمانلارغا ئىبادەتنى ﷲ ۋە ﷲنىڭ پەيغەمبىرى ھېچقانداق يوسۇندا پەرز قىلمىغان، ئىنساندىن پۈتۈن ۋاقىت ئاجرىتىشنى تەلەپ قىلىدىغان شەكىلدە ئۆگىتىشنى خالايدۇ.

كەسپلەشكەن ئالىم ئۈچۈن ئىبادەتنى مۇشۇ يوسۇندا ئۆگىنىش توغرا بولسىمۇ، ئەمما ئۇنى مۇسۇلمانلار ئاممىسىغا ئاشۇنداق شەكىلدە ئۆگىتىش خاتادۇر.

ﷲ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿لَقَدْ كَانَ لَكُمْ فِي رَسُولِ اللَّهِ أُسْوَةٌ حَسَنَةٌ لِّمَن كَانَ يَرْجُو اللَّهَ وَالْيَوْمَ الْآخِرَ وَذَكَرَ اللَّهَ كَثِيراً﴾ «سىلەرگە - ﷲنى، ئاخىرەت كۈنىنى ئۈمىد قىلغان ۋە ﷲنى كۆپ ياد

ئەتكەنلەرگە - رەسۇلۇللاھ ئەلۋەتتە ياخشى ئۈلگىدۇر﴾[1]. ئۇنداقتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دىنىنىڭ ئەھكاملىرىنى ۋە ئىبادەتلىرىنى ئۆگىتىشتە زادى قانداق قىلاتتى؟

سەھرادىن بىراۋ، اللہ ئۇنىڭ قەلبىنى ئىسلامغا ئېچىۋەتكەندىن كېيىن، ئىمان ئېيتىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا دىن ئۆگىنىش ئۈچۈن كەلگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بىر قانچە سوئال سورايتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا ئىنتايىن ئاددىي ۋە ئېنىق جاۋاب بېرەتتى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىر قانچە نامازغا ھازىر بولاتتى - دە، شۇنىڭ بىلەن نامازنىڭ شەكلىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ ئۆگىنەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا نامازنى «نامازنى خۇددى مېنىڭ ئوقۇغۇنۇمنى كۆرگەندەك ئوقۇڭلار» دەپ ئۆگىتەتتى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىر قانچە سورۇندا بىللە بولۇپ، بىلىشكە تېگىشلىك ئەھكاملارنى، تەلەپكە لايىق قىلسا، جەننەتكە ئاپىرىدىغان ئەمەللەرنى بىلىپ بولۇپ، ئاندىن ئۆزىنىڭ يۇرتىغا قايتاتتى.

يۇقىرىدىكى ئەھۋال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ساھابىلەرنىڭ دەۋرىدىكى ئىبادەت ئۆگىتىش ئۇسۇلى ئىدى. ئۇلار دەلىللەرنى تەھلىل قىلىپ، سۆزلۈكلەرنى شەرھىلەپ ياكى ئايەت - ھەدىسلەرنىڭ ھەرخىل تەپسىرلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىپ ئولتۇرمايتتى. مۇبادا اللہ تائالا: ﴿فاغْسِلُواْ وُجُوهَكُمْ﴾ ﴿يۈزۈڭلارنى يۇيۇڭلار﴾[2] دېسە، ئۇلار يۈزنى يۇيۇش بىلەن مەسھى قىلىشنىڭ پەرقىنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن ياكى يۈزنى يۇيۇشنىڭ ئۇزۇنلۇق دائىرىسى چاچتىن تارتىپ زاڭاقنىڭ ئاستىغىچە، كەڭلىكى ئىككى قۇلاقنىڭ يۇمشىقىغىچە دەپ مەخسۇس بىر سائەتلىك دەرس ئورۇنلاشتۇرمايتتى. ئۇلار بۇنداق ئىشنى قەتئىي قىلمايتتى. چۈنكى، ئۇلار يۇيۇش ۋە يۈزنىڭ نېمىلىكىنى ئوبدان بىلەتتى. مۇشۇ رەۋىشتە چۈشەندۈرۈشكە ئۇرۇنۇش مۇرەككەپلەشتۈرۈشنىڭ دەسلەپكى قەدىمىدۇر.

ئىسلام «اللہ ئەكبەر» دېگەن كەلىمىنى ئەزاننىڭ، تەكبىرنىڭ، نامازنىڭ باشلىنىشى قىلدى. بۇ كەلىمىنىڭ مەنىسىنى بىلمەيدىغان مۇسۇلمان بارمىدۇ؟ بىراق، فىقھى كىتابلىرىدا ناماز باشلاشتىكى تەكبىر توغرۇلۇق بىر قانچىلىغان شەرتلەر بايان قىلىنغاچقا، ئىنسانغا ئۇ كەلىمىنى دېيىش قىيىنىدەك تۇيغۇ بېرىدۇ (ھالبۇكى، ئۇ كەلىمە ھەربىر مۇسۇلماننىڭ تىلىدا دېيىلىدۇ). اللہ بىلەن قەسەمكى، قىيىنلىق شۇ كەلىمىدە ياكى ئۇنى دەيدىغانلارنىڭ تىللىرىدا ئەمەس، بەلكى ئۇنى ئۆگىتىدىغانلارنىڭ ۋۇجۇدىنى چىرمىۋالغان مەسىلىدە. ئۇلار ئۇ كەلىمىنى كىشىلەرگە مەخسۇس ئىلىم

---

[1] سۈرە ئەھزاب، 21 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] سۈرە مائىدە، 6 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئۆگىنىشكە ئاتلانغان تالىپ ئىلىملەرگە تۈزۈلگەن كىتابلاردىن ئۆگىنىدۇ، ئامما ئۆگىنىشكە ئاتلانغان تالىپ ئىلىملەرگە تۈزۈلگەن كىتابلاردىن ئۆگەتمەيدۇ. ئۇلار ئۆگىنىدىغان كىتابلارنىڭ بەزىلىرى قىيىن ۋە مۇرەككەپ مەسىلىلەردىن، شۇنداقلا اللە تائالا رۇخسەت قىلمىغان بىدئەتلەردىن خالىي ئەمەس.

مەن يېزىلاردا بەزى مۇسۇلمانلارنى ناماز ئوقۇشقا دەۋەت قىلاتتىم. ئۇلار ناماز ئوقۇشنى، نامازنىڭ شەرتلىرىنى ياكى ۋاجىبلىرىنى بىلمەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئۆزرە ئېيتاتتى. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ناماز ئوقۇشنى ئۆگىنىشكە ئۇزۇن ۋاقىت كېتىدىغاندەك بىلىنەتتى. ئەمەلىيەتتىمۇ ئۇلارنىڭ ئۆزرىلىرىنى قوبۇل قىلغىلى بولىدۇ. چۈنكى، ئۇلارغا تاھارەت ئېلىشنى ئۆگىتىدىغانلار تاھارەتنى بىر قانچە كۈندە ئۆگىتىپ بولىدۇ. مەسىلەن، ئۇلار يېڭى ئۆگەنگۈچىگە تاھارەت ئېلىشتىن بۇرۇن: «سۇنى پاك قىلىپ بەرگەن، ئىسلامنى نۇر قىلىپ بەرگەن اللەقا ھەمدۇسانا ئېيتىمەن» دېيىشنى، بۇرۇنغا سۇ ئالغاندا: «ئى اللە، سەن مەندىن رازى بولغىن، ماڭا جەننەتنىڭ ھىدىنى ھىدلاندۇرغىن» ... دېگەندەك دۇئالارنى ئوقۇشقا بۇيرۇيدۇ. يەنى، ھەربىر ئەزانى يۇغاندا ياكى مەسھى قىلغاندا ئوقۇلىدىغان دۇئالارنى يادقا ئالدۇرىدۇ. ئەمما، ئۇ بىچارىگە مەزكۇر دۇئالارنى يادلاش قىيىن كېلىدۇ (بىلىش كېرەككى، تاھارەت ئېلىش جەريانىدا ئوقۇلىدىغان دۇئالار «قۇرئان كەرىم» ياكى ھەدىستە كەلمىگەن). شۇنداقلا، تاھارەت ئۇ دۇئالارسىز ئادا تاپمايدۇ دەپ قارىغانلىقتىن، تاھارەت ئېلىش ئۇنىڭغا ئېغىر كېلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن نامازنىڭ جەۋرى ـ جاپالىرىدىن ئۆزىنى قاچۇرىدۇ. بۇ خىل ئەھۋاللار پەقەت مەسىلىلەرنى مۇرەككەپلەشتۈرۈش، دىندا بىدئەت پەيدا قىلىشتىن كېلىپ چىققانلىقى مۇقەررەر، ئەلۋەتتە.

مەسىلەن، بىز نامازنى ئۆگىتىشتە شافىئىي مەزھىبىنىڭ «ئىقنائ» ناملىق كىتابىنى مىسال قىلساق، ئۇنى ئىنسانلارغا قانداق ئۆگىتىمىز؟ بەزى مەسجىدنىڭ ئىماملىرى ئۆزلىرىنىڭ ئۇسلۇبلىرى بويىچە ئاشۇ كىتابنى ئۆگىتىدۇ. كىشىلەرنىڭ ئەقلى ۋە ۋاقىتلىرى نامازنىڭ 18 ئەركانى بار دېگەن گەپكە قانداق يېتىدۇ؟ نىيەت ۋە ئۇنى قانداق قىلىش توغرۇلۇق مەزكۇر كىتابنىڭ ئۆزىدە بىر قانچە بەت بايان تۇرسا، شۇنداقلا، تەكبىر توغرۇلۇق 15 شەرت بايان قىلىنىپ، مۇبادا ئۇنىڭ بىرى توغرا بولماي قالسا، ناماز دۇرۇس بولمايدۇ دېگەن بايانلار تۇرسا، بىز بۇلارنى ئادەتتىكى كىشىلەرگە قانداقمۇ ئۆگىتىمىز؟

كۆپىنچە فىقھى كىتابلىرى مۇشۇ ئۇسلۇبتا يېزىلغان، قالغان بىر قىسىملىرىنى كىشىلەرنىڭ ئۆزلىرى تاشلىۋەتكەن. دەرۋەقە، ئەھۋال مۇشۇنداق تۇرسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇرەككەپلەشتۈرۈلمىگەن ياكى ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىلمىگەن قولاي، ئاددىي تەلىماتلىرىنى قوبۇل قىلىش تېخىمۇ لايىق ئەمەسمۇ؟

بىرگە ناماز ۋە ئۇنىڭ ماھىيىتى توغرىسىدا ئىمام ئەھمەد، بۇخارى ۋە مۇسلىم (اللە ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن) ئەبۇ ھۇرەيرە (اللە ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن)دىن رىۋايەت قىلغان مۇنۇ ھەدىسنى بىلىش يېتەرلىكتۇر: بىر ئادەم مەسجىدكە كىرىپ ناماز ئوقۇدى، ئاندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ ئۇنىڭغا سالام بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا سالام قايتۇردى ۋە: «بېرىپ نامازنى قايتا ئوقۇغىن» دېدى. ئۇ كىشى بېرىپ نامازنى قايتا ئوقۇدى. بۇ ئەھۋال ئۈچ قېتىم تەكرارلاندى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كىشى: «سېنى ھەق بىلەن ئەۋەتكەن زاتنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن بۇنىڭدىن ياخشى قىلالمايمەن، ماڭا ئۆگەتكىن» دېدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سەن نامازغا تۇرساڭ تەكبىر ئېيتقىن، ئاندىن قۇرئاندىن ساڭا قولاي بولغان ئايەتنى ئوقۇغىن، ئاندىن تەمكىنلىك بىلەن رۇكۇ قىلغىن، رۇكۇدىن باش كۆتۈرگەندە تۈز تۇرغىن، ئاندىن تەمكىنلىك بىلەن سەجدە قىلغىن، سەجدىدىن باش كۆتۈرگەندە تۈز ئولتۇرغىن، ئاندىن يەنە تەمكىن ھالەتتە سەجدە قىلغىن. مۇشۇ ئىشلارنى ھەممە نامازدا قىلغىن» دېدى. بۇ ھەدىس نامازنى ياخشى ئوقۇيالمىغان كىشىنىڭ ھەدىسى دەپ تونۇلغاندى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ساھابىلەر ئەڭ ئاددىي ـ ساددىلىقتا ۋە قولايلىقتا مايىل ئىنسانلار ئىدى. ئۇلار ئۆزلىرىگە تەكەللۇپ قىلىشتىن، بىرەر ئىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇۋېتىشتىن ۋە ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىشتىن يىراق تۇراتتى. اللە تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىپ، مۇنداق دېيىشكە بۇيرۇغان: ﴿قُلْ مَا أَسْأَلُكُمْ عَلَيْهِ مِنْ أَجْرٍ وَمَا أَنَا مِنَ الْمُتَكَلِّفِينَ﴾ «ئېيتقىنكى، «(اللە تەرىپىدىن كەلگەن ۋەھيىنى) تەبلىغ قىلغانلىقىمغا سىلەردىن ھېچ ھەق تەلەپ قىلمايمەن. مەن (قۇرئاننى) ئۆزۈمدىن ئويدۇرۇپ چىققۇچىلاردىن ئەمەسمەن» دەپ؟» ...

ئەنەس ئىبنى مالىك (اللە ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) مۇنداق دېگەن: بىز ئۆمەرنىڭ يېنىدا ئىدۇق، ئۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنى ئۆزىمىزگە تەكەللۇپ قىلىشتىن توستى».

ئۆمەر اللە تائالانىڭ: «وفاكهة وأبا» دېگەن ئايىتىدىكى: «أَبَّ» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى بىلەلمىدى. ئۇ بۇ سۆزنىڭ ئىنچىكە مەنىسىنى سوراپ بىلىشنى ئىرادە قىلدى. ئاندىن بۇمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چەكلىگەن تەكەللۇپتىن بولۇپ قالمىسۇن، ئۆمەر ئۇنىڭ مەنىسىنى بىلمىسە نېمە بوپتۇ؟ دەپ سوراشتىن ۋاز كەچتى.

ئىبنى مەسئۇد (اللە ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) مۇنداق دېگەن: «سىلەر سۈننەت يولىنى تۇتماقچى بولساڭلار، ئۆلۈپ كەتكەنلەرنىڭ يولىنى تۇتۇڭلار، چۈنكى ئىنسان ھاياتلارنىڭ

---

[1] سۈرە ساد، 86 ـ ئايەت.

پىتنىسىدىن ئامان بولالمايدۇ. مانا ئۇلار بولسا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىدۇر. ئۇلار مۇشۇ ئۇممەتنىڭ ئەڭ ئەۋزەل كىشىلىرى ئىدى. ئۇلارنىڭ قەلبلىرى ياخشىلىق بىلەن تولۇپ كەتكەن، ئىلىمدە كامالەتكە يەتكەن، ئەڭ ئاز تەكەللۇپ قىلىدىغانلار ئىدى. اللّٰه تائالا ئۇلارنى پەيغەمبىرىنىڭ ھەمراھلىقىغا، دىنىنى بەرپا قىلىشقا تاللىدى. شۇڭلاشقا، سىلەر ئۇلارنىڭ پەزىلىتىنى بىلىڭلار، ئۇلارنىڭ يولىغا ئەگىشىڭلار، ئۇلار توغرا يول ئۈستىدە ئىدى».

ئىمام شاتىبى شەرىئەت ۋە دىن ئەھكاملىرىنى كىشىلەرگە مۇناسىپ كېلىدىغان رەۋىشتە ئۆگىتىش كېرەكلىكىنى ئالاھىدە ئەسكەرتىپ ئۆتتى. مەسىلەن، بىرسى پەرىشتە دېگەن نېمە؟ دەپ سورىسا، ئۇ اللّٰهنىڭ بۇيرىقىنى ئىجرا قىلىدىغان مەخلۇق دېيىش، يۇلتۇز دېگەن نېمە؟ دەپ سورىسا، ئۇ بىز كېچىدە كۆرىدىغان نەرسە دەپ جاۋاب بېرىش لازىم. شەرىئەت ئەھكاملىرى مۇشۇ رەۋىشتە بايان قىلىنىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «تەكەببۇرلۇق دېگەن ھەقنى قوبۇل قىلماسلىق ۋە ئىنسانلارنى مەنسىتمەسلىك». سەن بۇ ھەدىسنى زاھىرى مەنە بويىچە شەرھىلىگىن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەج ئىبادىتىنى ئۆزىنىڭ ھەرىكىتى ۋە سۆزى ئارقىلىق بايان قىلغانىدى. شۇنداقلا، ھەممە ئىبادەتلەرنى شۇ بويىچە بايان قىلدى. بۇ، ئەرەبلەرنىڭ ئادىتى، شەرىئەت بولسا ئەرەبچىدۇر. چۈنكى، ئەرەب مىللىتى ساۋاتسىز بىر مىللەت بولغانلىقتىن ئۇنىڭغا ئاددىيلىقتىن باشقا بىر ئىش مۇناسىپ كەلمەيدۇ.

ئىسلام شەرىئىتى ئىنسانلارغا مۇناسىپ كەلمەيدىغان مۇرەككەپلىكنى ئېتىبارغا ئالمايدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ يوللىرىغا يېتىش ئىنتايىن قىيىندۇر. اللّٰه تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿وَمَا جَعَلَ عَلَيْكُمْ فِي الدِّينِ مِنْ حَرَجٍ﴾ ﴿سىلەرگە دىندا ھېچقانداق مۇشكۇللۇكنى قىلمىدى﴾[1]. خۇددى پەرىشتە دېگەن نېمە؟ دېگەن سوئالغا «ئەسلىدە ماددىدىن خالىي بولغان بىر ماھىيەت» دەپ جاۋاب بەرگەندەك، ياكى يۇلتۇز دېگەن نېمە؟ دېگەن سوئالغا «ئۇ توپىسىمان جىسىم بولۇپ، ئۇنىڭ ئورنى ئاسماندۇر» دېگەندەك جاۋابلارنى ئەرەبلەر بىلمەيدۇ. مەلۇمكى، ئىسلاممۇ بۇنداق مۇرەككەپلەكنى مەقسەت قىلمىغانىدى.

بۇ نۇقتىغا ئاساسەن دەلىللەرنىمۇ كىشىلەرگە مۇناسىپ كېلىدىغان رەۋىشتە كەلتۈرۈش كېرەك. اللّٰه تائالا «قۇرئان كەرىم»دە بۇ نۇقتىلارغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. اللّٰه تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿أَفَمَن يَخْلُقُ كَمَن لاَّ يَخْلُقُ﴾ ﴿(پۈتۈن كائىناتنى) ياراتقان اللّٰه بىلەن (ھېچ نەرسىنى) يارىتالمايدىغان (بۇتلار) ئوخشاش بولامدۇ؟﴾[2]؛ ﴿قُلْ يُحْيِيهَا الَّذِي أَنْشَأَهَا أَوَّلَ

---

[1] سۈرە ھەج، 78 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] سۈرە نەھل، 17 ـ ئايەت.

مَرَّةٍ﴾ ﴿ئېيتقىنكى، ئۇنى ئەڭ دەسلەپتە ياراتقان زات تىرىلدۈرىدۇ، ئۇ ھەربىر مەخلۇقنى بىلگۈچىدۇر﴾[1]. بۇ ھەققتە يەنە نۇرغۇن ئايەتلەر بار.

شاتىبى (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) مۇنداق دېگەن: «سەلەفلەر شەرىئەت ئەھكاملىرىنى تارقىتىشتا ھەممىگە مۇشۇ رەۋىشتە ئېلىپ بارغانىدى. ئۇلارنىڭ تەكلىپي ئەھكاملارغا دەلىل كەلتۈرۈشتە ئىنتايىن قولاي، ئىنتايىن ئاددىي يوللارنى تاللىغانلىقىنى بىلىمىز. ئۇلار بۇ جەھەتتە ھېچقانداق تەكەللۇپ قىلمايتتى».

قولايلاشتۇرۇش شەرىئەتنىڭ ھەممە ئەھكاملىرىدا تېپىلغانىكەن، ئۇنداقتا ئىبادەتلەردە تېخىمۇ شۇنداق بولۇشى زۆرۈردۇر.

ئىبادەتنى ئۆگىتىشتە مۇرەككەپلەشتۈرۈش قانچىلىك بولسا، كىشىلەرنىڭ ئىبادەتتىن قېچىشى شۇنچىلىك زىيادە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئىسلامنىڭ باشقا شەرىئەت ۋە ئەدەب ـ قائىدىلىرىنى ئۆگىتىشتىمۇ زىيىنى بار. بۇ: «ھەرقانداق ئىسراپچىلىق بىلەن بىرگە زايا بولۇۋاتقان بىر ھەق تېپىلىدۇ» دېگەن پرىنسىپقا ئاساسەن شۇنداق بولىدۇ.

مېنىڭ ئالدىمدىن ئۆتكەن ۋە مۇشۇ نۇقتىنى يورۇتۇپ بېرىدىغان بىر ۋەقەنى سۆزلەپ ئۆتىمەن: مەن رامىزان ئېيىنىڭ 17 ـ كۈنى بەدر غازىتىنىڭ ھارپا كېچىسى مەلۇم بىر يېزىغا خۇتبە سۆزلىگىلى باردىم. كىشىلەر قىلغان سۆزلىرىمنى ياخشى قوبۇل قىلدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ دىنى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تارىخى توغرىسىدا بىلمىگەن مەسىلىلەرنى بىلدى. بىراق بىرلا ئادەمگە مېنىڭ قىلغان سۆزلىرىم ياقمىدى. ئۇ مۇشۇ يېزىدا كىشىلەرگە دىن ئۆگىتىدىغان ۋە مەن خۇتبە سۆزلىگەن مەسجىدنىڭ ئىمامى ئىدى. ئۇ دىنىنىڭ بۇ تۈرلىرىنى بىلمەيتتى. ئۇ مەن ئۆز قۇلىقىم بىلەن ئاڭلىغان، ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن باشقا ئىماملارغا ئوخشاش، رامىزان ئىچىدە بىر ئاي ئىستىنجا قىلىشنىڭ ئەدەب ـ قائىدىلىرى، تاھارەتنىڭ پەرز، سۈننەت، مۇستەھەبلىرى، تاھارەت ئېلىشقا بولىدىغان ۋە بولمايدىغان سۇ توغرىسىدا سۆزلەپ ئولتۇرىدىغانلاردىن ئىدى. ھالبۇكى، ئۇ بىچارە رامىزان ئاخىرلىشاي دېگەندىمۇ تېخىچە ھاجەتخانىدىن چىقالماي قالغان.

ئۇ: «ياخشى سۆز قىلدىلا، لېكىن مۇشۇنداق مۇناسىۋەتتە كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ دىنىدىن پايدىلىق بىر نەرسىنى ئۆگەنگەن بولسا، تېخىمۇ ياخشى بولماسمىدى» دېدى.

مەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تارىخى ۋە غازاتلىرى ئۇلارنىڭ دىنى ئىشلىرىدىن ئەمەسمۇ؟ سەئد ئىبنى ۋەققاس: ‹بىز بالىلىرىمىزغا پەيغەمبەر

[1] سۈرە ياسىن، 79 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئەلەيھىسسالامنىڭ غازاتلىرىنى خۇددى قۇرئان ئۆگەتكەندەك ئۆگىتەتتۇق› دېگەن تۇرسا» دېدىم.

ئۇ: «ناماز ئۇلارسىز دۇرۇس بولمايدىغان تاھارەتنى قانداق ئېلىش ۋە غۇسلىنى قانداق قىلىش ئەھكاملىرىنى ئۆگەنگەن بولسا دېمەكچىمەن» دېدى.

مەن: «تەفسىر، ئۆزلىرى قۇرئان يادلىغان، اللە تائالا ‹قۇرئان كەرىم›دە تاھارەت ۋە غۇسلى ئەھكاملىرىنى قانچە ئايەتتە بايان قىلغانلىقىنى ماڭا دەپ بېرەلەملا؟» دېدىم. ئۇ شۈك تۇردى. مەن: «ئۇ پەقەت بىر ئايەت» دېدىم. اللە تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ إِذَا قُمْتُمْ إِلَى الصَّلاةِ فاغْسِلُواْ وُجُوهَكُمْ وَأَيْدِيَكُمْ إِلَى الْمَرَافِقِ وَامْسَحُواْ بِرُؤُوسِكُمْ وَأَرْجُلَكُمْ إِلَى الْكَعْبَينِ وَإِن كُنتُمْ جُنُبًا فَاطَّهَّرُواْ وَإِن كُنتُم مَّرْضَى أَوْ عَلَى سَفَرٍ أَوْ جَاء أَحَدٌ مَّنكُم مِّنَ الْغَائِطِ أَوْ لاَمَسْتُمُ النِّسَاء فَلَمْ تَجِدُواْ مَاء فَتَيَمَّمُواْ صَعِيدًا طَيِّبًا فَامْسَحُواْ بِوُجُوهِكُمْ وَأَيْدِيكُم مِّنْهُ مَا يُرِيدُ اللّهُ لِيَجْعَلَ عَلَيْكُم مِّنْ حَرَجٍ وَلَكِن يُرِيدُ لِيُطَهَّرَكُمْ وَلِيُتِمَّ نِعْمَتَهُ عَلَيْكُمْ لَعَلَّكُمْ تَشْكُرُونَ﴾ ﴿ئى مۇئمىنلەر! (سىلەر تاھارەتسىز بولۇپ) ناماز (ئوقۇماقچى بولۇپ) تۇرغىنىڭلاردا، يۈزۈڭلارنى يۇيۇڭلار، قولۇڭلارنى جەينىكىڭلار بىلەن قوشۇپ يۇيۇڭلار، بېشىڭلارغا مەسھى قىلىڭلار، پۇتۇڭلارنى ئوشۇقۇڭلار بىلەن قوشۇپ يۇيۇڭلار، ئەگەر جۇنۇب بولساڭلار پاكلىنىڭلار (يەنى غوسلى قىلىڭلار)، ئەگەر كېسەل بولساڭلار (سۇ زىيان قىلىدىغان بولسا)، ياكى سەپەر ئۈستىدە بولۇپ (سۇ تاپالمىساڭلار)، ياكى سىلەرنىڭ بىرىڭلار ھاجەتخانىدىن كەلگەن (يەنى تاھارەت سۇندۇرغان) بولساڭلار، ياكى ئاياللىرىڭلار بىلەن يېقىنچىلىق قىلغاندىن كېيىن (غۇسلى تاھارەت ئۈچۈن) سۇ تاپالمىساڭلار، پاك تۇپراقتا تەيەممۇم قىلىڭلار. ئۇنىڭ بىلەن يۈزۈڭلارغا، قولۇڭلارغا مەسھى قىلىڭلار، اللە سىلەرگە مۇشەققەتنى خالىمايدۇ، لېكىن اللە شۈكۈر قىلىشىڭلار ئۈچۈن سىلەرنى پاك قىلىشنى، (ئىسلام شەرىئىتىنى بايان قىلىش بىلەن) نېمىتىنى سىلەرگە تاماملاشنى خالايدۇ﴾[1].

سۈرە نىسادىمۇ مەزكۇر تېمىنى قىسقىچە ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر ئايەت بار. ئەمما، ئۇ ئايەتتە مەزكۇر تېما يۇقىرىدىكى ئايەتتىكىدەك تەپسىلىي بايان قىلىنمىغان. دېمەك، تاھارەت توغرىسىدىكى ئايەتلەر پەقەت مۇشۇلار ئىدى.

ئاندىن كېيىن مەن يەنە: «اللە تائالا اللە يولىدا جىھاد قىلىش توغرۇلۇق قانچە ئايەتنى بايان قىلدى» دەپ سورىدىم. ئۇ شۈك تۇردى.

مەن: «قۇرئان كەرىمدە ئىسىملىرىنىڭ ئۆزى جىھاد تېمىسىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان بىر قانچە سۈرە بار. ئۇلار ئەنفال (يەنى ئۇرۇشنىڭ غەنىمەتلىرى)، تەۋبە (يەنى جىھادقا قاتناشمىغانلارنىڭ تەۋبىسى)، ئەھزاب، فەتىھ سەف، ھەشر (يەنى يەھۇدىيلارنى

---

[1] سۈرە مائىدە، 6 ـ ئايەت.

مەدىنىدىن قوغلاپ چىقىرىش)، ھەدىد، ئادىيات (يەنى ﷲ يولىدا چاپىدىغان ئاتلار)، نەسر قاتارلىق سۈرىلەردۇر.

يەنە ئۇلاردىن باشقا بەقەرە، ئال ئىمران، نىسا سۈرىلىرىدىمۇ جىھاد توغرىلىق بىر قانچىلىغان ئايەتلەر تىلغا ئېلىنغان.

بىز قانداقسىگە «قۇرئان كەرىم»دە ئىنتايىن قاتتىق ئەھمىيەت بېرىلگەن ئايەتلەرنى تاشلاپ قويۇپ، خۇددى كالا قوش ئەتراپىدا ئايلانغاندەك، بىر ئايەت ئەتراپىدىلا بىر ئاي ئايلىنىپ يۈرىمىز؟

دەرھەقىقەت، بىز بىر نەرسىگە ئەھمىيەت بېرىشتە «قۇرئان كەرىم»نى مىزان قىلىشىمىز، «قۇرئان كەرىم»دە نېمىگە بەك ئەھمىيەت بېرىلگەن بولسا، شۇلارغا ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتمەي، ياكى سەل قارىماي ئۆز لايىقىدا ئەھمىيەت بېرىشىمىز كېرەك. مانا بۇ ئەڭ ئادىل مىزاندۇر، ﷲتىن باشقا كىممۇ ئەڭ ياخشى ھۆكۈم چىقىرىدۇ؟

## 3. ئاسانلاشتۇرۇش، چېگىتىۋالماسلىق ۋە ۋەسۋەسە قىلماسلىق

بىز كىشىلەرگە ئىبادەت ئۆگىتىشتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىگە خىتاب قىلغان نۇرلۇق پەيغەمبەر سۆزىنى ئېسىمىزدىن چىقارماسلىقىمىز لازىم. سەھرالىق ئەرەبتىن بىرسى بىلمەستىن مەسجىدكە سىيگەندە، ساھابىلەر ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. بۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «ئۇنىڭ سۈيدۈكىنى ئۇرۇۋەتمەڭلار، ھەقىقەتەن سىلەر ئاسانلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئەۋەتىلدىڭلار، قىيىنلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئەۋەتىلمىدىڭلار».

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇ مۇسا بىلەن مۇئازنى يەمەنگە ئەۋەتكەندە، ئۇ ئىككىسىگە مۇشۇنداق ئۇلۇغ تەۋسىيە قىلغانىدى: «ئاسانلاشتۇرۇڭلار، قىيىنلاشتۇرماڭلار. كىشىلەرگە خۇش بېشارەت بېرىڭلار، ئۈركۈتۈۋەتمەڭلار، بويسۇندۇرۇڭلار، ئىختىلاپ قىلماڭلار».

ئاسانلاشتۇرۇش بىز تىلغا ئالغان ئاددىيلىقنىڭ ئۈستىدە تۇرىدۇ، ئاددىيلاشتۇرۇش ئۆگىتىشتە بولىدۇ، ئاسانلاشتۇرۇش ئەمەل قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

دەرۋەقە، بىز ئىنسانلار ھاياتىي دۇنيا بىلەن مەشغۇل بولۇپ كەتكەن، ئۇلارنى ماددىي ئىنتىلىش چىرمىۋالغان بىر دەۋردە ياشاۋاتىمىز. مەلۇمكى، شەيتاننىڭ ئىنسانلار ئارىسىدا ئېقىۋاتقان بازىرى، بازار تاپقان مەھسۇلاتلىرى ۋە تەربىيىلەنگەن خادىملىرى باردۇر.

دىن ئۆگىتىدىغان زاتلار شەيتانغا قارشى جىهاد قىلىشتا ئىلىم قوراللىرىنى ئوبدان ئىشقا سېلىپ، ئۇنىڭغا ئەگىشىدىغانلارنى ئۇنىڭ تەشۋىقاتلىرىدىن نەپرەتلەندۈرۈشى، ئىسلامغا رىغبەتلەندۈرۈشكە ۋە جەلىپ قىلىشقا تىرىشىشلىرى كېرەك. بۇ، ھەددىدىن ئاشۇرۇش، قىيىنلىق پەيدا قىلىش، قاتتىقلىق قىلىش، قىيىنلاشتۇرۇش ۋە ئۇركىتىۋېتىش بىلەن ھەرگىزمۇ ھاسىل بولمايدۇ. بىز ھازىرقى زامان كىشىلىرىگە ئاسانلاشتۇرۇلغان يېڭىچە بىر دىننى تەقدىم قىلماقچى ئەمەسمىز. بىلىش كېرەككى، اللەنىڭ دىنىنىڭ ئۆزى ئاساندۇر، قىيىن ئەمەستۇر. الله تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿وَمَا جَعَلَ عَلَيْكُمْ فِي الدِّينِ مِنْ حَرَجٍ﴾ ﴿سىلەرگە دىندا ھېچقانداق بىر مۇشكۇللۇكنى قىلمىدى﴾[1]. بۇ ئايەت دىندىكى ھەرقانداق بىر مۇشكۇللۇكلەرنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىنكار قىلىدۇ. بىز دىندا ھەرقانداق بىر مۇشكۇللۇككە يولۇقساق، ئۇنىڭ اللەنىڭ شەرىئىتىدىن ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئىنسانلار تەرىپىدىن پەيدا بولغانلىقىنى بىلىشىمىز كېرەك.

بەزىبىر كۆڭلى ياخشى دىندار مۇسۇلمانلار «ۋەسۋەسە»دىن ئىبارەت روھىي كېسەللىككە دۇچار بولماقتا. ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە الله ياكى اللەنىڭ پەيغەمبىرى يولغا قويمىغان ياكى مۇسۇلمان ئۇممىتىنىڭ سالىھلىرى بولغان سەلەفلەرمۇ رازى بولمايدىغان رەۋىشتە دەرىجىدىن تاشقىرى قاتتىقلىق قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز. سەلەفلەر ۋەسۋەسە قىلغۇچىلارغا قارشى كۈرەش قىلغانىدى. ئۇلار: «ۋەسۋەسە قىلىش ئىنسان ئەقلىدىكى ساراڭلىق ۋە دىندىكى نۇقسانلىق» دېگەن.

ئىمام ئىبنى قۇددامە ھەنبەلىي[2] (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) (ھىجرىيە 620 ـ يىلى ۋاپات بولغان) ئۆزىنىڭ «ۋەسۋەسە قىلغۇچىلارنى تەنقىدلەش ۋە ۋەسۋەسە قىلىشتىن ئاگاھلاندۇرۇش» ناملىق كىتابىدا بايان قىلغانلارنىڭ ساراڭلىقىدىن ئارتۇق ساراڭلىق ۋە دىنىي نۇقسانلىق بولارمۇ؟ ئۇ كىتابتا مۇنداق دېيىلگەن:

«ھەقىقەتەن بىر تۈركۈم ۋەسۋەسە قىلغۇچىلار شەيتانغا ئىتائەت قىلىدى. ھەتتاكى، ئۇلار شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسى بىلەن سۈپەتلەندى. ئۇنىڭ سۆزىنى قوبۇل قىلىدىغانلار ۋە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىدىغانلار دەپ نىسبەت بېرىلدى. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىغا ئەگىشىشتىن يۈز ئۆرىدى. ئەگەر ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاھارەت ئالغان

---

[1] سۈرە ھەج، 78 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] ھەنبەلىي دېگەن سۆز مىسىردا: ”ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىش، ۋەسۋەسە قىلىش، قاتتىقلىق قىلىش“ دېگەن مەنىلەردە ئىشلىتىلىدۇ. ئەمما، تەتقىقاتچىلارغا مەلۇم بولغىنىدەك، ھەنبەلىي مەزھىبى قالغان ئۈچ مەزھەبكە قارىغاندا قولايلىقنى ئاساس قىلغان مەزھەب ھېسابلىنىدۇ. بۇ، ئىبنى قۇدامە، شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە ۋە ئىبنى قەييۇم (الله ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن)لارنىڭ كىتابلىرىدا ئەكس ئېتىدۇ. چۈنكى، ھەنبەلىي مەزھىبىنىڭ بۇ ئۈچ بايراقدارى باشقا مەزھەبلەرگە قارىغاندا ۋەسۋەسىگە قارشى ئەڭ كۆپ ئەسەرلەرنى يازغانىدى. مەسىلەن، ئىبنى قۇدامەنىڭ مەزكۇر كىتابى، ئىبنى قەييۇمنىڭ: «ھاجەتمەنلەرگە ياردەم بېرىش» ناملىق كىتابى ۋە ئىبنى جەۋزىنىڭ: «ئىبلىسنىڭ قالايمىقانلاشتۇرۇشى» قاتارلىقلاردۇر.

رەۋىشتە تاھارەت ئالسا ياكى شۇ رەۋىشتە ناماز ئوقۇسا، ئۆزىنىڭ تاھارىتىنى ياكى نامىزىنى باتىل دەپ قارايدۇ. رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئۇلار مۇبادا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەبىيلەرگە تاماق يېگۈزگەندەك سەبىيلەرگە تاماق يېگۈزسە ياكى مۇسۇلمان ئاممىسى بىلەن تاماق يېگەندەك ئۇلار بىلەن بىللە تاماق يېسە، ئۆزىنى نىجاسەت قاپلىۋالغاندەك ھېس قىلىپ، قولىنى خۇددى ئىت يالىۋالغاندەك ياكى مۈشۈك سىيىپ قويغاندەك يەتتە قېتىم يۇيۇش كېرەك دەپ قارايدىكەن.

ئىبلىس ئۇلارنى شۇ دەرىجىدە چىرمىۋالغانكى، ئۇلارنىڭ ئۇنىڭغا چوقۇنۇشى مەجنۇنلۇق دەرىجىسىگە يەتكەن. ئۇلار مەۋجۇداتلارنىڭ ماھىيىتىنى، ماددىي نەرسىلەرنى ئىنكار قىلىدىغان مەزھەبكە يېقىنلىشىپ قالغان. چۈنكى، ئىنسانىنىڭ ئۆزىنى بىلىشى جەزمى قىلىنىغان ھەقىقەتتۇر. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قوللىرىنى يۇغانلىقلىرىنى كۆرىدۇ، تەكبىر ئېيتقانلىرىنى ئاڭلايدۇ، قەلبى ھېس قىلىدۇ ھەمدە باشقىلار ئۇلاردىن ئۆگىنىدۇ. شۇنداقتىمۇ، ئۇلار يەنە ئۇ ئىشلارنى قىلغان ـ قىلمىغانلىق ئارىسىدا تەشۋىشلىنىپ يەنىلا شەيتانغا ئىشىنىدۇ. ئۆزلىرى قىلغان ئىشلارغا شەكلىنىپ ئولتۇرىدۇ.

شۇنداقلا، ئىبلىس ئۇلارنىڭ قىلغان نىيەتلىرىنىمۇ شەكلەندۈرىدۇ. ئۇلار نىيەت قىلغانلىقلىرىنى ئوبدان بىلىدۇ. باشقىلارمۇ ئۇلارنىڭ تاشقى ھالىتىدىن شۇنداقلىقىنى ھېس قىلىدۇ. شۇنداقتىمۇ ئۇلار يەنە نىيەتنى ناماز ئۈچۈن قىلغانلىقلىرىدىن شەكلىنىپ يۈرىدۇ. ئۇلارنىڭ شەكلىنىشلىرى شۇ دەرىجىدىكى، ئۇلار قورساقلىرىدىن بىر نېمىنى چىقىرىۋېتىشكە ئورۇنىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى شەيتانىنىڭ ۋەسۋەسە قىلىشىنى قوبۇل قىلىپ، شەيتانغا ئىتائەت قىلىشتا ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتكەنلىك ھېسابلىنىدۇ. كىم ئىبلىسقا مۇشۇنداق دەرىجىدە ئىتائەت قىلىدىكەن، ئىتائەتنىڭ ئەڭ ئاخىرقى چېكىگە يەتكەن بولىدۇ. شۇنداقلا، شەيتانىنىڭ ئۆزىنى قىينىشىغا يول قويىدۇ ۋە ئۆزىگە زىيان يەتكۈزۈشتە شەيتانغا ئىتائەت قىلىدۇ. سوغۇق سۇغا چۆمۈلىدۇ، سۇدا تۇرۇپ كۆزىنى ئېچىپ كۆزىنىڭ يۇيىدۇ. بۇنىڭ بىلەن كۆزىگە زىيان يەتكۈزىدۇ. بەزىدە ئەۋرىتىنى ئېچىپ، كىشىلەرگە كۆرسىتىدۇ. دېمەك. مۇشۇنداق قىلىۋېرىپ سەبىيلەر مەسخىرە قىلغۇدەك دەرىجىگە چۈشۈپ قېلىشى مۇمكىن.

ئۇ ئاشۇنداق ۋەسۋەسە قىلىۋېرىپ، جامائەت نامىزىدىن ياكى بىرىنچى رەكئەتتىن قېلىشى ياكى ناماز ۋاقتىنى ئۆتكۈزۈۋېتىشى مۇمكىن.

ئۇلار ئۇنداق قىلمەن، مۇنداق قىلمەن دەپ قەسەممۇ قىلىدۇ.

ئۇلار ھەرپىنى چىقىرىشتا ۋەسۋەسە قىلىپ، بىر ھەرپىنى ئىككى ـ ئۈچ قېتىم قايتا ـ قايتا ئوقۇيدۇ. مەن بەزىلەرنىڭ: «ئەك...بەر» دەپ (يەنى ”ك“ ھەرپىنى سوزۇپ)

تۇرغانلىقىنى كۆردۇم. بىرى ماڭا: ”مەن ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم دېگەن سۆزنى دېيەلمىدىم“ دېگەندە، مەن ئۇنىڭغا: ”سەن ھازىر دېگەندەكلا دېگىن“ دېدىم.

بۇنىڭغا ئوخشاش ئادەملەر بەك جىق.

شەيتان ئۇلارنى دۇنيادا قاتتىق قىينىدى، پەيغەمبىرىنىڭ يولىدىن چىقىرىۋەتتى، دىندا ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتكۈچىلەر قاتارىغا كىرگۈزۈپ قويدى. ئۇلار ئۆزلىرىنى ياخشى ئىش قىلىۋاتىمىز دەپ ئويلايدۇ. بىز ئاللاھقا سېغىنىپ قوغلاندى شەيتاننىڭ يامانلىقلىرىدىن پاناھ تىلەيمىز».

ئىبنى قۇددامە (ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) مۇنداق دېگەن: «كىم مۇشۇ بالالاردىن قۇتۇلۇشنى خالىسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىپ، بىز بايان قىلغانىمىزدەك توغرىلىقىنى ھېس قىلىپ باقسۇن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىنى تۇتۇشقا شۇنداق بىر ئىرادە باغلىسۇنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ توغرا يولدا ئىكەنلىكىگە شەك كەلتۈرمىسۇن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىغا زىت كەلگەن نەرسىنىڭ شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسى ئىكەنلىكىگە، ئۇنىڭ بىر دۈشمەن بولۇپ، ياخشى يولغا باشلىمايدىغانلىقىغا جەزمى قىلسۇن. ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿إِنَّمَا يَدْعُو حِزْبَهُ لِيَكُونُوا مِنْ أَصْحَابِ السَّعِيرِ﴾ ﴿شەيتان ئۆزىنىڭ تەۋەلىرىنى ئەھلى دوزاختىن بولۇشقا چاقىرىدۇ﴾[1].

ئۇلار يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرىنىڭ قەتئىي ۋەسۋەسە قىلمايدىغانلىقىنى بىلسۇن. مۇبادا ۋەسۋەسە قىلىش بىر پەزىلەت بولغان بولسا ئىدى، ئاللاھ تائالا ئۇنى ئۆزىنىڭ پەيغەمبىرى ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرىدىن ئايىمايتتى.

مۇبادا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىرەر ۋەسۋەسىلەنگۈچىگە دۇچ كەلگەن بولسا، ئەلۋەتتە نەپرەتلىنەتتى.

مۇبادا ئۆمەر (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) ئۇلاردىن بىرىنى ئۇچراتقان بولسا، ئۇنى جازالاپ ئۇراتتى. مۇبادا ساھابىلەردىن بىرى ئۇلارنى ئۇچراتقان بولسا ئىدى، يامان كۆرگەن ۋە قاتتىق ئەيىبلىگەن بولاتتى».

ئىبنى قۇددامە ئۇلارنىڭ شەرىئەت قولايلاشتۇرۇپ بەرگەن ئەھكاملاردىن ۋەسۋەسىلىنىپ، ئۇ ئەھكاملارغا تۇتقان پوزىتسىيەلىرىنى ۋە ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتكەنلىكلىرىنى قاتتىق ئەيىبلەيدۇ.

ئۇ ئەيىبلىگەن ئىشلار:

---

[1] سۈرە فاتىر، 6 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئۇلار يالىڭاياق ماڭىدۇ، ئىككى پۇتىنى يۇماي ناماز ئوقۇيدۇ. ئەبۇ داۋۇد (ﷲ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) ئابدۇلئەشھەل ئەۋلادىدىن بولغان بىر ئايالدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: مەن:

- ئى رەسۇلۇللاھ! بىزنىڭ مەسجىدكە بارىدىغان يولىمىزنى مەينەتچىلىك بېسىپ كەتكەن، تاھارەت ئالغاندىن كېيىن قانداق قىلىمىز؟ - دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- ئۇ يولدىن كېيىن پاكىزراق يول يوقمۇ؟ - دېدى. مەن:

- بار، - دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- مەينەتچىلىك شۇنىڭ بىلەن پاكىز بولىدۇ، - دېدى. يەنى، ئىنسان پۇتقا چاپلىشىۋالىدىغان ھۆل بىر نەرسىگە دەسسىمىگەنلا بولسا شۇنداق پاكىزلىنىدۇ.

ئۇلار يەنە ئاياغ - ئۆتۈكلەردە ناماز ئوقۇمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرى كەشلىرى بىلەن ناماز ئوقۇيتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «سىلەرنىڭ بىرىڭلار مەسجىدكە كەلگەندە كەشىگە قارىسۇن، مۇبادا بىرەر نىجاسەت بولسا، ئۇنى سۈرتىۋېتىپ ناماز ئوقۇسۇن». ئەبۇ ھۇرەيرە (ﷲ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن)دىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «سىلەرنىڭ بىرىڭلار كەشى بىلەن نىجاسەتكە دەسسەپ سالسا، كېيىن دەسسىگەن توپا ئۇنى پاكلايدۇ». يەنە بىر لەۋزىدە مۇنداق دېيىلگەن: «كىم ئۆتۈكى بىلەن نىجاسەتكە دەسسەپ سالسا، ئۇنى توپا پاكىزلايدۇ»[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە ئاس ئىبنى رەبىئىنىڭ قىزى ئۇمامەنى قولىغا ئېلىپ تۇرۇپ ناماز ئوقۇغان[2]. مەلۇمكى، كىچىك بالا دېگەن ۋەسۋەسىلەنگۈچىلەرنىڭ نەزىرىدىكى بەزىبىر نىجاسەتلەردىن خالىي بولمايدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇشرىكلار توقۇغان كىيىمنى كىيەتتى ۋە ئۇنىڭدا ناماز ئوقۇيتتى. ئۆمەر شامغا بارغاندا بىر خرىستىئاندىن كىيىم ئارىيەتكە ئېلىپ كىيگەن ۋە تولۇمىدىن سۇ ئېلىپ تاھارەت ئالغانىدى.

مانا بۇ، ئىككى يول، يەنى ۋەسۋەسىلەنگۈچى روھىي كېسەللەرنىڭ يولى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ پاك ساھابىلىرىنىڭ يولى. سىزنىڭچە، بۇ ئىككى يولنىڭ قايسىسى بەك توغرا؟ بىزنىڭ دىنىمىز ئۈچۈن قايسىسى بەكرەك ئېھتىيات قىلىدۇ ۋە دۇنيالىقىمىز ئۈچۈن قايسىسى پايدىلىقراق؟

[1] ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

[2] بۇ ھەقتىكى ھەدىسنى بۇخارى بىلەن مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

شەكسىزكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يولى ئەڭ توغرا يول بولۇپ، ئۇ ئىنسانىنى اللهنىڭ رازىلىقىغا ئېلىپ بارىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ھەرقانداق بىر يول ئەگرى ـ توقاي بولۇپ، ئۇنىڭدا شەيتان ئىنسانىنى يامانلىقتا ۋە قەبىھ ئىشلارغا بۇيرۇيدۇ. الله تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿وَأَنَّ هَذَا صِرَاطِي مُسْتَقِيمًا فَاتَّبِعُوهُ وَلاَ تَتَّبِعُواْ السُّبُلَ فَتَفَرَّقَ بِكُمْ عَن سَبِيلِهِ﴾ ﴿بۇ مېنىڭ توغرا يولۇمدۇر، شۇ يولدا مېڭىڭلار، ناتوغرا يوللاردا ماڭماڭلار، ئۇلار سىلەرنى اللهنىڭ يولىدىن ئايرىۋېتىدۇ﴾[1].

ئادىل خەلىپە ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئادىل خەلىپىلەر بىزلەرگە شۇنداق بىر يولنى سىزىپ بەردىكى، ئىنسان ئۇ يولنى تۇتسا اللهنىڭ كىتابىنى تەستىقلايدۇ، اللهنىڭ ئىتائىتىنى كامالەتكە يەتكۈزىدۇ، اللهنىڭ دىنىغا كۈچ توپلايدۇ. ھېچكىمنىڭ ئۇ يولنى بورمىلىۋېتىش ياكى ئۆزگەرتىۋېتىش ياكى زىت كەلگەن نۇقتىلارغا نەزەر ئاغدۇرۇش ھەققى يوق. كىم ئۇنىڭغا ئەگىشىدىكەن، ھىدايەت تاپىدۇ، كىم ئۇنىڭدىن نۇسرەت تىلەيدىكەن، نۇسرەت قازىنىدۇ. كىم ئۇنىڭغا قارشى چىقىپ، مۇئمىنلەرنىڭ يولى بولمىغان يولغا ئەگىشىدىكەن، الله تائالا ئۇنى ئۇ ئۆزى تۇتقان يولغا ئىگە قىلىدۇ ۋە دوزاخقا تاشلايدۇ، دوزاخ نېمىدېگەن يامان جاي!».

مانا بۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قولاي ۋە يەڭگىل يولىدىن چىقىپ كەتكەنلەرنىڭ ئاقىۋىتىدۇر.

بۇنداق ئېغىپ كېتىشنىڭ جازاسىنى ئاخىرەتكە بېرىشتىن بۇرۇن دۇنيادىمۇ تارتىدىغان گەپ. بىزنىڭ ئالدىمىزدا تۆۋەندىكى قىسسە بىزنىڭ ئىبرەت ئېلىشىمىزغا يېتەرلىكتۇر.

ئەبۇ داۋۇد ۋە ئىبنى ماجە (الله ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن) جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن)تىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: بىز بىر سەپەرگە چىقتۇق. ئارىمىزدىكى بىرەيلەنگە تاش تېگىپ كېتىپ، ئۇنىڭ بېشىنى يېرىۋەتتى. ئاندىن كېيىن ئۇ ئېھتىلام بولۇپ قالدى. ئۇ ھەمراھلىرىدىن: «مېنىڭ تەيەممۇم قىلىشىمغا رۇخسەت بارمىدۇ؟» دەپ سورىدى. ئۇلار: «سەن سۇ ئىشلىتەلەيدىغان تۇرساڭ، تەيەممۇم قىلىشىڭغا رۇخسەت يوق» دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يۇيۇندى ۋە ئۆلۈپ كەتتى. بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كەلگەندە بۇ ئىش ئۇنىڭغا يەتكۈزۈلۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ: «ئۇلار ئۇنى ئۆلتۈرۈپتۇ. الله ئۇلارنىمۇ ئۆلتۈرسۇن. ئۇلار بىلمىگەن نەرسىلىرىنى سورىسا

[1] سۈرە ئەنئام، 153 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

بولامدۇ؟ ھەقىقەتەن، ئۇنىڭ تەيەممۇم قىلىشى ياكى جاراھەتنى تېڭىپ قويۇپ، ئاندىن ئۇنىڭغا مەسھى قىلىپ، ئاندىن پۈتۈن بەدىنىنى يۇيۇشى يېتەرلىك ئىدى» دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رۇخسەتنى بىلمىگەنلەرگە «ئۇلار ئۇنى ئۆلتۈرۈپتۇ، اللە ئۇلارنىمۇ ئۆلتۈرسۇن» دەپ ھۆكۈم قىلدى. ئۇنداقتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رۇخسەتنى بىلىدىغان، اللەنىڭ رۇخسەت قىلغان ئىشلارنى قىلغانلارنى دوست تۇتىدىغانلىقىنى بىلىدىغان، ئاندىن اللەنىڭ بەندىلىرىگە قاتتىقلىق قىلىدىغان كىشىلەرگە قانداق ھۆكۈم چىقىرار ئىدى؟ سىزنىڭچە ئۇلار ئۆزلىرى تۇيمىغان ھالدا ئۆزلىرىنىڭ قاتتىقلىق قىلىش ۋە ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىشلىرى سەۋەبلىك قانچىلىغان ئادەملەرنىڭ جېنىغا زامىن بولىدىغاندۇ؟

## 4. «قۇرئان كەرىم» ۋە سۈننەتكە قايتىش، بىرەر مەزھەبكە مۇتەئەسسىپلىك قىلماسلىق

بىز تەلىم - تەربىيە ۋە پەتىۋا بېرىش مەسىلىسىدە دۇچ كېلىۋاتقان ھالقىلىق مەسىلە، ئىنسانلارنى ئىبادەت ۋە مۇئامىلە ئىشلىرىدا بىرلا مەزھەبنى تۇتۇشقا مەجبۇرلاشتۇر. كىشىلەرگە مەجبۇر تېڭىلىۋاتقان مەزھەب مەلۇم بىر مەسىلىدە قاتتىق زەئىپ، توغرىلىقتىن يىراق، مۇسۇلمانلارنى مۇشكۈللۈككە دۇچار قىلىدىغان مەزھەب بولۇشى مۇمكىن. بىز مۇسۇلمان ئاممىسىنىڭ مۇئەييەن بىر مەزھەبنى ياقلىشىنى پەرز قىلىپ، گويا ئۇنى جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام اللە تائالا تەرىپىدىن ئېلىپ چۈشكەن ۋەھىيدەك قىلىپ كېتىمىز.

مەلۇمكى، ھەرقانداق بىر فىقھى مەزھەبى بولسا، مۇجتەھىد ئىجتىھاد قىلغان بىر قانچە مەسىلىلەرنىڭ توپلىمىدۇر. مۇجتەھىد ئۇ مەسىلىلەر ئۈستىدە ئىجتىھاد قىلىش جەريانىدا، ئۆزىنىڭ گۇناھتىن خالىي بىر بەندە ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلغان ئەمەس. مۇبادا مۇجتەھىد توغرا قىلىپ، ھەقكە يەتسە ئۇنىڭغا ئىككى ئەجىر بېرىلىدۇ. ھېچقانداق بىر مۇجتەھىد ئۆزىگە توغرىلىقنى مونوپول قىلمىدى ياكى ئۆزى يەتكەن ئىجتىھادىي مەسىلىنىڭ شەرىئەت بولۇپ، ئۇنىڭغا ئەگىشىش كېرەكلىكىنى دەۋا قىلمىدى.

ئىمام مالىك (اللە ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزىدىن باشقا ھەرقانداق ئىنساننىڭ سۆزى قوبۇل قىلىنىدۇ ھەم رەت قىلىنىدۇ».

ئىمام شافىئى (اﷲ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) مۇنداق دېگەن: «مېنىڭ قارىشىم توغرىدۇر، خاتا بولۇش ئېھتىمالىمۇ بار. باشقىلارنىڭ قارىشى خاتادۇر، توغرا بولۇش ئېھتىمالىمۇ بار».

ئۇ يەنە مۇنداق دېگەن: «مۇبادا ھەدىس سەھىھ بولسا، مېنىڭ سۆزۈمنى چۆرۈپ تاشلىۋېتىڭلار». مەزكۇر سۆز مەشھۇر بولغان تۆت ئىمامنىڭ ھەممىگە نىسبەت بېرىلىدۇ ھەم ئۇلارنىڭ ئالدىدىمۇ بۇنىڭدىن باشقا بىر سۆزنى دېيىشكە يول يوق.

ئىمام ئەبۇ ھەنىفە (اﷲ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) مۇنداق دېگەن: «مۇبادا بىرەر ھەدىس پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ياكى ساھابىلەردىن رىۋايەت قىلىنسا، ئۇنى بەش قوللاپ قوبۇل قىلىمەن. مۇبادا تابىئىنلاردىن رىۋايەت قىلىنسا، ئۇلارمۇ ئىنسان، بىزمۇ ئىنسان».

ئىمام ئەھمەد (اﷲ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) مۇنداق دېگەن: «مەن شۇنداق بىر قەۋمگە ئەجەبلىنىمەنكى، ئۇلار قايسى رىۋايەتنىڭ توغرا بولىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، يەنىلا سۇفيانىنىڭ مەزھىبىگە بارىدۇ ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسىنى تاشلاپ قويىدۇ. اﷲ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿فَلْيَحْذَرِ الَّذِينَ يُخَالِفُونَ عَنْ أَمْرِهِ أَن تُصِيبَهُمْ فِتْنَةٌ أَوْ يُصِيبَهُمْ عَذَابٌ أَلِيمٌ﴾ ﴿پەيغەمبەرنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلغۇچىلار (دۇنيادا چوڭ بىر) پىتنىگە يولۇقۇشتىن، يا (ئاخىرەتتە) قاتتىق بىر ئازابقا دۇچار بولۇشتىن قورقسۇن﴾[1].

مەن مۇسۇلمانلارنىڭ قۇچقاچقا ئوخشاش شاختىن شاخقا قونۇپ، مەزھەبلەر ئوتتۇرىسىدا ئۇچۇپ يۈرۈپ، ھەربىر مەزھەبتىن ئۆزىنىڭ ھاۋايى - ھەۋىسىگە مۇناسىپ كەلگىنىنى ھېچقانداق بىر دەلىل - پاكىتسىز قوبۇل قىلىپ يۈرسۇن دېمەكچى ئەمەسمەن. مەن پەقەت مۇسۇلمان دەلىل - پاكىتقا، دەلىلى كۈچلۈك بولغان، ئۆزىنىڭ قەلبى ئارام تاپقان، شەرىئەتنىڭ قائىدە - پرىنسىپلىرىغا ۋە ئىسلامنىڭ روھىغا مۇناسىپ كەلگەن ھۆكۈمگە ئەگەشسۇن دېمەن. فىقھى مەزھەبلىرى ۋە تەقلىدچىلىك تارقىلىشتىن ئىلگىرى سەلەفلەر ئاشۇنداق ئىدى.

نېمە ئۈچۈن بىز ئىنسانلارنى اﷲ مەجبۇرلىمىغان نەرسىگە مەجبۇرلايمىز؟ نېمە ئۈچۈن دىنىنىڭ ھەممە مەسىلىلىرىدە مەلۇم بىر مەزھەبكە، مەلۇم بىر ئىمامغا ئەگىشىشكە زورلايمىز؟ بۇنداق قىلىش ئىنسانلارغا اﷲ ئۆزىنىڭ دىنىدا توسقان مۇشكۈللۈك ۋە قىيىنچىلىقنى ئېلىپ كەلمەمدۇ؟

---

[1] سۈرە نۇر، 63 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

## بەزى مەزھەبلەردە ئاسانلاشتۇرۇلغان مەسىلىلەردىن ئارىيە

بىلىش كېرەككى، ئىسلام ئۆلىمالىرىنىڭ ۋەزىپىسى ئىنسانلارغا قولايلىق يارىتىپ بېرىش، بولۇپمۇ دىنىي ئېتىقاد سۇسلىشىپ كەتكەن مۇشۇنداق بىر دەۋردە شۇنداق قىلىش تېخىمۇ زۆرۈر.

### گۆشى يېيىلىدىغان ھايۋانلارنىڭ تېزىكى ۋە سۈيدۈكى پاكتۇر:

بۇنىڭ مىسالىلىرىدىن بىرى شۇكى، مىسىرنىڭ يېزىلىرىدىكى كۆپىنچە مۇسۇلمانلار شافىئىي مەزھىبىنى ياقلايدۇ. بىز شافىئىي مەزھىبىنىڭ تاھارەت ۋە نىجاسەت مەسىلىلىرىدە ئىنتايىن قاتتىق قول، بولۇپمۇ يېزا كىشىلىرىگە قاتتىق كېلىدىغان بىر مەزھەب ئىكەنلىكىنى بىلىمىز.

مالىكىي مەزھىبىدە، گۆشى يېيىلىدىغان ھەرقانداق بىر ھايۋاننىڭ تېزىكى ۋە سۈيدۈكى پاك دەپ قارىلىدۇ. ئەمما، شافىئىي مەزھىبىدە ئۇلارنىڭ ھەرقاندىقى نىجىس دەپ قارىلىدۇ. دەلىلگە كەلسەك، بۇ ھەقتە مالىكىيلارنىڭ دەلىلى كۈچلۈك. ئىسلام روھىغا ۋە كىشىلەرنىڭ ئېھتىياجىغا بەكرەك مۇناسىپ كېلىدۇ.

ئىبنى قەييۇم (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) مۇنداق دېگەن: «قېچىرنىڭ، ئېشەكنىڭ، يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ ئاغزىنى تېزەكلىرى ئىنسانغا يوقۇپ قالسا كەچۈرۈلىدۇ. بىزنىڭ شەيخىمىزمۇ مۇشۇ قاراشنى تاللىدى. چۈنكى، ئۇنداق ئىشلاردىن ساقلىنىش قىيىندۇر».

ۋەلى ئىبنى مۇسلىم (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) مۇنداق دېگەن: مەن ئەۋزائىيغا: «گۆشى يېيىلمەيدىغان قېچىر، ئېشەك ۋە ئاتلارنىڭ سۈيدۈكلىرىنىڭ ھۆكمى نېمە؟» دەپ سورىدىم. ئۇ: «ساھابىلەر غازاتقا چىققاندا ئۇ ھايۋانلارنىڭ سۈيدۈكلىرى تېگىپ قالاتتى، لېكىن ئۇلار نە بەدەنلىرىنى، نە كىيىملىرىنى يۇمايتتى» دېدى.

ئىمام ئەھمەد (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن): «سۈيدۈكتىن كېيىن كېلىدىغان ئازغىنە سۇيۇقلۇق، مەزى ۋە ئازغىنە قۇسۇقنىڭ ھېچقىسى يوق» دېگەن.

بىزنىڭ شەيخىمىز مۇنداق دېگەن: «يېرىنىڭ ياكى زەرداب سۈيى تېگىپ كەتكەن بەدەننى ياكى كىيىمنى يۇيۇش پەرز ئەمەس، ئۇلارنىڭ نىجىسلىقىغا دەلىل يوق، بەزى ئىلىم ئەھلىلىرى ئۇلارنى پاك دەپ قارىدى».

## سۇ پەقەت ئۆزگىرىپ كېتىش بىلەن نىجىس بولىدۇ:

نىجاسەت سۇنىڭ تەمىنى، يا رەڭگىنى، يا پۇرىقىنى ئۆزگەرتىۋەتمىسىلا، ھەدىس ۋە ساھابىلەردىن رىۋايەت قىلىنغان نەقىللەرگە ئاساسەن، گەرچە ئۇ سۇ ئاز بولسىمۇ نىجىس بولمايدۇ.

بۇ، مەدىنە ئەھلىنىڭ، سەلەف ئالىملىرىنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ ۋە كۆپىنچە ھەدىس ئالىملىرىنىڭ سۆزىدۇر. ئاتائ، سەئىد ئىبنى مۇسەييەب، جابىر ئىبنى زەيد، ئەۋزائىي، سۇفيان سەۋرى، مالىك ئىبنى ئەنەس، ئابدۇراھمان ئىبنى مەھدى ۋە ئىبنى مۇنزىر (اللە ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن) قاتارلىقلارمۇ شۇنداق دەپ پەتىۋا بەرگەن. زاھىرىي ئەھلىمۇ شۇنداق دېگەن. ھەنبەلىي مەزھىبىنىڭ ئىماملىرىدىن ئىبنى ئۇقەيل، ئىبنى تەيمىيە ۋە ئىبنى قەييۇملارمۇ شۇنى تاللىغان.

ئىمام ئەھمەد ۋە سۇنەن ساھىبلىرى (اللە ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن) ئەبۇ سەئىدتىن رىۋايەت قىلىدۇكى، ئۇ مۇنداق دېگەن: «ئى رەسۇلۇللاھ بۇزائە قۇدۇقىدىن تاھارەت ئالامدۇق؟» دەپ سورىدۇق. (ھالبۇكى، بۇزائە قۇدۇقىغا ئىت گۆشلىرى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ھەرخىل سېسىق نەرسىلەر تاشلىناتتى). پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سۇ پاكتۇر، ئۇنى بىر نەرسە نىجىس قىلمايدۇ» دېدى[1].

ئىبنى ماجە (اللە ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) ئەبۇ ئۇمامە (اللە ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن)دىن رىۋايەت قىلىدۇكى، ئۇ مۇنداق دېگەن: «سۇنى ھېچنېمە نىجىس قىلالمايدۇ، پەقەت ئۇنىڭ تەمى، يا رەڭگى، يا پۇرىقى ئۆزگىرىپ كەتسە، ئاندىن نىجىس بولىدۇ». بۇ يەردىكى مۇستەسنا رىۋايەت نۇقتىسىدىن سەھىھ بولمىسىمۇ، ئەمما فىقھى ئالىملىرى ئۇنىڭغا بىرلىككە كەلدى.

ئىمام غەززالىي (اللە ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) ئىمام شافىئى (اللە ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن)نىڭ نىجاسەت مەسىلىلىرىدە بەك قاتتىقلىقىنى بايقىدى. غەززالىي (اللە ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) بۇنىڭ بىلەن ئۆزىنىڭ «ئىھيائ» دېگەن كىتابىدا شافىئىي مەزھىبىگە تولۇقلىما يېزىپ مۇنداق دېگەن: «مەن شافىئىي مەزھىبىنىڭمۇ سۇ ئاز بولسا نىجىس بولمايدىغانلىقى توغرىسىدا مالىكنىڭ مەزھىبىدەك بولۇشىنى ئۈمىد قىلاتتىم. چۈنكى، سۇغا بولغان ئېھتىياج بەك زور. سۇنىڭ ئىككى كۈپتىن ئاز بولماسلىقىغا شەرت قىلىنىشى شەك مەنبەسىدۇر. مۇشۇ سەۋەبلىك كىشىلەرگە كۆپ قىيىنچىلىق بولۇپ كەتتى. بۇنىڭ مۇشەققەتلىكىنى پەقەت ئۇنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ئادەملا بىلىدۇ». غەززالىي (اللە ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) (شافىئىي مەزھىبىنى

---

[1] تىرمىزى بۇ ھەدىسنى: ھەسەن ھەدىس، ـ دېگەن. ئىمام ئەھمەد: بۇزائە قۇدۇقى ھەققىدىكى ھەدىس سەھىھ ـ دېگەن.

ياقلىسمۇ) مالىكنىڭ قارىشىنى يەتتە دەلىل بىلەن كۈچلەندۈردى. بۇنىڭ تەپسىلاتى مەزكۇر كىتابنىڭ تاھارەت بابىدا بايان قىلىنغان. خالىغان كىشى شۇ يەردىن كۆرۈۋالسۇن.

## تاھارەتلىك كىشىنىڭ ئايال كىشىنى تۇتۇشى:

ئىمام شافىئىي (ﷲ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن): ئىنساننىڭ بىر ئايالنى تۇتۇشى، گەرچە ئۇ ئۆزىنىڭ ئايالى بولسىمۇ ۋە شەھۋەتسىز ھالدا تۇتسىمۇ، تاھارىتى سۇنىدۇ دەپ قارايدۇ ۋە بۇ ئايەتنى دەلىل كەلتۈرىدۇ: ﴿أَوْ لاَمَسْتُمُ النِّسَاء فَلَمْ تَجِدُواْ مَاء﴾ ﴿ياكى ئاياللىرىڭلار بىلەن يېقىنچىلىق قىلغاندىن كېيىن (غۇسلى تاھارەت ئۈچۈن) سۇ تاپالمىساڭلار﴾[1]. بۇنىڭدىمۇ يېزىلاردىكى كىشىلەرگە كۆپ قىيىنچىلىق بولىدۇ. بۇ ئايەتنى چوڭقۇر ئىزدىنىپ كۆرىدىغان ئادەمگە نىسبەتەن ھەنەفىي مەزھىبىنىڭ قارىشىنىڭ كۈچلۈكلۈكى ئايان بولىدۇ.

ئىبنى ئابباس (ﷲ ئۇلاردىن رازى بولسۇن) مۇنداق دېگەن: «‹قۇرئان كەرىم›دىكى ‹اللمس›، ‹الملامسة›، ‹المس› دېگەن سۆزلەر ‹جىما قىلىش› مەنىسىدە كېلىدۇ. ﷲ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿وَإِن طَلَّقْتُمُوهُنَّ مِن قَبْلِ أَن تَمَسُّوهُنَّ﴾ ﴿ئەگەر سىلەر ئاياللىرىڭلارغا يېقىنچىلىق قىلماي ياكى مەھرى تەيىنلىمەي تۇرۇپ ئۇلارنى تالاق قىلساڭلار﴾[2]؛ ﴿وَلَمْ يَمْسَسْنِي بَشَرٌ﴾ ﴿ماڭا كىشى يېقىنلاشمىغان تۇرسا﴾[3].

‹ملامسة›نى ‹جىما قىلىش› دەپ تەپسىر قىلغاندا، مەزكۇر ئايەتتىكى: ﴿أَوْ جَاء أَحَدٌ مَّنكُم مِّنَ الْغَائِطِ﴾ ﴿ياكى سىلەرنىڭ بىرىڭلار ھاجەتخانىدىن كەلگەن بولساڭلار› دەپ كىنايە قىلىنغان كىچىك تارەتنى ۋە: ﴿أَوْ لاَمَسْتُمُ النِّسَاء﴾ ﴿ياكى ئاياللىرىڭلار بىلەن يېقىنچىلىق قىلغاندىن كېيىن سۇ تاپالمىساڭلار﴾ دەپ كىنايە قىلىنغان چوڭ تاھارەتنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ ئايەتنىڭ كۆرسەتمىسىگە ئاساسەن، سۇ تېپىلمىغاندا تەيەممۇم قىلىش تاھارەت ئېلىشتىن ۋە غۇسلى قىلىشتىن بىھاجەت قىلىدۇ. مۇبادا ‹ملامسة› ئۆزىنىڭ زاھىرىي مەنىسى بىلەن (يەنى سىلاش ۋە تۇتۇش) دەپ تەپسىر قىلىنسا، مەزكۇر مەنىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ».

بۇ ھەقتە ئىبنى ئابباس (ﷲ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن)نىڭ سۆزىنى كۈچلەندۈرىدىغان بىر قانچە ھەدىس رىۋايەت قىلىنىدى. بەززار ۋە ئىسھاق ئىبنى راھۇيە (ﷲ ئۇلارغا رەھمەت

---

[1] سۈرە مائىدە، 6 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] سۈرە بەقەرە، 237 ـ ئايەت.

[3] سۈرە مەريەم، 20 ـ ئايەت.

قىلسۇن) ئائىشە (اللە ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن)دىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئائىشەنى روزىدار تۇرۇپ سۆيگەنىدى ۋە: «سۆيۈش تاھارەتنى ياكى روزىدارنىڭ روزىسىنى سۇندۇرمايدۇ» دېگەنىدى. ئابدۇلھەق (اللە ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) مۇنداق دېگەن: «بۇ ھەدىسكە ئەمەل قىلماسلىقتا ھېچقانداق بىر ئىللەت يوقتۇر».

مۇسلىم ۋە تىرمىزى (اللە ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن) ئائىشە (اللە ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن)دىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: ئائىشە بىر كېچىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى تۆشەكتىن يىتتۈرۈپ قويىدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئىزدىدى. ئۇنى مەسجىدتە ناماز ئوقۇۋاتقان ھالەتتە تاپتى. ئاندىن ئائىشە ئىككى قولىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىككى پۇتىنىڭ ئالقىنىغا قويىدى.

ئەھمەد (اللە ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) ۋە باشقىلار ئۇنىڭدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەزى ئاياللىرىنى سۆيۈپ قويۇپ نامازغا چىقاتتى، تاھارەت ئالمايتتى.

بۇخارى ۋە مۇسلىم (اللە ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن) ئائىشە (اللە ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن)دىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىدا ئىككى پۇتۇم ئۇنىڭ قىبلە تەرىپىگە يۆزلەنگەن ھالەتتە ئۇخلايتتىم. سەجدە قىلسا پۇتۇمنى مۇجۇپ قوياتتى، شۇنىڭ بىلەن پۇتۇمنى تارتاتتىم». بۇ ھەدىستىكى مۇجۇش ياكى قولنى پۇتنىڭ ئۈستىگە قويۇش دېگەن سۆزنى دەلىلسىزلا: بىر نەرسىنىڭ ئۈستىدىن ئىدى، - دەپ ئىزاھلاش توغرا ئەمەس.

## پايپاقما مەسھى قىلىش:

كۆپلىگەن دىنىي يېتەكچى ئالىملار تاھارەت ئالغاندا، ئىككى پۇتنى يۇيۇشنىڭ ئورنىغا پايپاقما مەسھى قىلىشنى قوبۇل قىلالمايدۇ. دەرۋەقە، پايپاقما مەسھى قىلىشنىڭ دۇرۇسلۇقىغا ئۆمەر ئىبنى خەتتاب، ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب، ئىبنى مەسئۇد، ئىبنى ئابباس، بەرائ ئىبنى ئازىب، ئەنەس ئىبنى مالىك، ئەبۇ ئۇمامە، سەھل ئىبنى سەئد، ئەمر ئىبنى ھارىس (اللە ئۇلاردىن رازى بولسۇن) قاتارلىق ئون نەچچە ساھابە پەتىۋا بەرگەن.

پايپاقما مەسھى قىلىش رۇخسىتىگە بىزنىڭ دەۋرىمىزدىكى كىشىلەرنىڭ ئېھتىياجى بەك كۈچلۈك بولىدۇ. ئىككى پۇتنى يۇيۇش، بولۇپمۇ ئادەم باشقىلارنىڭ ئۆيىدە بولغاندا قاتتىق مۇشەققەت بولىدۇ. شۇنداقلا، قاتتىق سوغۇقتا بەزىلەرنىڭ ھورۇنلۇق قىلىپ تاھارەت ئالماسلىقىغا سەۋەب بولۇشى مۇمكىن.

## نىجىس كىيىمدە سەھۋەنلىك بىلەن ناماز ئوقۇپ سېلىش:

مەزھەب يولىنى تۇتقان كۆپىنچە مەزھەبدارلار ساھابىلەردىن ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر، تابىئىيلاردىن ئاتائ ئىبنى راباھ سەئىد ئىبنى مۇسەييەب، تاۋۇس، سالىم، مۇجاھىد، شەئبى، ئىبراھىم نەخەئىي، زوھرىي، ئۇلاردىن كېيىن كەلگەن يەھيا ئىبنى سەئىد ئەنسارى، ھەكەم، ئەۋزائىي، مالىك، ئىسھاق ئىبنى راھىۋەي، ئەبۇ سەۋر، ئىمام ئەھمەد (اللە ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن) قاتارلىقلار: «بىر ئادەم ناماز ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن بەدىنىدە ياكى كىيىمىدە بىرەر نىجاسەتنى كۆرسە، ئۇنىڭ بارلىقىنى بىلمىسە ياكى بىلسىمۇ ئۇنى ئۇنتۇپ قالغان بولسا، ئۇنتۇپ قالمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنى تازىلاشقا قۇدرىتى يەتمىگەن بولسا، ئۇنىڭ ئوقۇغان نامىزى توغرا بولىدۇ، قايتا ئوقۇمايدۇ» دەپ بەرگەن پەتىۋاغا كۆڭۈللىرى ئۇنىمايدۇ.

## ئوكۇلنىڭ ھەرقانداقى روزىنى سۇندۇرمايدۇ:

رامىزان ئېيىدا ماڭا كۆپىنچە: مەقئەت ئوكۇلى روزىنى سۇندۇرامدۇ؟ مەقئەت ئېغىزىغا بۇۋاسىر مەلھىمى سۈركىسە بولامدۇ؟ - دېگەندەك سوئاللار كېلىدۇ.

مەلۇمكى، كۆپىنچە كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە مەقئەت ئوكۇلى روزىنى سۇندۇرىدۇ. بارماقچىلىك بىر نەرسىنى مەقئەتكە كىرگۈزۈشمۇ ھەم روزىنى سۇندۇرىدۇ. بىراق، مەن بۇ سوئاللارغا جاۋاب بېرىشتە باشقا بىر يولنى تاللىدىم.

مەلۇمكى، روزىنىڭ ئاددىي مەنىسى بولسا، ئىنسان يېمەك - ئىچمەك ۋە ئاياللار بىلەن بىللە بولۇشتىن ئۆزىنى ساقلاشتۇر. بۇ ئىشلار توغرىسىدا «قۇرئان كەرىم»دە دەلىللەر تىلغا ئېلىنغان. شۇنداقلا، بۇ چەكلىمىلەرنىڭ مەنىسىنى بىلمەيدىغان ئىنسان يوق. چۈنكى، ئۇلارنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدىكى سەھرالىق ئەرەبمۇ بىلەتتى. ئۇلار يېمەك - ئىچمەكنىڭ مەنىسىنى بىلىش ئۈچۈن ھەرخىل تەبىر ۋە ئۇقۇملارغا موھتاج بولمىغانىدى. يەنى ھەممە كىشى روزىنىڭ بىرىنچى مەقسىتى ئىنساننىڭ اللەنىڭ رازىلىقىنى ئىزدەپ، جىسمانىي شەھۋەتلەرنى تەرك ئېتىش ئارقىلىق اللەقا ئۆزىنىڭ ئۇبۇدىيىتىنى ئىزھار قىلىش ئىكەنلىكىنىمۇ ئوبدان بىلىدۇ. اللە تائالا ھەدىس قۇددۇسىيدا مۇنداق دېگەن: «ھەربىر ئادەم بالىسىنىڭ ئەملى ئۆزىگە بولىدۇ. پەقەت روزا ئۇنداق ئەمەس، روزا مەن ئۈچۈن بولىدۇ. مەن ئۇنىڭغا ئۆزۈم مۇكاپات بېرىمەن. چۈنكى، روزىدار يېمەكنى، ئىچمىلىكنى ۋە ئايالىنى مەن ئۈچۈن تەرك ئېتىدۇ».

يۇقىرىقى بايانلارنى چىقىش قىلىپ ئېيتقاندا، ھەرقانداق ئوكۇل ۋە ھەرخىل مەلھەم ئىشلىتىش تىلدا ياكى ئۆرپ - ئادەتتە يېمەك - ئىچمەك دەپ قارالمايدۇ. ئىسلامنىڭ روزىنى پەرز قىلىشتىكى ھېكمىتىگىمۇ زىت كەلمەيدۇ. شۇنداقلا، اللە تائالا ھېچقانداق

مۇشكۇللۇك قىلىمىغان نەرسىدە قاتتىقلىق قىلىشقىمۇ ھېچقانداق سەۋەب يوقتۇر. الله تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿يُرِيدُ اللّهُ بِكُمُ الْيُسْرَ وَلاَ يُرِيدُ بِكُمُ الْعُسْرَ﴾ ﴿الله سىلەرگە ئاسانلىقنى خالايدۇ، سىلەرگە تەسلىكنى خالىمايدۇ﴾[1].

ئىبنى ھەزم (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) مۇنداق دېگەن: «مەلۇمكى، ئوكۇل (مەقئەت ئوكۇلىنى دېمەكچى، چۈنكى ئۇ دەۋردە تومۇردىن ياكى تېرىدىن ماڭغۇزىدىن ئوكۇل يوق ئىدى)، بۇرۇندىن دورا ماڭغۇزۇش، قۇلاققا، بەدەندىكى بىرەر ئېغىزغا، بۇرۇنغا دورا تېمىتىش ياكى ئېغىزغا سۇ ئېلىپ سەھۋەنلىك بىلەن گالغا بېرىپ قېلىش، سۈرمە، تۇگمەننىڭ چاڭ - توزانلىرى، ئۇن تاسقاش، خېنە، ئەتىر، ئاچچىق پۇراق، چۈش قاتارلىق نەرسىلەر سەھۋەنلىك بىلەن ئىنساننىڭ گېلىغا كىرىپ كەتسە روزا سۇنمايدۇ».

مانا بۇلار ھەرقانداق بىر مەسىلىدە ئايەت - ھەدىسلەرنىڭ لەۋزىلىرىنى ھەرپىلىرى بىلەن ئىجرا قىلىدىغان زاھىرىي مەزھىبىدىكى بىر فىقھى ئالىمىنىڭ تۇتقان يولىدۇر. ئۇ ئۆزىنىڭ تۇتقان يولىغا مۇنداق دەلىل كەلتۈرگەن: «ھەقىقەتەن الله تائالا بىزنى روزا تۇتقاندا يېيىشتىن، ئىچىشتىن، جىما قىلىشتىن، قەستەن قەي قىلىشتىن ۋە گۇناھ - مەسىيەت سادىر قىلىشتىن چەكلىدى. بىز بىرەر يېمەكلىكنىڭ ياكى ئىچىملىكنىڭ مەقئەتكە، يا ئەمچەككە، يا قۇلاققا، يا كۆزگە، يا بۇرۇنغا، يا قورساقتىكى، يا باشتىكى بىرەر جاھارەتكە غىزا بولىدىغانلىقىنى بىلمەيمىز. بىز يېمەكلىكتىن، ئىچىملىكتىن باشقا بىر نەرسىنى قورساققا كىرگۈزۈشتىن چەكلەنمىگەن ئىكەنمىز، ئۇنى كىرگۈزۈشمۇ ھارام بولمايدۇ».

شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) سۈرمە، ئوكۇل، دورا تېمىتىش، باشتىكى ياكى قورساقتىكى جاراھەت سەۋەبلىك بىر نەرسىنىڭ قورساققا كىرىپ كېتىشى قاتارلىق مەسىلىلەر توغرىسىدا مۇنداق دېگەن: «مەزكۇر نەرسىلەر كۈچلۈك قاراشقا ئاساسەن روزىنى سۇندۇرمايدۇ. چۈنكى، روزا ئىسلام دىنىنىڭ ھەممىگە پەرز بولغان رۇكنىدۇر. شۇڭلاشقا، ئۇنىڭ ھۆكۈملىرىنى بىلىشكە ھەممە روزىدار موھتاج بولىدۇ. مۇبادا بۇ نەرسىلەر الله ۋە اللەنىڭ پەيغەمبىرى ھارام قىلغان ۋە روزىنى سۇندۇرىدىغان ئامىللار بولسا ئىدى، ئۇنى بايان قىلىش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا پەرز بولار ئىدى. مۇبادا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بايان قىلغان بولسا ئىدى، ئۇنى ساھابىلەر بىلگەن ۋە مۇسۇلمان ئۈممىتىگە شەرىئەتنىڭ باشقا ئەھكاملىرىنى يەتكۈزگەندەك بۇنىمۇ يەتكۈزگەن بولار ئىدى. ئىلىم ئەھلىدىن بىرەرسى بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن

---

[1] سۈرە بەقەرە، 185 - ئايەت.

بىرەر سەھەبە ياكى زەئىپ ھەدىس رىۋايەت قىلمىغانىكەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ھەقتە بىر نەرسە بايان قىلمىغانلىقى ئايان بولىدۇ».

## تاڭ يورۇغاندىن كېيىن، سەھۋەنلىك بىلەن سوھۇرلۇق يەپ سېلىش:

مەزھەبلەر ئوتتۇرىسىدىكى قاراشلارغا ئاساسەن، كىم تاڭ يورۇغاندىن كېيىن سوھۇرنى تېخى تاڭ يورۇمىدى دەپ ھەممىنى ياكى ئازراق بىر قىسمىنى يەپ سالسا، يا كۈن ئولتۇرۇپ بولدى دەپ ئويلاپ، ئىپتار قىلىپ بولغاندىن كېيىن كۈننىڭ چىقىۋاتقانلىقىنى بىلسە، روزىدارنىڭ ئىككىلى ئەھۋالدىكى روزىسى سۇنۇپ كېتىدۇ. مۇبادا تاڭ يورۇغاندىن كېيىن سوھۇرلۇق يەپ سېلىپ، روزىسى سۇنۇپ كەتكەن تەقدىردىمۇ يەنىلا شۇ كۈنى ئىپتارغىچە بىر نەرسە يېمەسلىكى كېرەك. روزىدار بۇ ئىشنى قەستەنلىك بىلەن قىلمىسىلا ئۇنىڭغا گۇناھ بولمايدۇ. ئۇ بىر كۈنگە بىر كۈن قازا روزا تۇتىدۇ دەپ قارايدۇ.

لېكىن، ئىبنى ھەزم (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن)نىڭ قارىشىچە، روزا ئىككىلى ئەھۋالدا توغرا بولۇۋېرىدۇ. چۈنكى، روزىدار ئۆزىنىڭ روزىسىنى قەستەن سۇندۇرۇۋەتمىدى. ئۇ بۇ ۋاقىتنى روزا ۋاقتى ئەمەس دەپ ئويلىدى. شۇڭا مۇنداق كىشى بىلەن ئۇنتۇپ قالغۇچى بۇ ھۆكۈمدە باراۋەردۇر. ھەر ئىككىلىسى ئۆزلىرىنى روزا تۇتۇش ۋاقتىدا ئەمەس دەپ ئويلاپ شۇنداق قىلدى. بۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق پەرق يوق. الله تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿وَلَيْسَ عَلَيْكُمْ جُنَاحٌ فِيمَا أَخْطَأْتُم بِهِ وَلَكِن مَّا تَعَمَّدَتْ قُلُوبُكُمْ﴾ ﴿سىلەر سەھۋەنلىكتىن قىلىپ سالغان ئىشلاردا سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ، لېكىن قەستەن قىلغان ئىشىڭلاردا (سىلەرگە گۇناھ بولىدۇ)﴾[1]. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ھەقىقەتەن، الله تائالا مېنىڭ ئۈممىتىمدىن سەھۋەنلىكنى، ئۇنتۇشنى ۋە مەجبۇرلانغان نەرسىلەرنى كۆتۈرۈۋەتتى».

ئىبنى ھەزم مۇنداق دېگەن: «بۇ، سەلەف ئالىملىرىنىڭ سۆزىدۇر. ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ دەۋرىدە كىشىلەر ئىپتار قىلدى. ھەفسەنىڭ ئۆيىدىن قەدەھ كەلتۈرۈلۈپ ئۇسسۇلۇق ئىچتى. ئاندىن كېيىن قۇياش بۇلۇتنىڭ ئارىسىدىن قايتا چىقتى. بۇ ئىش كىشىلەرگە ئېغىر كەلدى ۋە ئۇلار: ‹بۇ بىر كۈننىڭ قازاسىنى قىلىمىز› دېدى. ئۆمەر: ‹نېمىشقا؟ الله بىلەن قەسەمكى، بىز قەستەن گۇناھ قىلمىدۇق› دېدى».

مۇجاھىد (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) مۇنداق دېگەن: «كىم تاڭ يورۇغاندىن كېيىن تېخى تاڭ يورۇمىدى دەپ ئويلاپ سوھۇرلۇق يەپ سالسا، ئۇنىڭغا روزىنىڭ قازاسى

---

[1] سۇرە ئەھزاب، 5 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

كەلمەيدۇ. چۈنكى، اللە تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿حَتَّى يَتَبَيَّنَ لَكُمُ الْخَيْطُ الأَبْيَضُ مِنَ الْخَيْطِ الأَسْوَدِ﴾ ﴿تاكى تاڭنىڭ ئاق يىپى قارا يىپىدىن ئايرىلغانغا (يەنى تاڭ يورۇغانغا) قەدەر...﴾[1].
مۇشۇنىڭغا ئوخشاش رىۋايەتلەر ھەكەم ئىبنى ئۇتەيبە، ھەسەن بەسرى، جابىر ئىبنى زەيد، ئاتائ ئىبنى راباھ، ئۇرۋە ئىبنى زۇبەير ۋە داۋۇد زاھىرىي (اللە ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن) قاتارلىقلاردىن رىۋايەت قىلىنغان.

دەرھەقىقەت، ئىبنى ھەزمنىڭ كەلتۈرگەن دەلىلى كۈچلۈك ھەم ئېنىقتۇر. تاڭ يورۇغاندىن كېيىن سوھۇرلۇق يەپ سالغان كىشىگە نىسبەتەن تېخىمۇ كۈچلۈك. چۈنكى، «قۇرئان كەرىم»دە تاڭ يورۇغانغا قەدەر روزىدارنىڭ ئايالى بىلەن مۇناسىۋەتتە بولۇشى، تاماق يېيىشى ۋە بىر نەرسە ئىچىشى دۇرۇس دەپ بايان قىلىنغان. ئۆزىنى كېچىدە دەپ ئويلاپ سوھۇرلۇق يېگەن كىشىگە نىسبەتەن تاڭنىڭ يورۇشى قەتئىيلەشمىگەن بولىدۇ.

شۇڭلاشقا، روزىدار كۈننىڭ چىقىش ۋە ئولتۇرۇش ۋاقىتلىرىنى بىلىش ئۈچۈن قاتتىق ئىزدىنىشى لازىم دەپ قارايمىز. مۇبادا روزىدار كۈننىڭ ئولتۇرۇپ بولغانلىقىغا كۆڭلى ئارام تاپقاندا ئىپتار قىلسا، ئۇنىڭدىن ھەرقانداق مۇشكۇللۇك كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ. اللە تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿فَاتَّقُوا اللَّهَ مَا اسْتَطَعْتُمْ﴾ ﴿تاقىتىڭلارنىڭ يېتىشىچە اللەقا تەقۋادارلىق قىلىڭلار﴾[2]. شۇڭلاشقا، ئۆمەر (اللە ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن): «بىز قەستەن گۇناھ قىلمىدۇق» دېگەن. قىبلىگە يۈزلىنىش مەسىلىسىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش بولۇپ، ناماز ئوقۇماقچى بولغان كىشى قىبلىنىڭ توغرا يۆنىلىشىنى ئىزدەپ تۇرۇپ ناماز ئوقۇغان بولسا، ئۇنىڭ نامىزى توغرا ھەم قوبۇل بولىدۇ. كېيىن قىبلىنىڭ خاتالىقىنى بىلگەن بولسىمۇ نامازنى قايتا ئوقۇمىسىمۇ بولىدۇ. اللە تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿فَأَيْنَمَا تُوَلُّواْ فَثَمَّ وَجْهُ اللّهِ﴾ ﴿قايسى تەرەپكە يۈزلەنسەڭلارمۇ، ئۇ اللەنىڭ تەرىپى (يەنى سىلەرگە ئىختىيار قىلىنغان قىبلىسى)دۇر﴾[3].

---

[1] سۈرە بەقەرە، 187 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] سۈرە تەغابۇن، 16 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[3] سۈرە بەقەرە، 115 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

## 5. باشتا پەرزلەرگە ئەھمىيەت بېرىش لازىم

دىنىي يېتەكچىلەر دەسلەپ ئىنسانلارنى پەرزگە جەلب قىلىش كېرەك. چۈنكى، بىز كىشىلەرنىڭ مەشغۇلاتلىرى كۆپ بولۇپ كەتكەن، كۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ دىيانىتى سۇسلىشىپ كەتكەن دەۋردە ياشاۋاتىمىز. شۇڭلاشقا، بىزنىڭ باش غېمىمىز ۋە باش نىشانىمىز مۇسۇلمان ئىنسانىنى «پەرزلەرنى تولۇق ئادا قىلىپ، گۇناھى كەبىرلەردىن يىراق قىلىش» بولسۇن.

نەپلە ئىبادەتلەرنى ئادا قىلمايدىغان كىشىلەرنى ئەيىبلەش توغرا ئىش ئەمەس. بىز اللەنىڭ دىنىغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىنمۇ بەك كۆيۈنەلەمدۇق؟ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىنسانلارنىڭ پەرزنى زىيادە ياكى كەم قىلماستىن ئادا قىلىشىغا رازى بولاتتى.

ئىمام بۇخارى (اللە ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئىسلام شەرىئىتىدە نېمىلەرنىڭ پەرز بولغانلىقى توغرىسىدا سورىغىلى كەلگەن سەھرالىق بىر ئەرەبنىڭ قىسسىسىنى مۇنداق رىۋايەت قىلدى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا:

- بەش ۋاخ ناماز، - دېدى. ئۇ:
- ئۇنىڭدىن باشقا ناماز ئوقۇمدىمەن؟
- ياق، ئوقۇيمەن دېسەڭ نەپلە ناماز ئوقۇغىن. - رامىزان ئېيىنىڭ روزىسىنى تۇتۇش پەرز.
- ماڭا ئۇنىڭدىن باشقا روزا بارمۇ؟
- ياق، تۇتماقچى بولساڭ نەپلە روزا تۇتقىن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا زاكاتنىمۇ چۈشەندۈرۈپ بەرگەندى. ئۇ:

- مەن ئۇنىڭدىن باشقا پۇل ـ مال بېرەمدىمەن؟ - دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:
- ياق، بەرمەكچى بولساڭ سەدىقە بەرگىن، دېدى.

ئاندىن ئۇ كىشى: «اللەنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن بۇنىڭدىن ئاشۇرۇۋەتمەيمەن، كېمەيتىپمۇ قويمايمەن» دېگەن پېتى ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ كېتىپ قالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەگەر ئۇ دېگىنىدەك قىلسا، نىجات تاپىدۇ» دېدى.

مۇسلىم (اللە ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) ئەنەس (اللە ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن)تىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن مەسىلە سوراشتىن چەكلەنگەندۇق. سەھرادىن زېرەك بىرى كېلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن مەسىلە سورىسا، خۇش بوپ كېتەتتۇق ۋە دىققەت قىلىپ ئاڭلايتتۇق. بىر كۈنى سەھرادىن بىر كىشى كېلىپ مۇنداق دېدى:

- ئى مۇھەممەد، سەن ئەۋەتكەن ئەلچى سېنى اللە ئەۋەتكەن پەيغەمبەر دەپ دەۋا قىلىۋاتىدۇ. - پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- راست ئېيتىپتۇ.

- ئۇنداقتا ئاسماننى كىم ياراتقان؟

- اللە.

- ئۇنداقتا زېمىننى كىم ياراتقان؟

- اللە.

- ئۇنداقتا بۇ تاغلارنى كىم تۇرغۇزغان ۋە ئۇنىڭدىكى نەرسىلەرنى كىم ياراتقان؟

- اللە.

- ئاسمان - زېمىننى ياراتقان ۋە بۇ تاغلارنى تۇرغۇزغان زات بىلەن قەسەمكى، اللە سېنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتىمۇ؟

- ھەئە.

- سەن ئەۋەتكەن ئەلچى بىر كېچە - كۈندۈزدە بەش ۋاخ ناماز ئوقۇشىمىز كېرەك دەيدۇ.

- راست ئېيتىپتۇ.

- سېنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن زات بىلەن قەسەمكى، اللە سېنى بۇنىڭغا بۇيرىدىمۇ؟

- ھەئە.

- سەن ئەۋەتكەن ئەلچى پۇل - ماللىرىمىزغا زاكات بېرىشىمىز كېرەك دەيدۇ.

- راست ئېيتىپتۇ.

- سېنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن زات بىلەن قەسەمكى، اللە سېنى بۇنىڭغا بۇيرىدىمۇ؟

- ھەئە.

- سەن ئەۋەتكەن ئەلچى رامىزان ئېيىدا روزا تۇتۇش كېرەك دەيدۇ.

- راست ئېيتىپتۇ.

- سېنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن زات بىلەن قەسەمكى، اللە سېنى بۇنىڭغا بۇيرىدىمۇ؟

- ھەئە.

- سەن ئەۋەتكەن ئەلچى قۇدرىتى يەتكەن كىشى بىر قېتىم ھەج قىلىشى كېرەك دەيدۇ.

- راست ئېيتىپتۇ.

ئاندىن ئۇ كىشى: «سېنى ھەق بىلەن ئەۋەتكەن زات بىلەن قەسەمكى، مەن بۇنىڭدىن ئاشۇرۇۋەتمەيمەن، كېمەيتىپمۇ قويمايمەن» دەپ كېتىپ قالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەگەر دېگىنىدەك قىلسا، چوقۇم جەننەتكە كىرىدۇ» دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىشىلەرنى مانا مۇشۇنداق دەۋەت قىلاتتى. لېكىن، زامانىمىزدىكى نۇرغۇنلىغان دىندارلار باشقىلارنىڭ سۈننەت، نەپلىلەرنى ئادا قىلماسلىقلىرىنى قوبۇل قىلالمايدۇ.

مەن بىر قېتىم مۇشۇنداقلاردىن بىرىنىڭ نامازغا تەكبىر ئوقۇۋاتقان كېلىشكەن بىر يىگىتنى دۇشكەلەۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. ئۇ ياشنىڭ «جىنايىتى» پەقەت باشتاق، چاچلىرى تاراقلىق ئىدى. مەن ئۇ ئىمامغا: «بىرەر مەزھەب ئىمامى نامازدا باشنى يۆگەشنى شەرت قىلدىمۇ؟» دېدىم. ئۇ:

ــ ياق، - دېدى. مەن:

- ئۇنداقتا ئۇ ياشنىڭ نامىزى توغرىغۇ؟

- ھەئە.

- ئەمىسە نېمە ئۈچۈن بۇ ياشقا ئاچچىقلىنىپ كېتىمىز؟ بۇنىڭغا ئوخشاش ياشلار كىنوخانىلارغا بارماقتا، بۇ مەسجىدكە كەپتۇ. سىزنىڭ نەزىرىڭىزدە كىنوخانىغا بېرىش ئەۋزەلمۇ ياكى باشتاق ناماز ئوقۇشمۇ؟

ئەڭ توغرا مېتود شۇكى، بىز باشتا پەرزلەرگە ئەھمىيەت بېرىشىمىز كېرەك. دىنىنىڭ ئۇسۇل ـ قائىدىلىرىنى چىڭتىپ، تارماق مەسىلىلەردە يول قويۇشىمىز لازىم. ئالىملار ئوتتۇرىسىدىكى جۇزئىي، تارماق، ئىختىلاپىي مەسىلىلەردە چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىش كىشىلەرنىڭ ھەممە بىرلىككە كەلگەن مەسىلىلەردىمۇ ئۆزلىرىنى قاچۇرۇش، بەلكى دىنىنىڭ ھەممىسىدىن قېچىش خەۋپى بار.

شۇڭلاشقا، ئىنسانلار ئۇسۇل ـ قائىدىلەر ۋە كۇللىي مەسىلىلەرگە يۈزلىنەلمىگەن مەزگىلدە جۇزئىي، تارماق مەسىلىلەرنى چىڭىتىۋالماسلىقىمىز لازىم. ئىنسانلارنى ئەسلىي پەرزلەرگە يىغىشىمىز كېرەك. مۇبادا مۇسۇلمان پەرزنى ئادا قىلىپ، ئىبادەتنىڭ ھالاۋىتىنى تېتىسا ۋە ئۇنىڭغا ئادەتلەنسە، بۇ ھال ئۇنى ئۆزلىكىدىن نەپلىلەرنى ئادا قىلىشقا ئۈندەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن پەرزنىڭ كەم بولۇپ قالغان تەرىپىنى تولۇقلاش ئۈمىدىدە، اللهنىڭ ئۇبۇدىيىتىدە تەدرىجىي ئۆرلەش ئۈچۈن ۋە اللهنىڭ دوستلىقىغا ئېرىشىش ئۈچۈن شۇنداق قىلىدۇ. ھەدىس قۇددۇسىيدا مۇنداق كەلگەن: «مەن بەندەمنىڭ ئۈستىگە پەرز قىلىپ بېكىتكەن ئىبادەتلەرنى ئادا قىلىش ئارقىلىق ماڭا يېقىنلىشىشنى ياقتۇرىمەن، بەندە ماڭا پەرزدىن سىرت نەپلە ئىبادەتلەر ئارقىلىقمۇ يېقىنلىشىۋەرسە، ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالىمەن. مەن ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالغان چاغدا،

ئۇنىڭ ئاڭلايدىغان قۇلىقى، كۆرىدىغان كۆزى، تۇتىدىغان قولى ۋە ماڭىدىغان پۇتى بولۇپ بولىمەن. ئەگەر ئۇ سورىسا سورىغىنىنى چوقۇم بېرىمەن. ئەگەر ئۇ مېنىڭدىن پاناھ تىلىسە، ئۇنىڭغا چوقۇم پاناھ بولىمەن»[1].

بەزى مۇسۇلمانلاردا شۇنداق بىر زىددىيەتلىك باركى، ئۇلار مەلۇم بىر ئىبادەتتە كۆپلەپ نەپلىلەرنى قىلىدۇ. ئەمما پەرز ۋە ۋاجىبلارنى ئادا قىلىشتا بىپەرۋالىق قىلىدۇ.

بەزىلەر نامازنىڭ سۈننەت ـ نەپلىلىرىنى تولۇق ئادا قىلىدۇ. زىكىر ـ تەسبىھ ۋە تەكبىر ئېيتىشقا قىزىقىدۇ، ئەمما باي تۇرۇپ زاكات بېرىشكە بېخىللىق قىلىدۇ ۋە ھەج قىلىشتىن ھورۇنلۇق قىلىدۇ.

بەزىلەر يەتتە قېتىم ھەج قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىدۇ، بەلكى ھەر يىلى رەجەب ئېيىدا ياكى رامىزان ئېيىدا ئۆمرە قىلىشقا قىزىقىدۇ، ئەمما ئاتا ـ ئانىسىنى قاقشىتىدۇ، خىش ـ ئەقرىبالىرىغا قاتتىقلىق قىلىدۇ، قولۇم ـ قوشنىلىرىغا بېخىللىق قىلىدۇ، مۇئامىلىدارلىرىغا زۇلۇم قىلىدۇ.

بىز بۇنداق كىشىلەرگە ئىسلامنىڭ مۇنۇ پرىنسىپىنى ئۆگىتىپ قويۇشىمىز كېرەك: «ھەقىقەتەن اللە تائالا پەرز ئادا قىلىنمىغۇچە نەپلىنى قوبۇل قىلمايدۇ».

اللە تائالا يوقسۇللۇق ۋە ئاچلىقتىن ۋايساۋاتقان تۇغقىنى ياكى قوشنىسى بارلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا ياردەم قىلماي ئىككىنچى ياكى ئۈچىنچى قېتىم نەپلە ھەج قىلىدىغان كىشىنىڭ ھەججىنى قانداقمۇ قوبۇل قىلسۇن؟ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «يان قوشنىسىنىڭ ئاچ ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۆزى توق ھالەتتە يېتىپ قالىدىغان كىشى ماڭا ئىمان كەلتۈرمىگەن بولىدۇ».

ياخشى لايىھە ـ پىلانلارنى تەمىنلەيدىغان ئادەم بولمىغانلىق سەۋەبىدىن نۇرغۇن ئىشلار روياپقا چىقىپ بولغۇچە ئۆز ئورنىدا توڭگىشىپ كېتىدۇ. شۇنداقتىمۇ، ھەر يىلى ئىككىنچى ياكى ئۈچىنچى قېتىم نەپلە ھەج قىلىدىغان ئون مىڭلىغان ئادەملەر ھەجگە بارىدۇ. كاشكى، ئۇلار نەپلە ھەجدە سەرپ قىلىدىغان پۇللىرىنى مۇسۇلمانلارغا نىسبەتەن پەرز كۇپايە ھېسابلىنىدىغان ئاشۇنداق لايىھە ـ پىلانلارغا سەرپ قىلغان بولسا، تېخىمۇ ياخشى بولاتتى. چۈنكى، پەرز كۇپايىنى بەزىلەر ئادا قىلمىسا، ھەممە كىشى گۇناھكار بولىدۇ.

ئۆزىنىڭ دىنىنى ئوبدان چۈشىنىدىغان مۇسۇلمان ئەمەللەرنى دەرىجىسىنى بىلىدۇ. ئەمەللەرنىڭ قايسىسىنى بۇرۇن، قايسىسىنى كېيىن قىلىشنى تېخىمۇ ئوبدان بىلىدۇ.

---

[1] ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

شۇنىڭ بىلەن نەپلىنى قىلىش ئارقىلىق پەرزنى زايا قىلىۋەتمەيدۇ، مۇستەھەب ئىشنى قىلىمەن دەپ مەكرۇھ ياكى ھارامغا چۈشۈپ كەتمەيدۇ.

مەن ئوقۇغان چوڭقۇر نەزەرىيىۋىلىككە ئىگە فىقھى قاراشلاردىن ئىمام غەززالىينىڭ ھەج قىلغۇچىنىڭ رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك ئىنچىكە ئەدەب ـ قائىدىلەر ۋە باتىنىي ئەمەللەر توغرىسىدا يازغان بايانلىرى ماڭا بەك ئەرزىيدۇ. ئۇنىڭدا ھاجىنىڭ رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك ئىككىنچى ئەدەبتە مۇنداق كۆرسىتىلگەن: «ھاجى ﷲنىڭ دۈشمەنلىرىگە باج تاپشۇرۇش بىلەن ياردەم بەرمەسلىكى كېرەك. ﷲنىڭ دۈشمەنلىرى بولسا ھەرەمنىڭ يولىدىن توسىدىغان ئەمەلدار ۋە يولدىكى بولاڭچىلاردۇر. ھەقىقەتەن مالنى ئۇلارغا تاپشۇرۇش زۇلۇمغا ياردەملەشكەنلىك بولىدۇ. ئۇ ئىش خۇددى جاننى تەقدىم ئەتكەن بىلەن باراۋەردۇر. شۇڭلاشقا، ھاجى ئۇلاردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ھىيلە ئىشلىتىشى كېرەك. مۇبادا ھىيلە ئىشلىتىپ ئۇلاردىن قۇتۇلۇشقا قۇدرىتى يەتمىسە (بەزى ئۆلىمالار دېگەندەك) زالىمغا ياردەم بەرگەندىن كۆرە، نەپلە ھەج قىلماي يولدىن قايتىپ كېتىشى ئەۋزەلدۇر. بۇ، يېڭىدىن پەيدا بولغان بىدئەتتۇر. ئۇنداق ئىشقا بويسۇنۇش ئۇنى سۈننەتكە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. بۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمانلار خارلىنىدۇ. بەزىلەرنىڭ: مەندىن مەجبۇرىي تارتىۋېلىنىدۇ دېيىشىنىڭ ھېچقانداق ئاساسى يوق. مۇبادا ئۇ ئۆيىدە ئولتۇرغان بولسا ياكى يولدىن قايتىپ كەلگەن بولسا، ئۇنىڭدىن ھېچنېمە تارتىۋېلىنمايتتى. دېمەك، ئۇ ئۆزىنى ئاشۇنداق مەجبۇرلىنىشقا سۆرەپ بارغان»[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۈممەتنىگە جەمئىيەتكە ياخشىلىق ۋە پايدا ـ مەنپەئەت ئېلىپ كېلىدىغان ھەرقانداق بىر ئىشنىڭ (نىيەت دۇرۇس بولسىلا) نەپلە ئىبادەتتىن نەچچە ھەسسە ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. مەسىلەن، ئارازلىشىپ قالغانلارنىڭ ئوتتۇرىسىنى ئوڭشاپ قويۇشنى نەپلە ناماز، روزا ۋە سەدىقىدىن ئەۋزەل قىلدى. شۇنداقلا، ئادىل ۋالىينىڭ مۇسۇلمانلار ئۈممىتىنىڭ پايدا ـ مەنپەئەتى بىلەن مەشغۇل بولۇشىنى ھەم شۇنداق قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئادىل ئىمامنىڭ (ئىش بېشىنىڭ) بىر كۈنى ئاتمىش يىل ئىبادەت قىلغاندىن ئەۋزەلدۇر»[2].

شۇنى ئەسكەرتىش كېرەككى، بەزىلەر ھەرگىزمۇ مۇشۇنداق ياخشى ئەمەللەرنى قىلىش ﷲ پەرز قىلغان ئىبادەتلەرنى قىلىشتىن ئەۋزەل دەپ ئويلاپ قالمىسۇن، قەتئىي ئۇنداق ئەمەس. پەرز بولسا ھەممە ئەمەللەر تايىنىدىغان تايانچتۇر. ئالدىنقى ھەدىس

[1] «ئەلئەھيائ» ناملىق كىتابنىڭ، 236 ـ بېتى.

[2] تەبەرانى رىۋايەت قىلغان.

قۇددۇسىيدا دېيىلگەندەك: «مەن بەندەمنىڭ ئۈستىگە پەرز قىلىپ بېكىتكەن ئىبادەتلەرنى ئادا قىلىش ئارقىلىق ماڭا يېقىنلىشىشىنى ئەڭ ياقتۇرىمەن...».

بىز يۇقىرىدا ئىبادەتنى ئۆگىنىش پرىنسىپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مېتودنى بايان قىلىپ ئۆتتۇق. مېنىڭچە، ئىنسانلارنى الله تائالا تەرىپىگە مۇشۇ مېتود بىلەن يېتەكلىيەلەيمىز، ئىبادەتنى ئۇلارغا قىزغىن سۆيگۈزەلەيمىز، ئىنساننى چېكىدىن ئاشقان، بىر پارچە نان ئۈچۈن روھىي ھاياتىنى توسۇپ قويۇشقا ئۇرۇنۇۋاتقان ماددىي خىرىسلارغا تاقابىل تۇرالايمىز دەپ قارايمەن.